www.islamyoli.net

داموللا سابىت ئىبنى ئابدۇلباقى

# شىرىن كالام

## تەرجىمىھال مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام

نەشرىگە تەييارلىغۇچىلار

تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن

ت. شەھىدى

مۇھەررىرى: ھاجى ئابدۇلجېلىل

بۇ كىتابنىڭ نەشرى ھوقۇقى چەكلەنمەيدۇ، خالىغان تور بېتىگە كۆچۈرۈپ ئالسىڭىز بولىدۇ.

www.islamyoli.net

## مۇقەددىمە

الحمد لله الذى ارسل الرسل الكرام، وفضل عليهم محمدا عليه الصلاة والسلام، وانزل عليه كتابا معجزا بديع النظام، وبين فيه قصص الانبياۓ والرسل ليتنبه الانام من المنام، والصلاة والسلام علا خير الانام وعلى اله واصحابه نجوم الظلام، مابكت عيون السحائب وضحكت وجوه الانجام، اما بعد:

مەنكى، دىنى ئىلىم ۋە مەرىپەتتە ئەڭ تۆۋەن، ئىلىم ـ ھېكمەت ئىگىلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ پېقىر بولغان سابىت داموللا ئىبنى ئابدۇلباقى دىيانەت ۋە ھەققانىيەت ئىگىلىرىگە شۇنى بايان قىلىمەنكى، دىنىمىزنىڭ تەلىپى ۋە ئېتىقادىمىزنىڭ تەقەززاسى بويىچە ئەھلى ئىسلامنىڭ نەزىرىدە ئەڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئۇلۇغ ۋە مۆھتەرەم بولغان زات پەخرى كائىنات مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدۇر. چۈنكى ئۇ زات ئىنسانىيەتنى ئازغۇنلۇق زۇلمەتىدىن ھىدايەت نۇرىغا چىقارغان، ئۇلار جاھالەت ۋە غەپلەت دەرياسىدا غەرق بولۇش خەۋپى ئاستىدا قالغان چاغدا، ۋەز ـ نەسىھەت كىملىرى بىلەن ئۇلارنى ئىلىم ـ مەرىپەت قىرغاقلىرىغا ئېلىپ چىققان، شۇنداقلا ئۇلارنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئەبەدىي سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان سىراتى مۇستەقىم (توغرا يول) نى ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن كۆپ تىرىشچانلىق قىلىش ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەرگەن، ياخشى ئىش ـ ھەرىكەت ۋە گۈزەل ئەخلاققا باشلىغان.
مانا شۇ جەھەتتىن بۇ مۇقەددەس ۋەزىپە بىلەن مۇشەررەپ بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىش ۋە تەرجىمھالىدىن ئازراق بولسىمۇ خەۋەردار بولۇش ھەر بىر مۇسۇلمانغا ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ زاتنىڭ تەرجىمھالىنى قىسقىچە قىلىپ ئۆز دىيارىمىزدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان تۈركىي تىل بىلەن قولىڭىزدىكى بۇ «شېرىن كالام» ناملىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالى ھەققىدىكى كىتابچىنى ھۇزۇرۇڭلارغا سۇندۇم.
بۇكىتابچىدىن كىتابخانلارنىڭ قۇدرىتى يېتىشىچە پايدىلىنىپ، ھەققەت مېۋىلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن. جۈملىدىن ئىلىم ئەربابلىرىنىڭ «تۈركىي تىلدا ئىكەنغۇ» دەپ ئېتىبارسىز قارىماي، ئوقۇپ كۆرۈشنى مۇھىم دەپ بىلىمەن. مەنا گۆھەرلىرى قايسى زامان ۋە قايسى ماكاننىڭ ساندۇقلىرىدا ساقلانسۇن قىممىتى باراۋەر دەپ قارايمەن. بىر تىلدىن يەنە بىر تىلغا يۆتكىلىش بىلەن مەزكۇر گۆھەرنىڭ باھاسىغا نۇقسان يەتمەيدۇ. سەۋەب، گۈزەل ھۆسن ـ جامال ۋە شان ـ شەرەپتە كامالەتكە يەتكەن بىر مەھبۇبنىڭ ئەرەب بولماي باشقا مىللەتتىن بولغانلىقى ئۇنىڭ گۈزەل جامالى ۋە ئالىي شان ـ شەرىپىگە نۇقسان يەتكۈزەلمەيدۇ...
ئەگەر ئىلىم ـ مەرىپەت ئەربابلىرى بۇ كىتابچىدا تەھرىر ۋە تەرجىمە جەھەتتە خاتالىق كۆرۈپ تۈزىتىش بەرسە، ئۇلار جانابى ھەق ئالدىدا بۈيۈك ئەجىرگە ئېرىشكۈسى. چۈنكى ئىنسان خاتادىن خالىي ئەمەس، ئۇنتۇيدۇ ۋە سەۋەنلىك ئۆتكۈزىدۇ. شۇڭا كىتابخانلىرىمىزدىن بۇ كىتابچىدا ھەرقانداق سەۋەنلىك ۋە نۇقسان كۆرسە دەرھال تۈزىتىش بېرىشىنى چىن قەلبىمدىن ئۆتۈنۈپ سورايمەن.

داموللا سابىت ئىبنى ئابدۇلباقى

www.islamyoli.net

## پەخرى كائىنات ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى

پەخرى كائىنات ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك نامى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بولۇپ، ئاتىسى ئابدۇللاھتۇر. ئابدۇللاھ ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ باللىرى ئىچىدە ئەڭ كىچىكى ئىدى. ئابدۇلمۇتەللىپ كەبىنىڭ يېنىدىكى مەشھۇر زەمزەم قۇدۇقىنى كولىغاندا، قۇرەيش قەبىلىلىرى «بۇ قۇدۇققا بىزمۇ شېرىك» دەپ داۋا قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەزىيەت يەتكۈزگەن چاغدا ئابدۇلمۇتەللىپ: «جانابى ئاللاھ ماڭا ئون ئوغۇل بەرسە، ئۇلار مېنىڭ ھايات ۋاقتىمدا بالاغەتكە يېتىپ، مېنى بۇلارنىڭ ئەزىيىتىدىن ساقلىسا، شۇ ئون ئوغۇللىرىمنىڭ بىرىنى ئاللاھ ئۈچۈن كەبىنىڭ ئالدىدا قۇربانلىق قىلىمەن» دەپ ۋەدە قىلغان.

دېگەندەك، ئۇنىڭ ئون ئوغلى بولۇپ، ئۇلار بالاغەتكە يېتىپ، ئۈمىدى ھاسىل بولغان. ئابدۇلمۇتەللىپ ئىلگىرى ئاللاھقا قىلغان ۋەدىسىنى باللىرىغا ئېيتقان. باللىرى ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشكەن. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇلمۇتەللىپ «ھۇبەل» ناملىق بۇتنىڭ ئالدىدا باللىرىنىڭ ئارىسىدا چەك تاشلىغان. چەك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاتىسى ئابدۇللاھقا چىققان. ئابدۇلمۇتەللىپ ئوغلى ئابدۇللاھنى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن «ئەساف» ۋە «نائىلە» دەپ ئاتىلىدىغان بۇتلارنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارغان.

ئەرەبلەرنىڭ ئېتىقادىچە «ئەساف» بىر يىگىت ۋە «نائىلە» بىر قىز بولۇپ، بۇ ئىككىسى كەبىنىڭ ئىچىدە زىنا قىلغانلىقى ئۈچۈن تاشقا ئايلىنىپ كەتكەنمىش. ئەمما ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى يوقالمىغان ئىكەن. ئۇ ئىككى بۇت زەمزەم قۇدۇقىنىڭ يېنىدا بولۇپ، كىشىلەر قۇربانلىقلىرىنى بۇ ئىككى بۇتنىڭ يېنىدا قىلاتتى. ئابدۇلمۇتەللىپ ئوغلى ئابدۇللاھنى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئۇ بۇتلارنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارغان. شۇ ئەسنادا كەبە ئەتراپىدا ئولتۇرغان قۇرەيش ئاقساقاللىرى ئابدۇلمۇتەللىپنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن: «سەن نېمە ئىش قىلماقچى؟» دەپ سورىغان. ئابدۇلمۇتەللىپ ئۇلارغا: «ئوغلۇم ئابدۇللاھنى قۇربانلىق قىلىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇلار: «ئۇنداق قىلما، سەن ئۇنداق قىلساڭ، بۇ ئىش ئەرەبلەرگە ئادەت بولۇپ، باللىرىنى قۇربانلىق قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئەگەر مال بىلەن سېنىڭ بۇ ۋەدەڭنى ئادا قىلىش مۇمكىن بولسا، بىز مال بېرەيلى» دەپ ئابدۇلمۇتەللىپكە «ھىجىر» دېگەن جايدىكى بىر كاھىن ئايالنىڭ يېنىغا بېرىپ مەسلىھەت سوراپ كېلىشنى ئېيتقان. ئابدۇلمۇتەللىپ ئۇلار دېگەن بويىچە ئۇ كاھىن ئايالنى تېپىپ ئۇنىڭغا ئەھۋالنى بايان قىلغان. كاھىن ئايال ئابدۇلمۇتەللىپكە: «سىلەرنىڭ رەسمىيىتىڭلاردا بىر ئادەمنىڭ دىيىتىگە قانچە تۆگە تۆلەيسىلەر؟» دەپ سورىغان. ئابدۇلمۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بارغانلار: «ئون تۆگە» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئايال: «سىلەر يۇرتۇڭلارغا بېرىپ ئون تۆگە ئېلىپ كېلىپ ئابدۇللاھ بىلەن شۇ ئون تۆگىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆز رەسمىيىتىڭلار بويىچە چەك تاشلاڭلار، ئەگەر چەك ئابدۇللاھنىڭ نامىدا چىقسا يەنە ئون تۆگە ئېلىپ كېلىڭلار، تاكى پەرۋەردىگارىڭلار رازى بولغانغا قەدەر شۇ تەرزدە ئىش قىلىڭلار» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇلمۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مەككىگە قايتىپ كېلىپ، ئابدۇللاھنى بىر تەرەپتە ۋە ئون تۆگىنى بىر تەرەپتە قويۇپ چەك تاشلىغان. چەك ئابدۇللاھنىڭ نامىدا چىققان. ئۇلار يەنە ئون تۆگىنى قوشۇپ چەك تاشلىغاندا، چەك يەنە ئابدۇللاھنىڭ نامىدا چىققان. شۇنداق قىلىپ تاكى تۆگىلەر يۈزگە يەتكەنگە قەدەر چەك ئابدۇللاھنىڭ نامىدا چىقىۋەرگەن. تۆگىلەرنىڭ سانى يۈزگە يەتكەندىن كېيىن، چەك تۆگىلەرنىڭ نامىدا چىققان.

www.islamyoli.net

كېيىن ئابدۇلمۇتەللىپ: «چەكنى ئۈچ قېتىم تاشلايمىز، ھەر قېتىمدا تۆگىلەرنىڭ نامىدا چىقسا ئاندىن مىنىڭ كۆڭلۈم ئارام تاپىدۇ» دەپ، يەنە ئۈچ قېتىم تەكرار چەك تاشلىغان. چەك ھەر قېتىم تۆگىلەرنىڭ نامىدا چىققان. شۇنىڭ بىلەن تۆگىلەر قۇربانلىق قىلىنىپ، ئابدۇللاھ ساق قالغان.

بۇ قىسسىدىكى «ئۆز رەسمىيىتىڭلەر بويىچە چەك تاشلاڭلار» دېگەن جۈملىنى بىر ئاز ئىزاھلاش زۆرۈر بولغانلىقى ئۈچۈن، تۆۋەندە بۇ ھەقتە بىر ئاز توختىلىپ ئۆتىمىز:

«ھۇبەل» ناملىق بۇت ئەرەبلەرنىڭ بۇتلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ چوڭى ئىدى. بۇ بۇتنىڭ يېنىدا يەتتە دانە ئوق بولۇپ، ھەر بىر ئوققا بىر سۆز يېزىقلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرىگە «دىيەت» دەپ يېزىلغان بولۇپ، مۇبادا دىيەت ھەققىدە بىرەر ئىختىلاپ يۈز بەرسە مەزكۇر ئوقلارنى تاشلايتتى، دىيەت دېگەن ئوق كىمگە چىقسا دىيەت شۇ كىشىنىڭ ئۈستىگە چۈشەتتى. يەنە بىر ئوققا «ھەئە» يەنە بىرىگە «ياق» دەپ يېزىلغان ئىدى. ئەگەر بىر كىشى سەپەرگە چىقماقچى ياكى ئۆيلەنمەكچى ياكى ھەرقانداق مۇھىم بىر ئىشنى قىلماقچى بولغاندا ئۇ ئوقلارنى تاشلايتتى، ئەگەر «ھەئە» دەپ يېزىلغان ئوق چىقسا شۇ ئىشقا قەدەم قويياتتى. «ياق» دەپ يېزىلغان ئوق چىقسا قىلماقچى بولغان ئىشىدىن ۋاز كېچەتتى. يەنە بىر ئوققا «سىلەردىن»، يەنە بىر ئوققا «چاپلاشقان»، يەنە بىرىگە «سىلەردىن ئەمەس» دەپ يېزىلغان بولۇپ، بىر كىشىنىڭ نەسەبىدە ئىختىلاپ بولۇپ قالسا، ئۇ ئوقلارنى بىر قاچىغا سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ھېلىقى نەسەبىدە شەك بار كىشىگە ئالدۇراتتى. ئەگەر «سىلەردىن» دەپ يېزىلغان ئوق چىقسا، مەزكۇر كىشى ئۇلاردىن ھېسابلىناتتى. مۇبادا «سىلەردىن ئەمەس» دەپ يېزىلغان ئوق چىقىپ قالسا ئۇلاردىن ئەمەس، بەلكى قوشنا قەبىلىلەرنىڭ بىرىدىن ئىكەن دەپ قارايتتى. «چاپلاشقان» دەپ يېزىلغان ئوق چىقسا نەسەبى نامەلۇم ئادەم دەپ بىلىشەتتى. يەنە بىر ئوققا «سۇ» دەپ يېزىلغان بولۇپ، بىرەر ئادەم قۇدۇق كولىماقچى بولسا شۇ ئوقلارنى تاشلايتتى، «سۇ» دەپ يېزىلغان ئوق چىقسا قۇدۇق كولايتتى. بۇ ئوقلار كۆپىنچە «ھۇبەل»نىڭ يېنىدا بولاتتى. ھۇبەلدىن باشقا بۇتلارنىڭ يېنىدىمۇ تاشلىناتتى. بۇ ئىشلارنىڭ باتىل ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى ئىسلامدا بۇ ئىشلار مەنئى قىلىنىپ، قۇرئان كەرىمدىكى: «جاھىلىيەت دەۋرىدىكى پال ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياغاچلار بىلەن پال سېلىشقىلار ھارام قىلىندى، بۇنداق قىلىش گۇناھتۇر» دېگەن ئايەت بىلەن: «ئى مۆئمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلارغا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشىدۇر» دېگەن ئايەتلەر ئارقىلىق ئاللاھ تائالا بۇلارنى ھارام قىلدى.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئابدۇلمۇتەللىپ ئوغلى ئابدۇللاھقا ۋەھبىنىڭ قىزى ئامىنەنى ئېلىپ بەردى. ئامىنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھامىلىدار بولغان چاغدا ئابدۇللاھ يىگىرمە بەش ياشتا ئىدى، يەنە بىر رىۋايەتتە بايان قىلىنىشىچە، ئابدۇللاھ يىگىرمە سەككىز ياشتا مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ۋاپات بولۇپ، «نابىغە جەئدى» دېگەن يەرگە دەپنە قىلىنغان.

ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئەسلى ئىسمى شەيبە ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسى ھاشىم بولۇپ، ئانىسى ئەمر ئىبنى زەيدنىڭ قىزى سەلما ئىدى. ھاشىم شامغا تىجارەتكە بېرىپ قايتىپ كېلىشىدە مەدىنىگە كېلىپ بەنى نەججاردىن بولغان خەزرەج قەبىلىسىگە مەنسۇپ زەيدنىڭ ئوغلى ئەمرىنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ چۈشكەن. شۇ ئەسنادا ئۇ سەلمانى كۆرۈپ، ئۇ قاچان يەڭگىمەكچى بولسا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە يەڭگىش شەرتى بىلەن ئۇنىڭغا ئۆيلەنگەن.

www.islamyoli.net

هاشىم تويدىن كېيىن سەلمانى مەككىگە ئېلىپ كەلگەن. سەلما ئۇزاق ئۆتمەي ھامىلىدار بولغان. ھاشىم يۇقىرىقى شەرت بويىچە ئۇنى مەدىنىگە ئاپىرىپ قويۇپ ئۆزى شامغا تىجارەتكە بېرىپ قايتىشىدا غەززە دېگەن يەرگە كەلگەندە ۋاپات بولغان.

سەلما ئابدۇلمۇتەللىپنى تۇغۇپ ئۇنىڭغا شەيبە دەپ ئات قويغان. ئابدۇلمۇتەللىپ يەتتە ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئۇنى ھاشىمنىڭ ئىنىسى مۇتەللىپ مەككىگە ياندۇرۇپ كەلگەن. مۇتەللىپ ئۇنى ئېتىنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشتۈرۈپ مەككىگە قاراپ كېلىۋاتقاندا ئەرەبلەر: «بۇ كىم» دەپ سوراشقان. مۇتەللىپ «بۇ مېنىڭ قۇلۇم» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ ئابدۇلمۇتەللىپ (يەنى مۇتەللىپنىڭ قۇلى) دەپ ئاتىلىپ قالغان. ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئاتىسى ھاشىمنىڭ ئەسلى ئىسمى ئەمرى ئىدى. ئەمرى مەككە ئەھلى قەھەتچىلىككە دۇچار بولغاندا، ئۇلارغا نان ھازىرلاپ زىياپەت قىلىپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن «ھاشىم» دەپ ئاتىلىپ قالغان. ھاشىم دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا «ئۇشتۇماق» دېگەن مەنىدە كېلىدىكەن. چۈنكى ئەمرى ئۇلارغا ناننى ئۇشتۇپ شورپىغا چىلاپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ھاشىم دەپ ئاتىلىپ قالغان ئىكەن. ھاشىم، ئابدۇ مەنىنافنىڭ مۇررەتۇلمەسلەمەنىڭ قىزى ئاتىكە دېگەن ئايالىدىن تۇغۇلغان بالىسى ئىدى. ئابدۇ مەنىنافنىڭ ئەسلى ئىسمى مۇغىرە بولۇپ، بۇ كىشى چىرايلىق بولغانلىقى ئۈچۈن «قەمەر» دېيىلەتتى. ئابدۇ مەنىناف، ئابدۇلئۇززا ۋە ئابدۇددارلار قۇسەينىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. بۇلارنىڭ ئانىسى خەلىل ئىبنى ھەبەشنىڭ قىزى ھۇبەي دېگەن ئايال ئىدى. قۇسەينىڭ ئەسلى ئىسمى زەيد بولۇپ، بۇنىڭ قۇسەي دەپ ئاتىلىپ قېلىشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭ ئانىسى «پاتىمە بىنتى سەئد» نى ئاتىسى كىلابتىن كېيىن رەبىئە ئىبنى دەببە دېگەن ئادەم نىكاھىغا ئېلىپ، شامدىكى بەنى ئەزرە دىيارىغا ئېلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ چاغدا قۇسەي تېخى كىچىك بولغاچقا ئانىسى ئۇنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ كەتكەن. بۇ سەۋەبتىن ئۇ قۇسەي دەپ ئاتىلىپ قالغان. قۇسەي دېمەك، ئەرەب تىلىدا «يىراق» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. قۇسەي ئۆز ئاتىسىنىڭ دىيارىدىن يىراقلاپ كەتكەچكە ئەرەبلەر ئۇنىڭ ئەسلىدىكى زەيد دېگەن ئىسمىنى تاشلاپ قۇسەي دەپ ئاتىشىۋالغان.

قۇسەي بولسا كاتتا باي، سېخى ۋە يۈز ئابرۇيلۇق ئادەم ئىدى. كەبىنىڭ ئىگىدارچىلىقى قۇسەينىڭ قېيىن ئاتىسى خېلىل ئىبنى ھەبەشلخازەئىنىڭ قولىدا ئىدى. ئاكىسى ۋاپات بولۇش ئالدىدا كەبىنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى قىزى ھۇبەيگە ۋەسىيەت قىلغان. ھۇبەي: «مەن كەبىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ـ ئېتىپ بولالمايدىكەنمەن» دەپ ئۆزىنىڭ ئوغلى مۇھتەرەشكە ئۆتۈنۈپ بەرگەن. بۇ ئادەم ئەبۇ غىبشان دەپ ئاتىلاتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي قۇسەي بەيتۇللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىنى بىر تۇلۇم ھاراق ۋە بىر راۋابقا سېتىۋالغان. شۇ سەۋەبتىن ئەرەبلەر سودىدا ئۇتتۇرۇپ قويغان كىشىنى: «ئەبۇ غىبشاندىنمۇ بەكرەك زىيان تارتقۇچى» دەپ ئاتايدىغان بولغان. ئەبۇ غىبشان كەبىنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى ساتقاندىن كېيىن، بەنى خۇزائە بىلەن قۇسەينىڭ ئارىسىدا چوڭ ماجىرا يۈز بەرگەن. لېكىن ئاخىرىدا ئەمر ئىبنى ئەۋپىنىڭ ياراشتۇرۇپ قويۇشى بىلەن كەبىنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى قۇسەينىڭ قولىدا قېلىشۋەرگەن.

قۇسەي كىلابنىڭ ئوغلى بولۇپ، كىلاب مۇررەنىڭ سەرىر ئىبنى سەئلەپنىڭ قىزى ھىند ناملىق ئايالىدىن بولغان ئوغلى ئىدى. مۇررە كەئبىنىڭ شەيبان ئىبنى مۇھارىپنىڭ قىزى مەھشىيە ئىسىملىك ئايالىدىن بولغان ئوغلى

ئىدى. كەئب لۇئەينىڭ كەئب ئىبنى ئەلقەيسىنىڭ قىزى مارىيە ئىسىملىك ئايالىدىن بولغان ئوغلى ئىدى. لۇئەي بولسا غالىپنىڭ يەخلۇد ئىبنىننەزىرنىڭ ئاتىكە ئىسىملىك ئايالىدىن بولغان ئوغلى ئىدى. غالىپ بولسا فىھرنىڭ ھارىس ئىبنى تەمىمنىڭ قىزى لەيلا ئىسىملىك ئايالىدىن بولغان ئوغلى ئىدى. مانا شۇ فىھرى «قۇرەيش» دەپ ئاتىلاتتى. قۇرەيش «قىرش» دېگەن سۆزنىڭ كىچىكلىتىلگەن شەكلى بولۇپ، ئۇ دېڭىزدا ياشايدىغان ھايۋانلارنىڭ ھەممىسىدىن كۈچلۈك بولغان بىرخىل ھايۋاننىڭ ئىسمى ئىكەن. فىھرمۇ باشقىلاردىن كۈچلۈك دېگەن مەنىدە بولغاچقا قۇرەيش دەپ ئاتىلىپ قالغان ئىكەن.

فىھرى مەككىدىكى ئەرەبلەرنىڭ كاتتىۋېشى ئىدى. بەزى تارىخشۇناسلارنىڭ ئېيتىشىچە، يەمەننىڭ كاتتىۋېشى ھەسسان دېگەن ئادەم ھىميەر قەبىلىسى ۋە ئۇنىدىن باشقا بىر نەچچە قەبىلىلەرنى باشلاپ كەبىنىڭ تاشلىرىنى يەمەنگە ئېلىپ كېتىمىز دەپ مەككىگە يۈرۈش قىلىپ، نەخلى دېگەن جايغا كېلىپ چۈشىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان قۇرەيش قەبىلىلىرىدىن كەنانە، خۇزەيمە، ئەسەد، جۇزام قاتارلىق بىر نەچچە قەبىلە بىرلىشىپ ھەسسانغا قارشى ئۇرۇش قىلغان. بۇ ئۇرۇشتا يەمەنلىكلەرنىڭ كاتتىۋېشى ھەسسان، مەككىلىكلەرنىڭ كاتتىۋېشى فىھرى ئىدى. بۇ ئىككى تەرەپ ئارىسىدا زور ئۇرۇش يۈز بەرگەندىن كېيىن، يەمەن تەرەپ مەغلۇپ بولۇپ، ھەسسان ئەسىرگە چۈشكەن. ھەسسان مەككىدە ئۈچ يىل ئەسىردە تۇرغاندىن كېيىن، بىر باھانە ـ سەۋەب بىلەن مەككىلىكلەرنىڭ قولىدىن سالامەت قۇتۇلۇپ چىقىپ مەككە بىلەن يەمەننىڭ ئارىسىدىكى بىر جايغا كەلگەندە ۋاپات بولغان. بۇرۇندىن تارتىپ بەيتۇللاھ ۋە ئۇ يەردىكى خەلققە يامان غەرەزدە بولغان ھەرقانداق مىللەت ياكى ھەرقانداق شەخسنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمىغان. مانا بۇ ھەسسان بىلەن فىھرنىڭ ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنىڭ قىسقىچە بايانى.

فىھرى بولسا مالىكنىڭ ئامىر ئىبنى ھارىسنىڭ قىزى جەندەلە ناملىق ئايالىدىن بولغان ئوغلى بولۇپ، مالىك نەزىرنىڭ ئەدۋان ئىبنى قەيس ئەيلاننىڭ قىزى ئاتىكە ئىسىملىك ئايالىدىن بولغان ئوغلى ئىدى. نەزىرنىڭ ئەسلى ئىسمى قەيس بولۇپ، ئۇ ناھايىتى چىرايلىق بولغاچقا نەزىر (يەنى چىرايلىق) دېگەن ئىسىم بىلەن تونۇلغان. بەزىلەر ئەنە شۇ نەزىرنى قۇرەيش دەپ ئاتىلاتتى دەيدۇ. نەزىر خۇزەيمەنىڭ سەئد ئىبنى قەيس ئەيلاننىڭ قىزى ئەۋانە ئىسىملىك ئايالىدىن بولغان ئوغلى ئىدى. خۇزەيمە مۇدرىكنىڭ ئەسلەم ئىبنى ئەلھاپنىڭ قىزى سەلما ئىسىملىك ئايالىدىن بولغان ئوغلى ئىدى. مۇدرىك بولسا ئىلياسنىڭ ھەلۋان ئىبنى ئىمراننىڭ قىزى لەيلا ناملىق ئايالىدىن بولغان ئوغلى ئىدى. مۇدرىكنىڭ ئەسلى ئىسمى ئەمرى بولۇپ، بىر كۈنى ئۇنىڭ ئاتىسى ئىلياس تۆگىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئۈچۈن يايلاققا كەلگەندە توساتتىن بىر توشقان چىقىپ كېلىدۇ ـ دە تۆگىلەرنىڭ ھەممىسى ئەتراپقا تاراپ كېتىدۇ. مۇدرىك دەرھال بېرىپ تۆگىلەرنى تېپىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاتىسى ئۇنى مۇدرىك (تاپقۇچى) دەپ ئاتىغان. كېيىن كىشىلەر ئارىسىدا بۇ ئىسىم بىلەن تونۇلۇپ قالغان.

ئىلياس ۋاپات بولۇپ كەتكەندە، ئۇنىڭ ئايالى ئىنتايىن قايغۇرۇپ ئۇ ۋاپات بولغان جايدىن ئەسلا مىدىرلىماي دەرد تارتىپ ئۆلۈپ كەتكەن. شۇ سەۋەبتىن قاتتىق ماتەم تۇتقان كىشىنى بۇ ئايالغا ئوخشىتىدىغان ئادەت شەكىللىنىپ قالغان. ئىلياس مۇزەرنىڭ جۇندۇپ ئىبنى مەئدىنىڭ قىزى رەباب ئىسىملىك ئايالىدىن بولغان ئوغلى ئىدى. مۇزەر نىزارنىڭ ئەككىنىڭ قىزى سەۋدە ئىسىملىك ئايالىدىن بولغان ئوغلى ئىدى. نىزارنىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ، بىرى

www.islamyoli.net

مۇزەر، يەنە بىرى ئەياد دەپ ئاتىلاتتى ۋە بۇ ئىككىسى بىر ئانىدىن ئىدى. قالغان ئىككىسى دەبىئە ۋە ئەنمار بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئانىسى بىر ئىدى. بۇلارنىڭ ئانىسى ۋەئىلاننىڭ قىزى جەدالە ئىسىملىك ئايال ئىدى. نىزار ۋاپات بولۇش ئالدىدا بالىلىرىغا مال ـ مۈلكىنى تەقسىم قىلىپ مۇنداق دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغان: «ئى ئوغۇللىرىم، بۇ قىزىل بويالغان قۇببە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قىزىل رەڭدىكى نەرسىلەر مۇزەرنىڭ بولسۇن، (بۇ سەۋەبتىن مۇزەر «قىزىل مۇزەر» دەپ ئاتىلاتتى) بۇ قارا چېدىر ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش قارا رەڭدىكى نەرسىلەر رەبىئەنىڭ بولسۇن، بۇ خىزمەتكار ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ئەيادنىڭ بولسۇن، بۇ كىيىم ـ كېچەك ۋە مەن ئولتۇرغان ئۆيۋاقلار ئەنمارنىڭ بولسۇن» دېگەن. بۇ تەقسىماتتىن كېيىن نىزار ئوغۇللىرىغا خىتاب قىلىپ: «ئەگەر بۇ تەقسىماتقا رازى بولماي ئىختىلاپ قىلىشساڭلار نەجراندىكى ئەفئائىلجۇرھامى ئىسىملىك ھەكىمنىڭ يېنىغا بېرىڭلار.» دېگەن.

نىزار ۋاپات بولغاندىن كېيىن دېگەندەك ئۇلار ئارىسىدا تالاش ـ تارتىش يۈز بەرگەن. ئاخىرىدا دادىسى ئېيتقان ھېلىقى ھەكىمنىڭ يېنىغا بېرىپ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۆت ئوغۇل بىللە يولغا چىققان.

ئۇلار مېڭىپ بىر ئوت ـ چۆپلۈكتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئۇ يەردە ئوتلاپ يۈرگەن بىر تۆگىنىڭ ئىزىنى كۆرگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن مۇزەر: «بۇ تۆگىنىڭ بىر كۆزى كۆرمەيدىكەن» دېگەندە، رەبىئە: «بۇ ئاقساق تۆگە ئىكەن» دەيدۇ، ئەياد: «قۇيرۇقى كېسىك تۆگە ئىكەن» دېگەندە، ئەنمار: «قاچقان تۆگە ئىكەن» دەيدۇ. بۇلار شۇنداق دېيىشىپ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، بىر ئادەم ئۇچراپ تۆگىسىنى قاچۇرۇپ قويغانلىقىنى ئېيتقان. مۇزەر «تۆگىنىڭ بىر كۆزى كورمىدى؟» دەپ سورىغاندا، ھېلىقى ئادەم «شۇنداق» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئاندىن رەبىئە «تۆگە ئاقساقمىدى؟» دېگەندە، يەنە «ھەئە شۇنداق ئىدى» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئاندىن ئەياد «قۇيرۇقى كېسىكمىدى؟» دېگەندە، يەنە «ھەئە قۇيرۇقى كېسىك ئىدى» دېگەن. ئەنمار «قاچقان تۆگىمىدى؟» دېگەندە «شۇنداق قاچۇرۇپ قويغان ئىدىم» دېگەن. ئاندىن ھېلىقى ئادەم ئۇلارغا: «سىلەر تۆگەمنى كۆرۈپسىلەر، ماڭا ياردەم قىلىپ مېنى تۆگەمنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويساڭلار» دېگەندە، ئۇلار: «بىز تۆگەڭنىڭ ئۆزىنى كۆرمىدۇق» دەپ قەسەم قىلىپ بەرگەن بولسىمۇ ئۇ ئادەم ئۇلارنىڭ قەسىمىگە ئىشەنمەي، ئاخىرى ئۇلار بىلەن بىرگە نەجران دېگەن جايغا كەلگەن. ئۇلار ئەفئائىلجۇرھامى دېگەن ھېلىقى ھەكىمنى سوراپ تېپىپ ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەندە، ھېلىقى تۆگە ئىگىسى ھەكىمگە مەزكۇر ۋەقەنى سۆزلەپ ئۆتكەن. ھەكىم ئۇلارغا: «سىلەر تۆگىنى كۆرمەي تۇرۇپ قانداق ھۆكۈم قىلدىڭلار؟» دەپ سورىغاندا مۇزەر: «تۆگە بىر تەرەپتىن ئوتلاپتۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئوتلىماپتۇ، شۇڭا بىر كۆزى كور ئىكەن دېدىم» دەيدۇ. رەبىئە «تۆگىنىڭ ئالدى ئىككى پۇتىنىڭ يەردىكى ئىزى بىرى ئېنىق يەنە بىرى ئانچە ئېنىق چۈشمىگەن ئىكەن. شۇنىڭغا قاراپ ئاقساق تۆگە ئىكەن دېدىم» دەيدۇ. ئەياد «ماياقلىرى يەرگە غۇژمەك چۈشكەنلىكىگە قاراپ قۇيرۇقى كېسىك تۆگە ئىكەن دېدىم» دەيدۇ. ئەنمار: «قارىسام ئوت ـ چۆپلىرى تازا ياخشى جايدىن ئوتلىماي، ئوت ـ چۆپ ئاز يەرلەردىن ئوتلاپتۇ، شۇڭا قاچقان تۆگە ئىكەن دەپ ئويلىدىم» دەيدۇ. بۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئەفئا دەۋاگەرگە «بۇلار سېنىڭ تۆگەڭنى كۆرمەپتۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئەفئا ئۇلاردىن: «سىلەر قايسى قەبىلىدىن بولىسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار: «بىز نىزارنىڭ ئوغۇللىرى» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئەفئا ئۇلارغا: «ياخشى كەپسىلەر، سىلەر بۇ ئەقىل ـ

www.islamyoli.net

پاراستىڭلار بىلەن مېنىڭ يېنىمغا كېلىشىڭلاردىكى سەۋەب نىمە؟» دەپ سورىغان. بۇ ئەسنادا تائام ھازىر بولۇپ، داستىخان سېلىنغان. تائامدىن كېيىن مۇزەر: «مەن بۇ ھاراقتەك ياخشى ھاراق ئىچىپ باقمىغان ئىدىم، لېكىن قەبرىستانلىقتا يېتىشكەن تالنىڭ ئۈزۈمىدىن سىقىلغان ھاراق ئىكەن» دېگەن. رەبىئە: «مەن بۇ گۆشتەك مەززىلىك گۆشنى يەپ باقمىغان ئىدىم، ئەمما بۇ قوي ئىت سۈتى بىلەن بېقىلغان قوي ئىكەن» دېگەن. ئەياد: «مەن بۇ ئادەمدەك ئېسىل ئادەمنى كۆرمىگەن ئىدىم، ئەمما ئەسلى ئانىسى باشقىكەن» دېگەن. ئەنمار: «مەن بىزنىڭ مەنپەئىتىمىز ئۈچۈن بۇگۈنكىدەك پايدىلىق سۆز ئاڭلىمىغان ئىدىم» دېگەن. ئەفئا بۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ ھەقتە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا، دەرۋەقە ھەممىسى ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك چىققان. ئەفئا ئۇلارغا: «ھاجىتىڭلارنى ئېيتىڭلار» دېگەندە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىراس بۆلۈشۈشتە بىر - بىرى بىلەن كېلىشەلمىگەنلىكىنى ئېيتىشقان. ئەفئا بۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قىزىل قۇببە، تىللا ۋە قىزىل تۆگىلەرنى مۇزەرگە، قارا چېدىر، قارا ئات ۋە يىلقىلارنى رەبىئەگە، چال خىزمەتكار بىلەن ئالا ماللارنى ئەيادقا، يەر - زېمىن بىلەن تەڭگىلەرنى ئەنمارغا بۆيرۇپ بەرگەن.

مۇزەر نىزارنىڭ ئەككىنىڭ قىزى سەۋدە ناملىق ئايالدىن بولغان ئوغلى ئىدى. نىزار مەئەدنىڭ جاشەم ئىبنى جۇھمەنىڭ قىزى مەئۇن ئىسىملىك ئايالدىن بولغان ئوغلى ئىدى. مەئەدى ئەدناننىڭ لەھەم ئىبنى جەلھەبنىڭ قىزى مەھدە ناملىق ئايالدىن بولغان ئوغلى ئىدى. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبى مانا شۇ ئەدنانغىچە ئىختىلاپسىز سابىت بولغان. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكىسىدە ئىختىلاپ بولغانلىقتىن قايسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش تەس. بەزى تارىخچىلار ئەدنان بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارىلىقىدا تۆت ئەۋلاد بار دەيدۇ، بەزىلەر قىرىق ئەۋلاد بار دەيدۇ. ئەدناننىڭ يۇقىرىسىدىكى ئەجدادلارنىڭ ساندا ئىختىلاپ بولغاندەك، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىدىمۇ ئىختىلاپ بەك كۆپ. شۇ سەۋەبتىن ئەدناننىڭ يۇقىرىسىدىكى ئەجدادلارنى بۇ كىتابتا بايان قىلمىدۇق.

پەخرى كائىنات مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىكى مەشھۇر قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولغاچقا ئەرەبىستان زېمىنىنى ۋە ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلىشنى مۇناسىپ كۆردۇق.

ئەرەبىستان ئاسىيا قىتئەسىگە جايلاشقان يېرىم ئارال بولۇپ، شىمال تەرىپىدە سۈرىيە، پەلەستىن ۋە فىرات دەرياسى، شەرق تەرىپىدە پارىس قولتۇقى، جەنۇب تەرىپىدە ئەدەن قولتۇقى ۋە ئەرەب دېڭىزى، غەرب تەرىپىدە بابىلمەندىپ بوغۇزى ۋە قىزىل دېڭىز بىلەن تۇتاش كەڭرى زېمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەرەب زېمىنى يەمەن، تەھامە، ھىجاز، نەجدە ۋە يەمامە قاتارلىق بەش قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. يەمەن ئەرەبىستاننىڭ جەنۇبىي قىسمى بولۇپ، سەنئا، مەئرىب، سەبەئ، ئەدەن، زىپار، ھەزرەمەۋت، مەھرە، نەجران قاتارلىق مەشھۇر شەھەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ «ئەھقاپ» سۈرىسى (46 - سۈرە) ھەزرەمەۋتتىكى ئەھقاپ قۇملۇقىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مەشھۇر «ئەسۋەدى ئەبەس» يەمەننىڭ سەنئا دېگەن شەھىرىدىن ئىدى. بۇ ئادەمنىڭ ئەسلى ئىسمى ئەيھەلە ئىبنى كەئب ئىبنى ئەۋپتۇر. ئەمما ئەسۋەد (قارا) دەپ ئاتىلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ يۈزى كۆمۈردەك قارا ئىدى. بۇ بەتبەخت «زۇلھىمار» (يەنى ئېشەك ئىگىسى) دەپمۇ ئاتىلاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ بىر ئېشىكى بولۇپ،

www.islamyoli.net

«تۇر» دېسە تۇراتتى. «يات» دېسە ياتاتتى. بۇ بەتبەخت ئۆز زامانىسدا پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىپ، ئېشەكنى «بۇ مېنىڭ مۆجىزەم» دەپ جار سالغاندا، بەزى جاھىللار ئىشىنىپ قالغان. بەزى ئاياللار ئۇنىڭ ئېشەكنىڭ تېزىكى بىلەن ئىسرىق سېلىپ يۈرەتتى. شۇ سەۋەبتىن بۇ قارا تەلەي «زۇلھىمار» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئەھۋال ئۇچ - تۆت ئاي داۋام قىلغاندىن كېيىن، بۇ مەككار مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، بۇ پىتنە بېسىقتۇرۇلغان. مانا بۇ ئەسۋەدنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى. قالغان قىسمىنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇندا يەنە بايان قىلىمىز.

تەھامە قىزىل دېڭىزنىڭ شەرقى، ھىجازنىڭ غەربى، يەمەننىڭ شىمالىغا تۇتاش بولۇپ، مەشھۇر شەھەرلىرى مەككە، يەنبۇئ ۋە جىددە قاتارلىق شەھەرلەر ئىدى. ھىجاز نەجدە بىلەن قىزىل دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، يەمەندىن باشلىنىپ، شام سەھرالىرىغىچە سوزۇلغان تاغ تىزمىلىرىدىن ئىبارەتتۇر. يەسرىب، تائىپ، خەيبەر قاتارلىق شەھەرلەر ھىجازنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرى ھېسابلىنىدۇ. نەجدە ھىجاز بىلەن ئىراقنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، رىياد ۋە ھايىل ئۇنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدۇر. يەمامە يەمەننىڭ شەرقىي شىمالى ۋە نەجدىنىڭ شەرقىدە بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭ شەھەرلىرى يەمامە ۋە ھىجىر قاتارلىق شەھەرلەر ئىدى. يەمامە شەھىرى يەمامەنىڭ پايتەختى ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىپ چىققان مەشھۇر مۇسەيلەمەتۇلكەززاپ ئەنە شۇ يەمامەدىن ئىدى. ئەرەبلەر ئارىسىدا كۆزى ئۆتكۈرلۈكتە نام چىقارغان زەرقا ئىسىملىك ئايال يەمامەدە تۇراتتى. يەمامە زېمىنى «ئەرۇز» دەپمۇ ئاتىلاتتى. مانا بۇ تېررىتورىيە ئىچىدىكى «ئەرەب يېرىم ئارىلى» دەپ ئاتالغان زېمىن قەدىمدىن تارتىپ ئەرەبلەرگە مەنسۇپ زېمىن ئىدى. پۈتۈن كائىناتنىڭ پەخرى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مانا بۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ مەشھۇر شەھىرى مەككە مۇكەررەمەدە تۇغۇلغان ۋە قىرىق يېشىدا پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىگە مۇشەررەپ بولغان. بۇ زات پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن مەككىدە يەنە ئون ئۈچ يىل تۇرۇپ، ئاندىن ھىجازنىڭ مەشھۇر شەھەرلىرىدىن بىرى بولغان يەسرىب شەھىرىگە (يەنى مەدىنە مۇنەۋۋەرە) گە ھىجرەت قىلغان.

## ئەرەبلەرنىڭ تۈرلىرى

ئەرەبلەر نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى بولغان «سام» نىڭ ئەۋلادلىرىدۇر. ئەرەبلەر «بائىدە» ۋە «باقىيە» دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ. بائىدە ـــ قەدىمكى زاماندا ھالاك بولۇپ، تارىخ بەتلىرىدە پەقەتلا نامىلىرى قالغان ئەرەبلەرنى كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندە بۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەشھۇر قەبىلىلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز:
بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئاد قەبىلىسى» دېگەن بىر قەبىلە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەتىنى يەمەندىكى ئەھقاپ دېگەن جاي ئىدى. جانابى ئاللاھ ئۇلارغا ھۇد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندە، ئۇلار بۇ زاتنى ئىنكار قىلغانلىقى ئۈچۈن ھالاك قىلىنغان. يەنە بىرى «سەمۇد قەبىلىسى» بولۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەتىنى ھىجر دېگەن جاي ئىدى. ئۇلارغا جانابى ئاللاھ ھەزرىتى سالىھ ئەلەيھىسسلامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن. ئۇلار بۇ زاتنى ئىنكار قىلغانلىقتىن ئۇلارمۇ ھالاك قىلىنغان. يەنە بىرى «ئۇمەيم قەبىلىسى» بولۇپ، ئۇلار ئۇممان بىلەن ئەھقاپ ئوتتۇرىسىدىكى ئابار سەھراسىدا ياشايتتى. يەنە بىرى «ئۇبەيل قەبىلىسى» بولۇپ، ئۇلار يەسرىب ئەتراپلىرىدا ياشايتتى. يەنە بىرى «تەسم ۋە جۇدەيس قەبىلىسى» بولۇپ، ئۇلار يەمامە دېگەن يەردە ياشايتتى. يەنە بىرى

«ئىملىق قەبىلىسى» بولۇپ، ئۇلار ئۇممان، ھىجاز، نەجدە، تەھامە، تەيمائ، بەترا ۋە پەلەستىن قاتارلىق يەرلەردە ياشايتتى. ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى بەنى ئىسرائىل ئۇرۇش قىلىشتىن قورققان ۋە قۇرئان كەرىمدە «زالىم قەۋم» دەپ ئاتالغان بەستىلىك ئادەملەر ئەنە شۇلار ئىدى. شۇنىڭدەك قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان جالۇتمۇ شۇ قەۋمدىن ئىدى. يەنە بىرى «جۇرھۇم قەبىلىسى» بولۇپ، ئۇلار يەمەندە ياشايتتى. مەككە مۇكەررەمەگە كۆچۈپ كېلىپ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇدا بولغان قەبىلە مەزكۇر جۇرھۇم قەبىلىسىدىن قېپقالغان ئادەملەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن يەمەندە ھالاك بولغانلار بىرىنچى جۇرھۇم، مەككە مۇكەررەمەگە كۆچۈپ كېلىپ ھەزرىتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا تۇغقان بولغانلار ئىككىنچى جۇرھۇم دېيىلىدۇ. يەنە بىرى «ۋەبار قەبىلىسى» بولۇپ، ئۇلار يەمەننىڭ ۋەبار دېگەن يېرىدە ياشايتتى. ئەرەبى بائىدە مانا مۇشۇ سەككىز قەبىلىدىن ئىبارەتتۇر.

ئەرەبى باقىيە ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: بىرى بەنى قەھتان، يەنە بىرى بەنى ئەدنان قەبىلىلىرى. بەنى قەھتان قەبىلىسى ئەرەبلەرنىڭ بوۋىلىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ نەسەبىگە ھېچ يات مىللەت ئارىلىشىپ قالمىغان ساپ ئەرەب بولغانلىقتىن ئۇلار «ئەرەبۇلئاربە» دېيىلىدۇ. بەنى قەھتان قەبىلىسى ئاۋۋالقى زامانلاردا يەمەن زېمىنىدا تۇراتتى. بۇلارنىڭ نەۋرىلىرى بولغان بەنى سەبەئنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە يەمەن زېمىنى پەۋقۇلئاددە ئاۋات بولۇپ، دۇنيانىڭ جەننىتى دېيىلەتتى. «سەددى مەئرەب» دەپ ئاتالغان مەشھۇر توسما شۇلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئىدى. كېيىن سۇ ئاپىتى ۋەقەسىدە بۇ توسما خاراب بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ۋەتىنىنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. ۋەتىنىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ ئىچىدىن شام تەرەپكە كۆچكەن قىسمى غەسسان قەبىلىسىدۇر. يەسرىبكە كۆچكەنلىرى ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسىدۇر. ھىراتقا كۆچكەنلىرى لەخمى قەبىلىسىدۇر. مەككە مۇكەررەمەگە كۆچكەنلىرى خۇزائە قەبىلىسىدۇر. نەجدىگە كۆچكەنلىرى كىندى قەبىلىسىدۇر.

ئەدنان ئەرەبلىرى «ئەرەبۇلمۇستەئرەبە» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى «ئەرەبلەشكەن ئەرەبلەر» دېگەن بولىدۇ. ئەدناننىڭ مەئدى ۋە ئەككە ناملىق ئىككى ئوغلى بولۇپ، نەسلى كۆپرەكى مەئدىدۇر. مەئدىنىڭ نىزار ۋە قەيس ناملىق ئىككى ئوغلى بار ئىدى. لېكىن كۆپىنچە ئەرەب قەبىلىلىرى نىزاردىن تارقالغان. نىزاردىن تارقالغان قەبىلىلەر بەش قەبىلە بولۇپ، ئۇلار: قۇزائە، مۇزەر، رەبىئە، ئەياد ۋە ئەنمار قاتارلىقلاردۇر. قۇزائە قەبىلىسى مەزكۇر قەبىلىلەر بىلەن خۇددى بىر قەبىلىدەك ئارىلىشىپ ئىتتىپاق ئۆتۈپ، تەھامە ۋە ھىجازدا ياشىغان بولسىمۇ، كېيىن بۇلار كۆپىيىپ زېمىنلىرى تار كېلىپ ھەمدە ئارىسىدا پىتنە ـ ئىغۋا تۇغۇلۇپ، بىرنەچچە تەرەپكە كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار ئىچىدە ھەممىدىن ئىلگىرى كۆچكەن قەبىلە قۇزائە قەبىلىسى ئىدى. قۇزائە قەبىلىسى بىر نەچچە نەسىلدىن ئىبارەت بولۇپ، شۇ تەرزدە ئورۇنلاشقان ئىدى. تەيىم بەھرەينگە، تەزىد ئىبنى ھالۋان ئىراق زېمىنىدىكى ئەبقەر ناملىق يەرگە، سەلىخ شام ۋە پەلەستىن تەرەپلەرگە، ئەسلەم نەجدە تەرەپلەرگە ئورۇنلاشتى. بۇ قەبىلىلەر ئىلگىرى ۋادىلقۇرا دېگەن جايغا ئورۇنلىشىپ، كېيىن نەجدىدە مۇقىملاشتى. تەنوھ ئىلگىرى بەھرەينگە، كېيىن ھىرەگە ئورۇنلىشىپ دۆلەت قۇردى. رەببان ئىبنى ھالۋان شامغا ئورۇنلاشتى. يەئلا ۋە بەھرا ئىلگىرى يەمەنگە كېيىن تەيمائ بىلەن مەدىنە ئارىسىدىكى بىر جايغا ئورۇنلاشتى. قۇزائەنىڭ شۇ تەرىقىدە تارقىلىپ ئورۇنلىششى مىلادىنىڭ باشلىرىدا بولغان بولسا كېرەك. ئەنمار ئىككى قەبىلە بولۇپ، بىرى ساھەيلە،

www.islamyoli.net

يەنە بىرى جۇسئۇم ئىدى. بۇلار سىرۋات تاغلىرىغا ئورۇنلاشتى. ئەيياد قەبىلىسى ئىراق تەرەپلەرگە ئۆتۈپ كۆپىگە ئورۇنلاشتى. كېيىن پارسلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، شام تەرەپكە كۆچۈپ بېرىپ ئورۇنلاشتى. رەبىئە بولسا مەئىدى قەبىلىلىرىنىڭ كاتتىلىرىدىن بولۇپ، بىر قانچە نەسەبتىن ئىبارەتتۇر. مەشھۇرلىرى ئابدۇلقەيس، بەكىر، تەغلەپ، غۇررە، زەبىئە، نەمىر ۋە ئۇقەيلە قاتارلىقلاردۇر. بۇلاردىن ئابدۇلقەيس بەھرەينگە، بەكىر، غۇررە، زەبىئەلەر يەمامە، بەھرەين ۋە ئىراق تەرەپلەرگە، نەمىر ۋە ئۇقەيلە شام تەرەپلەرگە ئورۇنلاشتى. مۇزەر رەبىئەگە ئوخشاش مەئىدى  قەبىلىلىرىنىڭ كاتتىلىرىدىن ئىدى. بۇلارمۇ رەبىئەگە ئوخشاش بىر نەچچە قەبىلىدىن ئىبارەت بولۇپ، قەيس، ئەيلان قەبىلىلىرىدەك بۈيۈك بىر قىسىم قەبىلىلەر نەجدى تەرەپلەرگە، يەنە بىر قىسمى ھەۋازىن، ھۇنەين، ئەۋتاس، زىلھىجاز ۋە تائىپ ئەتراپلىرىغا ئورۇنلاشتى. جۇنىدۇپتىن تارالغان قەبىلىلەردىن مەرىنە قەبىلىسى ھىجازدا رىزۋا تاغلىرىغا، تەمىم بىلەن سەبەئ يەمامە بىلەن ھىجىر ئوتتۇرىسىغا، بەنى سەئىددىن بەزىسى بەھرەين تەرەپلەرگە، بەزىسى ئۇممان تەرەپلەرگە ئورۇنلاشتى. مۇدرىكتىن تارالغان قەبىلىلەردىن ھۇزەيل قەبىلىسى سىرۋات تاغلىرىغا، خۇزەينە ئىبنى مۇدرىك ھۇزەيلىنىڭ ئەتراپىغا، پىھرى (يەنى قۇرەيش) قەبىلىسى مەككە مۇكەررەمەنىڭ ئۆزىگە ئورۇنلاشتى. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مانا مۇشۇ قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئۆزىنىڭ ياخشى سۆزلىرى ۋە گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ئىنسانلارنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن مۇبارەك زاتتۇر. شۇڭا ئەرەبلەرنىڭ ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرى قايسى دىندا ۋە قايسى شەكىلدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتۈشنى لايىق كۆردۈم:

## ئەرەبلەرنىڭ جاھىلىيەتتىكى ئېتىقاد ۋە دىنلىرى

ئەرەبلەرنىڭ كۆپلىرى بۇتقا ئىبادەت قىلىسىمۇ، ئارىلىرىدا مۇۋەھھىدلەر (ئاللاھنى بىر دەپ تونۇغۇچىلار)، دىنسىزلار، سابىئىلەر، يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلار بار ئىدى. مۇۋەھھىدلەر ئىنتايىن ئاز بولۇپ، ئۇلار ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ۋە بىرلىكىگە، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ۋە ھەشىر ـ نەشرگە ئىشىنەتتى. ئۇلار ئەرەبلەرنىڭ زالالەتتە ئىكەنلىكىنى بىلگەچكە، ئۆز ئەقلى كۆرسەتكەن يول بىلەن ئۆزىنىڭ بىلىشىچە بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلاتتى. ئۇلار پۇرسەت بولسىلا باشقىلارغا ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە قىيامەت كۈنىنىڭ چوقۇم كېلىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ ۋەز ـ نەسىھەت قىلاتتى. ئۇلار ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملاردىن قالغان ياخشى ئادەتلەرگە ئەگىشەتتى. شۇنداقلا، پات ئارىدا توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى. بالاغەت ۋە پاساھەتتە يۇقىرى سەۋىيىگە ئىگە بولغان قەيس ئىبنى سائىدە ئەلئەيادى، ۋەرەقە ئىبنى نەۋپەل، زەيد ئىبنى ئەمر ئىبنى نەۋپەل، زۇھەير ئىبنى ئەبى سەلما، دامىيە ئىبنى ئەبى سەلەت، سۇۋەيد ئىبنى ئامىرىلمۇستەلقى، ۋەكى ئىبنى سەلەمە ئىبنى زۇھەير ئەلئەيادى، ئۇمەير ئىبنى جۇندۇپ ئەلجەھەمى، ئەبۇ قەيس سەرەمە ئىبنى ئەبى ئەنەس، ئامىر ئىبنى دەربىلئۇدۋانى ۋە خالىد ئىبنى سىنان ئەلئەبەسى قاتارلىق كىشىلەر مۇۋەھھىدلەردىن ئىدى.

قەيس دېگەن كىشى ئۆزىنىڭ ئۇككاز بازىرىدا كىشىلەرگە سۆزلىگەن بىر نۇتقىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەت بەرگەن. زەيد ئىبنى ئەمرمۇ بەيتۇللاھقا يۆلىنىپ تۇرۇپ: «ئي قۇرەيشلەر

گۇرۇھى، سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا مەندىن باشقا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ھېچكىم يوق» دېگەن. بۇ يەردە زەيد ئىبنى ئەمرنىڭ مۇۋەھھىدلىكىگە دالالەت قىلىدىغان بېيىت ۋە شېئىرلارنى زىكىر قىلىپ ئۆتىمىز:

«بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلامتىم ياكى مىڭ پەرۋەردىگارغىمۇ؟ ئەگەر مىڭ پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىنىدىغان بولسا دۇنيا ئىشلىرى قالايمىقانلىشىپ، بۆلۈنۈپ، بۇزۇلۇپ تۈگىمەمدۇ؟»

يەنە بىر شېئىرىدا:

«لات ۋە ئۇززا ناملىق بۇتلارنى تاشلىدىم، جالالەتلىك كىشى شۇنداق قىلالايدۇ.»

يەنە بىر شېئىرىدا:

«مەن ئۇززا ۋە ئۇنىڭ ئىككى قىزىغا ئىبادەت قىلمايمەن ۋە بەنى ئەمرنىڭ ئىككى ئۆيىنى زىيارەت قىلمايمەن.»

يەنە بىر شېئىرىدا:

«غەنەم ئىسىملىك بۇتقا ئىبادەت قىلمايمەن، بۇ بۇتلار بىزلەرگە ئەقلىمىز ئاز چاغدا پەرۋەردىگار ئىدى، ئەمدى مەن ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلمايمەن.»

يەنە بىر شېئىرىدا:

«مەن تەئەججۈپ قىلدىم، كېچە ۋە كۈندۈزدە ئەقىلنى تەئەججۈپقا تاشلايدىغان نەرسىلەر بار، ئۇ نەرسىلەرنى ئەقىل كۆزى ئوچۇق بولغان كىشىلەر تونۇيالايدۇ.»

يەنە بىر شېئىرىدا:

«لېكىن پەرۋەردىگارىم رەھمان تائالا ۋەتەقەددەسكە ئىبادەت قىلىمەن، تاكى مەغپىرەتلىك پەرۋەردىگار مېنىڭ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغاي.»

يەنە بىر شېئىرىدا:

«ئاللاھ تائالانىڭ تەقۋاسىنى مۇھاپىزەت قىلىڭلار، ھەر ۋاقىت ئۇ زاتنىڭ تەقۋاسىنى مۇھاپىزەت قىلساڭلار ھالاك بولمايسىلەر.»

يەنە بىر شېئىرىدا:

«يەنى سەن ئى مۇخاتەپ! ياشلارنى ۋە مۇتتەقىلەرنى كۆرىسەن، ئۇلارنىڭ مەنزىلى جەننەتتۇر، كاپىرلارغا قىزىق ئوت باردۇر.»

يەنە بىر شېئىرىدا:

«كاپىرلارغا دۇنيادا رەسۋالىق بار، ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلار كۆتۈرۈشتىن ئاجىز كېلىدىغان نەرسىلەرگە يولۇقىدۇ.»

دېمەك زەيدنىڭ مۇۋەھھىدلىكىگە ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ ھەقلىقىگە دالالەت قىلىدىغان بۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن شېئىرلىرى بار. ئۇمەييە ئىبنى ئەبى سەلەتمۇ ئاخىرەت ھەققىدە كۆپ شېئىر يازغان. زۇھەير ئىبنى ئەبى سەلمانىڭ مۇئەللەقەسىدە (كەبىگە ئېسىلغان شېئىرلىرىدا) ئۇنىڭ مۇۋەھھىدلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بېيىتلار كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەمما دىنسىزلار ئاللاھنى ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنى ئىنكار قىلاتتى. پۈتۈن كائىنات ۋە

هادىسلەرنى تەبىئەتكە نىسبەت بېرەتتى. ئۇلار ھەققىدە قۇرئان كەرىمنىڭ جاسىيە سۈرىسى 24 ـ ئايىتى نازىل بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئۇلار (يەنى قىيامەت كۈنىگە ئىنكار قىلغۇچىلار): ‹ھايات دېگەن پەقەت دۇنيادىكى ھاياتىمىزدۇر، تىرىلىمىز (يەنى تۇغۇلىمىز) ئۆلىمىز. پەقەت زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن يوق بولىمىز› دەيدۇ.»

ئەمما يەھۇدىيلىق ئەرەبلەردە ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. يەھۇدىي دىنىنى قوبۇل قىلغان ئەرەبلەرنىڭ كۆپىنچىسى يەمەن ئەرەبلىرى ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا كەنانە، كىندى ۋە بەنى ھارىس قەبىلىلىرىدىمۇ ئاز ـ تولا بار ئىدى. ئۇلارغا يەھۇدىي دىنى يەسرىب ۋە خەيبەر يەھۇدىيلىرىدىن ئېقىپ كىرگەن بولسا كېرەك.

ئەمما خرىستىئانلار يەھۇدىيلارغا قارىغاندا كۆپرەك ئىدى. بەنى تەغلەپ ئەرەبلىرى تامامەن خرىستىئان بولۇپ، ھىرەدە نۇرغۇنلىغان ئەرەبلەر خرىستىئان دىنىنى قوبۇل قىلغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا رەبىئە، غەسسان ۋە قۇزائە قەبىلىلىرىدىمۇ خرىستىئانلار كۆپ ئىدى.

ئەرەبلەرنىڭ كۆپ قىسمى مۇشرىك بولۇپ، بۇتلارغا ئىبادەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بۇتلارغا ئىبادەت قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ بۇتلارنى ئاللاھ بىلەن تەڭ كۆرۈپ، ياراتقۇچى دەپ تونۇغانلىقىدىن ئەمەس ئىدى. ئۇلارمۇ بارلىق كائىناتنى ياراتقۇچى، باشقۇرغۇچى ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇنداقلا، ئۇنى ئىبادەت قىلىنىشقا لايىق زات دەپ تونۇيتتى. لېكىن ئۇلار ئۇ بۇتلارغا بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئۇلار ئاللاھ بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ۋاستە دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. قۇرئان كەرىمدىكى لوقمان سۈرىسىنىڭ: «ئەگەر ئۇلاردىن ‹ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتتى؟› دەپ سورىساڭ، ئەلۋەتتە ئۇلار «ئاللاھ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ» دېگەن 25 ـ ئايىتى ئۇلارنىڭ ياراتقۇچى بىر ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇلار بۇتلارنى «ئاللاھ ئالدىدا بىزگە شاپائەت قىلىدۇ، ئۇلاردىن بىزگە پايدا، زىيان كېلىدۇ» دەپ ئويلايتتى. مانا شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ سەجدە قىلاتتى. يىغلاپ يالۋۇرۇپ، ھاجەتلىرىنى سورايتتى. ئۇلارغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئاتاپ قوي، كالا، تۆگە بوغۇزلايتتى. ئۇلارنى ئاسراپ قارايدىغان مەخسۇس خىزمەتچى تەيىنلەيتتى. ئۇلار ھەققىدە سەدىقە قىلاتتى. ئۇلارنىڭ رىزاسى ئۈچۈن ئۈزلىرىگە بەزى نەرسىلەرنى ھارام قىلاتتى.

ئاللاھ تائالا مۇشرىكلارنىڭ بۇ قىلمىشىنى پاش قىلىپ قۇرئان كەرىمنىڭ يۇنۇس سۈرىسى 18 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار ئاللاھنى قويۇپ، ئۆزلىرىگە پايدا ـ زىيان يەتكۈزەلمەيدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنىدۇ، ‹بۇلار (يەنى بۇتلار) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بىزگە شاپائەت قىلغۇچىلار› دېيىشىدۇ.» يەنە زۇمەر سۈرىسىنىڭ 3 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنى قويۇپ، بۇتلارنى ھىمايىچى قىلىۋالغانلار ‹بىزنىڭ ئۇلارغا چوقۇنۇشىمىز پەقەت ئۇلارنىڭ بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر› دەيدۇ.» ئەرەب مۇشرىكلىرى ئاساسەن پەيغەمبىرىمىزگە ۋە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىشەنمەيتتى ۋە «بىزگە ئوخشاش يەپ، ئىچىدىغان ئىنساننىڭ پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشى يىراق ئىش» دەيتتى. ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە قارىتا «بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش» دەپ قارايتتى.

ئەرەبلەر ئىچىدە «سەنەۋىيلەر» دېيىلىدىغان بىر قىسىم ئەرەبلەر بولۇپ، ئۇلار ياراتقۇچى ئىككى، يەنى ياخشىلىقنى ياراتقۇچى ۋە يامانلىقنى ياراتقۇچى ئىككى ئىلاھ بار دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. نۇرنى ياخشىلىق قىلغۇچى، زۇلمەتنى يامانلىق قىلغۇچى دەپ ئويلايتتى. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى قەدىم ۋە ئەزەلىي دەپ

www.islamyoli.net

ئويلايتتى. مەشھۇر شائىر مۇتەنەببى: «ئۇلار سۈرەتتە ۋە شەكىلدە ئوخشاش بولمىغاندەك، ئىش ۋە تەدبىردىمۇ ئوخشاش ئەمەس» دەپ قارايتتى. نۇر كۆرۈنۈشتە كۆركەم ۋە چىرايلىق بولغاندەك، ھېكمەت، پايدا ـ مەنپەئەت ۋە پۈتۈن ياخشىلىق شۇ نۇردىن ھاسىل بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئەسلا زەرەر كەلمەيدۇ. ئەمما زۇلمەت دەل نۇرنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، پۈتۈن يامانلىق شۇ زۇلمەتتىن كېلىدۇ، دېگەن ئېتىقادتا ئىدى. ھەپتىدە بىر كۈننى روزا تۇتۇپ ئۆتكۈزۈش، ھېچ بىر جان ئىگىسىگە ئازار بەرمەسلىك، بۇلارنىڭ يولى بولسا، يالغان سۆزلەش، بۇتلارغا ئىبادەت قىلىش، زىنا قىلىش ۋە ئوغرىلىق قىلىشتەك ناچار ئىشلاردىن يىراق بولۇش ئۇلارنىڭ كۆز قارىشى ئىدى. ئۇلار زاھىتلىقتا ھەممىنىڭ ئالدىدا بولۇپ، ھەتتا بىر كۈنلۈكتىن ئارتۇق ئوزۇق ساقلىماسلىق ئۇلارنىڭ دىنىي ئەھكاملىرىنىڭ بىرى ئىدى.

ئەمما سائىبە قەۋمى قەمەر، ئەتارۇد، زۆھرە، شەمس، مەرىخ، مۇشتەرى، زۇھەل قاتارلىق يۇلتۇزلارغا ۋە ھەمەل، سەۋر، جەۋزا، سەرەتان، ئەسەد، سانبۇلە، مىزان، ئەقرەب، قەۋس، جۇدى، دەلۋە، ھۇت قاتارلىق ئون ئىككى بۇرۇجقا ئىبادەت قىلاتتى. بۇلار بۇرۇن ئۆتكەن قەدىمىي قەۋملەرنىڭ بىرىدۇر. ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىمۇ سابىئىلەر ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىمۇ بۇلارنىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بار ئىدى. لېكىن سابىئىلەر ۋە سەنەۋىلەر باشقا پىرقىلەرگە قارىغاندا ئازراق ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئوتقا، كۈنگە، ئايغا، يۇلتۇزلارغا ئىبادەت قىلىدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئاللاھ تائالا ئەرەبلەرنىڭ «شىئرا » ئىسىملىك بۇتقا ئىبادەت قىلىدىغانلىقىنى ئەيىبلەپ، قۇرئان كەرىمنىڭ نەجم سۈرىسىنىڭ 49 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ شىئرا يۇلتۇزىنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر.»

ئەرەبلەرنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى دىنلىرى مانا شۇنداق ھەر خىل دىنلار ئىدى. ئەنە شۇنداق چېچىلىپ كەتكەن ئۈممەتنى، بەلكى پۈتۈن يەر يۈزىدىكى ئۈممەتلەرنى بىر دىن، يەنى ئىسلام دىنى ئەتراپىغا توپلاش ئۈچۈن جانابى ئاللاھ ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىپ، ئۇ مۇبارەك زاتقا مۇقەددەس كىتابىمىز قۇرئان كەرىمنى چۈشۈردى.

ئەرەبلەرنىڭ مەشھۇر بۇتلىرىنىڭ بىرى «ۋەد» دېگەن بۇت ئىدى. ئۇ بۇت دەۋمەتۇلجەندەل دېگەن جايدا بولۇپ، كەلب قەبىلىسىنىڭ مەبۇدى ئىدى. يەنە بىرى «سۇۋائ » بولۇپ، بۇ بۇت يەنبۇئ دېگەن جايدا ئىدى. بۇ ھۇزەيل قەبىلىسىنىڭ مەبۇدى ئىدى. يەنە بىرى «يەغۇس» بولۇپ، بۇ بۇت يەمەندە ئىدى ۋە يەمەنلىكلەرنىڭ مەبۇدى ئىدى. يەنە بىرى «يەئۇق» بولۇپ، بۇ بۇت سەنئاغا يېقىن بىر جايدا ئىدى. بۇ ھەمەدان ئەرەبلىرىنىڭ مەبۇدى ئىدى. يەنە بىرى «نەسر» ئىدى. بۇ بۇت يەمەندە بولۇپ، ھىميەر قەبىلىلىرىنىڭ مەبۇدى ئىدى. بۇ بەش بۇت قۇرئان كەرىمدىكى نۇھ سۈرىسىنىڭ 23 ـ ئايىتىدە بايان قىلىنىدۇ. يەنە بىر بۇتنىڭ ئىسمى «مەنات» ئىدى. بۇ بۇت قىزىل دېڭىزنىڭ بويىدا بولۇپ، ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرىنىڭ مەبۇدى ئىدى. يەنە بىرى «لات» ئىدى. بۇ بۇت تائىپتا بولۇپ، سەقىپ قەبىلىسىنىڭ مەبۇدى ئىدى. بۇ بۇت تۆت چاسا تاشتىن ياسالغان بولۇپ، كەڭرى بىر ئۆيگە تىكلەنگەن ئىدى. يەنە بىرى «ئۇززا» ئىدى. بۇ بۇت نەخلە دېگەن جايدا ئەتراپى ئاي شەكلىدە قىلىپ ئورالغان بىر دەرەخ بولۇپ، قۇرەيش ۋە بەنى كەنانە قەبىلىلىرىنىڭ مەبۇدى ئىدى. پۈتۈن ئەرەبلەر بۇ ئۈچ بۇتنى «ئاللاھنىڭ قىزلىرى» دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ئۇلارنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيتتى (ئاللاھ بۇنىڭدىن پاكتۇر). ئۇززا

www.islamyoli.net

دېگىنى بۇ ئۈچ بۇتنىڭ ئىچىدە ئەرەبلەرنىڭ گۇمانىچە ئەڭ كاتتا ۋە ئەڭ ئۇلۇغ بۇت ئىدى. ئۇنىڭغا كۆپىنچە قۇرەيشلەر ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىشاتتى. يەنە بىرى «ھۇبەل» ئىدى. بۇ بۇت كەبىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، ئۇمۇ قۇرەيشلەرنىڭ مەبۇدى ئىدى. يەنە «ئەساف ۋە نائىلە» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى بۇت بولۇپ، ئۇلار زەمزەم قۇدۇقىنىڭ يېنىدا ئىدى. يەنە بىرى «فۇلۇس» ناملىق بۇت ئىدى. بۇ بۇت تەي قەبىلىسىنىڭ مەبۇدى ئىدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئون ئىككى بۇت ئەرەبلەرنىڭ پەۋقۇلئاددە كاتتا مەبۇدلىرى بولۇپ، بۇلاردىن باشقا نۇرغۇن ئۇششاق بۇتلار بار ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ نەزىرىدە بۇتلارنىڭ نەقەدەر ھۆرمەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولغان ئادەم، مەككە پەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى پەقەت كەبىنىڭ ئىچىدىلا ئۈچ يۈز ئاتمىش بۇتنىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلسا بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت ھەر بىر ئۆيدە بىردىن كىچىك بۇت بار ئىدى.

مانا بۇلار ئەرەبلەرنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى دىنىي ئەھۋالى. ئەمدى بىز تۆۋەندە ئەرەبلەرنىڭ نىكاھ تالاق ۋە ئىددەتكە ئوخشاش ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالىنى بايان قىلىمىز.

## ئەرەبلەرنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى نىكاھ تالاق ۋە ئىددەت قاتارلىق ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەھۋالى

ئەرەبلەردە نىكاھ بىر قانچە خىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى، قىزنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ توي‍لۇق ۋە ھەدىيە بېرىپ نىكاھىغا ئېلىش. يەنە بىرى، ئايال كىشىگە بىر ئاز نەرسە بېرىپ مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلەپ، بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئەر ـ خوتۇن بولۇش. بۇ «ۋاقىتلىق نىكاھ» ياكى «پايدىلىنىش نىكاھى» دەپ ئاتىلاتتى. يەنە بىرى بولسا، ئايالنى باشقىلارنىڭ ئايالى بىلەن ئالماشتۇرۇش. بۇ «ئالماشتۇرۇش نىكاھى» دېيىلەتتى. يەنە بىر خىلى بىرسى يەنە بىرسىگە قىزىنى ياكى ئاچا ـ سىڭلىسىنى بېرىش شەرتى بىلەن، ئۇنىڭ قىزى ياكى ئاچا ـ سىڭلىسىنى توي‍لۇقسىز نىكاھلاپ ئېلىش. بۇ «توي‍لۇقسىز نىكاھ» دەپ ئاتىلاتتى. يەنە بىر خىلى مەخپىي ھالدا مۇناسىۋەت قۇرۇپ، ئەر ـ خوتۇن بولۇپ ياشاش. ئۇلار بۇنى «ئاشنىدارچىلىق نىكاھى» دەپ ئاتىشاتتى. يەنە بىر خىلى ئۆزىنىڭ ئايالىنى باتۇرلۇق، خەير ـ ساخاۋەتتەك ياخشى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەردىن بىرىگە بېرىپ، ئۇنىڭدىن بالا تۇغدۇرۇۋېلىش. ئۇلار بۇنى «جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش نىكاھى» دەپ ئاتىشاتتى. جاھىلىيەتتىكى ئەرەبلەرنىڭ قارىشىچە يۇقىرىقى نىكاھلارنىڭ ھەممىسى قانۇنلۇق نىكاھ ئىدى. ئىسلام دىنى بارلىققا كېلىپ بۇ نىكاھلارنىڭ بىرىنچى خىلدىكىسىدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسىنى ھارام قىلدى.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغانلىرىدىن باشقا خىلدىكى نىكاھ زىنا ۋە پاھىشە ئەرەبلەردە غايەت زور دەرىجىدە كۆپ ئىدى. ئەمما زىنا، پاھىشە دېدەك ئايالللار ئارىسىدا كۆپ بولۇپ، ھۆر ئايالللاردا ناھايىتى كەم ئۇچرايتتى. شۇڭا ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئايالى ھىند بىنتى ئۇتبە مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغاندا، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا زىنادىن يىراق بولۇش ھەققىدە سۆز قىلغاندا، ئۇ ئەجەبلىنىپ: «ھۆر ئايالمۇ زىنا قىلامدۇ؟» دەپ سورىغان. شۇنداقتىمۇ زىنا ئەرەبلەر ئارىسىدا ئانچە ئەيىبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى. بۇ رەزىللىكنىڭ يىلتىز تارتىپ كەتكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، بەزى ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندا، پەيغەمبىرىمىزدىن، «ماڭا زىنا قىلىشقا رۇخسەت بەرگىن» دېگىنىنى ۋە بەزى قەبىلىلەرنىڭ ئىسلامدا زىنا ۋە

www.islamyoli.net

هاراقنىڭ هارام قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلامنى كېچىكىپ قوبۇل قىلغانلىقىدەك هادىسىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىساق كۇپايە قىلىدۇ. جاهىلىيەت دەۋرىدە پاھىشە قىلىشتا مەشھۇر بولغان ئاياللار مەۋجۇد بولۇپ، ئۇلار ئىشىكلىرىگە مەخسۇس بايراق قاداپ نىشانە قىلىپ قوياتتى. مۇقەددەس ئىسلام دىنى ئىنسانلارنى بۇ رەزىل ئەخلاقتىن قەتئىي چەكلەپ، بۇ جىنايەتنى ئۆتكۈزگەنلەرگە ئېغىر جازا بەلگىلىدى. ئىسلامدا ئۆيلىنىش هارام قىلىنغان ئاياللار ئەرەبلەرنىڭ جاهىلىيەتتىكى ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىمۇ هارام ئىدى. لېكىن ئاچا ـ سىڭىل ئىككىسىنى بىرگە ئېلىش، ئاتىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆگەي ئانىسىنى چوڭ ئوغلى ئېلىشتەك ئادەتلەر بار ئىدى. بۇ قەبىھ ئادەت مۇنۇ شەكىلدە ئېلىپ بېرىلاتتى: ئاتىسى ۋاپات بولغاندا چوڭ ئوغۇل ئۆگەي ئانىسىنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنىڭ كىيىمىنى تاشلايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئايال چوڭ ئوغۇلنىڭ ئايالى بولۇپ قالاتتى. يېڭىدىن توي رەسمىيىتى ئۆتەش كېرەك ئەمەس ئىدى. ئەگەر چوڭ ئوغلى ئالمىغان تەقدىردە باشقا ئوغۇللىرىنىڭ قايسى ئالسا بولاتتى. بۇ چاغدا يېڭىدىن توي رەسمىيىتى ئۆتەش كېرەك بولاتتى. بۇ ئادەت گەرچە ئەرەبلەردە ئومۇملاشقان ئادەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇنى ياخشى ئادەت ئەمەس دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇلار بۇ نىكاھنى «يامان كۆرۈلىدىغان نىكاھ»، بۇ نىكاھتىن تۇغۇلغان بالىنى «يامان بالا» دەپ ئاتايتتى. ئىسلامدا بۇ ئىككى ئادەتنىڭ ھەر ئىككىلىسى هارام قىلىنىپ، نىسا سۈرىسىنىڭ: «ئاچا ـ سىڭىلنى بىرگە ئېلىشىڭلار هارام قىلىندى» ۋە «ئاتىلىرىڭلار ئالغان ئاياللارنى ئالماڭلار، لېكىن بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئالغان بولساڭلار ئەپۇ قىلىنىدۇ. بۇ ھەقىقەتەن يامان ئىشتۇر، ئۆچ كۆرۈلىدىغان قىلىقتۇر، بۇ نېمە دېگەن يامان ئادەت؟!» دېگەن 22 ـ 23 ـ ئايەتلىرى نازىل بولدى.

باشقا مىللەتلەردە كۆپ خوتۇن ئېلىش جائىز بولغىنىدەك، ئەرەبلەردىمۇ جائىز ئىدى. ئەمما، ئۇلار نىكاھىدىكى ئاياللىرى ئارىسىدا پەقەت ئادىل مۇئامىلىدە بولمايتتى. بەلكى ئاياللارنى شەخسىي غەرەز ئۈچۈنلا ئالاتتى. بەزىسى ئۆز جەددى ـ جەمەتىدىن يېتىم قالغان پۇلدار ئاياللارنى قەلبىدە ياخشى كۆرمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىنى كۆزلەپ نىكاھىغا ئالاتتى. بۇ ئەھۋالغا دۇچ كەلگەن ئاياللار ئۆزاق ئۆتمەي پۈتۈن مال ـ مۈلكىدىن ۋاز كېچىپ بۇ ئادەمنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشقا مەجبۇر بولاتتى.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، ئەرەبلەردە بۇ ئادەت سىستېمىلىق ئەمەس ئىدى. ئىسلام دىنى بۇ ئادەتنى سىستېمىلاشتۇرۇپ، زۆرۈر تېپىلغاندا ئادىل بولۇش شەرتى بىلەن بىر ئادەمنىڭ تۆت خوتۇن ئېلىشىغا رۇخسەت قىلدى. ئۇلار ئارىسىدا ئادىللىق قىلالماي قېلىشتىن قورقسا، پەقەت بىرلا خوتۇن ئېلىشقا بۇيرۇدى. جانابى ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر يېتىم قىزلارغا (ئۆيلىنىپ) ئادىل مۇئامىلىدە بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، ئۇنى تەرك ئېتىپ، ئۆزۈڭلار ياقتۇرىدىغان باشقا ئاياللاردىن ئىككىنى، ئۈچنى ۋە تۆتنى ئېلىشىڭلارغا بولىدۇ، ئەگەر (ئۇلارنىڭ ئارىسىدا) ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر خوتۇن بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلەنسەڭلار بولىدۇ. بىر خوتۇن بىلەن كۇپايىلىنىش زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىندۇر.» (نىسا سۈرىسى 3 ـ ئايەت).

كۆپ خوتۇن ئېلىش ئىسلامدا يولغا قويۇلغان ئىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تەلەپ قىلىنغان ئىش بولماستىن، بەلكى زۆرۈر تېپىلغاندا رۇخسەت قىلىنغان ئىشتۇر. ئىسلام دىنى ئومۇمىي دىن بولغاچ ھەر زامانغا ۋە ھەر ماكانغا تەتبىقلاش مۇمكىندۇر. ئەگەر ئىسلام كۆپ خوتۇن ئېلىشنى بىراقلا چەكلىگەن بولسا ئىدى، مۇبادا ئەر ياكى

www.islamyoli.net

ئايال تەرەپنىڭ بىرىدە زۆرۈرىيەت بولۇپ، مەسىلەن: ئۇرۇش سەۋەبىدىن ئەرلەر ئازلاپ كېتىپ، ئاياللارنىڭ يامان يولغا كىرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتەك، ياكى بىر ئادەمنىڭ پەرزەنت كۆرۈش ئارزۇسى بولۇپ، ئايالى تۇغماس چىقىپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا ئايالىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن يەنە بىر ئايالغا ئۆيلىنىپ پەرزەنت كۆرۈپ، نەسلىنى ساقلاپ قالسا ئىنسانىيەت مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن، پايدىلىق، ھېكمەتلىك ياخشى ئىش ئەمەسمۇ؟

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، كۆپ خوتۇن ئېلىش ئىسلامدا ئالقىشلاشقا تېگىشلىك ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇ خىلى ئېغىر شەرتلەر بىلەن رۇخسەت قىلىنغان بولۇپ، بۇ شەرتلەرگە رىئايە قىلىش ناھايىتى مۇھىم. بۈگۈنكى كۈنىمىزدىكىدەك، پەقەتلا شەھۋانىي نەپسى ياكى ئاياللارنى خارلاش ئۈچۈن خوتۇن ئۈستىگە خوتۇن ئېلىش ئىسلام ئەخلاقىغا توغرا كەلمەيدۇ. ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاياللار تەبىقىسىنىڭ ئەرەبلەرنىڭ نەزىرىدە ھېچ بىر ئېتىبارى يوق ئىدى. ئۇلار ھېچقانداق كىشىلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولالمايتتى. ئەرەبلەر ئاياللارنى پەقەت ئەرلەرنىڭ شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا يارىتىلغان مەخلۇق دەپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ ئاياللارغا نەقەدەر تۆۋەن نەزەر بىلەن قارايدىغانلىقى ئۇلارنىڭ ئۆز قىزلىرىنى تىرىك كۆمۈشتەك ۋەھشىلىكلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇلاردا ئېرى ئۆلگەندىن كېيىن ئاياللىرىغا مىراس تەقسىم قىلىنمايتتى. بەلكى ئاياللارنىڭ ئۆزى مىراس ئېلىنىدىغان نەرسە ـ كېرەكلەر قاتارىدا ئىدى. مىراسخورلار ئۇلارنى مەھرىسىز ئېلىشقا ھەقلىق ئىدى. ئاياللاردا بۇنى رەت قىلىش ھوقۇقى بولمايتتى. مىراسنىڭ ھەممىسى ئوغۇل بالىلارغا خاس ئىدى. بىرلا ۋاقىتتا بىر ئەرنىڭ نىكاھىدا ئون ـ ئون بەش ئايالنىڭ بولۇشى، ئاياللارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىدىن تامامەن مەھرۇم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

جاھىلىيەتتە ھىند بىنتى ئۇتبە، سەلما بىنتى ئەمرلەر باتۇرلۇقتا مەشھۇر بولغان، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەزرىتى خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) تەك ئەقىل ـ پاراسەتتە يېتىشكەن، خەنسا بىنتى سەخردەك شائىرلىقتا مەشھۇر بولغان ئاياللار مەۋجۇد بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بەك ئاز ئىدى. ئۇلار ئومۇمەن «ئاياللار روھىي، جىسمانىي، پىكرىي جەھەتلەردە تۆۋەن» دېگەندەك خاتا كۆز قاراشنىڭ قۇربانلىرى ئىدى. ئۇلار ئەرلەرنىڭ نەزىرىدە خۇددى كۆڭلەكتەك خالىسا كىيەتتى، خالىسا سالاتتى. ئەمما ئىسلام دىنى ئۇلارنى بۇ خارلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، كۈنىمىزدىكى مەدەنىي ئىنسانلارنىڭ ئاياللىرىمۇ ئېرىشەلمىگەن ھوقۇقلارغا ئېرىشتۈردى. بۇنىڭ كۆرۈنۈشى شۇكى، ئاياللار ئىدارە ـ ئورگانلاردا، سوت ئالدىدا، ھەتتا خەلىپە ھۇزۇرىدا ئىسلام قانۇنىغا زىت كەلمىگەن ئاساستا ئۆز ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى تامامەن قوغداش ھوقۇقىغا ئىگە. «جامئى بايانۇلئىلمى» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلىدۇ: «ھەزرىتى ئۆمەر مۇنبەردە جامائەتكە نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندا بىر ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ، مەلۇم بىر مەسىلە ھەققىدە ئۇنى تەنقىدلىگەندە، ھەزرىتى ئۆمەر دەرھال ئۇ ئايالنىڭ سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ خاتالاشقانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان.» ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارنى ئاسارەت زىندانىدىن ئازادلىق مەيدانىغا ئېلىپ چىققانلىقىغا ھەزرىتى ئۆمەردەك پۈتۈن مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسىنى ئاددىي بىر ئايالنىڭ تەنقىد قىلالىغانلىقى روشەن دەلىلدۇر. لېكىن كېيىنكىلەرنىڭ پىتنە ـ پاسات زامانىدا ئىسلامىي تەلىم ـ تەربىيە يېتەرلىك بولمىغاچ، خاھى ئەرلەر بولسۇن خاھى ئاياللار بولسۇن، ئۇلاردىن ئېپپەت ـ نومۇس

www.islamyoli.net

كۆتۈرۈلگەن. كۆڭۈل گۈلشەنىگە ئىلىم ـ مەرىپەت ئۇرۇقى چېچىلمىغانلىقتىن بۇزۇقچىلىق يامراپ كەتكەن ۋە بۇ سەۋەبتىن كېيىنكى ئۆلىمالار ئېھتىيات يولىنى تۇتۇپ، ئاياللارنى بىرئاز تىزگىنلەشنى ياخشىراق دەپ قارىغان.

جاھىلىيەتتە ئەرەب ئاياللىرى ئەرلەر بىلەن دائىم ئارىلىشىپ بازارلاردا سودا ـ سېتىق قىلاتتى. ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ پىداكارلىق كۆرسىتەتتى. ئۇلار خاھلىغان ئەرلەر بىلەن ئەركىن ھالدا پاراڭلىشالايتتى. ئۇلاردا ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدا پەردىشەپ بولماسلىقى ئۇلارنىڭ ئاياللارنىڭ ھوقۇقىغا رىئايە قىلغانلىقىدىن بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ مەدەنىيەتسىزلىكىدىن ئىدى. چۈنكى تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە كۆچمەن بولۇپ يۈرىدىغان بۇ ئىنسانلاردا بۇنداق ئادەت يوق ئىدى.

ئەرەبلەرنىڭ يەنە بىر ئادىتى ئۇلار ئۆز قىزلىرىنى تىرىك كۆمەتتى. بۇ «ۋەئىدە»، تىرىك كۆمۈلگەن قىزلار «مەۋئۇدە» دېيىلەتتى. بۇ ۋەھشىيلىك ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئومۇملاشقان بىر ئىش ئىدى. زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئىش ئاستا ـ ئاستا ئازلاشقا باشلاپ، ئىسلام دىنىنىڭ كېلىشى بىلەن پاك ـ پاكىزە تازىلانغانىدى. ئەرەبلەرنىڭ بۇ ۋەھشىيلىككە كۆنۈپ قېلىشىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى، ئۇلار ئۇرۇشخۇمار خەلق بولۇپ، ئۇرۇشتا ئولجا ئېلىنغان مال ـ مۈلۈكلەر بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. غالىپ كەلگەن تەرەپ مەغلۇپ بولغان تەرەپنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ ـ تالاپ، خوتۇن ـ قىزلىرىنى ئەسىرگە ئېلىپ كېتەتتى. ئۇلار ئوغۇل بالىلىرىنى كىچىكىدىنلا ئۇرۇش پائالىيەتلىرى بىلەن تەربىيىلەيتتى. شۇڭلاشقا ئوغۇللىرى ئەسىرگە چۈشۈپ قالسا، بىر ئامال بىلەن قېچىپ قۇتۇلالايتتى. قۇتۇلالمىغان تەقدىردىمۇ ئوغۇل بولغانلىقى ئۈچۈن ئەسىرگە چۈشۈشنى ئانچە نومۇس دەپ بىلمەيتتى. ئەمما قىز بالا ئاجىز بولغانلىقتىن ئەسىرگە ئېلىنغان قەبىلىگە دېدەك بولۇپ ئىشلەيتتى. بۇ ئاقىۋەتتىن قۇتۇلمەن دېيىشى ئېھتىمالدىن بەكمۇ يىراق ئىدى. شۇڭا ئەرەبلەر «قىز بالا دېگەن دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قالسا ئائىلىمىزگە ئار ـ نومۇس بولىدۇ»، دەپ ئۇلارنى ياقتۇرمايتتى. شۇڭا ئاياللىرى قىز تۇغۇپ قالسا، بۇنى ئەيىب دەپ بىلىپ، باشقىلارغا كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن بىر مەزگىل ئۆيىدىن تالاغا چىقمايتتى. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمنىڭ نەھل سۈرىسىنىڭ 58، 59 ـ ئايەتلىرىدە مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇلارنىڭ بىرىگە (خوتۇنىنىڭ) قىز تۇغقانلىق خەۋىرى يەتكۈزۈلسە چىرايى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. يەتكۈزۈلگەن يامان خەۋەردىن قورقۇپ، ئۆز قەۋمىگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئاندىن ئۇ بۇ نومۇسقا چىداپ قىزىنى ساقلاپ قالامدۇ؟ ياكى ئۇنى تۇپا ئاستىغا (تىرىك) كۆمەمدۇ؟ (شۇ ھەقتە ئويلىنىدۇ) ئۇلارنىڭ ھۆكۈمى نېمە دېگەن قەبىھ؟!»

شۇ سەۋەبتىن ئەرەبلەر قىزلىرىنى تىرىك كۆمۈۋېتىش ياكى سۇدا غەرق قىلىۋېتىش ياكى بوغۇزلىۋېتىش ئارقىلىق ئۆلتۈرەتتى. بەزىلىرى ئوغلى ئونغا يەتسە ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرىنى نەزىر قىلاتتى. نەزىر قىلغانلارنىڭ بىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ بوۋىسى ئابدۇلمۇتەللىپ ئىدى. بەزىلىرى بۇ ئادەتلەرگە نارازى ئىدى. ئۇلار بۇ ئىشلارغا قارشى تۇرۇپ، يوقىتىشقا تىرىشاتتى. قىزنىڭ ئائىلىسىگە پۇل ـ مال بېرىپ، قىزنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشقا ئۇرۇناتتى. مەشھۇر زەيد ئىبنى ئەمر، ئىبنى نۇپەيل، سەئسەئە ئىبنى ناجىھ ۋە باشقىلارنىڭ نۇرغۇن قىزلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. مەشھۇر شائىر پەزەردەق بىر نەچچە قىزنى قۇتقۇزۇپ قالغان بوۋىسى بىلەن پەخىرلىنىپ مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ ئىچىمىزدە كۆمۈلىدىغان قىزلارنى قۇتقۇزغان كىشى

www.islamyoli.net

بار، غالىپ كېشى بار، ئەمرى بار. ئەنە شۇلار مېنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىم. ئى جەرىر! سەنمۇ ئۇلاردەك كىشىلىرىڭ بولسا كۆرسىتىپ باقمامسەن؟»

## قىزلارنى تىرىك كۆمۈشنىڭ يولى

ئەرەبلەردە بۇ ئادەت مۇنۇ شەكىلدە ئىدى: قىز بالا ئالتە ياشقا كىرگەندە ئەر كىشى ئايالىغا: «بالاڭنىڭ كىيىمىنى كىيدۈرۈپ ياساندۇر، مەن ئۇنى قوشنىلارنىڭكىگە مېھماندارچىلىققا ئېلىپ بارىمەن» دەيتتى. ھالبۇكى ئۇ بۇنىڭدىن بۇرۇن سەھراغا بېرىپ، ئۇ يەرگە بىر ئازگال كولاپ قوياتتى. بىچارە ئانا بۇنى دەرھال چۈشىنەتتى ـ دە، ئامالسىز قىزىنى چىرايلىق ياساندۇرۇپ ئېرىگە قوشۇپ قوياتتى. مەزكۇر ئازگالغا يېقىنلاشقاندا دادىسى قىزىغا ھېلىقى ئازگالنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا قاراپ بېقىشقا بۇيرۇيتتى. قىز ئازگالغا قارىغان ھامان ئۇنى ئارقىسىدىن ئازگالغا ئىتتىرىۋېتىپ، ئۈستىگە توپا تاشلاپ كۆمۈۋېتەتتى. بەزىلىرى قىزلار ئالتە ياشقا كىرمىسىمۇ تۇغۇلغان ھامان كۆمۈۋېتەتتى. جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە ئۇلارنىڭ بۇ ۋەھشىي قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، بەنى ئىسرائىل سۈرىسىنىڭ 31 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ:

«كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ باللىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر» يەنە ئەنئام سۈرىسىنىڭ 137 ـ ئايىتىدە مۇنداق دېدى:

«مۇشرىكلارنىڭ شېرىكلىرى (يەنى شەيتانلار) مۇشرىكلارنى ھالاك قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ دىنىنى قالايمىقانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىغا باللىرىنى ئۆلتۈرۈشنى، شۇنىڭدەك (يەنى ئاللاھقا ۋە بۇتلارغا ھەسسە ئايرىپ قويۇشتەك تەقسىماتنى شەيتانلار ئۇلارغا چىرايلىق كۆرسەتكەندەك) چىرايلىق كۆرسەتتى.»

ئەرەبلەردە يەنە ھاراق ئىچىش ئادەتلىرى ناھايىتى ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئەر ـ ئايال ھەممىسى بۇنىڭغا مۇپتىلا ئىدى. ھاراق ئىچىش ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىزنىڭ سىنچاي ئىچكىنىمىزدەك تەبىئىي بىر ئىش ئىدى. ھاراقنى بىراقلا تاشلاش ئۇلارغا بەك ئېغىر كەلگەنلىكتىن، ئىسلام دىنى ئۇلارغا ھاراقنى دەرھال ھارام قىلمىدى، بەلكى بۇ مەسىلىدە غايەت دەرىجىدە تەدرىجىي بىر تەرەپ قىلىش يولىنى تۇتتى. ھاراق ھەققىدە ئاۋۋال:

«(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ھاراق ۋە قىمار توغرىسىدا سورىشىدۇ، سەن ئۇلارغا ‹بۇنىڭ ھەر ئىككىسىدە چوڭ گۇناھ ۋە كىشىلەرگە (ئازغىنا) پايدىمۇ بار. لېكىن، ئۇلاردىكى گۇناھ پايدىغا قارىغاندا تېخىمۇ چوڭ› دېگىن» دېگەن سۈرە بەقەرەنىڭ 219 ـ ئايىتى نازىل بولۇپ، بۇ ئايەت كىشىلەرنىڭ ھاراقتىن بىر ئاز ئۆزلىرىنى تارتىشقا سەۋەب بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن:

«ئى مۆمىنلەر، سىلەر مەست بولساڭلار، نېمە دەۋاتقىنىڭلارنى بىلگىنىڭلارغىچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار» دېگەن سۈرە نىسانىڭ 43 ـ ئايىتى نازىل بولدى. بۇ ئايەت بىلەن مۇسۇلمانلار ئىچىدە ھاراق ئىچىش ئازلاشقا باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە:

«ئى مۆمىنلەر! ھاراق ئىچىش، قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار) غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر. بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن شەيتاننىڭ ئىشىدىن يىراق بولۇڭلار! شەيتان ھاراق، قىمار ئارقىلىق ئاراڭلاردا دۈشمەنلىك، ئاداۋەت تۇغدۇرماقچى، سىلەرنى

www.islamyoli.net

نامازدىن ۋە ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن توسماقچى بولىدۇ. سىلەر ئەمدى (ھاراقتىن، قىماردىن) يانامسىلەر؟» دېگەن مائىدە سۈرىسىنىڭ 89 ـ 90 ـ ئايەتلىرى نازىل بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھاراق قەتئىي ھارام قىلىندى. بەزى كىشىلەرنىڭ، ھەتتاكى بەزى قەبىلىلەرنىڭ ئىسلامدا پەقەت ھاراق ھارام بولغان سەۋەبتىن ئىسلامنى قوبۇل قىلماي «ھاراق ھارام بولمىسا ئىدى، بىز ئىسلامنى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلغان بولاتتۇق» دەپ تۇرۇۋالغانلىقى، ئەرەبلەرنىڭ ھاراقنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا دەلىلدۇر. ئەرەبلەر ھاراققا شۇ قەدەر مۇپتىلا ئىدىكى، ھاراق ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەت باھالىق كىيىملىرىدىن، ھەتتاكى ئەڭ ئەتىۋارلايدىغان پەۋقۇلئاددە قەدىرلىك نەرسىلىرىدىن كېچەتتى. بۇ ئىش بەيتۇللاھنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتىدىغان ئەبۇ ئەبشان دېگەن كىشى بۇ ئاچقۇچنى قۇسەي ئىبنى كىلابقا بىر تۇلۇم ھاراققا تېگىشىشتەك پەسكەشلىككە دۇچار قىلغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن بەيتۇللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقى خۇزائە قەبىلىسىدىن قۇرەيش قەبىلىسىگە ئالماشقان ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسى ئومۇمەن ھاراقنى بىر يەرگە يىغىلىشىپ ئىچىشەتتى. كۆپ ۋاقىتلاردا كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا دېدەكلەرگە نەغمە ـ ناۋا قىلدۇرۇپ، ئەيش ـ ئىشرەت ئىچىدە ياشايتتى. جاھىلىيەت ئەسرىدە ھاراق سېتىلىدىغان مەخسۇس دۇكانلار بار ئىدى. شۇنداقتىمۇ يەنە ئۆزلىرىگە ھاراقنى ھارام قىلغان، تەبىئىتى ساغلام كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار كىشىلەرگە ھاراقنىڭ زىيانلىرىنى بايان قىلىپ، ئىمكانقەدەر ھاراقنى يوقىتىشقا تىرىشاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىلا ھاراق ئىچىشنى ئۆزىگە ھارام قىلغان زاتلاردىن بولۇپ، ئەسلا ھاراق ئىچىپ باقمىغان ئىدى.

جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەبلەر سەپەرگە چىقماقچى بولسا ياكى تىجارەت باشلىماقچى بولسا ياكى قىزنى ياتلىق قىلماقچى بولسا ياكى بىرەر كىشىنىڭ نەسەبىدە ئىختىلاپلىشىپ قالسا، ئۆززا ۋە ھۇبەل قاتارلىق بۇتلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، بۇ ئىشنىڭ ياخشى بولۇش ياكى بولماسلىقىنى بىلىش ئۈچۈن «ئەزلام» دەپ ئاتالغان مەخسۇس ئوقلار بىلەن پال سالاتتى. مەسىلەن، بىر ئادەم سەپەرگە چىقماقچى بولسا «پەرۋەردىگارىم بۇيرۇدى» ۋە «پەرۋەردىگارىم توستى» دەپ يېزىلغان ئىككى ئوقنى ئېلىپ ساندۇقتەك بىر نەرسىگە سېلىپ ئارىلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، قولنى تىقىپ بىرنى ئالاتتى «پەرۋەردىگارىم بۇيرۇدى» دېگەن ئوق چىقسا، قىلماقچى بولغان ئىشىغا كىرىشەتتى. ئەگەر «پەرۋەردىگارىم توستى» دېگەن ئوق چىقسا، قىلماقچى بولغان ئىشىدىن ۋاز كېچەتتى. شۇنىڭدەك بىرەر كىشىنىڭ نەسەبىدە ئىختىلاپلىشىپ قالسا، بىرىگە «سىلەردىن»، يەنە بىرىگە «سىلەردىن ئەمەس»، يەنە بىرىگە «قوشۇلۇپ قالغان» دەپ يېزىلغان ئۈچ تال ئوقنى ساندۇقتەك بىر نەرسىگە سېلىپ، تازا ئارىلاشتۇرۇپ، ئاندىن بىرنى ئالاتتى. ئەگەر «سىلەردىن» دەپ يېزىلغان ئوق چىقسا، ئۇ ئادەمنى ئۆزلىرىدىن ھېسابلايتتى. مۇبادا «سىلەردىن ئەمەس» دەپ يېزىلغىنى چىقىپ قالسا، ئۇنداق ئادەمنى ئۆزلىرىگە يېقىن يولاتمايتتى. ئەگەر «قوشۇلغان» دەپ يېزىلغان ئوق چىقسا، ئۇنداق كىشىنى قەبىلىلەر ئارىسىدا نەسەبى نامەلۇم ئادەم دەپ قارايتتى. ئوقلار بىلەن پال سېلىش ئىشى كۆپىنچە ھۇبەل دېگەن بۇتنىڭ يېنىدا ئېلىپ بېرىلسا، ئاندا ـ ساندا باشقا بۇتلارنىڭ يېنىدا ئېلىپ بېرىلاتتى.

بۇ ئادەتلەرنىڭ ئاساسسىز، خۇراپات قاتارىغا كىرىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز. بۇنى جانابى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مائىدە سۈرىسىنىڭ ئۈچىنچى ئايىتىدىكى: «ئەزلام (يەنى جاھىلىيەت دەۋرىدە

www.islamyoli.net

ئىشلىتىلىدىغان ئۈچ پارچە ئوق) بىلەن پال سېلىشقىلار هارام قىلىندى، بۇ گۇناھتۇر» دېگەن سۆزنى نازىل قىلىپ، قەتئىي هارام قىلدى. ئۇلار بۇ ئەزلام بىلەن پال سېلىش ئىشنى مۇھىم دەپ قارالغان چوڭ ئىشلاردا، بۇتلارغا قارايدىغان مەخسۇس خادىملارغا قىلدۇراتتى. مۇھىم بولمىغان ئۇششاق ـ چۈشەك ئىشلاردا ئۆزلىرى ئېلىپ باراتتى.

ئەرەبلەردە يەنە قىمار ئويناش كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇلار بۇنى ئائىلىدە ئويۇنلارنىڭ قاتارىدىن سانايتتى ۋە ھەممىسى ئۇنىڭغا قىزىقاتتى. بۇ قىمار ئويناش ئىشى كۆپرەك ئاچارچىلىق چۈشكەن ۋە قەھەتچىلىك يۈز بەرگەن چاغلاردا ئوينىلاتتى. كۆپىنچە ئۇنىڭدىن قول ئىلكىدە بىر نەرسىسى يوق ئادەملەر پايدىلىناتتى. بۇ سەۋەبتىن قىمار ئەرەبلەرنىڭ نەزىرىدە ئائىلىدە ۋە پەخىرلىنەرلىك بىر ئىش ئىدى. قىمار ئويىنغۇچىلار كۆپىنچە بار ـ يوقىدىن ئايرىلىپ قالاتتى. شۇڭا ئىسلام دىنى قىمار ئويناشنى قەتئىي هارام قىلدى.

جاھىلىيەتتىكى ئەرەبلەردە باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش قۇللۇق تۈزۈم مەۋجۇد ئىدى. چۈنكى ئەرەبلەر ئۇرۇشقا ئامراق مىللەت بولغاچقا، ئۇرۇشتا ئەسىر ئېلىنغان ئادەملەرنى ئۆزلىرىگە قۇل قىلىۋېلىپ، ئۇلارنى ئىنتايىن ئېغىر ئەمگەكلەرگە سالاتتى. ئۇلار قۇللارغا غايەت دەرىجىدە ھاقارەت كۆزى بىلەن قارايتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىدا قۇلنىڭ ھايۋاندىن ھېچ پەرقى يوق ئىدى. خالىسا ئىشقا سالاتتى، خالىسا ئۇرۇپ ھاقارەتلەيتتى. بەزىلىرى ئايال دېدەكلىرىنى زىنا ۋە پاھىشە ئىشلىرىغا زورلاپ، ئۇلارنى پۇل تاپقىلى سالاتتى. بۇ سەۋەبتىن ئىسلام شەرىئىتى قۇل ئىگىلىرىنى ئۆز قۇللىرىغا قېرىنداشلارچە مۇئامىلىدە بولۇشقا بۇيرۇدى ۋە ئۆزلىرى كىيگەن كىيىمدىن كىيدۈرۈشكە، ئۆزلىرى يېگەن تائاملاردىن يېگۈزۈشكە، كۈچى يەتمەيدىغان ئەمگەككە زورلىماسلىققا، ئۇلارنىڭ ئىش ـ كۈشلىرىگە ياردەملىششكە بۇيرۇدى. شەرق ئۆلىمالىرىنىڭ بەزىسى مۇنداق دەيدۇ: ئەرەبلەردە قۇل ئېلىش، سېتىش ۋە ئىشلىتىش ئىنتايىن كەڭ تارقىلىپ كەتكەن سەۋەبتىن، ئۇنى بىراقلا ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئىنتايىن تەسكە توختايتتى. بىراقلا يوقىتىمەن دېگەندە، نۇرغۇن كېلىشمەسلىكلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئېنىق ئىدى. شۇڭلاشقا ئىسلام دىنى ئۇنى بىراقلا چەكلىمىدى. قانداقلا بولمىسا ئىسلامنىڭ مەقسىتى بۇنى ئاستا ـ ئاستا قىستاپ، شەرىئەتتىكى زىھار (خوتۇننى ئانىسىغا ئوخشىتىش)، يەمىن (قەسەم) ۋە خاتا ئادەم ئۆلتۈرۈش قاتارلىق جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەن ھالەتتە قۇل ئازات قىلىشقا بۇيرۇپ، شۇ ئارقىلىق ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بەنى مۇستەلەق ئۇرۇشىدا ئەسىر ئېلىنغان جۇۋەيرىيە دېگەن قىزنى ئازات قىلىپ، ئۆز نىكاھىغا ئېلىشى ۋە ساھابىلەرنىڭ ئۇ ئۇرۇشتا ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى ئازات قىلىشىدىن مەقسەت مۇشۇ ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ قۇلنى قىينىغان ئادەمگە ئاشۇ قۇلنى ئازات قىلىشنى بۇيرۇغانلىقى سەھىھ كىتابلاردا بايان قىلىنغان. مەسىلەن: كۈن تۇتۇلغاندا پەيغەمبىرىمىزنىڭ قۇل ئازات قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى سەھىھۇلبۇخارىدا بايان قىلىنغان. مانا بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى قۇللۇق تۈزۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا ئاساس سالغان ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ يارىماس ئىشلىرىدىن يەنە بىرى، ئۇلار بەزى ھايۋانلارنى ئۆزلىرىگە هارام قىلىۋالاتتى. مەسىلەن، بىر تۆگە بەشنى تۇغۇپ، بەشىنچىسى ئەركەك بولسا، شۇ بەشنى تۇغقان تۆگىنىڭ قۇلىقىنى تىلىپ بەلگە قىلىپ قويۇپ، سۈتىنى ساغماي، مىنمەي ياكى ئۆلتۈرۈپ يېمەي قويۇپ بېرەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ تۆگە ئۆزى خالىغان يەردە ئوتلاپ، خالىغان يەردىن سۇ ئىچەتتى، ھېچ چەكلىمىگە ئۇچرىمايتتى. بۇنداق تۆگىنى «بەھىرە» دەپ ئاتايتتى.

www.islamyoli.net

شۇنىڭدەك، بىر تۆگە ئون نەپەر چىشى تۆگە تۇغسا، بۇنداق تۆگىنىمۇ ئەسلا ئىشلەتمەي، ئۆز يولىغا قويۇپ بېرەتتى. بۇنداق تۆگىنى «سائىبە» دەپ ئاتايتتى. شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئەركەك تۆگىنىڭ پۇشتىدىن ئارقىمۇ ـ ئارقا ئون چىشى تۆگە ۋۇجۇدقا كەلسە، ئۇ تۆگىنىمۇ ئۆزلىرىگە هارام قىلىپ، مىنمەيتتى ياكى يۈكىنى قىرقىپ پايدىلانمايتتى. بۇنداق تۆگىنى «هامى» دەپ ئاتايتتى. مەسىلەن: بىر قوي ئارقىمۇ ـ ئارقا بەش قېتىم چىشى قوزىلىسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قويدىن تۇغۇلغان قوزىلارنىڭ گۆشىدىن ئەرلەر يېسە بولىدۇ، لېكىن ئاياللار يېسە بولمايدۇ، دەپ قارايتتى. ئەگەر ئۆلۈك تۇغۇلغان بولسا، ئەر ئايال ھەممىسى يېيىشكە بولاتتى. بۇنداق قوينى «ۋەسىلە» دەپ ئاتايتتى. تۆگىنىڭ تۇنجى تۇغۇلغان بالىسىنى تەۋەررۇك ئۈچۈن مەبۇدلىرى نامىغا قۇربانلىق قىلاتتى. بۇنى «پەرئى» دەپ ئاتايتتى. رەجەپ ئېيىدا بۇتلارغا يېقىنلىق ئىزدەپ قۇربانلىق قىلاتتى. بۇنى «ئەيتەرە» دەپ ئاتايتتى. مانا شۇ تەرىقىدە ھالال نەرسىلەرنى ھېچبىر سەۋەبسىز ھالدا ئۆزلىرىگە هارام قىلىش ئۇلاردا كەڭ تارقالغان ئىش ئىدى.

يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى پەقەت مەبۇدلىرىنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن، ئۇلارغا يېقىنلىق ئىزدەپ قىلاتتى. ھېچقانداق زىيان ياكى پايدا يەتكۈزەلمەيدىغان تاش ۋە ياغاچلاردىن قورقۇپ، نەپسى ـ ئارزۇلىرىدىن ۋاز كېچەتتى. جانابى ئاللاھ ئاتا قىلغان ئەقلىنى ئىشلەتمەي، ئەكسىچە ئۇنىڭغا تۈزكورلۇق قىلىپ تاناتتى. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن ئايەت چۈشۈرۈلۈپ، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرىنى خاتاغا چىقاردى. ھېچبىر ئاساسى يوق، پەقەت ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان ئادەتلەرگە جاھىللىق بىلەن ئەگەشكەنلىكىنى، ئەقلىنىڭ بۈيۈك نېمەت ئىكەنلىكىگە نا شۈكۈرلۈك قىلىپ، ئۇنى ھۆرمەت قىلمىدى دەپ قاتتىق ئەيىبلىدى ۋە ئۇلارنىڭ نا توغرا ئېتىقادىچە ئىبادەت دەپ قۇرۇلغان بۇ قەبىھ ئادەتلەرنى رەت قىلىپ، قۇرئان كەرىمدىكى مائىدە سۈرىسىنىڭ: «بەھىرە، سائىبە، ۋەسىلە ۋە هاملارغا (يۇقىرىقىدەك قىلىشنى) ئاللاھ بۇيرۇغىنى يوق. لېكىن كاپىرلار ئاللاھقا يالغاننى چاپلايدۇ، ئۇلارنىڭ تولىسى بۇنىڭ يالغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ.» دېگەن 103 ـ ئايىتى نازىل بولدى. ئەمما ئەتىرە ۋە پەرئى ھەققىدە گەرچە قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق بىر ئىپادە بىلدۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىمامى تىرمىزى رەھمەھۇللاھ: «نە پەرئى بولسۇن، نە ئەتىرە بولسۇن!» دېگەن ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان.

ئەرەبلەرنىڭ ئادەتلىرىدىن يەنە بىرى، ئۇلار ئۆز نەسەبىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ مەشھۇرلۇقى بىلەن پەخىرلىنەتتى. مەشھۇر ئۇككاز بازىرى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بازارلاردا نۇتۇق سۆزلىگەندە ياكى قەسىدە، شېئىر ئوقۇغاندا كۆپىنچە ساخاۋەتتە، شىجائەتتە ۋە ھەممەتتە مەشھۇر بولغان ئاتا ـ بوۋىلىرى بىلەن ماختىناتتى. بۇ ئىشلار كۆپىنچە ھالەتلەردە قەبىلىلەر ئارىسىدا جېدەل ـ ماجىرانىڭ ئوت ئۈچقۇنى بولاتتى. ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن بۇ ئىشلارنى چەكلەپ، ئىنسانىنىڭ ئىنسانلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى مەشھۇر ئۆتكەن ئاتا ـ بوۋىلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز سەئيى ـ ئىجتىھادى بىلەن قولغا كېلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. نەسەب بىلەن پەخىرلىنىش ئىسلامنى قوبۇل قىلغان بەزى قەۋملەر ئىچىدىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. بۇ سەۋەبتىن شەرئىي ۋە سىياسىي مەنسەپلەر شۇ ۋەزىپىگە لايىق ئادەمگە تاپشۇرۇلماي، نەسەب سۈرۈشتە قىلىنىپ، بۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولمىغان كىشىلەرگە تاپشۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئادەمنىڭ شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن تولۇق خەۋىرى بولمىغاچقا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ خاتا يولغا كىرىپ قېلىشىغا سەۋەب بولاتتى. خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، ھەر قانداق

www.islamyoli.net

يەردە ھەققانىي ئۆلىمالار بولمىسا ياكى ئۆلىمالار بولۇپ، باشچىلىق قىلىش ئۇلاردا بولماي جاھىللارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، ھەر ۋاقىت ئاۋام خەلقنىڭ گۇمراھ بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىزدىن: «ئاللاھ تائالا ئىلىمنى كىشىلەردىن تارتىپلا ئېلىۋالمايدۇ، لېكىن (ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى) ئىلىم ئىگىلىرىنى ئېلىپ كېتىش بىلەن ئېلىۋالىدۇ. ئىلىم ئىگىلىرى قالمىغاندا، كىشىلەر ئۆزلىرىگە جاھىللارنى باش قىلىۋالىدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇ جاھىللار سوئال سورالغاندا ئىلىمسىز پەتىۋا بېرىپ، ئۆزلىرىمۇ ئازىدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ ئازدۇرىدۇ» دېگەن ھەدىس شەرىپنى بۇخارى ۋە مۇسلىملار ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلغان. بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىنى يەنە بىرئاز ئوچۇقلايدىغان بولساق: ئاللاھ تائالا بىر مىللەتنى ئۇ مىللەتنىڭ ئىچىدىكى ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ قورسىقىدىكى ئىلىملىرىنى ئېلىۋېلىش بىلەن جاھىل، بىلىمسىز تاشلاپ قويمايدۇ، لېكىن شۇ ئىلىم ئىگىلىرىنى ئۆز دەرگاھىغا ئېلىپ كېتىش بىلەن نادان قالدۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مىللەت جاھىل، نادان كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە باش قىلىۋېلىپ قازى، مۇپتى، شەيخ، ئىمام قىلىپ تەيىنلەيدۇ. كېيىن ئۇ جاھىللار مەيلى شەرىئەت ئەھكاملىرى بولسۇن، مەيلى ئىجتىمائىي جەمئىيەتكە ئالاقىدار مەسىلە بولسۇن، ھېچبىرىنى توغرا بىر تەرەپ قىلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ مىللەت ئاستا ـ ئاستا ئۆز ئىچىدىن چىرىپ، زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ.

ئەرەبلەر ھەددىدىن ئاشقان مىللەتچى خەلق ئىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەرەب بولمىغان ھەرقانداق مىللەت ئېتىبارسىز ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئىسلام شەرىئىتى ئۇلارنىڭ بۇ مەغرۇرلۇقىغا: «ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)» دېگەن ئايەت بىلەن «ئەرەب مىللىتىنىڭ ئەرەب بولمىغان مىللەتلەردىن ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقى يوق. بولغاندا پەقەت تەقۋالىق بىلەن بولىدۇ» دېگەن ھەدىس ئارقىلىق رەت قايتۇرۇپ، ئۇلارنى مەغرۇرلۇقتىن خالاس قىلدى.

## ئەرەبلەردە ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلار

ئەرەبلەر زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم ۋە رەجەپ ئايلىرىنى ئىنتايىن ھۆرمەت قىلاتتى. بۇ ئىش ئۇلارغا ھەزرىتى ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملاردىن قالغان ياخشى ئادەت ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ مەزكۇر ئايلارنى ھۆرمەت قىلىشى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئەگەر بىر كىشى ئۆز ئاتىسى ياكى بىر تۇغقان قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن ئادەمدىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئىزدەپ يۈرۈپ، ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلارنىڭ بىرىدە تېپىۋالغان بولسا، ئۇ ئادەمگە ھېچ چېقىلمايتتى. بۇ تۆت ئاي ئىچىدە ئۇرۇش قىلىش ھارام بولغانلىقى ئۈچۈن مەيلى ئۆز يۇرتى بولسۇن ياكى ياقا يۇرت بولسۇن ھەرقانداق بىر شەخس ھېچبىر ئەندىشىسىز خاتىرجەم يۈرەلەيتتى. بۇ ئىش دەسلەپكى مەزگىللەردە بىر مۇددەت شۇ بويىچە داۋام قىلدى. كېيىن ئەرەبلەر بۇ ئايلارنىڭ ھۆرمىتىنى بۇزۇپ، ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كېلىپ قالسا، شۇ ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاينىڭ ئورنىغا باشقا بىر ئاينى ھۆرمەت قىلماقچى بولۇپ، ئۇرۇش قىلاتتى. ئۇلار بەزى يىللاردا مەزكۇر ئايلارنىڭ ھۆرمىتىگە رىئايە قىلسىمۇ، بەزى يىللاردا ھۆرمەت قىلماي، بەلكى ئۇ ئايلارنىڭ ئورنىغا باشقا ئايلارنى ھۆرمەت قىلىپ، ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىناتتى.

www.islamyoli.net

جانابى ئاللاھ سۈرە تەۋبەدە: «شۈبھىسىزكى، ئاسمان ۋە زېمىن يارىتىلغاندىن تارتىپ (قەمەرى) ئايلارنىڭ سانى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) ئون ئىككىدۇر، ئۇلاردىن تۆتى (زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم، رەجەپ ئايلىرى) ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلاردۇر. بۇ توغرا دىندۇر (يەنى مەزكۇر تۆت ئايدا ئۇرۇشنىڭ ھارام قىلىنىشى ئاللاھنىڭ توغرا دىنىدۇر)، بۇ ئايلاردا (ئۇلارنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىماسلىق ۋە ئاللاھ چەكلىگەن گۇناھ ئىشلارنى قىلىش بىلەن) ئۆزۈڭلارغا زىيان سالماڭلار، مۇشرىكلار سىلەرگە بىرلىكتە ھۇجۇم قىلغاندەك، سىلەرمۇ ئۇلارغا قارشى بىرلىكتە ئۇرۇش قىلىڭلار! بىلىڭلاركى، ئاللاھ تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلىنىش بىلەن ئاللاھتىن قورققۇچىلارغا ئاللاھنىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىدە بولۇڭلار). ئاينى ئارقىغا سۈرۈش (يەنى ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئاينى باشقا بىر ئايغا ئۆزگەرتىپ، يىلنىڭ ئون ئىككى ئېيىنى ئون ئۈچ ئايغا كۆپەيتىش) كۇپرىنى زىيادە قىلىشتۇر. بۇنىڭ بىلەن كاپىرلار ئازدۇرۇلىدۇ. ئۇلار ئاللاھ ھارام قىلغان ئايلارنىڭ سانىغا مۇۋاپىقلىشىش ئۈچۈن، ئۇنى بىر يىل ھالال قىلسا، ئىككىنچى يىلى ھارام قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاللاھ ھارام قىلغان ئاينى ھالال قىلىدۇ. ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ يامان ئەمەللىرى چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئاللاھ كاپىر قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ» دېگەن 36 ـ 37 ـ ئايەتلەرنى نازىل قىلدى.

ئەرەبلەردىكى مەردلىك ۋە مېھمان دوستلۇق

ئەرەبلەر ئۆزلىرىنىڭ مەردلىك ۋە مېھمان دوستلۇقىدىن ھەتتا ئۆزلىرى مىنىدىغان ئات، تۆگىلىرىنى سويۇپ مېھمانغا زىياپەت بېرەتتى. ئۇلارنىڭ مەردلىك ۋە مېھمان دوستلۇقى ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇرۇپ سۆزىمىزنى ئۇزارتىشقا ھاجەت يوق. چۈنكى ئۇلاردا مەردلىك بىلەن مەشھۇر بولغان، خەير ـ ساخاۋەت بىلەن كىشىلەر ئارىسىدا تونۇلغان ئادەملەر بەك كۆپ ئىدى. مەسىلەن: ھاتەم تائى، ئابدۇللاھ ئىبنى جەدئان ۋە قەيس ئىبنى سەئدكە ئوخشاش سېخىيلىقتا مىسال قىلىنغان كىشىلەر بەكمۇ كۆپتۇر. ئەرەبلەر ئىنتايىن يۈرەكلىك، جۈرئەتلىك ۋە شىجائەتلىك مىللەت ئىدى. ئۇلارنىڭ مەزكۇر سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلىنىشى تەبىئىي. چۈنكى ئۇلار ياشىغان زېمىن قۇرغاق زېمىن بولۇپ، دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە ئورمانچىلىق ئىشلىرىغا يارىمايتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ كۆپىنچە ۋاقتى قەبىلىلەر ئارا ئۇرۇش ۋە جېدەل ـ ماجىرا بىلەن ئۆتەتتى. ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇرۇش بىلەن ئۆتكەن بىر خەلقنىڭ باتۇر، شىجائەتلىك بىلەن نام چىقىرىشى نورمال ئەھۋال. بۇ كىتابچىدا ئۇلارنىڭ بۇ سۈپەتلىرى ھەققىدە توختالمايمىز. ئەرەبلەر باتۇرلۇق، شىجائەتمەنلىك بىلەن نام ئالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ سۈپەتلەر ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئەكسى تەسىر بېرىپ، قېرىنداش قوشنا قەبىلىلەر بىلەن ئۇرۇشاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ كۈچلىرىنى ئۆزلىرى يوقىتاتتى. ئەگەر ئۇلار شۇ باتۇرلۇقى بىلەن ئۆز ئارا بىرلىشىپ، تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرسا ئىدى، ئۇلار رۇم ۋە پارىسلارنىڭ ئىدارىسى ئاستىدا قالماي، بەلكى ئۇلارنى ئۆز ئىدارىسى ئاستىغا ئالغان بولاتتى.

ئەرەبلەرنىڭ تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ئۇلار ۋاپا (يەنى سۆزىدە تۇرۇش)، ئىش ـ ھەرىكىتىدە سەمىمىي بولۇش ياخشى ئىش، سۆزىدە تۇرماسلىق، يالغان سۆزلەش ئېغىر خاتالىق دەپ قارايتتى.

www.islamyoli.net

ئۇلارنىڭ ئىنتايىن قوپال مىللەت بولۇشىغا قارىماي، مەزكۇر ياخشى ئەخلاقلارنىڭ ئۇلاردا مۇجەسسەملەنگەنلىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مەسىلەن: سەمۇئال ئىبنى ئادىيە، ھەمزە ئىبنى ئەبرا، ئەبۇ ھەنبەلئەتتائىي، پۇكەيھە بىنتى قەتادە قاتارلىق ۋاپادارلىقتا مەشھۇر بولغان كىشىلەر ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئەرەبلەر ئىززەتلىك بولۇشنى، مۇستەقىل ياشاشنى ياخشى كۆرىدىغان، زۇلۇم، خارلىق ۋە جەبرى ـ جاپانى كۆتۈرەلمەيدىغان مىللەت ئىدى. بۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئەرەبلەرنىڭ ھەممىسىدە شۇنداق ئىدى.

## ئەرەبلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن زىنقار ۋە باشقا مەشھۇر ئۇرۇشلارنىڭ سەۋەبى

تەكشۈرۈپ كۆرۈلسە، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىززەت ـ ھۆرمىتىمىزنى قوغدايمىز دەپ بولغان ئۇرۇشلاردۇر. مەسىلەن: پارسلار بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدا بولغان مەشھۇر زىنقار ئۇرۇشىنىڭ سەۋەبمۇ ئىززىتىمىزنى قوغدايمىز دەپ بولغان ئۇرۇش ئىدى. بۇ ئۇرۇشنىڭ جەريانى مۇنداق بولغان: ساسانىلار پادىشاھى كىسرا نوئمان ئىبنى مۇنزىرنى مەدايىنغا چاقىرغاندا، نوئمان ئىبنى مۇنزىر ئۆلتۈرۈلۈشنى بىلىپ، پۈتۈن مال ـ مۈلۈك ۋە بالا ـ چاقىلىرىنى ھانى ئىبنى مەسئۇد شەيبانىغا ئامانەت قويغان. نوئمان جەس دېگەن يەردە ۋاپات بولغاندا، كىسرا مەزكۇر ھانى ئىبنى مەسئۇدتىن نوئماننىڭ ئامانەت قويغان ماللىرىنى تەلەپ قىلغان. بۇ ئىش ھانىنىڭ ئىززەت نەپسىگە ئېغىر كېلىپ، مەزكۇر ماللارنى كىسراغا بەرمەي، ئۇرۇشقا ھازىرلىنىپ، پۈتۈن ئەرەبلەرنى كىسراغا قارشى ئۇرۇشقا چاقىرغان. شۇ سەۋەب بىلەن كىسرانىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش يۈز بېرىپ، بۇ ئۇرۇشتا ئەرەبلەر غەلىبە قىلغان.

بۇسە ئۇرۇشىنىڭ سەۋەبمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئەبۇ سۇنەيم ئۆز شەرىپىمنى قوغدايمەن دېگەنلىكتىن بولغان ئىدى. ھەبباس ئىبنى مۇررەنىڭ ھامىسى بۇسەنىڭ ھىمايىسىدىكى بىر ئادەمنىڭ تۆگىسى كۇلەيبنىڭ تۆگىسى بىلەن بىر يەردە ئوتلايتتى. بىر كۈنى كۇلەيب ئۆزىگە تەۋە يەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ قارىسا، تۆگىلەرنىڭ ئوتلىغان ئىزنى كۆرىدۇ. بۇنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە بۇسەنىڭ ھىمايىسىدىكى بىر ئادەمنىڭ تۆگىسىنىڭ ئوتلىغانلىقى ئېنىقلىنىدۇ. ئۆزىگە تەۋە زېمىنغا يات بىر ئادەمنىڭ تۆگىسى كىرىپ ئوتلىغانلىقىدىن خورلۇق ھېس قىلغان كۇلەيب غەزەپكە كېلىپ، ھېلىقى ئادەمنىڭ تۆگىسىنى ئوقيا بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان بۇسە دات ـ پەرياد چېكىدۇ. ھەبباس ھامىسىنىڭ ھىمايىسىدە بولغان كىشىگە يەتكەن بۇ خورلۇقنى يۇيۇش ئۈچۈن، پۇرسەت تېپىپ كۇلەيبنى ئېتىپ ئۆلتۈرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كۇلەيب قەبىلىسى بىلەن ھەبباس قەبىلىسى ئارىسىدا قانلىق ئۇرۇش يۈز بېرىدۇ. بۇ ئۇرۇش قىرىق يىلغىچە داۋام قىلىدۇ ۋە بۇ مۇددەت ئىچىدە ھەر ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا مەزكۇر كۇلەيبنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشى مۇھەلھەل دېگەن كىشى ئىنتايىن باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، قەبىلىلەر ئارىسىدا باتۇرلۇق بىلەن مەشھۇر بولىدۇ.

ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدە بۇندىن باشقا ئەقىل ـ پاراسەتلىك، سەۋرچانلىق دېگەندەك ئەخلاقتا ئىگە ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا ئەرەبلەردە ياخشى خىسلەتلەر كۆپ تېپىلاتتى. ئۇلار ئەقىللىرىنى بىر ئاز ئىشقا سالسىلا زور تەرەققىياتقا ئېرىشەتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ ئىنتايىن قەبىھ ھېچ ئۆزگەرتىش مۇمكىن

www.islamyoli.net

بولمايدىغان دەرىجىدە يامان ئادەتلەرگە كۆنۈپ قالغان ئىدىكى، ھەرقانداق ئادەم ئۇلارنىڭ بۇ ئادەتلىرىنى تەپەككۇر قىلىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ بۇ گۇمراھلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىر ئالىي رەھبەرگە موھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

## ئەرەبلەردە ئەۋج ئالغان خۇراپاتلىقلار

ئەرەبلەردە بىر ئادەم ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ ئادەمنىڭ ھايات چېغىدا مىنىدىغان ئېتىنى ياكى تۆگىسىنى ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا باغلاپ قويۇپ، ئاچ ۋە ئۇسسۇز قويۇپ ئۆلتۈرەتتى. ئۇلار «ئەگەر ئۇنىڭ ئېتى ياكى تۆگىسى شۇ تەرزدە ئۆلتۈرۈلمىسە، مەھشەر كۈنى ئۇ پىيادە ھەشىر قىلىنىدۇ» دېگەن خاتا ئېتىقادتا ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «باشقىلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ قەبرىسىدىن بىر قۇش چىقىدۇ، ئەگەر ئۆلتۈرۈلگۈچىنىڭ قىساسى ئېلىنمىسا مەزكۇر قۇش ھېلىقى ئادەمنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە تۇرۇپ ‹مېنى سۇغۇرۇڭلار، مەن سۇغا تەشنامەن› دەپ ۋىچىلداپ تۇرىدۇ» دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. بۇ قۇشنى «ھامەتۇسسەدا» دەپ ئاتايتتى. يەنە ئۇلاردىن بىر ئادەم باشقا بىر شەھەرگە ياكى ياقا يۇرتلارغا بارغاندا، شۇ يەردىكى جىنلاردىن ۋە باشقا يۇقۇملۇق كېسەللەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئېشەكتەك ھاڭراپ، ئاندىن دەرۋازىغا توشقاننىڭ تۇۋىقىنى ئېسىپ قويۇپ كىرەتتى. بۇنى «تەئشىر» دەپ ئاتايتتى. بىر يەرگە سەپەر قىلسا ئايالىنىڭ خىيانەت قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، دەرەخنىڭ شېخىغا لاتا باغلاپ قويۇپ، ئاندىن كېتەتتى. بۇنى «رەتەم» دەپ ئاتايتتى. تۇغماس ئاياللارنى تۇغىدىغان بولىدۇ دەپ ئەۋلىيا، ماشايىخلارنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلدۇراتتى. قاپىقى تارتىپ قالسا ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن كۆرۈشىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. ئاشىقنى ئىشق ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنى بىر ئادەمگە يۈدكۈزۈپ تۇرۇپ، دۈمبىسىنى تۆمۈر بىلەن داغلايتتى. يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېگەن ئادەم باتۇر بولىدۇ دەپ قارايتتى. يىلان ياكى چايان چېقىۋالغان ئادەم ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنى ئېسىش بىلەن شىپا تاپىدۇ دەپ قارايتتى. جىن ـ ئالۋاستىلاردىن، يامان كۆزلەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن توشقاننىڭ ياكى مۈشۈك، تۈلكىگە ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ تىرناقلىرىنى تۇمار قىلىپ ئېسىۋالاتتى. دالالاردا تونەشكە توغرا كېلىپ قالسا تۆگىسىنى بىر دەرەخكە باغلاپ، ئەتراپىغا يۇملاق سىزىق تارتىپ «بۇ ۋادىنىڭ ئىگىسىدىن پانا تىلەيمەن» دەپ، شۇ يەردىكى جىن ـ ئالۋاستىلاردىن پانا تىلەيتتى. قىزلىرىغا لايىق چىقماي، ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالسا كېچىدە ئۇ قىزنىڭ چېچىنى كۆيدۈرۈپ، كۆزىگە سۈرمە تارتىپ بىر ئايىغىچە «تاڭدىن بۇرۇن نىكاھلىنىشنى تىلەيمەن» دەپ ئولتۇراتتى. بىر مېھماننىڭ ئىككىنچى قېتىم كېلىشىنى ياقتۇرمىسا، مەزكۇر مېھماننى ئۇزاتقاندا ئۆيىدىكى قازىنىدىن بىرىنى سۇندۇرۇپ تاشلايتتى. ئۇلاردا يەنە ھوقۇش ۋە قاغىغا ئوخشاش قۇشلاردىن يامان شۇم ئېلىش، جىنلار بىلەن سۆزلىشىش، ھەتتا ئۇلارغا ئۆيلىنىشتەك ئەقىلدىن يىراق ئىشلار تولىمۇ كۆپ ئىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى خۇراپىي ئىشلار بولۇپ، ھېچبىرى شەرىئەتكە ياكى ئەقىلگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

### ئەرەبلەرنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالى

www.islamyoli.net

ئەرەبىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ياشايدىغان ئەرەبلەردە ئىنتىزاملىق بىر دۆلەت، ھېسابقا ئالغۇدەك بىر ھۆكۈمەت بولمىغان بولسىمۇ، ئەرەبىستاننىڭ ئەتراپلىرىدا ياشايدىغان ئەرەبلەر بۈيۈك دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، شۇ زامانلاردا مەدەنىيەت ۋە تەرەققىياتتا خېلى ياخشى ئىلگىرىلىگەن خەلقلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئەرەبىستاننىڭ ئەتراپلىرىدا دۆلەت قۇرغان ئەرەبلەر يەمەن، غەساسىنە، لەخمە، كىندى ئەرەبلىرى ئىدى. يەمەن ئەرەبلىرى ئۈچ چوڭ دۆلەت قۇرغان. بۇلار مەئىن، سەبەئ ۋە ھىميەر دۆلەتلىرىدۇر. مەئىن دۆلىتى تەخمىنەن مىلادىدىن 1400 يىل ئىلگىرى قۇرۇلغان. بۇ دۆلەتنىڭ تارىخى ئېنىق بولمىغاچقا خارابىلىقلاردىن تېپىلغان تارىخىي ئەسەرلەرگە كۆرە تەخمىن قىلىنغان. مەئىن دۆلىتىنىڭ پادىشاھلىرى مىزۋاد دەپ ئاتىلاتتى. ھازىرغىچە تېپىلغان تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ سانى 26 گە يېتىدۇ. مەئىن دۆلىتى ئۇرۇش ۋە مۇستەملىكىچى دۆلەت بولماستىن، بەلكى تىجارەت دۆلىتى ئىدى. بۇلار ئۆز دەۋرىدە پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ھۆكۈم سۈرگەن. ئەمما سەبەئ دۆلىتى مىلادىدىن 850 يىل ئىلگىرى قۇرۇلغان بولۇپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 115 ـ يىلىغا قەدەر داۋام قىلغان. بۇ دۆلەت مەئىن دۆلىتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۇ مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا تىكلەنگەن ئىدى. ئىلگىرى بۇ دۆلەتنىڭ پايتەختى سەداھ دېگەن شەھەر بولۇپ، كېيىن مەئرەب دەپ ئاتالغان. بۇ دۆلەتتە قانچە نەپەر پادىشاھنىڭ ئۆتكەنلىكى نامەلۇم بولسىمۇ، لېكىن 27 پادىشاھنىڭ ئىسىملىرى تارىختا مەلۇم. سەبەئ دۆلىتى ئەينى ۋاقىتتا غايەت زور دەرىجىدە گۈللەنگەن بولۇپ، تىجارەت، سانائەت ۋە دېھقانچىلىقتا زور تەرەققىي قىلغان ئىدى. ھىندىستان ۋە ھەبەشىستاندىن كەلگەن ماللارنى سەبەئ ئەھلى كارۋانلار ئارقىلىق مىسىر ۋە شاملارغا ئەۋەتەتتى. مىسىر ۋە شامدىن مال ئېلىپ ھىندىستان ۋە ھەبەشىستانغا ئەۋەتەتتى. بۇلارنىڭ دەۋرىدە يەمەن زېمىنى ئىنتايىن گۈللىنىپ، ناھايىتى ئاۋاتلاشقان ئىدى. مەركىزىي شەھەرلەردە نەقىشلەنگەن چوڭ ـ چوڭ سارايلار، جەننەتتەك باغۇ بوستانلار كۆپ ئىدى. قەسىر ـ سارايلارنىڭ ئۆپچۆرىسىدە ئۇنى قورشاپ تۇرىدىغان غايەت ئېگىز سېپىل ۋە قورغانلار بار ئىدى. بۇرۇن بۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھلىرى «زۇسەرۋە» دەپ ئاتىلاتتى. كېيىنكى كۈنلەردە مەلىكى سەبەئ (سەبەئ پادىشاھى) دېيىلىدىغان بولغان. سەبەئ پادىشاھلىرىدىن ئىبرەت ئۈچۈن تەۋراتتا بىلقىس ئىسمى بىلەن بايان قىلىنىدۇ. ئەمما قۇرئان كەرىمدە ئىسمى بىلەن بايان قىلىنمىسىمۇ سۈپىتى بايان قىلىندى. ھىميەر پادىشاھلىرى سەبەئ پادىشاھلىرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، سەبەئ پادىشاھلىقىدىن كېيىن تەختكە ئولتۇرغان ۋە مىلادىدىن كېيىنكى 525 ـ يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن. ھىميەر دۆلىتى ئاۋۋالقى ئىككى دۆلەتكە قارىغاندا ئۇرۇش خۇمار دۆلەت ئىدى. ھىميەر پادىشاھلىرىنىڭ مەشھۇرلىرى مۇسەمەر، ئىرغەش، ئەپرىقىس، زۇلقەرنەيىن ۋە سەئىد ئەبۇ كەرەبلەردۇر. ئەرەب تارىخچىلىرىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا يەمەنگە يەھۇدىيلىقنى تارقاتقان كىشى ئاشۇ سەئىد ئەبۇ كەرەبتۇر. ھىميەر دۆلىتىنىڭ كېيىنكى ھۆكۈمدارى زۇنەۋۋاسنىڭ دەۋرىدە يەمەن ھەبەشلىكلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىپ، ھىميەر دۆلىتى پارچىلىنىپ كەتكەن. ئەرەب تارىخچىلىرىنىڭ سۆزىگە ئاساسلانغاندا بۇنىڭغا مەزكۇر زۇنەۋۋاسنىڭ ھەددىدىن زىيادە يەھۇدىي تەرەپدارى بولغانلىقى سەۋەب بولغان.

يەمەن مەملىكىتى ھەبەشلىكلەرنىڭ قولىدا 72 يىل مۇستەملىكە بولۇپ تۇرغان. كېيىن ھۇمەيرە پادىشاھلىرىدىن سەيىپ ئىبنى زىيەزىن ئىران پادىشاھى كىسرانىڭ ياردىمى بىلەن يەمەننى ھەبەشلەردىن تارتىۋېلىپ، كىسرانىڭ ھىمايىسى ئاستىدا مەزكۇر سەيىپ ھۆكۈمرانلىق قىلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ يەمەن پارس

www.islamyoli.net

دۆلىتىنىڭ بىر ۋىلايىتى بولۇپ قالغان. سەيپ ئىبنى زىيەزىن 15 يىل ئەتراپىدا كىسرا تەرىپىدىن ۋالىيلىق سۈپىتى بىلەن يەمەننى باشقۇرۇپ تۇرۇشقا تەيىنلەنگەن. كېيىن بۇ ئادەمنى يەمەندە قىپچاقلىغان ھەبەشلىكلەرنىڭ بىرى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. كېيىن كىسرا ئۆز ئادەملىرىدىن بىرىنى ۋالى قىلىپ ئەۋەتكەن. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ياخشىلىقنى يەتكۈزگۈچى، يامانلىقتىن ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتىلگەندە، يەمەن پارسلارنىڭ ئىدارىسى ئاستىدا بولۇپ، بازان ئىسىملىك بىر ئادەم كىسرا تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ۋالى ئىدى. مەشھۇر «پىل ۋەقەسى» ھەبەش ھۆكۈمىتى نامىدا يەمەننى ئىدارە قىلىۋاتقان ئەبرەھە تەرىپىدىن سادىر بولغان ۋەقە ئىدى. ئۇ ۋاقىتتا مەككە مۇكەررەمەدە ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتەللىپ ئاقساقال ئىدى. ھەبەشلەردىن كېيىن، گەرچە يەمەن پارسلارنىڭ قولىدا بولسىمۇ ئۇلار يەمەن زېمىنىغا بەك يىراق بولغانلىقتىن، پارس ھۆكۈمدارلىرى يەمەنگە ئانچە كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن يەمەندە ئىلگىرى پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغان ئىقبالنىڭ ئەۋلادلىرىدىن «ئەمىر» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان تۆرىلەر ھۆكۈمران ئىدى.

ھىجرىيىنىڭ ئالتىنچى يىلى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەتراپتىكى دۆلەتلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ، ئۇلارغا خەت ئەۋەتكەندە يەمەن ھۆكۈمدارلىرىدىنمۇ بىر نەچچىسىگە خەت ئەۋەتكەن ئىدى. يەمەندە يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئۈچ دۆلەتتىن باشقا، يەنە بىر قانچە كىچىك دۆلەتلەرمۇ بار ئىدى. يەمەننىڭ مەشھۇر شەھەرلىرى مەئرەب بىلەن سەنئا بولۇپ، مەئرەب ئىنتايىن گۈللەنگەن شەھەر ئىدى. قەسىر - سارايلىرىغا ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ئىدى. ئەمما سەنئا بولسا ھازىرمۇ بار. بۇ شەھەردىمۇ ناھايىتى كاتتا، چىرايلىق يىگىرمىدىن ئوشۇق سارايلار بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر ساراي قەسرى غەمدان بولۇپ، بۇ ساراي ھەزرىتى ئوسماننىڭ زامانىغىچە مەۋجۇد ئىدى. مەشھۇر تارىخچى پازىل ھەمدان قەسرى غەمداننىڭ خارابىسىنى كۆرگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ يىگىرمە قەۋەت ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. يەمەنلىكلەرنىڭ مەدەنىيەتتە تەرەققىي قىلغانلىقىغا مەشھۇر سېپىللىرى ئوچۇق ئىسپات بولالايدۇ. يەمەندىكى سېپىللارنىڭ سانى يۈزگە يېتەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇرى مەئرەب سېپىلى ئىدى. يەمەن زېمىنىدا ئېقىن سۇ بولمىغانلىقتىن ئۇلار يامغۇر سۈيىدىن پايدىلىنىش ئۈچۈن مەزكۇر توسمىلارنى قۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شەھەر ۋە يېزا - قىشلاقلارنى سۇ ئاپتىدىن ساقلاش ئىدى. مەشھۇر غەسسان ئەرەبلىرى قەستان ئەۋلادىدىن بولۇپ، ئۇلار «ئىرەم» دەپ ئاتالغان سۇ ئاپتىدىن كېيىن يەمەندىن كۆچۈپ كەلگەن. ئۇلار مەزكۇر سۇغا نىسبەت بېرىلىپ «غەساسىنە» ياكى «غەسسان» ئىسمى بىلەن ئاتىلاتتى. ئاندىن كېيىن ئۇلار شام سەھرالىرىغا كۆچۈپ بېرىپ ئۇ يەردىكى زەجائە ئەرەبلىرىنى ھەيدەپ چىقىرىپ شۇ زېمىنغا يەرلەشكەن. كېيىنكى كۈنلەردە كۈچ - قۇۋۋىتى ئېشىپ «ھەۋران بەلقا» دېگەن يەردە رەسمىي دۆلەت قۇرغان. بۇ دۆلەت غەساسىنە دۆلىتى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ پايتەختى ھەۋراندىكى بەسرى شەھرى بولۇپ، ھازىر خارابىلىشىپ كەتكەن. بۈگۈنكى كۈندە كونا شام دەپ ئاتىلىدۇ. غەساسىنە دۆلىتى رۇملارنىڭ تەۋەلىكىدە بولۇپ، ۋالى ۋە ھاكىملىرىنى رۇم ئەمەلدارلىرىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ ئاندىن تەيىن قىلاتتى. بۇ غەساسىنە دۆلىتى مىلادىدىن تەخمىنەن 240 يىل كېيىن قۇرۇلغان بولۇپ، تاكى ئىسلام كەلگەنگە قەدەر داۋام قىلغان. بۇ دۆلەتتە ئەڭ بۇرۇن پادىشاھ بولغان ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكى

www.islamyoli.net

توغرىسىدا تارىخچىلارنىڭ كۆز قارىشى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن كېيىنكى كۆپىنچە تارىخچىلار ئۇنىڭ جەبەلە ئىبنى ئەلئەيھەم دېگەن ئادەم ئىكەنلىكىدە بىر پىكىرگە كەلگەن. بۇ دۆلەتنىڭ مەشھۇر ھۆكۈمدارلىرى ھارىس ئىبنى جەبەلە ئەبى سەمرە بىلەن ئوغلى مۇنزىر ئەبۇ كەرەبدۇر. بۇ دۆلەت ھارىس ئىبنى جەبەلەنىڭ دەۋرىدە تەرەققىي قىلىپ ناھايىتى كۈچلەنگەن. ھارىس ئىبنى جەبەلە رۇم ئىمپېراتورلىرىدىن بوستىنيۇنۇسنىڭ زامانىدا دەۋر سۈرگەن بولۇپ، رۇم بىلەن پارىس ئوتتۇرىسىدا بولغان ئۇرۇشتا رۇملۇقلارغا ئىنتايىن زور ياردەمدە بولغان. ھارىس ئىبنى جەبەلە ھۆكۈم سۈرگەن قىرىق يىل ئىچىدە نۇرغۇن ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ زور شۆھرەت قازانغان. ھەتتا رۇم ئاياللىرى باللىرىنى «ھارىس» دېگەن ئىسىم بىلەن قورقۇتىدىغان دەرىجىگە يەتكەن. ئۇنىڭ پارسلارغا قارشى كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى ئۈچۈن رۇم پادىشاھى ئۇنىڭغا باتۇرلۇق ئۇنۋانىنى بەرگەن. ھارىس ئىبنى جەبەلە مىلادىنىڭ 563 ـ يىلى ئىستانبۇلغا بارغاندا پۈتۈن رۇم خەلقى ئالدىغا چىقىپ، قىزغىن قارشى ئېلىپ ئېھتىرام بىلدۈرگەن. ئۇ ھىمىيەر پادىشاھلىرىدىن «ئەلمۇنزىر مائۇسسەما» نىڭ دەۋرىدە ئۆتكەن ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بولغان مەشھۇر «زاتى ئەخىيار» ياكى «ئەينى ئەبۇغ» ئۇرۇشىدا ئۇنىڭغا غالىپ كېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرگەن. ھارىس ئىبنى جەبەلدىن كېيىن ھۆكۈمدار بولغان مۇنزىر ئەبۇ كەرەب رۇملارغا زور خىزمەت كۆرسەتكەن. بۇ مۇنزىر ئەبۇ كەرەب ئاتىسىنىڭ زامانىدا رۇم ئەسكەرلىرىنىڭ ئىچىدە كاتتا يۈز ـ ئابرۇيى بولغىنىدەك، ھۆكۈمدار بولغاندىمۇ ئۇنى رۇم خەلقى، رۇمغا كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن، دەپ مىلادى 580 ـ يىلى ئىستانبۇلغا بارغاندا نۇرغۇن خەلق ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالغاندىن سىرت، رۇم پادىشاھى ئۇنىڭغا ئالاھىدە تاج كىيدۈرگەن. ئۇ زامانغا قەدەر غەسسان ھۆكۈمدارلىرىدىن ھېچبىرى تاج كىيمىگەن ئىدى. غەسسانلەر رۇم ھىمايىسىدە، ھىرە پادىشاھلىرى پارسلار ھىمايىسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىككى دۆلەت ئارىسىدا دائىم توقۇنۇشلار يۈز بېرىپ تۇراتتى. بۇ توقۇنۇشلاردىن كېلىپ چىققان ئەڭ چوڭ ئۇرۇش «زاتى خىيار» ۋە «مەرج ھۇلەيم» ئۇرۇشلىرى ئىدى. مەرج ھۇلەيم ئۇرۇشى مۇنزىر ئىبنى مائۇسسەما بىلەن ھارىس ئەرەج ئارىسىدا يۈز بەرگەن بولۇپ، ھارىس مۇنزىرغا غالىپ كەلگەن. بۇ ئۇرۇشتا مۇنزىر تەرىپىدىن ئىراق ئەتراپىدىكى پۈتۈن ئەرەبلەر، ھارىس تەرىپىدىن تامام شام ئەرەبلىرى قوزغالغان ئىدى. ھىرە دۆلىتى يەمەندىن كۆچۈپ كەلگەن لەخمى ئەرەبلىرى تەرىپىدىن مىلادى ئۈچىنچى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئىسلام كەلگەنگە قەدەر داۋام قىلغان. بۇ دۆلەتنىڭ پايتەختى ھىرە شەھىرى ئىدى. ھىرە دۆلىتى پارسلارغا بېقىندى بولۇپ، ھۆكۈمرانلىق قىلغان پادىشاھلار يىگىرمىدىن ئاشاتتى. دەسلەپكى ھۆكۈمدارى مالىك ئىبنى پەھمى بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئەڭ كاتتا ئۆتكەن ھۆكۈمدارى ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدىكى مەشھۇر جۇزەيمە ئەلئەبرەشتۇر. جۇزەيمەدىن كېيىن ئۇنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى ئەدا ئىبنى نەسىر ھۆكۈمدار بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھۆكۈمدارلارنىڭ تولىسى مەزكۇر ئەدانىڭ نەسلىدىندۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھىرە ھۆكۈمىتى «غالىپ ھۆكۈمەت» دەپ مەشھۇر بولغان ئىدى. ھىرە ھۆكۈمدارلىرىنىڭ مەشھۇرلىرى نوئمان ئىبنى ئىمرىئۇلقەيس، مۇنزىر ئىبنى نوئمان ئىبنى ئىمرىئۇلقەيس، ئەسۋەد ئىبنى مۇنزىر، ئەمر ئىبنى ھىندىلاردۇر. نوئمان ئىبنى ئىمرىئۇلقەيس پارس پادىشاھلىرىدىن بەھرام كورنىڭ زامانىدا تەختكە چىقىپ يىگىرمە سەككىز يىل ھۆكۈمدارلىق قىلغان ئىدى. بىرنەچچە قېتىم شامغا ھۇجۇم قىلىپ غەسسانلەرگە كۆپ

www.islamyoli.net

بالا - مۇسبەتلەرنى كەلتۈردى، ئۇلاردىن نۇرغۇنلىغان ئەسىر ۋە غەنىمەتلەرنى ئالدى. بۇ نوئمان ھىرە پادىشاھلىرىدىن ھېچكىم ئېرىشەلمىگەن مال - مۈلۈككە ئېرىشكەن. خورنۇقسەدىر ئىسىملىك سارايلارنى سالدۇرغان كىشى ئۇشبۇ نوئمان ئىدى. مۇنزىر ئىبنى ئىمرىئۇلقەيىس ئىبنى مائۇسسەما 49 يىل ھۆكۈم سۈرۈپ، پارس پادىشاھلىرىدىن قۇباز بىلەن ئەنۇشىرۋانغا، رۇم پادىشاھلىرىدىن بوستىنيانۇسقا، غەسسانىلەردىن ھارىس ئىبنى جەبەل ئىبنى ئەبۇ سەمرەگە زامانداش ئىدى. ئۇ ھارىس بىلەن بولغان بىر قېتىملىق ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلگەن. مۇنزىر ئىبنى ئىمرىئۇلقەيىسنىڭ ھەر يىلدا بىر كۈن «غەم كۈنى» بار ئىدى. ئۇ كۈندە ئالدىغا ھەرقانداق بىر ئادەم ئۇچراپ قالسا ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايتتى. يەنە بىر كۈن «شادلىق كۈنى» ئىدى. ئۇ كۈندە ئالدىغا ئۇچرىغان ھەرقانداق كىشىگە ياخشىلىق قىلاتتى. ئەمر ئىبنى ھىند ھىرە ھۆكۈمدارلىرى ئىچىدە غايەت قۇۋۋەتلىك ۋە نوپۇزلۇق بولۇپ، ئۆزىگە ئىنتايىن تەمەننا قىلاتتى. ئاخىردا ئۇنىڭ بۇ تەمەنناسى ئۆز بېشىغا چىقىپ، ئۆلۈمگە سەۋەب بولدى. نوئمان ئىبنى مۇنزىر ئەبۇ قابۇس 4 - ھورمۇز بىلەن پەرۋىزنىڭ زامانىدا ئۆتكەن ئىدى. نوئماننىڭ زامانىدا ھىرە دۆلىتى ناھايىتى باي بولۇپ، بولمىغۇر ئىشلارغا پۇل - مال بۇزۇپ چېچىپ، ھەددىدىن ئارتۇق ئىسراپچىلىق بار ئىدى. ئەينى زامانىدا كىسرالار بالا - چاقىلىرىنى ھىرە ئەرەبلىرىگە تەربىيىلەشكە بەرگەندەك، كىيىنكى كۈنلەردە ھىرە پادىشاھلىرى بالا - چاقىلىرىنى باشقا كىشىلەرگە بەرگەچكە، كىسرانىڭ نوئمانغا ئاچچىقى كېلىپ، ئۇنى مەدىيەنگە چاقىرتىپ تۈرمىگە تاشلىغان. مەشھۇر زىقار ئۇرۇشىغا ئۇشبۇ ۋەقە سەۋەب بولغان. مەشھۇر شائىر نابىغە ئەززىبيانى نوئماننىڭ خاس ئادەملىرىدىن ئىدى. نوئمان بىلەن نابىغە ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ماجىرالار مەشھۇر بولغان سەۋەبتىن، بۇ كىتابتا بايان قىلىشقا ھاجەت يوق دەپ قارىدىم. نوئمان ئەبۇ قابۇس لەخمى ئەۋلادىدىن ھەممىدىن كېيىنكى ھۆكۈمدار ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن پارس پادىشاھلىرى ھىرە ۋالىسىنى ئۆزلىرى تەيىن قىلىدىغان بولغان. ئىسلام قۇياشى نۇر چاچقان ۋاقىتتا، ھىرە ئەرەبلەرنىڭ دۆلىتى قاتارىدا سانالماي، بەلكى ئىران دۆلىتىنىڭ بىر ۋىلايىتى دەپ ھېسابلىناتتى. ئەرەب تارىخچىلىرى گەرچە «ھىرەنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پادىشاھى ئەبۇ قابۇسنىڭ ئوغلى ئەلمۇنزىر ئەلمەغرۇر ئىدى» دەپ بايان قىلىسمۇ، لېكىن بۇ ئادەمنى ھىرە ھۆكۈمدارى دەپ مۇتلەق كېسىپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. چۈنكى ئەبۇ قابۇستىن كېيىن ئاللىنەسىرنىڭ كىسرالارنىڭ نەزىرىدە ئېتىبارى قالماي، باشقا ئەۋلادتىن ۋالى تەيىن قىلىدىغان بولغان. ئەلمۇنزىر ئەلمەغرۇر كىسرا تەرىپىدىن ۋالىيلىققا تەيىنلەنگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما ئۇنى ئاتا - بوۋىلىرىدەك كاتتا ھۆكۈمدار دېيىش توغرا ئەمەس. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئەرەب پادىشاھلىرىنى ئىسلامغا چاقىرىپ خەت يوللىغاندا ھىرە ئەمەلدارىغا خەت يوللىمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇ بولسا كېرەك.

ھىرە دۆلىتى پۈتۈن ئىراق تەۋەلىكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن باشقا، سەھرا ئەرەبلىرىگىمۇ ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى پۈتۈن ئەرەبلەر ھىرە پادىشاھلىرىدىن قورقۇپ، ھەر جەھەتتىن ئېھتىيات قىلاتتى ۋە ئۇلارنى ئىنتايىن چوڭ بىلگەچكە ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە كىرىشكە تىرىشاتتى. ھىرە پادىشاھلىرى ئەدەبىيات، شېئىر، نەزمىلەرگە ئىنتايىن قىزىققاچقا يىغىلىش ئورۇنلىرى ئەدەبىياتچى، شائىر، سۆزمەن، لەتىپىچىلەر بىلەن توشۇپ كېتەتتى. نابىغە، ھەسسان ئىبنى سابىت، مۇلتەمەس قاتارلىق كاتتا شائىرلار بۇلارنىڭ

www.islamyoli.net

مەجلىسلىرىگە قاتنىشىپ، بەلكى ئۇ مەجلىسنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرىدىن بولۇپ، كۆپ ياخشىلىق ۋە مۇكاپاتلارغا ئېرىشەتتى. شۇڭلاشقا ئەرەب قەبىلىرىدە ھىرە پادىشاھلىرىنىڭ نامى كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

كىندى ئەرەبلىرى بولسا قەھتان ئەۋلادىدىن بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار يەمەندىكى ھىميەرلەرنىڭ قول ئاستىدا ئىدى. ھىميەر پادىشاھلىرى كىندىلىقلارنى ئىدارە ئىشلىرىدا چوڭ - چوڭ ئەمەللەرگە تەيىنلەيتتى. ھىميەر پادىشاھلىرىدىن ھەسسان ئىبنى تەببئى ئەرەب يېرىم ئارىلىنى پەتھى قىلىپ قايتقاندا، مەزكۇر كىندىلەرنىڭ شەيخى ھەجەر ئىبنى ئەمرىنى مەئەدى قەبىلىلىرىگە باش قىلىپ قويغان. ھەجەر نەجدىگە كېلىپ، شۇ تەرەپلەرگە ھۆكۈمدارلىق قىلغان. ئۇ ھىرە پادىشاھلىرى بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى بىرنەچچە نەجدە قەبىلىلىرىنى قۇتقۇزغان.

ھەجەردىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئەمر ئىبنى ھەجەر، ئۇنىڭدىن كېيىن ھارىس ئىبنى ئەمرى ھۆكۈمدار بولغان. ھارىس بولسا داھى بولۇشقا لايىق سىياسەتچى ئادەم ئىدى. ھەبەشلىكلەرنىڭ يەمەن ئىشغالىيىتى ئۇنىڭ زامانىدا بولغان ئىدى. ھارىس پارىس پادىشاھلىرىدىن قۇباد بىلەن مۇنزىر ئىبنى مائۇسسەما يامانلىشىپ قالغاندىن كېيىن، مەزكۇر قۇبادقا دەرھال يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ تەرىپىدىن ھىرەگە ۋالىي بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئۇنىڭ نامى مەشھۇر بولۇپ، تەرەپ - تەرەپتىن ئەرەب كاتتىلىرى كېلىپ، ئۇنى تەبرىكلەشكە باشلايدۇ ۋە ئۆزلىرىگە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن باشلىق تەيىنلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ھارىس ھەجەر ئىبنى ئەسەدنى غەتفان قەبىلىسىگە، شۇرەھبىلنى بەكىر قەبىلىسىگە، مەئدى كەرەبنى قەيس ئەيلان ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق قەبىلىلەرگە، سۈلەيمنى نەمىر ۋە تەغلەپ قەبىلىلىرىگە باش قىلىپ تەيىنلىگەن.

قۇباد ۋاپات بولۇپ ئانوشىرۋان ئەجەم تەختىگە ئولتۇرغاندا، مەزكۇر مۇنزىر ئىبنى مائۇسسەمانى يەنە يىڭىدىن ئورنىغا قايتۇرۇپ، ئىلگىرىكى ۋەزىپىسىگە قويغان. شۇنىڭ بىلەن ھارىس ھۆكۈمەتنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مۇنزىر دەرھال ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، پۈتۈن مال - مۈلكىنى تارتىۋالغان. ئەمما ھارىس مۇنزىرنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بەنى كىلاب زېمىنىدا ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئوغۇللىرى دادىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن شۇرەھبىل بىلەن سەلمە مۇنزىرنىڭ پىتنە - ئىغۋاسى سەۋەبىدىن ئۆز ئارا بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۆز مەنسەپلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان. ئەمما ھەجەر بولسا، ئۆتۈپ كەتكەن زالىم بولغانلىقتىن ئۆز پۇقرالىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. مەئدى كەرەپكە كەلسەك، ئۇ بىر مۇددەت ھۆكۈمەتنى تۇتۇپ تۇرالىغان بولسىمۇ، ئىسلام قۇياشى چىققان ۋاقىتتا كىندى دۆلىتى ئۆز ئىچىدە بىرنەچچە كىچىك شەھەرلەرگە پارچىلىنىپ، زاۋاللىققا يۈزلىنىۋاتاتتى. بۇ كىچىك شەھەرلەر ئىسلام كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاستا - ئاستا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان.

ئەينى زاماندا ئەرەبىستاندا قۇرۇلغان ھۆكۈمەت ۋە دۆلەتلەر يۇقىرىدا بايان قىلىنغان دۆلەتلەردىن ئىبارەتتۇر. بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئىچىدە كىندى دۆلىتىنى دۆلەت دەپ ئاتىغۇچىلىكى يوق. چۈنكى كىندى دۆلىتىدە مۇستەقىل دۆلەتكە ئائىت ھېچبىر ئالامەت ياكى بىر مەدىنى ئەسەر يوق ئىدى. كىندى ھۆكۈمدارلىرىنىڭ باشقا ئەرەب شەيخلىرىدىن ئانچە پەرقى يوق ئىدى. ئۇندىن باشقا ئەرەب قەبىلىلىرى شەيخلىق بىلەن ئىدارە قىلىناتتى.

www.islamyoli.net

ئاربلىرىدا شىجائەت، ساخاۋەت ۋە ئېسىل ئەخلاقلار بىلەن مەشھۇر بولغان كىشىلەر قەبىلە رەئىسى ۋە شەيخى بولۇپ، شۇ قەبىلىنىڭ پۈتۈن خەلقى ئۇ كىشىنىڭ سۆزىدىن چىقمايتتى. ھەتتاكى ئۇلار ئۇرۇشقا بۇيرۇسىمۇ دەرھال ئۆزلىرىنىڭ ئىتائەتمەنلىكىنى بىلدۈرۈشەتتى. ئۆز ئارا داۋالىشىپ قالسا ئۇلارنىڭ ھۆكۈمىگە رازى بولۇشاتتى. ئەرەبىستاننىڭ غايەت مەشھۇر ۋە ئىنتايىن يۇز ئابرۇيلۇق قەبىلىلىرىدىن بولغان قۇرەيش قەبىلىسىمۇ شەيخلىق بىلەن ئىدارە قىلىناتتى. بۇ شەيخلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرى كائىناتنىڭ پەخرى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ دادىلىرىدىن بولغان قۇسەي ئىبنى كىلاب ئىدى. بۇ ئادەم ئەقىل ـ پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن، ئىقتىدارلىق كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزۈندىن بىرى خۇزائە قەبىلىسىدە داۋاملىشىپ كەلگەن بەيتۇللاھنىڭ خىزمىتىنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى. قۇسەي خۇزائە قەبىلىسىدىن بەيتۇللاھنىڭ خىزمىتىنى ئۆز قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قۇرەيشلەر ئارىسىدا يۇز ئابرۇيى تېخىمۇ ئېشىشقا باشلىغان. ھەتتاكى ئۇلار ئۇنىڭدىن تەۋەررۈك ئىزدەپ، ھەرقانداق چوڭ ـ كىچىك ئىشلىرىدا ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سورايدىغان بولغان.

قۇسەي مەككە ئەتراپىدىكى تارقاق ئولتۇراقلىشىپ قالغان قۇرەيش ئەۋلادلىرىنى كۆچۈرۈپ كېلىپ، مەككىگە ئورۇنلاشتۇرۇشقا كۆپ كۈچ چىقارغان. قۇسەينىڭ سەۋەبى بىلەن تارقاق قۇرەيش قەبىلىسى مەككىگە توپلىنىپ، بۈيۈك بىر قەبىلىگە ئايلانغان. ئۇ بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئاجىز، يېتىم ـ يېسىر ھاجىلارنى سۇ ۋە يېمەك ـ ئىچمەك بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن قۇرەيش خەلقىگە باج قويغان. ئۇنىڭ بۇ ئىشنى پۈتۈن ئەرەبلەر ئالقىشلاپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ھۆرمەت قىلىدىغان بولغان. ئەگەر قۇرەيشلەر بىرەر مۇھىم ئىش ئۈستىدە كېڭەش ئۆتكۈزمەكچى بولسا قۇسەينىڭ ئۆيىدە ئۆتكۈزەتتى. ئۇرۇش ئەلەمىنىمۇ قۇسەي تىكلەپ، ئۇ كىمنى مۇۋاپىق كۆرسە ئەلەم شۇنىڭغا تۇتقۇزۇلاتتى. دېمەك قۇرەيشلەرنىڭ مۇھىم دەپ قارالغان پۈتۈن ئىشلىرى قۇسەينىڭ قولىدا ئىدى. قۇسەيدىن كېيىن قۇرەيش شەيخلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر ۋە يۇز ئابرۇيلۇق كىشى ئابدۇلمۇتەللىپ ئىبنى ھاشىمدۇر. ئۇ ئاتمىش يىلغا يېقىن ئۆمرىنى مەككىدە شەيخلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن. مەشھۇر فىل ۋەقەسى ئۇنىڭ زامانىدا يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەرەبلەر ئارىسىدا تېخىمۇ مەشھۇر بولۇشىغا سەۋەب بولغان. ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئون ئوغلى ۋە ئالتە قىزى بولۇپ، ئوغۇللىرىنىڭ بىرى بىزنىڭ شەرەپلىك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى ئابدۇللاھ ئىدى.

قۇرەيش ئەرەب قەبىلىلىرى ئىچىدە يۇز ئابرۇيى بار كاتتا بىر قەبىلە بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەندە، ئۇلار ئون ئىككى نەسلىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار: بەنى ئابدۇ مەنناف، بەنى ئابدۇددار، بەنى ئەسەد ئىبنى ئابدۇل ئۇززا، بەنى زەھرە ئىبنى كىلاب، بەنى مەخدۇم ئىبنى يەخزە ئىبنى مۇررە، بەنى تەمىم ئىبنى مۇررە، بەنى ئەدى ئىبنى كەئب، بەنى سەھم ئىبنى ئەمرى، بەنى ئامىر ئىبنى لوئەي، بەنى ھارىس ئىبنى فىھرى، بەنى مۇھارىب ئىبنى فىھرى ۋە بەنى جەمەً ئىبنى ئۆمەر قاتارلىقلاردۇر. مەزكۇر ئون ئىككى نەسلىدىن مەككىنىڭ ئىچىدە ياشايدىغانلىرىنى قۇرەيش ئەلبەتتان، مەككىنىڭ ئەتراپىدا ياشايدىغانلىرىنى قۇرەيش ئەززەۋاھىر دەپ ئاتايتتى.

ئەرەبلەر جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ شېئىر، ئەدەبىياتقا باي مىللەت ئىدى. ئۇلار بۇ جەھەتتە ئۆزلىرىدىن ئىنتايىن پەخىرلىنەتتى. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ بايلىقى پەقەت ئېغىزىدا بولۇپ، يېزىپ قالدۇرۇلمىغان ئىدى. چۈنكى ئۇلار

www.islamyoli.net

يېزىش - ئوقۇشتىن خەۋەرسىز، ساۋاتسىز خەلق ئىدى. ساۋاتلىقلار ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتى ئېغىزدىن - ئېغىزغا يۆتكىلىپ كەلگەن شېئىر، قەسىدە، ماقال - تەمسىل ۋە نۇتۇق سۆزلەشتىن ئىبارەتتۇر. ماقال - تەمسىل ئۇلارنىڭ ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تەشكىل قىلاتتى. ئۇلار نۇتۇق سۆزلىگەندە، شېئىر، قەسىدە ئوقۇغاندا ھېكمەتلىك سۆزلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەشكە ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى.

ئەرەبلەردىكى ماقال - تەمسىل ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ، بىرى پۈتۈن مىللەتلەر ئارىسىدا كەڭ تارالغان ماقال - تەمسىل بولسا، يەنە بىرى ئۆزلىرىگە خاس ماقال - تەمسىلدۇر. ئىسلام كەلگەندىن كېيىن ئەرەبلەر بەدەۋىلىك پاراكەندىچىلىكىدىن قۇتۇلۇپ، ئىلىم - مەدەنىيەت نۇرىغا ئۇلاشقاندا ئۆزلىرىنىڭ خەلق ئاغزىدىكى پۈتۈن ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى توپلاپ، يېزىپ قالدۇرۇشقا باشلىغان. بۇ ئەسنادا ماقال - تەمسىلگە ئائىت پۈتۈن ھېكمەتلىك سۆزلەرنى توپلاپ، بىرنەچچە كىتاب ھازىرلىغان. كېيىنكى زامانلاردا بىز مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا كەلگەن تۈرلۈك بالا - مۇسىبەتلەر سەۋەبىدىن بۇ كىتابلارنىڭ نۇرغۇنلىرى زايا بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بىر قىسىم كىتابلار بار.

ئەرەبلەر مەشھۇر ئۆتكەن ئاتا - بوۋىلىرى بىلەن ئىنتايىن پەخىرلىنىدىغان، ئۆز - ئارا قەبىلىۋازلىق، جېدەل - ماجىراسى تۈگىمەيدىغان بىر مىللەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلاردا نۇتۇق سۆزلەشكە ئىشتىياق بار ئىدى. بەس - بەس بىلەن سۆز قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇشقا تىرىشاتتى. مەزكۇر ناتىقلار ئۆز نەسەبلىرى بىلەن پەخىرلىنىپ، باشقا قەبىلىلەر ئارىسىدا ئۆز شان - شەرىپىنى قوغداشقا تىرىشاتتى. ناتىقلار ئۇرۇشلاردا ئۆز تەرىپىگە ئادەم توپلاشتا چوڭ رول ئوينايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرەبلەردە ناتىقلارنىڭ مەرتىۋىسى ئىنتايىن زور ئىدى. ئۇلار بالا - چاقىلىرىنىڭ تىلى چىققان ھامان ئۇلارغا ماقال - تەمسىل، ئەدەبىي سۆزلەرنى ئۆگىتىشكە تىرىشاتتى. ئەرەبلەردە ھەر قەبىلىنىڭ ئاز دېگەندە ئۆزىگە خاس بىر ياكى بىر نەچچە ناتىقلىرى بار ئىدى. داۋالاردا ۋە ئۇرۇشلاردا ئىنتايىن تەسىرلىك سۆزلەرنى سۆزلەپ، دىللارنى رام قىلىپ، پۈتۈن خەلقنىڭ يولباشچىسى بولاتتى. زۆرۈر تېپىلغاندا چەت ئەللەرگە، ھىرە، غەسسان ۋە يەمەن ھۆكۈمدارلىرىغا ئەلچى بولۇپ باراتتى. يەمەن ئەمىرلىرىدىن سەيپ ئىبنى يەزەن ھەبەشلىكلەردىن يەمەننى قايتۇرۇۋالغاندا قۇرەيش ئەرەبلىرىنىڭ ئۇنى مۇبارەكلەپ بارغانلىقى مەشھۇر. پەيغەمبىرىمىزنىڭ چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتەللىپمۇ مەزكۇر ناتىقلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. كىسرا ئەنۇشىرۋاننىڭ تەلىپى بىلەن ئەكسەم ئىبنى سەيپ، ھاجىپ ئىبنى زەراھ، ھارىس ئىبنى زەلىم، قەيس ئىبنى مەسئۇد ۋە ئاندىن باشقا بىرنەچچە ئەرەب سۆزمەنلىرىنىڭ كىسرانىڭ ئالدىدا نۇتۇق سۆزلىگەنلىكى ئەدەبىيات كىتابلىرىدا بايان قىلىنىدۇ. ئۇلار نۇتۇق سۆزلىگەندە بېشىغا سەللە كىيىپ، قولىدا ھاسا تۇتۇپ سۆزلەيتتى.

جاھىلىيەتتىكى ئەڭ مەشھۇر ناتىقلار قەيس ئىبنى سەئىدىلئەيادى، سەجان ۋاھىلىل باھىلى، زۇھەير ئىبنى خەبباب، ئەكسەم ئىبنى سەيپى، ئەمر ئىبنى كۈلسۇملاردۇر. بۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن ناتىقلار بولۇپ، مەزكۇر ناتىقلاردىن قەيس ئىبنى سەئىد بەك مەشھۇر ئىدى. ئۇ ئۈككازدا تۆگە ئۈستىدە تۇرۇپ خۇتبە سۆزلىگەندە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى شۇ ئورۇندا بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. سەجان ۋائىلمۇ مەشھۇر خەتىپلەردىن بولۇپ، ئەدەبىي سۆز ۋە ماقال - تەمسىللەرگە ئىنتايىن ئۇستا ئىدى. ئۇ خۇتبە سۆزلىگەندە ئىنتايىن ھاياجان ئىچىدە قىزىشىپ سۆزلەيتتى. بىر قېتىم دېگەن سۆزنى ئىككىنچى قېتىم ئەسلا

www.islamyoli.net

تەكرارلاپ سالمايتتى ياكى قىلىدىغان سۆزنى تاپالماي سۆز ئارىسىدا توختاپ قالمايتتى. ئۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، ھىجرىيىنىڭ 54 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئەمما زۇلئىسبە بىلەن ئەكسەم ئىبنى سەيپلەرمۇ كاتتا خەتىپ بولغاندىن سىرت، داڭلىق ھەكىم ئىدى. ئەمر ئىبنى كۇلسۇم كاتتا شائىرلاردىن بولۇپ، ئۇنىڭ سۆزلىگەن خۇتبىلىرى كىتاب ھالىغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ خۇتبىلىرى «ئەلبەيان ۋەتتەبيىن»، «ئەلئەقدۇلپەرىد» ۋە «ئەلئەغانى» غا ئوخشاش ئەدەبىيات كىتابلىرىدا بەك كۆپ ئۇچرايدۇ.

شېئىر ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئەرەبلەر شېئىرىيەتتە زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان خەلقتۇر. ئەرەب شائىرلىرى شۇقەدەر كۆپ ئىدىكى، بۇ ساھەدە ئەرەبلەر بارلىق مىللەتلەردىن ئۈستۈن ئىدى. جاھىلىيەتتىكى يۇنان شېئىرلىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى توپلىغان ھۇمرۇسنىڭ قول يازمىلىرى توپلىمى بىلەن ئۆزىنىڭ يازغان شېئىرلىرى ئوتتۇز مىڭ بېيتتىن ئاشمايتتى. شۇنىڭدەك ھىندىلارنىڭ ماھابھاراتلىرى يىگىرمە مىڭ بېيت بولۇپ، رامايانەلىرى قىرىق سەككىز مىڭ بېيت ئىدى. ئەمما جاھىلىيەتتىكى ئەرەبلەرنىڭ جاھىلىيەت دەۋرى 150 يىل بولۇپ، شۇ يۈز ئەللىك يىل ئىچىدىكى شېئىرىيەت بايلىقىنى باشقىلارنىڭ شېئىرىيەت بايلىقىغا سېلىشتۇرغاندا زور دەرىجىدە كۆپتۇر. جاھىلىيەت ئەرەبلىرىنىڭ شېئىرلىرى بېيت بىلەن ھېسابلانماي، قەسىدە بويىچە ھېسابلىناتتى. ئىسلام شائىرى مەشھۇر ئەبۇ تەممامنىڭ جاھىلىيەت شېئىرلىرىدىن ئون تۆت مىڭنى، ھەمەدانىنىڭ يىگىرمە يەتتە مىڭ قەسىدىسىنى، ئەسمەئىنىڭ ئون ئالتە مىڭنى، ئەبۇ زەمزەمنىڭ پەقەت ئەمرى باشلىق يۈز شائىرنىڭ شېئىرلىرىنى يادلىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ سۆز بىر ئاز مۇبالىغىدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەردە شېئىرنىڭ غايەت دەرىجىدە كۆپ ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

جاھىلىيەت ئەرەبلىرىنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تولىسى ئۆز نەسەبىدىن پەخىرلىنىش، باشقىلارنى ماختاش ياكى سۆكۈش ۋە مەرسىيىلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار ئۆز قەبىلىلىرىنى، شەيخلىرىنى، رەئىسلىرىنى، چەۋەنداز ـ باتۇرلارنى ماختاپ شېئىر ئوقۇيتتى. ھەسەپ ـ نەسەبلىرى، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرى، ئۇلارنىڭ شجائىتى ۋە ساخاۋىتى بىلەن پەخىرلىنىپ، دۈشمەنلىرىنى سۆكۈپ، خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ گۈزەل جامالىنى ۋە ئېسىل ئەخلاقلىرىنى سۈپەتلەپ شېئىر يازاتتى. ئۇلاردا شائىرنىڭ قەدرى ـ قىممىتى ھەددىدىن ئارتۇق ئۈستۈن ئىدى. چۈنكى بىر قەبىلىنىڭ شائىرى شۇ قەبىلىنىڭ شان ـ شەرىپىنى ئۆتكۈر تىلى بىلەن قوغداپ، باشقا قەبىلىلەر ئارىسىدا يۈز ـ ئابرۇيىنى ئۈستۈرەلەيتتى. شۇ سەۋەبتىن ئەرەبلەر ئۆز شائىرلىرىنى پەۋقۇلئاددە ھۆرمەت قىلاتتى. ئارىلىرىدا يېڭىدىن بىرەر شائىر كۆرۈلسە، ئۇنىڭغا ئاتايىن يىغىلىش قىلىپ، قىزغىن ئالقىشلايتتى ۋە قوشنا قەبىلىلەردىن ئەلچىلەر كېلىپ مۇبارەكلەيتتى. ئەرەبلەرنىڭ تەبىئىتى ئىنتايىن نازۇك ۋە ھېسسىياتچان بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا شېئىر، قەسىدىلەر دەرھال تەسىر قىلاتتى. دىللىرى تاش، چويۇنغا ئوخشاش قاتتىق بولسىمۇ، لېكىن شېئىر بىلەن ئۇلارنىڭ دىللىرىنى شامدەك ئېرىتىش مۇمكىن ئىدى. داڭلىق شائىرلاردىن بىرسى بىر شەخس ياكى بىرەر قەبىلىنى ماختاپ قويسا، شۇ ھامان ماختالغۇچى شەخس ياكى قەبىلىنىڭ باشقا ئەرەبلەر ئارىسىدا مەرتىۋىسى كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. ئەگەر سۆكۈپ قويسا، ئۇلارنى ھېچكىم كۆزگە ئىلمايتتى.

بۇ سەۋەبتىن ئەرەبلەر مۇمكىن قەدەر شائىرلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشىپ، تۈرلۈك يوللار بىلەن ئۇلارغا يېقىنلىششقا ئۇرۇناتتى. نىمە كېتىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى شېئىرلىرىدا مەدھىيىلىنىشكە

www.islamyoli.net

تىرىشاتتى. ئۇلارغا قاتتىق تەسىر قىلىدىغان شېئىرلار، ئەئشا، نابىغە، ئىمرىئۇل قەيس ۋە زۇھەيرنىڭ شېئىرلىرى ئىدى. ئەئشا ئۇككاز بازىرىدەك بىرەر بازارغا بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقسا، بازارغا بارغۇچە بېسىپ ئۆتىدىغان يول بويىدىكى قەبىلىلەر ئۇزلىرىنى ماختىغۇزۇش، ماختىمىسىمۇ ھېچ بولمىسا سۆكۈپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنى ئالدىغا چىقىپ قارشى ئېلىپ تۆگە، كالا سويۇپ مېھمان قىلىپ يولغا سالاتتى. شېئىرنىڭ كۈچى ئەرەبلەردە نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىگە ئەئشا بىلەن مۇھەللەقنىڭ ئارىسىدا بولغان مۇنۇ ۋەقە ئىسپات بولالايدۇ:

مۇھەللەق بەنى ئۇككازدىن بولۇپ، ئىنتايىن پېقىر، ھېچكىم كۆزگە ئىلمايدىغان، ئاددىي بىر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئون قىزى بولۇپ، ھەممىسى دېگۈدەك بويىغا يېتىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ ئائىلە كەمبەغەل ۋە ئېتىبارسىز بىر ئائىلە بولغانلىقى ئۈچۈن، ھېچكىم ئۇ قىزلار بىلەن تۇرمۇش قورۇشقا قىزىقمايتتى. بۇنىڭدىن قاتتىق خورلۇق ھېس قىلغان مۇھەلەق ئۇككاز قەبىلىسىدىن ئايرىلىپ، ئادەم ئانچە كۆپ بارمايدىغان بىر يېزىغا كۆچۈپ كەتكەن ئىدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ تەلىيىگە ئەئشا ئۇنىڭغا مېھمان بولۇپ كېلىپ قالدۇ. مۇھەلەق بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئەئشانى كۈچىنىڭ يېتىشىچە مېھمان قىلىشقا تىرىشدۇ. ھەتتا دۇنيالىقتا ئاران بىر تۆگىسى بار ئىدى، شۇنى سويۇپ مېھمان قىلىدۇ. مۇھەللەقنىڭ بۇ مېھماندوستلۇقى ئەئشانى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئەئشا يولغا چىقىش ۋاقتىدا تۆگىسىگە مىنىپ تۇرۇپ «سېنىڭ بىرەر ھاجىتىڭ بارمۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئېغىز ئاچالماي تۇرغان مۇھەلەق «ھەئە، بار» دېگەندە، ئەئشا «ئەمىسە ئېيتقىن» دېگەندەك قىلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرىدۇ. مۇھەلەق: «مېنى ئۇككاز بازىرىدا خەلق ئارىسىدا ماختاپ، نامىمنى چىقىرىشىڭنى سورايمەن، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئولتۇرۇپ قالغان قىزلىرىمنىڭ بەختى ئېچىلسا ئەجەب ئەمەس» دەيدۇ. ئەئشا مۇھەللەقنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇككازغا قاراپ يولغا راۋان بولىدۇ. ئۇ ئۇككاز بازىرىغا يېتىپ بارغاندا مۇھەللەقنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنى ئۇزۇن بىر قەسىدە بىلەن ماختايدۇ. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇككاز خەلقى مۇھەللەققە قىزىقىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قىزلىرىغا ياخشى يەرلەردىن ئەلچىلەر كېلىپ، مۇھەللەقنىڭ بېشى كۆككە يېتىدۇ.

ئەرەبلەرنىڭ شېئىرغا نەقەدەر كۆڭۈل بۆلۈدىغانلىقى ۋە شېئىرنىڭ ئۇلارغا بولغان تەسىرىنى بىلىشكە ئەڭ روشەن دەلىل، ئۇلارنىڭ بەزى ياخشى دەپ قارالغان قەسىدىلەرنى ئالتۇن بىلەن يېزىپ، كەبىگە ئېسىپ قويۇشىدۇر. كەبىگە يەتتە قەسىدە ئېسىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ مۇئەللىپلىرى: ئىمرىئۇلقەيس، زۇھەير ئىبنى ئەبى سەلما، تۇرپە ئىبنى ئەلئەبدى، لۇبەيد، ئەنتەرە، ئەمر ئىبنى كۇلسۇم ۋە ھارىس ئىبنى ھەلزەلەردۇر. بۇ كۆپچىلىكنىڭ پىكرى، ئەمما ئابدۇرراھمان ئىبنى خەلدۇن ھارىس ۋە ئەمر ئىبنى كۇلسۇملارنى ھېساب قىلماي، ئۇلارنىڭ ئورنىغا نابىغە زىبيانى بىلەن ئەئشانى قويىدۇ. «جەۋھەرەتۇل ئەدەپ»نىڭ مۇئەللىپى ئەبۇ زەيد نابىغە ۋە ئەئشانى ئۇلاردىن ھېسابلاپ، ھارىس ئىبنى ھەلزەدىن خارىج مەزكۇر «مۇئەللەقات» ئىگىلىرىنى سەككىز دەپ ھېسابلايدۇ. مەزكۇر قەسىدىلەر كەبىگە ئېسىلغانلىق سەۋەبىدىن «مۇئەللەقات»، ئالتۇن بىلەن يېزىلغانلىقى ئۈچۈن «مۇزەھھەبات» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. شائىرلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى ۋە ئالدىنقىسى ئىمرىئۇلقەيس، نابىغە زىبيانى ۋە زۇھەير ئىبنى ئەبى سەلمالاردۇر. ئىمرىئۇلقەيس ئەرەب شائىرلىرىنىڭ ئىمامى ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى بالاغەت ۋە پاساھەتتە ھەممىگە ئۆرنەكتۇر. ئۇ تۆگە، ئات ۋە خوتۇن ـ قىزلارنى سۈپەتلەپ ماختاشتا ھەممىدىن ئۇستۇن ئىدى. ئۇنىڭ قەسىدىلىرى

www.islamyoli.net

كۈنىمىزدىكى ئەرەب خەلقىنىڭ تىلىدىمۇ ئۆرنەك بولۇپ كەلمەكتە. ئىمرىئۇلقەيس ئۆز زامانىسىنىڭ ئەركە ئادىمى بولۇپ، ھېچكىمدىن قورقمايتتى. ئۆزى ياقتۇرغان ئىشنى قىلىشۋېرەتتى. بىرەر كىشىدىن تارتىنىپ ئولتۇرمايتتى. ئۇ مىلادىنىڭ 560 ـ يىللىرىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. نابىغە زىبيانىمۇ ئىمرىئۇلقەيستىن قېلىشمايدىغان شائىر ئىدى. ھەتتا بەزى كىشىلەر ئۇنى ئىمرىئۇلقەيستىن ئارتۇق كۆرىدۇ. نابىغەنىڭ كۆپىنچە شېئىرلىرى ماختاشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ھىرە ھۆكۈمدارى نوئمان ئىبنى مۇنزىرنىڭ يېقىن ئادەملىرىدىن بىرى بولۇپ، نوئماننى ماختاپ كۆپ بايلىققا ئېرىشكەن ئىدى. ئۇ ئۆز ئەسرىدىكى شائىرلار ئارىسىدا پەۋقۇلئاددە يۇز ئابرۇيلۇق بولۇپ، مۇبادا ئۇ ئۇككاز بازىرىغا كېلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇچۇن مەخسۇس چېدىر تىكىلەتتى. باشقا شائىرلار ئۇنى ئۆزلىرىگە باش قىلىپ، ھازىرلىغان شېئىر ۋە قەسىدىلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىدا ئوقۇيتتى. نابىغە ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى باھالاپ تەقدىرلەيتتى. بۇ مەرتىۋە نابىغەدىن باشقا جاھىلىيەت شائىرلىرىدىن ھېچكىمگە نېسىپ بولمىغان كاتتا بىر مەرتىۋە ئىدى.

ھەقىقەتەن نابىغە بۈيۈك شائىر ئىدى. ئەگەر ئۇ پادىشاھلارنى ماختاش بىلەن شائىرلىقنى كەسىپكە ئايلاندۇرۇۋالمىغان بولسا ئىدى، ئۇنى شائىرلارنىڭ شائىرى دەپ ئاتاش مۇمكىن ئىدى. ئەمما زۇھەير ئىبنى ئەبى سەلما شائىر بولۇپلا قالماي ھەكىم ۋە پەيلاسوپ ئىدى. ئۇنى باشقا شائىرلاردىن ئارتۇق كۆرۈپ، ئىمرىئۇلقەيس ۋە نابىغەلەرنىڭ قاتارىدا ساناش ئۇنىڭ ھېكمەتكە ئالاقىدار شېئىرلىرىغا مەپتۇن بولغانلىقتىن ئىدى. ئۇنداق بولمىغاندا شائىرلىق جەھەتتە ئۇنى ئىمرىئۇلقەيس ۋە نابىغەگە تەڭ قىلغىلى بولمايتتى. ئۇ ئالىيجاناب، ياۋاش ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ مەشھۇر بولغان كۆپىنچە شېئىرلىرى ھەرەم ئىبنى سىناننى ماختاپ يازغان شېئىرلار ئىدى. زۇھەير ئاللاھقا ئىشىنىدىغان، پەيغەمبەرلەرنى ئېتىراپ قىلىدىغان مۇۋەھھىد ئادەم ئىدى. ئۇ ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرى ۋاپات بولغان. بۇلاردىن باشقا جاھىلىيەت شائىرلىرىنىڭ چوڭلىرى: ئەئشا، ئەنتەرە، تۇرپە، لۇبەيد قاتارلىق شائىرلاردۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە شېئىرى ئەڭ تەسىرلىك كىشى ئەئشا ئىدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزنى ماختاپ بىر قەسىدە يازغان ئىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ سۇفيان ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭغا يۈز تۆگە ھەدىيە قىلىپ، ئۇنى مۇسۇلمانلىقتىن ياندۇرغان. ئەئشانىڭ پەيغەمبىرىمىزنى ماختاپ يازغان قەسىدىلىرىنى سۆز ئۇزىراپ كەتمىسۇن دەپ بۇ كىتابتا بايان قىلمىدۇق. ئەمما لۇبەيدكە كەلسەك، ئۇ چەۋەنداز، باتۇر، سېخى، شەرەپلىك ئادەم ئىدى. ئۇ ئىسلام دىنى كەلگەنگە قەدەر ياشىغان. بۇ سەۋەبتىن ئۇ ئىسلام دىنىغا كىرىپ، مۇسۇلمان بولۇشقا مۇشەررەپ بولغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن تەركى دۇنيالىقنى ئىختىيار قىلىپ، شېئىر توقۇشتىن قالغان دېيىلىدۇ. كەبىگە قەسىدىسى ئېسىلغان «مۇئەللەقات ئىگىلىرى» دەپ ئاتالغان ئاتاقلىق شائىرلاردىن باشقا مەشھۇر شائىرلاردىن ئەلمۇھەلھەل ئىبنى رەبىئە، ئۇمەييە ئىبنى ئەبىسسەلت، ھاتەمتتائىي، زەيدۇلخەيل، ئەلقەمەتۇلپەھلى، قەيس ئىبنى سائىدە، شەنفىرى، ۋەرەقە ئىبنى نەۋپەل، ئۇرۋە ئىبنى ئەلۋەرد، سەمۋال ئىبنى ئادىيا، ھەسسان ئىبنى سابىت، ئەننابىغەتۇلجەئدى، ئەۋس ئىبنى ھەجەر ۋە كەئب ئىبنى زۇھەير قاتارلىق شائىرلاردۇر. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ئەرەبلەر سۆزگە ئۇستا، پاساھەت ۋە بالاغەتكە ماھىر مىللەت ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى خەتىپ، ھەممىسىنى شائىر دېيەك مۇبالىغە بولماسلىقى مۇمكىن.

www.islamyoli.net

ئەرەبلەرنىڭ شېئىرىيەتتە، خەتىپلىكتە راۋاج تاپقان ۋاقتى ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز نەبۇۋۋەت (پەيغەمبەرلىك) تاجىنى كىيىپ، رىسالەت (پەيغەمبەرلىك) تەختىدە ئولتۇرۇپ، جانابى ھەقنىڭ ئەمر ـ پەرمانىنى يەتكۈزۈشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىت ئىدى. ئەرەبلەردە بۇ قەدەر خەتىپ، شائىر، ھەكىم، پاساھەت، بالاغەت ئىگىلىرىنىڭ تەلىم ـ تەربىيىسىز، كىتابسىز، يېزىقسىز ھالدا پەقەت ئۆز ئىقتىدارى بىلەن يېتىشكەنلىكى پەيغەمبىرىمىز كېلىشتىن ئەللىك ـ ئاتمىش يىل ئىلگىرىكى دەۋرى ئىدى. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ چۈشۈرۈلگەن مۇقەددەس كىتاب قۇرئان كەرىم، بالاغەت ۋە پاساھەتتە ئىنساننىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان دەرىجىدە يۈكسەك مەرتىۋىدەدۇر. بۇ سەۋەبتىن ئەرەبلەردە بالاغەت ۋە پاساھەتتە كامالەتكە يەتكەن ئادەملەرنىڭ سانى ھېسابسىز بولسىمۇ، ئۇلاردىن ھېچبىرى مەزكۇر قۇرئان كەرىمدىن ئۈچ ئايەتلىك ئەڭ قىسقا بىر سۈرىنىڭ ئوخشىشىنى كەلتۈرەلمەي، ئاخىرىدا ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئاجىز كەلگەنلىكىگە ئىقرار قىلىشقان.

## ئەرەبلەردىكى ئىلىم ـ مەرىپەت

جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەردە بۈگۈنكى كۈنگە سېلىشتۇرغىچىلىك ئىلىم ـ مەرىپەت بولمىسىمۇ، شۇ دەۋرگە كۆرە بىر قىسىم ئىلمىي ئىشلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. مەسىلەن: ئەرەبلەر نەسەبكە ئالاقىدار مەلۇماتلارنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەسەبىگە باشقا نەسەبلەرنىڭ ئارىلىشىپ قېلىشىنى كۈچىنىڭ بىرىچە توسۇشقا تىرىشاتتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار نەسەب ئىلمىغا زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇلاردا نەسەب ئالتە دەرىجە ياكى ئالتە تەبىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار: شەئب، قەبىلە، ئىمارە، بەتىن، پەھنەد ۋە پەسىلەدىن ئىبارەتتۇر. شەئب بولسا ناھايىتى يىراق نەسەبتىندۇر. مەسىلەن: ئەدنان ۋە قەھتانغا شەئبدىن ئايرىلغانلارنى قەبىلە، رەبىئە ۋە مۇزەر قاتارلىق قەبىلىدىن ئايرىلغانلارنى ئىمارە، ئىمارەدىن ئايرىلغانلارنى بەتىن، بەتىندىن ئايرىلغانلارنى پەھنەد، پەھنەدتىن ئايرىلغانلارنى پەسىلە دېيىتتى. ئۇلاردا بۇ ئىلىمنى بىلىدىغان كىشىلەر كۆپ ئىدى. ھەتتا ھەر قەبىلىدە يوق دېگەندە بىر نەچچە نەسەب ئىلمىنى بىلىدىغانلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە نەسەب ئىلمىدە ئەڭ مەشھۇر بولغان دەرقائۇلئەشئەر قاتارلىق بىر نەچچە كىشى بار ئىدى. دەرقائۇلئەشئەرنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يەنە خەتىپلىكتىن خەۋىرى بار ئىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىقمۇ بۇ ئىلىمدىن نەسىبدار ئىدى. ئەرەبلەردىكى تارىخ يەتتە ئەجدادتىن ئىبغىزدىن ـ ئىبغىزغا يۆتكىلىپ كەلگەن تۈرلۈك خەۋەر ۋە قىسسىلەردىن ئىبارەتتۇر. ئەرەبلەردە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى يۇقىرى، پىكرى ئۆچۇق، نەسەبى ساپ ئادەملەر كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇلار ئەجدادىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن تۈرلۈك ۋەقەلەرنى يادلاپ، كىتابسىز ۋە قەلەمسىز ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا مىراس قالدۇراتتى. بۇلارنىڭ شېئىرلىرى كۆپىنچە تارىخىي ۋەقە ۋە ئۇرۇش ھادىسىلىرىگە ئالاقىداردۇر. مەسىلەن: «ئەييامۇلئەرەب» دەپ مەشھۇر بولغان ئەرەبلەر ئۇرۇشى، ئەسھابۇلفىل قىسسىسى، كەبە تارىخى، بۇتلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر، ئەمر ئىبنى يەھيا قىسسىسى، زۇۋەيزىنىنىڭ ھەبەشلەر بىلەن قىلغان ئۇرۇشى، ئەسھابۇلئۇخدۇد قىسسىسى، قۇسەي ئىبنى كىلابنىڭ تارىخى قاتارلىق نۇرغۇن تارىخىي مەلۇماتلار جاھىلىيەت ئەرەبلىرىدىن ئىبغىزدىن ـ ئىبغىزغا يۆتكىلىپ كەلگەن.

www.islamyoli.net

## ئەرەبلەردە تېبابەت

ئەرەبلەرنىڭ كېسەلنى داۋالاشتا ئىككى خىل يولى بار ئىدى. بىرى، دۇئاگۇيلارغا ۋە بۇتلارغا قارايدىغان شەيخلەرگە دەم سالدۇرۇپ، كەبىنىڭ ياكى بۇتلارنىڭ يېنىدا دۇئا قىلىپ قان قىلىش ئارقىلىق داۋالاش بولۇپ، بۇ كۆپىنچە كاھىنلارنىڭ داۋالاش ئۇسۇلى ئىدى. يەنە بىرى، ھەقىقىي داۋالاش يولى بولۇپ، تۇرلۇك ئۆسۈملۈك ۋە خىلمۇ خىل شەربەتلەر بىلەن داۋالاش. ئۇلار قورساق ئاغرىقىغا كۆپىنچە ھەسەل بىلەن دورا قىلاتتى. جاراھەتلەرنى تۆمۈرنى قىزىتىپ داغلاش بىلەن داۋالايتتى. ئۇلار يەنە كۆپىنچە كېسەللەرنى قان ئېلىش بىلەن داۋالايتتى. دېمەك، ئۇلار ئۆز زامانىغا كۆرە ئاز - تولا تېبابەتچىلىكتىن خەۋەردار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇستا دەپ قارالغان مەشھۇر تېۋىپلىرىدىن ئىبنى خەدىم، هارىس ئىبنى كىلدە، نەزر ئىبنى ئەلهارىس ئىبنى كىلدە قاتارلىقلاردۇر. هارىس ئىبنى كىلدە تېبابەتچىلىكنى ئىراندا ئۆگىنىپ، بىر مۇددەت ئىراندا تېبابەتچىلىك قىلغاندىن كېيىن، تائىپقا قايتىپ كېلىپ، تېبابەتچىلىكتە شۆھرەت قازانغان. ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز كېسەللەرنى هارىس ئىبنى كىلدىگە كۆرۈنۈشكە بۇيرۇغان ئىدى. ئۇ زات مەككە مۇكەررەمەدىكى ۋاقتىدا سەئىد ئىبنى ئەبى ۋەققاس كېسەل بولۇپ قالغاندا، مەزكۇر هارىسنى چاقىرتىپ داۋالاتقانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. مەزكۇر هارىسنىڭ كىسرا ئانۇشىرۋان بىلەن تېبابەتچىلىك ھەققىدە ئۇزۇن سۆزلەشكەنلىكى، كىسرانىڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تەستىقلاپ ياخشى باھا بەرگەنلىكى مەشھۇردۇر. هارىسنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويۇپ داۋالاشتا ماھارىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇنى ئىچكى كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى دېيىشكىمۇ بولاتتى. ئۇ ھەزرىتى مۇئاۋىيەنىڭ زامانىغىچە ياشىغان.

نەزر ئىبنى هارىس ھەم ئۇ زاماننىڭ مەشھۇر تېۋىپلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ تېبابەتتىن باشقا يەنە پەلسەپە ئىلمىدىنمۇ ئاز - تولا خەۋىرى بار ئىدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزگە كۆپ دۈشمەنلىك قىلىپ، پەيغەمبىرىمىز ھەققىدە نۇرغۇن يالغان - ياۋىداقلارنى توقۇغان ئىدى. ئۇ بەدىر ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ، ئاخىرىدا ئۆلتۈرۈلگەن. ئىبنى خەدىممۇ ئەرەبلەرنىڭ مەشھۇر تېۋىپلىرىدىن ئىدى. بۇ كىشىنىڭ جاراھەتنى داۋالاشتا ماھارىتى ئۈستۈن بولۇپ، جاھىلىيەت ئەرەبلىرى ئۆز شېئىرلىرىدا بۇ ئادەمنى كۆپ ماختىغان. ئەرەبلەر ھايۋان تېبابەتچىلىكىدىنمۇ ياخشى خەۋەردار ئىدى. ئەرەبلەردە بۇنىڭدىن باشقا كاھىنلىق، پاراسەت، قىياپەت قاتارلىق ئىلىملەر بار ئىدى. كاھىنلىق دېمەك كەلگۈسىدە بولىدىغان ئىشلاردىن ئالدىن خەۋەر بېرىش دېمەكتۇر. بۇ ئىلىم ئەرەبلەرگە كىلدانىلاردىن كىرگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەرەبلەر كاھىنلارنى ھەر نەرسىنى بىلىدۇ، ھەر ئىشقا ئىقتىدارى يېتىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار پۈتۈن ئىشلىرىدا كاھىنلارنىڭ ئاغزىغا قارايتتى. مەسلىھەتنى ئالاتتى، كېسەللىرىنى كۆرسىتەتتى، چۈش تەبىرلىرىنى يەشتۈرەتتى. داۋالىشىپ قالسا ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر تەرەپ قىلىشاتتى. مەشھۇر بۇتلارغا قارايدىغان شەيخلەرنىڭ كۆپىنچىسى كاھىنلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. خەلق ئىچىدىكى كاھىنلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللار ئىدى. قىياپەت ئىلمى ئاياق ئىزلىرىدىن مەزكۇر ئىزنىڭ ئىگىلىرىنى بىلىش دېمەكتۇر. ئۇلار قېچىپ كەتكەن ئادەملەرنى ياكى يىتىپ كەتكەن ھايۋانلىرىنى ئۇلارنىڭ ئىزىغا قاراپ تاپالايتتى. بۇ جەھەتتە ئۇلار شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى، بىرەر ئىزغا قاراپ قېرى بىلەن ياشنى، ئەر بىلەن ئايالنى ھەتتا تويى قىلغان ئەر - ئايالدىن تويى قىلمىغان ئەر - ئايالنى

www.islamyoli.net

ئايرىۋالالايدىغان دەرىجىگە يەتكەن ئىدى. پاراسەت ئىلمى ئىنساننىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى ۋە چىرايىغا قاراپ، ئۇ ئادەمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىشتۇر. ئەرەبلەر بۇ جەھەتتىمۇ زور ماھارەتلىك خەلق ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئەرەبلەرنىڭ پەلەك ئىلمىدىنمۇ ئاز ـ تولا خەۋىرى بار ئىدى.

## ئەرەبلەردە تىجارەت، سانائەت ۋە دېھقانچىلىق

ئەرەبىستاننىڭ ئەتراپىدىكى يەمەن، ھىرە ۋە غەسسان ئەرەبلىرى تىجارەت، سانائەت ۋە دېھقانچىلىقلاردا ئۆز زامانىسىغا كۆرە تەرەققىي قىلغان خەلقلەردىن ئىدى. لېكىن ئەرەبىستاننىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشايدىغان خەلقلەر بۇ جەھەتلەردە ئىنتايىن تۆۋەن ئىدى. ئۇلارنىڭ زېمىنلىرى سۇسىز، قۇرغاق بولغاچقا بىر يەردە مۇقىم يەرلىشىپ ئولتۇرالماي كۆچۈپ يۈرۈپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار دېھقانچىلىقتا باشقىلارغا قارىغاندا كۆپ ئارقىدا ئىدى. يەنە شۇنداقتىمۇ تائىپ ۋە يەسرىب ئەرەبلىرى باغۇ بوستانلارنى يېتىشتۈرۈشتە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن ئىدى. ئەمما تىجارەت ۋە سانائەت ئىشلىرى دېھقانچىلىق ئىشلىرىغا قارىغاندا كۆپ ياخشى ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ يەمەن، ھىرە، شام، ئىران ۋە ھەبەش قاتارلىق خەلقلەر بىلەن تىجارەت ئالاقىسى قويۇق ئىدى. ئاساسلىق تىجارەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان قەبىلە قۇرەيش قەبىلىسى ئىدى. ئۇلار قىش پەسلىدە يەمەنگە، ياز پەسلىدە شامغا كارۋان يوللاپ، ئۇ يەرلەردىن كەلتۈرگەن ماللارنى ئۆز مەملىكىتىدە ساتاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە خاس بازارلىرى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر بازارلار ئۇككاز، مەخنە ۋە ئەلمەجاز بازارلىرى ئىدى. ئۇككاز بازىرى مەككە بىلەن مەدىنە ئارىسىدىكى بىر خورمىزارلىقتا بولۇپ، بۇ بازار ھەر يىلى زۇلقەئدە ئېيى كىرگەندىن باشلاپ، تاكى شۇ ئاينىڭ يىگىرمىسىگىچە قىزىيتتى. بۇ بازارنىڭ قىزىيدىغان مۇددىتى ئۆتكەندىن كېيىن تىجارەتچىلەر مەككىگە قايتىپ كېلىپ، ھەج ۋاقتىغىچە سودا بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۇككاز بازىرى بولسا ئەرەب بازارلىرى ئىچىدە ئەڭ چوڭ بازار بولۇپ، بۇ بازارغا ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ ھەر تەرىپىدىن نۇرغۇن ئادەملەر كېلەتتى. ھىرە ھۆكۈمدارى نوئمان ئىبنى مۇنزىر ھەر يىلى ئۇ بازارغا كارۋان يوللايتتى. بەزى كىسرالارنىڭمۇ تاۋار ئەۋەتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇككاز بازىرى سودا ـ تىجارەتتىن كۆپرەك شېئىر، ئەدەبىيات جەۋھەرلىرىنىڭ مەركىزى ئىدى. تەرەپ ـ تەرەپتىن يازغۇچىلار، شائىرلار كېلىپ مۇسابىقىلىشاتتى. ئاتا ـ بوۋىلىرى، قەبىلە ـ ئايماقلىرى، قەبىلە باشلىقلىرى ۋە شەيخلىرى بىلەن پەخىرلىنىپ، شېئىر ئوقۇشاتتى. ئۆز ئارا بىر ـ بىرلىرىدىن زۇلۇم كۆرگەن بولسا دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئۇككازغا كەلگەن ئەرەب كاتتىلىرىغا ئىزھار قىلىشاتتى. ئەگەر بىرەر قەبىلىنىڭ ئادىمى باشقا بىر قەبىلە تەرەپتىن ئەسىرگە ئېلىنىپ قالغان بولسا، قەبىلە كاتتىلىرى بىر يەرگە كېلىپ شۇ ھەقتە ياردەم سورىشاتتى. كەبىگە ئېسىلغان شېئىرلار ئۇككاز بازىرىدا دېكلاماتسىيە قىلىنغاندىن كېيىن، ياخشى باھاغا ئېرىشىپ كەبىگە ئېسىلغان ئىدى. مەشھۇر ئۇككاز يەرمەنكىلىرىنىڭ كۆپرەكى ۋە چوڭلىرى بەنى تەمىم قەبىلىسىدىن ئىدى.

زۇلمەجاز، مەجىنە بازارلىرىمۇ مەككە مۇكەررەمەگە يېقىن يەردە بولۇپ، بۇ يەرلەردىمۇ ئىنتايىن چوڭ مال يەرمەنكىلىرى بولاتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن، مەزكۇر بازارلارغا بېرىپ، كىشىلەرنى دىنغا دەۋەت قىلاتتى. شۇنداقلا، بۇ بازارغا كەلگەن ئەرەب كاتتىلىرىدىن ئۆزىنى ھىمايىسى ئاستىغا

ئېلىشنى ئىلتىماس قىلاتتى. مەزكۇر بازارلاردىن باشقا يەنە سەنئا، ھەزرەمەۋت ۋە ئەدەنگە ئوخشاش مەشھۇر بازارلار بار ئىدى.

مانا بۇلار ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئەھۋالى. بىز يۇقىرىدا بىرئاز سۆزىمىزنى ئۇزارتقان بولساقمۇ، لېكىن ۋەتەن ئىنسانلار ھاياتىنىڭ ئايرىلالماس بىر قىسمى بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەرقانداق بىر شەخسنىڭ تەرجىمھالىنى سۆزلىگەندە ئالدى بىلەن ئۇ شەخسنىڭ ۋەتىنى، يۇرتى، قەبىلىسى ۋە قەۋمى ـ قېرىنداشلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن قىسقىچە مەلۇمات بېرىلمىسە، بۇ تەرجىمھال روھسىز بولۇپ قېلىپ، ئىنتايىن مۇھىم بىر نۇقتىدىن ئايرىلىپ قالغان بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن بىز پەخرى كائىنات ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەرجىمھالىنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن ئەرەب زېمىنلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە بايان قىلدۇق.

ھۆرمەتلىك كىتابخان! مەن بۇ رىسالىنىڭ سۆز بېشىدا بىرئاز كۆپ سۆزلەپ، سىزلەرنى مالال قىلىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن، ئەپۇ سورايمەن.

يۇقىرىدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەسەب شەرىپى ھەققىدە تەپسىلىي توختالغان ئىدۇق. شۇڭا بۇ يەردە ئۇنى قىسقىچىلا بايان قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالىنى يېزىشقا كىرىشىمىز. پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەسەبى تەكرارلانسىمۇ، ئوقۇغۇچىلارغا مالال كەلمەيدۇ، بەلكى روھى ئوزۇق بولىدۇ.

## ئىنسانىيەتنىڭ پەخرى ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەسەب شەرىپىنىڭ بايانى

ئىنسانىيەتنىڭ پەخرى ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئىسىم شەرىپلىرى بىرقانچە بولۇپ، ئۇلار ئەرەب تىلىدا «مۇھەممەد»، «ئەھمەد»، «ئەمىن» بولۇپ، كۈنىيىسى ئەبۇلقاسىم ئىدى. ئەمما، تەۋرات شېۋىسىدە باشقىچە بايان قىلىنغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى ئابدۇللاھ ئابدۇللاھنىڭ ئاتىسى ئابدۇلمۇتەللىپ، ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئاتىسى ھاشىم، ھاشىمنىڭ ئاتىسى ئابدۇمەناف، ئابدۇمەنافنىڭ ئاتىسى قۇسەي، قۇسەينىڭ ئاتىسى كىلاب، كىلابنىڭ ئاتىسى مۇررە، مۇررەنىڭ ئاتىسى كەئب، كەئبنىڭ ئاتىسى لۇئەي، لۇئەينىڭ ئاتىسى غالىب، غالىبنىڭ ئاتىسى پىھرى، پىھرىنىڭ ئاتىسى مالىك، مالىكنىڭ ئاتىسى نەزىر، نەزىرنىڭ ئاتىسى كەنانە، كەنانەنىڭ ئاتىسى خۇزەيمە، خۇزەيمەنىڭ ئاتىسى نەززار، نەززارنىڭ ئاتىسى ئىلياس، ئىلياسنىڭ ئاتىسى مۇزەر، مۇزەرنىڭ ئاتىسى نىزار، نىزارنىڭ ئاتىسى مەئىدى، مەئىدنىڭ ئاتىسى ئەدناندۇر. ئەدناننىڭ ئالدىدىكى ئاتىلىرىنىڭ تەرتىپى ۋە ئىسىملىرى ئېنىق مەلۇم بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەسەبى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسەبىگە ئۇلىشىدىغانلىقىدا تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى بەنى زۆھرە قەبىلىسىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بولغان ۋەھب ئىبنى ئابدۇمەناف ئىبنى زۆھرە ئىبنى كىلاب ئىبنى مۇررەنىڭ قىزى «ئامىنە» دۇر. ئاتا تەرەپ نەسەبى بىلەن ئانا تەرەپ نەسەبى كىلاب ئىبنى مۇررەدە قوشۇلىدۇ. يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان پىھرى ئىبنى مالىك قۇرەيش دېيىلىدۇ. ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدا شان ـ شەرەپتە ئۈستۈن، ساخاۋەت، شىجائەت بىلەن مەشھۇر بولغان قۇرەيش ۋە ھاشىم ئەۋلادىدىندۇر. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرى ئۆز زامانىسىدا ئىنتايىن ئېسىل، غايەت مەرد، كاتتا ئادەملەردىن

www.islamyoli.net

ئىدى. بۇلار ئاياللىرى بىلەن ئۆز زامانىغا مۇۋاپىق نىكاھ بىلەن نىكاھلانغان بولۇپ، بۇزۇقچىلىقلاردىن خالىي، پاك ئادەملەر ئىدى.
جاھىلىيەتتىكى ئەرەبلەر جەمئىيىتىدە ھەر تۈرلۈك يامانلىقلار كەڭ تارقالغان بولسىمۇ، لېكىن جانابى ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرى بولغان پەخرى كائىنات مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى دۇنياغا رەھمەت قىلىپ، پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بىلەن مۇشەررەپ قىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ نەسەبىنى ئۇنىڭغا داغ تەگكۈزىدىغان ھەرقانداق سەلبىي ئۇنسۇرلاردىن ساقلاپ قالغان.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى ئابدۇللاھنىڭ ۋاپاتى

مەككە مۇكەررەمەنىڭ شەيخى ئابدۇلمۇتەللىپ ئوغلى ئابدۇللاھقا بەنى زۆھرەنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن بولغان ۋەھب ئىبنى ئابدۇمەنافنىڭ قىزى ئامىنەنى ئۆز ئارىلىرىدا يولغا قويۇلغان نىكاھ قائىدىسى بويىچە ئېلىپ بەردى. ئابدۇللاھ ئۆيلەنگەندە تېخى ئون سەككىز ياشتا ئىدى. ئۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەي، شامغا قىلغان بىر قېتىملىق تىجارەت سەپىرىدىن قايتىشىدا، مەدىنە مۇنەۋۋەردە كېسەللىك سەۋەبى بىلەن ۋاپات بولدى ۋە نابىغە ئەلجەئدى دېگەن يەرگە دەپنە قىلىندى. ئۇ ۋاپات بولغاندا يىگىرمە بەش ياشتا ئىدى. ئۇنىڭدىن بەش تۆگە مال ۋە ئۇممى ئەيمەن دەپ مەشھۇر بولغان بەركە ئىسىملىك بىر چۆرە مىراس قالغان ئىدى.

### پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۇنياغا كېلىشى

ئابدۇللاھنىڭ ۋاپاتىدىن ئىككى ئاي كېيىن ئامىنە بىر ئوغۇل بالا تۇغدى. پۈتۈن ئالەمگە رەھمەت بولۇپ، دۇنياغا كۆز ئاچقان بۇ زاتنىڭ تۇغۇلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئابدۇلمۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى (ئابدۇللاھنىڭ قېرىنداشلىرى) ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئابدۇلمۇتەللىپ بۇ زاتنىڭ تۇغۇلغانلىق خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەن كىشىگە نۇرغۇن ھەدىيە ئىنئام قىلدى. ھەتتا ئەبۇ لەھەبنىڭمۇ خۇشاللىقىدىن بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەن دېدىكىنى ئازات قىلىۋەتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.
پەيغەمبىرىمىز ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدا «فىل يىلى» دەپ مەشھۇر بولغان يىلى رەبىئۇلئەۋۋەلنىڭ توققۇزى دۈشەنبە كۈنى ئەتىگىنى مەككە مۇكەررەمەدە دۇنياغا كەلدى ۋە ئىسمى «مۇھەممەد» دەپ قويۇلدى. (بۇ ۋاقىت مىلادىنىڭ 571 ـ يىلى 22 ـ ياكى 21 ـ ئاپرېلغا توغرا كېلىدۇ). پەيغەمبىرىمىزنى ھەممىدىن ئاۋۋال ئېمىتىش بىلەن مۇشەررەپ بولغان ئايال ئەبۇ لەھەبنىڭ دېدىكى سۇۋەيبە ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا مەككە ئەرەبلىرىدە بالىلىرىنى ئېمىتىش ۋە تەربىيە قىلىش ئۈچۈن، سەھرا ئەرەبلىرىگە بېرىش ئادىتى بار ئىدى. چۈنكى سەھرادا ئۆسۈپ يېتىلگەن بالا ئىرادىلىك، باتۇر، جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە چىداملىق كېلىدۇ. بۇ ئادەت بويىچە پەيغەمبىرىمىز سەھرا ئەرەبلىرىنىڭ ئىچىدىن سەئد قەبىلىسىدىن بولغان زۇۋەيبنىڭ قىزى ھەلىمە ئىسىملىك بىر ئايالغا ئېمىتىش ئۈچۈن بېرىلىدۇ. ھەلىمەنىڭ ئېرى ھارىس ئىبنى ئابدۇلئۇززا ئىسىملىك بىر ئادەم ئىدى. پەيغەمبىرىمىز بەش

يېشىغىچە ھەلىمەنىڭ تەربىيىسىدە بولدى. بۇ جەرياندا بۇ ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن ياخشىلىنىپ، ھاللىق ئائىلىلەردىن بولۇپ قالدى.

## پەيغەمبەرىمىزنىڭ ئانىسى ئامىنەنىڭ ۋاپاتى

ئامىنە ھەر يىلى پۇرسەت بولسىلا مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە بېرىپ، ئېرى ئابدۇللاھنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى يوقلاش بىلەن تەسەللى تېپىپ قايتاتتى. پەيغەمبىرىمىز ئالتە - يەتتە يېشىغا يېتىپ، ئاق - قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولغاندا ئامىنە پەيغەمبىرىمىزنىمۇ مەدىنىگە ئاپىرىپ، ئاتىسى ئابدۇللاھنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆزلىرىگە ئۆمى ئەيمەننى ھەمرا قىلىپ مەدىنىگە باردۇ. ئۇلار مەدىنىدىن قايتىشىدا «ئەبۋا» دېگەن يەرگە كەلگەندە ئامىنە كېسەل بولۇپ ۋاپات بولدۇ ۋە شۇ يەرنىڭ ئۆزىگە دەپنە قىلىندۇ. پەيغەمبىرىمىز ئۇممى ئەيمەن بىلەن مەككە مۇكەررەمەگە قايتىپ كېلىدۇ. ئامىنە ئابدۇللاھتىن باشقا ھېچكىمگە ياتلىق بولمىغان. ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزدىن باشقا بالىسى يوق ئىدى. ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز ئالتە - يەتتە يېشىدا ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ، يېتىم قالدى.

## پەيغەمبەرىمىزنىڭ چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ تەربىيىسىگە ئۆتىشى

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ، يېتىم قالغاندىن كېيىن شەپقەتلىك چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ تەربىيىسىدە بولدى. ئابدۇلمۇتەللىپ پەيغەمبىرىمىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى ئابدۇلمۇتەللىپ بۇ نەۋرىسىنىڭ كەلگۈسىدە كاتتا ئادەم بولىدىغانلىقىنى سەزگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پەيغەمبىرىمىزنى ئارزۇلاپ، ھەر جەھەتتىن تولۇق كۆڭۈل بۆلەتتى. شۇڭلاشقا بۇ زاتنىڭ پېشانىسىگە يېتىملىكنىڭ چاڭ - توزىڭى قونمىغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز سەككىز ياشقا كىرگەندە، مانا بۇ شەپقەتلىك چوڭ دادىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا كۆز يېشى قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىندۇ.

## پەيغەمبەرىمىزنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىپنىڭ تەربىيىسىگە ئۆتىشى

پەيغەمبىرىمىز چوڭ دادىسى ئابدۇلمۇتەللىپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە تاغىسى ئەبۇ تالىپنىڭ تەربىيىسىدە بولدۇ. ئەبۇ تالىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاتىسى ئابدۇللاھ بىلەن قېرىنداش بولۇپ، ئىنتايىن ھىممەتلىك، مېھرىبان، ئېسىل ئادەم ئىدى. ئەبۇ تالىپ بەنى ھاشىمنىڭ كاتتىسى، قابىلىيەتلىك شائىر ۋە ئەدەبىياتچى بولغانلىقى ئۈچۈن مەككە ئەھلىنىڭ ئارىسىدا ئېتىبارلىق شەخسلەردىن ھېسابلىناتتى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزنى ئۆز ئوغۇللىرىدىنمۇ ئارتۇق كۆرۈپ، ئۇ زاتقا شەپقەت ۋە مەرھەمەت كۆزى بىلەن قاراپ، قولىدىن كېلىشىچە ياخشى تەربىيىلەشكە تىرىشاتتى. ئەبۇ تالىپ ئۆزى پېقىر، بالا - چاقىلىرى كۆپ بولغانلىقتىن پەيغەمبىرىمىزگە باشقا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بالىلىرىدەك نازۇك ئىلتىپات كۆرسىتەلمىگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئاتا - ئانىسىنىڭ يوقلۇقىنى ھېچ چاندۇرمىغان ئىدى.

www.islamyoli.net

پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەن قۇرۇلۇشى مۇكەممەل، سالامەتلىكى ياخشى، ئەقلى - ھوشى جايىدا، پىكرى ئۆچۈق بولغانلىقى ئۈچۈن، باشقا ھەرقانداق باللاردىن ئالاھىدە پەرقلىق ئىدى. ئۇ زاتتا باشقا باللاردىكى ئورۇنسىز سۆز، پايدىسىز ئىش - ھەرىكەتلەر تېپىلمايتتى. ئۇ زات خۇددى كاتتا ئەرباپلاردەك تەمكىن، ئەدەپلىك، قانائەتچان ۋە كىچىك پېئىل، ئويۇن - تاماشاغا بېرىلمەيدىغان، قورسىقى ئېچىپ قالسا باشقا باللاردەك غەۋغا قىلمايدىغان، كىيمىسىز قالسا كىيىم دەپ باش ئاغرىتمايدىغان ئالىيجاناب زات ئىدى.

## ئەبۇ تالىپنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى شامغا ئېلىپ بېرىشى

قۇرەيش ئەرەبلىرى تىجارەت قىلىش ئۈچۈن ھەر ۋاقىت شامغا مال ئېلىپ باراتتى ۋە شامدىن مال ئېلىپ كېلىپ ئەرەبىستاندا ساتاتتى. ئەبۇ تالىپمۇ سودىگەر بولغانلىقى ئۈچۈن پات - پات مال ئېلىپ شامغا بېرىپ كېلەتتى.
ئەبۇ تالىپ بىر قېتىم قۇرەيش كارۋانلىرى بىلەن بىرگە شامغا مال ئېلىپ بارماقچى بولىدۇ. ئەمما پەيغەمبىرىمىزدىن ھېچ ئايرىلغۇسى كەلمەي، ئاخىرىدا پەيغەمبىرىمىزنىمۇ ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ بېرىش قارارىغا كېلىپ، ئۇنى ئېلىپ يولغا چىقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىز تېخى توققۇز ياكى ئون ياشلاردا ئىدى. ئەبۇ تالىپ باشلىق كارۋانلار سەپەردىن قايتىشىدا بۇسرا شەھىرىگە يېقىن بىر ئىبادەتخانىدا ئىبادەت قىلىۋاتقان بۇھەيرا ئىسىملىك بىر خرىستىئان راھىبى بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. راھىب ئەبۇ تالىپقا «كىتابى مۇقەددەسنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بۇ زامانلاردا ئەرەبلەردىن بىر پەيغەمبەر كېلىدۇ. سىلەردە بۇنىڭغا دائىر بىر ئالامەت يوقمۇ؟» دەيدۇ. شۇ ئەسنادا ئۇ پەيغەمبىرىمىزنى كۆرۈپ «كىتابى مۇقەددەستە خەۋەر قىلىنغان، يېقىن زاماندا پەيغەمبەر بولىدىغان بالا مۇشۇ بولۇشى مۇمكىن» دەيدۇ ۋە ئەبۇ تالىپقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە نۇرغۇن نەسىھەتلەرنى قىلىدۇ. پەيغەمبىرىمىز پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى يەھۇدىي ۋە ناسارا ئۆلىمالىرى ئارىسىدا ھەر ۋاقىت يېقىن بىر زاماندا بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا سۆز بولۇپ تۇراتتى ۋە پات يېقىندا پەيغەمبەر كېلىدۇ، دەپ ھەممىسى كۈتمەكتە ئىدى.
پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەبۇ تالىپ بىلەن بىرگە شامغا بولغان سەپىرى شۇ بىر قېتىم بولغان. ئۇنىدىن باشقا ئەبۇ تالىپ بىلەن شامغا بارمىغان. ئەمما رەپىق بەگ ھەزرەتلىرى «ئومۇمى تارىخ» ئىسىملىك ئەسىرىدە: «ئەبۇ تالىپ پەيغەمبىرىمىزگە تىجارەت ۋە مۇئامىلە ئىشلىرىنى تەدرىجىي ئۆگىتىپ، تىجارەتكە كۆندۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پۈتۈن سەپەرلىرىدە پەيغەمبىرىمىزنى بىرگە ئېلىپ باراتتى» دەيدۇ. بۇ تەھقىقسىز سۆزدۇر. ئەبۇ تالىپنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى شامغا ئېلىپ بېرىشى ئۇ زاتنى كىشىلەر بىلەن تونۇشتۇرۇش، تىجارەت ئىشلىرىنى ئۆگىتىش، شەھەر كۆرۈپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن ئىدى. پەيغەمبىرىمىز راھىب بۇھەيرا بىلەن پەقەت شۇ بىر قېتىم ئۇچراشقان. ئۇ ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىز تېخى توققۇز - ئون ياشلار ئەتراپىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇھەيرادىن ھېچقانداق بىر مەلۇمات ئالمىغانلىقى ھەقىقەتتۇر. شۇنى ئېنىق بىلىشىمىز لازىمكى، ناسارا ئالىملىرى مەزكۇر راھىب بۇھەيرانى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇئەللىمى، ئۇستازى دەپ داۋا قىلىپ «ئەبۇ تالىپ شامغا بولغان ھەر قېتىملىق سەپىرىدە مۇھەممەدنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ باراتتى. مۇھەممەد بۇھەيرا بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن تەۋرات ۋە

www.islamyoli.net

ئىنجىللارنى ئۆگەنگەن. ئۇ ئىنتايىن ھوشيار، ئەقىللىق بولغانلىقى ئۈچۈن، مەيلى بۇھەيرا بىلەن ئۇچراشقان چاغلاردا بولسۇن، مەيلى باشقا يەرلەرگە بولغان سەپەرلەردە بولسۇن كۆپ مەلۇماتلارغا ئېرىشكەن» دەيدۇ. بۇ سۆزلەر تارىخ تارازىسىدا جىڭغا ئۆلتۈرمايدىغان ۋەزىنسىز، ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىگە ئوخشاش ھالسىز سۆزلەردۇر. پەيغەمبەرلىك قۇياشى بۇلۇتسىز ئاسماندا نۇر چېچىۋاتقاندا، ئۇنداق ئورۇنسىز سۆزلەر بىلەن مەزكۇر قۇياش نۇرىنى پەردىلەپ توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ.

## پۇججار ئۇرۇشى ۋەقەسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (ئىبنى ئىسھاقنىڭ رىۋايىتىگە قارىغاندا) يىگىرمە ياشقا يېقىنلاشقاندا، (بەزى تارىخچىلارنىڭ سۆزىگە قارىغاندا) ئون تۆت ياشقا كىرگەندە قۇرەيش ۋە كەنانە ئەرەبلىرى بىلەن قەيس قەبىلىسى ئارىسىدا چوڭ بىر ئۇرۇش يۈز بەرگەن. بۇ ئۇرۇشنىڭ سەۋەبى ھىرەنىڭ پادىشاھى نوئمان ئىبنى مۇنزىر قەيس كاتتىلىرىدىن ئۇرۋە ئىبنى ئۇتبەتۇررەھال ئىسىملىك مەشھۇر بىر ئادەمنىڭ ھىمايىسىدە ئۇككاز بازىرىغا كارۋان تەشكىللەپ مال ئەۋەتكەن ئىدى. كەنانە ئەرەبلىرىدىن بولغان بەراز ئىبنى قەيس ئىسىملىك بىر ئادەم پۇرسەت تېپىپ، مەزكۇر ئۇرۋەنى ئۆلتۈرۈپ، كارۋاننى بۇلاپ كېتىدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ئۇرۋەنىڭ قەۋمى كەنانە ئەرەبلىرىدىن ئۇنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ھازىرلىنىدۇ. بەراز بۇلارنىڭ ئۇرۇشقا ھازىر بولغانلىقىنى قەۋمىگە خەۋەر قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا «نەخلە» دېگەن جايدا ئۇرۇش بولىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا كەنانە ئەرەبلىرى يېڭىلىپ، ھەرەمگە كىرىۋالىدۇ. قەيس قەبىلىسى بۇنىڭغا قانائەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇرۋەنىڭ قېنىدىن ۋاز كەچمەي، كېلەر يىلى ئۇككاز مەۋسۇمىدە ئۇرۇشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قايتىپ كېتىدۇ. دېگەندەك ئىككىنچى يىلى دەل ئۇككاز مەۋسۇمىدە يەنە ئۇرۇش يۈز بېرىدۇ.

قۇرەيش ۋە كەنانە ئەرەبلىرىنىڭ رەھبىرى ھەرب ئىبنى ئۇمەييە بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا ھەر بىر قەبىلىنىڭ ئۆزىگە خاس رەھبەرلىرى بار ئىدى. مەسىلەن: بەنى ھاشىمنىڭ ئەمرى زۇبەير ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە زۇبەيرنىڭ قېرىنداشلىرىدىن ئەبۇ تالىپ، ھەمزە، ئابباس ۋە قېرىندىشىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملار بار ئىدى. بەنى ئابدۇددارنىڭ ئەمرى ئىكرىمە ئىبنى ھاشىم، بەنى مەخزۇمنىڭ ئەمرى ھىشام ئىبنى مۇغىرە ئىدى. مەزكۇر ئۇرۇشتا ھەرب ئىبنى ئۇمەييە ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن سۇفيان ۋە ئەبۇلئاس غايەت زور باتۇرلۇق كۆرسەتكەن. ئۇرۇشنىڭ باشلانغۇچ كۆرۈنۈشى قەيس ئەرەبلىرىنىڭ پايدىسىغا بولغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ھەل قىلغۇچ غەلىبە قۇرەيش ئەرەبلىرىگە مەنسۇپ بولغان. ئاخىرىدا ئىككى تەرەپ ئارىلىرىدا تىنچلىق ئورنىتىش ئۈچۈن، قايسى تەرەپتىن ئادەم كۆپ ئۆلگەن بولسا، قارشى تەرەپكە ئۇلارنىڭ قان ھەققىنى تۆلەپ بېرىش شەرتى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، ئۇرۇش توختىتىلغان. بۇ ئۇرۇشنى ئەرەبلەر ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشلارنىڭ ئەڭ چوڭى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئۇرۇشنىڭ «پۇججار (گۇناھكارلار) ئۇرۇشى» دەپ ئاتىلىشى ئەرەبلەر كەبىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلماي، ئۆز ئارا بىر ـ بىرىنىڭ قېنىنى تۆككەنلىكىدىن بولغان. ئۇرۇشتىن كېيىن قۇرەيش كاتتىلىرى ئابدۇللاھ ئىبنى جەدئاننىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ، بىر جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ جەمئىيەتنىڭ مەقستى مەككە مۇكەررەمەدە زورلۇق ۋە زۇلۇمنى يوقىتىش، ئۇ يەردە ياشىغۇچى ھەرقانداق شەخسنىڭ ــ مەيلى

www.islamyoli.net

ئۇ شەخس قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولسۇن، مەيلى باشقا قەبىلىلەردىن بولسۇن، بۇنىڭدىن قەتئىينەزەر ئىنسانلىق ھەق ـ ھوقۇقىغا رىئايە قىلىش، زالىمنى جازالاش قاتارلىقلار ئىدى. پەيغەمبىرىمىزمۇ تاغىلىرى بىلەن بىرگە بۇ جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرىدىن ئىدى.
پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن شۇ جەمئىيەتنى تەرىپلەپ: «مەن ئابدۇللاھ ئىبنى جەدئاننىڭ ئۆيىدە قۇرۇلغان جەمئىيەتكە تاغىلىرىم بىلەن بىرگە ھازىر بولغان ئىدىم. مەن ئۇ جەمئىيەتكە قىزىل تۆگىنىمۇ تەڭ قىلمايمەن. ئەگەر ھازىرمۇ ئاشۇنداق بىر جەمئىيەتكە چاقىرىلسام ئەلۋەتتە قوبۇل قىلغان بولاتتىم» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ شامغا قىلغان ئىككىنچى قېتىملىق سەپىرى

پەخرى كائىنات پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىگىرمە بەش يېشىدا مەككە مۇكەررەمەنىڭ كاتتا سودىگەرلىرىدىن بىرى بولغان، خۇۋەيلىدنىڭ قىزى ھەزرىتى خەدىچەنىڭ مېلىنى ئېلىپ، شامغا سەپەر قىلدۇ. ئۇ ۋاقىتتا خەدىچە مەككىنىڭ كاتتا بايلىرىدىن سانىلاتتى. پەيغەمبىرىمىز قۇرەيشلەر ئارىسىدا ئىشەنچلىك، راستچىل، ئادىل، نومۇسچان ۋە ۋەدىسىدە تۇرۇش قاتارلىق گۈزەل سۈپەتلەر بىلەن مەشھۇر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە «ئەمىن (ئىشەنچلىك)» دەپ نام ئالغان. بۇ سەۋەبتىن ھەزرىتى خەدىچە پەيغەمبىرىمىزنى نۇرغۇن مال بىلەن مەيسەرە ئىسىملىك قۇلىنى ھەمرا قىلىپ شامغا يولغا سالدۇ. ئۇلار بۇ سەپىردە نۇرغۇن پايدا ئېلىپ قايتىدۇ.
ھەزرىتى خەدىچە قۇرەيشلەر ئارىسىدا باي ۋە يۈز ئابرۇيلۇق بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، قايتا ياتلىق بولمىغان قىرىق ياشلار چامىسىدىكى ئايال ئىدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ غايەت نومۇسچان، راستچىل، ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەمدە شامغا بولغان تىجارەتتە نۇرغۇن پايدا ئالغانلىقىنى كۆرۈپ، پەيغەمبىرىمىزگە ياتلىق بولۇش نىيىتىدە، نەپىسە ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ ۋاستىسى بىلەن پەيغەمبىرىمىزگە سۆز ئاچىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ بۇ پىكىرنى ماقۇل كۆرۈپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، ئەبۇ تالىپ ھەزرىتى خەدىچەنىڭ تاغىسى ئەمر ئىبنى ئەسەدنىڭ يېنىغا بېرىپ، ھەزرىتى خەدىچەنى پەيغەمبىرىمىز ئۈچۈن سورايدۇ. ئەمر ئىبنى ئەسەدمۇ خۇشاللىق بىلەن رازىمەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز يىگىرمە بەش يېشىدا، ئانىمىز ھەزرىتى خەدىچە بىلەن تۇرمۇش قۇرىدۇ.
قۇرەيشلەرنىڭ بەيتۇللاھنى رېمونت قىلىشى
پەيغەمبىرىمىز ئوتتۇز بەش ياشقا كىرگەندە قۇرەيشلەر كەبىنى يېڭىدىن رېمونت قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ زامانغا قەدەر كەبىنىڭ تۆت تەرىپى ئادەم بويى ئېگىزلىكتە بولۇپ، ئۈستى ئوچۇق ئىدى. ئۇلار كەبىنى ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملار ياسىغان يەردىن باشلاپ، يېڭىدىن رېمونت قىلىش پىكرىگە كەلگەن ئىدى. كەبە پۈتۈن ئەرەبلەرنىڭ نەزىرىدە مۇقەددەس جاي بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئۇنى رېمونت قىلىشقا پەقەت ھالال كۈچى بىلەن ئېرىشكەن مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئىشلىتىشنى، جازانە، زىنا يوللىرى بىلەن ئېرىشكەن ھارام ماللارنى ئارىلاشتۇرماسلىقنى قارار قىلىپ بېكىتىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چوڭ ـ كىچىك پۈتۈن قۇرەيش خەلقىنىڭ ھەممىسى بىردەك بۇ ئىشقا قاتنىشىدۇ. ئۆشنىلىرىدە تاش توشۇپ غەيرەت كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبىرىمىزمۇ مۇبارەك ئۆچىسىدا

www.islamyoli.net

تاش توشۇپ خىزمەت قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ كەبە سەككىز گەز ئېگىزلىكتە ياسىلىپ، ئۈستى تەرىپى تاختا بىلەن يېپىلىدۇ. ھازىرقى جىددە شەھرىگە يېقىن بىر جايدا قۇمغا پېتىپ قالغان بىر كېمىنىڭ تاختا ـ ياغاچلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، كېرەكلىك يەرلەرگە ئىشلىتىدۇ. بۇ ئىشقا رىياسەتچىلىك قىلغان ئۇستا «باقۇم» ئىسىملىك رۇملۇق ئادەم ئىدى.

كەبە ياسىلىپ بولغاندىن كېيىن «ھەجەرۇلئەسۋەد» نى ئاۋۋالقى ئورنىغا قويىدىغان چاغدا قەبىلە چوڭلىرىنىڭ ئارىسىدا تالاش ـ تارتىش چىقىدۇ. ھەتتا تۆت كۈن بۇ ھەقتە تالاش ـ تارتىش بولغان بولسىمۇ، بىر قارارغا كېلەلمەيدۇ. ئاخىرى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنىڭ سۆزى بىلەن بۇ كۈنى بەيتۇللاھقا كىم ئىلگىرى كەلسە شۇ كىشىنىڭ قارارىغا قوشۇلىدىغان بولىدۇ. دەل شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىز كىرىپ كېلىدۇ. بۇنى كۆرگەن قۇرەيش كاتتىلىرى بەكمۇ خۇشال بولىدۇ. ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز ھەجەرۇلئەسۋەدنى بىر پارچە رەختنىڭ ئۈستىدە قويۇپ، قۇرەيش كاتتىلىرىغا شۇ رەختنىڭ ئەتراپىدىن كۆتۈرتۈپ، ئۆز ئورنىغا قويدۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز ئاللاھنىڭ ياردىمى ئارقىلىق قەبىلىلەر ئارىسىدىكى تالاش ـ تارتىشنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە بىر تەرەپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئايلىنىش ئېھتىمالى ئەڭ يېقىن بولغان غەزەپ ئوچاقلىرىنى ئۆچۈرۈپ، ئوتتۇرىدا نورمال ۋەزىيەت شەكىللەندۈرىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئەھۋالى

ئىنسانىيەتنىڭ پەخرى ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز ئاتا ـ ئانىسىدىن يېتىم قالغاندىن كېيىن، بىر مۇددەت ئۆز ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قويلىرىنى بېقىش بىلەن مەشغۇل بولغان. كىچىكلىكىدە قوي بېقىش بىلەن مەشغۇل بولغان پەيغەمبەر پەقەت بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزلا ئەمەس، بەلكى كۆپىنچە پەيغەمبەرلەر كىچىك چاغلىرىدا قوي بېقىش بىلەن مەشغۇل بولغان. بۇلارنىڭ بالىلىق دەۋرى قوي بېقىش بىلەن ئۆتۈشىنىڭ ھېكمىتى بۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانىيەتنى تەربىيىلەپ، توغرا ۋە راست يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن ئەۋەتكەن خاس بەندىلىرىدۇر. شۇڭلاشقا ئۇلار ھايۋانلارنىڭ ئەڭ ياۋىشى بولغان قويلارنى بېقىش ئارقىلىق، باشقىلارنى تەربىيىلەش ئىدىيىسىنى كىچىكىدىنلا ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، ئىنسانىيەتنى تەربىيىلەشكە تەييار بولۇپ يېتىشىدۇ.

ئەسلىدە قوي ئۆزى ئاجىز، ياۋاش، مۇلايىم بىر ھايۋان. ئۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل بىرگە بولغان ئادەمگە بۇ تەبىئەتى چوقۇم تەسىر قىلماي قالمايدۇ. تەبىئىتىدىكى بەزى قوپاللىق، قاتتىقلىق دېگەندەك سۈپەتلەرنى يوقىتىپ، يۇمشاق، مېھرىبان بولۇشتەك ياخشى سۈپەتلەرگە كۆندۈرىدۇ. پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ قوي بېقىشىدىكى مەقسەت ئاشۇ سەۋەبلەردىن بولسا كېرەك.

ئەرەبلەر ئۇ ۋاقىتلاردا ساۋاتسىز قەۋم بولۇپ، ئوقۇش، يېزىش دېگەننى ھېچ بىلمەيتتى. ئاندا ـ ساندا خەت يېزىشنى بىلىدىغان كىشىلەر بولسىمۇ، ئۇلار رەسمىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ ئۆگەنگەن كىشىلەر ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا ئەرەبلەردە مەكتەپ دېيىدىغان بىر نەرسە يوق ئىدى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبىرىمىزمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا مەكتەپ كۆرمىگەن ۋە ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئىدى. خەت ئوقۇش ياكى يېزىشنى بىلمەيتتى.

www.islamyoli.net

پەيغەمبىرىمىز بالىلىق دەۋرىدە قوي بېقىش بىلەن شۇغۇللانغان. بالاغەت يېشىغا يەتكەندە تىجارەت قىلىشقا باشلىغان. خەدىچە ئانىمىزغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ بايلىقىغا يۆلىنىپ ياتماستىن، بەلكى ئۇنىڭ مېلىنى تېخىمۇ كۆپەيتىش، ئائىلە چىقىمىنى ئۆز كۆچىگە تايىنىپ قامداش ئۈچۈن تىجارەت قىلغان.

پۈتۈن ئەرەبلەر بۇتلاردىن پايدا ـ زىيان كۈتۈپ، بۇتقا ئىبادەت قىلاتتى. ئەمما، پەيغەمبىرىمىز بۇلاردىن مۇستەسنا ئىدى. ئەكسىچە ئۇ بۇتلارنى ئىنتايىن يامان كۆرەتتى. مۇشرىكلار تەرىپىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان بەزى بايراملارغا قاتناشمايتتى. زىنا قاتارلىق ئىجتىمائىي مىكروبلار پۈتۈن ئەرەبلەرگە يۇققان بولسىمۇ، پەيغەمبىرىمىز بۇ مىكروبلاردىن يىراق ئىدى. هاراق ئىچىش ئەرەبلەردە سۇ ئىچىشنىڭ ئورنىغا كەلگەن ئىدى. ئەمما پەيغەمبىرىمىز بۇ ئەقىل كۈيسىنى ئۆزىگە ھېچ يېقىن يولاتمىغان ئىدى. بۇتلار ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىنغان گۆشلەردىن يېمەيتتى. قىسقىسى، پۈتۈن جاھىلىيەتنىڭ يامان ئىش ـ ئادەتلىرىدىن يىراق ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا قەۋمى ـ قېرىنداشلىرى ئىچىدە راستچىللىق  بىلەن تونۇلغان ئىدى. بۇ سەۋەبتىن مەككە ئەرەبلىرى ئۇ زاتنى «مۇھەممەد ئەمىن (راستچىل، ئىشەنچلىك مۇھەممەد)» دەپ ئاتايتتى. ئۇ پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن ئەبۇ سۇفيانىنىڭ رۇم پادىشاھىنىڭ «سىلەر مۇھەممەدنى پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىشتىن بۇرۇن يالغانچى دەپ بىلەمتىڭلار؟» دېگەن سوئالىغا «ياق، ئەكسىچە بىز ئۇنى راستچىل، ئىشەنچلىك ئادەم دەپ بىلەتتۇق» دەپ بەرگەن جاۋابى مەزكۇر سۆزىمىزگە دەلىل بولالايدۇ. پەيغەمبىرىمىز سەۋرچان، ئادىل، كەمتەر، نومۇسچان، قورقماس، ھايالىق ۋە سېخىيلىقتا ئوخشاش ئېسىل ئەخلاقلارنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇپ، ھېچبىر كىشى مەزكۇر سۈپەتلەردە ئۇ زاتقا تەڭ  كېلەلمەيتتى.

ئۇ پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دۈشمىنى نەزر ئىبنى ھارىس ئەرەبلەرگە سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ: «مۇھەممەد ياش ۋاقتىدا ئاراڭلاردا ھەممە ئادەم ياخشى كۆرىدىغان، ئادەتتىن تاشقىرى ئىشەنچلىك كىشى ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ ساقاللىرىغا ئاق كىرگەندە، ئاللاھنى بىر دەپ بىلىڭلار، ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشكە ئىشىنىڭلار دېسە، ئۇنى يالغانچى، سېھىرگەر دېدىڭلار. مەن ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مۇھەممەد سېھىرگەر ئەمەس.» نەزر ئىبنى ھارىسنىڭ مەزكۇر سۆزىمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆز قەۋمى ئىچىدە ئېسىل ئەخلاقىنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە ئىكەنلىكىگە روشەن دەلىلدۇر.

بۇتلارنى ئىلاھ قىلىپ، ئۇلاردا پايدا ـ زىيان بار دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان، ئۆز قوللىرى بىلەن ياسىغان تاش ۋە ياغاچلارغا باش ئېگىپ، سەجدە قىلىپ، ئۇلار غايىبنى بىلىدۇ دەپ، ئۇلارنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئالدىدا تىز پۈكۈپ، نالە ـ زار قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇپ، يېقىنلىشىش ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاتاپ قۇربانلىق قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ نامىدا سەدىقە قىلىدىغان، زىنا، پاھىشە، قىمار ۋە ھاراق ئىچىشتەك رەزىللىكلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بىر قەۋمنىڭ ئىچىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ گۈزەل سۈپەت ۋە ئېسىل ئەخلاق  ـ پەزىلەت بىلەن چوڭ بولغانلىقى ھەقىقەتەن ئەجەبلىنەرلىك ئىش، شۇنداقلا ئۇ زاتنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە زور دەلىل. بولۇپمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ كىچىكىدىلا ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى، ئەبۇ تالىپنىڭ تەربىيىسىگە ئۆتكەندىن كېيىن ئەبۇ تالىپنىڭ قول ئىلكىدە ئارتۇق مال ـ مۈلكى يوق، بالا ـ چاقىلىرى كۆپ بولغاچ ئەبۇ تالىپنىڭ ئۇ زاتقا ئارتۇق تەكەللۇپتا بولالمىغانلىقىنى ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مىسلىسىز گۈزەل ئەخلاق

www.islamyoli.net

بىلەن چوڭ بولغانلىقى ئەلۋەتتە ھەرقانداق ئەقىل ئىگىسىنى ئويغا سالىدۇ. پۈتۈن ئۇرۇق ـ تۇغقان، قەۋمى ـ قېرىنداشلىرى بۇتپەرەس بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ بۇتلارغا چوقۇنماي، ئەكسىچە ئۇلاردىن نەپرەتلىنىپ، يىرگىنىش ھېس قىلغانلىقى ئادەتتىن تاشقىرى بىر ئىش ئەمەسمۇ؟! ئەخلاقسىزلىق، نادانلىق ۋە قالاقلىقتا چېكىدىن ئاشقان بىر مىللەتنىڭ ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بۇ زاتنىڭ كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپ، تامامەن ئۇلارنىڭ ئەكسىچە ئەڭ يۈكسەك ئەخلاققا ئىگە بىر شەخس بولۇپ كەلگەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟ ياكى پەيغەمبىرىمىزگە قەۋمىنىڭ دىن، ئەقىدە ۋە ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى توغرا ئەمەس دەپ يول كۆرسەتدىغان بىرەر يېتەكچىسى بولغانمۇ؟ ياكى بولمىسا ئۇ زات ئۆزىدىكى پۈتۈن گۈزەللىكلەرنى بىرەر مەكتەپ كۆرگەن كىشىدىن ئۆگەنگەنمۇ؟ ياق، بۇلاردىن ھېچقايسى بولغىنى يوق، بەلكى بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئاللاھنىڭ ھىدايىتى بىلەن بولغان. پەيغەمبىرىمىزنى ئەڭ گۈزەل ئەخلاق بىلەن تەربىيىلىگۈچى زات، ئىبراھىم، مۇسا ۋە ئىيسا ئەلەيھىسسالاملاردەك بۈيۈك پەيغەمبەرلەرنى پۈتۈنلەي ئۆز قەۋمىنىڭ ئەكسىچە تەربىيىلىگەن، شۇنداقلا ئۇلارنى كىشىلەرگە رەھبەر بولۇشقا لايىق تەييارلىغان زات جانابى ئاللاھتۇر. دېمەك، پەيغەمبىرىمىز ئۆسۈپ يېتىلگەن جەمئىيەت ۋە شەرت ـ شارائىتلارنى تەپەككۇر قىلىپ، ئۇ زاتنىڭ ئېسىل ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدىغان بولساق، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى قۇياش نۇرىدەك ئېنىق كۆرىمىز.

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇشى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ ساغلام تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسى ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن قېپقالغان بەزى ياخشى ئىشلار ئارقىلىق ئاللاھقا ئىبادەت قىلاتتى. ئۇ قىرىق ياشقا كىرگەندە چۈشىدە غەيبىي ئىشلارنى كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى تامامەن ئوڭغا كېلەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، كىشىلەردىن ئۆزىنى تارتىپ، پىنھان جايلاردا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان بولدى. كۆپىنچە مەككە مۇكەررەمەگە يېقىن بىر تاغدىكى «ھىرائ» ئىسىملىك غاردا بىر ـ ئىككى ھەپتە، بەزى ۋاقىتلاردا بىرەر ئايغا يېقىن ئىبادەت قىلاتتى. ئوزۇقى تۈگىگەندە ئائىلىسىگە بېرىپ ئوزۇق ئېلىپ كېلىپ، يەنە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولاتتى. بىر كۈنى ئۇ ھىرائ غارىدا ئىبادەت قىلىۋاتقاندا كۆزىگە بىر كىشى كۆرۈندى. ئۇ كىشى ئۆزىنىڭ جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك بىلەن بېشارەت بەردى. ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا: «ئوقۇ» دېدى. ئۇ: «مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن كېيىن جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئۇنى قاتتىق بىر سىقىپ قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، يەنە: «ئوقۇ» دېدى. ئۇ يەنە: «مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەردى. جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئۇنى يەنە بىر قېتىم قاتتىق سىقىپ قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، يەنە: «ئوقۇ» دەپ بۇيرۇدى. ئۇ يەنىلا: «مەن ئوقۇشنى بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەرگەندىن كېيىن، جەبرائىل ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا خىتاب قىلىپ: «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن، ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى، ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر، ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى، ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى» (ئەلەق سۈرىسى 1 ـ 5 ـ ئايەتلەر.) دېدى.

www.islamyoli.net

قۇرئان كەرىمدىكى «بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن شەبى قەدرىدە نازىل قىلدۇق» (قەدر سۈرىسى 1 ـ ئايەت.) «بىز قۇرئاننى ھەقىقەتەن مۇبارەك كېچىدە (يەنى شەبى قەدرى كېچىسىدە) نازىل قىلدۇق، بىز ھەقىقەتەن ئىنسانلارنى (قۇرئان بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولدۇق» (دۇخان سۈرىسى 3 ـ ئايەت) «رامىزان ئېيىدا قۇرئان نازىل بولۇشقا باشلىدى» (بەقەرە سۈرىسى 185 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەندەك ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا قۇرئان كەرىمنىڭ چۈشۈشى باشتا رامىزان ئېيىنىڭ كېچىلىرى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئەمما، يۇقىرىقى بۇ ئايەتلەرنىڭ قايسى كېچىسى چۈشكەنلىكى ئېنىق مەلۇم ئەمەس. شەيخ مۇھىيىددىن ئەرەبى ئۆزىنىڭ «مۇسامىرات» دېگەن كىتابىدا «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا چۈشكەن‹سۇھۇف› (ۋاراقلار) نىڭ رامىزان ئېيىنىڭ بىرىنچى كېچىسى، ‹تەۋرات› نىڭ ئالتىنچى كېچىسى، ‹زەبۇر› نىڭ ئون ئىككىنچى كېچىسى، ‹ئىنجىل› نىڭ ئون سەككىزىنچى كېچىسى، ‹قۇرئان كەرىم› نىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كېچىسى چۈشۈرۈلگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ» دەپ يازىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەبرائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۆزى ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەدىن كېيىن بىرئاز قورققاندەك بولۇپ، دەرھال ئائىلىسىگە قايتىپ بېرىپ، بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىزغا سۆزلەپ بېرىدۇ. ئارقىدىن ئۆزىنىڭ بىر ئاز قورققانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسەللى بېرىپ: «سىلە ئېسىل ئەخلاق ئىگىسى، ئاللاھ سىلىنى جىن ـ شەيتانلارغا يولۇقتۇرمايدۇ، سىلىگە كۆرۈنگەن زات چوقۇم پەرىشتە، سىلە شەكسىز پەيغەمبەر بولىلا» دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئاز يېتىپ ئارامغا كەلگەندىن كېيىن، ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىز بۇ ئىشنى تېخىمۇ جەزملەشتۈرۈش ئۈچۈن، پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرگە تاغىسىنىڭ ئوغلى ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەلنىڭ يېنىغا بېرىپ، ۋەقەنى بايان قىلىدۇ.

ۋەرەقە ئىبنى نەۋفەل خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، ياشانغان ئادەم ئىدى. ئۇ ئىبرانى تىلىنى ياخشى بىلەتتى. تەۋرات ۋە ئىنجىلنى ئوقۇپ چۈشىنەتتى. تەۋرات ۋە ئىنجىلنىڭ پەيغەمبىرىمىز ھەققىدىكى بېشارەتلىرىنى، پەيغەمبەرلىك ۋە ۋەھيي توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنى بىلەتتى. ئۇ ئىنجىلنى ئىبرانى تىلىدىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەرەقەگە ھىرائ غارىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى بايان قىلغاندا، ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەي تۇرماستىن: «سەن پەيغەمبەر بولىسەن، ساڭا كۆرۈنگەن كىشى مۇسا ئەلەيھىسسالامغىمۇ كۆرۈنگەن ۋە ئۇنىڭغا ۋەھيي ئېلىپ كەلگەن، ئۇ دېگەن جەبرائىل ئەلەيھىسسالام، سەن ئۆز قەۋمىڭنى بۇتپەرەسلىكنى تاشلاپ تەۋھىدكە (ئاللاھنى بىر دەپ تونۇشقا) چاقىرغاندا، ئۇلار ساڭا دۈشمەنلىك قىلىپ، كۆپ ئەزىيەت يەتكۈزىدۇ، يۇرتۇڭدىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ، كاشكى مەن شۇ ۋاقىتتا ھايات بولغان بولسام ساڭا قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەمدە بولغان بولاتتىم» دەيدۇ. قەۋمى ئىچىدە ھەممە ئادەمگە ياخشى كۆرۈنىدىغان، ئىشەنچلىك ئادەم دەپ تونۇلغان پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئەجەبلىنىپ: «قەۋمىم مېنى ئۆز يۇرتۇمدىن ھەيدەپ چىقىرامدۇ؟» دەپ سورايدۇ. ۋەرەقە «ئۆز قەۋمى ئۆزىگە دۈشمەن بولۇپ، ئەزىيەت يەتكۈزمىگەن ھېچبىر پەيغەمبەر يوق، سەنمۇ بۇ كۈلپەتتىن قۇتۇلالمايسەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي ۋەرەقە ۋاپات بولىدۇ. ئۇ گەرچە دەۋەت زامانىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن بولغاچقا، ئۇنى ئىسلامغا مۇشەررەپ بولغان كىشىلەرنىڭ ئاۋۋىلى دېيىشكە بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چۈشىدە ۋەرەقەنى چىرايلىق ئاق كىيىم كىيگەن قىياپەتتە كۆرۈپ، ئۇنى جەننەت ئەھلىدىن ھېسابلىغانلىقى تىرمىزىيدا رىۋايەت قىلىنىدۇ.

## ۋەھيىنىڭ توختاپ قېلىشى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋەقەدىن كېيىن ۋەھيي بىر مۇددەت ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. بۇ مۇددەتنىڭ قانچىلىك ئۇزۇنلۇقى ھەققىدە تارىخچىلارنىڭ پىكرى ئوخشاش ئەمەس. بەزىلەر «ۋەھيي ئۈچ كۈن توختاپ قالغان» دېسە، يەنە بەزىلەر «ۋەھيي ئۈچ يىل توختاپ قالغان» دەيدۇ. بۇ ئىككى قاراشتىن باشقا يەنە نۇرغۇن قاراشلار بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيي توختاپ قالغان مۇددەت ئىچىدە بىر نەچچە قېتىم تاغدىن ئۆزىنى تاشلىۋېلىشنى ئويلىغان دېيىلىدۇ. بۇنىڭغا قارىغاندا ۋەھيي توختاپ قالغان مۇددەتنىڭ ئۈچ كۈن ئەمەس، خېلى ئۇزۇن مۇددەت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇنىڭغا كېسىپ بىرنەرسە دېمەسلىك ئېھتىيات يۈزىسىدىن ئېيتقاندا ياخشى دەپ قارايمەن.

ۋەھيىنىڭ بىر مۇددەت توختاپ قېلىشىنىڭ ھېكمىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋەھيىگە بولغان قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش ئىدى. دەرۋەقە ۋەھيىنىڭ توختاپ قېلىشى پەيغەمبىرىمىزگە ئىنتايىن ئېغىر كەلدى. چۈنكى بۇ بىر بۈيۈك نېمەت ئىدى، پەيغەمبىرىمىز بۇ نېمەتتىن مەھرۇم قېلىپ، ھەسرەت چېكىپ يۈرگەندىن كۆرە تاغدىن ئۆزىنى تاشلىۋېلىشنى ئەلا كۆرگەن ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز بۇ ئارىدا بىتاب بولۇپ يېتىپ قالدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭغا ئىلگىرى كۆرۈنگەن كىشى يەنە كۆرۈنۈپ: «سەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىسەن» دەپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى.

## ۋەھيىنىڭ قايتىدىن باشلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر مەزگىل ۋەھيي توختاپ قالغان سەۋەبتىن قاتتىق ئىچى پۇشۇپ، غەمكىن بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ ئەسنادا جەبرائىل ئەلەيھىسسالام «زۇھا» سۈرىنى ئېلىپ چۈشتى. ئاندىن كېيىن: «ئى (ۋەھيى نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!). تۇر! (ئىنسانلارنى) اللە نىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر. پەرۋەردىگارىڭنى ئۇلۇغلا. كىيىمىڭنى پاك تۇت. ئازابتىن (يەنى ئازابقا قالدۇرىدىغان ئىشلاردىن) يىراق بول. كۆپ ئېلىش نىيىتىدە بەرمە (يەنى بىر كىشىگە بىرەر سوۋغا بەرسەڭ، ئۇنىڭدىن بەرگەن نەرسەڭدىن كۆپرەك نەرسە ئېلىشنى تەمە قىلما)، پەرۋەردىگارىڭنىڭ (رازىلىقى ئۈچۈن (قەۋمىڭدىن يەتكەن ئەزىيەتكە) سەۋر قىل.» (سۈرە مۇددەسسىر 1 ـ 7 ـ ئايەتلەر) قاتارلىق ئايەتلەر چۈشۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەۋمنى تەۋھىدكە چاقىرىپ بۇتپەرەسلىكتىن چەكلەشكە بۇيرۇلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقى «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن» دېگەن سۈرە

www.islamyoli.net

بىلەن باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى «ئى (ۋەھيى نازىل بولغان چاغدا) كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!) [1] تۇر! (ئىنسانلارنى) ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇر» (مۇددەسسىر سۈرىسى 1 ـ ت ئايەت) دېگەن ئايەت بىلەن باشلانغان ئىدى.

ئىبنى ھىشام ئۆزىنىڭ «سىيرە» دېگەن كىتابىدا ئىبنى ئىسھاق دېگەن كىشىدىن رىۋايەت قىلىپ، ھەممىدىن بۇرۇن نازىل بولغان سۈرە « ئەلەق»، ئاندىن كېيىن، «زۇھا»، ئاندىن كېيىن «مۇددەسسىر» ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. مىسىرنىڭ مەشھۇر مۇفتىسى شەيخ مۇھەممەد ئابدۇھمۇ مۇشۇ سۆزنى توغرا دەيدۇ. ئەمما كۆپىنچە تەپسىر ئالىملىرى «ئەلەق» تىن كېيىن « مۇددەسسىر» سۈرەسىنىڭ نازىل بولغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. لېكىن ئىمام بۇخارى «زۇھا» سۈرىسىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبىنى بايان قىلىپ، جۇندۇپ ئىبنى سۇفيانىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئاغرىپ قالغان ئىدى. كېيىن بىر مۇشرىك ئايال كېلىپ: «ئى مۇھەممەد! سېنىڭ شەيتىنىڭ سېنى تاشلىۋەتتى دەپ پەرەز قىلىمەن، ئىككى ـ ئۈچ كېچە بولدى ساڭا يېقىن كەلمىدى» دېدى. كېيىن جانابى ئاللاھ: «چاشگاھ ۋاقتى بىلەن قەسەمكى، قاراڭغۇلۇقى (ئەتراپنى قاپلىغان) چاغدىكى كېچە بىلەن قەسەمكى، (ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ سېنى تاشلىۋەتكىنىمۇ يوق، يامان كۆرۈپ قالغىنىمۇ يوق.» (سۈرە زۇھا 1 ـ 3 ـ ئايەتلەر) دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

بىز يۇقىرىدا پەقەت ئۆلىمالارنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى بايان قىلدۇق.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوشۇرۇن دەۋەت ئېلىپ بېرىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاپشۇرۇۋالغان ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىر ۋەزىپە بولۇپ، ئۇنى ئىجرا قىلىش غايەت زور دەرىجىدە قىيىن ئىدى. چۈنكى ئەرەب مىللىتى بۇتپەرەسلىككە بېرىلىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان ئادەتلەرگە كۆنۈپ، خۇراپاتلىق پاتقىقىغا پېتىپ، ئەدەپ ـ ئەخلاق بىلمەيدىغان، بىر ـ بىرىنىڭ قېنىغا تەشنا بولغان چېلىبۆرىلەردەك ھەمىشە جەڭگى ـ جېدەل بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدىغان، يۈرەك پارىسى بولغان قىز بالىلىرىنى تىرىك كۆمۈۋېتىدىغان دەرىجىدە رەھىمسىز، شەپقەتسىز، باغرى قاتتىق بىر مىللەت ئىدى. شۇڭا بۇ مىللەتنى ئادەم قىلىش زور پىداكارلىق، ئۇنۇملۇك تەدبىر ۋە توغرا ئۇسلۇب تەلەپ قىلاتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇنجى قەدەمنى ئېھتىيات بىلەن بېسىپ، مەخپىي ھالدا ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ۋە يېقىن دوست ـ يارەنلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى.

بىرىنچى قېتىم ئىسلام بىلەن مۇشەررەپ بولغانلار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، دەسلەپتە ئۇنىڭ ئايالى ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىز، تاغىسى ئەبۇ تالىپنىڭ ئوغلى ھەزرىتى ئەلى، ئازات قىلغان قۇلى زەيد ئىبنى ھارىسە ۋە زەيدنىڭ ئايالى ئۇممى ئەيمەن (پەيغەمبىرىمىز ئۇنىمۇ ئازات قىلغان) قاتارلىقلار ئىسلام بىلەن مۇشەررەپ بولدى. ئۇلاردىن

www.islamyoli.net

كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىقنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى قۇرەيش قەبىلىسى ئىچىدە يۈز ئابرۇيلۇق شەخسلەردىن بولۇپ، ئەخلاقى گۈزەل، تەبىئىتى يېقىملىق، خۇشخۇي، نەسەب ئىلمىدىن كۆپ مەلۇماتقا ئىگە، سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، مەرتىۋىلىك زات ئىدى. بۇ زات پەيغەمبىرىمىز بىلەن قويۇق بېرىش  كېلىش قىلاتتى. شۇ جەرياندا پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىرەر قېتىم يالغان سۆزلىگەننى، ياكى يېقىمسىز بىرەر ئىشنى قىلغىنىنى بىلمەيتتى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزنى ھەر ۋاقىت ئېسىل ئەخلاق ئىگىسى دەپ بىلەتتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەۋىتىنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن، دەرھال قوبۇل قىلىپ «ئاتا ـ ئانام سىلىگە پىدا بولسۇن، سىلە توغرا سۆزلۈك، راستچىل كىشى» دەپ شاھادەت ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولدى. بۇ زاتنىڭ دەرھال مۇسۇلمان بولغانلىقىدىن پەيغەمبىرىمىز ئىنتايىن سۆيۈندى ھەمدە ئۇزۇنغا قالماي بۇ مۇقەددەس دەۋىتىنىڭ مېۋىسىنى كۆرەلەيدىغانلىقىغا ئۈمىدى باغلاندى. ھەقىقەتەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۇنىڭ دەۋىتىنىڭ تارقىلىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى. ئۇ زاتنىڭ سەۋەبى بىلەن كۆپ كىشىلەر مۇسۇلمان بولدى. شۇڭا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. ھەممە سىرلىرىنى ئۇ زاتقا ئېيتاتتى. ھەر ئىشتا ئۇ زات بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇ زات ھەققىدە: «مەن ئىسلامغا دەۋەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە يالغۇز ئەبۇ بەكرى سىددىقلا ھېچ توختاپ تۇرماستىن ئىسلامنى قوبۇل قىلغان، باشقىلاردا بىر ئاز ئىككىلىنىش بولغان» دېگەن  سۆزى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

### ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن مۇسۇلمان بولغانلار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئارقىمۇ ئارقا ۋەھيي چۈشكىلى تۇردى. شۇ ئارىدا ئۇ ئۆزى تونۇغان كىشىلەرنى دەۋەت قىلغىلى تۇردى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىمۇ ئۆزىنىڭ يېقىن ـ يورۇقلىرىنى مەخپىي ھالدا ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. لېكىن بۇ ئىشتىن قۇرەيش مۇشرىكلىرىدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى.
ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ بىرى ئوسمان ئىبنى ئەففان بولۇپ، ئۇ يىگىرمە بەش ياشلىق بىر يىگىت ئىدى. تاغىسى ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى دىنىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن كۆپ ھەرىكەت قىلغان. ھەتتا ئارغامچا بىلەن بوينىنى باغلاپ، ئۇنى دىنىدىن يېنىشقا زورلىغان ئىدى. ئەمما ھەزرىتى ئوسمان: «خاھلىساڭ مېنى ئۆلتۈر، مەن دىنىمدىن ھەرگىز يانمايمەن» دەپ ئىسلام دىنىدا مۇستەھكەم تۇردى.
 يەنە بىرى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام بولۇپ، ئۇ ئەمدىلا بالاغەت يېشىغا  يەتكەن يىگىت ئىدى. ئۇ زاتنىمۇ تاغىسى باغلاپ، ئاغزى ـ بۇرنىغا تۈتۈن قويۇپ بېرىش ئارقىلىق قاتتىق ئازابلىغان. ھەزرىتى زۇبەيرمۇ بۇ ئازابلارغا سەبىر قىلىپ، ئىسلام دىنىدا مۇستەھكەم تۇرغان.
يەنە بىرى ھەزرىتى ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋف بولۇپ، ئۇنىڭ جاھىلىيەتتىكى ئىسمى ئابدۇ ئەمرى ئىدى. ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئۇنى ئابدۇررەھمان دەپ ئاتىغان. تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھمۇ پەيغەمبەرلىك ھەققىدە راھىبلاردىن ئاڭلاپ، بىر ئاز مەلۇماتقا ئىگە بولغان ئىدى. ئىسلام دىنى كەلگەندىن

www.islamyoli.net

كېيىن، ئۇنىڭ ئەقىلگە ئۇيغۇن دىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال قوبۇل قىلدى. سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاسنىڭ ئانىسى ئەبى سۇفيان ئىبنى ئۇمەييەنىڭ قىزى ھەمنە ئوغلىنىڭ ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىنتايىن بىئارام بولىدۇ ھەمدە ئوغلىنى چاقىرتىپ ئەكېلىپ: «ئەگەر يېڭى دىنىڭدىن ۋاز كېچىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىڭنىڭ دىنىغا يانمىساڭ، ماڭا يېمەك ـ ئىچمەك، سايىدا ئولتۇرماق ھارام بولسۇن» دەپ نەزىر قىلىدۇ. ئۇچ كۈن بولغاندىن كېيىن سەئد ئانىسىنىڭ قىينىلىۋاتقان ئەھۋالىنى كۆرۈپ، پەيغەمبىرىمىزگە بۇنى ئېيتقاندا، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا: «ئاتا ـ ئانىنى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇلارغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىپ، ئەمما ئىمان مەسىلىسى بۇنىڭدىن مۇستەسنا» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئەنكەبۇت سۈرىسىدىكى: «ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىدۇق، ئەگەر ئاتا ـ ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن» دېگەن سەككىزىنچى ئايەت، ئاشۇ سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس ھەققىدە نازىل بولغان دېيىلىدۇ. بۇلاردىن باشقا ئىسلامنى قوبۇل قىلغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئەممار ئىبنى ياسىر ۋە ئۇنىڭ ئانىسى سۇمەييە، سۇھەيب رۇمى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ئەبۇ زەررىلغىپارى، سەئد ئىبنى زەيدىلئەدەۋى ۋە ئۇنىڭ ئايالى خەتتابنىڭ قىزى پاتىمە، ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئوغلى ھەزرىتى ئابباسنىڭ ئايالى ئۇممۇلپەزلى، ھارىسنىڭ قىزى لۇبابە، ھارىسنىڭ ئوغلى ئۇبەيدە، سەلەمەنىڭ دادىسى ئابدۇللاھ سەلەمەنىڭ ئانىسى ئۇممى سەلەمە، ئەرقەمنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ سەئدىلئاسنىڭ ئوغلى خالىد، ئۇنىڭ قېرىندىشى ئەمرى ئىبنى سەئىد، جەرراھنىڭ ئوغلى ئەبۇ ئۇبەيدە، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ئەسما، ھەبباب ئىبنى ئەرەت، ئەبۇ تالىپنىڭ ئوغلى جەئپەر ۋە ئايالى ئۇمەيسنىڭ قىزى ئەسما، فىھرىنىڭ ئوغلى ئامىر قاتارلىق بىر قانچە كىشىلەر بار ئىدى.

شۇنداق قىلىپ مەككىدە ئىسلام ئاستا ـ ئاستا كېڭىيىشكە باشلىدى. مەككە مۇشرىكلىرى بۇنىڭدىن بىر ئاز خەۋەر تاپقان بولسىمۇ، ئانچە دىققەت قىلمىغان ئىدى. ئۇلار بۇ چاغدا پەيغەمبىرىمىزگە، ياكى دەۋەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان باشقا ساھابىلەرگە يامان نىيەتتە ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ ساھابىلەر ئىنتايىن يوشۇرۇن ھەرىكەت ئېلىپ باراتتى. مۇشرىكلارنىڭ تەئەسسۇپلۇقىنى قوزغاپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلاتتى. ئۇلار بىلەن بىر سورۇندا بىرگە بولۇپ قالغان ئەھۋالدا ئىسلام ھەققىدە ھېچ ئېغىز ئاچمايتتى. ئىمكانقەدەر ئۇلار بىلەن قارشىلىشىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلاتتى.

## دەۋەتنىڭ ئاشكارا ئېلىپ بېرىلىشى

پەيغەمبىرىمىز پەيغەمبەر بولغان تۇنجى يىلى دەۋەتنى بىر مۇددەت يوشۇرۇن ئېلىپ باردى. مۇسۇلمان بولغان كىشىلەر مۇمكىنقەدەر ئۆزلىرىنى مۇشرىكلارغا سەزدۈرمەسلىككە تىرىشاتتى. ئىبادەتلىرىنى مەخپىي شەكىلدە تاغ ئارىلىرىدا قىلاتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئوتتۇزغا يەتكەندە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلارغا دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگىتىشى زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ساھابىلەر مەسلىھەتلىشىپ ئەرقەمنىڭ ھويلىسىغا يىغىلىشقا قارار قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ساھابە كىراملار ھەر كۈنى دېگۈدەك يىغىلىدىغان، پەيغەمبىرىمىزدىن ئىبادەت يوللىرىنى ئۆگىنىدىغان ۋە قانداق قىلغاندا مۇشرىكلارغا سەزدۈرمەستىن، ئىسلامنى باشقىلارغا تارقىتىشقا بولىدىغان يوللارنى ئىزدەپ مۇزاكىرە قىلىشاتتى.

www.islamyoli.net

مۇسۇلمانلار مەخپىي دەۋەت بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان چاغلاردا، مۇشرىكلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېڭى بىر دىننى ئېلان قىلىپ، كىشىلەرنى شۇ دىنغا ئىشىنىشكە دەۋەت قىلغانلىقىنى بىلىسمۇ، ئۇلارغا دەخلى قىلمىغان ئىدى. چۈنكى مۇسۇلمانلار ئاۋاز چىقارماستىن، ئىبادەتلىرىنى يوشۇرۇن ئېلىپ بارغان ئىدى. شۇئەرا سۈرىسىنىڭ: «يېقىن خىش - ئەقرىبالىرىڭنى ئاگاھلاندۇرغىن» دېگەن 141 - ئايىتى ۋە ھىجر سۈرىسىنىڭ: «ساڭا بۇيرۇلغاننى (يەنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىنى) ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن، مۇشرىكلارنىڭ (مەسخىرىسىگە) پەرۋا قىلمىغىن» دېگەن 94 - ئايىتىگە ئوخشاش ئايەتلەر نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئاشكارا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. دەسلەپتە ئۆزىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن بولغان ھاشىم، ئابدۇلمۇتەللىپ، نەۋفەل، ئابدۇ شەمس ئوغۇللىرىنى توپلاپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ ۋە ئەگەر ئۇلار بۇ دىنغا ئەگەشسە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت - سائادەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنى، ئەكسىچە بۇ دىنغا ئەگەشمىسە ئىككىلا دۇنيادا بەختسىز، شەقى بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ شۇ قېتىملىق يىغىلىشتا ئېيتقان سۆزىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «كارۋانلار چۈشۈپ قونىدىغان بىر يەر ھازىرلاش ئۈچۈن ئىلگىرى ماڭغۇزۇلغان كىشى ھېچقاچان ئۆز ئەھلىگە يالغان سۆزلىمەيدۇ. مەن باشقا كىشىلەرگە يالغان سۆزلىگەن تەقدىردىمۇ، لېكىن سىلەرگە يالغان سۆزلىشىم مۇمكىن ئەمەس. باشقىلارنى ئالدىشىم مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن سىلەرنى ئالدىشىم مۇمكىن ئەمەس. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، مەن پۈتۈن دۇنيا خەلقىگە ئام، سىلەرگە خاس قىلىنىپ، ئاللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن. سىلەر ئۇخلاپ، ئويغانغاندەك ھەشرى مەيدانىغا توپلىنىسىلەر، قىلغان ئىش - ھەرىكىتىڭلاردىن ھېساب ئېلىنىسىلەر، ياخشىلىققا ياخشىلىق، يامانلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇلىسىلەر، ئەڭ ئاخىرقى يېرىڭلار جەننەت ياكى جەھەننەم بولىدۇ. بۇ ئىككىسى دائىمدۇر. ئى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ باللىرى! ئۆز قەۋمىگە مەن ئېلىپ كەلگەن نەرسىدىن ياخشىراق بىر نەرسە ئېلىپ كەلگەن كىشىنى بىلمەيمەن. مەن سىلەرگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ سائادىتىنى ئېلىپ كەلدىم.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلەرنى دېگەندە ئەبۇ لەھەبتىن باشقا پۈتۈن كىشىلەر ئۇنىڭغا قوپاللىق قىلماي، يۇمشاق سۆز قىلدى. ئەبۇ لەھەب بولسا كىشىلەرنى ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن توسۇشقا چاقىرىپ: «ئەگەر تېزرەك بۇ ئىشنى ئوتتۇرىدىن يوقىتىشنىڭ چارىسى قىلىنمىسا، ئارىدا زور پىتنە قوزغىلىپ، كاتتا بىر ئۇرۇش يۈز بېرىشى مۇمكىن» دەيدۇ. ئەبۇ تالىپ ئۇنىڭغا: «مەن مۇھەممەدنى تا ئۆلگۈچە ھىمايە قىلىمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سەپا تېغىغا چىقىپ قۇرەيش خەلقىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشى

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋەقەدىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز پۈتكۈل قۇرەيش خەلقىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇ بىر كۈنى سەپا تېغىغا چىقىپ، قۇرەيش قەبىلىلىرىنى چاقىردى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان مەككە خەلقى مۇھىم بىر ئىش بولسا كېرەك دەپ، سەپا تېغىغا قاراپ ماڭدى. ئۆزلىرى چىقالمىغان كىشىلەر ئورنىغا باشقا بىرسىنى ئەۋەتتى. كىشىلەر توپلىنىپ بولغاندا، پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا خىتاب قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئەگەر مەن سىلەرگە ‹مۇشۇ تاغنىڭ ئارقىسىدا ئاتلىق ئەسكەر بار، مەككىگە ھۇجۇم قىلىدۇ› دەپ خەۋەر

www.islamyoli.net

قىلسام، سۆزۈمگە ئىشىنەمسىلەر؟» دېدى. قۇرەيشلەر «ئەلۋەتتە ئىشىنىمىز. چۈنكى بىز سەندىن ھازىرغىچە يالغان سۆز ئاڭلاپ باققىنىمىز يوق» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبىرىمىز: «ئۇنداق بولسا مەن سىلەرنى بۇتقا ئىبادەت قىلىشنى تاشلاپ، بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا دەۋەت قىلىمەن. ئەگەر ئاشۇ باتىل ئېتىقادىڭلارنى داۋاملاشتۇرساڭلار، قاتتىق ئازابقا قېلىشىڭلاردىن ئاگاھلاندۇرىمەن» دېدى. سورۇندىكىلەر ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگە ئەسلا قۇلاق سالمىدى. ئەبۇ لەھەب ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قاتتىق سۆز قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر تارقاپ كەتتى.

پەيغەمبىرىمىز دەۋەت قىلغان ئىسلام دىنى ئىنسان تەبىئىتىگە ئىنتايىن يېقىن، ئەقىلگە مۇۋاپىق، ئەڭ ئاسان دىن بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن زاماندىن بېرى خۇراپاتلىقنىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ يولىنى مۇقەددەس دىن دەپ ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن نادان ئەرەبلەرگە تولىمۇ يات كۆرۈندى. ئۇلار پەيغەمبىرىمىز ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچىلەرنى «بۇلار ئازغان، گۇمراھ بولغان كىشىلەر» دەپ ئويلىشاتتى. ئۇلارغا تۇرلۇك مەسخىرە، تۆھمەت تاشلىرىنى ياغدۇراتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ توغرا يولدا ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، ئاتا ـ بوۋىلىرىغا قارىغۇلارچە ئەگىشىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى، ئىبادەت قىلىپ كەلگەن بۇتلاردىن ھېچقانداق پايدا ـ زىيان كەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇ بۇتلارنىڭ باشقا ياغاچ ـ تاشلاردىن ھېچقانداق پەرقى يوقلىقىنى، ئۇلارنىڭ «بىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدا» دەپ تۇرۇپ، تامامەن ئۇ دىنىنىڭ ئەكسىچە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ تەئەسسۇپلۇق تومۇرلىرى ئۇرغۇپ، ئاخىرىدا ئۇنى بۇ ئىشتىن قەتئىي چەكلەش ھەققىدە ئۆز ئارا يىغىلىپ مەسلىھەتلەشتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ تالىپتەك نوپۇزلۇق بىر شەخسنىڭ ھىمايىسىدە بولغاچقا، ئۇلار ئۇنىڭغا ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسىتەلمىدى. ئاخىرىدا ئۇلار ئەبۇ تالىپتىن پەيغەمبىرىمىزنى توسۇشنى تەلەپ قىلماقچى بولۇشتى.

## مۇشرىكلارنىڭ ئەبۇ تالىپنىڭ يېنىغا كېلىشى

قۇرەيش كاتتىلىرىدىن ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە، ئەبۇ سۇفيان، ئۇتبە ئىبنى رەبىئە، شەيبە ئىبنى رەبىئە ۋە ئەمر ئىبنى ھىشام باشلىق بىر نەچچە كىشى ئەبۇ تالىپنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى ئەبۇ تالىپ، مۇھەممەدنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ دىنىنى تاشلاپ، يېڭى بىر دىنغا كىشىلەرنى دەۋەت قىلىپ يۈرگەنلىكىنى بىلىسەن، بىز مۇھەممەدنىڭ بۇ ئىشىغا چىداپ تۇرالمايمىز. شۇڭلاشقا سەن مۇھەممەدنى بۇ ئىشتىن ياندۇرغىن، ياكى مۇھەممەدنى بىزگە تاپشۇرۇپ بەرگىن» دېيىشتى. ئەبۇ تالىپ ئۇلارنى يۇمشاق سۆز قىلىپ ياندۇردى. لېكىن پەيغەمبىرىمىزگە بۇ ھەقتە ھېچنەرسە دېمىدى. پەيغەمبىرىمىز بۇرۇنقىدەكلا ئۆز يولىنى داۋام قىلىۋەردى.

## مۇشرىكلارنىڭ ئەبۇ تالىپنىڭ يېنىغا ئىككىنچى قېتىم كېلىشى

قۇرەيش كاتتىلىرى ئەبۇ تالىپنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى توسمىغانلىقىنى بىلىپ، ئىككىنچى قېتىم يەنە ئەبۇ تالىپنىڭ يېنىغا بېرىپ: «ئى ئەبۇ تالىپ، سەن بىزنىڭ ئىچىمىزدە مويسىپىت، ئېتىبارلىق كىشىسەن، سەندىن مۇھەممەدنى

www.islamyoli.net

بۇ ئىشتىن چەكلەشنى تەلەپ قىلغان ئىدۇق، سەن قوبۇل قىلمىدىڭ، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنى ۋە ئىلاھلىرىمىزنى ھاقارەتكە ئۇچراتمىغىن، بولمىسا مۇھەممەد ۋە سەن بىلەن ئۇرۇش قىلىمىز» دېيىشتى. ئەبۇ تالىپ ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ئىنتايىن ئىزا تارتتى. كېيىن پەيغەمبىرىمىزنى يېنىغا چاقىرىپ، مەزكۇر ئىشنى ئېيتىپ: «سەن ئۆزۈڭنى ساقلا، ماڭا كۆتۈرگىلى بولمايدىغان بۇنداق ئېغىر يۈكنى يۈكلىمە» دېدى. پەيغەمبىرىمىز ئەبۇ تالىپنىڭ بۇ سۆزىدىن ئۇنىڭ بۇندىن كېيىن ئىگە بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ: «مېنى بۇ ۋەزىپىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن، كۈننى ئوڭ تەرىپىمدە، ئاينى سول تەرىپىمدە قويسىمۇ تاشلىمايمەن، ھاياتىمدىن ئايرىلساممۇ بۇ يولۇمدىن ئايرىلمايمەن» دېگەن مەزمۇندا جاۋاب بېرىپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاققان ھالدا چىقىپ كەتتى. ئەبۇ تالىپ ئۇنىڭ بۇ ئىرادىسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا شەپقىتى كېلىپ: «ئى مۇھەممەد، بېرىپ خالىغىنىڭنى سۆزلە، مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن سېنى قوغدايمەن» دېدى.

## مۇشرىكلارنىڭ ئەبۇ تالىپنىڭ يېنىغا ئۈچىنچى قېتىم كېلىشى

قۇرەيش كاتتىلىرى ئەبۇ تالىپنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى ھىمايە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ھەيرانلىقتا قېلىشتى. چۈنكى ئەبۇ تالىپ مەككە شەھىرى ئىچىدە ئابرۇيلۇق، نوپۇزلۇق كىشى ئىدى. ئەگەر ئۇلار ئەبۇ تالىپ بىلەن ئۇرۇشىمىز دېسە، ئەبۇ تالىپنىڭ تەرەپدارى بولىدىغان بىرنەچچە قەبىلىلەر چىقىشى مۇقەررەر ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئۇرۇشۇپ قالسا، ئىككى ئارىدا زور قان تۆكۈلۈشىدىن قورقۇپ، مەسىلىنى ئىمكانقەدەر كېلىشىم بىلەن بىر تەرەپ قىلىش قارارىغا كېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز ئارا مەسلىھەتلىشىپ، قۇرەيش كاتتىلىرىدىن ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنىڭ ئوغلى ئەممارنى ئېلىپ بېرىپ: «ئى ئەبۇ تالىپ، بۇ يىگىت قۇرەيش يىگىتلىرىنىڭ ئەڭ ئېسىلزادىسى، بىز بۇنى ساڭا بېرەيلى، ئۇنى ئۆزۈڭگە بالا قىلىۋالغىن، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇھەممەدنى بىزگە بەرگىن، ئەممار مۇھەممەدكە باراۋەر كېلىدىغان يىگىت» دېيىشتى. ئەبۇ تالىپ بۇ ئىشتىن ئەجەبلىنىپ: «سىلەر ئەجەب قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىلەر، مەن سىلەرنىڭ يىگىتىڭلارنى بېقىپ، تەربىيىلەپ چوڭ قىلىمەن، سىلەر ئۇنىڭ ئورنىغا مېنىڭ ئوغلۇمنى ئۆلتۈرىسىلەر، شۇنداقمۇ؟ بۇ پەقەت قاملاشمايدىغان ئىش» دەپ جاۋاب بەردى.

پەيغەمبىرىمىز قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ دۈشمەنلىك قىلىشىغا قارىماي، مەسخىرە قىلىپ كۈلگۈچىلەرگە پەرۋاسىز ھالدا ئاللاھ تەرىپىدىن بۇيرۇلغان ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشتا ئەسلا بىخۇدلۇق قىلماي، پۇرسەت تاپسىلا كىشىلەر توپلانغان يەرلەرگە بېرىپ، ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلاتتى. قۇرئان ئوقۇپ ئۇلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالاتتى. ھەج مەۋسۇمىدا ۋە ئۇككاز بازىرى تازا قىزىيدىغان ۋاقىتلاردا، پۈتۈن ئەرەبلەرنى دەۋەت قىلاتتى. مۇتەئەسسىپ، نادان قۇرەيش ئەرەبلىرى ئۇنىڭغا پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىنى ئۇنىڭ گېپىنى تىڭشىماسلىققا ئۈندەيتتى. ئەمما ئىسلام نۇرى ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكىگە قارىماي، كۈنسېرى ئەتراپقا تارقىلاتتى.

ئابدۇ مەنناف ئوغۇللىرىدىن ئەبۇ لەھەبتىن باشقا، بەنى ھاشىم بىلەن بەنى مۇتەللىپنىڭ ھەممىسى بۇ مەسىلىدە ئەبۇ تالىپنىڭ تەرىپىدە بولۇپ، بەنى ئابدۇ شەمس ۋە بەنى نەۋفەللەر قۇرەيش ئەرەبلىرىنىڭ تەرىپىنى ئالدۇ. ئەبۇ

www.islamyoli.net

تالىپ پۈتۈن ئەرەبلەرنىڭ ئۆزلىرىگە دۈشمەنلىك قىلىشىدىن ساقلىنىش مەقسىتىدە، تەسىرلىك قەسىدىلەر بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بەزى قۇرەيش ئەرەبلىرى تەرىپىدىن زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، ئەرەب كاتتىلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى. پەيغەمبىرىمىزنى هاياتىدىن ئايرىلغانغا قەدەر قوغدايدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئەرەبلەردە قەسىدە، شېئىر، بېيىتلارنىڭ تەسىرى ئىنتايىن زور ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئەبۇ تالىپنىڭ ئوقۇغان قەسىدىلىرى ئەرەبلەرنى يۇمشىتىشتا زور رول ئوينىدى.

قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئەبۇ تالىپنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى همايە قىلىشتىن ۋاز كەچمىگەنلىكىنى، ئەگەر پەيغەمبىرىمىزگە سۇيىقەست قىلىنسا مەيلى ئەبۇ تالىپ بولسۇن، مەيلى ئۇنىڭ تەرەپدارى بولغان بەنى هاشىم ۋە بەنى مۇتەللىپ ئەرەبلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ قوزغىلىپ كېتىشىنى ياخشى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار پەيغەمبىرىمىزنى كۈچ ئىشلىتىپ توسۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. لېكىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەۋىتىنى راۋاج تاپقۇزماسلىق ۋە ئۇنى ئەگەشكۈچىلىرىدىن ئايرىپ، يېتىم قالدۇرۇشقا مۇمكىن بولغان ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسىنى قوللاندى. ئۇلار ساھابە كىراملارنى كۆرگەنلىكى يەردە مەسخىرە قىلاتتى. همايىسىز بولغان ساھابىلەرنى تۈرلۈك يوللار بىلەن ئازابلايتتى. پەيغەمبىرىمىزنى ھەر تۈرلۈك سۆزلەر بىلەن ئەيىبلەپ، خىلمۇ خىل تۆھمەتلەرنى توقۇيتتى. شائىر، كاھىن، سېھىرگەر، ساراڭ دېگەندەك چاپلىمىغان سۆزلىرى قالمىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ مەسخىرە ۋە تۆھمەتلىرىگە قارشى نازىل بولغان قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن تەسەللى تېپىپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا قىلچىمۇ پەرۋا قىلماي، جانابى ئاللاھقا تايىنىپ، ئۆز ۋەزىپىسىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈردى.

## مەسخىرە قىلغۇچىلار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئازار بېرىپ، ئۇنىڭغا جاپا سېلىشقا پۈتۈن قۇرەيش مۇشرىكلىرى قېتىلغان بولسىمۇ، لېكىن بەزىلىرى پەيغەمبىرىمىزگە غايەت دۈشمەن بولۇپ، پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋىتىنى ئۇنىڭغا قارشى ئىشلەتتى. بۇلارنى شەرىئەت تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «مۇستەھزىئۇن (مەسخىرە قىلغۇچىلار)» دېيىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ئەشەددىيسى ئەبۇ جەھىل بولۇپ، ئۇ ھەر زامان پەيغەمبىرىمىزگە ئازار بېرەتتى. خۇسۇسەن پەيغەمبىرىمىز ناماز ئوقۇغىلى كەبىگە بارغاندا، ئۇنى كەبىدە ناماز ئوقۇتماسلىق ئۈچۈن قىلمىغان ئىشى قالمايتتى. بىر قېتىم ئەبۇ جەھىل قۇرەيش كاتتىلىرى بىلەن بىر يىغىلىشتا ئولتۇرۇپ: «مەن ئەمدى مۇھەممەدنىڭ بۇ ئىشىغا چىداپ تۇرالمايمەن، ئەتە مۇھەممەد كەبىگە كېلىپ، ناماز ئوقۇغاندا ئۇنى تاش بىلەن ئۇرۇپ يوقىتىمەن، سىلەر مېنى مەيلى ئابدۇ مەنافنىڭ ئوغۇللىرىغا تاپشۇرۇڭلار، مەيلى قوغداڭلار مەن بۇ ئىشنى چوقۇم قىلىمەن» دېدى. دېگەندەك ئەتىسى پەيغەمبىرىمىز كەبىگە كېلىپ، نامازغا تۇرغاندا ئەبۇ جەھىل چوڭ بىر تاشنى ئېلىپ، پەيغەمبىرىمىز تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئەتراپتىكى قۇرەيش كاتتىلىرى ئۇنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن قاراپ تۇرۇشاتتى. ئەبۇ جەھىل پەيغەمبىرىمىزگە يېقىنلاشقاندا، قولىدىكى تاشنى تاشلاپ، ئىنتايىن قورقۇپ، رەڭگى ئۆچكەن هالدا ئارقىسىغا ياندى. ئەتراپتىكىلەر سوئال نەزىرى بىلەن: «ساڭا نېمە بولدى؟ سۆزۈڭدە تۇرمىدىڭغۇ؟» دېگەندەك ئۇنىڭغا قاراشتى. ئۇ: «مۇھەممەدكە يېقىنلاشقىنىمدا، ئالدىمغا بىر ئەركەك

www.islamyoli.net

تۆگە چىقىپ، ماڭا ئېتىلىپ كەلدى، مەن شۇنىڭدىن قورقۇپ، ئارقامغا ياندىم» دېدى. بۇنىڭدىن باشقا پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئەبۇ جەھىل ئوتتۇرىسىدا يەنە مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:
بىر ئادەمنىڭ ئەبۇ جەھىلدە ئېلىشى بولۇپ، ئۇزۇندىن بېرى ئالالماي يۈرەتتى. ئۇ ئادەم بىر كۈنى قۇرەيش كاتتىلىرى توپلىنىپ، پاراڭلىشىۋاتقان يەرگە كېلىپ، ئۇلارغا ئەبۇ جەھىلدىن شىكايەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن قەرزىنى ئېلىپ بېرىشنى ئۆتۈندۇ. ئۇلار پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، «بىز ئەبۇ جەھىلدىن ھەققىڭنى ئېلىپ بېرەلمەيمىز، سەن مۇھەممەدنىڭ يېنىغا بار، ئۇ نوپۇز ئىگىسى، پۇلۇڭنى ئۇ ئېلىپ بېرەلەيدۇ» دەپ، ھەق ئىگىسنى پەيغەمبىرىمىزگە ئەۋەتىدۇ. ئۇلارنىڭ مەقسىتى پەيغەمبىرىمىزگە ئەبۇ جەھىلدىن دەشنەم يېگۈزۈش ئىدى. ھەق ئىگىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، ياردەم تەلەپ قىلغاندا، پەيغەمبىرىمىز ھېچبىر سۆز قىلماستىن، ئۇ ئادەم بىلەن بىرگە ئەبۇ جەھىلنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئىشىكنى چېكىدۇ، ئەبۇ جەھىل چىقىپ ئىشىكنى ئاچىدۇ ۋە پەيغەمبىرىمىزنى كۆرۈپ، رەڭگى ئۆچۈپ كېتىدۇ. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا: «بۇ ئادەمنىڭ ھەققىنى قايتۇرغىن» دېگەندە، ئۇ لام - جىم دېيەلمەي، ئۇ ئادەمنىڭ پۇلىنى بېرىدۇ.
مەسخىرە قىلغۇچىلارنىڭ كاتتىلىرىدىن يەنە بىرى ئەبۇ لەھەب ئىدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى بولسىمۇ، ئۇنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە بولغان ئۆچمەنلىكىگە گەپ تۇغرا كەلمەيتتى. ئەبۇ لەھەب پەيغەمبىرىمىزگە قوشنا بولغانلىقتىن، ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە نىجاسەت سۈركەپ قوياتتى. پەيغەمبىرىمىز شىكايەت قىلسا، قاتتىق گەپ قىلىپ ئازار بېرەتتى. ئەبۇ لەھەبنىڭ ئايالى ئۇممى جەمىل بولسا ئېرىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئەشەددىي دۈشمەن ئىدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىز ھەققىدە ئاياللار ئارىسىدا پىتنە - ئىغۋا تارقىتاتتى. ئۇلار ھەققىدە «تەببەت» سۈرىسى نازىل بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ ئېشىپ كەتكەن ئىدى.
مەسخىرە قىلغۇچىلارنىڭ يەنە بىرى ئۇقبە ئىبنى ئەبى مۇئەيت بولۇپ، بۇمۇ ئەبۇ لەھەبكە ئوخشاش پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە نىجاسەت سۈركەپ قوياتتى ۋە پەيغەمبىرىمىزنى كۆرسە مەسخىرە قىلاتتى. بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز كەبىنىڭ يېنىدا ئىبادەت قىلىۋاتقاندا، ئۇ پەيغەمبىرىمىزنى كۆرۈپ، دەرھال كىيىمىنى چىقىرىپ پەيغەمبىرىمىزنى يۆگەپ بوغۇۋالغاندا، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق كېلىپ پەيغەمبىرىمىزنى قۇتقۇزغان ئىدى. يەنە بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىز كەبىدە ناماز ئوقۇۋاتقاندا، ئەبۇ جەھىلنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئۇقبە يېڭى سويۇلغان تۆگىنىڭ ئۈچەي - قارنىنى ئېلىپ كېلىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سەجدىدىكى ھالىتىدە ئۈستىگە ئارتىپ قويغان. ئەتراپتا ساھابە كىراملار بولغان بولسىمۇ، ئۇلاردىن ھېچبىرى كېلىپ، ئۇنى ئېلىۋېتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. پەيغەمبىرىمىز ھەرىكەت قىلماي سەجدىدە تۇرىۋەرگەن. كېيىن ھەزرىتى پاتىمە ئانىمىز كېلىپ، نىجاسەتنى ئېلىپ تاشلىغان. پەيغەمبىرىمىزنىڭ سەجدىدىن تۇرۇپ، مەزكۇر كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ دۇئا قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇقبە پەيغەمبىرىمىزنى كۆرسە تۈكۈرۈپ ئۆتۈش، پېشانىسىگە ئۇرۇپ مەسخىرە قىلىشتەك ئەسكىلىكلەرنى قىلىشتىن تارتىنمايتتى.
مەسخىرە قىلغۇچىلارنىڭ يەنە بىرى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە بولۇپ، ئۇ قۇرەيش كاتتىلىرىدىن ئىدى. ئۇ بىر قېتىم پەيغەمبىرىمىزدىن قۇرئان ئاڭلاپ، ئىنتايىن تەسىرلىنىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ تەسىرلەنگەنلىكىنى قەۋمىگە سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق دەيدۇ: «مەن مۇھەممەدتىن بىر سۆز ئاڭلىدىم، ئۇ سۆز ئىنسانىنىڭ سۆزى ئەمەس، جىنىنىڭ

www.islamyoli.net

سۆزنگمۇ ئوخشمايدۇ. مۇھەممەدنىڭ بۇ ئىشى پات يېقىندا تەرەققىي قىلىدۇ.» ۋەلىدنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەشكە باشلايدۇ. ئەبۇ جەھىل بۇنى ئاڭلاپ مۇغىرەگە قاتتىق گەپ قىلىدۇ. ۋەلىد قىزىپ كېتىپ، «سىلەر مۇھەممەدنى ساراڭ دەيسىلەر، ئۇنىڭ ساراڭدەك بىرەر ھەرىكىتىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۇنى كاھىن دەيسىلەر، ئۇنىڭ كاھىنلىق ئۆگەنگىنىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ئۇنى شائىر دەيسىلەر، ئۇنىڭ بىرەر قېتىم شېئىر ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟» دېگەندە، ئەبۇ جەھىل تۇرۇپ كېتىپ: «ياق كۆرمىدۇق، ئاڭلىمىدۇق» دەيدۇ. ئاندىن كېيىن ئەبۇ جەھىل ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەگە قاراپ تۇرۇپ: «ئۇنداقتا سەن مۇھەممەدنى نېمە دەپ بىلىسەن؟» دېگەندە، ۋەلىد بىر ئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن: «مۇھەممەد بولسا بىر سېھىرگەر. كۆرمەمسەن، ئۇ ئېرى بىلەن ئايالىنىڭ ئارىسىنى، بالىسى بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ بولدى دېگەن.» مۇددەسسىر سۈرىسىدىكى: «(ئى مۇھەممەد!) مەن تەنھا ياراتقان كىشىنى (يەنى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەنى) ماڭا قويۇۋەت.» «ئۇنى مەن سەقەرگە(يەنى دوزاخقا) سالىمەن.» نۇن سۈرىسىدىكى: «قەسەمخور، پەس ئادەمگە (يەنى ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەگە) ئىتائەت قىلمىغىن» دېگەن يەردىن باشلاپ «ئۇنىڭ بۇرنىنى داغلاپ بەلگە سالىمىز» دېگەن يەرگىچە بولغان بىر نەچچە ئايەت شۇ ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە ھەققىدە چۈشۈرۈلگەن دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.

مەزكۇر ئادەملەردىن باشقا ئەسۋەد ئىبنى يەغۇس، ئاس ئىبنى ۋائىل، ئەسۋەد ئىبنى مۇتەللىپ، نەزر ئىبنى ھارىس قاتارلىق كىشىلەر پەيغەمبىرىمىز ۋە ساھابە كىراملارنى مەسخىرە قىلىشتا چېكىدىن ئاشقانلاردىن ئىدى. جانابى ئاللاھنىڭ ئۇلار ھەققىدە چۈشۈرگەن سۈرە ھىجرىدىكى: «سېنى مەسخىرە قىلغۇچىلارغا بىز چوقۇم تېتىتىمىز» دېگەن 95 ـ ئايىتى بەدىر ئۇرۇشىدا رېئاللىققا ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ تولىسى شۇ ئۇرۇشتا ئۆلتۈرۈلدى. بەزىسى ئېغىر كېسەل بىلەن ھاياتىدىن ئايرىلدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى پەيغەمبىرىمىزگە ئازار بېرىپ، ئۆچمەنلىك قىلغاندەك ساھابە كىراملارغىمۇ قىلمىغىنى قالمىدى. بولۇپمۇ ئىگە ـ چاقىسىز، يوقسۇل ساھابىلەرگە ئىنسان تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئازابلارنى سالدى. مۇشرىكلارنىڭ ئۇلارنى ئازابلىشىدىكى غەرىزى ئۇلارنى ئىسلامدىن ۋاز كەچتۈرۈش ئىدى. ھەقىقەتنى تېپىپ، ئىمان نۇرى دىلىدا يىلتىز تارتقان كىشى ئۇلارنىڭ مەسخىرە قىلىشى بىلەن ياكى ئازاب قامچىسىنى ياغدۇرۇشى بىلەن ئىمانىدىن ۋاز كېچەمدۇ...؟ ساھابە كىراملارنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە ئەگىشىشى يۈز ـ ئابرۇي قازىنىش، مال ـ مۈلۈككە ئېرىشىش ياكى مەنسەپ تۇتۇش ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. بىر قېتىم ھەقىقەت شارابىدىن ئىچىپ، لەززەت ئالغان كىشى ھەر قانچە مۇشەققەت تارتسىمۇ، ئەلۋەتتە باتىلغا مايىل بولمايدۇ. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تاش ۋە ياغاچتىن ئۆزلىرى ياسىۋالغان لات، مانات، ئۇززا ۋە ھۇبەل قاتارلىق ھېچبىر پايدىسى ياكى زىيىنى يوق نەرسىلەردىن پايدا ـ زىيان كۈتۈپ، ئۇلارغا چوقۇنۇپ كەلگەن باتىل ئېتىقادىدىن قۇتۇلغان كىشى يەنە شۇ ئەخمەقلىققە قايتامدۇ...؟! بۇ سەۋەبتىن مۇشرىكلارنىڭ ئۇلارغا قىلغان زۇلۇم، دەشنەم، ئازابلىرى ئۇلارغا ئەسلا تەسىر كۆرسىتەلمىدى. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى تېخىمۇ چىڭىتىپ، ئىمانىنى زىيادىلەشتۈردى. ئۇلار تارتقان جاپا، كۆرگەن زۇلۇم ۋە يەتكەن بالا ـ مۇسىبەتلەرگە سەبىر قىلغانلىقى ئۈچۈن، جانابى ئاللاھنىڭ جەننەت بىلەن بەرگەن بىشارىتىگە ئېرىشىپ، دۇنياغا يولباشچى بولۇپ، ئاللاھنىڭ: «بىز زېمىندا بوزەك قىلىنغانلارغا مەرھەمەت قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز. ئۇلارنى يول باشلىغۇچىلاردىن قىلىشنى،

www.islamyoli.net

(ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ مۈلكىگە) ۋارىس قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز» دېگەن ئايەت كەرىمىسىنىڭ تاجىنى كىيدى.

## ئازاب ئاستىدا قالغان ساھابىلەر

مۇشرىكلاردىن قاتتىق ئەزىيەت كۆرگەن كىشىلەرنىڭ بىرى ھەزرىتى بىلال ئىدى. ئۇ زات ئۇمەييە ئىبنى خەلەپنىڭ قۇلى ئىدى. ئۇمەييە ئۇ زاتنىڭ بوينىغا ئارغامچا سېلىپ باللارغا بېرەتتى. باللار بۇ زاتنى ئات ئېتىپ ئوينايتتى. ئۇ زات ئەسلا قارشىلىق كۆرسىتەلمەيتتى. ئۇمەييە ئۇ زاتنى كۈن تازا تىكلەنگەندە، قىزىق قۇمغا كۆينەكسىز ياتقۇزۇپ، ئۈستىگە تاش ئېلىپ قويۇپ، «سەن مۇشۇ ھالىتىڭ بىلەن ئۆلىسەن، ياكى مۇھەممەدكە قارشى چىقىپ، لات ۋە ئۇززاغا ئىبادەت قىلىپ، جېنىڭنى قۇتقۇزۇپ قالىسەن» دەيتتى. ھەزرىتى بىلالنىڭ جاۋابى «ئەھەد (ئاللاھ بىر)» دېيىشتىن باشقا بولمايتتى. شۇ تەرىقىدە ئازابلىنىۋاتقان بىر كۈنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق كېلىپ قالدۇ ۋە ئۇمەييەنىڭ ھەزرىتى بىلالغا قىلىۋاتقان بۇ قاتتىق ئازابىغا چىداپ تۇرالماي: «ئى ئۇمەييە، قاچانغىچە بۇ مىسكىننى ئازابلايسەن؟ ئاللاھتىن قورقمامسەن؟» دەيدۇ. ئۇمەييە بۇنى ئاڭلاپ: «ئۇنى سەن ئازدۇردۇڭ، ئۇنىڭغا شەپقەت قىلىشنى خاھلىساڭ، ئۇنى سېتىۋېلىپ قۇتقۇز» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق ھەزرىتى بىلالنى سېتىۋېلىپ، ئازات قىلىدۇ. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن سېتىۋېلىپ ئازات قىلىۋەتكەن كىشىلىرى كۆپ، مەسىلەن: ھەزرىتى بىلالنىڭ ئانىسى ھەمامە، ئامىر ئىبنى پۇھەيرە، ئەبۇ پۇكەيھە قاتارلىق بىرنەچچە كىشىلەر ئۇ زاتنىڭ ئازات قىلغان كىشىلىرىدۇر. ئامىر ئىبنى پۇھەيرە شۇ قەدەر ئازابلانغان ئىدىكى، ئاخىرىدا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاغزىدىن نېمە چىققانلىقىنى بىلمەي قالاتتى. زەننىزە دېگەن ئايال ئازابنىڭ دەستىدىن كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئىماندىن يانمىغان ئىدى. ئەبۇ جەھىل مەزكۇر ئاجىز كىشىلەرنى ھەقىر كۆرۈپ «مۇھەممەدنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە تەئەججۈپلەنمەمسىلەر؟ ئەگەر مۇھەممەدنىڭ دىنى ھەق بولىدىغان بولسا، شۇ ئاجىز ـ يوقسۇللاردىن ئىلگىرى بىز ئەگەشمەمدۇق؟ ھەقىقەتنى، راست يولنى بىزدىن ئىلگىرى زەننىزە تاپامدۇ؟» دەيتتى. ئۇ بۇ سۆزى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە داغ تەككۈزمەكچى بولاتتى. بۇ بەتبەخت، پەيغەمبىرىمىزگە ئەگەشكەن كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلۈك ئىگىلىرى ئەمەسلىكىنى، ھوقۇق ـ مەنسىپى يوقلىقىنى ياكى نوپۇزلۇق كىشىلەردىن بولمىغانلىقىنى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ توغرا يولدا ئەمەسلىكىگە دەلىل قىلاتتى. ئەبۇ جەھىل بۇنى بىلمەيدىغان كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى. لېكىن ئۇ چوڭچىلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ بايلىقىنى، نوپۇزىنى ئىشلىتىپ، مۇسۇلمانلارغا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلاتتى.

ئاللاھ يولىدا ئازابلانغان كىشىلەردىن يەنە ئەممار ئىبنى ياسىر ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بار ئىدى. ئۇلار ئازابلىنىۋاتقاندا پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا: «ئى ياسىر ئائىلىسى! سەبىر قىلىڭلار، سىلەرنىڭ بارىدىغان يېرىڭلار جەننەت. ئى پەرۋەردىگارىم! ياسىر ئائىلىسىنى مەغپىرەت قىلغىن!» دەپ دۇئا قىلغان ئىدى. ئەممارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئازاب ئاستىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئەمما ھەزرىتى ئەممار ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمەي كۇپرى سۆزنى سۆزلەپ سالىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ساھابە كىراملار پەيغەمبىرىمىزگە ھەزرىتى ئەممارنىڭ كۇپرى سۆزنى دېگەنلىكىنى

www.islamyoli.net

ئېيتىپ: «ئەممار ئىماندىن چىقتى» دېيىشكەندە، پەيغەمبىرىمىز: «ياق، ئەممارنىڭ ئىماندىن چىققىنى يوق، ئۇ بېشىدىن ئايىغىغىچە ئىمان بىلەن تولغان» دېگەن ئىدى.

ئازابقا ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە يەنە ھەزرىتى خەبباببمۇ بار بولۇپ، ئۇ زات جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان بىر تۆمۈرچى ئىدى. پەيغەمبىرىمىز پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى ھەر زامان ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ كېلەتتى. پەيغەمبىرىمىز پەيغەمبەرلىك بىلەن مۇشەررەپ بولغاندا، ئۇ زات پەيغەمبىرىمىزگە ئەگىشىپ مۇسۇلمان بولىدۇ. ئۇ زاتنىڭ خوجايىنى بىر ئايال بولۇپ، ئۇ ئايال تۆمۈرنى قىزىتىپ، ھەزرىتى خەببابنىڭ دۈمبىسىگە ياقاتتى. ئۇ زات بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆزىنىڭ دەردىنى تۆكۈپ، پەيغەمبىرىمىزدىن ئازابتىن قۇتۇلۇشقا دۇئا تەلەپ قىلىدۇ. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ: «سىلەردىن ئىلگىرىكى قەۋملەرنىڭ تارتقان ئازابى بۇنىڭدەك ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى تۆمۈر تاغاق بىلەن تارالغان بولسا، بەزىسى باشتىن ئايىغىغىچە ھەرە بىلەن تىلىنىپ، ئىككى پارچە قىلىناتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنىلا ئىماندىن قايتمىغان ئىدى. بۇ دىن بىر كۈنى چوقۇم كۈچلىنىدۇ. غەم - ئەندىشە ۋە تەشۋىشلەر تۈگەپ، خاتىرجەملىك كېلىدۇ. بىر ئادەم سەنئادىن ھەزرەمەۋتكىچە ئۆزى يالغۇز، غەم - ئەندىشىسىز سەپەر قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ» دەيدۇ. پەيغەمبىرىمىز بۇ سۆزنى دەپ، مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن دەرۋەقە پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلى خاتىرجەملىك ۋە ئادالەتنىڭ مەركىزى بولىدۇ.

مۇشرىكلارنىڭ ئەزىيىتىدىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىقتەك مەرتىۋە ئىگىسى بولغان زاتمۇ چەتتە قالمىغان ئىدى. بۇ زاتقا بولغان كۆپىنچە ئەزىيەت «پەيغەمبەرگە ياردەم قىلدىڭ، نۇرغۇن كىشىلەر سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن مۇسۇلمان بولۇپ كەتتى» دېگەندەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بولاتتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق مۇشرىكلارنىڭ ئەزىيىتى چېكىدىن ئاشقاندا، ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىش نىيىتى بىلەن مەككىدىن چىقىپ، بىر يەرگە كەلگەندە، قارە قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئىبنى دۇغنە ئۇچراپ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى سورايدۇ. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق «قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ ئازار ۋە كۈلپەتلىرىگە چىدىيالماي، ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىپ چىقتىم» دەيدۇ. ئىبنى دۇغنە: «ئى ئەبۇ بەكرى! سەن پېقىر، يېتىملەرگە ياردەم قىلىسەن، سىلە - رەھىم قىلىسەن، بالا - مۇسىبەت يەتكەن كىشىگە ياردەم قىلىسەن، سەندەك بىر كىشىنىڭ شەھەردىن چىقىرىلىشى ھەقلىق ئەمەس. مەن سېنى ھىمايەمگە ئالىمەن» دەپ مەككىگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ئۇلار مەككىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىبنى دۇغنە قۇرەيش كاتتىلىرىنىڭ ئۆيىگە بىر - بىردىن بېرىپ، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىقنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئىبنى دۇغنە تەسىرى چوڭ، كاتتا كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، قۇرەيش كاتتىلىرىدىن ھېچبىرى ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلالماي پەقەت، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە ئۆز ئۆيىدىلا ئىبادەت قىلىش، قۇرئاننى ئاشكارا ئوقۇماسلىقتەك ئىشلارنى ئېيتىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىبنى دۇغنە بۇ ئىشلارنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە ئېيتىدۇ. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىر مەزگىل بۇ شەرتلەرگە رىئايە قىلالىغان بولسىمۇ، كېيىن ئۆيىنىڭ ئالدىغا بىر مەسجىد سېلىپ، شۇ مەسجىدتە ئىبادەت قىلىپ، ئاشكارا قۇرئان ئوقۇشقا باشلايدۇ.

ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق قۇرئاننى ئىنتايىن تەسىرلىك ئوقۇيتتى ۋە قۇرئان ئوقۇۋېتىپ يىغلاپ كېتەتتى. مۇشرىكلارنىڭ ئاياللىرى ۋە بالا - چاقىلىرى بۇ زاتنىڭ يېنىغا كېلىپ قۇرئان تىڭشايتتى. بۇنى كۆرگەن

مۇشرىكلار بالا ـ چاقىلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولۇپ كېتىشىدىن قورقۇپ، دەرھال ئىبنى دۇغنەنى چاقىرىپ، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدۇ. ئىبنى دۇغنە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە: «ياكى شەرت بويىچە ئىش قىلىسەن، ياكى بولمىسا ھىمايەمنى قايتۇرىسەن» دەيدۇ. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق: «مەن ئاللاھنىڭ ھىمايىسىگە رازىمەن» دەپ ئىبنى دۇغنەنىڭ ھىمايىسىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ.
ئىسلام يولىدا ئەزىيەتكە ئۇچراپ، جاپا ـ مۇشەققەت تارتقانلار يالغۇز يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان كىشىلەرلا ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن باشقا نۇرغۇن كىشىلەر بار. بىز ئۆرنەك بولسۇن ئۈچۈن پەقەت يۇقىرىقىلارنىلا بايان قىلدۇق.

## ھەزرىتى ھەمزىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە قىلغان زۇلۇم ۋە ئەزىيەتلىرى ئۇنىڭ تاغىسى ھەزرىتى ھەمزىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەب بولدى.
بىر كۈنى ئەبۇ جەھىل پەيغەمبىرىمىزگە قاتتىق ئەزىيەت بېرىپ، دەشنام قىلىدۇ. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا قارشىلىق بىلدۈرمەي سۈكۈت قىلىدۇ. بۇ ۋەقەنى بىر ئايال ھەزرىتى ھەمزىگە يەتكۈزىدۇ. ھەزرىتى ھەمزە قاتتىق غەزەپكە كېلىپ، كەبىنىڭ يېنىدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئەبۇ جەھىلنى بېشى يېرىلغۇچە ئۇرۇپ: «سەن مۇھەممەدكە نېمە ئۈچۈن ئازار بېرىسەن؟ مەن ئۇنىڭ دىنىدا تۇرساممۇ شۇنداق قىلامسەن؟» دەيدۇ. بۇنى كۆرگەن ئەبۇ جەھىلنىڭ تەرەپدارلىرى ھەزرىتى ھەمزىگە يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ. ئەبۇ جەھىل ھەزرىتى ھەمزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىدىن قورقۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن: «بولدى قىلىڭلار، ھەمزە ھەقلىق. چۈنكى مەن ئۇنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلىغا ئازار بەردىم» دەيدۇ.
بۇ ۋەقە بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، ھەزرىتى ھەمزە مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلامغا نۇرغۇن خىزمەت كۆرسىتىدۇ. ھەزرىتى ھەمزىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن مۇشرىكلار قورقۇپ، پەيغەمبىرىمىزگە قاتتىق ئازار بېرىشتىن ئۆزلىرىنى تارتىدىغان بولىدۇ. چۈنكى ھەزرىتى ھەمزە ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن باتۇر، قورقماس ئادەملەرنىڭ بىرى ئىدى. مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا ئەزىيەت، دەشنام بېرىپ، ھېچبىر پايدا تاپالمىدى. ئەكسىچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانى تېخىمۇ كۈچىيىپ، سانى كۈنسېرى ئېشىشقا باشلىدى. مۇشرىكلار ئاخىرىدا ئۆز ئارىلىرىدا كېڭەش ئېلىپ بېرىپ، ئۇتبە ئىبنى رەبىئە پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىر نەچچە خىل مەسىلە ئۈستىدە سۆزلىشىپ كۆرىدىغان بولدى.
پەيغەمبىرىمىز مەسجىدتە ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئۇتبە كېلىپ: «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! سەن بولساڭ بىزنىڭ ئىچىمىزدە تەسىرى زور كىشىلەردىنسەن، سەن ئۆز قەۋمىڭغا ئىنتايىن كاتتا بىر نەرسە ئېلىپ كەلدىڭ، ئەمما ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزدۇڭ، ئۇلارنى ئەقىلسىز دەپ مەبۇدلىرىنى، دىنىنى ئەيىبلىدىڭ، ئاتا ـ بوۋىلىرىنى ئازغۇنلارغا ئوخشاتتىڭ، مەن ساڭا بىر نەچچە تۈرلۈك مەسىلىنى ئېيتقىلى كەلدىم، قوبۇل قىلغىنىڭ ياخشى» دەيدۇ. پەيغەمبىرىمىز: «بولىدۇ، قېنى ئېيتىپ باق، ئاڭلاپ كۆرەي» دەيدۇ. ئۇتبە: «ئى بۇرادىرىمنىڭ ئوغلى! سەن ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىققان بۇ ئىشتىن مەقسىتىڭ مال ـ مۈلۈك ئىگىسى بولۇش بولسا، بىز مال ـ مۈلۈك توپلاپ، سېنى ھەممىمىزدىن باي قىلىۋېتەيلى، ئەگەر جامائەتكە باش بولۇش بولسا، سېنى ھەممىمىزگە باش قىلايلى،

www.islamyoli.net

سىنىڭ پىكرىڭنى ئالماي ھېچبىر ئىش قىلىنمىسۇن. ئەگەر پادىشاھ بولۇش بولسا، بىز سېنى پادىشاھ قىلايلى، ياكى بۇ ئىشىڭ جىن ـ شەيتان تەرىپىدىن بولۇپ، ئۇنى قايتۇرۇشقا قادىر بولالمىغان بولساڭ، سېنى بىز داۋالاپ ساقايتايلى» دەيدۇ. پەيغەمبىرىمىز بۇنى ئاڭلاپ: «ئى ئۇتبە! سۆزۈڭ تۈگىدىمۇ؟» دېگەندە، ئۇتبە: «تۈگىدى» دەيدۇ. پەيغەمبىرىمىز: «ئۇنداق بولسا مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلا» دەپ قۇرئان كەرىمدىكى فۇسسىلەت سۈرىسىنى باشلاپ ئۇن، ئۇن بىر ئايەت ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇتبە ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇتۇۋېلىپ: «ئۇرۇق ـ تۇغقانچىلىقىمىزنى دەپ بولسىمۇ توختا» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇتبە نەتىجىسىز قايتىپ، مۇشرىكلارنىڭ يېنىغا بارغاندا ئۇلار نەتىجىنى سورايدۇ. ئۇتبە قەسەم قىلىپ تۇرۇپ: «مەن مۇھەممەدتىن بىر سۆز ئاڭلىدىم، ئۇ سۆزدەك بىر سۆزنى ئاڭلاپ باقمىغان ئىدىم. قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، مەن مۇھەممەدتىن ئاڭلىغان ئۇ سۆز شېئىر ئەمەس، كاھىنلىقتىنمۇ ئەمەس، سېھىرگەرلىكتىنمۇ ئەمەس. ئى قۇرەيشلەر! سۆزۈمنى ئاڭلاڭلار! مۇھەممەدنى ئۆز دىنى بىلەن قويۇپ بېرەيلى، ئۇنىڭ بىلەن ئىشىمىز بولمىسۇن، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، مۇھەممەدتىن مەن ئاڭلىغان سۆز چوقۇم بىر نەتىجە بېرىدۇ، ئۇ سۆز بىكار سۆز ئەمەس. سىلەر مۇھەممەدنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايسىلەر» دېگەندە، ئۇلار ئۇتبىگە: «مۇھەممەد ساڭا سېھرى قىپتۇ» دېيىشتى.

مۇشرىكلار مەزكۇر ۋەقەدىن كېيىن پەيغەمبىرىمىزگە: «سەن بىزنىڭ دىنىمىزغا شېرىك بول، بىز سېنىڭ دىنىڭغا شېرىك بولايلى! ھەر ئىككى دىن تاشلىنىپ قالمىسۇن» دېگەندە، ئاللاھ تەرىپىدىن «(ئى مۇھەممەد! سېنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئۈندىگۈچى كاپىرلارغا) ئېيتقىنكى، «ئى كۇپپارلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن. سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايسىلەر» دېگەن كافىرۇن سۈرىسى نازىل بولدى. شۇنىڭ بىلەن كاپىرلارنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ، پەيغەمبىرىمىزدىن قۇرئان كەرىمدىكى كاپىرلار ھەققىدە نازىل بولغان ئايەتلەرنى ئېلىۋېتىشنى ياكى ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنى، ئاتا ـ بوۋىلىرىنى سۆكمەيدىغان باشقا بىر قۇرئان ئېلىپ كېلىشنى تەلەپ قىلدى. جانابى ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىگە جاۋابەن: «(ئى مۇھەممەد! سەن ئۇلارغا) ‹مەن ئۇنى ئۆزۈمچە ئۆزگەرتەلمەيمەن، مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھيىگىلا ئەمەل قىلىمەن› دېگىن» دېگەن يۇنۇس سۈرىسىنىڭ **15** ـ ئايىتىنى نازىل قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش مۇشرىكلىرىدىن بولغان بىر نەچچە كىشىگە ئىسلام دىنىنى چۈشەندۈرۈپ نەسىھەت قىلىۋاتقاندا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممى مەكتۇم كېلىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، سوئال سورىغىلى تۇردى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى ئىمانغا كېلىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىد بىلەن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممى مەكتۇمنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى ۋە ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرغاچ، ئابدۇللاھقا: «بۇلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقىنىمنى ئۇقمىدىڭمۇ؟» دېگەندەك قىلىپ، چىرايىنى تۇردى. بۇ سەۋەبتىن جانابى ئاللاھ ئەبەسە سۈرىسىنىڭ «يېنىغا ئەما كەلگەنلىكى ئۈچۈن (پەيغەمبەر) تەرىنى تۇردى ۋە يۈزىنى ئۆرۈۋالدى. (ئى مۇھەممەد!) نېمە بىلىسەن؟ (بەلكى) ئۇ (سەندىن ئالغان مەرىپەت بىلەن گۇناھلىرىدىن) پاكلىنىشى مۇمكىن ياكى ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن. ئۆزىنى (ئىماندىن) بىھاجەت ھېسابلايدىغان ئادەمگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىسەن (يەنى ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ، تەبلىغ قىلىشقا كۆڭۈل بۆلىسەن).

www.islamyoli.net

ئۇ(كۆپرىدىن، گۇناھلاردىن) پاكلانمىسا ساقا نىمە زىيىنى. سەندىن مەرىپەت تىلەپ، ئاللاھتىن قورققان ھالدا يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا قارىماي قويىسەن» دېگەن 10 ـ ئايەتكىچە بولغان ئايەتلەرنى نازىل قىلدى. بۇ ۋەقە بولۇپ ئۆتكەندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز ھېچقاندىاق ئاجىز كىشىگە چىرايىنى تۈرۈپ قارىمىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممى مەكتۇم پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا قاچان كەلسە، ئۇ: «ئاللاھ ماڭا ئۇنىڭ ھەققىدە كايىغان كىشى كەلدى» دەپ، ئۇنى قىزغىن قارشى ئالاتتى. مانا بۇ ۋەقەنى مۆمىنلەر كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشى لازىم. بولۇپمۇ ئاجىز، يوقسۇل كىشىلەر بىلەن بىللە بولۇشتىن نومۇس قىلىدىغان ئالىم ـ ئۆلىمالىرىمىز، باي ـ كاتتىلىرىمىز ئىبرەت ئېلىپ، تەكەببۇرلۇق، مەنمەنچىلىك قىلىشلىرىنى تاشلىشى لازىم.

## مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزدىن مۆجىزە تەلەپ قىلىشى

پەيغەمبىرىمىز مۇشرىكلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلىرىدىن ھېچبىرىنى قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، ئۇلار باشقا بىر ئىشتىن كىرىپ بېقىشنى ئويلاپ، ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنى تەلەپ قىلىش بىلەن ئۇنى يەرگە قارىتىمىز دەپ، ئۇنىڭدىن مۆجىزە كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىپ: «ئى مۇھەممەد! ئەگەر سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭ راست بولىدىغان بولسا، بىزگە ئاينى ئىككى پارچە قىلىپ كۆرسەت» دېيىشتى. جانابى ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزگە بۇ مۆجىزىنى بېرىپ، ئاينى ئىككى پارچە قىلىپ كۆرسىتىپ بەردى. پەيغەمبىرىمىز: «ئەنە قاراڭلار، كۆرۈڭلار» دېدى.

بۇ ۋەقەنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رىۋايەت قىلىدۇ. ئۇ زات ئاۋۋال مۇسۇلمان بولغان كىشىلەردىن بولۇپ، مەزكۇر ۋەقە بۇ زاتتىن بىر نەچچە خىل يول بىلەن رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ ۋەقە يەنە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئەنەس ئىبنى مالىك، ھۇزەيپە ئىبنى يەمانى، جۇبەير ئىبنى مۇتئىم ۋە ئۇلاردىن باشقا بىر نەچچە ساھابە كىراملاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئەمما، بۇخارى ۋە مۇسلىمدا ئىبنى مەسئۇد، ئىبنى ئابباس ۋە ئەنەس ئىبنى مالىكلاردىن رىۋايەت قىلىنىدۇ.

دېمەك، بۇ ۋەقەنىڭ ئاساسى ئىشەنچلىك، راۋىلىرى مەشھۇر بولغانلىقى ئۈچۈن «ئىبنى ئابباس ئۇ ۋاقىتتا كىچىك تۇرسا، ئەنەس ئىبنى مالىك مەدىنىدە تۇرسا، ئۇلار بۇ ۋەقەنى قانداق رىۋايەت قىلىدۇ؟» دەپ بۇ ھادىسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە شەك قىلىش توغرا ئەمەس. چۈنكى ئۇلار شۇ ۋەقەدە ھازىر بولغان كىشىدىن ياكى پەيغەمبىرىمىزدىن ئاڭلاپ، ئاندىن رىۋايەت قىلغان. ھەدىس ئالىملىرى، بولۇپمۇ ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىمدەك مۇھەددىسلەر بۇ ھەدىسنى قوبۇل قىلىپ، رىۋايەت قىلغان. جۇمھۇر تەپسىرچىلەر «قىيامەت يېقىنلاشتى. ئاي يېرىلدى» دېگەن قەمەر سۈرىسىنىڭ 1 ـ ئايىتىنى شۇ ھادىسىگە باغلاپ تەپسىر قىلىدۇ. شۇڭا بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بەرگەنلىكىدە شەك قىلىشقا ھېچقانداق يول يوق. چۈنكى بۇ ۋەقەنىڭ قۇرئان، ھەدىس ۋە دىنىنىڭ ئاساسىغا زىت كېلىدىغان ھېچبىر تەرىپى يوق.

مۇشرىكلار مەزكۇر مۆجىزىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بەزىسى «ئەبۇ كەبشەنىڭ ئوغلى سىلەرگە سېھرى قىلدى» دېگەندە جانابى ئاللاھ ئۇلار ھەققىدە: «(قۇرەيش كۇپپارلىرى) بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىلا (ئىماندىن

www.islamyoli.net

يۈز ئۆرۈپ، بۇ ‹داۋاملاشقۇچى سېھىردۇر› دېيىشىدۇ (يەنى بىز ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىنى ئارقىمۇ ئارقا كەلتۈرسەك، ئۇلار ئىمان كەلتۈرمەي ئەكسىچە بۇ مۆجىزە ئەمەس، بەلكى دائىم بولغۇچى سېھىردۇر) دېيىشىدۇ» دېگەن  قەمەر سۈرىسىنىڭ 2 ـ ئايىتىنى نازىل قىلغان دېيىلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئۇلار يەنە پەيغەمبىرىمىزدىن بىر نەچچە مۆجىزە تەلەپ قىلغان. ھەتتا ئۇلار: «بىزگە زېمىندىن بۇلاق چىقارمىساڭ، ياكى سېنىڭ ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان خورمىلىق ۋە ئۈزۈملۈك باغلىرىڭ بولمىسا، ياكى سەن ئېيتقاندەك ئاسماننى پارچە ـ پارچە بولغان ھالدا بىزلەرگە چۈشۈرمىسەڭ، ياكى ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەرىشتىلىرىنى بىزگە ئاشكارا كۆرستەلمىسەڭ، ياكى ساڭا ئالتۇندىن بىر ئۆي بولمىسا، ياكى ئاسمانغا چىقىپ بىز ئوقۇيالايدىغان قۇدرەت قەلىمىدە يېزىلغان بىر كىتاب ئېلىپ كېلەلمىسەڭ ئىمان كەلتۈرمەيمىز» دەپ تەرسالىق قىلىشتى. ئۇلارنىڭ بۇ سوئالىنى جانابى ئاللاھ بەنى ئىسرائىل سۈرىسىدە بىزگە ھېكايە قىلىپ مۇنداق خەۋەر بېرىدۇ: «ئۇلار ئېيتتى: ‹تاكى سەن بىزگە يەر ئاستىدىن بىر بۇلاقنى ئېتىلدۇرۇپ چىقارمىغۇچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز. ياكى سېنىڭ خورمىلىق، تاللىق ۋە ئوتتۇرىسىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان بىر بېغىڭ بولسۇن. ياكى سەن ئېيتقاندەك ئۈستىمىزگە ئاسماننى پارچە ـ پارچە قىلىپ چۈشۈرگىن. ياكى  (پەيغەمبەرلىكىڭگە) گۇۋاھچى قىلىپ، ئاللاھنى ۋە پەرىشتىلەرنى ئالدىمىزغا كەلتۈرگىن. ياكى سېنىڭ ئالتۇندىن ئۆيۈڭ بولسۇن. ياكى سەن (شوتا بىلەن) ئاسمانغا چىققىن. تاكى ئاللاھ تەرىپىدىن (سېنىڭ ئۇنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىڭ يېزىلغان) بىز ئوقۇيالايدىغان بىر كىتابنى ئېلىپ چۈشمىگۈچە سېنىڭ ئاسمانغا چىققانلىقىڭغا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز›.»

پەيغەمبىرىمىز ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ يەنىلا ئىمان كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى جانابى ئاللاھ ئۇبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ‹ئاللاھ پاكتۇر، مەن پەقەت پەيغەمبەرمەن، ئىنسانمەن (ئاللاھنىڭ ئىزنى بولمىسا ھېچ ئادەم بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ)› دېگىن» دەپ جاۋاب بەردى. ساھابە كىراملار مۇشرىكلارنىڭ ئىمان كەلتۈرۈپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنى ئاللاھتىن تەلەپ قىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ سەۋەبتىن جانابى ئاللاھ ئۇلارغا قارىتىپ مۇنداق دېدى:

«(ئى مۆمىنلەر!) سىلەر نېمىنى بىلىسىلەر؟ مۆجىزىلەر كەلسە ئۇلار ئۇنىڭغىمۇ ئىشەنمەسلىكلىرى مۇمكىن.» كېيىن مۇشرىكلار: «ئى ئاللاھ! ئەگەر مۇھەممەد ئېلىپ كەلگەن دىن ۋە قۇرئان سېنىڭ تەرىپىڭدىن كەلگەن بولسا بىزلەرگە ئاسماندىن تاش ياغدۇرغىن، ياكى قاتتىق ئازاب ئەۋەتكىن» دېدى. ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىنى جانابى ئاللاھ بىزگە ھېكايە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ‹ئەگەر بۇ (يەنى قۇرئان) سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەقىقەت بولىدىغان بولسا، ئاسماندىن ئۈستىمىزگە تاش ياغدۇرغىن، ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن!› دېدى.» (ئەنفال سۈرىسى 32 ـ ئايەت). بۇ سۆزنى قىلغان كىشىلەرنىڭ پاكىتقا بويسۇنۇپ، ئىمان كەلتۈرۈشىدىن ئۈمىد بولسا ئىدى، ئۇلار «ئى ئاللاھ! قۇرئان سېنىڭ تەرىپىڭدىن نازىل بولغان ھەق كىتاب بولىدىغان بولسا، بىزگە ئاسماندىن تاش

www.islamyoli.net

ياغدۇرغىن، ياكى بىزنى قاتتىق ئازاب بىلەن جازالىغىن» دېيىشنىڭ ئورنىغا «بىزنى شۇ قۇرئانغا ھىدايەت قىلغىن» دېگەن بولاتتى.

شۇنى ئېنىق بىلىۋېلىشىمىز لازىمكى، مۇشرىكلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزدىن مۆجىزە تەلەپ قىلىشىدىكى مەقسەتلىرى مۆجىزە كەلسە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ تەرسالىقىدىن ئۇنى ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈرۈش بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبىرىمىز ئۇلار تەلەپ قىلغان پۈتۈن مۆجىزىلەرنى ئاللاھتىن تەلەپ قىلمىدى. ئەگەر تەلەپ قىلسا ئىدى، ئاللاھ تائالا چوقۇم ئۇنىڭ تەلىپىنى ئىجابەت قىلغان بولاتتى. ئەمما مۇشرىكلار مۆجىزىلەرنى كۆرۈپ بولۇپ ئىمانغا كەلمىسە، ئۇلار ئاد ۋە سەمۇد قەۋمىگە ئوخشاش ھالاك بولاتتى. پەيغەمبىرىمىز ئىنسانلارغا رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئازاب چۈشمىسۇن دەپ، ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنىڭ ھەممىسىنى جانابى ئاللاھتىن سورىمىغان ئىدى. ئاللاھ تائالا ـ ئۇلارنىڭ: «(قۇرەيش مۇشرىكلىرى تەلەپ قىلغان) مۆجىزىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرمەسلىكىمىز پەقەت بۇرۇنقىلار (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ) مۆجىزىلەرنى يالغانغا چىقارغانلىقى ئۈچۈندۇر» دېگەن سۆزى مەزكۇر سۆزىمىزگە دەلىلدۇر.

مۇشرىكلار گەپ ـ سۆزدە، دەلىل ـ پاكىتتا ئاجىز كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا قوللانغان كۈچ سىياستىنى قوللىنىشقا باشلىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئۇ زاتقا دەلىل ـ ئىسپاتتا تەڭ كېلەلمەي، ئاخىرىدا: «ئىبراھىمنى كۆيدۈرۈڭلار، ئىلاھلىرىڭلارغا ياردەم بېرىڭلار» دەپ كۈچ ئىشلەتكەن ئىدى. بۇ پۈتۈن دىن دۈشمەنلىرىنىڭ ۋە كۇپپارلارنىڭ تۇتۇپ كەلگەن يولى (يەنى چىدىماسلىقى ۋە نامەردلىكى). مەككىدىكى مۇشرىكلارمۇ بۇ سىياسەتنى قوللىنىپ، مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلىشقا باشلىدى. كىشىلەرنى پەيغەمبىرىمىزگە ئەگىشىشتىن ئاشكارا ھالدا زورلۇق بىلەن توستى. مۇشرىكلار بۇ جەھەتتە چېكىدىن ئاشقانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز ساھابە كىراملارغا: «ئەتراپقا تارقىلىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى پات يېقىندا بىر يەرگە كەلتۈرىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر نەگە بېرىش ھەققىدە سورىغاندا، ئۇ ھەبەشىستان تەرەپنى كۆرسەتتى.

## ساھابە كىراملارنىڭ ھەبەشىستانغا بىرىنچى قېتىم ھىجرەت قىلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئون ئىككى ئەر ۋە ئۈچ ئايال ئىمانىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا دىيارىنى تاشلاپ، ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مەككىدىكى مۇشرىكلاردىن يوشۇرۇن ھالەتتە چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىر قىسىم كىشىلەر مۇشرىكلارنىڭ كۆز ئالدىدا چىقىپ كەتتى. ئەمما مۇشرىكلار بۇلارنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلمەيتتى.

ھەبەشىستانغا تۇنجى قېتىم ھىجرەت قىلغۇچىلار ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى ئەففان ۋە ئۇنىڭ ئايالى پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزى رۇقىيە، ئەبۇ ھۇزەيپە ئىبنى ئۇتبە ۋە ئۇنىڭ ئايالى سۇھەيلىنىڭ قىزى سەھلە، ئەبۇ سەلەمە ۋە ئۇنىڭ ئايالى، ئامىر ئىبنى رەبىئە ۋە ئۇنىڭ ئايالى ھەيسەمەنىڭ قىزى لەيلا، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف قاتارلىق بىر نەچچە ساھابە كىراملار ئىدى. بەزى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ھىجرەت قىلغۇچى ئاياللارنىڭ سانى بەشكە يېتەتتى. ئۇلارنىڭ ھىجرەت قىلغان ۋاقتى پەيغەمبىرىمىز پەيغەمبەر بولۇپ، بەش يىلدىن

www.islamyoli.net

كېيىن بولغان. ئۇلار قىزىل دېڭىزدا كېمىگە ئولتۇرۇپ، ھەبەشىستانغا يېتىپ كېلىدۇ. ۋەتىنىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەي، يىغىدا ئاللاھنىڭ ياردىمى كېلىدۇ دېگەن ئۈمىد بىلەن، مەككىدە قالغان ساھابىلەرنىڭ بەزىسى مۇشرىكلار تەرىپىدىن نۇرغۇن زۇلۇمغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، بەزىسى بىر قىسىم كاتتا كىشىلەرنىڭ ھىمايىسى بىلەن قۇتۇلۇپ قالغان ئىدى.

## ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

مۇسۇلمانلارنىڭ ھەبەشىستانغا بىرىنچى قېتىملىق ھىجرىتىدىن كېيىن، مەككە ئەرەبلىرىنىڭ كاتتىلىرىدىن بولغان ھەزرىتى ئۆمەر ئىسلام بىلەن مۇشەررەپ بولدى. ئۇ زات مۇسۇلمان بولۇشتىن ئىلگىرى ئىسلام دىنىغا قاتتىق ئۆچ بولۇپ، مۇسۇلمانلارغا بولغان مۇئامىلىسى ئىنتايىن يىرىك، قوپال بىر كىشى ئىدى. ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان لەيلا مۇنداق دەيدۇ: «مەن سەپەر ھازىرلىقىنى پۈتتۈرۈپ، تۆگىگە مىنىش ئالدىدا تۇرغىنىمدا يولدىشىم بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ھەزرىتى ئۆمەر ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

ـ ئى ئابدۇللاھنىڭ ئانىسى! سەپەر نەگە؟ ـ دېدى.

ـ بىزگە كۆپ ئەزىيەت قىلدىڭلار، زۇلۇم ھەددىدىن ئاشتى، دىنىمىزنى تۇتۇشقا يول قويمىدىڭلار، شۇڭلاشقا زۇلۇم كۆرمەيدىغان بىر يەرگە كېتىشكە مەجبۇر بولدۇق، دېدىم.

ـ ئاللاھ ئاق يول بەرسۇن! دېدى ئۇ. مەن ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. كېيىن بۇ ۋەقەنى يولدىشىمغا سۆزلەپ بەرسەم، ئۇ بۇنداق سۆزلەرنى ئېيتىپ يۈرمە، ئۆمەرنى مۇسۇلمان بولىدۇ دەپ ئۈمىد قىلغىلى بولمايدۇ، دېدى.

ھەزرىتى ئۆمەر مۇسۇلمانلار كېڭەش ئېلىپ بارىدىغان ئەرقەمنىڭ ھويلىسىدا مۇسۇلمان بولغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇ زاتنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. دېگەندەك ئۇ زات مۇسۇلمان بولدى ۋە ئىسلام ئەھلى بۇ زاتنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى بىلەن بىر قەدەر ئازادىلىككە چىقتى ۋە نامازلىرىنى كەبىدە ئاشكارا ئوقۇيالايدىغان بولدى. ئۇ زامانغا قەدەر ھەممە كىشى مەخپىي ناماز ئوقۇيتتى. ھېچكىم كەبىدە ئوچۇق ـ ئاشكارا ناماز ئوقۇيالمايتتى. مۇشرىكلار ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىغا ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، ئاچچىقى كەلدى. ھەتتا ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتى بىلەن قورشىۋالدى. دەل شۇ چاغدا بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغان ئاس ئىبنى ۋائىل ئەسسەھمى ھەزرىتى ئۆمەرنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتەلمىدى.

## ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ قايتىشى

ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان مۇسۇلمانلار ھەبەشىستانغا بېرىپ، ئۈچ ئاي بولغاندىن كېيىن، «مەككە مۇشرىكلىرى پەيغەمبىرىمىز ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا زۇلۇم قىلمايدىغان بوپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقىلىدۇ. مۇقەددەس ۋەتىنى، جېنىدىن ۋە مېلىدىن ئەزىز كۆرىدىغان مۇبارەك پەيغەمبىرى ۋە دىنداش دوست ـ

www.islamyoli.net

بۇرادەرلىرىنىڭ ئۆتىدا كۆيۈپ، پۇچىلىنىۋاتقان ھەبەشىستان مۇھاجىرلىرى بۇنى ئاڭلاپ، ھېچ نېمىگە قارىماي مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار مەككە مۇكەررەمەگە يېقىنلىشاي دېگەندە، مەزكۇر خەۋەرنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بىلىپ، بىر قىسمى ئارقىسىغا يېنىپ كېتىپ، يەنە بىر قىسمى يوشۇرۇن ھالدا مەككىگە كىرىدۇ. يەنە بىر قىسمى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ھىمايىسىدە مەككىگە ئاشكارا كىرىدۇ. مانا بۇ، ھەبەشىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ مەككىگە قايتىپ كېلىشىنىڭ سەۋەبىدۇر.

ئەمما بەزى تارىخچىلار مۇھاجىرلارنىڭ مەككىگە قايتىش سەۋەبىنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەجم سۈرىسى نازىل بولغاندا، مەزكۇر سۈرىدىكى: «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ! لات، ئۇززا ۋە ئۈچىنچىسى بولغان ماناتلار (ئاللاھ تائالادەك كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگىمۇ؟)» دېگەن ئايەتكە شەيتاننىڭ قوشۇپ قويۇشى بىلەن «بۇ بۇتلار ئۇلۇغ، ياش، چىرايلىق مەبۇدلاردۇر (ياكى كاتتا ئۇلۇغ پەرىشتىلەردۇر)، ئۇلارنىڭ شاپائىتى ھەرقاچان ئۈمىد قىلىنىدۇ» دەپ قوشۇپ ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، «قۇرەيش مۇشرىكلىرى سەجدە قىلىپ، ئىمان كەلتۈرۈپتۇ» دېگەن سۆزلەر مۇھاجىرلارغا يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەككىگە قايتىپ كەلگەن دېيىلىدۇ. بۇ رىۋايەت ئەقلىي ۋە نەقلىي جەھەتلەردىن پاسىد رىۋايەتتۇر. چۈنكى بۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەتلەر گەرچە بەزى تەپسىر كىتابلىرىدا ۋە تارىخ بەتلىرىدە زىكىر قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ رىۋايەتلەر رىۋايەت ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولمىغان، ئەقىلگە زىت، ئاساسسىز رىۋايەتتۇر. چۈنكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ قۇرئان كەرىمگە شەيتاننىڭ قوشۇپ قويۇشى بىلەن، قۇرئاندىن بولمىغان، بەلكى ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىغا تامامەن زىت بولغان نەرسىلەرنى قوشۇپ ئوقۇشى دۇرۇس ئىش بولىدىغان بولسا، ئاللاھ تەرىپىدىن كېلىدىغان ۋەھيىدىن ئىشەنچ كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن قوغدىلىدىغانلىقى يوقاپ كەتمەمدۇ؟ شۇنىڭدەك مەزكۇر غەرانىق قىسسىسىنى رىۋايەت قىلغۇچىلار ھەبەشىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ ھىجرىتى رەجەپ ئېيىدا، قايتىشى شەۋۋال ئېيىدا بولغانلىقىنى ۋە نەجم سۈرىسىنىڭ رامىزان ئېيىدا نازىل بولغانلىقىنى، مەزكۇر سۈرە بىلەن مۇھاجىرلارنىڭ مەككىگە قايتىپ كېلىش ئارىسىدا بىر ئاي مۇددەت ئۆتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئويلاپ باقىدىغان بولساق، بۇ رىۋايەتنىڭمۇ ئاساسسىز ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ زامانلاردا كۈنىمىزدىكىدەك تېز ماڭىدىغان قاتناش ۋاستىلىرى، ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرى بولمىسا ئۇلار قانداقمۇ بىر ئاي مۇددەت ئىچىدە ھەبەشىستاندا تۇرۇپ، مەككىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، سەپەر تەييارلىقىنى قىلىپ مەككىگە كېلىپ بولالايدۇ؟ مانا بۇنىڭدىن بۇ رىۋايەتنىڭ ئەقلىي پاسىسپلىقى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما نەقلىي تەرەپتىن پاسىسپلىقىغا كەلسەك: قازى ئىياز ئۆزىنىڭ «شىپا» ئىسىملىك كىتابىدا «غەرانىق ھەدىسىنى ساغلام ھەدىس ئەھلىدىن ھېچبىر كىشى رىۋايەت قىلمىدى. ھېچقانداق كىشىنىڭ مەزكۇر ھەدىسكە ئاساسلانغىلى بولىدىغان بىر تەرىپىنى بايان قىلغىنى يوق» دەيدۇ. شۇنداقلا، بۇ رىۋايەتنىڭ سۆز قۇرۇلمىلىرىمۇ مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى مەزكۇر نەجم سۈرىسى باشتا بۇتلارنى ئەيىبلەپ سۆزلىنىدىغان تۇرسا، ئارقىدىنلا ئۇ بۇتلارنى سۆيپەتلەپ ماختامدۇ؟ ئەجەبا، سۆز ۋە ئىپادە جەھەتلەردە مىسلىسىز بولغان پەيغەمبىرىمىز ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئۇنى پەرق ئەتمەسمۇ؟ پەرزەن شۇنداق بولغانىمۇ دەيلى، قىبلىنىڭ بەيتۇلمۇقەددەستىن كەبىگە ئۆزگەرتىلگىنىگە قۇرئان ھەققىدە دېمىگەن سۆزلىرى، تارقاتمىغان پىتنە - پاساتلىرى قالمىغان مۇناپىقلار، مۇشرىكلار بۇنىڭدەك چوڭ بىر ھادىسىنى تاپقاندا، شۇنى ھۆججەت قىلىپ تۇرۇپ

www.islamyoli.net

«قۇرئان ئاللاھنىڭ سۆزى ئەمەس» دەپ غەۋغا قوزغاپ، ھېچ قىلمىدى دېگەندىمۇ «ئى مۇھەممەد! سەن سۆزۈڭنىڭ ئاۋۋىلىدە بۇتلىرىمىزنى ئەيىبلەپ سۆكسەن، ئاخىرىدا ئۇنى سۈپەتلەپ ماختايسەن» دەپ پەيغەمبىرىمىزگە ھۆججەت كەلتۈرگەن بولاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ يۈز بەرگىنى يوق. شۇنداقلا، مەزكۇر نەجم سۈرىسىنىڭ بېشىدا: «ئۇ (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) ئۆز نەپسى - خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ» دېگەن ئايەت زىكىر قىلىنغان تۇرۇقلۇق، ئۇ قانداقمۇ قۇرئانغا شەيتاننىڭ سۆزىنى قوشۇپ ئوقۇسۇن؟

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ «پەيغەمبىرىمىز نەجم سۈرىسىنى ئوقۇپ، سەجدە قىلغاندا ئەتراپىدىكى بىر كىشىدىن باشقا پۈتۈن كىشىلەر سەجدە قىلدى. ئۇ كىشى ئوچ دانە ئۇششاق تاشنى ئېلىپ، ئۇنى پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ: ‹ماڭا بۇ كۇپايە قىلىدۇ› دېدى. كېيىن مەن ئۇ كىشىنىڭ كاپىرلىق ھالىتىدە ئۆلگەنلىكىنى كۆردۈم» دېگەن مەزمۇندىكى ھەدىسى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ «پەيغەمبىرىمىز نەجم سۈرىسىنى ئوقۇپ، سەجدە قىلغاندا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلار، مۇشرىكلار، جىنلارنىڭ ھەممىسى سەجدە قىلدى» دېگەن ھەدىسىنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلىدۇ. بۇ ئىككى ھەدىستىن «پەيغەمبىرىمىز نەجم سۈرىسىگە شەيتاننىڭ سۆزىنى قوشۇپ ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن مۇشرىكلار شۇنىڭغا رازى بولۇپ، سەجدە قىلغان» دېگەن مەنە چىقمايدۇ. چۈنكى بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى پەيغەمبىرىمىز نەجم سۈرىسىنى ئوقۇپ، ئەتراپىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە سەجدە قىلغاندا، مۇشرىكلار «مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى پەرۋەردىگارىنى ئۇلۇغلاپ سەجدە قىلدى. بىزمۇ مەبۇدلىرىمىزنى ئۇلۇغلاپ، ئۇلارغا سەجدە قىلمايمىزمۇ» دەپ سەجدە قىلغان دېگەنلىك بولىدۇ. بەزى تەتقىقاتچىلار مەزكۇر ئىككى ھەدىسنى تەپسىر قىلىپ: «ئەرەبلەر بالاغەت ۋە پاساھەتكە تولغان ھەرقانداق شېئىر ياكى ئەدەبىي ياكى نۇتۇق سۆزلىرىنى ئاڭلىسا ئاپىرىن ئوقۇپ سەجدە قىلاتتى. مەزكۇر سۈرىمۇ بالاغەت ۋە پاساھەتتە غايەت يۇكسەك دەرىجىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇشرىكلار ھاياجىنىنى باسالماي سەجدە قىلىپ تاشلىغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.» دەيدۇ. بۇخارىدا زىكىر قىلىنغان مەزكۇر ئىككى ھەدىس ھېچبىر تەرەپتىن غەرانىق قىسسىسىنىڭ راستلىقىغا دالالەت قىلمايدۇ. ئەمما، «نۇرۇلىيەقىن» دېگەن كىتابىنىڭ مۇئەللىپىنىڭ «ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ مەزكۇر ھەدىستىكى ‹بىر ئادەم سەجدە قىلمىدى. كېيىن مەن ئۇ ئادەمنىڭ كاپىرلىق ھالىتىدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۈم› دېگەن سۆزى ئۇ ئادەمنىڭ بۇرۇن مۇسۇلمان بولۇپ، كېيىن دىندىن يېنىپ، كاپىرلىق ھالىتىدە ئۆلتۈرۈلگەن دېگەن مەناغا يېقىن» دېگەن سۆزى خاتا بولسا كېرەك. چۈنكى بۇخارىدىكى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا «مەن ئۇ ئادەمنىڭ كاپىرلىق ھالىتىدە ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردۈم، ئۇ ئادەم ئۇمەييە ئىبنى خەلەپ ئىدى» دېگەن سۆزى بار. مانا بۇ سۆزدىن سەجدە قىلماي، تاشلارنى پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ قويغان كىشىنىڭ ئۇمەييە ئىبنى خەلەپ ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا كاپىرلىق ھالىتىدە ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنى بۇرۇن مۇسۇلمان ئىدى دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇمەييە ئىبنى خەلەپ ئەسلا مۇسۇلمان بولمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىبنى مەسئۇدنىڭ ھەدىسىگە بۇنداق مەنە بېرىش ئىبنى ئابباسنىڭ ھەدىسىگە زىت كېلىدۇ. ھالبۇكى ھەر ئىككى ھەدىس ئەينى ۋەقەنى ئاڭلىتىدۇ.

مۇشرىكلارنىڭ بەنى ھاشىم بىلەن مۇئامىلە قىلماسلىق ھەققىدە ئېلان چىقىرىپ كەبىنىڭ ئىشىكىگە ئاسقانلىقى

www.islamyoli.net

مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە قىلمىغان ئۆچمەنلىكى، قوللانمىغان سىياستى قالمىغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىرادىسىنى قىلچە بوشىتالمىدى. ئەكسىچە مۇسۇلمانلار كۈندىن - كۈنگە كۆچىيىپ، مۇشرىكلارغا پات يېقىندا زور تەھدىت بولۇش باسقۇچىغا كىرىشكە باشلىدى. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەن قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ كاتتىلىرى ئۆز ئارا بىر يەرگە يىغىلىپ مەسلىھەتلىشىپ، ئاخىرىدا ئۇلار: «ھاشىم ۋە ئابدۇلمۇتەللىپ ئەۋلادلىرى بىلەن ھېچبىر جەھەتتە مۇئامىلە قىلمايمىز. ئۇلاردىن قىز ئېلىپ، قىز بەرمەيمىز.» دەپ قارار چىقىرىپ، چىقارغان بۇ قارارنامىنى كەبىنىڭ ئىشىكىگە ئېسىپ قويدى.

مەزكۇر قارارنامە بويىچە قۇرەيش مۇشرىكلىرى ھاشىم ۋە ئابدۇلمۇتەللىپ ئوغۇللىرى پەيغەمبىرىمىزنى يالغۇز تاشلاپ قويمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىمۇ ئېمبارگو ئاستىغا ئالدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئابدۇ مەنناف ئەۋلادىدىن ئىككى ئەۋلاد (يەنى ھاشىم ۋە مۇتەللىپ ئەۋلادلىرى) مەيلى مۇسۇلمان بولسۇن، مەيلى مۇشرىك بولسۇن، قۇرەيشلەردىن ئايرىلىپ، ئەبۇ تالىپ ئايمىقىغا كىردى. بۇ ئايماق «ئەبى يۇسۇف ئايمىقى» دەپ زىكىر قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئايماققا قېتىلىشى پەيغەمبىرىمىز پەيغەمبەر بولۇپ، يەتتە يىلدىن كېيىن، مۇھەررەم ئېيىنىڭ بېشىدا بولغان ئىدى. ئەبۇ لەھەب ھاشىم ئوغۇللىرىدىن ئىدى. ئەمما ئۇ بۇ ئايماققا قېتىلماي، ئەكسىچە ئۇلارغا قاتتىق دۈشمەنلىك قىلىپ، مۇشرىكلارنى ئۇلارغا قارشى قوزغايتتى. ئەبۇ تالىپ ئايمىقىغا قېتىلغان ھاشىم ئەۋلادلىرىنىڭ تارتمىغان مۇشەققەت، كۆرمىگەن ئەزىيىتى قالمىدى. ئۇلارنىڭ تارتقان مۇشەققەتلىرىنى تەسۋىرلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۇلار بار يەرگە باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ قەيەردىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىرىشىگە يول قويۇلمايتتى. ئۇلارنىڭمۇ باشقا ھەرقانداق بىر يەرگە چىقىشى چەكلەنگەن ئىدى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبىرىمىز باشلىق پۈتۈن ھاشىم ئەۋلادلىرىغا ئۆز دىيارى خۇددى بىر تۈرمىگە ئايلانغان ئىدى. ئاچارچىلىق شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى، دەرەخ يوپۇرماقلىرى ياكى ئوت - چۆپ يېلتىزلىرىنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى. ئەبۇ تالىپ قۇرەيشلەردىن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەندىن كېيىن «باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ كاتتىلىرىنىڭ قەلبىنى يۇمشىتىپ، ئۆزۈمگە قاراتسام، مەزكۇر قارارنامىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشىغا ياردىمى تېگىپ قالارمىكىن» دېگەن ئۈمىد بىلەن، تەسىرلىك شېئىر ۋە قەسىدىلەرنى ئوقۇيتتى. دېگەندەك ئەبۇ تالىپ ئوقۇغان شېئىر، قەسىدىلەر ئۇلارغا تەسىر كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەبۇ تالىپ ئايمىقىنىڭ تارتىۋاتقان مۇشەققەتلىرىگە نارازىلىق بىلدۈرۈپ، مەزكۇر قارارنامىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ئەرەب كاتتىلىرىنىڭ ئىچىدىن بۇ قارارنامىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشىغا ئەڭ كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلەر ھىشام ئىبنى ئەمرى، زۇھەير ئىبنى ئەبى ئۇمەييە، مۇتئىم ئىبنى ئەدا، ئەبۇل بۇختەر ئىبنى ھىشام، رەبىئە ئىبنى ئەسۋەد قاتارلىق كىشىلەر ئىدى. ئۇلار ھىشام ئىبنى ئەمرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە قارارنامىنى بۇزۇپ، كەبىنىڭ ئىشىكىگە ئېسىلغان ئېلاننى يىرتىپ تاشلىغان ئىدى. ھىشام ئىبنى ئەمرىنىڭ ھاشىم بىلەن يېقىن تۇغقانچىلىقى بار ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ بۇ قارارنامىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشىغا كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ئىدى. ھاشىملار ئەبۇ تالىپلار بىلەن بىرگە قۇرەيشلەرنىڭ بېسىمى ئاستىدا قېلىپ، ئاچارچىلىققا دۇچ كەلگەندە، قۇرەيش مۇشرىكلىرىدىن يوشۇرۇن ھالدا تۆگىلەرگە بۇغداي قاتارلىق ئوزۇق - تۈلۈكلەرنى ئارتىپ، ئۇلارغا يەتكۈزۈپ بەرگەن ئىدى. پەيغەمبىرىمىز كەبىنىڭ ئىشىكىگە ئېسىلغان ئېلان ئەمەلدىن

www.islamyoli.net

قالدۇرۇلۇشتىن بۇرۇن، ئۇنىڭدىكى ئاللاھنىڭ ئىسمىدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسىنى قۇرت يەپ تۈگەتكەنلىكىنى ئېيتقان. مۇشرىكلار تەكشۈرۈپ كۆرسە، پەيغەمبىرىمىز دېگەندەك چىققان.

## ساھابە كىراملارنىڭ ھەبەشىستانغا ئىككىنچى قېتىم ھىجرەت قىلىشى

مۇشرىكلار مۇسۇلمانلار بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى چەكلىگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنى يەنە ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن 83 نەپەر ئەر، 19 نەپەر ئايال بولۇپ، جەمئىي بىر يۈز ئىككىدەك ئادەم ئىككىنچى قېتىم  ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىپ باردى. مەككىدە پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرگە ئازغىنە ساھابە قالدى. يەمەنلىك ئەبۇ مۇسالئەشئەرى ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن بىر نەچچە كىشىمۇ ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ ھەبەشىستاندا مۇسۇلمانلار خېلى كۆپىيىپ قالدى. بىر مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئەزىز ۋەتىنى، سۆيۈملۈك ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا تارتىشىپ مەككىگە قايتىپ كەلدى. بەزىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ مەدىنىگە كەلدى. بۇنىڭدىن باشقا بىردىن، ئىككىدىن بولۇپ قايتىپ كەلگەنلەرمۇ بولسا كېرەك. ھەبەشىستان مۇھاجىرلىرىنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن كېيىن قايتىپ كەلگەنلىرى، ھىجرىيىنىڭ يەتتىنچى يىلى خەيبەر پەتھى قىلىنغاندا، جەئپەر ئىبنى ئەبى تالىپنىڭ يېتەكچىلىكىدە قايتىپ كەلدى.
مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارنىڭ ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىپ بېرىپ، بىر ئادىل پادىشاھنىڭ ھىمايىسىدە كەڭ ـ كۇشادە، خاتىرجەم ياشاپ، ئۆزلىرىنىڭ دىنىنى ئەرەب بولمىغان خەلقلەرگىمۇ تارقىتىپ، تېخىمۇ كۆچىيىپ كېتىشىدىن قورقسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ بىر ياقا يۇرتتا ئەركىن ـ ئازادە ياشاۋاتقانلىقىغا چىدىماي، ئۆز ئارىلىرىدا كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، ھەبەشىستاندىكى مۇھاجىرلارنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن سوۋغا ـ سالام ۋە ھەدىيىلەر بىلەن ئەمر ئىبنى ئاس ۋە ئەممار ئىبنى ۋەلىدلەرنى نەجاشىغا ئەۋەتتى. ئۇلار ھەبەشىستانغا بېرىپ نەجاشىنىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزەرالىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئېلىپ كەلگەن سوۋغا ـ سالاملىرىنى تەقدىم قىلىپ، ئۇلاردىن نەجاشىغا ئۆزلىرىنىڭ كېلىش مەقسىتىنى يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. ئەمما نەجاشى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىغانلىقى ئۈچۈن، مەقسەتكە يېتەلمەي، ئامالسىز قايتىپ كەتتى.

## قايغۇ يىلى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشلىق ھاشىم ۋە ئابدۇلمۇتەللىپ ئەۋلادلىرىنىڭ قورەيش ئايمىقىدىن ئايرىلىپ قېلىشى پەيغەمبىرىمىز پەيغەمبەر بولۇپ، ئون يىلدىن كېيىن، يەنى ھىجرەتتىن ئۈچ يىل بۇرۇن بولغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايماقتىن ئايرىلىپ، ئالتە ئايدىن كېيىن شەپقەتلىك تاغىسى ئەبۇ تالىپ سەكسەن يېشىدا ۋاپات بولدى. ئەبۇ تالىپ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندا، ئۇنى يوقلاش ئۈچۈن قۇرەيش كاتتىلىرى يىغىلىپ كەلدى. ئۇلار ئەبۇ تالىپقا «سەن بىزنىڭ ئىچىمىزدە مويسىپىت بىر كىشىسەن، تەن ـ سالامەتلىكىڭ بۇ كۈنلەردە ئانچە ياخشى ئەمەس، مۇھەممەد بىلەن بىزنى ياراشتۇرۇپ قويغىن. ئۇ بىزنىڭ دىنىمىزغا چېقىلمىسۇن،

www.islamyoli.net

ئىلاھلىرىمىزنى ئەيىبلەپ سۆكمىسۇن، بىزمۇ ئۇنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمىساق» دېيىشتى. ئەبۇ تالىپ پەيغەمبىرىمىزنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى يەتكۈزدى. پەيغەمبىرىمىز: «بولىدۇ، بۇ ياخشى ئىش. لېكىن ئۇلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ «لا الَـهَ الا اللّهُ» كەلىمىسىنى ئېيتىشى، بىرلا ئاللاھتىن باشقا ھېچبىر نەرسىگە ئىبادەت قىلماسلىقى لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا مەن ئۇلاردىن ھېچنەرسە تەلەپ قىلمايمەن» دېدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان قۇرەيش مۇشرىكلىرى نائۈمىد بولۇپ قايتىپ كېتىشتى.

ئەبۇ تالىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىنكار قىلمىسىمۇ، لېكىن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى بىر نەچچە قېتىم ئىمانغا دەۋەت قىلدى. ھەتتا ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ تۇرۇپ، شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇ: «مەندىن كېيىن ئەۋلادلىرىمنى كىشىلەر ئاتاڭلار، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ دىنىدىن چىققان دەپ ئەيىبلىشىدىن قورقىمەن» دەپ ئىمان ئېيتقىلى ئۇنىمىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۆز تاغىسى ئەبۇ تالىپنىڭ ئىمان ئېيتماي ئۆلۈپ كەتكەنلىكىدىن كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم بولدى. بۇ سەۋەبتىن جانابى ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزگە خىتاب قىلىپ قەسەس سۈرىسىنىڭ: «شۈبھىسىزكى، سەن خاھلىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن ئاللاھ ئۆزى خاھلىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ» دېگەن 56 ـ ئايىتىنى نازىل قىلدى.

پەيغەمبىرىمىز ئەبۇ تالىپ ۋاپات بولۇپ، زور بىر ياردەمچىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بولدى. چۈنكى ئەبۇ تالىپ ھايات ۋاقتىدا مۇشرىكلار ئۇنىڭ يۈزىدىن پەيغەمبىرىمىزگە سۇيىقەست قىلىشقا پېتىنالمايتتى. ئەبۇ تالىپ ۋاپات بولۇشى بىلەن ئۇلار يەنە پەيغەمبىرىمىزگە تۈرلۈك ئەزىيەتلەر بىلەن زورلۇق قىلىشقا باشلىدى. ھەتتا ئۇنىڭغا توپا چېچىش، ناماز ئوقۇۋاتقاندا ئۈستىگە نىجاسەتلەرنى ئارتىپ قويۇشتەك رەزىل، پەسكەشلىكلەردىن نېرى بولمىدى.

## ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىزنىڭ ۋاپات بولۇشى

ئەبۇ تالىپ ۋاپات بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىز ۋاپات بولدى. خەدىچە ئانىمىز ھەر جەھەتتىن يېتىشكەن، ئېسىل، پەزىلەتلىك ئايال بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزگە ھەر جەھەتتىن زور يۆلەنچۈك بولاتتى. ئۇنىڭ غەم ـ قايغۇسىغا ئورتاق بولۇپ، دەردىگە دەرمان بولاتتى. خەدىچە ئانىمىز قۇرەيشلەر ئىچىدە يۇز ـ ئابرۇيلۇق، جەمئىيەتتىكى ئورنى يۇقىرى ئايال بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇشرىكلار پەيغەمبىرىمىزگە قاتتىق ئەزىيەت بېرىشتىن ئۆزىنى تارتاتتى. شۇڭلاشقا پەيغەمبىرىمىز بۇ ئىككى كىشىدىن بىراقلا ئايرىلىپ قالغانلىقىغا قاتتىق قايغۇردى. شۇ سەۋەبتىن بۇ يىل «قايغۇ يىلى» دەپ تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالدى.

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەزرىتى سەۋدە ئانىمىزغا ئۆيلىنىشى

www.islamyoli.net

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن، زەمئەنىڭ قىزى ھەزرىتى سەۋدە ئانىمىزغا ئۆيلەندى. ئۆز ۋاقتىدا سەۋدە ئانىمىز يولدىشى ئەمرىنىڭ ئوغلى سەكران بىلەن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان ئىدى. ئۇلار ھەبەشىستاندا بىر مۇددەت تۇرغاندىن كېيىن، مەككىگە قايتىپ كەلگەن. ئۇلار مەككىگە قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي سەكران ۋاپات بولۇپ، سەۋدە ئانىمىز ئىگە ـ چاقىسىز قالغان، ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى دىنىدىن قايتۇرۇۋالمىسۇن دەپ، ئۆز نىكاھىغا ئالغان. ئۇنىڭ ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىزدىن كېيىن ئۆيلەنگەن ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى بىردە ـ بىر ھېكمەت جەھەتتىن بولغان ئىدى.

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزغا ئۆيلىنىشى

ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىزنىڭ ۋاپاتىدىن بىر ئاي كېيىن، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى ھەزرىتى ئائىشەگە ئۆيلەندى. ھەزرىتى ئائىشە بۇ چاغدا ئالتە ـ يەتتە ياشلاردىكى قىز ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىز ئالغان ئايالى پەقەت مۇشۇ ئائىشە ئانىمىزدۇر. ئەللىك ياشقا كىرگەن بۇ زاتنىڭ يەتتە ياشقا كىرگەن بىر كىچىك قىزنى ئېلىشى بۇ ئەسىرنىڭ تەرەققىيپەرۋەر كىشىلىرىگە ئەجەبلىنەرلىك بىلىنسە كېرەك. لېكىن، ئىرقىي ئەھۋالدىن، خۇسۇسەن بۇندىن ئون تۆت ئەسىر ئىلگىرىكى ئەرەبلەرنىڭ ئەھۋالدىن خەۋىرى بولغان كىشىگە بۇ ئىش ئەجەبلىنەرلىك تۇيۇلمايدۇ. چۈنكى ئۇ چاغلاردا يەتتە ـ سەككىز ياشتىكى قىزلارنى ئەللىك ياشتىكى ئەرلەرلا ئەمەس، بەلكى يەتمىش ـ سەكسەن ياشتىكى قېرىلارمۇ ئالاتتى. ئۇ چاغدىكى قىزلارنىڭ قارىشىدا ئۇنداق ياشانغان ئادەمگە تېگىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەيىب ئەمەس ئىدى. ئۇ زامانلاردا ياشقا قارىماستىن تولىراق شان ـ شۆھرەتكە قارايتتى. قىزلار ئەرلىرىنىڭ چوڭ بولغانلىقىنى نومۇس دەپ ھېسابلىماستىن، بەلكى ئۆزى كىچىك بولسىمۇ، ئۇنى كاتتا بىر ئادەمنىڭ ئالغانلىقىنى ئۆزىگە شەرەپ دەپ بىلەتتى.

ئىسلام دىنىنىڭ نۇرلۇق يۈزىگە قارا چاپلىغۇسى بار كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئائىشەنى ئالغانلىقىنى ئۇنىڭ شەھۋەتپەرەستلىكىدىن بولغان دەپ قاراپ، ئۇ زاتنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە شۈبھە قىلماقچى بولىدۇ. ئۇنداق ئەمەس، بۇ كىشىلەر ئەگەر ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە ياتلىق قىلىنغانلىقىدىن قانچىلىك خۇرسەن بولغانلىقىنى ھەمدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ نىكاھىدا بولغانلىقىدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى، پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۆتكەن مەنىلىك كۈنلىرىنى ۋە ئۇ زاتنىڭ ئۆزىگە بولغان ياخشى مۇئامىلە ۋە كۆڭۈل بۆلۈشتىن ئىبارەت غەمخورلۇقىنى ئاشكارا بايان قىلغانلىقىنى ھەمدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئايالى بولۇش بىلەن نەقەدەر روھانىي لەززەتنىڭ ھاسىل بولغانلىقىنى ۋە ئۇمۇمۇل مۆمىنىن (مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى) دېگەن نام بىلەن مۇشەررەپ بولغانلىقىنى تەپەككۇر قىلىدىغان بولسا، ئۇنداق سۆزلەردىن ئەلۋەتتە ئۇيالغان بولاتتى.

بۇنىڭدىكى يەنە بىر ھېكمەت، ھەزرىتى ئائىشە بولسا ناھايىتى ئەقىللىق، دانىشمەن، زېرەك ۋە ئىستېداتلىق بىر قىز ئىدى. بۇنداق بىر قىزنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا بولغانلىقى ئۇ زاتتىن ئىسلام ئەھكاملىرىنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەنلىرىنى ئومۇمى مۇسۇلمانلارغا، خۇسۇسەن مۇسۇلمان ئاياللارغا

www.islamyoli.net

ئۆگىتىپ، ئۇلارنى دىنىنىڭ ئەڭ ئىنچىكە، نازۇك جايلىرىدىن خەۋەردار قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىدى. مانا بۇ سەۋەبلەردىن ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئايال بولۇشقا چىن دىلىدىن قىزىققان ئىدى. دەرۋەقە، ھەزرىتى ئائىشە ناھايىتى كاتتا ئىسلام ئۆلىمالىرىدىن بولۇپ يېتىشكەن ئىدى. شۇنداقلا، پەيغەمبىرىمىزدىن نۇرغۇنلىغان ھەدىسنى رىۋايەت قىلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەزرىتى ئائىشەنى ئېلىشىدا بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ھېكمەتلەر بار.

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ تائىپقا ھىجرەت قىلىشى

ئەبۇ تالىپ ۋاپات بولغاندىن كېيىن قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە بولغان زۇلۇمى چېكىدىن ئاشتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇ تائىپقا ھىجرەت قىلىش نىيىتىگە كەلدى. چۈنكى تائىپ ئەرەبلىرى بىلەن قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ ئارىسى تازا ياخشى ئەمەس ئىدى ھەم ئۇ يەردە ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بار ئىدى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبىرىمىز «ئۇلارنىڭ ياردىمى تېگىپ قالار» دېگەن ئۈمىد بىلەن، ئۆزىنىڭ ئازاتكەردىسى زەيد ئىبنى ھارىس بىلەن بىرگە تائىپقا باردى. ئۇ ۋاقىتتىكى تائىپنىڭ كاتتىلىرى ئەمر ئىبنى ئۇمەير ئىبنى سەقىپنىڭ باللىرى مەسئۇد ۋە ھەبىب قاتارلىق كىشىلەر ئىدى. پەيغەمبىرىمىز تائىپتا ئون كۈنچە تۇرۇپ، مەزكۇر كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ياردەم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ھېچبىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىدى. ئاخىرى ئۇلارنىڭ ياردەم قىلىشىدىن ئۈمىد يوقلىغىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ تائىپقا كەلگەنلىكىنى قۇرەيش مۇشرىكلىرىغا ئېيتماسلىقنى تەلەپ قىلدى. ئۇلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ تەلىپىنىمۇ رەت قىلىپ، ئۇنىڭ تائىپتىن تېزرەك كېتىشى ئۈچۈن، تائىپ خەلقىنى ئۇنىڭغا قارشى كۈشكۈرتۈپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن تائىپتىكى نادان ياشلار توپلىنىپ، ئۇنىڭغا تاش ئېتىپ قوغلىدى. ھەتتا زەيد ئىبنى ھارىسنىڭ توسقىنىغا ئۇنىماي، ئۇنىڭ مۇبارەك پۇتلىرىنى قاناتتى.

ئۇلار شۇ پاراكەندىچىلىك بىلەن شەيبە بىلەن ئۇتبەنىڭ بېغىنىڭ يېنىغا كېلىپ، بىر تۈپ تالنىڭ تۈۋىدە بىر ئاز ئارام ئېلىش ئۈچۈن توختىدى. كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئاللاھقا يالۋۇرۇپ، مۇنۇ دۇئانى قىلدى: «ئى پەرۋەردىگارىم! مېنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىمنىڭ قالمىغانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئېتىبارسىز قالغانلىقىمنى ساڭا شىكايەت قىلىمەن. ئى مېھرى ـ شەپقەتلىك رەببىم! سەن ئاجىز ۋە بىچارىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىسەن، مېنىڭمۇ پەرۋەردىگارىمسەن، مېنى كىمگە تاپشۇرىسەن؟ سۆزى قوپال، يۈزسىز كىشىلەرگىمۇ؟ ياكى ئىشىمغا ئىگە بولۇۋالىدىغان دۈشمىنىمگىمۇ؟ ئەگەر سېنىڭ ماڭا قارشى غەزىپىڭ بولمىسىلا، تارتقان ئەزىيەت ۋە كۈلپەتلەرگە ھېچ پەرۋا قىلمايمەن» پەيغەمبىرىمىز تال تۈۋىدە ئارام ئېلىۋاتقاندا، باغ ئىگىسى شەيبە بىلەن ئۇتبە بار ئىدى. ئۇلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ بىر ئاز دىلى ئېرىپ، ئەدداس ئىسىملىك بىر قۇلىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭدىن پەيغەمبىرىمىزگە بىر ساپ ئۈزۈم چىقارتىپ بەردى. پەيغەمبىرىمىز ئۈزۈمنى قولىغا ئېلىپ: «بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيْمِ» دەپ يېيىشكە باشلىدى. ئۈزۈمنى ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى قۇل پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەيران قېلىپ: «بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى بۇنداق سۆزنى ئېيتمايتتى» دېگەندە، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭدىن: «سەن نەدىن؟ قايسى دىندا؟» دەپ سورىدى. ئۇ «مەن ناسارا دىنىدا، مەن نىنو ئەھلىدىن بولىمەن» دەپ جاۋاب

www.islamyoli.net

بەردى. پەيغەمبىرىمىز «ھە... سەن ياخشى كىشى يۇنۇس ئىبنى مەتتانىڭ يۇرتىدىن ئىكەنسەن» دېگەندە، ھېلىقى ئادەم تېخىمۇ ھەيران قېلىپ «سەن يۇنۇسنى نەدىن بىلىسەن؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا جاۋابەن قۇرئان كەرىمدىكى يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ھەققىدە چۈشكەن ئايەتلەرنى ئوقۇدى. بۇ ئايەتلەرنى ئاڭلىغان ئەدداس دەرھال ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبىرىمىز نەخلە دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئۇ يەردە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ قالدى. بۇ ئەسنادا ئۇ ناماز ئوقۇپ، قۇرئان ئوقۇغان چاغلىرىدا بىر نەچچە جىنلار كېلىپ، قۇرئان ئاڭلاپ مۇسۇلمان بولغانلىقى ۋە ئەھقاف سۈرىسىنىڭ 29 ـ ئايىتىدىن 32 ـ ئايىتىگىچە شۇ ھەقتە نازىل بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا جىن سۈرىسىدە پەيغەمبىرىمىز قۇرئان ئوقۇۋاتقاندا بىر نەچچە جىنلارنىڭ كېلىپ، قۇرئان ئاڭلىغانلىقى ئوچۇق زىكىر قىلىنىدۇ. دېمەك، جىنلارنىڭمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ، قۇرئان ئاڭلاپ مۇسۇلمان بولغانلىقى شەكسىز بىر ھەقىقەتتۇر.

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇتئەم ئىبنى ئەدىينىڭ ھىمايىسىدە مەككىگە كىرىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىپتىن قايتىپ، مەككىگە ئۇدۇل كىرمەي، ئۇنىڭغا يېقىن بىر يەرگە كېلىپ چۈشتى. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا مەككىنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن كەسكىن ئىدى. شۇڭا قارامىلىق قىلىشقا بولمايتتى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبىرىمىز مۇتئەم ئىبنى ئەدىيدىن ئۆزىنى ھىمايىسىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىپ، خۇزائە قەبىلىسىدىن بىر كىشىنى ئەۋەتتى. مۇتئەم ئىبنى ئەدىي پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى ۋە شۇ ھامان بالىلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى يىغىپ، كەبىنىڭ يېنىغا كېلىپ توپلاندى. بۇ ئەسنادا پەيغەمبىرىمىزمۇ زەيد ئىبنى ھارىس بىلەن بىرگە كەبىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. مۇتئەم تۆگىسى ئۈستىدە تۇرۇپ، مەككە مۇشرىكلىرىغا پەيغەمبىرىمىزنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالغانلىقىنى ئۇقتۇردى. پەيغەمبىرىمىز ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇۋالغاندىن كېيىن، مۇتئەم ئۇنى ئۆزى باشلاپ كەلگەن ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن بىرگە قىلىچ ـ نەيزە تۇتقان ھالدا قوغداپ، ئۆيىگىچە ئاپىرىپ قويدى.

پەيغەمبىرىمىز مۇتئەم ئىبنى ئەدىينىڭ قىلغان بۇ ياخشىلىقىنى ۋە مەزكۇر ئېمبارگو قارارنامىسىنىڭ ئەمەلدىن قېلىشىدا كۆرسەتكەن غەيرىتىنى ئۆزۈنىچە ئۇنتۇمىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بەدىر ئۇرۇشىدا ئەسىرگە ئېلىنغان مۇشرىكلارنى كۆرستىپ تۇرۇپ: «ئەگەر مۇتئەم ئىبنى ئەدىي ھايات بولۇپ، بۇلارنى تەلەپ قىلغان بولسا، بۇلارنى ئۇنىڭغا بەرگەن بولاتتىم» دېگەن سۆزى بۇخارىدا زىكىر قىلىنىدۇ. دېمەك، بۇنىڭدىن مۇتئەم ئىبنى ئەدىينىڭ ئۆز زامانىسىدا ناھايىتى ئەقىللىق، قورقماس، ئالىيجاناب بىر كىشى ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىراجغا چىقىشى

ئىسرا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىر كېچىدە مەسجىدى ھەرەمدىن بەيتۇلمۇقەددەسكە بېرىشى. ئەمما مىراج، ئۇنىڭ ئاللاھنىڭ بۈيۈك قۇدرەتلىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئاسمانغا چىقىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، مىراجنىڭ جەريانى سەھىھ

www.islamyoli.net

ھەدىسلەر ئارقىلىق، ئىسرانىڭ جەريانى قۇرئان كەرىم ئارقىلىق سابىت بولغان. شۇڭلاشقا بۇ يەردە بۇ ھەقتە توختىلىپ ئولتۇرمايمىز.

بىر قىسىم ئۆلىمالار ئىسرا بىلەن مىراجنى بىر سۆز دەپ، ئىككىسىنى بىرلىكتە بايان قىلىدۇ. ئەمما بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا پەرق بار. چۈنكى مىراج ھەدىسلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەسجىدى ھەرەمدىن بەيتۇلمۇقەددەسكە بارغانلىقى زىكىر قىلىنىسمۇ، لېكىن قۇرئان كەرىمدە ئوچۇق بىر نەرسە دېيىلمىگەن.

شۇنى بىلىشىمىز لازىمكى، مەيلى ئىسرا بولسۇن، مەيلى مىراج بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئويغاق ھالىتىدە بولغانمۇ؟ ياكى ئۇيقۇدىكى ھالىتىدە بولغانمۇ؟ بۇ ھەقتە ئۆلىمالارنىڭ كۆز قارىشى ئوخشاشمايدۇ. ئەمما جۇمھۇر ئۆلىمالار بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئويغاق ھالىتىدە يۈز بەرگەن دەپ قارايدۇ. لېكىن بىر قىسىم ئۆلىمالار جانابى ئاللاھنىڭ «بىز ساڭا (مىراج كېچىسى ئاسمان - زېمىندىكى ئاجايىپلاردىن) كۆرسەتكەن كۆرۈنۈشنى، پەقەت كىشىلەر ئۈچۈن سىناق قىلدۇق.» (بەنى ئىسرائىل سۈرىسى 60 - ئايەت) دېگەن سۆزى ۋە شۇرەيكنىڭ ھەزرىتى ئەنەستىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدىكى «ئاندىن كېيىن ئويغاندىم» دېگەن جۈملىگە ئاساسلىنىپ، ئۇلارنى ئۇيقۇدا بولغان دەيدۇ. بىر قىسىم مەشھۇر ساھابە كىراملاردىنمۇ بۇ قاراشتا بولغانلار بار، مەسىلەن: ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزنىڭ: «پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك جەستى يوقالمىدى. لېكىن جانابى ئاللاھ ئۇنىڭ روھىنى ئېلىپ باردى» دېگەن سۆزى، ھەزرىتى مۇئاۋىيەنىڭ ئىسرا ھەققىدە سورالغاندا جاۋاب بېرىپ: «ئىسرا بولسا ئاللاھ تەرىپىدىن يۈز بەرگەن راست چۈشتۇر» دېگەن سۆزى رىۋايەت قىلىنغان.

بۇلار مەيلى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئويغاق ھالىتىدە، جەستى ۋە روھى بىلەن يۈز بەرگەن ۋەقە بولسۇن، مەيلى ئۇيقۇدىكى ھالىتىدە بولسۇن، مۇھىمى بىزنىڭ ئۇنىڭغا مۇتلەق ئىشىنىپ، تەستىقلىشىمىز ۋاجىپتۇر. چۈنكى بۇ قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىس شەرىپلەر بىلەن سابىت بولغان ۋەقەلەردۇر.

## مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى ئەرەبلەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە مۇكەررەمەدە ئون يىل كىشىلەرنى ئاشكارا دىنغا دەۋەت قىلدى. ئۇ، ھېچ زېرىكمەي، ھاردىم - تالدىم دېمەي، تۈرلۈك ئەزىيەتلەرگە دۇچ كەلسىمۇ پەرۋا قىلماي ھەج ئۈچۈن ۋە ئۇككاز بازىرىغا سەيلە ياكى تىجارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ كاتتىلىرىغا دىننى ئاڭلاتتى ھەمدە ئۇلاردىن ئۆزىنى مەككە مۇشرىكلىرىدىن قوغداشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچبىرى ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمىدى. دەردىنى ئاڭلاپ ھىمايىسىگە ئالمىدى. ئەكسىچە قوپاللىق قىلىپ يۈز ئۆرۈدى. كەبىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كېلىدىغان ئەرەبلەرنىڭ ئىچىدە مەدىنە مۇنەۋۋەرەلىك ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرىدىن بولغان كىشىلەرمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئۆز دىيارىدىكى يەھۇدىي، ناسارا ئالىملىرىدىن «ئاخىر زامان پەيغەمبىرى» ھەققىدە ئاز - تولا خەۋەر ئاڭلىغان، مەلۇماتلىق كىشىلەر ئىدى. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز پەيغەمبەر بولۇپ كېلىشتىن ئىلگىرى، يەھۇدىي ۋە ناسارا ئالىملىرىنىڭ ئاغزىدىن «يېقىندا ئاخىر زامان پەيغەمبىرى كېلىدۇ»

www.islamyoli.net

دېگەن سۆز چۈشمەيتتى. ھەج مەۋسۇملىرىنىڭ بىرىدە پەيغەمبىرىمىز ئەۋس قەبىلىسىدىن بولغان سۇۋەيد ئىبنى سامىت ئىسىملىك بىر كىشىگە ئىسلامنى ئاڭلاتتى. ئۇ كىشى ئۇنىڭ تەكلىپىگە دەرھال ئۇچۇق ئىپادە بىلدۈرمىگەن بولسىمۇ، تامامەن رەت قىلمىدى. ئىككىنچى يىلى ھەج مەۋسۇمىدا پەيغەمبىرىمىز يەنە ئەياس ئىبنى مۇئاز ئىسىملىك بىر كىشىنى دىنغا دەۋەت قىلدى. ئۇ كىشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئىمانغا كېلىش ئالدىدا يېنىدىكى ھەمراھلىرى ئۇنى توستى. ئۇ كىشىنىڭ مەدىنىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولغانلىقى ۋە سەكراتتا تۇرۇپ تەكبىر، تەسبىھ ئېيتقانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى يىلى ھەج مەۋسۇمىدا يەنە پەيغەمبىرىمىز مەككىدىن ئۈچ چاقىرىم ئۇزاقلىقتىكى، مەككە بىلەن مىنانىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان «ئەقەبە» دېگەن بىر جىلغىدا خەزرەج ئەرەبلىرىدىن بولغان ئەسەد ئىبنى زۇرارە، ئەۋف ئىبنى ھارىس، راپى ئىبنى مالىك، ئۇتبە ئىبنى ئامىر، ئۇقبە ئىبنى ئامىر ۋە جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ قاتارلىق ئالتە كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارغا ئىسلامنى ئاڭلاتتى. ئۇلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ، مۇسۇلمان بولۇپ، مەدىنىگە قايتىپ كەتتى. تۆتىنچى يىلى مەزكۇر ئالتە كىشىنىڭ ئىچىدىن بەش كىشىگە يەنە يەتتە كىشى قوشۇلۇپ، جەمئىي ئون ئىككى كىشى مەدىنىدىن كەلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا قوشۇلۇپ كەلگەن كىشىلەرگىمۇ ئىسلامنى ئاڭلاتتى. ئۇلار دەرھال قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان بولغان مەزكۇر ئون ئىككى كىشى پەيغەمبىرىمىزگە: «ئاللاھقا ھېچبىر نەرسىنى شېرىك قىلماسلىق، ئوغرىلىق قىلماسلىق، زىنا قىلماسلىق، قىز باللىرىنى پېقىرلىق ۋە ئار ـ نومۇستىن قورقۇپ ئۆلتۈرمەسلىك، يالغان سۆزلەپ، باشقىلارغا تۆھمەت قىلماسلىق»قا بەيئەت قىلىپ قايتىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە قىلغان بۇ بەيئىتى «بىرىنچى ئەقەبە بەيئىتى» دەپ ئاتىلىدۇ. مەككە پەتھى بولغان كۈنى نۇرغۇن ئاياللار پەيغەمبىرىمىزگە مەزكۇر تەرىقىدە بەيئەت قىلغان ئىدى. بۇ «ئاياللار بەيئىتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

پەيغەمبىرىمىز مۇسۇلمان بولغان مەزكۇر كىشىلەرگە مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنى قۇرئان ۋە دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگىتىش ئۈچۈن قوشۇپ قويدى. مۇسئەب مەدىنىگە بېرىپ، ئەسەد ئىبنى زۇرارەنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ئۇ، مەزكۇر مۇسۇلمانلار بىلەن مەدىنىدە جىددىي بىر شەكىلدە دەۋەت ئېلىپ بېرىپ، ئاز مۇددەت ئىچىدە مەدىنە مۇنەۋۋەرەنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇتتى. ئەۋس كاتتىلىرىدىن مەشھۇر سەئىد ئىبنى مۇئاز ۋە ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەيرلەرمۇ ھەزرىتى مۇسئەبنىڭ دەۋىتى بىلەن مۇسۇلمان بولغان ئىدى. ئۇ مەدىنىگە كېلىپ، بىر يىلغا يېقىن مۇددەت ئىچىدە دەۋەت قىلىش ۋە مۇسۇلمان بولغانلارغا قۇرئان ۋە دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگىتىش بىلەن بولۇپ، كېيىنكى يىلى ھەج مەۋسۇمىدىن بۇرۇن مەككىگە قايتىپ كەلدى.

بەشىنچى يىلى ھەج مەۋسۇمىدا مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىن نۇرغۇن كىشى كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇسۇلمانلاردىن يەتمىش بەش نەپەر ئەر، ئىككى نەپەر ئايال بار ئىدى. ئۇلار ھەج پائالىيەتلىرىنى تۈگىتىپ، ئەقەبەدە پەيغەمبىرىمىز بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشقا ۋەدە قىلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىمىز بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى مۇشرىكلارغا سەزدۈرمەسلىك ئۈچۈن، يېرىم كېچىدە بىردىن، ئىككىدىن پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۇچرىشىدىغان يەرگە توپلاندى. شۇ چاغدا پەيغەمبىرىمىزمۇ تاغىسى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ بىلەن بىرگە يېتىپ كەلدى. ھەزرىتى ئابباس ئۇ ۋاقىتتا تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى. ئۇ باشتا ئۇلارغا سۆز قىلىپ: «سىلەر

www.islamyoli.net

مۇھەممەدنىڭ ئارىمىزدا ئېتىبارلىق، ھۆرمەتلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىسلەر، ئۇنى قەبىلىسى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى دائىم قوغدايدۇ. لېكىن، ئۇ سىلەر بىلەن بىرگە بولۇشنى ئىختىيار قىلدى. شۇڭلاشقا سىلەر ئۇنىڭغا قىلغان ۋەدەڭلاردا تۇرالايمىز دېسەڭلار ۋەدە بېرىڭلار، ئەگەر ۋەدە بېرىپ بولۇپ، كېيىن سۆزۈڭلاردا تۇرالمايدىغان ئىش بولۇپ قالىدىغان بولسا، ئۇنى بىئارام قىلىپ، قەلبىنى رەنجىتمەڭلار» دېگەن مەزمۇندا سۆز قىلدى. ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ كاتتىلىرىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ: «بىز چوقۇم قىلغان سۆزىمىزدە تۇرىمىز، بەرگەن ۋەدىمىزنى ئورۇندايمىز، سۆزىمىزدە تۇرمىساق بۇ يەرگە كەلمەيتتۇق» دەپ جاۋاب بېرىپ، پەيغەمبىرىمىزگە بەيئەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. پەيغەمبىرىمىز باشتا قۇرئان ئوقۇش بىلەن ئۇلارنى ئىسلامغا تەرغىب قىلدى. كېيىن ئۇلاردىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بالا ـ چاقىلىرىنى قانداق ساقلىسا پەيغەمبىرىمىزنىمۇ شۇنداق ساقلاشقا بەيئەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ھەزرىتى بەرائ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ قولىدىن تۇتۇپ بەيئەت قىلدى. بۇ ئارىدا ئەبۇ ھەيسەم ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! يەھۇدىيلار بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا كېلىشىم بار ئىدى. بىز سىلىگە بەيئەت قىلىپ، ئۇلار بىلەن بولغان كېلىشىمنى بۇزىمىز. بىر كۈنى سىلە مۇشرىكلار ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ بىزنى تاشلاپ، مەككىدىكى ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ يېنىغا كېتەلەمسىز؟» دېدى. پەيغەمبىرىمىز تەبەسسۇم قىلىپ تۇرۇپ: «ياق، مەن ھەر زامان سىلەر بىلەن بىرگە بولىمەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن كېيىن باشقىلار بىردىن ـ بىردىن كېلىپ ئۇنىڭغا بەيئەت قىلىشقا باشلىدى. مانا بۇ بەيئەت «ئىككىنچى ئەقەبە بەيئىتى» دەپ ئاتىلىدۇ. بەيئەت تامام بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئون ئىككى كىشىنى تاللاپ چىقىپ، ئۇلارغا باش قىلىپ بېكىتتى. ئاخىرىدا مۇشرىكلارنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى دەرھال ئۆز جايلىرىغا قايتىشقا بۇيرۇدى. شۇنداقتىمۇ يەنە بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان مەككە مۇشرىكلىرى، ئەتىگەندە مەدىنە ئەرەبلىرى چۈشكەن چېدىرلارغا كېلىپ، كېچىدە يۈز بەرگەن ۋەقە ھەققىدە سۈرۈشتە قىلدى. ئەمما بۇ ئىشتىن راستتىنلا خەۋىرى يوق بولغان مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەر ئۇلارغا قەسەم قىلىپ، بۇنداق ئىشنىڭ بولمىغانلىقىنى، ئەگەر بولغان بولسا، ئۇلارنىڭ ئەلۋەتتە خەۋىرى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ھەج پائالىيەتلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇلار مەدىنىگە قايتىپ كەتتى. مەدىنە مۇسۇلمانلىرى پەيغەمبىرىمىز قاچان مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كەلسە، جانلىرىدىن، ماللىرىدىن كېچىپ، ئۇ زاتنى قوغدايدىغانلىقىنى ۋە ھەرقانداق شارائىت ئاستىدا ئۇنىڭدىن ياردىمىنى ئايىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار «ئەنسارلار (يەنى ياردەمچىلەر)» دەپ ئاتالدى.

## ساھابە كىراملارنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلىشى

مەزكۇر ۋەقەدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابە كىراملارنى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر بىر ـ بىرلەپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا باشلىدى. پەيغەمبىرىمىز مەككىدە مۇسۇلمانلاردىن ئاز بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن قالدى. مۇشرىكلار بىر تەرەپتىن ساھابىلەرنىڭ بىر ـ بىرلەپ مەدىنىگە كۆچۈپ بېرىپ، ئۇ يەردە خاتىرجەم دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەركىنلىككە ئېرىشىپ قالغانلىقىدىن راھەتسىزلەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە بېرىپ قالسا، مۇسۇلمانلارنىڭ زور بىر

www.islamyoli.net

كۆچكە ئايلىنىپ، ئۇلارنىڭ باشلىرىغا بالا بولۇپ قېلىشىنى ئويلاپ ۋۇجۇدىغا قورقۇنچ كىرىشكە باشلىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ كاتتىلىرى ئۆز ئارا بىر يەرگە يىغىلىپ، قانداق قىلغاندا بۇ كەلگۈسى خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە چارە ـ تەدبىر ئىزدەشكە باشلىدى. مەجلىس ئەھلى ھەرخىل كۆز قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، بۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ ماقۇللانمىدى. ئاخىرىدا ئەبۇ جەھىل ئۆز كۆز قارىشىنى سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «پۈتۈن قۇرەيش قەبىلىلىرىدىن بىردىن يىگىت تاللىساق، ئۇلار بىردەك مۇھەممەدنىڭ ئۆيىنى قورشاپ، ئۇ ئۆيىدىن چىققان ھامان ئۇنىڭغا ھەممىسى تەڭ قىلىچ ئۇرۇپ ئۇنى يوقاتسا، ئۇنىڭ قېنى پۈتۈن قەبىلىلەر ئارىسىغا تارقىلىپ كېتىدۇ ـ دە، شۇنىڭ بىلەن ھېچبىر قەبىلە ئۇنىڭ قان داۋاسىنى قىلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى قان ھەققىگە رازى بولىدۇ خالاس.» ئەبۇ جەھىلنىڭ بۇ پىكرى پۈتۈن مەجلىس ئەھلىگە ماقۇل كەلدى. ئۇلار مەزكۇر پىلانغا ئاساسەن شۇ كېچە ئون ئىككى قەبىلىدىن ئون ئىككى كىشىنى ھازىرلاپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىنى قورشاش، ئۇ زات ئۆيىدىن چىققان ھامان ھەممىسى تەڭ قىلىچ ئۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش قارارىغا كېلىشىپ تارقاپ كەتتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى

مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ مەزكۇر سۇيىقەستىنى جانابى ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرىگە بىلدۈرۈپ، ئۇنى بۇ كېچە مەككىدىن دەرھال چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى بايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇلغانلىقىنى ئېيتتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى پەيغەمبىرىمىزدىن ئۆزىنىمۇ بىرگە ئېلىۋېلىشىنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبىرىمىز قوشۇلغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئىنتايىن خۇشال بولدى. چۈنكى ئۇ زات بىر نەچچە قېتىم پەيغەمبىرىمىزدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىغاندا، پەيغەمبىرىمىز «توختاپ تۇرغىن» دەپ رۇخسەت قىلمىغان ئىدى. شۇڭا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بۇ پۇرسەتنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ ھىجرەت قىلىش ئۈچۈن ئىككى تۆگىنى تەييارلاپ بېقىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزگە بۇ ئىككى تۆگىنىڭ بىرىگە ئۆزى مىنىدىغانلىقىنى، يەنە بىرىنى ئۇنىڭغا ئاتاپ ھازىرلىغانلىقىنى ئېيتقاندا، پەيغەمبىرىمىز ئۇنى پۇلىنى بېرىش شەرتى بىلەن قوبۇل قىلدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئائىلىسى دەرھال سەپەر ھازىرلىقىنى تەييارلاشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە يول باشلاشقا ئابدۇللاھ ئىبنى ئەرەقەتۇللەيس ئىسىملىك بىر مۇشرىكنى ئىجارىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۈچ كۈندىن كېيىن سەۋر تېغىدىكى غارنىڭ ئالدىدا كۆرۈشىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭغا تۆگىلەرنى تاپشۇردى.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن تەييارلىق ئىشىنى تۈگىتىپ، بۇ كېچە ئۇنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئىككىسى بىرگە سەۋر تېغىغا بارىدىغان بولۇپ، ئۆيىگە يېنىپ كەلدى. ئۇ ھەزرىتى ئەلىنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئەھۋالنى ئېيتتى. ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى مۇشرىكلارغا سەزدۈرمەسلىك ئۈچۈن، ئۇنى ئۆز ئورنىدا يېتىشقا، ئۇ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭمۇ مەككىدىكى ئىش ـ كۈشلىرىنى تۈگىتىپ دەرھال مەدىنىگە يېتىپ بېرىشنى ئېيتتى. كەچمۇ كىردى. پىلان بويىچە مۇشرىكلار ھازىرلىغان ئون ئىككى كىشى كېلىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىنى قورشىۋالدى. ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە ياردىمىگە ئىشەنگەن پەيغەمبىرىمىز ھېچ ئىش

www.islamyoli.net

يوقتەك، غايەت نورمال هالدا ئۆز ئۆيدە بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈشنى كۈتۈپ تۇراتتى. بىر مۇددەت ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، مۇشرىكلارنى مۇگدەك بېسىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز ئۆيدىن چىقىپ، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن، ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئۇدۇل ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، ئۇمۇ ھازىرلىقنى پۈتتۈرۈپ، ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. پەيغەمبىرىمىز كەلگەندىن كېيىن ئۇلار بىرگە سەۋر تېغىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. مۇشرىكلار تاڭ ئاتقانغا قەدەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىنى قورشاپ تۇرۇپ، پەيغەمبىرىمىز چىقمىغاندىن كېيىن، ئۆيگە باستۇرۇپ كىرىپ قارىسا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئورنىدا ھەزرىتى ئەلى ياتقان. ئۇلار بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ، ھەزرىتى ئەلىدىن پەيغەمبىرىمىزنى سورىدى. ھەزرىتى ئەلى ئوچۇق جاۋاب بەرمىگەندىن كېيىن، ئۇ زاتنى بىر ئاز قىيىن - قىستاققا ئالغان بولسىمۇ، بىر نەرسىگە ئېرىشەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دەرھال پەيغەمبىرىمىزنى ئىزدەشكە باشلىدى. لېكىن، ھېچبىر يەردىن تاپالمىدى. ئۇلار غەزەپتىن ئۆلگۈدەك بولۇپ، ئاخىردا پەيغەمبىرىمىزنى تۇتۇپ بەرگەن، ياكى بار يېرىنى ئېيتىپ بەرگەن كىشىگە نۇرغۇن مال - مۈلۈك بېرىدىغانلىقنى ۋەدە قىلىپ، پۈتۈن مەككە ئىچىدە جار سالدى.

ئۇلار پەيغەمبىرىمىزنى ئىزدىگەندە سەۋر تېغىغا بىرنەچچە قېتىم چىقتى. ھەتتا پەيغەمبىرىمىز ۋە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى يوشۇرۇنۇۋالغان غارنىڭ ئېغىزىغىچە كەلدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنىڭ ئۇچىنى كۆرۈپ، قورقۇپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار ھازىر پەسكە شۇنداق بىر قاراپ سالىدىغان بولسا، بىزنى كۆرۈپ قالىدۇ» دېدى. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنى خاتىرجەم قىلىپ: «قورقما، بىز ئىككىمىزنىڭ ئۈچىنچىسى ئاللاھ ئۇ بىزنى چوقۇم ساقلايدۇ» دېدى. مۇشرىكلار پەيغەمبىرىمىزنى ئۈچ كۈن ئىزدەپ، ھېچبىر يەردىن تاپالماي، ھەتتا ئىز - دېرىكىنىمۇ ئالالماي جىلە بولۇپ، ئاخىرى ئىزدەشتىن ۋاز كەچتى.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۈچ كۈن شۇ غاردا يوشۇرۇنۇپ تۇردى. ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك، ئوزۇقلىرىنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ بەكرى كېچىدە يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇراتتى. ئۇ ھەر قېتىم يېمەك ئېلىپ كەلگەن چېغىدا پەيغەمبىرىمىزگە مۇشرىكلارنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ تۇراتتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئازات گەردىسى ئامىر ئىبنى فۇھەير ئۇنىڭ قويلىرىنى غار ئەتراپىدا بېقىپ، ئابدۇللاھنىڭ ئىزلىرىنى يوقىتىپ تۇراتتى.

شۇنداق قىلىپ ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. ۋەدە بويىچە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەرەقە تۆگىلەرنى يېتىلەپ غار ئالدىغا كەلدى. تۆگىلەرنىڭ بىرىگە پەيغەمبىرىمىز مىندى. يەنە بىرىگە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق بىلەن ئامىر ئىبنى فۇھەير مىنىپ، مەدىنىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەرەقە ئۇلارغا يول باشلاپ ماڭدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەرەقە مەدىنىگە بارىدىغان چوڭ يولنى تاشلاپ، قىزىل دېڭىزنى بويلاپ يول ئالدى. ئۇلار «قەدىد» دېگەن يەرگە كېلىپ، مۇدلەج قەبىلىسىگە يېقىنلىشىپ كەلگەندە بىر ئادەم بۇلارنى كۆرۈپ قالدى. نېرىراقتا بىر نەچچە كىشى پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ھېلىقى ئادەم بېرىپ، ئۇلارغا ئۈچ - تۆت كىشىنىڭ تۆگىلىك كېلىۋاتقانلىقىنى، ئېھتىمال ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سۇراقە ئىبنى مالىك دېگەن كىشى بار ئىدى. ئۇ كىشى پەيغەمبىرىمىزنى كۆرۈپ تونۇپ، مۇشرىكلارغا ئۆزى خەۋەر قىلىپ، ئېلان قىلىنغان مال - مۈلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن، يېنىدىكى ئادەملەرگە «ياق،

www.islamyoli.net

ئۇ مۇھەممەد ئەمەس. ئۇلار پالان ـ پالان كىشىلەر، يىتىپ كەتكەن ماللىرىنى ئىزدەپ يۈرگەن بولسا كېرەك» دەپ ئۇلارغا بىلدۈرمىدى.

سۇراقەنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى قوغلاپ بېرىشى

سۇراقە «ئۇ مۇھەممەد ئەمەس» دېگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مەزكۇر تۆكىلىك كىشىلەر بىلەن كارى بولماي، ئۆز پاراڭلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى. سۇراقە چاندۇرماي ئۇلار بىلەن بىرئاز پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، بىر ئىشنى باھانە قىلىپ، ئۇلاردىن ئايرىلىپ ئۆيىگە كەلدى. ئۇ نەيزە، قىلىچ، ئوقيالىرىنى ئېلىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق ئۇنى كۆرۈپ، بىر ئاز قورقۇپ، پات ـ پات ئارقىسىغا قاراپ قوياتتى. پەيغەمبىرىمىز بولسا نورمال مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. سۇراقە بارغانچە يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى پەيغەمبىرىمىزگە سۇراقەنىڭ يېقىنلىشىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. پەيغەمبىرىمىز «قورقما، ئاللاھ بىز بىلەن بىللە» دېدى. سۇراقە ئۇلارغا يېقىنلىشىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ ئېتى ئۈشتۈمتۈت يەرگە پېتىپ قالدى. سۇراقە بۇنى كۆرۈپ پەيغەمبىرىمىزدىن دۇئا تەلەپ قىلىپ، ئۇلارغا يامانلىق قىلماسلىققا ۋە ئۇلارغا ئۆزۈق ـ تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىشكە سۆز بېرىپ، ۋەدە قىلىشقا باشلىدى. پەيغەمبىرىمىز توختاپ: «بىزگە باشقا نەرسە كېرەك ئەمەس، بىزگە خىزمەت كۆرسىتىمەن دېسەڭ، بىزنى ئىزدەپ كېلىدىغان كىشىلەرنى قايتۇرىۋەت» دېدى. سۇراقە پەيغەمبىرىمىزگە ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىشقا ۋەدە بېرىپ قايتىپ كەتتى. دېگەندەك، ئۇ سۆزىدە تۇرۇپ، پەيغەمبىرىمىزنى ئىزدەپ يۈرگەن كىشىلەرگە بۇ تەرەپلەردە پەيغەمبىرىمىزنىڭ يوقلىقىنى ئېيتىپ، ئۇلارنى قايتۇردى.

ئەنسارلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى قارشى ئېلىشقا چىقىشى

پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىققانلىقىنى ئاڭلىغان ئەنسارلار ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن، ھەر كۈنى «ھەررە» دېگەن جايغا چىقىپ، كۈن قىزىغانغا قەدەر ساقلاپ، پەيغەمبىرىمىز كەلمىگەندىن كېيىن قايتىپ كېتەتتى. ھەررە دېگەن جاي كەڭرى، تاشلىق بىر ساي بولۇپ، مەدىنىنىڭ ئەتراپىدا ئۇنىڭدەك سايلىقلاردىن بىر نەچچىسى بار ئىدى. ئۇلار پەيغەمبىرىمىزنى كۈتۈۋېلىشقا چىققان سايلىق قۇبانىڭ يېنىدا ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ يەر «ھەررە قۇبا» دېيىلەتتى. ئەنسارلار ھەر كۈنى ئادەتتى بويىچە ھەررە قۇباغا چىقىپ، پەيغەمبىرىمىزنى كۈتەتتى. پەيغەمبىرىمىز كەلمىگەندىن كېيىن قايتىپ كېتەتتى. بۇ ئىش بىر نەچچە كۈن داۋاملاشقاندىن كېيىن، بىر كۈنى ئەنسارلار ئادەتتى بويىچە پەيغەمبىرىمىزنى ساقلاپ بېقىپ، ئۇ كەلمىگەندىن كېيىن مەدىنىگە قايتىپ كېتىۋاتاتتى، دەل شۇ ۋاقىتتا مەدىنىنىڭ چەت يېزىلىرىدىن بىرىگە بېرىپ قايتىپ كېلىۋاتقان بىر يەھۇدىي مەككە تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىر نەچچە كىشىنى كۆرۈپ، مەدىنىگە قاراپ كېتىۋاتقان ئەنسارلار تەرەپكە قاراپ ئاۋازىنىڭ بېرىچە: «سىلەر نەچچە كۈندىن بېرى كۈتۈۋاتقان مېھمىنىڭلار كېلىۋاتىدۇ، ئەنە قاراڭلار!» دەپ خەۋەر قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەنسارلار ناھايىتى خۇشال بولۇپ، دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ

www.islamyoli.net

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا قاراپ يۈگۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئاياللار، باللار، كېنىزەكلەر پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنى مۇنۇ ناخشىنى ئېيتىش بىلەن قارشى ئالغان:

رەسۇلۇللاھ تولۇن ئايدەك چىچىپ نۇر،
چىقىپ كەلدى سەنىياتۇلۋەدادىن
ئاللاھقا شۈكرى قىلماق بىزگە لازىم،
بىرەر ئادەم قول ئۇزمىسىلا دۇئادىن.
مۇسۇلمانلارغا مەقبۇل ئۇشبۇ دىننى
رەسۇلۇللاھ ئېلىپ كەلدى ئاللاھتىن.

## پەيغەمبەر ئەلەيهسسالامنىڭ قۇباغا چۈشۈشى

پەيغەمبەر ئەلەيهسسالام ئۆز ھەمراھلىرى ۋە قارشى ئېلىشقا چىققان ئەنسارلار بىلەن مەدىنىدىن تەخمىنەن ئىككى ـ ئۈچ كىلومېتىر ئۇزاقلىقتىكى مەدىنىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى قۇبا يېزىسىدا ياشايدىغان بەنى ئەمر ئىبنى ئەۋف ئەرەبلىرىگە كېلىپ، گۈلسۇم ئىبنى ھەدمىنىڭ ئۆيىدە مېهمان بولدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بولسا، سەنىھ دېگەن جايدا خارىجە ئىبنى زەيدنىڭ ئۆيىگە چۈشتى.
بۇ ئىش پەيغەمبىرىمىز پەيغەمبەر بولۇپ، 13 ـ يىلى رەبىئۇلئەۋۋەلنىڭ سەككىزى، دۈشەنبە كۈنى بولغان ئىدى. (يەنى مىلادى 622 ـ يىلى سېنتەبىرنىڭ يىگىرمە ياكى يىگىرمە بىرىنچى كۈنىگە توغرا كېلىدۇ). مىسىرلىق مەھمۇد پاشانىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا، رەبىئۇلئەۋۋەلنىڭ سەككىزىگە توغرا كېلىدۇ. ئەمما تارىخچىلار رەبىئۇلئەۋۋەلنىڭ ئون ئىككىسى ئىدى دەيدۇ. كېيىنكى تارىخ تەتقىقاتچىلىرى مەھمۇد پاشانىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن، بىزمۇ بۇ پىكرنى توغرا كۆردۇق.
پەيغەمبىرىمىز قۇبادا تۆت كۈن تۇرۇپ، «مەسجىدى قۇبا» دەپ مەشھۇر بولغان مەسجىدنى قۇردى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ قۇبادا تۇرغان ۋاقتى توغرىسىدا تارىخچىلارنىڭ كۆز قارىشى ئوخشاش ئەمەس. ئەمما كۆپچىلىكى بۇ ھەقتە ئىبنى ئىسهاقنىڭ سۆزىگە ئاساسلىنىپ، تۆت كۈن تۇرغانلىقىنى توغرا دەپ قارايدۇ. ئىمام ئىبنى قەييۇم جەۋزى ئون تۆت كۈن تۇرغانلىقىنى ئېيتىدۇ. شۇنىڭدەك سەھىھۇلبۇخارىدا ھەزرىتى ئەنەسنىڭ بىر ھەدىسىدە ئون تۆت كۈن تۇرغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.
مەسجىد پۈتكەندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز 5 ـ كۈنى (يەنى جۈمە كۈنى) مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. بەنى سالىم مەھەللىسىگە يېتىپ كەلگەندە جۈمە ۋاقتى بولدى. ئۇ شۇ يەردە توختاپ جۈمە نامىزى ئوقۇدى. بۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇنجى قېتىم جۈمە نامىزى ئوقۇشى ئىدى. گەرچە جۈمە نامىزى مەككىدە پەرز قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇ يەردە ئادا قىلىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. چۈنكى جۈمە نامىزىغا جامائەت شەرت بولۇپ، مەككىدە بىر يەرگە يىغىلىپ ناماز ئوقۇغىلى بولمايتتى. ئەمما پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە كېلىشتىن بۇرۇن ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار جۈمە نامىزى ئوقۇيتتى. چۈنكى مەدىنىدە مۇسۇلمانلارنىڭ بىر يەرگە كېلىپ، توپلىنىپ ئىبادەت قىلىشىغا توسالغۇ بولىدىغان قارشى كۈچ ئاجىز ئىدى. مەدىنە مۇسۇلمانلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ تۇنجى جۈمە

www.islamyoli.net

نامىزنى ئوقۇتقان كىشى ھەزرىتى ئەسئەد ئىبنى زۇرارە ئىدى. پەيغەمبىرىمىز بەنى سالىمدا ئوقۇغان جۈمە خۇتبىسىدە كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىپ: «ئى جامائەت! ئاخىرەت ئۈچۈن ھازىرلىنىڭلار، ياخشى ئىش، ياخشى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىڭلار، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، سىلەر بىر كۈنى دۇنيادىكى ھاياتىڭلاردىن، مال ـ مۈلۈك، بالا ـ چاقىلىرىڭلاردىن ئايرىلىپ، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا بارغاندا دۇنيادا قىلغان ياخشى ئىش ـ ھەرىكىتىڭلاردىن باشقا سىلەرگە ئەسقاتىدىغان ھېچنەرسە يوق. ئالدىڭلاردا دوزاختىن باشقا بىر نەرسىنى كۆرمەيسىلەر. بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر ياخشىلىق قىلىشقا ئالدىراڭلار، يېرىم خورما چاغلىق نەرسە بولسىمۇ سەدىقە قىلىڭلار، سەدىقە قىلىش، ياكى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئىمكانىيىتىڭلار بولمىغانلار ئوچۇق چىراي، ياخشى سۆز، يۇمشاق مۇئامىلىلەر بىلەن غېرىپ ـ غۇرۋا، يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىڭلار! چۈنكى جانابى ئاللاھ بىر ياخشىلىق قىلغۇچىغا بىرقانچە ھەسسىلەپ ياخشىلىق ئاتا قىلىدۇ» دېگەن مەزمۇندا نۇتۇق سۆزلىدى.

جۈمە كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ بايرام كۈنى بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز ئۇ كۈننى ناھايىتى قەدىرلەيتتى ۋە ئۇ كۈندە ئەمەل ـ ئىبادەتنى كۆپ قىلاتتى. يۇيۇنۇپ تازىلىق قىلاتتى، خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتەتتى. چىرايلىق كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىپ، ساھابە كىراملارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە نامىزىغا جامائەت يىغىلىپ بولغاندا ھۇجرىسىدىن چىقاتتى. ئۇ مەسجىدكە كىرىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەزرىتى بىلال ئورنىدىن تۇرۇپ ئەزان ئوقۇيتتى. ئەزان تۈگىگەندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئورنىدىن تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇيتتى. ئۇ خۇتبە ئوقۇغاندا خۇتبىنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئىككى خۇتبىنىڭ ئارىلىقىدا بىرئاز ئولتۇراتتى. خۇتبە تۈگىشى بىلەن ھەزرىتى بىلال نامازغا تەكبىر ئېيتاتتى. پەيغەمبىرىمىز مېھرابقا ئۆتۈپ ئىككى رەكئەت جۈمە نامىزى ئوقۇيتتى. ئۇ ۋاقىتتا ئەزان بىر قېتىم ئوقۇلىدىغان بولۇپ، مەسجىدنىڭ تېشىدا ئوقۇلىدىغان ئەزان يوق ئىدى. شۇنداقلا ئەزان بىلەن خۇتبىنىڭ ئارىسىدا باشقا نامازمۇ يوق ئىدى. بۇنىڭدىن جۈمەدىن ئىلگىرى سۈننەت قىلىنىغان نامازنىڭ يوقلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. پەيغەمبىرىمىزنىڭ خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا مەسجىدكە كىرگەن كىشىنى ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇغانلىقى بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقا ھەدىس كىتابلىرىدا زىكىر قىلىنغان بولسىمۇ، ئىبنى قەييۇمنىڭ «زادۇلمەئاد» دېگەن كىتابىدا تەتقىق قىلىنىشىچە، ئۇ ناماز سۈننەت نامىزى ئەمەس، بەلكى تەھىيەتۇلمەسجىد نامىزى ئىكەنلىكى مەلۇم. ئىبنى قەييۇم جەۋزى جۈمە نامىزىنىڭ ئالدىدا سۈننەت قىلىنغان نامازنىڭ يوقلۇقىنى بايان قىلىدۇ. ئەمما جۈمە نامىزىدىن كېيىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغانلىقى بۇخارى ۋە مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ساھابە كىراملارنى جۈمەدىن كېيىن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇشقا بۇيرۇغانلىقى سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئەمما پەيغەمبىرىمىزنىڭ جۈمەنىڭ پەرزىدىن ئىلگىرى مەيلى ئۆيىدە بولسۇن، مەيلى مەسجىدتە بولسۇن ھېچقانداق سۈننەت نامىزى ئوقۇغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئىبنى تەيمىيە: «پەيغەمبىرىمىز جۈمەدىن كېيىن مەسجىدتە ناماز ئوقۇسا تۆت رەكئەت، ئۆيىدە ئوقۇسا ئىككى رەكئەت ئوقۇيتتى» دەيدۇ. ئەبۇ داۋۇد ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىردىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسىدە: «پەيغەمبىرىمىز جۈمەنىڭ پەرزىدىن كېيىن مەسجىدتە ئوقۇسا تۆت رەكئەت، ئۆيىدە ئوقۇسا ئىككى رەكئەت ئوقۇيتتى» دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. شۇنداقلا بۇخارى ۋە مۇسلىم ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىردىن «پەيغەمبىرىمىز جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئۆيىدە ئىككى رەكئەت

www.islamyoli.net

ناماز ئوقۇيتتى» دېگەن مەزمۇندىكى بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان. ئىمام مۇسلىم ئەبۇ ھۇرەيرىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئى مۆمىنلەر! سىلەردىن جۈمە نامىزى ئوقۇغان كىشى جۈمەدىن كېيىن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن» دېگەن مەزمۇندىكى بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان. مەزكۇر ھەدىسلەردە جۈمە نامىزىنىڭ پەرزىدىن كېيىن تۆت رەكئەت سۈننەت نامىزىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ھەقتە تېخىمۇ ئوچۇق مەلۇماتقا ئېرىشىشنى خاھلىغان كىشى ئىبنى قەييۇم جەۋزىنىڭ «زادۇلمەئاد» ناملىق كىتابىغا مۇراجىئەت قىلسا بولىدۇ.
پەيغەمبىرىمىزنىڭ زامانىدا «ئېھتىياتى پېشىن» دەپ ئاتىلىدىغان ناماز يوق ئىدى. پەيغەمبىرىمىز خۇتبە ئوقۇغاندا ساھابىلەرنىڭ خۇتبىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆزىگە يېقىن ئولتۇرۇشقا بۇيرۇيتتى. ئۇلارنى خۇتبە ئەسناسىدا بىر - بىرى بىلەن گەپلىشىشتىن توساتتى. ئۇ خۇتبىسىدە كىشىلەرگە ئىسلامنىڭ ئاساسى قانۇنلىرىنى، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى يەتكۈزەتتى. ئۇلارنى باشقىلارنى ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن توسۇش، قولىدىن كېلىشىچە باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشقا تىرىشىش، ئەپۇچان بولۇش، مۇسىبەتكە سەبىر قىلىش قاتارلىقلاردەك ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتلەرنى ئومۇملاشتۇرۇشقا بۇيرۇيتتى. دېمەك، ئۇنىڭ سۆزى بىرلا مەزمۇندا توختىغان بولماستىن، بەلكى شۇ ئورۇن ياكى شۇ ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىغا قاراپ، ھەرخىل مەزمۇندا بولاتتى. ئۇ خۇتبە ئوقۇغاندا مۇنبەرگە چىقىپ، قولىدا ھاسا تۇتقان ھالدا ئوقۇيتتى. مۇنبەر ياسىلىشتىن بۇرۇن ئۇ خورما ياغىچىدىن بولغان بىر تۈۋرۈككە يۆلىنىپ تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇيتتى. كېيىن مۇنبەر ياسىلىپ پەيغەمبىرىمىز مەزكۇر تۈۋرۈكنى تاشلاپ مۇنبەرگە چىققاندا ھېلىقى تۈۋرۈك مەسجىدتىكى كىشىلەر ئاڭلىغۇدەك ھالدا نالە قىلغان. كېيىن پەيغەمبىرىمىز مۇنبەردىن چۈشۈپ ئۇنى سىلاپ قويغاندىن كېيىن، ئاستا - ئاستا توختاپ قالغان.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كىرىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى سالىم مەھەللىسىگە چۈشۈپ، جۈمە نامىزىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن، يەنە مەدىنىگە قاراپ يولىنى داۋام قىلدى. ئۇ مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كىرىپ، ھەر بىر مەھەللىدىن ئۆتكەندە، ئۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرى ئۇنى ئۆز ئۆيىگە چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ تۆگىسىنىڭ چۇلۋۇرىنى تالىشىپ كېتەتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا تۆگىنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇۋېتىشنى بۇيرۇپ، تۆگە نەگە چۆكسە شۇ يەرگە چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتتى. تۆگە ماڭا - ماڭا ئاخىرىدا بەنى نەججار مەھەللىسىگە كېلىپ، ئەبى ئەييۇبلئەنسارىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ چۆكتى. بۇنى كۆرگەن ئەبى ئەييۇبلئەنسارى خۇشاللىقىدىن دەرھال كېلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئۆيىگە توشۇدى. ھەزرىتى ئەسئەد ئىبنى زۇرارە كېلىپ تۆگىنى يېتىلەپ ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. دېمەك، پەيغەمبىرىمىزنى ۋە ئۇ زاتنىڭ تۆگىسىنى ئەڭ ئەزىز مېھمان سۈپىتىدە كۈتۈۋېلىشقا شۇ ئىككى زات مۇيەسسەر بولدى.
ھەزرىتى ئەبى ئەييۇبلئەنسارىنىڭ ئۆيى ئىككى قەۋەت بولۇپ، ئۇ پەيغەمبىرىمىزنى ئىككىنچى قەۋەتتە تۇرۇشقا تەكلىپ قىلغان بولسىمۇ، پەيغەمبىرىمىز كېلىپ - كەتكۈچىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، ئاستىنقى قەۋەتتە تۇرۇشنى ئىختىيار قىلدى. ئۇ ئۆزىگە ئايرىم بىر ئۆي تۇتۇپ، ئورۇنلىشىپ بولغۇچە مەزكۇر ئەبى ئەييۇبلئەنسارىنىڭ

ئۆيدە تۇرۇپ تۇردى. ئۇ ئەبى ئەييۇبىلئەنسارىنىڭ ئۆيدە تۇرغان مەزگىلدە باشقا ئەنسارلار ئۇ زاتنىڭ شەرىپىگە تۇرلۇك تائاملارنى قىلىپ زىياپەت بېرىپ تۇردى.

مەدىنە مۇنەۋۋەرەنىڭ ئەسلى ئىسمى «يەسرىب» بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن «مەدىنەتۇررەسول» (پەيغەمبەر شەھرى) دەپ ئاتالدى. پەيغەمبىرىمىز مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندە 53 ياشتا ئىدى.

## ھىجرەتنىڭ بىرىنچى يىلى پەيغەمبەر ئائىلىسىنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كېلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كېلىپ، ئۆزى بىرقۇر ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئائىلىسنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ھەزرىتى زەيد ئىبنى ھارىس بىلەن ئەبۇ رافىئنى مەككىگە ئەۋەتتى. ئۇلار مەككىگە بېرىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئايالى ھەزرىتى سەۋدە، قىزى ھەزرىتى پاتىمە، ئۇممى كۇلسۇم ۋە زەيد ئىبنى ھارىسنىڭ ئايالى ئۇممى ئەيمەن بىلەن ئوغلى ئۇسامە ئىبنى زەيدلەرنى مەدىنىگە ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ يەنە بىر قىزى ھەزرىتى زەينەپ يولدىشى ئەبۇلئاس بىلەن بىللە قالدى. بۇلار بىلەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئايالى ئۇممى رومان، قىزلىرىدىن ئەسما، ئائىشە ۋە ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ بەكرى قاتارلىقلارمۇ بىرگە كەلدى. ھەزرىتى ئەلى پەيغەمبىرىمىزنىڭ قۇبادىكى چېغىدا يېتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ زات پىيادە كەلگەنلىكى ئۈچۈن ئورۇقلاپ، پۇتلىرى قاپىرىپ، ئىنتايىن جاپا تارتقان ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەزرىتى ئەلىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ كۆز يېشى قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە مەسجىد سېلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كەلگەندە تۆگىسى چۆككەن يەرگە مەسجىد سېلىش قارارىغا كەلدى. بۇ يەر ئەنسارلاردىن مۇئاز ئىبنى ئەپرا بىلەن ئەسەد ئىبنى زۇرارەنىڭ تەربىيىسىدىكى سەھل ۋە سۇھەيل ئىسىملىك ئىككى يېتىم بالىنىڭ يېرى ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ پىكرىنى ئاڭلىغان مۇئاز ئىبنى ئەپرا بۇ يەرنى پەيغەمبىرىمىزگە بېرىپ، ئۇ ئىككى بالىنى ئۆزى رازى قىلىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما پەيغەمبىرىمىز بۇنى قوبۇل قىلماي، ئۇ يەرنى ئۆزى سېتىۋالدى ۋە ئۇ يەردىكى خورما ياغاچلىرى ۋە مۇشرىكلارنىڭ قەبرىلىرى چىقىرىپ تاشلىنىپ، تۈزلىنىپ بولغاندىن كېيىن، مەسجىد سېلىش قۇرۇلۇشى باشلىنىپ كەتتى. مەسجىد ئۇلى تاشتىن، ئەتراپى خورما ياغىچىدىن، ئۈستى خورما شاخلىرىدىن، ئېگىزلىكى ئۈچ گەز، ئۇزۇنلۇقى ۋە توغرىسى يۈز گەز ئەتراپىدا قىلىنىپ، تېزلا ياسىلىپ بولدى. مەسجىدكە ئۈچ ئىشىك قويۇلغان بولۇپ، بىرى چوڭ ئىشىك، بىرى كىچىك ئىشىك، يەنە بىر ئىشىك بولسا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىدىغان ئىشىك ئىدى. مەسجىدنىڭ ئەتراپىغا ھەزرىتى سەۋدە بىلەن ھەزرىتى ئائىشەگە ئاتاپ ئىككى ھۇجرا سېلىندى. كېيىن ھەزرىتى سارەنىڭ ھۇجرىسى سېلىندى. مەسجىد ۋە ھۇجرىلارنى سېلىشتا پەيغەمبىرىمىزمۇ ساھابە كىراملار بىلەن تەڭ ئىشلىدى. ئۇلار مەسجىدكە ئىشلەۋاتقاندا ئۆزلىرىنىڭ قىزغىنلىقىنى ئىپادىلەپ شېئىرلار ئوقۇيتتى.

www.islamyoli.net

پەيغەمبىرىمىزمۇ پات ـ پات «كۆزلىرىمىز رەببىمىزدىن ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى، مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارغا رەھىم ـ شەپقەت ئەيلىگىن» دەپ قوياتتى.

ھىجرىيىنىڭ بىرىنچى يىلى پەيغەمبىرىمىز مۇھاجىرلار بىلەن ئەنسارلار ئارىسىدا قېرىنداشلىق ئورنىتىش ئۈچۈن ئۇلارنى بىر ـ بىرى بىلەن ئاخىرەتلىك دوستلاردىن قىلىپ قويدى. ئۇلار مەزكۇر قېرىنداشلىق بويىچە بىر ـ بىرىگە مىراسخور بولالايتتى. بۇ بىر مۇددەت داۋاملاشقاندىن كېيىن جانابى ئاللاھ ئەھزاپ سۈرىسىنىڭ: «ئاللاھنىڭ كىتابىدا ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ بەزىسى بەزىسىگە (مىراس ئېلىشتا) مۆمىنلەردىن ۋە مۇھاجىرلاردىنمۇ يېقىندۇر» دېگەن 6 ـ ئايىتىنى نازىل قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە مىراسخور بولۇشى توختاپ، مىراسخورلۇق پەقەت ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىسىدا بولىدىغان بولدى.

ھەقىقەتەن ئەنسارلار مۇھاجىرلارغا قارىتا ئۆزلىرىنىڭ دىنىي قېرىنداشلىق بۇرچىنى ئادا قىلغان ئىدى. ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بارلىق مال ـ مۈلكىنىڭ يېرىمىنى مۇھاجىر قېرىنداشلىرىغا بۆلۈپ بېرىشتىن تاشقىرى، ئىككى ئايالى بارلىرى قېرىندىشى خاھلىغان بىرىنى تالاق قىلىپ، ئىددىتى تۈگىگەندىن كېيىن قېرىندىشىغا ئېلىپ بېرىش تەكلىپىنى قويغان ئىدى. بۇ ھەقتە جانابى ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇلاردىن (يەنى مۇھاجىرلاردىن) مەدىنىدە يەرلىك بولغان، ئىمانى كۈچلۈك بولغانلار (يەنى ئەنسارلار) يېنىغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلەرنى (يەنى مۇھاجىرلارنى) دوست تۇتىدۇ. ئۇلارغا بېرىلگەن نەرسىلەر ئۈچۈن ئىچى تارلىق قىلمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىدىن) ئەلا بىلىدۇ. ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغۇچىلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر» (ھەشر سۈرىسى 9 ـ ئايەت).

## ئەزاننىڭ يولغا قويۇلۇشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇھاجىرلار مەككىدىكى چاغلاردا نامازنىڭ ئالدىدا ئەزان ئوقۇش يوق ئىدى. چۈنكى مەككىدىكى شارائىت مۇسۇلمانلارنىڭ بىر يەرگە يىغىلىپ ناماز ئوقۇشىغا يار بەرمەيتتى. ئەزاندىن مەقسەت كىشىلەرگە نامازنىڭ ۋاقتى كىرگەنلىكىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كېلىپ، مۇسۇلمانلارغا قانداق قىلىپ نامازنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرۈشكە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ساھابە كىراملار بىلەن مەسلىھەت ئېلىپ باردى. ئۇلارنىڭ بەزىسى بايراق چىقارساق دېسە، بەزىسى ئوت ياقساق دېدى. يەنە بەزىسى يەھۇدىيلارغا ئوخشاش بۇرغۇي چالساق دېسە، بەزىسى ناسارالارغا ئوخشاش قوڭغۇراق چالايلى دېدى. لېكىن بۇ پىكىرلەرنىڭ ھېچبىرى ماقۇللانماي، ئاخىرىدا ھەر نامازنىڭ ۋاقتى كەلگەندە بىرەيلەن ئېگىز بىر يەرگە چىقىپ توۋلايدىغان بولۇپ، مەخسۇس كىشىلەر تەيىن قىلىندى. ئۇلاردىن بىرى ئابدۇللاھ ئىبنى زەيدىلئەنسارى ئىدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ چۈشىدە بىر ئادەم كېلىپ، ئۇنىڭغا كۈنىمىزدىكى بىزگە تونۇشلۇق بولغان ئەزاننى تەلىم بەردى. ئۇ شۇ ھامان پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ ۋەقەنى بايان قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا: «سەن توغرا چۈش كۆرۈپسەن، بۇندىن كېيىن شۇ تەرىقىدە ئەزان ئوقۇلسۇن» دېدى. ھەزرىتى ئۆمەرمۇ خۇددى ئابدۇللاھ ئىبنى زەيدىلئەنسارىغا ئوخشاشلا چۈش كۆرگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ناماز ۋاقتى بولغاندا

www.islamyoli.net

ئەزان ئوقۇش يولغا قويۇلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەدىنىدە ئىككى مۇئەززىنى بولۇپ، بىرى ھەزرىتى بىلال، يەنە بىرى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممى مەكتۇم ئىدى. ھەزرىتى بىلال بامدات نامىزىغا ئەزان ئوقۇغانىدا «حى على الفلاح» تىن كېيىن ئىككى قېتىم «الصلاة خير من النوم» دەيتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېمىگەن ئىدى. رامىزان ئايلىرىدا بامدات نامىزىغا ئوقۇلىدىغان ئەزاندىن باشقا يەنە بىر ئەزان ئوقۇلاتتى. نامازنى باشلاشنىڭ ئالدىدا تەكبىر ئوقۇلاتتى. تەكبىر ھەنەپى مەزھىپىدە ئەزانغا ئوخشاش بولۇپ، پەقەت «قد قامت الصلاة» قوشۇپ ئوقۇلىدۇ. ئەمما ئىمام شاپىئىنىڭ مەزھىپىدە ئەزان جۈپ، تەكبىر تاق، (بىردىن) ئوقۇلىدۇ. لېكىن «اشهد ان لا اله الا الله» ۋە «اشهد ان لا ا له الا الله» ۋە «اشهد ان محمدا رسول الله» جۈملىسى دەسلەپتە پەس ئاۋاز بىلەن ئېيتىلىپ، كېيىن ئاۋاز كۆتۈرۈلۈپ ئېيتىلىدۇ. مالىكى مەزھىپىدە ئەزانمۇ بىردىن، تەكبىرمۇ بىردىن ئېيتىلىدۇ. ئىمام ئەھمەدنىڭ مەزھىپىدە ئەزان ئىككىدىن، تەكبىر بىردىن ئوقۇلىدۇ. لېكىن سوزۇپ ئوقۇلمايدۇ.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ زامانىدا جۈمە نامىزىغا بىر قېتىم ئەزان ئوقۇلاتتى. ھەزرىتى ئوسماننىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە مۇسۇلمانلار كۆپىيىپ كەتكەچكە، مەسجىدنىڭ ئالدىدىكى سەينادا ئاۋۋال بىر ئەزان ئوقۇلۇپ، ئاندىن ئىمام مۇنبەرگە چىققاندا يەنە بىر ئەزان ئوقۇلىدىغان بولدى. كېيىنكى كۈنلەردە ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك مەسجىدنىڭ سەيناسىدا ئوقۇلىدىغان ئەزاننى مەسجىدنىڭ مۇنارىدا ئوقۇلىدىغان قىلدى. ئىمام مۇنبەرگە چىققاندا ئوقۇلىدىغان ئەزان پەيغەمبىرىمىزنىڭ زامانىدا يولغا قويۇلغان بولۇپ، ھېچبىر ئۆزگىرىش كىرگۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئەمما «نۇرۇلىيېقىن» دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى: «ئىمام مۇنبەرگە چىققاندا ئوقۇلىدىغان ئەزان ھىشام ئىبنى ئابدۇلمەلىك ئۆزگەرتكەن بىدئەت ئەزان» دەيدۇ. دېمەك، بۇ ھەقتە ئۆلىمالارنىڭ كۆز قارىشى ئوخشاش ئەمەس. توغرىسىنى ئاللاھ بىلىدۇ. مەدىنە مۇنەۋۋەرەنىڭ ئەتراپىدا ياشايدىغان بەنى نەزىر، بەنى قۇرەيزە، بەنى قەينۇقا قاتارلىق ئۈچ يەھۇدىي قەبىلىسى بار ئىدى. بەنى نەزىر قەبىلىسى بەتھان دېگەن يەردە، بەنى قۇرەيزە قەبىلىسى مەھزىدەر دېگەن يەردە، بەنى قەينۇقا قەبىلىسى قەينۇقا بازىرى دېگەن يەردە ياشايتتى. پەيغەمبىرىمىز مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كەلگەندە، ئۇلار دەرھال ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، مۇسۇلمان بولىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئەھلى كىتاب بولۇپ، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن بىر پەيغەمبەر كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ھەتتا ئۇلار مۇشرىكلار بىلەن جېدەللىشىپ يېڭىلىپ قالغان چاغلىرىدا «يېقىندا ئاخىر زامان پەيغەمبىرى كېلىدۇ. بىز ئۇ پەيغەمبەرگە ئەگىشىمىز. ئۇ چاغدا سىلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ قالساق، بىز سىلەرنى چوقۇم يېڭىمىز» دەپ داۋراڭ سالاتتى. دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ كىتابى تەۋراتتا ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىن كېلىدىغانلىقى ۋە ئۇ پەيغەمبەرنىڭ ئالامەتلىرى ھەققىدە بېشارەت بار ئىدى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئويلىشىچە ئۇلار ئىسلامنى دەرھال قوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئۇلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقمىدى. «ئىشەنگەن تاغدا كىيىك ياتماپتۇ» دېگەندەك، ئۇلارنىڭ ئالىملىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ئىسىملىك بىر كىشى مۇستەسنا پۈتۈن يەھۇدىيلار ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ئىسرائىل ئەۋلادىدىن كەلمەي، ئەرەبلەردىن كېلىپ قالغانلىقىغا ھەسەت قىلىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەۋىتىنى رەت قىلدى. ئۇلارنىڭ كىتابىنى تەستىقلاپ كەلگەن قۇرئاننىڭ كەرىمنىڭ سۆزىگە ھېچ ئەھمىيەت بەرمىدى. ئەكسىچە تەۋراتتىكى پەيغەمبىرىمىز ھەققىدىكى بېشارەتلەرنى ئۆزگەرتىپ يوق قىلدى. ئۇلار پەيغەمبىرىمىزگە

www.islamyoli.net

ئەگىشىشكە ئەڭ لايىق كىشىلەر بولىسمۇ، ھەسەت قىلىپ ھەقىقەتتىن باش تارتتى. ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرى ئىمان كەلتۈرمەسلىك بىلەن قالماي، باشقىلارنىمۇ توساتتى. يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدا پىتنە ـ ئىغۋا تارقىتىپ، ئۇلارنى ئىماندىن ياندۇرۇشقا كۈچ سەرپ قىلاتتى. خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا ئۇلار ئۆزلىرىنى ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا دۈشمەن ھېسابلاپ كەلدى.

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ يەھۇدىيلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈشى

مەدىنە يەھۇدىيلىرى ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرىگە ياردەم قىلمايدىغان، مۇسۇلمانلارمۇ ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىگە ياردەم قىلمايدىغان بولۇپ، ئىككى تەرەپ كېلىشىم ئىمزالىدى. ئەمما مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسىغا يەھۇدىيلار، يەھۇدىيلارنىڭ پايدىسىغا مۇسۇلمانلار ياردەم قىلىشقا بولاتتى. ئۇلار بىر مەزگىل مەزكۇر كېلىشىمگە ئەمەل قىلغان بولىسمۇ، كېيىن كېلىشىمنى بۇزۇپ، مۇسۇلمانلارغا خىيانەت قىلىشقا باشلىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئۆلتۈرۈلۈشكە، يەنە بىر قىسمى يۇرتلىرىدىن قوغلىنىشقا، يەنە بىر قىسمى ئۆلۈمگە مەھكۇم بولدى.

## مۇسۇلمانلارنىڭ جىھاد قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىشى

مۇسۇلمانلار مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلىشتىن بۇرۇن ھەرقانداق دۈشمەنگە قارشى تىغ  كۆتۈرۈپ قارشىلىق كۆرسەتمىگەن ئىدى. چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا مۇسۇلمانلارنىڭ سانى مۇشرىكلارغا سېلىشتۇرغاندا يوق ھېسابتا ئىدى. بۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلار مەككىدىكى چېغىدا مۇشرىكلارنىڭ زۇلۇمىغا چىداپ، سەبىر قىلىپ كەلگەن ئىدى. جانابى ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرىگە ئۇلاردىن يەتكەن ئەزىيەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ، سەبىر قىلىشقا، قىلچە بوشاپ قالماسلىققا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن:

«(ئى مۇھەممەد!) سەن (مۇشرىكلارنىڭ سالغان جاپاسىغا) ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەبىر قىلغاندەك سەبىر قىلغىن، ئۇلارغا بولىدىغان ئازابقا ئالدىراپ كەتمىگىن» (سۈرە مۇھەممەد 35 ـ ئايەت).

پەيغەمبىرىمىز مەككىدىكى چاغلاردا دىن تارقىتىش كۈچ ئىشلىتىش ئارقىلىق بولماي، بەلكى ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە دەلىل كەلتۈرۈش، جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىش، دوزاختىن ئاگاھلاندۇرۇشتەك ئىلمىي يوللار بىلەن بولغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ، مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن مۇسۇلمانلاردا مەيلى سان جەھەتتە بولسۇن ياكى باشقىلارغا بولغان تەسىر جەھەتتە بولسۇن زور دەرىجىدە ئىلگىرىلەشلەر بولدى. شۇنىڭ بىلەن جانابى ئاللاھ ئۇلارغا جىھاد قىلىشقا رۇخسەت قىلىپ: «ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى. ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر. (ئۇلار) پەقەت «پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ» دېگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئۆز يۇرتلىرىدىن ناھەق ھەيدەپ چىقىرىلدى» (ھەج سۈرىسى 40 ـ ئايەت) دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

www.islamyoli.net

مەزكۇر ئايەت كەرىمە چۈشكەندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز ئۆز ۋاقتىدا مۇسۇلمانلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى بۇلاپ ـ تالاپ، ئۇلارغا ئىنسان قىلىپىدىن چىققان ھالدا چېدىغۇسىز زۇلۇملارنى سالغان مۇشرىكلاردىن ئۆز ھەقلىرىنى قايتۇرۇۋېلىش ۋە ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ، كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ شامدىن قايتقان كارۋىنىنى توسۇپ، تىجارەت ماللىرىنى غەنىمەت ئېلىش ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كارۋاننى توسۇش ئۈچۈن ھەزرىتى ھەمزىنى ئەۋەتىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيىنىڭ بىرىنچى يىلى رامىزان ئېيىدا شامدىن قايتىپ كېلىۋاتقان قۇرەيش كارۋىنىنى توسۇش ئۈچۈن، ھەزرىتى ھەمزىنى باش قىلىپ، مۇھاجىرلاردىن ئوتتۇز كىشىنى ئەۋەتتى. كارۋانلارنىڭ بېشى ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشام بولۇپ، ئۇلار جەمئىي ئۈچ يۈز كىشى ئىدى. ھەزرىتى ھەمزە ئادەملىرىنى باشلاپ قىزىل دېڭىزنىڭ قىرغىقىدىكى ئەيس دېگەن يەرگە كەلگەندە كارۋانلار بىلەن ئۇچراشتى. ئىككى تەرەپ ئۇرۇشقا ھازىر بولۇپ تۇرغاندا، جۇھەينە قەبىلىسىنىڭ كاتتىسى مەجد ئىبنى ئەمرى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ئۇلارنى ئۇرۇشۇشتىن توستى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇرۇش قىلماي مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەجد ئىبنى ئەمرنىڭ بۇ ئىشىدىن خۇرسەن بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇشرىكلار كارۋىنىنى توسۇش ئۈچۈن ئۇبەيدە ئىبنى ھارىسنى ئەۋەتىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ يىلى شەۋۋال ئېيىدا مۇشرىكلار كارۋىنىنى توسۇش ئۈچۈن، ئۇبەيدە ئىبنى ھارىسنى باش قىلىپ، مۇھاجىرلاردىن 80 كىشىنى ئەۋەتتى. قوشۇننىڭ بايرىقى مىستەھ ئىبنى ئەساسەدە ئىدى. ئۇلار جۇھفە بىلەن ۋەددان ئارىسىدىكى بەتنى رابىغ دېگەن يەردە كارۋان بىلەن ئۇچراشتى. كارۋاننىڭ بېشى ئەبۇ سۇفيان بولۇپ، ئۇلار ئىككى يۈز كىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۈزۈكرەك ئۇرۇش بولا ـ بولمايلا، مۇشرىكلار «مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىسىدا يەنە ئادەم بارغۇ» دەپ ئويلىشىپ، قورقۇپ قېچىپ كەتتى. مۇسۇلمانلار ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىمىدى. مۇشرىكلارنىڭ ئىچىدە مۇسۇلمان بولۇپ، مەدىنىگە كېلەلمەي قالغان مىقداد ئىبنى ئەمر ۋە ئۇتبە ئىبنى غەزۋان ئىسىملىك ئىككى كىشى بار ئىدى. ئۇلار بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ مۇسۇلمانلار تەرەپكە كېلىۋالدى.
شۇ يىلى ئەنسارلارنىڭ كاتتىلىرىدىن بەرا ئىبنى مەئرۇر بىلەن ئەسئەد ئىبنى زۇرارە ۋاپات بولۇپ، مۇشرىكلارنىڭ كاتتىلىرىدىن ۋەلىد ئىبنى مۇغىرە بىلەن ئاس ئىبنى ۋائىل ئەسسەھمى ئۆلدۇ.

## ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى يىلى يۈز بەرگەن ۋەقەلەر

ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى يىلىنىڭ باشلىرىدا پەيغەمبىرىمىز مەدىنىدە ئۆز ئورنىغا سەئد ئىبنى ئۇبادەنى نائىب قىلىپ قويۇپ، مۇھاجىرلاردىن يەتمىش كىشى بىلەن قۇرەيش كارۋىنىغا قارشى ھازىرلىنىپ يولغا چىقتى. بايراقنى ھەزرىتى ھەمزىگە تۇتقۇزغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ساھابىلەر بىلەن ۋەددان دېگەن يەرگە يېتىپ بارغاندا،

www.islamyoli.net

مۇشرىكلارنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. ۋەددان مەككە بىلەن مەدىنەنىڭ ئارىسىدىكى بىر يېزا بولۇپ، ئۇ يەر ئەبۋاغا يېقىن بولغانلىقى ئۈچۈن، مەزكۇر ئۇرۇش «ئەبۋا ئۇرۇشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا پەيغەمبىرىمىز بەنى زەمرە ئەرەبلىرىنىڭ باشلىقى مەخشا ئىبنى ئەمرى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، ئۇلار مۇسۇلمانلارغا، مۇسۇلمانلار ئۇلارغا ياردەم قىلىدىغان بولۇپ قايتىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ سەپىرى ئون بەش كۈن داۋام قىلدى. بۇ ئۆز زات تۇنجى قېتىم قاتناشقان ئۇرۇش ئىدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەۋۋات دېگەن جايغا جىھادقا چىقىشى

ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ زور بىر كارۋىنىنىڭ شامدىن قايتقانلىقىنى ئاڭلاپ، مۇھاجىرلاردىن ئىككى يۈز كىشى بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن چىقتى. بايراقنى سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاسقا تۇتقۇزغان ئىدى. مەزكۇر كارۋاننىڭ بېشى ئۇمەييە ئىبنى خەلەپ بولۇپ، مۇشرىكلاردىن يۈز كىشى ئۇ كارۋاننى قوغدايتتى. پەيغەمبىرىمىز مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ئۆز ئورنىغا سەئد ئىبنى مۇئازنى قويۇپ، ئۆزى مۇسۇلمانلارنى باشلاپ بەۋۋات دېگەن يەرگە كەلگەندە كارۋانلارنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇرۇش قىلماي قايتىپ كەلدى. بەۋۋات جۇھەينە قەبىلىسىنىڭ تاغلىرىدىن بىر تاغ بولۇپ، رىدۋا ئىسىملىك تاغنىڭ يېنىدا ئىدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرەيش كارۋىنىنى توسۇش ئۈچۈن ئەشىرە دېگەن جايغا بېرىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەمادىيەلئەۋۋەل ئېيىدا ئەبۇ سۇفياننىڭ چوڭ بىر كارۋاننى باشلاپ شامدىن قايتقانلىقىنى ئاڭلاپ، مۇھاجىرلاردىن يۈز ئەللىك كىشى بىلەن ئۇلارنى توسۇش ئۈچۈن چىقتى. بايراقنى ھەزرىتى ھەمزىگە تۇتقۇزغان ئىدى. مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇلئەسەدنى ئۆز ئورنىدا قويۇپ قويغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ساھابىلەر بىلەن ئەشىرە دېگەن يەرگە كەلگەندە، كارۋانلارنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، بەنى مۇدلەج ئەرەبلىرى بىلەن كېلىشىم ئورنىتىپ ئۇرۇش قىلماي يېنىپ كەلدى. (ئەشىرە مەدىنە مۇنەۋۋەرە بىلەن يەنبۇئنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر جاي.)

## بىرىنچى قېتىملىق بەدىر ئۇرۇشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەشىرە ئۇرۇشىدىن قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، كەرز ئىبنى جابىرىل پىھرى مەدىنە خەلقىنىڭ پادىلىرىنى ھەيدەپ ئېلىپ كەتكەن ئىدى. پەيغەمبىرىمىز بۇنى ئاڭلاپ، بىر بۆلۈك ساھابىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ چىققان بولسىمۇ، تاپالماي بەدىرگە يېقىن بىر جايغىچە بېرىپ يېنىپ كەلدى. بۇ سەۋەبتىن بۇ ئۇرۇش بىرىنچى قېتىملىق بەدىر ئۇرۇشى دەپ ئاتالدى. بۇ ئۇرۇشتا بايراق ھەزرىتى ئەلىنىڭ قولىدا بولۇپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئورنىدا زەيد ئىبنى ھارىس نائىب بولۇپ قالغان ئىدى.

www.islamyoli.net

## ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش قوشۇنى

ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى يىلى پەيغەمبىرىمىز ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشنى باش قىلىپ، سەككىز نەپەر كىشىنى ھازىرلىدى. ئۇ ئابدۇللاھقا بىر پارچە خەتنى تۇتقۇزۇپ، بۇ خەتنى ئىككى كۈندىن كېيىن ئوقۇپ، خەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە ھەرىكەت قىلىشقا بۇيرۇپ، ئۇلارنى يولغا سالدى. ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش ئىككى كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن خەتنى ئېچىپ ئوقۇدى. خەت مۇنداق دەپ يېزىلغان ئىدى: «بۇ خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن دەرھال نەخلە دېگەن جايغا يېتىپ بېرىپ، قۇرەيشلەرگە كۆز قۇلاق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن بىزگە خەۋەر ئېلىپ كەلگىن.»
پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىشنىڭ بېشىدا ئۆز مەقسىتىنى ئۇلارغا ئېيتماسلىقىنىڭ سەۋەبى پىلان كىشىلەرگە ئاشكارا بولۇپ قېلىپ، مۇشرىكلارنىڭ خەۋەر تېپىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىدى. ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن، خەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە نەخلە تەرەپكە قاراپ يول ئالدۇ. يول ئۈستىدە ئۇتبە ئىبنى غەزۋان بىلەن سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاسنىڭ تۆگىسى يىتىپ كېتىپ، ئۇلار ھەمراھلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. قالغانلار نەخلە دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئەمرى ئىبنى خەزرەمى، ھەكەم ئىبنى كىيان، ئوسمان ئىبنى ئابدۇللاھ ۋە نەۋپەل ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قول ئاستىدىكى بىر قۇرەيش كارۋىنى ئۆتۈپ كەتتى. بۇ كارۋاننى قوغدىغۇچى كىشىلەرنىڭ سانى ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش قاتارلىق كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئەمرى ئىبنى خەزرەمنى ئۆلتۈردى. نەۋپەل قېچىپ قۇتۇلدى. قالغان ئىككىسنى ئەسىرگە ئېلىپ، كارۋاننى ھەيدەپ مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ئېلىپ كەلدى. بۇ ۋەقە ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايدا يەنى رەجەب ئېيىنىڭ ئاخىرىدا يۈز بەرگەن ئىدى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبىرىمىز ۋە باشقا ساھابىلەر ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشنىڭ بۇ ئىشنى توغرا كۆرمىدى. بۇ ئىش مۇشرىكلار ۋە يەھۇدىيلارغا تېخىمۇ پۇرسەت بولۇپ بەردى. ئۇلار بۇ ئىشنى باھانە قىلىپ تۈرۈپ نۇرغۇن پىتنە ـ پاسات تۇغدۇرۇشقا ئۇرۇندى. ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش قاتارلىق بۇ ۋەقەگە چېتىشلىق كىشىلەر قىلغان ئىشلىرىغا قاتتىق پۇشايمان قىلىشتى. جانابى ئاللاھ پەيغەمبىرىگە ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ ھەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ:
«(ئى مۇھەممەد!) ئۇلار سەندىن «ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئېيتقىنكى، «بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھتۇر. ئاللاھنىڭ يولىدىن توسۇش، ئاللاھقا كۇپۇرلۇق قىلىش، مەسجىدى ھارامدا (ئىبادەت قىلىشتىن) توسۇش ۋە مەسجىدى ھارامدىن ئاھالىسىنى ھەيدەپ چىقىرىش ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر. پىتنە (يەنى مۆمىنلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر» دېگەن» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ئەسىرگە ئېلىنغان ئىككى كىشىنىڭ بىرى (ھەكەم ئىبنى كەيسان) مۇسۇلمان بولۇپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە قالدى. يەنە بىرى فىدىيە بېرىپ مەككىگە قايتتى. پەيغەمبىرىمىز مەزكۇر ئۇرۇشتا ئېلىنغان غەنىمەتلەرنىڭ بەشتىن بىرىنى بەيتۇل مالغا (دۆلەت خەزىنىسىگە) ئېلىپ قېلىپ، قالغان قىسمىنى ساھابە كىراملارغا تارقىتىپ بەردى. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ تۇنجى قېتىم ئالغان غەنىمىتى ئىدى.

## بۈيۈك بەدر ئۇرۇشى

www.islamyoli.net

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى يىلى مۇشرىكلارنىڭ شامغا ئۆتىدىغان كارۋانلىرىنى توسۇش ئۈچۈن ئەسكەر باشلاپ چىققان ئىدى. ئەمما ئۇلار يېتىپ كەلگۈچە مۇشرىكلار ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن ئۇرۇش قىلماي يېنىپ كەلدى. رامىزان ئېيىنىڭ باشلىرىدا پەيغەمبىرىمىز مەزكۇر كارۋانلارنىڭ شامدىن قايتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ساھابىلەرنى ھازىرلىنىشقا بۇيرۇدى. كارۋاننى قوغداپ ماڭغۇچىلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. شۇڭا پەيغەمبىرىمىز بۇ قېتىملىق سەپەرگە ساھابىلەرنى جىددىي بىر شەكىلدە دەۋەت قىلمىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سەپەرگە مۇھاجىرلاردىن 86 كىشى، ئەۋس قەبىلىسىدىن 61 كىشى، خەزرەج قەبىلىسىدىن 170 كىشى بولۇپ، جەمئىي 313 كە يېقىن كىشى ھازىرلاندى. ئەۋس خەلقى شجائەتلىك، باتۇر، ئۇرۇشتىن قورقمايدىغان خەلق بولسىمۇ، باشقىلارغا قارىغاندا ئۇلارنىڭ ئاز ھازىر بولۇشىنىڭ سەۋەبى: بىرىنچىدىن، بۇ سەپەر ئۇشتۇمتۇت بولۇپ قالغان. ئىككىنچىدىن، پەيغەمبىرىمىز ئات، تۆگىلىرى ھازىر بولمىغان كىشىلەرنىڭ قاتناشمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. قوشۇن ھازىرلىنىپ بولغاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز قوشۇننى دەرھال ئاتلىنىشقا بۇيرۇدى. ئۇلاردا مىنىدىغان 70 تۆگە بار ئىدى. ئۇلار بۇ تۆگىلەرگە ئىككى - ئۈچتىن نۆۋەتلىشىپ مىنەتتى. ھەتتا پەيغەمبىرىمىزمۇ ھەزرىتى ئەلى ۋە ھەزرىتى مەرسەد بىلەن بىر تۆگىگە، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق، ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋپلەر بىلەن بىر تۆگىگە نۆۋەتلىشىپ مىنەتتى. ئاتلىق كىشىلەردىن مىقداد ئىبنى ئەسۋەد بىلەن زۇبەير ئىبنى ئەۋۋاملار بار ئىدى. ئەمما، بەزى تارىخچىلار ئاتلىق كىشىلەرنىڭ ئۈچ نەپەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ئۆز ئورنىدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممى مەكتۇمنى قويۇپ قويغان ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز قوشۇن بىلەن بىرگە مەدىنىنىڭ سىرتىغا چىققاندىن كېيىن «بۇيۇتىلقىيات» دېگەن يەرگە بارغاندا ئۇلارنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۇرۇشقا قادىر بولالمايدىغان بىر نەچچە كىشىنى قايتۇرۇۋەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى، رابى ئىبنى ھۇدەيج، بەرا ئىبنى ئازىب ۋە زەيد ئىبنى سابىت قاتارلىقلار بار ئىدى. «بۇيۇتىلقىيات» مەدىنىنىڭ غەربىگە جايلاشقان، سۇيى تاتلىق، تونۇشلۇق بىر يەر. ئىسلام ئەسكەرلىرى «رەۋھا» دېگەن جايغا كەلگەندە، پەيغەمبىرىمىز ئەبۇ لۇبابەنى مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ۋالى قىلىپ ئەۋەتتى. (رەۋھا دېگەن مەدىنىنىڭ مەككە تەرىپىدىكى بىر يەرنىڭ ئىسمى.) مەككە بىلەن رەۋھا ئارىسىدا قىرىق چاقىرىملىق مۇساپە بار. پەيغەمبىرىمىز بۇ سەپەردە چوڭ بايراقنى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرگە، مۇھاجىرلارنىڭ بايرىقىنى ھەزرىتى ئەلىگە، ئەنسارلارنىڭ بايرىقىنى سەئد ئىبنى مۇئازغا تۇتقۇزدى. قوشۇن سەپرا دېگەن يەرگە يېقىن بارغاندا پەيغەمبىرىمىز بەسبەس ئىبنى ئەمرى بىلەن ئەدى ئىبنى ئەبى زەغبۇنى كارۋانلاردىن خەۋەر ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بەدرىگە ئەۋەتتى. سەپرا بولسا خورمىلىق، گۈزەل جاي بولۇپ، بەدر بىلەن ئۇنىڭ ئارىسى بىر كۈنلۈك يول ئىدى. ئەبۇ سۇفيان پەيغەمبىرىمىزنىڭ كارۋان يولىنى توسۇپ چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، قۇرەيش مۇشرىكلىرىغا خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن زەمزەم ئىبنى ئەمرلغىپارىنى مەككىگە ئەۋەتتى. زەمزەم مەككىگە كېلىپ قۇرەيش مۇشرىكلىرىغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەندىن كېيىن، قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئىنتايىن ئالاقزادە بولۇپ، كارۋاننى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن دەرھال ھازىرلىنىشقا باشلىدى. چۈنكى بۇنىڭدىن بىر ئاز ئاۋۋال يۈز بەرگەن ئەمر ئىبنى ھەزرەمى ۋەقەسىنىڭ دىيىتى ئۇلارنىڭ ئېسىدىن تېخى چىقىپ كەتمىگەن ئىدى.

www.islamyoli.net

ئۇنىڭ ئۈستىگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇنداق بۈيۈك بىر كارۋاننى توسۇشقا جۈرئەت قىلالىغانلىقى ئۇلارنىڭ يۈرىكىگە قادالغان يەنە بىر ئوق بولدى. ئۇلار قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىدىن نېمە قىلىشلىرىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قېلىشتى. ئاخىرى كارۋاننى قۇتقۇلدۇرۇش ۋە ئەمر ئىبنى ھەزرەمىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن كىشىلەرنى كۈشكۈرتۈشكە باشلىدى. قۇرەيشلەرنى ئۇرۇشقا ئۈندەپ، زور كۈچ چىقارغان كىشى ئەبۇ جەھىل ئىدى. ئۇ بۇ ھەقتە بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىپ، ئۇرۇشتىن باش تارتقان ئادەملەرنىڭ بەزىسىنى قورقۇتۇپ، بەزىسىنى قاتتىق ئەيىبلەش ئارقىلىق ئۇرۇشقا چىقىشقا مەجبۇرلايتتى. بۇ سەپەرگە بەنى ئۇدەي جەمەتىدىن باشقا ھەممە قۇرەيش جەمەتلىرى قوشۇلدى. مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىدىن ئەبۇ لەھەبتىن باشقىسى ھازىر بولدى. ئەبۇ لەھەب بولسا ئۆزىنىڭ ئورنىغا ئاس ئىبنى ھىشام ئىسىملىك بىر كىشىنى ئەۋەتتى. ئۇمەييە ئىبنى خەلەپ ياشىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، بۇ سەپەرگە چىقماي مەككىدە قېلىشنى خالىسىمۇ، ئەبۇ جەھىل كەبى كاتتىلار ئۇنى ئەيىبلىگەنلىكى ئۈچۈن  چىقىشقا مەجبۇر بولدى. قۇرەيش كاتتىلىرىدىن ئۇتبە ئىبنى رەبىئە چىقماسلىقنى خالىسىمۇ، قېرىندىشى شەيبەنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن ئۇمۇ چىقتى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى شۇ تەرزدە تەييار بولۇپ، مىڭغا يېقىن كىشىدىن تەركىب تاپقان ھەربىي قوشۇننى تەشكىللەپ، مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى.

ئۇلاردىن ئىككى يۈز كىشى ئاتلىق ئەسكەر بولۇپ، قالغانلىرى پىيادە ئەسكەرلەر ئىدى. ئوزۇق - تۈلۈك ئارتىش ۋە ئەسكەرلەرگە كېرەك بولغاندا سويۇپ بېرىش ئۈچۈن بىرقانچە يۈز تۆگىنى بىرگە ئېلىپ يولغا چىقتى. ئەسكەرلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، دېدەكلەر ۋە ئىسلامنى ھەجۋى قىلىش ئۈچۈن شائىرلارمۇ بىرگە چىققان ئىدى. قۇرەيش ئەسكەرلىرى جۆھپە دېگەن جايغا بارغاندا ئەبۇ سۇفياندىن بىر پارچە مەكتۇپ كەلدى. مەكتۇپتا كارۋاننىڭ چوڭ يول بىلەن ماڭماستىن قىزىل دېڭىزنى بويلاپ مېڭىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەسكەرلىرىدىن قۇتۇلغانلىقى يېزىلغان ۋە مەككىدىن چىققان ئەسكەرلەرگە قايتىپ كېتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈلگەنىدى. بۇ مەكتۇپ ئوقۇلغاندىن كېيىن، ئەبۇ جەھىل: «بىز قايتمايمىز. بەدرىگە بېرىپ ئۈچ كۈن تۇرۇپ، تۆگىلەرنى سويۇپ، ھاراقلارنى تەييار قىلىپ، ئۇ ئەتراپتىكى خەلققە ئۆزىمىزنى تونۇتۇپ قويىمىز. تاكى بىزنىڭ شانۇ شەۋكىتىمىز ھەممە ئەرەبلەرگە مەشھۇر بولۇپ، بۇندىن كېيىن ھەممە ئەرەبلەر بىزدىن قورقىدىغان بولسۇن» دېدى. چوڭلاردىن ئەخنەس ئىبنى شەرىپنىڭ تەشۋىق قىلىشى بىلەن بەنى زۆھرە جەمەتى قايتىپ كەتتى. بەنى ھاشىم جەمەتى قايتىشنى خاھلىغان بولسىمۇ، باشقىلار، خۇسۇسەن ئەبۇ جەھىل ئۇلارنى قاتتىق ئەيىبلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئىلاجسىز ئەسكەرلەر بىلەن بىرگە بېرىشقا مەجبۇر بولدى.

ئىسلام ئەسكەرلىرى سەپرا دېگەن جايدىن ئۆتكەندە كارۋاننىڭ خەۋىرىنى ئېلىش ئۈچۈن بارغان ئىككى كىشى كېلىپ، كارۋاننىڭ بەدرىگە يېقىن كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. پەيغەمبىرىمىز قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ كارۋاننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن چىققانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى. شۇڭا يولنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئۇلار سەپرادىن ئۆتۈپ، يېقىن بىر جايدا توختىغاندا مۇشرىكلارنىڭ يولغا چىققانلىقىدىن خەۋەر تاپتى. كېيىن ئەسكەرلەرنىڭ چوڭلىرىنى يىغىپ، ئۇرۇش قىلىش ياكى قىلماسلىق ھەققىدە مەسلىھەت سورىدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق ۋە ھەزرىتى ئۆمەرگە ئوخشاش مۇھاجىرلارنىڭ چوڭلىرى: «ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى نېمە ئىشقا بۇيرۇسا جان - دىلىمىز بىلەن ئىتائەت قىلىمىز. ئۇنىڭ بۇيرۇقىدىن قىلچە چىقمايمىز» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئارىدىن

www.islamyoli.net

«ئۇرۇش قىلىدىغان بولساق بالدۇر ئۇقتۇرۇشى كېرەك ئىدى. بىلگەن بولساق، بىز ئۇرۇشقا تەييار بولۇپ چىقاتتۇق» دېگەنلەرمۇ بولدى. ئەمما پەيغەمبىرىمىز ئۇرۇش قىلىش تەرەپدارى ئىدى. چۈنكى ئۇ زات ئاللاھنىڭ مۇسۇلمانلارنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ ساھابىلەرگە: «ئاللاھ ماشا ئىككى ئىشنىڭ بىرىنى ۋەدە قىلدى» دەيتتى. ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن ھەزرىتى مىقداد ئىبنى ئەسۋەد سەپنىڭ ئالدىغا چىقىپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىلە نېمە ئىش قىلىشنى مەقسەت قىلغان بولسىلا شۇ ئىشنى قىلسىلا، بىز سىلىگە ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا دېگىنىدەك: «سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىرگە بېرىپ ئۇرۇش قىلغىن، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى» دېمەيمىز. بەلكى ‹سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىرگە بېرىپ جەڭ قىلغىن، بىزمۇ سەن بىلەن بىرگە بېرىپ جەڭ قىلىمىز› دەيمىز. ئەگەر سىلە بىزنى بەركىلغىماد دېگەن جايغا ئۇرۇشقا ئېلىپ بارسىلىمۇ، بىز ھەرگىز سىلىنىڭ ئارقىلىرىدا قالمايمىز» دېدى. بەركىلغىماد دېگەن يەمەندىكى بىر جاينىڭ ئىسمى. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مىقدادنىڭ بۇ سۆزىدىن رازى بولدى. چۈنكى ئۇ ئەنسارلارنىڭ ئۇرۇشقا بولغان ئىپادىسىنى ئېنىق بىلىشى كېرەك ئىدى. مۇھاجىرلارنىڭ مۇشرىكلاردىن كۆرمىگەن زۇلۇمى قالمىغانلىقى، ھەتتا مۇقەددەس ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقىرىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقا چىقىشى ئېنىق ئىدى ھەمدە ئۇلار بۇندىن ئىلگىرىكى بىر نەچچە قېتىملىق ئۇرۇشلاردىمۇ پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرگە بولغان ئىدى. ئەمما ئەنسارلارغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ بۇ قېتىملىق سەپىرى پەيغەمبىرىمىز بىلەن بولغان تۇنجى قېتىملىق سەپىرى ئىدى. شۇنداقلا، ئۇلار ئەقەبە بەيئىتىدە پەيغەمبىرىمىزنى ھىمايە قىلىشقا سۆز بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۇرۇشقا چىقىشى ھەققىدە ئېنىق بىر نەرسە دېيىلمىگەن ئىدى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ رايىنى ئېنىق بىلىش ئۈچۈن ئۇلارغا قارىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن ھەزرىتى سەئد ئىبنى مۇئاز سەپنىڭ ئالدىغا چىقىپ، پۈتۈن ئەنسارلارغا ۋاكالىتەن: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىلە بۇ سۆزلىرىدىن بىزنى مەقسەت قىلىۋاتقان بولسىلا كېرەك؟» دېدى. پەيغەمبىرىمىز: «ھەئە شۇنداق» دېگەندە، ھەزرىتى مۇئاز: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز سىلىگە ئىمان ئېيتتۇق، سىلىنىڭ پەيغەمبەرلىكلىرىگە ئىشەندۇق، سىلىنى ھىمايە قىلىشقا ۋە ياردەم قىلىشقا ۋەدە قىلدۇق، سىلىنى ئاللاھ نېمىگە بۇيرۇغان بولسا شۇنى قىلسىلا، بىز سىلىدىن قىلچىلىكمۇ ئايرىلىپ قالمايمىز، بىزنى سىلىگە ئەگىشىپ، مانا شۇ قىزىل دېڭىزغا كىرىشكە بۇيرىسىلىمۇ كىرىمىز، بىز ئۇرۇش قىلىپ كۆنگەن، چىدامىلىق باتۇر كىشىلەرمىز، ئىنشائاللاھ سىلە بىزدىن خۇشال بولىدىغان ئىشلارنى كۆرىلا، سىلە ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ، يوللىرىنى داۋام قىلىۋەرسىلە» دېدى. پەيغەمبىرىمىز سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ئىنتايىن سۆيۈندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ساھابىلەر بىلەن مۇشرىكلارغا ئۇچراشقاندا چوقۇم ئۇرۇش قىلىشقا كېلىشىپ، بەدرىگە قاراپ يولغا چىقتى. پەيغەمبىرىمىز كارۋاندىن خەۋەر ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ھەزرىتى ئەلى، ھەزرىتى زۇبەير ۋە ھەزرىتى سەئدنى ئالدىن ئەۋەتتى. مۇسۇلمانلار بەدرىگە يېقىن بىر يەرگە كېلىپ دەم ئېلىۋاتقاندا، مەزكۇر ئۈچ كىشى مۇشرىكلار تەرەپتىن ئىككى كىشىنى ئالدىغا سېلىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلاردىن: «سىلەر كىم؟ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسىلەر؟» دەپ سورىغاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ يەرگە سۇ ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ نەگە چۈشكەنلىكى، ئۇلارنىڭ سانى، ئۇلارنىڭ كاتتىلىرىدىن

www.islamyoli.net

كىملەرنىڭ بارلىقى قاتارلىق ھەممىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلاردىن قورەيش كاتتىلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ئاڭلاپ، ساھابىلەرگە مۇنداق دېدى: «مەككە سىلەرگە جىگەر پارىلىرىنى تاشلىدى.»

مۇسۇلمانلار كېلىپ چۈشكەن جاي قۇملۇق بىر جاي ئىدى. شۇ پەيتتە يامغۇر يېغىپ تۇپراقلار بېسىلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ كەتكەن ئەسكەرلەر يامغۇردا راھەتلەندى. پەيغەمبىرىمىز قوشۇننى باشلاپ بەدىردىن بىر ئاز ئۇزاق بولغان بىر يەرگە كېلىپ چۈشتى. قوشۇننىڭ ئىچىدە ئۇرۇش تاكتىكىسى ئۇستىۇن بولغان خەبباب ئىسىملىك بىر ساھابە بار ئىدى. بۇ زات پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ئورۇنغا ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن چۈشتىلىمۇ؟ ياكى ئۆز رايلىرى بىلەنمۇ؟» دېدى. پەيغەمبىرىمىز: «ئۆز رايىم بىلەن چۈشتۈم» دەپ جاۋاب بەرگەندە، ھەزرىتى خەبباب: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز سۇيى مول بولغان يەرگە چۈشۈپ، ئۆزىمىزگە كېرەكلىك بولغان سۇلارنى ساقلاپ قېلىپ، باشقا سۇ يىغىلغان جايلارنى تىندۇرۇپ تاشلىساق، ئۇلار سۇسىزلىقتىن كۆپ مۇشەققەت چېكىشى مۇمكىن» دېدى. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى خەببابنىڭ بۇ پىكرىنى ماقۇل كۆرۈپ، قوشۇننى قوزغىلىشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار مەزكۇر پىلان بويىچە ئىش كۆرۈپ، ئىستراتېگىيە جەھەتتە ئەڭ مۇھىم بولغان يەرنى ئىگىلىدى. كېيىن سەئد ئىبنى مۇئازنىڭ پىكرى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ چېدىرى ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغىلى بولىدىغان بىر دۆڭگە تىكىلدى. مۇشرىكلار بەدىرگە يېقىن بىر يەرگە چۈشكەن ئىدى. يامغۇر ئۇلارنىڭ يوللىرىنى پاتقاقلىققا ئايلاندۇرۇپ قويغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئىلگىرىلىشى بىرئاز قىيىن توختىغان ئىدى. بۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلار سۇ بار يەرگە ئۇلاردىن بۇرۇن يېتىپ كېلىپ، ئۆزلىرىگە كېرەكلىك بولغان سۇلارنى ساقلاپ قېلىپ، باشقا سۇ يىغىلىپ قالغان جايلارنى تىندۇرۇپ تاشلىدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسكەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقىشى

مۇشرىكلار بەدىرگە كېلىپ، ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە كۆرۈنگۈدەك بىر يەرگە چۈشتى. پەيغەمبىرىمىز ئەسكەرلەرنى رەتلەشكە باشلىدى. ئۆزى سەپمۇ سەپ ئارىلاپ، تۈز بولمىغان بەزى سەپلەرنى مۇبارەك قولىدىكى ھاسىسى بىلەن بىرمۇ بىر تۈزەپ چىقتى. ئۇلارغا غەيرەتلىك، چىدامىلىق بولۇش ھەققىدە سۆز قىلىپ، مەنىۋى جەھەتتىن روھلاندۇردى. مۇسۇلمانلار سېپى مۇنتىزىم بىر شەكىلدە رەتكە سېلىنىپ، بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرغاندا، مۇشرىكلار ئارىسىدا ئۇرۇش قىلىش ياكى قىلماسلىق ھەققىدە ئۆز ئارا ئىختىلاپ چىقتى. ئۇلارنىڭ كاتتىلىرىدىن ئەبۇ جەھىل قاتارلىق بىر نەچچىسى ئۇرۇش قىلىمىز دېسە، ئۇتبە ئىبنى رەبىئە قاتارلىق بىر نەچچىسى ئۇرۇش قىلماسلىق تەرەپدارى بولدى. ئۇتبە ئىبنى رەبىئە ئۇرۇش قىلماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، ھەتتا ئەمرى ئىبنى ھەزرەمىنىڭ قان ھەققى ۋە كارۋاندىكى مال ـ مۈلۈكنىڭ چىقىمىنى تۆلەشكە سۆز بەرگەن بولسىمۇ، ئەبۇ جەھىل ئۇنى قورقۇنچاق دەپ ئەيىبلەپ، ئۇنىڭ سۆزىنى مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدا تەسىرسىز قالدۇرۇش ئۈچۈن، ئەمرى ئىبنى ھەزرەمىنىڭ قېرىندىشى ئامىرنى قېرىندىشىنىڭ قان داۋاسىنى قىلىپ، جار سالدۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئەبۇ جەھىلنىڭ گېپى گەپ بولۇپ، ئۇرۇشقا ھازىر بولۇشتى. ئۇتبەمۇ ئامالسىز ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان بولدى. ئۇرۇش

www.islamyoli.net

باشلىنىشقا ئاز قالغاندا مۇشرىكلاردىن ئەسەد ئىبنى ئابدۇلئەسەد ئەلمەخزۇمى ئۆزىچە كۆرەڭلەپ، مۇسۇلمانلار ئىگەللەپ تۇرغان كۆلدىن سۇ ئىچىمەن دەپ قەسەم قىلدى. بۇنىڭغا قارشى ھەزرىتى ھەمزە مەيدانغا چۈشۈپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئادەت بويىچە بىردىن ـ بىردىن مەيدان تەلەپ قىلىپ، ئۇرۇش قىلىش باشلاندى. مۇشرىكلاردىن ئۇتبە ئىبنى رەبىئە، شەيبە ئىبنى رەبىئە، ۋەلىد ئىبنى ئۇتبە قاتارلىق ئۈچ نەپەر كىشى مەيدانغا چىقىپ، مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە ئادەم تەلەپ قىلدى. ئۇلارغا قارشى ئەنسارلارنىڭ ئىچىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ۋە ھارىسنىڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، ئۈچ كىشى مەيدانغا چۈشتى. ئەمما قارشى تەرەپ پەيغەمبىرىمىزدىن ئۆزلىرى بىلەن ئۇرۇشىدىغان كىشىنىڭ قۇرەيشلىك بولۇشىنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبىرىمىز ئۇتبەگە ھەزرىتى ئۇبەيدە ئىبنى ھارىسنى، شەيبەگە ھەزرىتى ھەمزىنى ۋە ۋەلىد ئىبنى مۇغىرەگە ھەزرىتى ئەلىنى مەيدانغا چۈشۈردى. ھەزرىتى ھەمزە بىلەن ھەزرىتى ئەلى مەيدانغا چۈشكەن ھامان ئۆز رەقىبلىرىنى جانلىرىدىن جۇدا قىلدى. ئەمما ھەزرىتى ئۇبەيدەنىڭ پۇتى يارىلىنىپ تۇرغاندا ھەزرىتى ھەمزە بىلەن ھەزرىتى ئەلىلار دەرھال كېلىپ، ئۇتبەنى ئۆلتۈرۈپ ھەزرىتى ئۇبەيدەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاملا ھەزرىتى ئۇبەيدەگە مۇبارەك پۇتىنى تەكى قىلىپ بەردى ۋە ئۇنىڭغا شېھىدلىك دەرىجىسى بىلەن بېشارەت بەردى. ئۇبەيدە: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەبۇ تالىپ ھايات بولىدىغان بولسا، ئۇنىڭ:

مۇھەممەدنى قوغدايمىز، ئەتراپىدا جان بېرىپ،

ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەۋلادتىن، خانۇماندىن ۋاز كېچىپ ......

دېگەن شېئىرى بويىچە ئىش قىلىشقا ئۇنىڭدىن بىزنىڭ ھەقلىقرەك ئىكەنلىكىمىزنى بىلگەن بولاتتى» دېدى.

بۇ ئېلىشىشتىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز يەنە سەپلەرنى بىر ـ بىرلەپ تەرتىپكە سېلىۋېتىپ، ئەنسارلاردىن بولغان سەۋاد ئىسىملىك بىر ساھابىنىڭ سەپتىن چىقىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ: «تۈز تۇر سەۋاد!» دەپ قولىدىكى ھاسىنى ئۇنىڭ قورسىقىغا نوقۇپ قويغان ئىدى. سەۋاد: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىلە ئادىللىق قىلىشقا ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەر تۇرۇقلۇق مېنى ھاسا بىلەن ئۇردىلا، مەن سىلىدىن بۇنىڭ قىساسىنى ئالمىسام بولمايدۇ» دېدى. پەيغەمبىرىمىز دەرھال كۆينىكىنى كۆتۈرۈپ سەۋادنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ بەرگەندە ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ قورسىقىنى سۆيدى. پەيغەمبىرىمىز بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئالدىمدا ئۆلۈم ھازىر بولۇپ تۇرۇپتۇ، ئاخىرقى ئۆمرۈمدە تېنىمنى سىلىنىڭ تەنلىرىگە تەككۈزۈۋالاي دېگەن ئىدىم» دېدى. پەيغەمبىرىمىز سەۋاد ھەققىدە دۇئا قىلدى.

پەيغەمبىرىمىز ئەسكەرلەرنى رەتكە سېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا: «بايراق بېرىلمىگۈچە ھۇجۇمغا ئۆتمەڭلار، دۈشمەن ھۇجۇم قىلىپ كەلسە ئۇلارنى ئوقتا تۇتۇڭلار، ئۇلار ھۇجۇم قىلمىغۇچە سىلەر ھۇجۇم قىلماڭلار» دەپ بۇيرۇق بەردى. ئاندىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن چېدىرغا كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ تۇرۇۋاتقان چېدىرىنى قوغدايدىغان سەئد ئىبنى مۇئاز قاتارلىق بىرنەچچە ساھابە كىراملار بار ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي پەيغەمبىرىمىز چېدىرىدىن چىقىپ، ئۇلارنىڭ روھىنى كۆتۈرىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ، شېھىدلەرگە جەننەت بىلەن، غازىلارغا غەنىمەت بىلەن بېشارەت بەردى. ئۇرۇش ئىنتايىن كەسكىن ھالغا كەلدى.

www.islamyoli.net

پەيغەمبىرىمىز چېدىرى ئالدىدا ئەمەلىي مەيداننى كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ جانابى ئاللاھتىن ياردەم تىلەپ دۇئا قىلاتتى. شۇ كۈنى رامىزاننىڭ ئون يەتتىسى بولۇپ، جۈمە كۈنى ئىدى. بۇ ئۇرۇشتا پەيغەمبىرىمىزدىن باشلاپ بارلىق ساھابە كىراملارنىڭ ئېپتار قىلغانلىقى تىرمىزىدا رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ ئۇرۇش ئۇزۇنغا بارماي مۇشرىكلارنىڭ سەپلىرى بۇزۇلۇپ كەتكەنلىكى، مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇيرۇقىغا قاتتىق بويسۇنغانلىقى، دۈشمەن ئۆلۈمدىن قېچىۋاتسا ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۆلۈمگە ئۇرۇپ، باتۇرلۇق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار ئاللاھنىڭ ياردىمگە ئېرىشىپ، مۇشرىكلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلدى. مۇشرىكلاردىن **70** كىشى ئۆلتۈرۈلدى. **70** كىشى ئەسىرگە ئېلىندى. بۇ ئۇرۇشتا ئەبۇ جەھلنى مۇئاز ئىبنى ئەپرا يارىلاندۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قېرىندىشى كېلىپ ئەبۇ جەھلغا يەنە بىر قىلىچ ئۇردى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆلمىدى. كېيىن ھەزرىتى ئىبنى مەسئۇد ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۆلتۈرۈلگەن قۇرەيش كاتتىلىرىنىڭ ئىچىدە ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ ئاتىسى جەرراھمۇ بار بولۇپ، ئۇنى ئۆز ئوغلى ئەبۇ ئۇبەيدە ئۆلتۈرگەن ئىدى. ئەبۇ ئۇبەيدە ئاتىسىنىڭ قوغلاپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىنى قاچۇرغان بولسىمۇ، ئاتىسى ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىدە قوغلاشنى توختاتمىغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرىدا ئامالسىز ھالدا توختاپ، دادىسىنى ئۆلتۈرگەن ئىدى. ئۇمەييە ئىبنى خەلەپ ۋە ئۇنىڭ ئوغلىنى ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف ئەسىرگە ئالغان ئىدى. ئابدۇرراھمان مەككىدىكى چېغىدا ئۇمەييە بىلەن ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا يېقىن دوستلۇق بار ئىدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا ئابدۇرراھمان غەنىمەت ئالغان تۆمۈر كىيىملەرنى كۆتۈرۈپ ئۇرۇش مەيدانىدىن يېنىۋاتقاندا، ئۇمەييە ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئابدۇرراھماننىڭ ئەسىرگە ئېلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئابدۇرراھمان قولىدىكى غەنىمەت ئالغان تۆمۈر كىيىملەرنى تاشلاپ، ئۇ ئىككىسىنى ئەسىرگە ئېلىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا ئاپىرىش ئۈچۈن ھەيدەپ ئېلىپ ماڭغاندا، بۇلارنى ھەزرىتى بىلال كۆرۈپ قېلىپ، ئەنسارلاردىن بىر نەچچە كىشى بىلەن كېلىپ، ئاتا ـ بالا ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرراھمان ئۇرۇشتا ئالغان غەنىمەت ۋە ئەسىرلىرىدىن مەھرۇم قالدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، ئابدۇرراھمان: «بىلالغا ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن. چۈنكى ئۇ مېنى تۆمۈر كىيىم ۋە ئەسىرلىرىمدىن مەھرۇم قويدى» دەيتتى. ھەزرىتى بىلالنىڭ ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشىنىڭ سەۋەبى ئۆز ۋاقتىدا ئۇمەييە ھەزرىتى بىلالغا ھەددىدىن زىيادە ئازاب قىلغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئەبۇلبۇختەرى ئىبنى ھىشامنى ئۆلتۈرمەسلىكنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇ قاتتىق تىركىشىپ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدى. ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئىچىدە يەنە ئەبۇ سۇفياننىڭ ئوغلى ھەنزەلە، نەۋپەل ئىبنى خۇۋەيلىد، سەئىد ئىبنى ئاسنىڭ ئىككى ئوغلى ئۇبەيدە بىلەن ئاتى قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەر بار ئىدى.

ئەسىرگە ئېلىنغان مۇشرىكلارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ھەزرىتى ئابباس ۋە تاغىسىنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئۇقەيل ئىبنى ئەبى تالىپ، نەۋپەل ئىبنى ھارىس قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. ئەنسارلار ھەزرىتى ئابباسنى فىديەسىز قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، پەيغەمبىرىمىز بۇ تەكلىپنى قوبۇل كۆرمىدى. ئەكسىچە ھەزرىتى ئابباستىن باشقا ئەسىرلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپرەك فىديە ئېلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغلى ئۇقەيل، نەۋپەل ۋە خەلىپە ئىبنى ئەمرى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ فىديەسىنىمۇ ئۇنىڭدىن ئالماقچى بولغاندا، ئابباس ئۆزىنىڭ بۇنچىۋالا مال ـ مۈلۈككە كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما

www.islamyoli.net

پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا: «ئۇممۇلپەزلىگە ئامانەت بەرگەن ماللىرىڭ قېنى؟ سەن ئۇرۇشقا چىقىشىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا نۇرغۇن مال ـ مۈلكۈڭنى ئامانەت قويۇپ: ‹مەن ئۆلسەم پەزلىگە مۇنچىلىك، ئابدۇللاھقا مۇنچىلىك، ئۇبەيدۇللاھقا مۇنچىلىك بەرگىن› دەپ ۋەسىيەت قىلمىدىڭمۇ؟» دېگەندە، ئابباس ھەيران بولۇپ: «بۇ ئىشنى ئۇممۇل پەزلىدىن باشقا بىر كىشى بىلمەيتتى، سەن چوقۇم ئاللاھنىڭ ھەق پەيغەمبىرى ئىكەنسەن» دەپ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. ئەسىرلەر ئىچىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزى ھەزرىتى زەينەپنىڭ ئېرى بار ئىدى. ھەزرىتى زەينەپ ئېرى ئەبۇلئاس ئىبنى رەبىئىنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئانىسى ھەزرىتى خەدىچە ئۇنىڭ تويىدا ھەدىيە قىلغان ئۈنچە ـ مەرۋايىتتىن قىلغان مارجىننى ئەۋەتكەندە، پەيغەمبىرىمىز بۇ مارجاننى كۆرۈپ قىزىغا ئىچى ئاغرىپ، ئەبۇلئاسنى ھەزرىتى زەينەپنى مەدىنىگە ئەۋەتىپ بېرىش شەرتى بىلەن فىدىيەسىز قويۇپ بېرىشنى ساھابىلەرگە ئېيتقاندا، ئۇلار ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى جان ـ دىلى بىلەن قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. بۇ شەرتكە ئاساسەن ھەزرىتى زەيد ئىبنى ھارىس بىلەن ئەنسارلاردىن بىر كىشى مەككىگە بېرىپ، ھەزرىتى زەينەپنى ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن ھەزرىتى زەينەپنى مەزكۇر ئەبۇلئاسقا بەرگەن ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر بولۇپ، كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا باشلىغاندا ئەبۇ لەھەبنىڭ ئىككى ئوغلى ئۇنىڭغا ئۆچمەنلىك قىلىپ، نىكاھلىرىدىكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىككى قىزىنى (يەنى ئۇممۇ كۇلسۇم بىلەن رۇقىيەنى) قويۇۋەتكەن ئىدى. ئۇلار بۇنىڭ بىلەن قالماي، ئەبۇلئاسنىمۇ ھەزرىتى زەينەپنى قويۇۋېتىشقا قىستىغاندا ئەبۇلئاس ئۇلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغىلى ئۇنىمىغان ئىدى. ئۇ مەككە پەتھى قىلىنىشتىن بۇرۇن مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا ھەزرىتى زەينەپنى ئىلگىرىكى نىكاھى بىلەنلا بېرىپ، يەنە ئىككىسىنى بىر ئۆيدە قىلىپ قويدى. ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە ئەمر ئىبنى ئەبى سۇفيانمۇ بار ئىدى. ئۇنى ئەبۇ سۇفيان فىدىيە بېرىپ قۇتقۇلدۇرمىغاچقا مەدىنىدە ئەسىرلىك ھالىتىدە قېلىپ قالدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئەنسارلاردىن سەئد ئىبنى نوئمان ئىسىملىك بىر ساھابە مەككىگە ئۆمرە قىلغىلى بارغاندا، ئەبۇ سۇفيان ئوغلى ئەمرىنىڭ ئورنىغا ئۇ كىشىنى ئەسىرگە ئېلىۋالدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىككى تەرەپ ئەسىرلەرنى ئالماشتۇرىدىغان بولۇپ، ئەمرنى قويۇۋېتىپ، ھەزرىتى سەئد ئىبنى نوئماننى قايتۇرۇپ كەلدى. ئەسىرگە چۈشكەن كىشىلەرنىڭ ئىچىدە سۇھەيل ئىبنى ئەمرىمۇ بار بولۇپ، ئۇ قۇرەيش ئەدەبىياتچىلىرىدىن بىرى ئىدى. ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبىرىمىزگە: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا رۇخسەت قىلسىلا، ئۇنىڭ چىشلىرىنى سۇغۇرۇپ تاشلىسام بۇندىن كېيىن سىلىگە قارشى بىر نەرسە دېيەلمەيدىغان بولسۇن» دېدى. پەيغەمبىرىمىز: «ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. سۇھەيل بۇندىن ئىلگىرى بىزنىڭ زىيىنىمىزغا سۆز قىلغان بولسا، بۇندىن كېيىن بىزنىڭ پايدىمىزغا سۆزلەيدۇ» دېدى. دەرۋەقە مۇرتەدلەر ۋەقەسىدە ئۇ ئىسلامغا زور خىزمەت كۆرسەتتى.

ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدىن ۋەلىد ئىبنى ۋەلىدنى ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن خالىد بىلەن ھىشام قۇتقۇلدۇردى. ئۇ مەككىگە كەلگەندىن كېيىن مۇسۇلمان بولدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا: «مۇسۇلمان بولۇش نىيىتىڭ بار ئادەم فىدىيە بېرىشتىن ئىلگىرى مۇسۇلمان بولساڭ بولماتتى؟» دېگەندە، ئۇ: «ئۇ چاغدا كىشىلەر مېنى قورقۇپ مۇسۇلمان بولدى دەپ گەپ تاپمىسۇن دېدىم» دەپ جاۋاب بەردى. ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە سائىب ئىبنى يەزىد ۋە ۋەھب ئىبنى ئۇمەيرىلجۇھەمى ۋە مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنىڭ بۇرادىرى ئەبۇلئەزىزغا ئوخشاش مەشھۇر كىشىلەر بار ئىدى. بۇ

www.islamyoli.net

ئۇرۇشتا شېھىد بولغان ئىسلام ئەسكەرلىرى ئون تۆت كىشى ئىدى. ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز مۇشرىكلارنىڭ جەسەتلىرىنى يىغدۇرۇپ، بەدرىنىڭ قۇدۇقلىرىغا تاشلىتىپ كۆمدۈرۈۋەتتى. ئۇلارنى كۆمۈشتىن ئىلگىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلارغا قاراپ: «ئى ئۇتبە ئىبنى رەبىئە، ئى شەيبە ئىبنى رەبىئە، ئى پالانى، ئى پالانى! سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار ۋەدە قىلغان ئىشنىڭ ھەقلىقىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ مەن مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋەدە قىلغان ئىشنىڭ ھەقلىقىنى كۆردۈم» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار بەدىردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ، غەنىمەت ۋە ئەسىرلەرنى ئېلىپ مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە راۋان بولدى. مەدىنە ئەھلىگە خۇشخەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن، يۇقىرى تەرەپكە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنى، تۆۋەن تەرەپكە زەيد ئىبنى ھارىسنى ئەۋەتتى. يۇقىرى تەرەپ دېگىنىدىن مەدىنىنىڭ كۈن چىقىش تەرىپى. تۆۋەن تەرەپ دېگەن بولسا كۈن پېتىش تەرىپىدۇر. مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلار مەدىنە مۇسۇلمانلىرىنى ھەر خىل سۆزلەر بىلەن تەشۋىشكە سېلىپ تۇرغان ۋاقىتتا، ئابدۇللاھ بىلەن زەيد مۇسۇلمانلارغا پۈتمەس ـ تۈگىمەس ۋە ھېچ ئۇنتۇلمايدىغان دەرىجىدىكى بىر خۇشاللىق خەۋىرىنى ئېلىپ كەلدى. زەيد ئىبنى ھارىس مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندە، مەدىنىدىكىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزى رۇقىيەنى قەبرىسىگە دەپنە قىلىپ قايتقان ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز ۋە سەلەپ سالىھىنلارنىڭ زامانىدا مېيىتنى دەپنە قىلىشقا ناھايىتى ئالدىرايتتى. ھەتتا كېچىسى ۋاپات بولسا تاڭ ئاتقۇچە ساقلاپ تۇرماستىن دەپنە قىلاتتى. بۇ زاماندىكىدەك ئۆلىمالارنى، سالىھلارنى ۋە ياشانغانلارنى باغاق بىلەن چاقىرىپ، ئۇلار كەلگۈچە بىر ـ ئىككى كۈن ساقلايدىغان ئىش يوق ئىدى. مېيىتنى تېز يۇيۇپ پاكىزلاش ۋە خۇشبۇي نەرسىلەر چېچىپ، ئاق رەختكە ئوراپ، ئالدىراپ دەپنە قىلىش پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىدۇر. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا جىنازا ئېلىپ كېلىنسە: «بۇنىڭ قەرزى بارمۇ؟» دەپ سورايتتى. ئەگەر قەرزى بولمىسا نامىزىنى چۈشۈرەتتى. قەرزى بولسا ئۇنىڭ نامىزىنى ئۆزى ئوقۇماستىن، ساھابىلەرگە ئوقۇشقا بۇيرۇيتتى. ئۇنىڭ قەرزدار كىشىنىڭ نامىزىنى ئوقۇماسلىقىنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ بىر كىشىنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇغانلىقى شۇ كىشىگە شاپائەتتۇر. ئۇنىڭ شاپائىتى مەقبۇلدۇر. ئەمما قەرزدار كىشى بولسا گەدىنىدىكى قەرزىگە گۆرۈ قويۇلغاندۇر. تاكى گەدىنىدىكى قەرزىنى ئادا قىلمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز قەرزدار كىشىنىڭ نامىزىنى ئوقۇمايتتى. بۇ مەسىلە ئارىدىكى ئازغىنا بىر مۇناسىۋەت بىلەن بۇ يەردە زىكىر قىلىنىپ قالدى. بىز بۇ مەسىلىنى «ئىسلام قانۇنى» دېگەن كىتابىمىزدا تەپسىلىي بايان قىلىمىز.

ئىسلام ئەسكەرلىرى بەدىردىن قايتىپ، سەپرا دېگەن جايغا كەلگەندە، پەيغەمبىرىمىز غەنىمەتلەرنى پىيادىلەرگە بىر ھەسسە، ئاتلىقلارغا ئۈچ ھەسسە قىلىپ تەقسىم قىلدى. ئۆزى بۇيرۇغان بەزى ئىشلار سەۋەبلىك ئۇرۇشقا چىقالماي قالغان كىشىلەرگىمۇ ئۇلارنىڭ نېسىۋىسىنى بەردى. ئوسمان ئىبنى ئەففان ئۇرۇشقا چىقىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئايالى رۇقىيە قاتتىق كېسەل بولۇپ قالغاچقا پەيغەمبىرىمىز ئۇنى ئېلىپ چىقمىغان ئىدى. ئەبۇ لۇبابەنى رەۋھا دېگەن جايغا ۋالى قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى. ھەزرىتى ئاسىم بىلەن ھەزرىتى ئۇدەينى قۇبا بىلەن ئالىيە دېگەن جايدا قالدۇرغان ئىدى. ھارىس ئىبنى ھاتەبنى ئەمر ئىبنى ئەۋف قەبىلىسى ھەققىدە ئاڭلانغان بىر ۋەقە ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدى. ھارىس ئىبنى سەممە بىلەن خەۋۋات ئىبنى جۇبەير ئەسكەرلەرگە يېتىشەلمەي، رەۋھادا قېپقالغان ئىدى. تەلھە ئىبنى ئابدۇللاھ بىلەن سەئىد ئىبنى زەيدلەر رازۋېدكا قىلىش ئۈچۈن

www.islamyoli.net

كېتىپ ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن يېتىپ كەلگەن ئىدى. ئاشۇ كىشىلەرگىمۇ باشقىلارغا ئوخشاش نېسىۋە بېرىلدى. بۇلاردىن باشقا بەدىردە شېھىد بولغان ئون تۆت كىشى ئۆچۈنمۇ نېسىۋە بېرىلدى. مەدىنە خەلقى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن بەدىر غازىلىرىنىڭ ئالدىغا چىقىشتى. كىچىك باللار ۋە دېدەكلەر مەدىنىنىڭ كوچىلىرىدا شېئىر ۋە بېيىتلەر ئوقۇپ، خۇشاللىقىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قېلىشتى. مەدىنە ئەتراپىدىكى ئىسلام دۈشمەنلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ غەلىبىسىدىن ناھايىتى قايغۇردى. ئىسلامنىڭ شەۋكىتى ۋە قۇۋۋىتى زور دەرىجىدە ئاشتى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، مەدىنە خەلقىدىن نۇرغۇن كىشى ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. خەزرەج قەبىلىسىنىڭ رەئىسلىرىدىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سۇلۇل ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن كىشىلەر زاھىرىدا بولسىمۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ ناھايىتى روھى چۈشۈپ كەتتى. گويا كى ئۇلار ئاسماندىن يەرگە چۈشۈپ كەتكەندەك بولدى ۋە ئۇلارنىڭ ئەرەبلەر ئارىسىدىكى تەسىرى پەسەيدى. چۈنكى ئۇلار ئەبۇ جەھىل ئىبنى ھىشام، ئۇتبە ئىبنى رەبىئە، شەيبە ئىبنى رەبىئە ۋە ئۇقبە ئىبنى ئەبى مۇئىت كەبى بىر قانچە كاتتىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسىرلەر ھەققىدە ساھابە كىراملار بىلەن مەسلىھەتلىشىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىرلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرۇلۇق ساھابە كىراملار بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! بىز بۇلاردىن پۇل - مال ئېلىپ ئازات قىلايلى، بۇلار ھازىر بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز بولسىمۇ، كېيىنچە سىلىنىڭ سەۋەبلىرى بىلەن  ھىدايەت تېپىپ، سىلىگە ياردەمچى بولۇشى مۇمكىن» دېدى. ھەزرىتى سەئد ئىبنى مۇئاز بىلەن ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. ئەمما ھەزرىتى ئۆمەر: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئۇلار سىلىنى ئىنكار قىلدى. سىلىنى ۋە ساھابىلىرىنى ۋەتەنلىرىدىن قوغلاپ چىقاردى. ماڭا ئۆز قېرىندىشىمنى، ھەمزىگە ئۆز قېرىندىشى ئابباسنى، ئەلىگىمۇ ئۆز قېرىندىشى ئۇقەيلنى بەرسىلە، بىز ئۇلارنى ئۆزىمىز ئۆلتۈرەيلى، بۇ ئەسىرگە ئېلىنغان كىشىلەر بولسا، كاپىرلارنىڭ باشلىقلىرى ۋە كاتتىۋاشلىرى، بۇلارنى ئەلۋەتتە ئۆلتۈرۈش كېرەك» دېدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ ئىككى زاتنىڭ پىكىر ۋە قاراشلىرىغا ھۆرمەت قىلىپ، ھەر ئىككىسىنىڭ ئىخلاسىغا تەشەككۇر ئېيتتى. ئاندىن كېيىن ئۇلارغا قاراپ: «ئى ئۆمەر، سېنىڭ مىجەزىڭ ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مىجەزىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇ كاپىرلارغا قارشى ‹ئى پەرۋەردىگارىم! زېمىن يۈزىدە كاپىرلاردىن بىرەر(ئۆيلۈكنىمۇ) قويمىغايسەن› دەپ دۇئا قىلغان ئىدى. ئى ئەبۇ بەكرى، سېنىڭ مىجەزىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مىجەزىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى، ئۇ: ‹كىم ماڭا ئەگەشسە ئەلۋەتتە ئۇ مەندىن، ماڭا ئاسىي بولغان كىشىنى سەن ئۆزۈڭ مەغپىرەت قىلغۇچىسەن، رەھىم قىلغۇچىسەن› دەپ دۇئا قىلغان ئىدى» دېدى. ئەمما، ئۇ ئاخىرىدا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، ئەسىرلەردىن فىديە ئېلىشقا قارار قىلدى ۋە ھەر بىر كىشىنىڭ فىديەسىنى ئۆز ھالىغا قاراپ، مىڭ تەڭگىدىن تۆت مىڭ تەڭگىگىچە قىلىپ بەلگىلىدى.

## قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ غەم - ئەندىشىگە چۈشۈپ قېلىشى

www.islamyoli.net

قۇرەيش مۇشرىكلىرى مەككىگە قايتقاندىن كېيىن بىر ئايغىچە يىغا ـ زارە قىلىشىپ، كېيىن دۈشمەنلىرىنىڭ خۇشال بولۇشىدىن قورقۇپ، يىغا ـ زارلىرىنى توختاتتى. ئۇلار مۇسۇلمانلار ئەسىرلەر ئۈچۈن كۆپ فىدىيە سورايدۇ دەپ ئويلاپ، ئەسىرلەرنى قۇتقۇزۇشقا ئالدىرىمىغان بولسىمۇ، مۇتەللىپ ئىبنى ۋەدائە ئىسىملىك بىر كىشى سەبىر قىلالماي مەخپىي ھالدا مەدىنىگە بېرىپ، تۆت مىڭ تەڭگە بېرىپ دادىسىنى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارمۇ بىردىن، ئىككىدىن مەدىنىگە بېرىپ، ئەسىرلىرىنى قۇتقۇزۇپ كېلىشكە باشلىدى. فىدىيە بېرىشكە قۇربى يەتمىگەن بەزى كىشىلەر پۇلسىز ئازات قىلىندى. ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلگەن كىشىلەرنىڭ ھەر بىرى ئون بالىغا دەرس بېرىپ، ئۇ بالىلارغا ئوقۇش، يېزىشنى ئۆگەتكەندىن كېيىن ئازات قىلىندى. بەزىلىرى مەككىدىكى مۇسۇلمان ئەسىرلەر بىلەن ئالماشتۇرۇلدى.

بەدىر ئۇرۇشى قۇرەيش مۇشرىكلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىدىن ئاۋۋالقىسى بولۇپ، بۇ ئۇرۇشتا ئىسلام ئەسكەرلىرى جانابى ئاللاھنىڭ غايەت زور ياردىمى ۋە ساھابە كىراملارنىڭ چىن ئىمانى ۋە مۇستەھكەم ئىرادىسىنىڭ بەرىكىتى ۋە خاسىيىتى بىلەن، ئۆزلىرىدىن ئۈچ ھەسسە كۆپ بولغان، تولۇق قوراللانغان مۇشرىكلارنىڭ ئەسكەرلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قازاندى. بەدىر ئۇرۇشى ھەققىدە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنىڭ ئەنفال سۈرىسىنى چۈشۈرۈپ، ئۇرۇشتىكى غەلىبىنىڭ ئۆزىنىڭ ياردىمى بىلەن بولغانلىقىنى بايان قىلدى.

ئاللاھ تائالا سۈرە ئەنفالنىڭ 67، 68، 69 ـ ئايەتلىرىدە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشرىكلاردىن فىدىيە ئېلىپ قويۇۋېتىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىگە كايىپ، ئۇلارنى ئاگاھلاندۇردى. شۇنداق بولسىمۇ كېڭەش ئارقىلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئازابقا لايىق ئەمەسلىكىنى بايان قىلىپ، ئۇلارغا فىدىيەدىن كەلگەن پۇل ـ ماللارنى مۇباھ قىلىپ بەردى. بۇ ھەقتە چۈشكەن ئايەتلەر مۇنۇلاردۇر:

«پەيغەمبەرگە زېمىندا كۆپ ئۇرۇش قىلماي ۋە ئۇنىڭ شەۋكىتى مەشھۇر بولماي تۇرۇپ، فىدىيە ئېلىنىدىغان ئەسىرلەرنىڭ بولۇشى لايىق ئەمەس. تېخى شان ـ شەۋكەت ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەت بولماستىن ۋە كۆپ ئۇرۇش قىلماستىن، بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتىلا فىدىيە ئېلىنىدىغان ئەسىرلەر بولمايدۇ. سىلەر ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان دۇنيا مەنپەئىتىنى ئويلايسىلەر. جانابى ئاللاھ سىلەر ئۈچۈن ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى ئويلايدۇ. ئاللاھ ھەممىدىن غالىپتۇر (يەنى ئۆزىنىڭ دوستلىرىنى دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غالىپ قىلغۇچىدۇر)، ھېكمەتلىك زاتتۇر (گەرچە بەندىلىرىگە ھازىرچە ئېغىرچىلىق بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە ئۇلارغا ھەددىدىن زىيادە مەنپەئەتلىك نەرسىلەرنى ئاتا قىلغۇچىدۇر)، ئەگەر ئاللاھ تائالانىڭ ئىلگىرىكى (ئوچۇق چەكلىمەستىن ئازاب قىلمايمەن، ياكى بىلمەسلىكتىن خاتا ئىش قىلىنسا جازالىمايمەن، ياكى بەدىر ئەھلىگە ئازاب قىلمايمەن، ياكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە غەنىمەتنى ھالال قىلدىم) دېگەن ھۆكۈمى بولمىغان بولسا، ئەلۋەتتە سىلەرگە (ئالغان فىدىيەڭلەرنىڭ سەۋەبى بىلەن) ئاللاھ تائالا تەرەپتىن ئېغىر ئازاب چۈشكەن بولاتتى. ئەمدى سىلەرگە فىدىيە ۋە غەنىمەتلەر ھالالدۇر. ئۇنىڭدىن يەڭلار، ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە رەھمەت قىلغۇچىدۇر» دېگەنلەردىن ئىبارەتتۇر.

www.islamyoli.net

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ ئايەت كەرىمە نازىل بولغاندا: «ئەگەر ئازاب كېلىدىغان بولسا ئۆمەردىن باشقا كىشى نىجات تاپالمايتتى» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

## كۇدىر ئۇرۇشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدىر ئۇرۇشىدىن قايتىپ بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بەنى سۇلەيم ئەرەبلىرىنىڭ ئۇرۇشقا تەييار بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا قارشى ئاتلاندى. مەدىنىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممى مەكتۇمنى ئورنىغا قويۇپ قويدى. بايراقنى ھەزرىتى ئەلىگە تاپشۇردى. لېكىن بۇ قېتىم ئۇرۇش بولمىدى. ئىسلام ئەسكەرلىرى مۇشرىكلارنىڭ كۇدىر دېگەن سۇلۇق يېرىگە چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئۇرۇش «كۇدىر ئۇرۇشى» دەپ ئاتالدى. بۇ ئۇرۇش «بەنى سۇلەيم ئۇرۇشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئىسلام ئەسكەرلىرى كۇدىردا ئۈچ كۈن تۇرۇپ قايتىپ كەتتى.

## سۇۋەيق ئۇرۇشى

مەككە مۇشرىكلىرى بەدىردە مەغلۇپ بولۇپ قايتقاچقا، مەككىدە باش بولۇپ قالغان ئەبۇ سۇفيان پەيغەمبىرىمىز بىلەن يەنە ئۇرۇش قىلىشقا قەسەم قىلغان ئىدى. ئۇ قەسىمنى ئورۇنداش ئۈچۈن، ئىككى يۈزگە يېقىن ئەسكەر تەييارلاپ، مەدىنىگە راۋان بولدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ھەمدە ياردەم سوراش ئۈچۈن بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارنىڭ باشلىقى ھۇيەي ئىبنى ئەختەب بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئۇ كىشى ئۇنى قوبۇل قىلىشقا ئۇنىمىدى. كېيىن سالام ئىبنى مىشكەم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشتى. ئەبۇ سۇفيان بۇلاردىن ھېچبىر پايدا ئالالمىغانلىقتىن ئىسلامنىڭ باتۇر ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ قەسىمنى ئورۇنداش ئۈچۈن، بىر نەچچە كىشىنى مەدىنىنىڭ خورمىزارلىقىغا ئوت قويۇۋېتىشكە ئەۋەتتى. ئۇ مۇشرىكلار مەدىنىگە كېلىپ بىر نەچچە تۈپ خورما دەرەخلىرىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. مەدىنە خەلقىدىن ئىككى كىشى ئۇچراپ قېلىپ، ئۇ ئىككى كىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتتى. پەيغەمبىرىمىز بۇنى ئاڭلاپ مەدىنىدە بەشىر ئىبنى ئابدۇلمۇنزىرنى ئورنىدا قويۇپ، ئىككى يۈز ئەسكەر بىلەن مۇشرىكلارنى قوغلاپ چىقتى. لېكىن ئوتتۇرىدا ئۇرۇش بولمىدى. چۈنكى مۇشرىكلار ناھايىتى ئالدىراپ قاچقان ئىدى. ھەتتا ئېغىر كېلىپ قالمىسۇن دەپ ئوزۇق ـ تۈلۈكلىرىنىمۇ تاشلاپ قېچىشقان ئىدى. مۇشرىكلارنىڭ ئوزۇقلىرىنىڭ كۆپرەكى تالقان ئىدى. ئىسلام ئەسكەرلىرى بۇ ئوزۇقلارنى غەنىمەت ئېلىپ قايتقانلىقى ئۈچۈن بۇ ئۇرۇش «سۇۋەيق (تالقان) ئۇرۇشى» دەپ ئاتالدى. سۇۋەيق ئۇرۇشى زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋىلىدە يۈز بەرگەن ئىدى.

## بەنى قەينۇقا ئۇرۇشى

بەدىردە مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلغانلىقى مەدىنىدىكى بارلىق يەھۇدىيلارغا، خۇسۇسەن بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرىغا كۆپ تەسىر قىلدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ زور غەلىبىسىگە ھەسەت قىلدى. ئارىدىكى

www.islamyoli.net

ئەھدىلىرنى ئۆزنتۇپ، مۇسۇلمانلارغا بەزى بولمىغۇر ھەرىكەتلەردە بولۇشتى. بەنى قەينۇقا بازىرىغا بىر ئىش ئۈچۈن بارغان بىر مۇسۇلمان ئايالنى بوزەك قىلىپ، ئۇنىڭ نومۇسىغا تەگدى. پەيغەمبىرىمىز بۇنى ئاڭلاپ بەنى قەينۇقا ئەھلىنى مەزكۇر بازارغا يىغىپ نەسىھەت قىلدى ۋە ئەھدىلىرىگە ۋاپا قىلىشقا بۇيرۇدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرغان بولسىمۇ، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلماي، ئەكسىچە ئۇ زاتقا تىل ئۇزىتىپ: «سەن بىزنى ئۇز قەۋمىڭغا ئوخشىتىپ، ئۇلار ئۇستىدىن غەلىبە قىلغانلىقىڭنى پەش قىلما، ئۇلار بولسا ئۇرۇش قىلىشنى بىلمەيدىغان خەلق، بىز بىلەن ئۇرۇش قىلساڭ بىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ قالىسەن» دېيىشتى. دەرۋەقە، بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرى ئۇرۇشقا ماھىر، غەيرەتلىك كىشىلەر ئىدى. پەيغەمبىرىمىز سۈلھى قىلىشنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغان مۇلايىم زات بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق خەلقتىن ياخشىلىق كەلمەيدىغانلىقىنى ۋە قاچان بولمىسۇن ئۇلار بىلەن بىر ئېلىشىپ كۆرمەي بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتىپ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ھازىرلىنىش ئۈچۈن مەدىنىگە قايتتى ۋە ئەسكەر تەييارلاپ، مەدىنىگە ئەبۇ لۇبابەنى ئورنىغا قويۇپ، بايراقنى ئاللاھنىڭ جورئەتلىك يولۋىسى ھەزرىتى ھەمزىگە تۇتقۇزۇپ يولغا چىقتى. يەھۇدىيلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەسكەر تەييار قىلىپ ئۇرۇشقا چىققانلىقىنى ئاڭلاپ، قورغانلىرىغا كىرىۋېلىشتى. ئىسلام ئەسكەرلىرى ئۇلارنى ئون بەش كۈن مۇھاسىرىگە ئالدى. كېيىن يەھۇدىيلار ئۇرۇش قىلىشقا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، پەيغەمبىرىمىزدىن سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بارلىق مال ـ مۈلۈكلىرىنى قويۇپ، پەقەت خوتۇن ـ بالىلىرىنى ئېلىپ مەدىنىدىن كۆچۈپ كېتىش شەرتى بىلەن سۈلھى قىلىندى. ئۇلارنى مەدىنىدىن چىقىرىشقا ئۇبادە ئىبنى سامىتنى بۇيرۇدى. ھەزرىتى ئۇبادە ئۇلارنى ئۈچ كۈن ئىچىدە تولۇق چىقىرىپ بولدى. ئۇلار مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىن چىقىپ، شامدىكى ئەزرىئات دېگەن جايغا كېتىشتى. بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس زېمىنى يوق بولۇپ، خەزرەج قەبىلىسى بىلەن ئىتتىپاقداش ئىدى. ئۇلار تىجارەت ۋە سانائەت بىلەن تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى زەرگەر ئىدى. ئۇلار يەتتە يۈز كىشىدىن تەركىب تاپقان خەلق ئىدى. ئۇلاردىن ئېلىنغان غەنىمەتلەرنىڭ بەشتىن بىرى پەيغەمبىرىمىزگە تاپشۇرۇلۇپ، قالغانلىرى ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىندى. بۇ يەھۇدىيلارنىڭ خەزرەج قەبىلىسىنىڭ كاتتىلىرىدىن ئۇبادە ئىبنى سامىت بىلەن ئالاقىسى بار ئىدى. ھەزرىتى ئۇبادە ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە قارشى ھالدا، مۇسۇلمانلارغا مۇناسىپ بولمىغان ئىشلارنى قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن ئالاقىسىنى ئۈزگەن ئىدى. ئەمما ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي بولسا، مۇناپىق بولغاچقا، «مەن ئۇلارنى تاشلىمايمەن، ئەگەر بىرەر ئىش يۈز بېرىپ، ئۇلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج بولۇپ قالسام ئۇلار ماڭا ياردەم قىلىدۇ» دەپ ئۇلاردىن ئالاقىسىنى ئۈزمىدى.

### قىبلىنىڭ بەيتۇلمۇقەددەستىن بەيتۇللاھقا ئۆزگەرتىلىشى

شۇ يىلى شەئبان ئېيىدا قىبلە بەيتۇلمۇقەددەستىن بەيتۇللاھقا ئۆزگەرتىلدى. پەيغەمبىرىمىز مەككىدىكى چېغىدا بەيتۇللاھقا قاراپ ناماز ئوقۇيتتى. مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كەلگەندە ئون ئالتە ياكى ئون يەتتە ئاي بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇدى. ئۇ قەلبىدە ئەجدادى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسى بولغان

www.islamyoli.net

بەيتۇللاھقا قاراپ ناماز ئوقۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. جانابى ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، بەيتۇللاھنى قىبلە قىلىشقا بۇيرۇپ، سۈرە بەقەرەدىكى بىرنەچچە ئايەتنى نازىل قىلدى. شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى سىنىدى. دەرۋەقە قىبلىنىڭ ئۆزگىرىش سەۋەبى بىلەن، ئوتتۇرىدا پىتنە يۈز بەردى. بەزى ئىمان قەلبىگە يەرلەشمىگەن كىشىلەر بۇنى باھانە قىلىپ، دىنىدىن يېنىۋالىدىغان ئىشلارمۇ بولدى. يەھۇدىيلار، مۇشرىكلار ۋە مۇناپىقلار بۇنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ، كىشىلەر ئارىسىغا نۇرغۇن پىتنە ـ پاسات تارقاتتى. ئۇلار ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ: «مۇھەممەد نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆزىنىڭ ئىبادەت قىلىپ كەلگەن قىبلىسىنى تاشلاپ، ئەمدى بەيتۇللاھقا قارىۋالدى. ئەمدى ئۇ ئۆزۈنىغا بارماي دىنىنى تاشلاپ، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ دىنىغا قايتىدۇ» دېيىشەتتى. يەھۇدىيلار: «ئەگەر مۇھەممەد ھەق پەيغەمبەر بولغان بولسا، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر يۈز كەلتۈرگەن قىبلىنى تاشلىمايتتى. ئۇ ھەق پەيغەمبەر ئەمەس» دەپ ئىغۋا تارقاتتى. مۇناپىقلار: «مۇھەممەد ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، بىردەم ئۇ يەرگە، بىردەم بۇ يەرگە قاراپ ناماز ئوقۇيدۇ» دەپ گەپ تېپىشاتتى.

ئەمما ھەقىقىي مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ پىتنە ـ ئىغۋالىرىغا پىسەنت قىلماي، ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. چۈنكى ئۇلار مەيلى بەيتۇلمۇقەددەسكە قاراپ ناماز ئوقۇسۇن، مەيلى بەيتۇللاھقا قاراپ ناماز ئوقۇسۇن بەربىر ئوخشاش ئىدى. ئۇلار ئۇچۇن ئاللاھ نېمە دېگەن بولسا شۇنىڭغا بويسۇنۇش ئاساسىي غايە قىلىنغان بولۇپ، ئۇلار «ئاللاھ ئۆز بەندىلىرىنى ئۆزى خالىغان تەرەپكە قاراپ ئىبادەت قىلىشقا ئۆزى بۇيرۇيدۇ، بۇ ئاللاھنىڭ ئىشى» دەيتتى. بۇ سەۋەبتىن بەيتۇلمۇقەددەسنى تاشلاپ بەيتۇللاھقا يۈزلىنىشكە بۇيرۇلغاندا بۇنى جان ـ دىلى بىلەن قوبۇل قىلدى. يەھۇدىيلار، مۇشرىكلار ۋە مۇناپىقلاردەك پىتنە ـ پاسات ئۇرۇقىنى چاچمىدى ۋە نامۇۋاپىق سۆزلەرگە ئېغىز ئاچمىدى. ئاللاھ تائالا مۇناپىقلار، يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ بۇنداق نامۇۋاپىق سۆزلەرنى قىلىدىغانلىقىنى قىبلە ئۆزگەرتىلىشتىن ئىلگىرى بەقەرە سۈرىسىدە ئۆز پەيغەمبىرىگە بايان قىلىپ، ئۇلارغا بېرىدىغان جاۋابنى تەييار قىلىپ ئۇنىڭغا بىلدۈرگەن ئىدى.

## رامىزان روزىسىنىڭ پەرز قىلىنىشى

ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى يىلى شەئبان ئېيىدا، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشنى پەرز قىلدى ۋە بۇ ھەقتە بەقەرە سۈرىسىدىكى بىرقانچە ئايەتنى چۈشۈرۈپ، روزىنىڭ نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، قانداق ئادەمگە مەجبۇرى پەرز ئىكەنلىكىنى ۋە قانداق ئادەمگە رۇخسەت بار ئىكەنلىكىنى، رۇخسەت بولغاندا قانداق ئادەمنىڭ كېيىن قازاسىنى قىلىشنى، قانداق ئادەمنىڭ فىدىيە بېرىش ئارقىلىق قازاسىنى قىلمىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. رامىزان روزىسىنىڭ پەرز قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن سەدىقە پىترە ۋاجىب قىلىندى.

## زاكاتنىڭ پەرز قىلىنىشى

www.islamyoli.net

شۇ يىلى مۇسۇلمانلارغا زاكات پەرز قىلىندى. بۇ ۋاقىتقا قەدەر سەدىقە ۋە ئاللاھ يولىدا پۇل سەرپ قىلىش پەرز قىلىنىپ، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ۋە پەيغەمبىرىمىز ھەدىس شەرىپتە كىشىلەرنى ئۇنىڭغا تەشۋىق قىلغان بولسىمۇ، زاكات نىسابىنىڭ مىقدارى بايان قىلىنمىغان ئىدى.

زاكات بولسا، ئىسلامنىڭ ئەڭ كاتتا رۇكنلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئىسلامدا زاكاتنىڭ پەرز بولۇشى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ۋە خەلقپەرۋەر دىن ئىكەنلىكىنى ھەمدە ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىپ، باشقىلار بىلەن كارى بولماي يۈرمەستىن، بەلكى بايلار كەمبەغەللەرنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالىدىغان، چوڭلار كىچىكلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىدىغان، ئىنسانپەرۋەر دىن ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قۇرئان كەرىم زاكاتنى ھەمىشە نامازنىڭ ئارقىسىدىنلا زىكىر قىلىدۇ ۋە زاكاتنى ئادا قىلمىغان بايلارنى ناھايىتى قاتتىق ئاگاھلاندۇرىدۇ. زاكات پەرز ئەيىندۇر. زاكات بەرمىگەن كىشى كامىل مۇسۇلمان ھېسابلانمايدۇ. شۇنى ئېنىق بىلىش لازىمكى، زاكات قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمى بويىچە ئىمان ۋە ناماز بىلەن بىر ئورۇندا تۇرىدۇ. بىز مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنى ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان مۇقەددەس كىتاب دەپ چىن قەلبىمىزدىن ئېتىقاد قىلىپ تۇرۇپ، زاكات مەسىلىسىگە كەلگەندە، ئۇنىڭغا تولىمۇ سەل قارايمىز. بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز، زاكات، روزا ۋە ھەج قاتارلىق ئىبادەتلەرنى توغرا ئېتىقاد ۋە خالىس نىيەت بىلەن قىلىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. ئەپسۇسكى، بىز بۇلارنى قىلمايمىز. نۇرغۇنلىرىمىزنىڭ مالدىن ئايرىلغۇمىز كەلمەي، پەرز قىلىنغان زاكاتقىمۇ ھىيلە ئىشلىتىپ باققۇمىز كېلىدۇ. ئىلىم ئەھلى دەپ قارالغان بەزى كىشىلەرنىڭ ئاساسسىز، دەلىلسىز ھالدا ئوتتۇرىغا قويغان سەپسەتىسى بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ ھۆكمى بىكار قىلىنامدۇ؟ زاكات ھىيلە بىلەن ئادا قىلىنسا، ئۇنىڭدىن كۆزلەنگەن مەقسەت ھاسىل بولامدۇ؟ ھىيلە بىلەن قىلىنغان ئىبادەت قانداقمۇ ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ؟ ئىبادەتتە نىيەتنىڭ خالىس بولۇشى، ئىچى بىلەن تېشىنىڭ ئوخشاش بولۇشى شەرت ئەمەسمۇ؟ زاكات بېرىش بىلەن بىرگە ئۇنى ئۆز ئورنىغا بېرىش ئىنتايىن زۆرۈر. زاكات ئالغۇچىلارنىڭ بەزىسى ئۆزى باي تۇرۇپمۇ پۇل ـ مالغا كۆزى تويماي: «مېنىڭ ئېھتىياجىم بار» دەپ ئالىدۇ. بۇنىڭدىن، مەيلى بەرگۈچى بولسۇن، مەيلى ئالغۇچى بولسۇن ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئىماننىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئىمانى ئاجىز بولمىغان بولسا بەرگۈچى ھىيلە قىلمىغان، ئالغۇچى يالغان سۆزلەپ ئالمىغان بولاتتى.

## ھېيت نامىزىنىڭ يولغا قويۇلۇشى

شۇ يىلى جانابى ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا ھېيت نامىزىنى بەلگىلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى قەينۇقا ۋە سۈۋەيق ئۇرۇشلىرىنى تۈگىتىپ، زۇلھەججىنىڭ ئونىنچى كۈنى كىرگەندە مەدىنە خەلقىنى توپلاپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. مانا بۇ تۇنجى قېتىم ئوقۇلغان ھېيت نامىزى ئىدى. بۇ ھېيتتا پەيغەمبىرىمىز ئىككى قوينى قۇربانلىق قىلدى. باشقا باي كىشىلەرمۇ قۇربانلىق قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ھېيت نامىزىنى كەڭ مەيداندا ئوقۇيتتى. پەقەت بىر قېتىم يامغۇر يېغىپ كەتكەنلىكتىن مەسجىدتە ئوقۇغان ئىدى. ھېيت نامىزى پەقەت ئىككى رەكئەتلا بولۇپ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن ۋە كېيىن ھېچقانداق ناماز ئوقۇلمايدۇ. بۇ ناماز ئۈچۈن ئەزان، تەكبىر ئوقۇلمايدۇ. پەيغەمبىرىمىز ئىككى رەكئەت نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، جامائەتكە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا ۋەز ـ

نەسەھەت قىلاتتى. خوتۇن - قىزلارغىمۇ ئالاھىدە نەسەھەت قىلاتتى. ئۇلارنى پىقىر ۋە مىسكىنلەرگە سەدىقە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرەتتى. ھېيت نامىزىدا ئوقۇلغان خۇتبىنى ئاڭلاش ياكى ئاڭلىماسلىق ھەركىمنىڭ ئىختىيارى ئىدى. ھېيت جۈمە كۈنىگە توغرا كېلىپ قالسا، ھېيت نامىزى بىلەنلا بولدى قىلىشقا رۇخسەت قىلاتتى. بۇ ھەقتە سەھىھۇلبۇخارى ۋە ئەبۇ داۋۇدتا ھەدىس رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئۇ ۋاقىتلاردا ھېيت نامىزى ۋە جۈمە نامىزى پەقەت ئەر كىشىلەرگىلا خاس بولماستىن، خوتۇن - قىزلارمۇ نامازغا ھازىر بولاتتى. قۇربان ھېيت نامىزىنىڭ ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى يىلى ئوقۇلغانلىقى تارىخ كىتابلىرىدا زىكىر قىلىنغان بولسىمۇ، روزا ھېيت نامىزىنىڭ قايسى يىلدىن باشلاپ ئوقۇلغانلىقى ھەققىدە ئوچۇق رىۋايەت يوق. ئىبنى ئەسىرنىڭ قۇربان ھېيت نامىزى ھەققىدىكى «قۇربان ھېيت نامىزى پەيغەمبىرىمىز ئوقۇغان ھېيت نامىزىنىڭ ئاۋۋىلى ئىدى» دېگەن سۆزىدە روزا ھېيت نامىزىنىڭ ئىككىنچى يىلى ئوقۇلمىغانلىقى ئايان بولىدۇ. دەرۋەقە شۇنداق بولسا كېرەك. چۈنكى رامىزان شەرىپىنىڭ روزىسى شۇ يىلى پەرز قىلىندى. پەيغەمبىرىمىز شۇ يىلى رامىزان شەرىپتە بەدىر ئۇرۇشى بىلەن مەشغۇل ئىدى. بەدىر ئۇرۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قايتىپ كېلىشى، رامىزاننىڭ ئاخىرلىرىغا ياكى شەۋۋال ئېيىنىڭ باشلىرىغا توغرا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ھالبۇكى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ بەدىردىن قايتىش ئەھۋالىنى تارىخچىلار زىكىر قىلدى. ئەمما ھېيت نامىزى ھەققىدە ھېچنەرسە زىكىر قىلمىدى. ئەگەر پەيغەمبىرىمىز يولدا ياكى مەدىنىدە روزا ھېيت نامىزى ئوقۇغان بولسا، بۇ ئەلۋەتتە رىۋايەت قىلىنغان بولاتتى. ئەگەر پەيغەمبىرىمىز سەپەردە بولۇپ، مەدىنىدە قالغان ساھابە كىراملار ئوقۇغان بولسا، ئۇمۇ رىۋايەت قىلىنغان بولاتتى. مانا بۇ سەۋەبلەردىن روزا ھېيت نامىزى ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى يىلى ئوقۇلماي، تۆتىنچى يىلى ئوقۇلغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىنىدۇ.

شۇ يىلى پەيغەمبىرىمىز قىزى ھەزرىتى پاتىمەنى ھەزرىتى ئەلىگە ياتلىق قىلدى. ھەزرىتى ئائىشەمۇ شۇ يىلى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىگە يۆتكەلدى. ساھابىلەر ئارىسىدىكى ناھايىتى تەقۋادار كىشى ئوسمان ئىبنى مەزئۇن شۇ يىلى ۋاپات بولدى. بۇ زات ئەڭ ئىلگىرىكى مۇھاجىرلاردىن بولۇپ، ھەبەشىستانغا ۋە مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ زاتنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە سۇ سەپتۈردى ۋە تۇپراق ئۈستىگە تاش قويدۇردى.

## ھىجرىيىنىڭ ئۈچىنچى يىلى يۈز بەرگەن ۋەقەلەر

ھىجرىيىنىڭ ئۈچىنچى يىلى مۇھەررەم ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى سۈلەيم ۋە بەنى مۇھارىب ئەرەبلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا تەييار بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، تۆت يۈز ئەللىككە يېقىن ئەسكەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. مەدىنىدە ئۆز ئورنىغا ئوسمان ئىبنى ئەففاننى قويۇپ قويدى. ئۇ يولدا سۈلەيم ئەرەبلىرىدىن بولغان بىر كىشى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغاندا ئۇ كىشى ئىمان ئېيتتى. كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭدىن دۈشمەنلەرنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە سورىدى. ئۇ مۇشرىكلارنىڭ ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، تاغ ئارىلىرىغا قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلار ئۇرۇش قىلماي قايتتى.

www.islamyoli.net

ئۇلار بۇ سەپەردە ئون ئىككى كۈن يۈردى. بۇ سەپەردە مۇسۇلمانلار زىلقىسسە دېگەن بىر جايدىكى سۇ بويىغا كېلىپ چۈشكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ ئۇرۇش «زىلقىسسە ئۇرۇشى» دەپ ئاتالدى.

## كەئب ئىبنى ئەشرەپنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ باشلىقلىرىدىن بولغان كەئب ئىبنى ئەشرەپ ئىسىملىك بىر يەھۇدىي، پەيغەمبىرىمىزگە ۋە مۇسۇلمانلارغا پەۋقۇلئاددە دۈشمەن بولۇپ، ھەر ۋاقىت ئۇلارغا قارشى ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇ يەھۇدىيلار ئىچىدە ئابرۇيلۇق، باي كىشى ھەمدە شائىر ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ سۆزى كىشىلەرگە تەسىر قىلاتتى. مۇسۇلمانلار بەدرىدە غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئۇ مۇسۇلمانلارغا ھەسەت قىلىپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ئاخىرى مەككىگە بېرىپ، قۇرەيش ئەرەبلىرىنىڭ غەم ـ قايغۇسىغا شېرىك بولدى. ئۇلارنىڭ ئۆلۈكلىرىگە تەزىيە بىلدۈرۈپ شېئىر ئوقۇدى. كېيىن ئۇلارنى مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەرىكەت قىلىشقا كۈشكۈرتتى. ئۇ مەدىنىگە كېلىپ، ئىسلام ئاياللىرىنى مەسخىرە قىلىپ شېئىر ئوقۇدى. جەمئىيەتكە زىيانلىق بولغان ھەمدە ئەھدىنامىسىگە ئەسلا ئەمەل قىلمايدىغان بۇنداق بىر كۈشەندىنى يوقىتىش، ئامىنىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن زۆرۈر بولۇپ قالغان ئىدى. مانا شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبىرىمىز كەئب ئىبنى ئەشرەپنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە دېگەن ساھابىنى ئەۋەتتى. ئۇ ساھابە ئۆزىگە تۆت نەپەر كىشىنى ھەمرا قىلىپ، كەئبنىڭ قېشىغا باردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كەئبنىڭ ئېمىلداش قېرىندىشى ئەبۇ نائىلەمۇ بار ئىدى. مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە كەئبنىڭ قېشىغا بېرىپ: «بۇ كىشى (پەيغەمبىرىمىزنى دېمەكچى ـ م) بىزدىن تولا ئىئانە سوراپ پۇل ـ ماللىرىمىزنى تۈگەتتى، يەنە سوراۋاتىدۇ. شۇڭا بىز سەندىن ئىككى تۆگە خورما قەرز ئېلىش ئۈچۈن كەلدۇق» دېدى. كەئب: «مەن ساڭا ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدىم، سەن تېخى ئۇنىڭدىن جىق تويىسەن» دېدى. مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە: «بىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنى تاشلىغۇمىز كەلمەيدۇ. ئىشنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ، شۇنىڭغا قارايمىز دېدى.» ئۇنىڭ بۇ سۆزى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىزنى بىلەن ھىيلە ئۈچۈن ئېيتىلغان سۆزلەر ئىدى. كەئب ئىبنى ئەشرەپ مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنىڭ بۇ سۆزىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇرۇش قوراللىرىنى گۆرۈگە قويۇش شەرتى بىلەن قەرز بەرمەكچى بولدى. مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە قوراللىرىنى ئاخشىمى ئېلىپ كەلمەكچى بولۇپ قايتىپ كەتتى. قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن كەئب ئىبنى ئەشرەپنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى ھىيلە بىلەن ئۆيىدىن چىقىرىپ، ئۆلتۈرۈۋېتىپ قايتىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئۇنىڭدىن قۇتۇلدى. ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىدا بولغان ئىدى.

## بەھران ئۇرۇشى

شۇ يىلى جەمادىيەلئەۋۋەل ئېيىدا بەنى سۇلەيم قەبىلىسىنىڭ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، بەھران دېگەن يەرگە توپلانغانلىقىنى پەيغەمبىرىمىز ئاڭلاپ، ئۈچ يۈز ئەسكەر بىلەن ئۇلارغا قارشى يولغا چىقتى. مەدىنىدە ئۆز

www.islamyoli.net

ئورنىغا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممى مەكتۇمنى قويۇپ قويدى. مۇسۇلمانلار بەھرانغا بارغاندا مۇشرىكلار قېچىپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا ئاردا ئۇرۇش بولماي قايتىپ كەتتى. بۇ سەپەردە مۇسۇلمانلار ئون كۈنچە يۈردى.

## زەيد ئىبنى ھارىس قوشۇنى

بەدىر ئۇرۇشىدىن كېيىن قۇرەيش مۇشرىكلىرى مەدىنە ئارقىلىق شامغا بېرىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئۇيلاپ، ئىراق يولى ئارقىلىق شامغا كارۋان ئەۋەتتى. بۇ كارۋاندا ئەبۇ سۇفيان، سەپۋان ئىبنى ئۇمەييە، ھۇۋەيتىب ئىبنى ئابدۇلئۇززا قاتارلىق باشلىقلارمۇ بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ كارۋاننىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپ، زەيد ئىبنى ھارىسنىڭ قوماندانلىقىدا يۈز كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر ھەربىي قوشۇن ئەۋەتتى. ئۇلار قەردە دېگەن جايدا كارۋان بىلەن ئۇچراشتى. كارۋان ئىگىلىرى قېچىپ قۇتۇلدى. ئەمما ماللىرى غەنىمەت ئېلىندى. بۇ ۋەقە جەمادىيەلئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا يۈز بەرگەن ئىدى. غەنىمەتلەرنىڭ بەشتىن بىرى خەزىنىگە ئېلىنغاندىن كېيىن، قالغانلىرى ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلدى.

## ئۇھۇد ئۇرۇشى

بەدىر ئۇرۇشىدىن كېيىن مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ كاتتىسى بولۇپ قالغان ئەبۇ سۇفياننىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئۆچ ئېلىش قەستى بىلەن ئىككى يۈز ئەسكەر بىلەن مەدىنىگە بېرىپ، ھېچ ئىش قىلالماي قايتقانلىقى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىدى. بەدىر ئۇرۇشىنىڭ دەرد ـ ئەلىمى ئۇستىگە يەنە بۇنداق مۇۋەپپىقىيەتسىزلىككە ئۇچرىغان ئەبۇ سۇفيان، قانداق قىلىپ بولسۇن مۇسۇلمانلاردىن ئىنتىقام ئېلىش نىيىتىدە ئىدى. بەدىر ئۇرۇشىدا دادىسى ياكى قېرىندىشى ئۆلتۈرۈلگەن ئىكرىمە، سەپۋان ئىبنى ئۇمەييە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى رەبىئە قاتارلىق كىشىلەرمۇ پۇرسەت تېپىپ، مۇشرىكلارنى مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا قۇترىتاتتى ۋە بەدىر ئۇرۇشىدا جاراھەتلەنگەن دىللارغا ئىنتىقام ئېلىش بىلەن مەلھەم قويۇشقا تىرىشاتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بەدىر ئۇرۇشىدىن كېيىن مۇشرىكلارنىڭ تىجارەت يوللىرى توسۇلۇپ قالغان ئىدى. بۇ سەۋەبتىن مۇشرىكلاردا زور كۆلەملىك ئەسكەر تۇپلاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ شان ـ شەۋكىتىنى سۇندۇرۇش غەرىزى بار ئىدى. بەدىر ئۇرۇشىغا سەۋەب بولغان كارۋاندىكى مال ئىگىلىرىنىڭ كۆپرەكى بەدىرگە ھازىر بولغانلىقتىن، ئۇ ماللار مەككىگە كەلگەن ھامان تەقسىم قىلىنماي، بەلكى دارىننەدۋە ساقلاپ قويۇلغان ئىدى. مۇشرىكلار بەدىردىن قايتقاندا كارۋانغا قوشۇلغانلارنىڭ تولىسى بەدىردە ئۆلتۈرۈلگەنلىكتىن، ئىككىنچى بەدىردىكى مەغلۇبىيەتنىڭ تەسىرىدە كارۋان ماللىرىنى تەقسىم قىلىشقا كۆڭلى بارماي، ئۆلۈكلەرگە ماتەم تۇتۇش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۇ مال ـ مۈلۈكلەر ئۆز ئىگىلىرىگە بېرىلمەي تۇرغان ئىدى. بۇ ماللارنىڭ پايدىسىنى مۇسۇلمانلار بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشقا سەرپ قىلىش ئۈچۈن، قۇرەيش كاتتىلىرى ئەبۇ سۇفياننىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇ ھەقتە سۆزلىدى. ئەبۇ سۇفيانمۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ سۆزىگە ماقۇل بولدى ۋە باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا تەشۋىق قىلدى. قۇرەيش كاتتىلىرىنىڭ كۆپرەكىنىڭ ئاتىسى، بەزىسىنىڭ ئوغلى، بەزىسىنىڭ قېرىندىشى ئۆلتۈرۈلۈپ، دىللىرى

www.islamyoli.net

جاراھەتلەنگەنلىكتىن، ھەممىسى بۇ سۆزنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن كارۋاندىكى مالنىڭ پايدىسى بولغان ئەللىك مىڭ ئالتۇننى ئۇرۇش ئىشلىرىغا ئاتىدى. ئۇرۇش ئۈچۈن شۇ تەرىقىدە مالنىڭ ئورنىنى قىلغاچقا، قۇرەيش كاتتىلىرى ناھايىتى جىددىي سۈرەتتە كىشىلەرنى ئۇرۇشقا قىزىقتۇرۇشقا باشلىدى. مەككە ئەتراپىدىكى سەھرالىق ئەرەبلەرنىمۇ قوزغاش ئۈچۈن، مەشھۇر سۆزمەن ۋە شائىرلارنى ئەۋەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەدرى ئۇرۇشىدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىپ، پېقىر بولغانلىقىدىن بىكارغا ئازات قىلىنغان ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەرىكەت قىلماسلىق شەرت قىلىنغان ئەبۇ ئىززەتىل جەمەھىمۇ بار ئىدى. ئۇ بۇ شەرتنى كۆڭلىدە تۇتۇپ، بۇ ئۇرۇشقا قاتناشمايدىغان بولسىمۇ، لېكىن سەپۋان ئىبنى ئۇمەييەنىڭ زورلىشى بىلەن ئاخىرى قوبۇل قىلدى.

سۆزمەنلەرنىڭ ۋە شائىرلارنىڭ تەشۋىقى بىلەن تەھامە ۋە كەنانە ئەرەبلىرىدىن ۋە قۇرەيشنىڭ قوشنىلىرى بولغان ئەھابىشتىن نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەر كېلىپ توپلاندى. باشقا پىرقىلەرنىڭ قوماندانلىرى ئىكرەمە ئىبنى ئەبى جەھىل، خالىد ئىبنى ۋەلىد، سەپۋان ئىبنى ئۇمەييە قاتارلىقلار ئەبۇ سۇفياننىڭ قول ئاستىدا ئىدى. قۇرەيش كاتتىلىرى ئۇرۇشتىن قاچماسلىقىمىزغا سەۋەب بولىدۇ ھەمدە ئەسكەرلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرىدۇ دەپ، ئاياللىرىنى بىرگە ئېلىپ چىقتى. ئاياللارنىڭ ئىچىدە ئەڭ غەيرەتلىكرەكى ئەبۇ سۇفياننىڭ ئايالى ھىند بىنتى ئۇتبە، ئىكرەمىنىڭ ئايالى ئۇممى ھەكەم، سەپۋاننىڭ ئايالى بۇررە بىنتى مەسئۇد ۋە ھارىسنىڭ ئايالى پاتىمە بىنتى ۋەلىد، ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ ئايالى رەيتە بىنتى مۇنەببەھ تەلھەنىڭ ئايالى سەلالە قاتارلىقلار بار ئىدى. ھەمدە ئەسكەرلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، شېئىر ئوقۇيدىغان كېنىزەكلەر ۋە دېدەكلەرنىمۇ ئېلىپ چىقتى. ئەسكەرلەرنىڭ ئىچىدە، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پاسىق دەپ تونۇلغان ئەبۇ ئامىرمۇ بار ئىدى. ئۇ كىشى جاھىلىيەتتە يەسرىبتىكى ئەۋس قەبىلىسىنىڭ كاتتىسى ئىدى. پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندە، ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ مەدىنىنى تاشلاپ، بىر نەچچە ئەگەشكۈچىلىرى بىلەن مەككىگە كەتكەن ئىدى. ئۇ جاھىلىيەتتە راھىبلىق بىلەن مەشھۇر بولغان ئىدى. ئۇ مەككىگە كەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز ئۇنى «پاسىق» دەپ ئاتىغان ئىدى. بەدرى ئۇرۇشىدا ھەزرىتى ھەمزە تۇئەيمەنى ئۆلتۈرگەن ئىدى. مەزكۇر تۇئەيمە جۇبەير ئىبنى مۇتئىمنىڭ تۇغقىنى ئىدى. بۇ سەۋەبتىن جۇبەير ھەزرىتى ھەمزىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن، ئوق ئېتىشقا ناھايىتى ئۇستا «ۋەھشىي» ئىسىملىك بىر قۇلنى يېنىغا چاقىرىپ، ھەزرىتى ھەمزىنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئەگەر ھەمزىنى ئۆلتۈرەلىسە ئۇنى ئازات قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەھشىنىڭ پۈتۈن مەقسىتى پۇرسەت كۈتۈپ ھەزرىتى ھەمزىنى ئۆلتۈرۈش ئىدى.

شۇنداق قىلىپ ئەبۇ سۇفيان ئۈچ مىڭ كىشىلىك ئەسكەر تەييارلاپ، مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. بايراقنى ئابدۇددار ئوغۇللىرىدىن تەلھە ئىبنى ئەبى تەلھە دېگەن كىشىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئۇلار شەۋۋال ئېيىنىڭ تۆتىنچى كۈنى چارشەنبە كۈندە مەدىنىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى ئۇھۇد تېغىنىڭ يېنىدىكى ئەينەين دېگەن يەرگە چۈشتى. شۇڭا تارىخچىلار ئۇھۇد ئۇرۇشىنى «ئەينەين ئۇرۇشى» دەپمۇ ئاتايدۇ.

مۇشرىكلار مەككىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى ھەزرىتى ئابباس غىپار قەبىلىسىدىن بولغان بىر كىشى ئارقىلىق مۇشرىكلارنىڭ يولغا چىققانلىقىنى بايان قىلىپ، پەيغەمبىرىمىزگە بىر

www.islamyoli.net

پارچە خەت ئەۋەتتى. ھەزرىتى ئابباس بەدىر ۋەقەسىدە كۆپ زىيان تارتقانلىقىنى باھانە قىلىپ، بۇ ئۇرۇشقا چىقمىغان ئىدى. ھەزرىتى ئابباس ئەۋەتكەن كىشى ئۈچ كۈن ئىچىدە مەدىنىگە كېلىپ، پەيغەمبىرىمىزگە ئابباسنىڭ خېتىنى تاپشۇردى. پەيغەمبىرىمىز بۇ ۋاقىتتا مەلۇم بىر ئىش توغرۇلۇق قۇباغا بارغان ئىدى. ئۇ خەتنىڭ مەزمۇنىنى ئاڭلاپ، قۇبانىڭ باشلىقلىرىدىن سەئىد ئىبنى رەبىئەنىڭ يېنىغا كىرىپ، بۇ ھەقتە بىر ئاز مۇزاكىرە قىلدى ۋە ئۇنىڭغا ئىشنىڭ ئاخىرىنىڭ خەيرلىك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ، مۇشرىكلارنىڭ خەۋىرىنى ئېلىش ئۈچۈن، رازۋېدچىكلارنى ئەۋەتتى. ئۇلار قايتىپ كېلىپ مۇشرىكلارنىڭ ئۇھۇدقا يېقىن بىر جايغا كېلىپ چۈشكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز ساھابىلەرنى يىغىپ، ئۇلارغا قانداق تەدبىر قوللىنىش ھەققىدە مەسلىھەت ئېلىپ باردى ۋە ئۆز پىكرىنىڭ دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىغا چىقماي، مەدىنىدە تۇرۇپ، مۇداپىئە قىلىش ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. ساھابە كىراملاردىن بىر قىسىم ياشانغان كىشىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ پىكرىگە قوشۇلغان بولسىمۇ، لېكىن، بەدىر غەلىبىسى بىلەن روھى كۆتۈرۈلگەن، كۆڭلى ئېچىلغان ياشلار دۈشمەننىڭ ئالدىغا چىقىش پىكرىدە ئىدى. بەدىر ئۇرۇشىغا چىقالماي غەنىمەتتىن مەھرۇم قالغان بىر قىسىم كىشىلەرمۇ بۇ پىكرنى قۇۋۋەتلىدى. مەشھۇر قەھرىمان ھەزرىتى ھەمزەمۇ چىقىش تەرەپدارى ئىدى. مۇناپىقلارنىڭ باشلىقى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي پەيغەمبىرىمىزنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلىگەن ئىدى. ئۇ «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! دۈشمەننىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۆزىمىزنى ھالاك قىلمايلى، ئۇلار مەدىنىگە ھۇجۇم قىلسا، خەلق قارشى تۇرۇپ، مۇداپىئە قىلىدۇ. ئاياللار ۋە باللار ئۆگزىلەردىن تاش ئېتىشىپ ياردەم قىلىشىدۇ. ئەگەر ئۇلار ھۇجۇم قىلماي قالسا، ئۇ تېخى ياخشى. چۈنكى ئۇلار ئۈمىدسىزلىنىپ قايتىپ كەتكەن بولىدۇ» دېگەن ئىدى. بۇ پىكىر توغرا ۋە ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىدى. ئەمما كۆپچىلىك دۈشمەنگە قارشى مەيدانغا چىقىش تەرەپدارى بولغاچقا، پەيغەمبىرىمىز ئۇرۇشقا چىقىشنى قارار قىلدى.

پەيغەمبىرىمىز دۇنيا ئىشلىرىدا دائىم ساھابىلەر بىلەن كېڭەش ئېلىپ باراتتى. بەزىدە ئۇلارنىڭ پىكرىنى توغرا كۆرۈپ، شۇ بويىچە ئىش قىلاتتى. كۆپچىلىك قوللىغان پىكىرنى گەرچە ئۇ ئۆز پىكرىگە قارشى بولسىمۇ قوبۇل قىلاتتى. مانا بۇ ۋەقەدىمۇ پەيغەمبىرىمىز ئىسلامنىڭ بۈيۈك ئاساسلىرىدىن بولغان مەسلىھەتلىشىش قائىدىسىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆز پىكرىگە مۇۋاپىق بولمىسىمۇ، كۆپچىلىكنىڭ پىكرى بويىچە ئۇرۇشقا چىقىشنى قارار قىلدى. ئۇ كۈنى شەۋۋال ئېيىنىڭ ئالتىنچى كۈنى جۈمە ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ساھابىلەر بىلەن جۈمە ئوقۇپ، خۇتبىدە ئۇلارنى سەبىر قىلىشقا، ئۇرۇش مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرۇشقا تەرغىب قىلدى ۋە شۇنداق قىلغاندا غەلىبىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. جۈمەدىن كېيىن ھەممە ئۇرۇش قوراللىرىنى تەييارلاپ، ئۇرۇشقا ھازىر بولۇپ چىقتى. پەيغەمبىرىمىز ئۆيىدىن تۆمۈر كىيىملىرىنى كىيىپ، ئۇرۇش قوراللىرىنى ئېسىپ چىقتى. بۇ چاغدا ئۇرۇش قىلىش پىكرىدە بولغانلار پۇشايمان قىلىشىپ «بىز پەيغەمبىرىمىز خالىمىغان ئىشنى قىلىشقا زورلىدۇق. ھالبۇكى، ئۇ زات بىزنى ئۆزى خاھلىغان ئىشقا بۇيرۇشى توغرا ئىدى» دېيىشتى. كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئۇرۇشقا تەييار بولۇپ چىققاندا «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز سىلىنى خالىمىغان ئىشقا زورلاپتۇق، سىلە ئۆزلىرى بىلگەننى قىلسىلا، بىز سىلىگە ئەگىشىمىز» دېيىشتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا: «پەيغەمبەر بولغان كىشىگە

www.islamyoli.net

ئۇرۇشقا هازىرلىنىپ بولغاندىن كېيىن، يېنىۋېلىش مۇناسىپ ئەمەس» دېدى. ئاندىن كېيىن ئۇرۇش بايراقلىرىنى تەقسىم قىلدى. مۇھاجىرلارنىڭ بايرىقىنى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرگە، خەزرەج قەبىلىسىنىڭ بايرىقىنى ھەبباب ئىبنى مۇنزىرغا، ئەۋس قەبىلىسىنىڭ بايرىقىنى ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەيرگە تۇتقۇزدى. بارلىق ئەسكەر سانى مىڭ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە ساھابە ئاياللارمۇ بار ئىدى. ئۇلار ــــ مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەزرىتى ئائىشە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزى ھەزرىتى پاتىمە، ئۇممى سۇلەيم، ئۇممى سۇلەيت، ئۇممى ئەمارە، ئۇممى ئەيمەن قاتارلىقلار ئىدى. ئۇلار ئەسكەرلەرگە سۇ ئەكېلىپ بېرەتتى ۋە ئۇرۇشتا يارىلانغانلارنى داۋالايتتى. مەدىنىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممى مەكتۇم نائىب بولۇپ قالدى. ئىسلام ئەسكەرلىرى شەۋۋال ئېيىنىڭ ئالتىنچى كۈنى جۈمە كۈنى ئەسىردىن كېيىن ئۇھۇدقا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ كۈنى ئاخشىمى شەيخەين دېگەن جايغا چۈشۈپ، شۇ يەردە قونۇپ قالدى. ئەسكەرلەرنى كۆزەت قىلىش ئۈچۈن بىر نەچچە كىشى بىلەن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە تەيىنلەندى. پەيغەمبىرىمىزنى قوغداش ئۈچۈن زەكۋان ئىبنى ئابدۇلقەيس تەيىن قىلىندى. بۇ يەردە پەيغەمبىرىمىز ئەسكەرلەرنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆردى ۋە ئۇرۇش قىلىشقا قۇدرىتى يوق كىچىك باللارنى قايتۇردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە زەيد ئىبنى سابىت، ئۇسامە ئىبنى زەيد، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، بەرا ئىبنى ئازىب، ئەبى سەئىدىلخۇدەرى، زەيد ئىبنى ئەرقەم، غۇرابە ئىبنى ئەۋس قاتارلىقلار بار ئىدى. راپىئ ئىبنى خۇدەيج باشتا قايتۇرۇلۇشقا قارار قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئوق ئېتىشقا ئۇستىلىقى بايان قىلىنغاچقا پەيغەمبىرىمىز ئۇنى ئېلىپ قالدى. سەمۇرە ئىبنى جۇندۇپ راپىئنىڭ قالدۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ يىغلاپ تاشلىدى. ھەمدە ئۆگەي ئاتىسىغا شىكايەت قىلىپ: «پەيغەمبىرىمىز مېنى قايتۇرۇپ، راپىئنى قوبۇل قىلدى. ھالبۇكى، مەن ئۇنىڭ بىلەن چېلىشسام، ئۇنى يىقىتاتتىم» دېدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى چېلىشتۇرۇپ كۆردى. دېگەندەك سەمۇرە راپىئنى يىقىتتى. كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئۇنىمۇ قوبۇل قىلدى. ئۇلار شەيخەين دېگەن جايدىن سەھەر ۋاقتىدا قوزغىلىپ، مەدىنە بىلەن ئۇھۇد ئارىلىقىدىكى شەۋت دېگەن جايغا كەلگەندە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي: «مۇھەممەد مېنىڭ پىكرىمنى قوبۇل قىلماي، ياشلارنىڭ پىكرىگە ئەگەشتى. نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىزنى بىكار ھالاك قىلىمىز» دەپ، ئۆزىنىڭ ئۈچ يۈز ئەسكىرى بىلەن مەدىنىگە قايتىپ كەتتى. خەزرەجنىڭ كاتتىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ھەرام بۇنى كۆرۈپ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيگە چىرايلىق گەپ قىلىپ باققان بولسىمۇ كار قىلمىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينىڭ بۇ ئىشى مۇسۇلمانلار ئارىسىغا خېلى تەشۋىش سالدى. پەيغەمبىرىمىز يېنىدا قالغان يەتتە يۈز ئەسكەر بىلەن ئۇھۇدقا كېلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئارقىسىنى ئۇھۇد تېغىغا قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. ھەر ئىككى تەرەپ ئەسكەرلىرىنى سەپكە تىزدى. مۇسۇلمانلار تەرەپتە ئەللىككە يېقىن ئۇستا مەرگەن بار ئىدى. ئۇلارغا ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەيرنى قوماندان قىلىپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئەسكەرلەرنىڭ ئارقا تەرىپىنى ساقلاشقا، شۇنداقلا مۇشرىكلار ھۇجۇم قىلىپ قالسا، ئۇلارغا ئوق بىلەن تاقابىل تۇرۇشقا بۇيرۇدى ۋە مۇسۇلمانلار مەيلى غەلىبە قىلسۇن ياكى مەغلۇپ بولسۇن، بۇ ئورۇندىن قەتئىي ئايرىلماسلىقنى تاپىلىدى. ئاندىن كېيىن ئەسكەرلەرگە يۈزلىنىپ تۇرۇپ، ئۇلارغا غەيرەتلىك بولۇش ھەققىدە سۆز قىلدى. ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە يېقىنلىشىپ كەلگەندە، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئەبۇ ئامىر مۇشرىكلار ئارىسىدىن چىقىپ، ئەۋس قەبىلىسىدىن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇ تەرەپكە ئۆتۈشنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇلارغا ئۆزىنى تونۇشتۇرغان بولسىمۇ،

ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدى. ئەكسىچە ئۇنىڭغا قوپاللىق بىلەن جاۋاب بەردى. ئەبۇ ئامىر بۇنى كۆرۈپ: «مەندىن كېيىن قەۋمىم بۇزۇلۇپتۇ» دەپ ئارقىسىغا ياندى. ئاندىن كېيىن ئۇرۇش بىر ـ بىرلەپ مەيدانغا چۈشۈش بىلەن باشلاندى. مۇشرىكلار تەرەپتىن بىرسى مەيدانغا چۈشۈپ، ئۆزىگە قارشى مەيدانغا كېلەلەيدىغان ئادەم تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭغا قارشى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام مەيدانغا چۈشۈپ، ئۇنى ئۆلتۈردى. ئاندىن كېيىن تەلھە ئىبنى ئەبى تەلھە مەيدانغا چۈشتى. ئۇنىڭغا قارشى ھەزرىتى ئەلى چۈشۈپ، ئۇنى ئۆلتۈردى. مۇشرىكلاردىن ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەبى بەكرى مەيدانغا چۈشۈپ، ئادەم تەلەپ قىلغاندا، ئۇنىڭغا قارشى دادىسى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى مەيدانغا چۈشۈشكە ھازىرلانغان بولسىمۇ، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىدى. ئاندىن كېيىن ئومۇمىي ئۇرۇش باشلاندى. مۇشرىكلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن نەغمە ـ ناۋا قىلىپ، ئۇلارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشاتتى. مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا قارشى ئارقىمۇ ئارقا ئۈچ قېتىم ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولسىمۇ، ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەيرنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئوقچى قىسىم ئۇلارنى قاتتىق ئوققا تۇتۇپ، ئارقىغا چېكىندۈردى.

مۇسۇلمانلار سانى ئاز بولۇشىغا قارىماي، ئىنتايىن باتۇرلۇق كۆرسەتتى. بولۇپمۇ ھەزرىتى ھەمزە، ھەزرىتى ئەلى قاتارلىق زاتلار ئۇرۇش مەيدانىغا ئوق كەبى ئېتىلىپ كىرىپ، ئۇرۇش قىلىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ باتۇرلار ئالدىغا ئۇچرىغان ھەرقانداق دۈشمەننى يەر بىلەن يەكسان قىلاتتى. مۇشرىكلارنىڭ بايراقدارلىرى بىردىن ـ بىردىن قىرىلغىلى تۇردى. يالغۇز ئەبى تەلھەنىڭ ئەۋلادىدىن يەتتە كىشى ئۆلتۈرۈلدى. ئاندىن كېيىن مۇشرىكلار تەرەپتىن بايراق كۆتۈرۈشكە ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بايرىقى يەردە قالدى. ئارقىدىنلا ئۇلار يېڭىلىشقا يۈزلىنىپ قېچىشقا باشلىدى. خوتۇن ـ قىزلىرى يىغلىشىپ، ئۈھۈد تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتى. مۇسۇلمانلار بۇنى كۆرۈپ، تېخىمۇ غەيرەتكە كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، غەنىمەتلەرنى توپلىغىلى تۇردى.

### ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەيرنىڭ قوماندانلىقىدىكى ئوقچى قىسىمنىڭ ئورنىدىن قوزغىلىپ كېتىشى

مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقا تەرىپىنى قوغداش ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان ئەللىك نەپەر ئوقچى قىسىم مۇشرىكلارنىڭ مەغلۇپ بولۇپ قاچقانلىقىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈرۈپ، غەنىمەت توپلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلاردىن بىرقانچىسى: «مۇشرىكلار مەغلۇپ بولدى. بىز بۇ يەردە نېمە قىلىپ تۇرىمىز؟ بىزمۇ بېرىپ غەنىمەت يىغمايمىزمۇ» دەپ، ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەيرنىڭ توسقىنىغا قارىماي، تاغدىن چۈشۈپ كەتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، تاغدا قالغانلار ئابدۇللاھ ئىبنى جۇبەير قاتارلىق بىرنەچچە كىشى ئىدى. مۇشرىكلارنىڭ قوماندانلىرىدىن بىرى بولغان خالىد ئىبنى ۋەلىد تاغدىكى ئوقچى قىسىمنىڭ تاغدىن چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، دەرھال ئەتراپىدىكى ئەسكەرلەرنى توپلاپ، تاغقا ھۇجۇم قىلىپ، تاغدا قالغان ساھابىلەرنى شېھىد قىلدى. ئارقىدىنلا مۇسۇلمانلارنىڭ ئارقىسىدىن باستۇرۇپ كەلدى. قېچىپ كېتىۋاتقان مۇشرىكلار خالىدنىڭ باستۇرۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئارقىسىغا ياندى. بۇ ئارىدا ئەلقەمەنىڭ قىزى ئەمرە ئىسىملىك ئايال دەرھال كېلىپ، مۇشرىكلارنىڭ تاشلىنىپ قالغان بايرىقىنى قولىغا ئېلىپ، قېچىپ كېتىۋاتقان مۇشرىكلارنى بايراق ئەتراپىغا يىغىشقا باشلىدى ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ھۇجۇمغا ئۆتتى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئىككى تەرەپ

www.islamyoli.net

ئارىسىدا نېمە قىلىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالدى. سەپلىرى بۇزۇلۇپ، بۆلۈنۈپ كەتتى. بىر ـ ئىككىسى ئۇ يەردە، بىر ـ ئىككىسى بۇ يەردە ئۇرۇشۇشقا باشلىدى. بۇ ئەسنادا مۇھاجىرلارنىڭ بايرىقىنى تۇتقان ھەزرىتى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنى شېھىد قىلغان بىر مۇشرىك ئەتراپقا قاراپ جار سېلىپ: «مەن مۇھەممەدنى ئۆلتۈردۈم» دەپ توۋلاشقا باشلىدى. بۇ خەۋەر مۇسۇلمانلارنى ئىنتايىن تەشۋىشكە سالدى. ئەمما مۇشرىكلار تەرەپ تېخىمۇ روھلىنىپ، ھۇجۇمنى كۈچەيتتى. مۇسۇلمانلار ئىچىدە «پەيغەمبىرىمىز راستتىنلا شېھىد قىلىنغان بولسا، بىز نېمىشقا جەڭ قىلىپ يۈرىمىز؟» دېگۈچىلەر ئوتتۇرىغا چىقتى. ھەتتا ئۇرۇش مەيدانىنى تاشلاپ، مەدىنىگە قايتقانلارمۇ بولدى. مەدىنىگە قايتقانلارنىڭ ئىچىدە ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى ئەففان، ۋەلىد ئىبنى ئۇقبە، خارىجە ئىبنى زەيد ۋە رۇپائە ئىبنى مۇئەللا قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلار مەدىنىگە يېقىنلىشىپ كەلگەندە، مەدىنىگە كىرىشتىن خىجىل بولۇپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاران كىردى. بەزىلەر ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيگە ئەلچى قىلىپ، ئەبۇ سۇفياندىن ئۆزىگە ئامانلىق بېرىشنى تەلەپ قىلىش پىكرىگە كەلدى. بەزىلەر: «پەيغەمبىرىمىز شېھىد قىلىنغان بولسىمۇ، دىنىمىزنى ساقلاپ قېلىشىمىز ئۈچۈن، ئاخىرغىچە ئېلىشىشىمىز كېرەك» دېسە، بەزىلەر: «پەيغەمبىرىمىز شېھىد قىلىنغاندىن كېيىن بىزگە بۇ ھاياتنىڭ نېمە كېرىكى» دېيىشتى. مەسىلەن: ئەنەس ئىبنى نەزىر تېڭىرقاپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان بىر توپ كىشىلەرنىڭ يېنىغا كېلىپ: «پەيغەمبىرىمىز شېھىد بولغاندىن كېيىن بىزگە بۇ ھاياتنىڭ نېمە پايدىسى بار؟» دەپ، ئۆزىنى دۈشمەن سېپىگە ئۇرۇپ، شۇ يەردىلا شېھىد بولدى. ئەبۇ تەلھە ئەلئەنسارى، ئەبۇ دەجانە، سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئەبۇ بەكرى سىددىق، ھەزرىتى ئەلى ۋە سەھل ئىبنى ھەنىپ قاتارلىق كىشىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ قېشىدىن مىدىرلىماي تۇرۇپ، ئۇ زاتنى قوغدايتتى. ئەبۇ تەلھە ئەلئەنسارى پەيغەمبىرىمىزنى قوغداشتا ئىنتايىن باتۇرلۇق كۆرسەتكەن ئىدى. ئۇ كىشى ناھايىتى ئۇستا مەرگەن بولۇپ، ئوقلىرىنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا قاتار سانجىپ قويۇپ، يېقىنلاشقان ھەرقانداق دۈشمەننى يەر چىشلىتەتتى. پەيغەمبىرىمىزمۇ يېنىغا كەلگەن كىشىدە ئوق بارلىقىنى كۆرسە، ئۇ كىشىگە ئوقلارنى ئەبۇ تەلھەگە بېرىشنى ئېيتاتتى. سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاسمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدىن ھېچ ئايرىلمىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا: «ئى سەئد! ئوق ئات، ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن» دەيتتى. سەھل ئىبنى ھەنىپمۇ ئوق ئېتىشقا ئۇستا بولۇپ، دۈشمەنلەرنى پەيغەمبىرىمىزگە ھېچ يېقىنلاشتۇرمايتتى. ئەبۇ دۇجانەمۇ ھەمىشە پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئوق تەگمىسۇن دەپ، دۈشمەنگە ئارقا تەرىپىنى قىلىپ، پەيغەمبىرىمىزنى قوغدايتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىغا بىر نەچچە تال ئوق تەككەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆز ئورنىدا تۇراتتى. زەيد ئىبنى ھارىسمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، ئۇنى دۈشمەنلەردىن مۇداپىئە قىلاتتى. ئۇ يارىلىنىپ يىقىلغاندا، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا مۇبارەك قەدىمىنى قويۇپ بەردى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك پۇتىغا بېشىنى قويغان ھالدا شېھىد بولدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ شېھىد بولغانلىقى ھەققىدە خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، ھەممىدىن ئىلگىرى كەئب ئىبنى مالىك ئەلئەنسارى ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن بار ئاۋازى بىلەن: «ئى ئەنسارلار جامائىتى! خۇشال بولۇڭلار» دەپ توۋلىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا «شۈك تۇر» دەپ ئىشارەت قىلدى. ئاندىن كېيىن سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس بىلەن سەئد ئىبنى ئۇبادەنىڭ ئارىلىقىدا يۈرۈپ، ئاۋۋالقى ئورنىغا كەلدى. ئارقىسىدىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى،

ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئەلى، ھەزرىتى تەلھە، ھەزرىتى زۇبەير قاتارلىقلارمۇ يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار ئاۋۋالقى ئورنىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەزرىتى پاتىمە بىلەن بىرلىكتە پەيغەمبىرىمىزنىڭ جاراھەتلەنگەن يەرلىرىنى يۇيۇشتى. قان توختىمىغاچقا ھەزرىتى پاتىمە بۇيىنىڭ پارچىسىنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى جاراھەت ئۈستىگە بېسىۋىدى قان ئاران توختىدى. ئاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز شۇ جايدىكى چوڭ بىر تاشنىڭ ئۈستىگە چىقماقچى بولدى. لېكىن جاراھەت سەۋەبىدىن ماغدۇرى قالمىغاچقا، ھەزرىتى تەلھەنىڭ ياردىمى بىلەن چىقتى. بۇ چاغدا مۇشرىكلارنىڭ بىر بۆلۈكى تاغنىڭ ئۈستىدە ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا قارشى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قوماندانلىقىدا بىر بۆلۈك ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۇلارنى تاغدىن قوغلاپ چۈشۈردى. بۇ چاغدا ئۇبەي ئىبنى خەلەپ پەيغەمبىرىمىزنى شېھىد قىلماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلگەندە پەيغەمبىرىمىز يېنىدىكى بىر ساھابىنىڭ نەيزىسىنى ئېلىپ، ئۇنى ئېغىر يارىلاندۇردى. ئۇبەي مۇشۇ يارىلىنىشى بىلەن مەككىگە قايتىش يولىدا بەتبەختلەرچە ئۆلدى. ئۇ مەككىدىكى چېغىدا ياخشى بىر ئاتنى بېقىپ، ھەمىشە «مەن مۇھەممەدنى مۇشۇ ئاتنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئۆلتۈرىمەن» دەيتتى. پەيغەمبىرىمىز بۇنى ئاڭلاپ: «ئىنشائاللاھ ئۇنى مەن ئۆزۈم ئۆلتۈرىمەن» دېگەن ئىدى. ھەقىقەتتە پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ سۆزى توغرا چىقتى.

بۇ ئۇرۇشتا مۇشرىكلاردىن ئون يەتتە كىشىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن ئەبۇ سۇفيان تاغ ئۈستىگە چىقىپ، مۇسۇلمانلارغا قاراپ «ئاراڭلاردا مۇھەممەد بارمۇ؟» دەپ ئۈچ قېتىم توۋلىدى. ئۇ ھېچبىر جاۋاب ئاڭلىمىغاچقا «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئىبنى ئەبى قۇھاپە (يەنى ئەبۇ بەكرى) بارمۇ؟» دەپ توۋلىدى. بۇ سۆزگىمۇ جاۋاب قايتۇرۇلمىغاچقا «ئاراڭلاردا ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ بارمۇ؟» دەپ توۋلىدى. ھەزرىتى ئۆمەر بۇنىڭغا چىدىيالماي، ئۆزلىرىنىڭ سالامەت بار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن «بار» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن كېيىن ئەبۇ سۇفيان «ئى ھۇبەل ئۈستۈن بول، ئى ھۇبەل ئۈستۈن بول» دەپ توۋلىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا قارشى: «ئاللاھ ھەممىدىن ئۈستۈندۇر ۋە ئۇلۇغدۇر» دەپ جاۋاب بېرىشكە بۇيرۇدى. ئەبۇ سۇفيان: «بىزگە ئۇززا بار، سىلەرگە يوق» دەپ توۋلىدى. پەيغەمبىرىمىز بۇنىڭغا: «ئاللاھ بىزنىڭ ئىگىمىزدۇر، سىلەرنىڭ ئىگەڭلار يوق» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن كېيىن ئەبۇ سۇفيان: «بۇ ئۇرۇش بەدىر ئۇرۇشى بىلەن باراۋەر ئۇرۇش بولدى. ئەگەر خاھلىساڭلار كېلەر يىلى بەدىردە يەنە ئۇرۇشايلى» دېدى. پەيغەمبىرىمىز: «بولىدۇ. بىز ئۇرۇشقا تەييارمىز» دەپ جاۋاب بەردى.

## مۇشرىكلارنىڭ ئۇھۇدتىن قايتىشى

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ۋەقەدىن كېيىن، ئەبۇ سۇفيان خۇشاللىق بىلەن قايتىپ كەتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ قايتىپ كەتكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ھەزرىتى ئەلىنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا: «ئى ئەلى، سەن مۇشرىكلارغا قاراپ باق، ئەگەر ئۇلار تۆگىلىرىنى مىنىشىپ، ئاتلىرىنى يېتىلەپ يۈرگەن بولسا، ئۇلار مەككىگە قايتىپ كېتىۋاتقان بولىدۇ. ئەگەر ئاتلىرىغا مىنىشىپ يۈرگەن بولسا، مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان بولىدۇ. ئۇلار ئەگەر مەدىنىگە بارسا، ئۇلار بىلەن يەنە ئۇرۇش قىلىمىز» دېدى. ھەزرىتى ئەلى مۇشرىكلارنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى يېتىلىشىپ، تۆگىلىرىنى مىنىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قايتىپ كېلىپ

www.islamyoli.net

پەيغەمبىرىمىزگە بۇنى خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز دېگەندەك مۇشرىكلار مەدىنىگە ھۇجۇم قىلماي، مەككىگە قايتىپ كېتىشتى.

## ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىد بولغان ساھابىلەر

ئۇھۇد ئۇرۇشى مۇسۇلمانلار ئۇچۇن ناھايىتى خەتەرلىك ئۇرۇش بولدى. بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلاردىن يەتمىشتىن كۆپرەك كىشى شېھىد بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر يارىلانغان ئىدى. شېھىد بولغانلارنىڭ ئالتە نەپىرى مۇھاجىرلاردىن بولۇپ، قالغانلىرى ئەنسارلاردىن ئىدى. شېھىدلەرنىڭ ئىچىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسى، مەشھۇر قەھرىمان ھەزرىتى ھەمزە، ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش، مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير، ھەنزەلە ئىبنى ئەبى ئامىر (ئۇ زات پەرىشتىلەر تەرىپىدىن يۇيۇلغان)، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى ھەرام، ئەمرى ئىبنى جۇمۇھ، خەللاد ئىبنى ئەمرى، سەئد ئىبنى رەبىئە، ئەنەس ئىبنى نەزىر قاتارلىقلار بار ئىدى. ھەزرىتى ھەمزە بولسا، ئەسكەرلەرنىڭ ئىچىدە ئوقتەك ئېتىلىپ، كاپىرلارنىڭ ئىچىدە كىم ئۇچرىسا شۇنى ئۆلتۈرۈپ يۈرگەندە، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ۋەھشىي دېگەن قۇل چوڭ بىر تاشنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈپ تۇرۇپ، تۇيدۇرماستىن نەيزىسى بىلەن ئۇرۇپ، ئۇنى شېھىد قىلدى. ئەمما مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنى، ئىبنى قەمئە ئىسىملىك بىر مۇشرىك شېھىد قىلدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ، ئۇنى مۇشرىكلاردىن مۇداپىئە قىلىپ تۇراتتى. مۇسئەب شېھىد قىلىنغاچقا پەيغەمبىرىمىز بايراقنى ھەزرىتى ئەلىگە تۇتقۇزدى. ئەمما سەئد ئىبنى رەبىئ شۇ قەدەر قاتتىق ئۇرۇش قىلدىكى، ئۇ زاتنىڭ بەدىنىنىڭ يەتمىش بىر يېرى يارىلانغان ئىدى. ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز شېھىدلەر ۋە يارىلانغان كىشىلەرگە قاراشقا بەزى ساھابىلەرنى بۇيرۇغاندا سەئد ئىبنى رەبىئ سەكراتتا ئىدى. شېھىدلەر ۋە يارىلانغانلارغا قاراشقا بۇيرۇلغان كىشى سەئد ئىبنى رەبىئكە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سالامىنى يەتكۈزدى. سەئدمۇ ئۇ كىشىگە: «پەيغەمبىرىمىزگە مەندىنمۇ سالام ئېيتقىن، قەۋمىم ئەنسارلارغا ۋەسىيىتىم شۇكى، ئۇلار ئەقەبەدىكى بەيئەتلىرىنى ئۇنتۇمىسۇن، ئەگەر پەيغەمبىرىمىزگە دۈشمەن تەرەپتىن ئازراق زەرەر يېتىپ قالسا، ئۇلار ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئەسلا كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ» دېدى. ئەمما ئەنەس ئىبنى نەزىرنىڭ بەدىنىنىڭ ئەللىك يېرى يارىلانغان ئىدى. ئۇنىڭ يارىسى كۆپ بولغانلىقتىن ئۇنى ھېچكىم تونۇيالماي، ئاخىرى ئاچىسى ئۇنى بارماقلىرىدىن تونۇدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇھۇد ئۇرۇشىدا يارىلىنىشى

ھەزرىتى ئەبۇ دۇجانە ئەلئەنسارى، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئەبۇ تەلھە ئەلئەنسارى ۋە ئۇممى ئەمارە قاتارلىقلار ئېغىر يارىدار بولغان ئىدى. ئۇممى ئەمارە پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنى دۈشمەنلەردىن مۇداپىئە قىلاتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك بەدىنىنىڭمۇ بىر قانچە يېرى يارىلاندى. ئابدۇللاھ ئىبنى شىھاب ئەززۆھرى دېگەن كاپىر پەيغەمبىرىمىزنىڭ يۈزىنى يارىلاندۇردى. ئۇتبە ئىبنى ئەبى ۋەققاس تاش ئېتىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇدۇل چىشىنى سۇندۇردى. ئىبنى قەمئە ئۇرغان قىلىچ سەۋەبىدىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك بېشىدىكى تۆمۈر

www.islamyoli.net

كىيمنىڭ تۆمۈرى ئىككى مۇبارەك قوۋزىغا كىرىپ، ئېغىر يارىلاندۇردى. ئۇ تۆمۈرلەرنى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ چىشلىرى بىلەن سۇغۇرۇپ ئالدى. تۆمۈرلەر قاتتىق پېتىپ كەتكەنلىكتىن تارتىۋېلىش جەريانىدا ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ ئالدىدىكى ئىككى چىشى سۇنۇپ كەتتى. ئەبۇ ئامىر ئەررەھىب مۇسۇلمانلارنى يىقىلىپ چۈشۈپ، هالاك بولسۇن دەپ كولاپ، ئاغزىنى يېپىپ قويغان ئازگالغا پەيغەمبىرىمىز يىقىلىپ چۈشۈپ، مۇبارەك تىزلىرى سۈرۈلۈپ كەتتى. ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ بىلەن تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ پەيغەمبىرىمىزنى ئازگالدىن تارتىپ چىقاردى. ئۇرۇش تۈگەپ، مۇشرىكلار قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز شېھىدلەرنى يىغىپ دەپنە قىلىشقا بۇيرۇدى. مۇشرىكلار شېھىدلەرنىڭ قۇلاق بۇرۇنلىرىنى كېسىپ، قورساقلىرىنى يېرىپ تاشلىغان ئىدى. ھەزرىتى ھەمزىنىڭ قۇلاق، بۇرۇنلىرى كېسىلگەن، قورساقلىرى يېرىلغان ھالدا ياتاتتى. ئەبۇ سۇفياننىڭ ئايالى ھىند ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى شېھىدلەرنىڭ قۇلاقلىرىنى كېسىپ، مونجاق قىلىپ، بويۇنلىرىغا ئېسىۋېلىشتى. ۋەھشىنى مۇكاپاتلاپ، ئۇنىڭغىمۇ مونجاق ياساپ ئېسىپ قويدى. ھىند ھەزرىتى ھەمزىنىڭ يۈرىكىنى ئېلىپ، ئاغزىغا سېلىپ چاينىدى. كېيىن يۇتالماستىن تۈكۈرۈپ تاشلىدى. پەيغەمبىرىمىز ۋە ساھابە كىراملار ھەزرىتى ھەمزىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ بەكمۇ قايغۇرۇشتى. بۇ قېتىم مۇسۇلمانلارنىڭ يۈرىكىدە ساقايماس جاراھەتلەر قالدى. پەيغەمبىرىمىز شېھىدلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئورۇنلىرىغا دەپنە قىلدۇردى. بەزىلەر تۇغقانلىرىنى مەدىنىگە ئېلىپ كەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى قايتۇرۇپ، شېھىد بولغان يېرىگە دەپنە قىلدۇردى. ھەر بىر كىشى ئۈچۈن بىردىن قەبرە كولاش قىيىن بولغانلىقتىن ئىككى ـ ئۈچ كىشىنى بىر قەبرىگە قويدۇردى. شېھىدلەردىن قايسىسى قۇرئاننى كۆپرەك بىلسە، ئۇنى قەبرىگە ئىلگىرى قويدى. شېھىدلەر يۇيۇلماستىن قانلىرى ۋە ئۆز كىيىملىرى بىلەنلا دەپنە قىلىندى. كىيىملىرى يىرتىلىپ تىتىلىپ كەتكەن ئىككى شېھىدنى باشقا كېپەنگە ئوراپ دەپنە قىلدۇردى. پەيغەمبىرىمىز ئۇھۇدنىڭ شېھىدلىرىگە جىنازا نامىزى ئوقۇمىغان ئىدى. بۇ ئىش سەھىھۇلبۇخارىدا رىۋايەت قىلىنىدۇ.

مەشھۇر ئالىم ئىبنى قەييۇم جەۋزى مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبىرىمىز ئۇرۇشتا شېھىد بولغان زاتلارغا جىنازا نامىزى ئوقۇمايتتى. شۇنىڭغا ئوخشاش خۇلەپائى راشىدىنلارمۇ ۋە ئۇلارنىڭ نائىبلىرىمۇ ئۇرۇش مەيدانىدا شېھىد بولغانلارغا جىنازا نامىزى ئوقۇمايتتى. ئەمما سەككىز يىلدىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇھۇد شېھىدلىرىغا جىنازا نامىزى ئوقۇغانلىقى سەھىھۇلبۇخارى ۋە سەھىھۇ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان بولسىمۇ، شېھىدلارگە جىنازا نامىزى ئوقۇش سۈننەت بولغانلىقىدىن ئەمەس. ئەگەر ئۇنداق بولسا پەيغەمبىرىمىز سەككىز يىل كېچىكتۈرمىگەن بولاتتى. بەلكى ئۇنىڭ ناماز ئوقۇغانلىقى شېھىدلەر بىلەن ۋىدالىشىش يۈزىسىدىن ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇھۇد شېھىدلىرىگە ئۆزى بۇ دۇنيادىن كېتىشتىن ئىلگىرى ناماز ئوقۇغانلىقى، ئۇ زاتنىڭ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئەقەبەگە چىقىپ، ئۇلار ئۈچۈن ئىستىغپار ئوقۇغانلىقىغا ئوخشاش بىر ئىش.»

## مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇھۇدتىن مەدىنىگە قايتىشى

ئۇھۇد ئۇرۇشى شەۋۋال ئېيىنىڭ يەتتىنچى كۈنى ئەتىگەندە باشلىنىپ، شۇ كۈنى ئەسىردىن كېيىن ئاخىرلاشتى. پەيغەمبىرىمىز شېھىدلەرنى دەپنە قىلدۇرۇپ بولۇپ، شۇ كېچىسى مەدىنىگە قايتتى. مەدىنە ئەھلى كۆڭۈللىرى

www.islamyoli.net

مەجرۇھ هالدا قايتىپ كەلگەن غازىلارنى كۆرۈپ، قاتتىق غەم ـ ئەندىشىدە قالدى. كىشىلەر ئاتىسى ياكى قېرىنداشلىرىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ئاھۇ زار قىلىپ، ئاۋازلىرىنى قويۇۋېتىپ يىغلاشتى. مەدىنە مۇنەۋۋەرە قايغۇغا چۆمدى. مۇناپىقلار بۇ ئىشقا ناھايىتى خۇشال بولۇشتى. ئۇلار خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي: «بولمايدىغان ئىشقا ئىجتىهات قىلدىڭلار، بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلاپ، مەدىنىدە تىنچ ياتساڭلار بۇ بالالار كەلمەس ئىدى» دېيىشتى. شۇنىڭدەك يەھۇدىيلارمۇ ناھايىتى خۇشال بولۇشتى.

## مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبى

ئۇرۇشتا قوماندانغا بويسۇنۇش، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى جان ـ دىل بىلەن ئىجرا قىلىش ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، غەلىبە قىلىشنىڭ ئاساسىي ئامىلىدۇر. لېكىن ئىسلام ئەسكەرلىرى بۇ ئۇرۇشتا قوماندانلارغا بويسۇنمىدى. ئۇرۇشنىڭ بېشىدا غەلىبە مۇسۇلمانلار تەرەپتە بولۇپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ قېچىش ھالىتىدە ئىدى. ۋەھالەنكى، ئوقچى قىسىم پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار مەغلۇپ بولدى. ئۇلارنىڭ باشلىرىغا ئېغىر بالا ـ قازالار ۋە مۇسىبەتلەر كەلدى. ئەسلىدە مۇسۇلمانلار ئۇرۇشقا چىقىشتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ پىكرىگە ئەگەشمەي، ئۆزى زورلاپ ئېلىپ چىققان ئىدى. ئۇلار باشتىلا پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزىگە ئەگىشىپ، مەدىنىدىن قوزغالمىغان بولسا ياخشى بولاتتى. مۇشرىكلارنىڭ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىپ كېلەلمەسلىكى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. ئەگەر ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ مەدىنىدە تۇرۇپ مۇداپىئە قىلىش ئاسانراق ئىدى. مۇھاسىرە قىلىشقا ئادەتلەنمىگەن ئەرەب ئەسكەرلىرى بىر مەزگىل تۇرۇپ بېقىپ قايتىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇھۇد ئۇرۇشى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئاچچىق ساۋاق بولدى، مۇسۇلمانلار بۇ ۋەقەدىن ئىبرەت ئالدى. بەدىر ئۇرۇشىدا ئۇلار غەلىبە قىلغان ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار ھەر زامان ئۆزلىرىنىڭ باشلىرىدىن «غەلىبە ۋە نۇسرەت تاجى كەتمەيدۇ» دېگەن ئويدا ئىدى. ئۇھۇد ئۇرۇشىدىن كېيىن بۇ ھەقتىكى خاتالىقلىرىنى تونۇپ، بىكاردىن بىكار ھېچ ئىش قىلماستىن غەلىبە قىلىشنى كۈتۈشنىڭ بىھۇدە ئىش ئىكەنلىكىنى، غەلىبە قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا لايىق ئىش قىلىش لازىم ئىكەنلىكىنى بىلدى. بۇ ئىبرەتنىڭ سايىسىدا ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەلىم بېرىشى نەتىجىسىدە كېيىنكى ئۇرۇشلاردا غەلىبىگە ئېرىشتى. ئۇھۇد ئۇرۇشى ھەققىدە ئاللاھ تائالا ئالى ئىمران سۈرىسىنىڭ 60 ـ ئايىتىنى نازىل قىلىپ ئىسلام ئەسكەرلىرىگە تەسەللى بەردى ۋە غەلىبە قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىنى بايان قىلدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇمىدسىزلەنمەي، كېلەچەك ئۈچۈن ئۇنى ئەستە چىڭ تۇتۇپ، ئۇرۇشتا قوماندانىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇشقا بۇيرۇدى. ئاللاھ تائالا مەزكۇر ئايەتلەردە كۆپ ھەقىقەتلەرنى بايان قىلدى. ساھابە كىراملار بۇ ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىنى ئەسلا ئېسىدىن چىقارمىدى ۋە كېيىنكى ھەممە ئۇرۇشلاردا غەلىبە قازاندى.

## ھەمرائۇلئەسەد ئۇرۇشى

www.islamyoli.net

مۇشرىكلار گەرچە مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كىرمەي مەككىگە ئۇدۇل قايتىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قايتىدىن مەدىنىگە بېسىپ كېلىش ئېهتىمالى بار ئىدى. بۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلار شۇ كېچىنى ناهايىتى هوشيارلىقتا ئۆتكۈزدى. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا پەيغەمبىرىمىز مۇشرىكلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاش پىكرىگە كېلىپ، ساهابىلەرنى يىغدى ۋە: «بۇ ئۇرۇشقا ئۇهۇدقا هازىر بولمىغان كىشى چىقمايدۇ» دەپ شەرت قىلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئادەملىرنى ئېلىپ، ئۇرۇشقا چىقىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا رۇخسەت قىلمىدى. ھەممە هازىرلانغاندىن كېيىن بايراقنى هەزرىتى ئەلىگە تۇتقۇزدى. مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە هەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممى مەكتۇمنى نائىب قىلىپ قويۇپ، مەككە تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ساهابە كراملارنىڭ كۆپرەكى ئۇهۇد ئۇرۇشىدا يارىلىنىپ، كۈچ ـ قۇۋۋىتى ئاز قالغان بولسىمۇ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەمرىگە شەرتسىز بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە چىقتى. مۇشرىكلار ئۇهۇدتىن قايتىپ كېتىۋېتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ هەممىسىنى قىرىپ تاشلاپ، ئاندىن يېنىپ كەلمىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىپ، ئارقىسىغا يېنىپ، مەدىنىگە باستۇرۇپ كىرىش نىيىتىگە كەلگەن ئىدى. پەيغەمبىرىمىز يول ئۈستىدە مەئبەدىلخۇزائى دېگەن ئادەم بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنى ئەبۇ سۇفيان ۋە ئۇنىڭ هەمراهلىرى ئارىسىغا قورقۇنچ سېلىشقا بۇيرۇدى. خۇزائە قەبىلىسىنىڭ بۇرۇندىن تارتىپ پەيغەمبىرىمىز بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى ئىدى. شۇنداقلا مەئبەدىلخۇزائى پەيغەمبىرىمىز بىلەن يولدا ئۇچراشقاندا مۇسۇلمان بولغان ئىدى. بۇ سەۋەبتىن مەئبەد ئەبۇ سۇفيان بىلەن رەۋها دېگەن يەردە ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭغا: «يولدا مۇهەممەدنى كۆردۈم، ئۇ نۇرغۇن ئەسكەر باشلاپ، ئارقاڭلاردىن قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇهۇد ئۇرۇشىغا قاتناشمىغانلارنىمۇ بىرگە ئېلىپ چىقىپتۇ. ئۇزۇنغا قالماي ئۇلار يېتىپ كېلىشى مۇمكىن» دېدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئۇلارغا سەزدۇرمىگەن ئىدى. ئەبۇ سۇفيان مەئبەدنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدى. ئارقىدىن «بىز تېخى مەدىنىگە هۇجۇم قىلىشنى ئويلاپ تۇرۇۋاتاتتۇق» دېدى. مەئبەد ئۇنىڭغا: «بۇ پىكرىڭدىن ۋاز كەچ، مېنىڭ ساڭا نەسىهەتىم سەن تېزرەك مەككىگە بېرىۋال» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ سۇفيان پەيغەمبىرىمىزنى كۆپ ئەسكەر باشلاپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، مەدىنىگە هۇجۇم قىلىش پىكرىدىن ۋاز كەچتى. مۇسۇلمانلار «هەمرائۇلئەسەد» دېگەن يەردە ئۈچ كۈن تۇرۇپ، مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز هەمرائۇلئەسەدتە يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان شائىر ئەبۇ غۇررە ئەلجەمەهىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ قونالغۇدا ئۇخلاپ قېلىپ، هەمراهلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزدىن ئۆزىنى قويۇۋېتىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا: «مۆمىن كىشى بىر تۆشۈكتە ئىككى قېتىم چېقىلمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

شۇ يىلى پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەۋرىسى ئىمام هەسەن دۇنياغا كەلدى. شۇنداقلا پەيغەمبىرىمىز قىزى هەزرىتى ئۇممى كۇلسۇمنى هەزرىتى ئوسمان ئىبنى ئەففانغا ياتلىق قىلدى يەنە شۇ يىلى پەيغەمبىرىمىز هەزرىتى ئۆمەرنىڭ قىزى هەزرىتى هەپسەگە ۋە خۇزەيمەنىڭ قىزى هەزرىتى زەينەپكە ئۆيلەندى. هەزرىتى هەپسە پەيغەمبىرىمىزگە ياتلىق بولۇشتىن ئىلگىرى خۇنەيس ئىبنى هۇزاپەگە ياتلىق بولغان ئىدى. ئۇ بەدىر ئۇرۇشىدا ئېغىر يارىلىنىپ، ساقىيالماي ۋاپات بولدى. ئەمما زەينەپ بىنتى خۇزەيمە بولسا، ئابدۇللاھ ئىبنى جەهشنىڭ نىكاهىدا ئىدى. بۇ زاتمۇ ئۇهۇد ئۇرۇشىدا شېهىد بولغان.

www.islamyoli.net

تەنبىھ: شۇنى ئېنىق بىلىۋېلىش لازىمكى، بەزى تارىخچىلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەزرىتى زەينەپكە ئۆيلەنگەن ۋاقتىنىڭ ھىجرىيىنىڭ ئۈچىنچى يىلى ئىكەنلىكىنى، ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشىنىڭ ئۇھۇد ئۇرۇشىدا شېھىد بولغانلىقىنى ۋە ئۇھۇد ئۇرۇشىنىڭ ھىجرىيىنىڭ ئۈچىنچى يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ يەتتىنچى كۈنى شەنبە كۈنى يۈز بەرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ سۆزلەرنى بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەزرىتى زەينەپكە ھىجرىيىنىڭ ئۈچىنچى يىلى ئۆيلەنگەنلىكى چىقىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. بۇ ئويلاپ بېقىشقا تېگىشلىك مەسىلە. شۇنداقلا مۇشۇ يىلى ھاراق قەتئىي ھارام قىلىندى. ئەرەبلەر ھاراقنى پەۋقۇلئاددە ياخشى كۆرگەن سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا ئۇنى بىراقلا ھارام قىلماي، تەدرىجىي ھالدا ھارام قىلدى. ئەگەر بىراقلا ھارام قىلغان بولسا، ئۇلارغا ھاراقنى تاشلاش ناھايىتى ئېغىر كەلگەن بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى تەدرىجىي ھالدا، كىشىلەر قوبۇل قىلالايدىغان شەكىلدە ئاستا ـ ئاستا ھارام قىلدى. چۈنكى بىر يامان ئىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكى يەنە بىر ئىشقا مۇناسىۋەتلىك بولسا، ئۇنىڭ قەبىھ ئىكەنلىكى ۋە زىيىنى ئېنىق كۆرۈلىدۇ. ئۇنىڭ كىشىلەر قەلبىدە تەسىرى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇنى كىشىلەر ئاسان قوبۇل قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ كۆپ قىسمى بىرەر ھادىسىگە ئالاقىدار بولۇپ كەلدى. ھاراقنى تەدرىجىي ھارام قىلىشتا جانابى ئاللاھ دەسلەپ بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: «ئى مۇھەممەد! سەندىن كىشىلەر ھاراق ۋە قىمار توغرۇلۇق سورايدۇ، ئۇلارغا سەن (ئۇ ئىككىسىدە زور گۇناھ بار ۋە كىشىلەرگە ئاز ـ تولا مەنپەئەتمۇ بار، ئۇ ئىككىسىنىڭ گۇناھى پايدىسىدىن چوڭراقتۇر) دېگىن» دېگەندىن ئىبارەتتۇر. ھاراقنىڭ پايدىسى، ئۇ بەدەننى ئازراق راھەتلەندۈرىدۇ. قىمارنىڭ پايدىسى، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان پايدىنى سەدىقە قىلاتتى. بۇ ئايەت بىلەن ھاراق تېخى قەتئىي تۈردە ھارام قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلارنىڭ بەزىسى ھاراق ئىچىپ، ئەقلى بۇلغىنىپ، قۇرئاننى ئارىلاشتۇرۇپ، خاتا ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن، ئىككىنچى قېتىمدا مەست كىشىنىڭ نامازغا كېلىشىنى ھارام قىلىپ بۇ ئايەتنى چۈشۈردى: «ئى مۆمىنلەر، مەست ھالەتتە ـ ئۆزۈڭلار ئېيتقان سۆزلەرنى بىلمەستىن نامازغا يېقىنلاشماڭلار» يەنى ھاراق ئىچىپ ئەقلىڭلار كەتكەندىن كېيىن، تاكى ھوشۇڭلارغا كېلىپ، ئۆزۈڭلار دېگەن سۆزنى چۈشەنگۈدەك بولمىغۇچە نامازغا يېقىنلاشماڭلار دېگەن بولىدۇ.

ھاراق ئىچىش بىلەن مۇسۇلمانلاردىن بەزىسىگە زۇلۇم ۋە ئازار يېتىپ قالغانلىقى كۆرۈلدى. ھەتتا ھەزرىتى ھەمزە مەست ھالەتتە ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئىككى تۆگىسىنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقى سەھىھۇلبۇخارىدا رىۋايەت قىلىنىدۇ. ھاراقنىڭ زىيىنى مۇسۇلمانلارغا ئوچۇق مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ھاراقنى قەتئىي سۈرەتتە ھارام قىلىپ: «ھاراق، قىمار، ئىبادەت قىلىش ۋە قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار، بىر ئىشنى قىلماقچى بولسا ئۇنىڭ ياخشى ياكى يامانلىقىنى ئايرىش ئۈچۈن قويۇلغان ئوقلار نىجىس نەرسىلەر بولۇپ، شەيتاننىڭ ئىشىدۇر. ئۇلاردىن يىراق قېچىڭلار، شۇنداق قىلساڭلار نىجات تاپالايسىلەر» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار بىردەك «بىز ھاراقنى تاشلىدۇق» دەپ، ھەممىسى جان ـ دىلى بىلەن قوبۇل قىلىشتى. بۇ زامانىمىزدىكى مۇسۇلمانلارمۇ بۇنى قوبۇل قىلىپ، ھاراق ئىچىشتىن ۋە باشقا گۇناھلاردىن قايتىشلىرى لازىم. بۇ قۇرئان كەرىمنى ئاللاھ تەرەپتىن نازىل بولغان ۋەھيي دەپ چىن كۆڭلىدىن ئېتىقاد قىلىپ، قۇرئان كەرىم توسقان ھاراق، قىمار، خىيانەت، جازانىخورلۇق، ئوغرىلىق، زىناخورلۇق، باشقىلارغا بوھتان چاپلاش،

www.islamyoli.net

يالغان گۇۋاھلىق بېرىش قاتارلىق ھارام ئىشلارنى تاشلىشى لازىم. قۇرئان كەرىمنى ئاللاھ تەرەپتىن نازىل بولغان دەپ ئېتىقاد قىلىپ، ئۇنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئۇنىڭ توسقانلىرىدىن يىراق بولۇشى كېرەك. قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ھاراق ئىچىش، جازانە قىلىش، يالغانچىلىق قىلىش، ئالدامچىلىق، خىيانەت، ئوغرىلىق، زىناخورلۇق، بوھتان چاپلاش، شاھادەتنى يوشۇرۇش، يالغان گۇۋاھلىق بېرىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش قەتئىي ھارام قىلىنغان ئىشلارنى تەپتارتماستىن قىلغانلىق «قۇرئان ئاللاھ تەرەپتىن نازىل بولغان» دېگەن سۆزىدە يالغانچىلىق قىلغانلىق بولىدۇ. ئەپسۇسكى، ھازىرقى مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىم چەكلىگەن ئىشلارنى قىلىشتىن ئۆزىيالمايدۇ. بۇ ئىشلار مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپىنچىسىگە ئادەت بولۇپ قالغانلىقتىن، بۇ ئىشلارنى قىلىش ئانچە ئەيىب ھېسابلانمايدىغان بولۇپ قالدى. مۇسۇلمانلار چوڭقۇر ئويلاپ كۆرۈشلىرى لازىم. دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ھېكايە ۋە خەۋەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن ئۆلىما ۋە ھۆكۈمالارنىڭ ئەقىللىرى لال بولىدىغان دەرىجىدىكى ھېكمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قۇرئان كەرىمنىڭ يولىغا كىرىشكە تىرىششلىرى لازىم. ھاراقنى چاي ئورنىدا ئىچمەسلىكى، جازاننى سودا ئورنىدا كۆرمەسلىكى لازىم. راستچىللىقنى، تەقۋالىقنى ئۆزلىرىگە ئادەت قىلىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە ئەگىششلىرى ۋە بىدئەت، خۇراپاتلىقلارنى تاشلاشلىرى، يەھۇدىي ۋە خرىستىئانلارنىڭ، بۇتپەرەس كاپىرلارنىڭ، دىنسىز دەھرىيلەرنىڭ ئادەتلىرىنى تاشلاپ، ئىسلامنىڭ ياخشى ئادەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشلىرى لازىم.

## ھىجرىيىنىڭ تۆتىنچى يىلى يۈز بەرگەن ۋەقەلەر

بەنى ئەسەد قەبىلىسىدىن بولغان تەلھە ۋە سەلەمە ئىسىملىك ئىككى كىشىنىڭ ئۆز قەۋمىنى مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا دالالەت قىلىپ، ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىق خەۋىرى پەيغەمبىرىمىزگە يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز يۈز ئەللىك كىشلىك بىر ھەربىي قوشۇن ھازىرلاپ، ھەزرىتى ئەبۇ سەلەمەنى قوماندان قىلىپ، دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشقا ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن مۇھەررەم ئېيىنىڭ بېشىدا بەنى ئەسەد قەبىلىسى تەرەپكە يول ئالدى. ئۇلار مەدىنىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى فەيد دېگەن جىلغىنىڭ قېشىدىكى بەنى ئەسەد تاغلىرىدىن بولغان قۇتنى دېگەن تاغنىڭ يېنىدا دۈشمەنلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. دۈشمەنلەر ئىسلام ئەسكەرلىرىنى كۆرۈپ قېچىپ كېتىشتى. ئىسلام ئەسكەرلىرى بۇ ئۇرۇشتا نۇرغۇن تۆگە ۋە قويلارنى غەنىمەت ئېلىپ قايتتى.

## سۇفيان ئىبنى خالىدنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

شۇ يىلى مۇھەررەم ئېيىدا پەيغەمبىرىمىز ھۇزەيل قەبىلىسىدىن بولغان سۇفيان ئىبنى خالىد دېگەن كىشىنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئەسكەر توپلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيسنى چاقىرىپ، ئۇنى سۇفياننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئابدۇللاھ يىراق بىر جايغا بېرىپ بىر كىشىنى ھىيلىسىز ئۆلتۈرۈش ئاسان بولمىغانلىقتىن، يالغان سۆز كېرەك بولسا يالغان سۆزلەشكە رۇخسەت ئالدى. ئۇ سۇفياننىڭ يېنىغا

www.islamyoli.net

بارغاندا ئۆزىنى بەنى خۇزائە قەبىلىسىدىن دەپ تونۇشتۇردى ۋە: «مۇھەممەد بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن هازىرلانغانلىقىڭنى ئاڭلاپ، ساڭا ياردەم قىلىش ئۈچۈن كەلدىم» دېدى. سۇفيان ئابدۇللاھنىڭ بۇ سۆزىگە ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئەسكەر تەييارلاۋاتقانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلدى ۋە ئابدۇللاھنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن چېدىرىغا باشلاپ كىردى. ئابدۇللاھ سۇفيان ئۇخلاپ ياتقاندا، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ مەدىنىگە راۋان بولدى. ئابدۇللاھنىڭ ئارقىسىدىن ھېچكىم قوغلاپ كەلمىدى. ئابدۇللاھ بۇ سەپەردە 18 كۈن يول ماڭدى.
مەشھۇر تارىخچىلاردىن ئابدۇلمۆمىن ئىبنى خەلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ سۇفياننىڭ بېشىنى كېسىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەن ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئابدۇللاھقا بىر ھاسا بېرىپ: «مانا بۇ ھاسا قىيامەت كۈنى سەن بىلەن مېنىڭ ئارىمىزدىكى بىر بەلگە» دېدى. ئابدۇللاھ ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن «بۇ ھاسىنى كېپىنىمنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ، مەن بىلەن بىرگە قويۇڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلغان.

## رەجىئ ۋەقەسى

شۇ يىلى سەپەر ئېيىدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا ئەزەل ۋە قارە قەبىلىلىرىدىن بىر نەچچە كىشى كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ، ئۆزلىرىگە  شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن، ساھابە كىراملاردىن بىرنەچچە كىشىنى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشى بىر ھىيلە ئىدى.
ئەسلىدە ئۇلار مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى. ئۇلارنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇنەيس ئۆلتۈرۈۋېتىپ كەلگەن سۇفيان ئىبنى خالىدنىڭ قەۋمى بەنى ھۇزەيل ئەۋەتكەن ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، ئۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇسەيم ئىبنى سابىتنى باش قىلىپ، ئون كىشىنى ئۇلارغا قوشۇپ قويدى. ئۇلار رەجىئ دېگەن بىر يەرگە كەلگەندە ئۆزلىرىگە شەرىئەتنى ئۆگىتىش ئۈچۈن كەلگەن ساھابىلەرگە خىيانەت قىلىپ، ھۇزەيل قەبىلىلىرىدىن بەنى لەھيان ئەرەبلىرىگە ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. بەنى لەھيان قەبىلىسى بۇنى ئاڭلاپ دەرھال ئىككى يۈزگە يېقىن كىشىنى ھازىرلاپ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا كەلدى. ساھابە كىراملار ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپ، دەرھال ئۆزلىرىنى بىر تاغ ئۈستىگە ئالدى. بەنى لەھيان قەبىلىسىدىن كەلگەن كىشىلەر ئۇلار تاغدىن چۈشۈپ، دەرھال تەسلىم بولسا، ئۇلارنى ئۆلتۈرمەي سالامەت قويۇۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بۇ سۆزىگە ئاساسەن مۇسۇلمانلاردىن ئىككى كىشى (خۇبەيب ئىبنى ئەدى ۋە زەيد ئىبنى دەسىنە) تاغدىن چۈشكەن ئىدى. ئۇلار سۆزلىرىدە تۇرماي، ئۇلارنى شېھىد قىلدى. بۇ ئىككىسىدىن باشقا ساھابىلەر ئۇلارغا تەسلىم بولۇشنى ئۆزلىرىگە نومۇس بىلىپ، ئاخىرىغىچە ئېلىشىپ شېھىد بولدى. خۇبەيب ئىبنى ئەدىنىڭ شېھىد قىلىنىشتىن بۇرۇن، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇۋالغانلىقى ۋە مۇنۇ شېئىرنى ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ:
پەقەت ئىمان بىلەن كەتسەملا بولدى يوقكى پەرۋايىم،
شېھىد بولۇپ يىقىلسام ئوڭ تەرەپتىن ياكى سول ياندىن،
ئاللاھنىڭ يولىدا ئۆلدۈم، ئەگەر ئۇ خاھلىسا، شەكسىز،
ئورۇن ئالغاي بۇ قىينالغان ۋۇجۇدۇم باغۇ رىزۋاندىن.

www.islamyoli.net

## بىئرى مەئۇنە ۋەقەسى

شۇ يىلى سەپەر ئېيىدا بەنى ئامىرنىڭ كاتتىلىرىدىن مۇلائىبۇلئەسىنە دەپ مەشھۇر بولغان ئامىر ئىبنى مالىك پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كەلگەن ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغاندا، ئۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، تامامەن رەت قىلمىدى. بەلكى: «ئى مۇھەممەد! سەن دەۋەت قىلغان ئىش بەك ياخشى ئىش. سەن مەن بىلەن بىرگە نەجدى ئەھلىگە بىرقانچە كىشى ئەۋەتكىن، ئۇلار ئۇ يەردە دىنىي دەۋەتتە بولسۇن، نەجدى ئەھلى بۇ دىننى قوبۇل قىلىشى مۇمكىن دەپ ئويلايمەن» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا: «نەجدى ئەھلىنىڭ ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىشىدىن قورقىمەن» دېدى. ئامىر پەيغەمبىرىمىزگە: «ئەگەر سەن ئۇلارنى ئەۋەتىشتىن ئەنسىرىسەڭ، مەن ئۇلارنى ھىمايەمگە ئالىمەن» دېدى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا مۇنزىر ئىبنى ئەمرى باشلىق ساھابە كىراملاردىن يەتمىش كىشىنى قوشۇپ ئەۋەتتى. ئۇلار ساھابە كىراملار ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلەردىن بولۇپ، قۇرئان كەرىمنى كۆپ ئوقۇغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار «قۇررائ (قارىلار)» دېيىلەتتى.

ئۇلار مەدىنە مۇنەۋۋەرەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى بەنى ئامىر بىلەن بەنى سەلىم ئارىسىدىكى بىئرى مەئۇنە دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئارىلىرىدىكى جەرەم ئىبنى مىلھان ئىسىملىك بىر كىشىدىن بەنى ئامىرنىڭ كاتتىسى ئامىر ئىبنى تۇپەيلگە بىر پارچە خەت ئەۋەتتى. ئۇ ئادەم بۇ خەتكە قاراپمۇ قويماي، خەتنى ئېلىپ كەلگەن ھەرەم ئىبنى مىلھامغا زۇلۇم قىلىپ، ئۇنى شېھىد قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەزكۇر ساھابىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن، قەۋمى بەنى ئامىر خەلقىنى ئۇرۇشقا چاقىرغان بولسىمۇ، مەزكۇر ساھابىلەر مۇلائىبۇلئەسىنەنىڭ ھىمايىسىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇرۇش قىلىشقا ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئامىر ئىبنى تۇپەيل بەنى سەلىم قەبىلىلىرىدىن بولغان رەئل، زەكۋان، ئۇسەييە دېگەن يەرلەردىن ياردەم سورىدى. ئۇلار ئامىر ئىبنى تۇپەيلىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كېلىپ، ساھابە كىراملارنىڭ ھەممىسىنى شېھىد قىلدى. ساھابىلەردىن پەقەت ئىككى كىشى (زەيد بىلەن ئەمر ئىبنى ئۇمەييە) ساق قالدى. باشقىلار باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشقان بولسىمۇ، سان جەھەتتە ئىنتايىن ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئامالسىز قالدى. شېھىد قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ھىجرەت سەپىرىدە پەيغەمبىرىمىزگە ھەمرا بولغان ئامىر ئىبنى پۇھەيرە بار ئىدى. مەزكۇر ۋەقە بىلەن رەجىئ ۋەقەسىنىڭ خەۋىرى مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە بىرلا ۋاقىتتا يېتىپ كەلگەچكە، بۇ خەۋەر پەيغەمبىرىمىز ۋە ساھابە كىراملارنى چوڭقۇر قايغۇغا سالدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەزكۇر ساھابە كىراملارغا خائىنلىق قىلغان مۇشرىكلارغا قارشى بىر ئايغىچە ناماز بامداتنىڭ ئىككىنچى رەكئىتىنىڭ رۇكۇسىدىن كېيىن بەد دۇئا قىلغانلىقى سەھىھۇلبۇخارىدا رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ ھادىسىدە سالامەت قالغان ئەمر ئىبنى ئۇمەييە مەدىنىگە كېلىپ، پەيغەمبىرىمىزگە ۋەقەنى بايان قىلغاندا، ئەمرىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى بىلىپ، تولىمۇ ئەپسۇسلاندى. مەزكۇر ۋەقە بەنى نەزىر ئۇرۇشىغا سەۋەب بولدى.

## بەنى نەزىر ئۇرۇشى

شۇ يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ بېشىدا پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە يېقىن بولغان بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ يېنىغا ئەمىر ئىبنى ئۇمەيىيە ئۆلتۈرگەن ئىككى كىشىنىڭ قېنىنى تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ بارغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرگە ساھابە كىراملاردىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئەلى ۋە باشقا بىرنەچچە كىشى بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز يەھۇدىيلار بىلەن كۆرۈشۈپ، كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتقاندا، ئۇلار تۆلەپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، چىرايلىق مۇئامىلىدە بولغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بۇ گېپى پەقەت ئېغىزلىرىنىڭ ئۇچىدىلا ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدە يامان غەرەزلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى ئۆز ئارا: «بىزگە بۈنىڭدىن ئارتۇق پۇرسەت كەلمەيدۇ، بىرەيلەن ئۆگزىدىن مۇھەممەدنىڭ بېشىغا بۇ تاشنى تاشلىسۇن ـ دە، بىز ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ راھەت ئالايلى» دەپ كۇسۇلدىدى ۋە بۇ ئىش ئۈچۈن ئەمىر ئىبنى ھەججاج ئىسىملىك بىر كىشىنى بەلگىلىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ پىلانى بىكارغا كەتتى. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن ئۇلارنىڭ مەقستىنى سېزىپ بولغان ئىدى. بۇ سەۋەبتىن دەرھال قوزغىلىپ، مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندە يەھۇدىيلار بىلەن كېلىشىم تۈزگەن ئىدى. بۇ كېلىشىمنىڭ مەزمۇنى، يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشماي تىنچ تۇرۇش. ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە قارشى ھەرىكەتتە بولماسلىقتىن ئىبارەت ئىدى. يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە قىلغان مەزكۇر سۇيىقەستى كېلىشىمنى بۇزغانلىق ھېسابلىناتتى.

پەيغەمبىرىمىز ئۇلاردىن ياخشىلىق كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن «بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى ئون كۈن ئىچىدە مەدىنە زېمىنىدىن چىقىپ كەتسۇن» دەپ، مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنى ئەۋەتتى. يەھۇدىيلار دەسلەپتە مەدىنىنى تاشلاپ كېتىشكە قوشۇلغان بولسىمۇ، كېيىن مەدىنىدىكى مۇناپىقلارنىڭ ئۇلارغا: «بىز سىلەرگە ياردەم بېرىمىز» دېگەن سۆزلىرىگە ئىشىنىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەمرىگە بويسۇنمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، مەيدىسىگە ئۇرۇشۇپ: «قولۇڭدىن كەلسە خالىغىنىڭنى قىل، بىز يۇرتىمىزنى تاشلاپ چىقىپ كەتمەيمىز» دېدى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبىرىمىز دەرھال ئەسكەر توپلاپ، ئۇلار تەرەپكە راۋان بولدى. مەدىنىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممى مەكتۇمنى قويۇپ قويدى. بايراقنى ھەزرىتى ئەلىگە تۇتقۇزدى. مۇسۇلمانلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن يەھۇدىيلار قورقۇپ، ھەممىسى قورغانلىرىغا كىرىۋېلىشتى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئالتە كۈن قورشاپ تۇردى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى قورقۇتۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ خورما دەرەخلىرىنى كېسىپ تاشلاشقا بۇيرۇدى. يەھۇدىيلاردا مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشقىدەك كۈچ ـ قۇۋۋەت يوق ئىدى. ھەمدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ۋەدىلىرىدە تۇرمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئامالسىز قېلىپ، پەيغەمبىرىمىز بىلەن كېلىشىم ئىمزالاش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار يەر ـ زېمىن ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئېغىر نەرسە ـ كېرەكلىرىنى قويۇپ، تۆگىلىرى كۆتۈرەلىگۇدەك نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئېلىپ، مەدىنىدىن چىقىپ كېتىش شەرتى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاندى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى شام تەرەپكە كەتتى، بەزىسى خەيبەرگە كېلىپ تۇرۇپ قالدى. خەيبەرگە كېلىپ تۇرۇپ قالغانلارنىڭ ئىچىدە ھۇيەي ئىبنى ئەختەب، سالام ئىبنى ئەبلھەقىق، كەنانە ئىبنى رەبى قاتارلىق چوڭلار بار ئىدى. بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىدىن ئىسلامنى قوبۇل قىلغان كىشى پەقەت يامىن ئىبنى ئۇمەير، يەنە بىرى ئەبۇ سەئد ئىبنى

www.islamyoli.net

ۋەھبىدىن ئىبارەت ئىككىلا كىشىدۇر. بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ يەرلىرى ۋە ئۇلاردىن ئېلىنغان غەنىمەتلەر ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىنمىدى. چۈنكى بۇ غەنىمەتلەر ئۇرۇشۇپ ئېلىنغان غەنىمەت بولماستىن، بەلكى ئۇرۇشسىز، ئاسانلا قولغا كەلگەن غەنىمەتلەر ئىدى. بۇنداق ئۇرۇشسىز ئېلىنغان غەنىمەتلەر ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىنماي، ئۇرۇش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلەتتى ۋە پېقىر - مىسكىن، يېتىم - يېسىرلەرگە بېرىلەتتى. شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبىرىمىز بۇ غەنىمەتلەرنى يۇرتلىرى ۋە ئۆي - ۋاقلىرىدىن ئايرىلىپ، مال - مۈلكىنى تاشلاپ، پېقىر ھالەتتە مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن كىشىلەرگە تارقىتىپ بەردى ھەمدە ئەنسارلاردىن بەك پېقىر دەپ قارالغان ئىككى كىشىگىلا بېرىلدى. مەزكۇر ئۇرۇش ھەققىدە جانابى ئاللاھ ھەشىر سۈرىسىنى نازىل قىلدى.

يۇقىرىدا «ھاراق ھىجرىيىنىڭ ئۈچىنچى يىلى ھارام قىلىندى» دەپ بايان قىلغان ئىدۇق. ئەمما ئىبنى ھىشام «سىرەتى ئىبنى ھىشام» دېگەن كىتابىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا ھاراق ھىجرىيىنىڭ تۆتىنچى يىلىدا ھارام قىلىنغان بولۇپ، بەنى نەزىر ئۇرۇشىدىن كېيىن بولغان دەپ يازىدۇ.

## كېيىنكى بەدىر ئۇرۇشى

ئۇھۇد ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ مۇشرىكلار مەككىگە قايتىشقا ھازىرلىنىپ تۇرغاندا، ئەبۇ سۇفيان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «كېلەر يىلى دەل بەدىر ئۇرۇشى بولغان مەزگىلدە يەنە ئۇرۇش قىلىمىز، ھازىر بولۇڭلار!» دېگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچ ئىككىلىنىپ تۇرماستىن: «بولىدۇ، ھازىر بولۇپ تۇرىمىز» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى. ئەنە شۇ ۋەدە قىلىشقان مەزگىل يېقىنلىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئەبۇ سۇفيان ۋاقىت يېقىنلاشقانسېرى نېمە ئىش قىلىشنى بىلەلمەي ھەيرانلىقتا قېلىۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ يىلى مەككىدە قاتتىق قەھەتچىلىك يۈز بەرگەن ئىدى. ئۇرۇشقا چىقمىسا يۈتۈن ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا مۇشرىكلارنىڭ يۈز - ئابرۇيى قالماي، مۇسۇلمانلارنىڭ شان - شەۋكىتى ئېشىپ، مۇشرىكلار ئۈچۈن مەنىۋى جەھەتتە زور مەغلۇبىيەت ھېسابلىناتتى. بۇ سەۋەبتىن ئەبۇ سۇفيان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇشقا چىقماسلىقى ئۈچۈن بىر ھىيلە ئويلاپ چىقتى. ئۇ ئەشجە قەبىلىسىدىن بولغان نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد ئىسىملىك بىر ئادەمگە نۇرغۇن پۇل بېرىپ، ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەبۇ سۇفياننىڭ نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن مەككىدىن چىققانلىقىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇھۇدتەك يېقىن بىر يەردە يېڭىلگەن تۇرۇپ، بەدىردەك يىراق بىر يەردە ئاللىقاچان يېڭىلىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ، مۇسۇلمانلارنى ئۇرۇشقا چىقىشتىن يېنىشقا گەپ ئۆگىتىپ مەدىنىگە يولغا سالدى. نۇئەيم مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كېلىپ، ئەبۇ سۇفياننىڭ ئېيتقىنى بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىغا پىتنە تارقاتقان بولسىمۇ، لېكىن مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلمىدى. ئاللاھنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ بىرمىڭ بەش يۈز كىشى ھازىر بولۇپ ئۇرۇشقا چىقتى. ئۇلاردا ئەللىككە يېقىن ئاتلىق قوشۇن بار ئىدى. ئەمما ئەبۇ سۇفيان ئىككى مىڭغا يېقىن پىيادە ئەسكەر ۋە ئەللىككە يېقىن ئاتلىق ئەسكەر ھازىرلاپ مىجەنە دېگەن بازارغا كەلگەندە، ئەسكەرلەرگە: «بۇ يىل ئەسكەرلەر ئۈچۈن قاتتىق ئېغىر قەھەتچىلىك يىلى» دېگەندەك سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئارقىسىغا ياندى. ئۇلار مەككىگە قايتىپ كەلگەندە مەككە ئەھلى ئۇلارنى «بۇلار تالقان يېيىش ئۈچۈن چىققان، بۇلار بولسا تالقانچى ئەسكەرلەر» دەپ ئەيىبلەشتى. ئىسلام ئەسكەرلىرى

www.islamyoli.net

بەدىردە سەككىز كۈن تۇرۇپ قايتىپ كەتتى. ئۇلار بۇ مەنىۋى غەلىبىدىن باشلىرى ئاسمانغا تاقاشقان ھالدا مەدىنىگە قايتىشتى. بۇ ئۇرۇشتا ھەسسان ئىبنى سابىت ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەلەر ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرمىغانلىقىنى مەسخىرە قىلىپ شېئىر ئوقۇغان ئىدى. بۇ ۋەقە شەئبان ئېيىدا يۈز بەرگەن. كۆپ ساندىكى تارىخچىلارنىڭ قارىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەردە ئۆز ئورنىغا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھنى نائىب قىلىپ قويغان ئىدى. ئەمما ئىبنى ئەيسەر بۇ ئۇرۇشتا مەدىنە مۇنەۋۋەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىغا ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنىڭ قالدۇرۇلغانلىقىنى زىكىر قىلىدۇ.

شۇ يىلى ساھابە كىراملاردىن ئەبۇ سەلەمە ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئايالى ئۇممى سەلەمە تۇل قالدى. ئەبۇ سەلەمە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېمىلداش تۇغقىنى بولۇپ، بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان ساھابىلەردىن ئىدى. شۇنداقلا ھەبەشىستانغا ھەممىدىن بۇرۇن ھىجرەت قىلغانلاردىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ  ئىگە - چاقىسىز قالغان ئايالىنى بىرەر پالاكەتكە ئۇچراپ، خاپىلىقتا دۇچ كېلىپ قالمىسۇن دەپ ئۆز نىكاھىغا ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىكاھىغا ئالغان ئاياللارنىڭ كۆپ قىسمى ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ، ئىگە - چاقىسىز قالغان ۋە قەۋمى - قېرىنداشلىرى تەرىپىدىن پىتنىگە قېلىپ، بىرەر كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ قالمىسۇن دەپ ئەندىشە قىلىنىدىغان ئاياللار ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىسى ھەزرىتى ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى شۇ يىلى تۇغۇلدى. ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ شۇ يىلى ۋاپات بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زەيد ئىبنى سابىتنى يەھۇدىيلارنىڭ تىلىنى ئۆگىنىشكە بۇيرۇغان ۋاقتى مۇشۇ يىلى ئىدى.

## ھىجرىيىنىڭ بەشىنچى يىلى يۈز بەرگەن ۋەقەلەر

ھىجرىيىنىڭ بەشىنچى يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، مەدىنە مۇنەۋۋەرەنىڭ شىمالىغا جايلاشقان ئون بەش كۈنلۈك يىراقلىقتىكى دەۋمەتۇلجەندەل دېگەن جايدىكى كىشىلەرنىڭ يولدىن ئۆتكەنلەرنى بوزەك قىلغانلىقى ھەمدە مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ھەربىي ھازىرلىق قىلىۋاتقانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن تەييار بولۇپ، مىڭغا يېقىن ساھابە كىراملار بىلەن دەۋمەتۇلجەندەلگە قاراپ ئاتلاندى. مەدىنىدە سەبباغ ئىبنى ئەرپەتەلغىپارى دېگەن ساھابىنى ئورنىغا نائىب قىلىپ قويدى. ئىسلام ئەسكەرلىرى دەۋمەتۇلجەندەلگە يېتىپ بېرىشتىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئەتراپتىكى مال - چارۋىلىرىنى غەنىمەت ئالدى. بۇ خەۋەر دەۋمەتۇلجەندەل ئەھلىگە ئاڭلانغاندىن كېيىن ئۇلار مۇسۇلمانلاردىن قورقۇپ قېچىپ كېتىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە بىر قانچە كۈن تۇرۇپ، ئەتراپقا ئەسكەر ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئىزدىگەن بولسىمۇ ھېچ كىمنى تاپالمىدى. ئاندىن كېيىن غەنىمەت ئالغان نەرسىلەرنى ئېلىپ مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە قايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يولدا كېلىۋېتىپ بەنى پەزارە قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ئۇيەينە ئىبنى ھىسنىلپەزارى بىلەن سۈلھى قىلدى. ئۇيەينەنىڭ زېمىنى ياشاشقا مۇناسىپ بولمىغانلىقتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مەدىنىدىن ئوتتۇز ئالتە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر جاينى كۆرسىتىپ بەردى.

www.islamyoli.net

## بەنى مۇستەلەق ئۇرۇشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەدىنە مۇنەۋۋەرەنىڭ شىمالىدىكى ئون بەش كۈنلۈك يىراقلىقتا ياشايدىغان بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ھارىس ئىبنى ئەبى زىرارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ھەربىي ھازىرلىق قىلىۋاتقانلىق خەۋىرى كەلدى. بۇ خەۋەرنى ئېنىقلاش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇرەيدە ئىبنى ھەسىب ئىسلەملىك بىر كىشىنى ئەۋەتتى. بۇ كىشى بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن ئۇرۇشقا تەييار بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە زەيد ئىبنى ھارىسەنى نائىب قىلىپ قويۇپ، نۇرغۇنلىغان ئەسكەرلەر بىلەن ئۇلارغا قارشى تەييارلىنىپ يولغا چىقتى.

ئەسكەرلەرنىڭ ئىچىدە مۇشۇ كەمگىچە ھېچ بىر ئۇرۇشقا چىقىپ باقمىغان مۇناپىقلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ نىيىتى دىن ئۈچۈن جىھاد قىلىش بولماي، بەلكى غەنىمەت ئېلىش ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدىن ھەزرىتى ئائىشە ۋە ئۇممى سۇلەيملەر بار ئىدى. ئىسلام ئەسكەرلىرى يولدا بەنى مۇستەلەق تەرىپىدىن مۇسۇلمانلار تەرەپكە جاسۇسلۇق قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بىر ئادەمنى تۇتۇۋېلىپ، بەنى مۇستەلەقنىڭ ئەسكەرلىرى ھەققىدە مەلۇمات سورىدى. بۇ جاسۇس جاۋاب بەرگىلى ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇشقا چىققانلىقى ھەمدە ئۇلارنىڭ جاسۇسىنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۇلارغا يېتىپ كەلگەندە قاتتىق قورقۇنچقا چۈشتى. ھەتتا بەزىلىرى ئۇرۇشقا قاتناشمايمىز دەپ ئۇلاردىن ئايرىلىپ كەتتى. ئىسلام ئەسكەرلىرى مۇرەيسى دېگەن يەردىكى بىر سۇلۇق جايغا كەلگەندە مۇشرىكلار بىلەن ئۇچراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسكەرلەرنى سەپكە تىزىپ، مۇھاجىرلارنىڭ بايرىقىنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە، ئەنسارلارنىڭ بايرىقىنى ھەزرىتى سەئد ئىبنى ئۇبادەگە تاپشۇردى. ئۇرۇش باشلىنىپ بىر پەس ئوق ئېتىشقاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسكەرلەرنى دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇزۇن ئۆتمەي مۇشرىكلار مەغلۇپ بولۇپ قېچىشتى. مۇشرىكلاردىن ئون نەچچە كىشى ئۆلتۈرۈلدى. قالغانلىرى خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن بىللە ئەسىرگە چۈشتى. بۇ ئۇرۇشتا ئەسىرگە ئېلىنغانلارنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈزگە يېقىن ئائىلە بار ئىدى. باشقا غەنىمەتلەر ئىككى مىڭ تۆگە، بەش مىڭ قوي ئىدى. ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە قەبىلە باشلىقى ھارىسنىڭ قىزى بۇررە دېگەن قىزمۇ بار ئىدى. ئەسىرلەرنى تەقسىم قىلغاندا ئۇ قىز سابىت ئىبنى قەيسنىڭ نېسىۋىسى بولۇپ چىقتى. ھەزرىتى سابىت ئۇ قىزنى بىر قانچە پىلنىڭ باراۋىرىگە ئازات قىلماقچى بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سابىتنىڭ دېگىنى بويىچە ئۇ پۇللارنى بېرىپ، ئۇ قىزنى ئازات قىلىپ ئۆز نىكاھىغا ئالدى. ئاندىن كېيىن ئۇ قىزنىڭ ئىسمىنى جۇۋەيرىيەگە ئۆزگەرتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ قىزنى نىكاھىغا ئېلىشىدا ئىسلامنىڭ ئىنتايىن زور مەنپەئەتى كۆزلەنگەن ئىدى. چۈنكى بەنى مۇستەلەق قەبىلىسى ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ئىچىدە ناھايىتى ھۆرمەتلىك قەبىلە ئىدى. ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ ئەسىرلىكتە قېلىشى ناھايىتى ئېغىر كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇۋەيرىيە بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنىڭ باشلىقى ھارىسنىڭ قىزى ئىدى. بۇنداق كاتتا كىشىنىڭ قىزىنى قۇل قىلىپ ئىشلىتىش ياكى ئاددىي بىر كىشىگە ئېلىپ بېرىش ئانچە مۇناسىپ ئەمەس ئىدى. مانا بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ قىزنى ئۆزى نىكاھىغا ئېلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلدى. بۇنى كۆرۈپ ساھابە كىراملار «پەيغەمبىرىمىزنىڭ قۇدىلىرىنى قۇل قىلىش

www.islamyoli.net

بىزگە مۇناسىپ ئەمەس» دېيىشىپ ئەسىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئازات قىلىۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھېكمەتلىك سىياسىتى سەۋەبىدىن بىرمۇنچە ئائىلىلەر قۇللۇقتىن قۇتۇلۇپ ئازادلىققا ئېرىشتى. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ چىرايلىق مۇئامىلىسىنى كۆرگەن بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنىڭ ھەممىسى قاتتىق تەسىرلىنىپ، بىردەك ئىسلامغا كىردى.

### بەنى مۇستەلەق ئۇرۇشىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر

ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خىزمەتكارى بىلەن خەزرەج قەبىلىسىدىن بولغان بىر ئەنسارنىڭ ئارىسىدا تالاش - تارتىش يۈز بېرىپ، خىزمەتكار ئەنسارنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەنسار جاھىلىيەت ئادىتى بويىچە ئەنسارلاردىن ياردەم سورىدى. خىزمەتكارمۇ مۇھاجىرلاردىن ياردەم تىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئادىمىنى قوغداش ئۈچۈن تالاش - تارتىشقا چۈشتى، ھەتتا ئۇرۇشۇپ قېلىشقا تاس قېلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇلارغا ۋەز - نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ قويىدى. مەشھۇر مۇناپىق ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سۇلۇلغا بۇ خەۋەر ئاڭلانغاندا ئۇ قاتتىق ئاچچىقلىنىپ: «بۈگۈنكىدەك خارلىقنى كۆرگىنىم يوق، بىز ئۇلارنى ئۆيلىرىمىزگە باشلىدۇق، ئەمدى ئۇلار بىزنى قىينىغىلى باشلىدى، ئىتتىڭنى سەمرىتسەڭ ئۆزۈڭنى چىشلەيدۇ، دېگەن مەسەل توغرا چىقتى، ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، بىز مەدىنىگە بارغان چېغىمىزدا ئۇلارنى قوغلاپ چىقىرىمىز، يەنى ئەزىزلەر خارلارنى مەدىنىدىن چىقىرىدۇ» دەپ جار سالدى. ئاندىن كېيىن يېنىدىكى ھەمراھلىرىغا قاراپ: «مانا بۇ خورلۇقلارنىڭ ھەممىسى ئۆزۈڭلارنىڭ سەۋەبىدىن، ئىلگىرى ئۇلارنى مەككىدىن كۆچۈرۈپ ئېلىپ كەلدىڭلار، ئۆزۈڭلارنى ئۇلار بىلەن تەڭ كۆردۈڭلار، ئۇمۇ يەتمەي مۇھەممەدنى دەپ ئۇرۇش قىلىپ ئۆلتۈرۈلدۈڭلار، باللىرىڭلارنى يېتىم، خوتۇنلىرىڭلارنى تۇل قىلدىڭلار، ئۇلار كۆنىدىن كۈنگە كۆپىيىپ سىلەر ئازلاپ كېتىۋاتىسىلەر، بۇندىن كېيىن ئۇلارغا ياردەم قىلماڭلار، ئۇلار گادايلىشىپ مۇھەممەدتىن ئايرىلىپ كەتسۇن» دەيدۇ.

بۇ جايدا زەيد ئىبنى ئەرقەم ئىسىملىك ئىمانى كۈچلۈك بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ ئابدۇللاھنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خاپا بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ بۇ ئەھۋالنى يەتكۈزىدۇ. پەيغەمبىرىمىز بۇنى ئاڭلاپ زەيد ئىبنى ئەرقەمگە: «بەلكى سېنىڭ ئۇنىڭدا ئۆچۈڭ باردۇ، شۇڭا ئۇنىڭ ھەققىدە بۇ سۆزلەرنى قىلىپ كەلگەنسەن، ياكى خاتا ئاڭلىغان بولۇشۇڭ مۇمكىن» دەپ بىلمەسلىككە سالغان بولسىمۇ زەيد ئابدۇللاھتىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغانلىقىنى قەسەم بىلەن تەكىتلەپ تۇرۇۋالىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇلايىم تەبىئەتلىك كىشى بولۇپ، جازالاش ۋە ئىنتىقام ئېلىشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان زات ئىدى. ئابدۇللاھنىڭ سۆزى قەتئىي سۈرەتتە سابىت بولغان بولسىمۇ پىتنە تۇغۇلۇشتىن ئېھتىيات قىلىپ بۇ سۆزلەرگە قۇلاق سالماسلىققا تىرىشاتتى. ھەزرىتى ئۆمەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينى ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەك» دەپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى قوبۇل قىلماي: «ئى ئۆمەر! كىشىلەر ‹مۇھەممەد ئۆزىگە ئەگەشكەن ساھابىلىرىنى ئۆلتۈرىدىكەن› دېيىشسە ياخشى بولامدۇ؟» دەيدۇ. ئۇنىڭغىچە چۈش ۋاقتى بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭغا قارىماي ساھابىلەرنى قوزغىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

www.islamyoli.net

ئۇنىڭ بۇنداق تازا كۆپ قىزىغان چاغدا قوزغىلىشقا بۇيرۇشى «بۇ پىتنە بېسىقسۇن، كىشىلەر بۇ ھەقتە غۇلغۇلا قىلىشىپ غەلۋە ئۇلغايمىسۇن» دېگەننى مەقسەت قىلغان ئىدى. ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير كېلىپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇنداق ئىسسىق ۋاقىتتا قوزغىلىشقا بۇيرۇغانلىقلىرىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بىر ئاز سالقىن چۈشكەندە قوزغالساق بولمامدۇ؟» دېگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ھەمراھلىرىڭنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟» دەيدۇ. ئۇسەيد: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئۇ ئابدۇللاھ پەس ئادەم، سىلە بولسىلا ئىسىل زات، خالىسىلا ئۇنى مەدىنىدىن چىقىرىۋەتسىلە بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

يولدا بەك تېز يۈرگەنلىكتىن، قونالغۇغا كېلىپ چۈشكەن ھامان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا كېتىپ پىتنە بېسىقىدۇ. شۇ يەردە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ھەققىدە «مۇناپىقۇن» سۈرىسى چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتامنى ھامان ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. باشقا كىشى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئارامغا ئاداۋەت پەيدا بولغۇچە، ئاتامنى ئۆزەملا ئۆلتۈرۈۋېتەي» دەپ ئويلاپ، پەيغەمبىرىمىزدىن رۇخسەت سوراپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرمىگەن ۋە: «ئاتاڭ بىزنىڭ سۆھبىتىمىزدە بولسىلا بىز ئۇنىڭغا چېقىلمايمىز» دېگەن ھەمدە ئۇنى ئاتىسىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇغان ئىدى.

## ھەزرىتى ئائىشەگە تۆھمەت قىلىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئۇرۇشقا ھەزرىتى ئائىشەنى بىرگە ئېلىپ چىققانلىقى ئىلگىرى بايان قىلىنغان ئىدى. ئىسلام ئەسكەرلىرى بۇ ئۇرۇشتىن قايتىشىدا، مەدىنىگە يېقىن بىر قونالغۇغا چۈشىدۇ. ھەزرىتى ئائىشە بەزى ھاجىتى ئۈچۈن قوشۇندىن يىراقراق بىر جايغا بېرىپ، ھاجىتىنى ئادا قىلىپ قايتىپ كېلىۋېتىپ، بويىنىدىكى زۇننارنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇ زۇننارنى ئىزدەپ ھاجەتكە بارغان جايغا كېتىدۇ. ئۇنىڭ كاجۇۋىسىنى كۆتۈرىدىغانلار بىلمەستىن كاجۇۋىنى تۆگىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ كېتىپ قالىدۇ. كاجۇۋىنىڭ ئىچىدە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ يوقلۇقى ئۇلارنىڭ خىيالىغا ئەسلا كەلمىگەن ئىدى. چۈنكى ئۇ چاغدا ئاياللار ئورۇق ۋە يەڭگىل ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەزرىتى ئائىشە تېخى كىچىك ئىدى. شۇڭا ئۇنى كۆتۈرگۈچىلەر ئۇنى كاجۇۋىنىڭ ئىچىدە بار دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى.

ھەزرىتى ئائىشە زۇننارنى تېپىپ قايتىپ كەلگەندە قوشۇن ئاللىقاچان قوزغىلىپ كېتىپ قالغان ئىدى. قوشۇننىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈپ يېتىشىۋېلىش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ھەزرىتى ئائىشە: «ئۇلار ھامان مېنى ئىزدەپ كېلىدىغۇ» دەپ ئويلاپ ئورنىدا ئولتۇرغانچە ئۇخلاپ قالىدۇ. ساھابە كىراملاردىن سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل ئىسىملىك بىر كىشى قوشۇندىن ئايرىلىپ ئارقىدا قالغان ئىدى. بۇ كىشى ئۇيقۇغا ئامراق كىشى بولۇپ، ھەمىشە قوشۇنغا ئۇلگۈرەلمەي ئارقىدا قالاتتى. ئۇ كىشى قوشۇن چۈشكەن يەرگە كەلگەندە ھەزرىتى ئائىشەنى كۆرۈپ، ئۇنى تونۇپ ئەجەبلەنگەن ھالدا: «بىز ئەلۋەتتە ئاللاھنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ئاللاھنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.» (بەقەرە سۈرىسى 156 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەتنى ئۈنلۈك ئوقۇپ تولۋلايدۇ. ھەزرىتى ئائىشە بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئويغىنىدۇ. ئۇ كىشى ھەزرىتى

www.islamyoli.net

ئائىشەگە ھېچ گەپ قىلماستىن تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ، ئۇنى مىندۈرۈپ تۆگىنى ئۆزى يېتىلەپ قوشۇننىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كېلىدۇ. بۇ ۋاقىت دەل چۈش ۋاقتى بولۇپ، قوشۇن دەم ئېلىۋاتاتتى. ھەزرىتى ئائىشەنىڭ قوشۇندىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن تېخىچە ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوق ئىدى. سەفۋاننىڭ تۆگىسىدىن ھەزرىتى ئائىشەنىڭ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ، غۇلغۇلا پەيدا بولىدۇ. مۇناپىقلار ۋە بەزى ئىمانى ئاجىز كىشىلەر سەفۋان بىلەن ھەزرىتى ئائىشە ھەققىدە يامان گۇماندا بولۇشىدۇ. مەشھۇر مۇناپىق ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيي بۇ ۋەقەنى پۇرسەت دەپ بىلىپ، ھەرخىل تۆھمەتلەرنى توقۇپ چىقىدۇ ۋە ئاغىزغا نېمە كەلسە شۇنى جۆيلۈيدۇ. ساھابە كىراملارنىڭ چوڭلىرى بولسا، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئۇنداق يامان ئىشنى قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى ھەمدە ئاللاھ تائالانىڭ ھۆرمەتلىك پەيغەمبىرىگە ئىپپەتلىك بولمىغان ئايالنى نېسىپ قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ھەزرىتى ئائىشە بىلەن سەفۋان ھەققىدە ھېچقانداق يامان گۇماندا بولۇشمىغان ئىدى.

قوشۇن مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندە مۇناپىقلار سۆز ـ چۆچەك تارقاتقىلى تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە ھېچ نەرسە دېمىگەن ئىدى. مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھەزرىتى ئائىشە كېسەل بولۇپ، يىگىرمە ئالتە كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدۇ. بۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇنىڭ ئۆزى ھەققىدە بولۇۋاتقان سۆز ـ چۆچەكلەردىن ھېچ خەۋىرى يوق ئىدى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىلگىرى كېسەل بولغان ۋاقىتلىرىدا قىلىدىغان مۇئامىلىسىنى قىلماستىن، ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ: «ئەھۋالىڭىز قانداق؟» دەپ سوراپ قويۇپلا چىقىپ كېتەتتى. بۇ ئارىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا ئاياللىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ چوڭلىرى بىلەن ھەزرىتى ئائىشە ھەققىدە مەسلىھەت قىلىشىۋاتاتتى. ئۇسامە ئىبنى زەيد دېگەن ساھابە پەيغەمبىرىمىزگە: «بىز ھەزرىتى ئائىشە ۋە سەفۋان ھەققىدە ياخشىلىقتىن باشقا ھېچ نەرسە بىلمەيمىز» دېدى. لېكىن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەرنىڭ تۆھمىتىدىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇشى ئۈچۈن ھەزرىتى ئائىشەدىن ئايرىلىپ كېتىش تەرەپدارى ئىدى. ئۇ يەنە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئايال خىزمەتكارىدىن ھەزرىتى ئائىشە ھەققىدە گەپ سوراپ بېقىشقا مەسلىھەت بەردى. پەيغەمبىرىمىز خىزمەتكار ئايالنى چاقىرىپ، ھەزرىتى ئائىشە ھەققىدە گەپ سورىدى. خىزمەتكار ئايال: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۇنىڭ ھەققىدە ھېچبىر يامان نەرسە بىلمەيمەن، مەن ئۇنىڭ ئەيىبلەشكە لايىق ھېچبىر ئىش قىلغىنىنى كۆرگىنىم يوق، ئۇ پەقەت ياش، ئۇيقۇچى بىر قىز» دەپ جاۋاب بەردى. ھەزرىتى ئائىشە ۋە سەفۋان ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇلارنى قارىلىغۇدەك بىر ئىش تېپىلمىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى يىغىپ مۇنبەرگە چىقىپ مۇنۇلارنى دېدى: «ئى جامائەت! مېنىڭ ئايالىمغا تۆھمەت چاپلاپ مېنى رەنجىتكەن كىشىلەر بار، مەن ئايالىم ئائىشە ۋە سەفۋان ھەققىدە ياخشىلىقتىن باشقا ھېچ نەرسە بىلمەيمەن، مېنى رەنجىتكەن كىشىلەر ھەققىدە سىلەر نېمە دەيسىلەر؟ بۇ ھەقتە مېنى كىم ئۆزرىلىك دەپ قارايدۇ؟» بۇنى ئاڭلىغان ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىلنى مەن ئۆزرىلىك دەپ قارايمەن، ئەگەر سىلنى رەنجىتكەنلەر ئەۋس قەبىلىسىدىن بولسا مەن ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن، ئەگەر ئۇلار خەزرەج قەبىلىسىدىن بولسا سىلە ماڭا نېمە قىلىشنى بۇيرۇسىلا مەن شۇنى قىلىمەن» دېدى. كېيىن سەئد ئىبنى ئۇبادە ئورنىدىن تۇرۇپ: «سەن ئۇلارنىڭ ئۆز قەبىلەڭدىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ شۇنداق دەۋاتىسەن، ئەگەر ئۇلار سېنىڭ قەبىلەڭدىن بولغان بولسا ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە رازى بولمىغان

www.islamyoli.net

بولاتتىڭ» دېدى. بۇنىڭغا جاۋابەن ئۇسەيد: «سەن مۇناپىق، مۇناپىقلارنى ھىمايە قىلىۋاتىسەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشنىڭ يامان تەرەپكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ، مۇنبەردىن چۈشۈپ غۇۋغانى بېسىقتۇردى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە شۈك بولۇپ قالدى.

ھەزرىتى ئائىشە كېسىلدىن بىر ئاز ساقايغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلغانلارنىڭ ئارىسىدىن مىستەھ ئىبنى ئۇساسەنىڭ ئانىسى بىلەن سىرتقا چىققان ئىدى. مىستەھنىڭ ئانىسى كېتىۋېتىپ ئېتىكىگە دەسسىۋېلىپ يىقىلىپ چۈشۈپ «مىستەھ ھالاك بولسۇن» دېدى. ھەزرىتى ئائىشە ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ: «سىز نېمە دەۋاتىسىز؟ بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقان كىشىگە بۇ سۆزنى قىلىش توغرا ئەمەس» دېدى. ئۇ ئايال ھەزرىتى ئائىشەگە: «سىز ئۇلارنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بولسىڭىز بۇنىڭدىنمۇ ئېغىرراق سۆزلەرنى قىلغان بولاتتىڭىز» دېدى. ھەزرىتى ئائىشە ئۇلارنىڭ نېمە دېگەنلىكى ھەققىدە سورىۋىدى، ئۇ ئايال بولغان ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ ئۆتتى. ھەزرىتى ئائىشە بۇ چاققىچە بۇ ھەقتە ھېچ نەرسە ئاڭلىمىغان ئىدى. ئۇ مىستەھنىڭ ئانىسىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، يەنە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. ھەزرىتى ئائىشە بۇ سۆزلەرنى ئېنىقراق بىلىش ئۈچۈن ئانىسىدىن سورىدى. ئانىسى: «ئى قىزىم! كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ھەرقانداق ئايال ئۆزى چىرايلىق بولۇپ، ئېرى ئۇنى بەك ياخشى كۆرسە ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى كۆپىيىپ، ئۇستىدە ھەر قىسىم سۆزلەرنى تاپىدۇ» دېدى. ھەزرىتى ئائىشە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ، تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ چىقتى.

بىر كۈنى ھەزرىتى ئائىشە ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ياتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىرىپ ئۇنىڭغا: «ئى ئائىشە! سىزنىڭ ھەققىڭىزدە كىشىلەر ھەر خىل سۆزلەرنى قىلىشىۋاتىدۇ، ئەگەر سىز بۇ ئىشتىن پاك بولسىڭىز ئاللاھ تائالا سىزنى ئاقلاپ، سىزنى بۇ تۆھمەتتىن قۇتۇلدۇرىدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ سۆزى راست بولۇپ، سىز گۇناھكار بولسىڭىز ئاللاھ تائالا گۇناھىنى تونۇپ، تەۋبە قىلغان كىشىنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىدۇ» دېدى. ھەزرىتى ئائىشە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى قاتتىق يىغلاپ كەتتى ۋە ئاتا ـ ئانىسىغا قاراپ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سىلەر جاۋاب بېرىڭلار» دېدى. ئاتا ـ ئانىسى: «بىز نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟ بىز ھېچ نەرسىنى بىلمەيمىز» دېدى. ئاندىن كېيىن ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبىرىمىزگە قاراپ: «سىلە بۇ سۆزلەرگە بۇ دەرىجىدە ئىشەنگەن بولسىلا، مەن ئۆزۈمنى ھەرقانچە ئاقلىساممۇ ماڭا ئىشەنمەيلا، ئەگەر مەن ئۆزۈم پاك تۇرۇپ ئۇ ئىشنى بويىنۇمغا ئالسام، سىلە بۇنىڭغا ئىشىنەملا؟ مېنىڭ ئۆزۈمگە يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسى ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ: ‹سەبىر قىلىش ياخشىدۇر، ئۇلارنىڭ قىلغىنىغا قارشى ئاللاھ ياردەم قىلغۇچىدۇر› دېگىنىدەك دېيىشتىن باشقا ئامالىم يوق» دەپ يەنە يىغلىغىلى تۇردى. پەيغەمبىرىمىز مۇشۇ يەردىكى چېغىدىلا ئاللاھ تائالا نۇر سۈرىسىدىكى ئون ئايەتنى چۈشۈرۈپ ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزنى ئاقلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئائىشەگە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى ئاقلىغانلىقى ھەققىدە خۇشخەۋەر بەرگەندە، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى: «ئى ئائىشە! ئورنۇڭدىن تۇرۇپ پەيغەمبىرىمىزگە رەھمەت ئېيت» دېدى. ھەزرىتى ئائىشە: «ياق، مەن مېنى ئاقلىغان ئاللاھ تائالادىن باشقىسىغا رەھمەت ئېيتمايمەن» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنى قارىلىغۇچىلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر شائىر ھەسسان ئىبنى سابىت، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ تۇغقىنى مىستەھ ئىبنى ئۇساسە ۋە زەينەپ بىنتى جەھشىنىڭ ئاچىسى ھەمنە بىنتى

www.islamyoli.net

جەھـشلەر بـار ئـدى. ئۇلارغـا شـەرىئەت قـانۇنى بـويـىچە ھەد ئـجـرا قىلـىنـدى. ئابـدۇللاھ ئىبنـى ئـوبەي بـۇ ۋەقەدە ھەممىدىن بەكرەك پىتنە قىلغان بولسىمۇ ئۇنىڭ جازاسى ئاخىرەتكە قالدۇرۇلدى.

## خەندەك (ئەھزاپ) ئۇرۇشى

بەنى نەزىـر يەھـۇدىيلىرى مەدىـنـىدىن قـوغلاپ چىقىرىلغانـدىن كېيىن، ئۇلارنـىڭ بەزىلىرىنـىڭ شـام تەرەپكە ۋە بەزىلىرىنىڭ خەيبەر تەرەپكە كەتكەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدۇق. خەيبەرگە ئورۇنلاشقان يەھـۇدىيلار ھەر زامان مۇسۇلمانلاردىن ئۆچ ئېلىپ، يەرلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا پۇرسەت كۈتۈپ تۇراتتى ھەمدە ئىككىنچى قېتىم بەدىرگە بېرىپ ئـۇرۇش قىلمىـز دەپ ۋەدە قىلىپ، كـېلەلمىگەن قـۇرەيش مۇشـرىكلىرىنىڭمۇ زور كـۈچ تـوپلاپ پۇرسـەت بولسىلا مۇسۇلمانلارغا قاتتىق زەربە بېرىش قارا نىيىتى بار ئىدى. قۇرەيشىنىڭ بـۇ نىيىتىنى بىلگەن ھۇيەي ئىبنى ئەھتەب، سالام ئىبنى ئەبۇلھەقىق، كەنانە ئىبنى ئەبى رەبىئ، سالام ئىبنى مىشكەم قاتارلىق يەھۇدىيلارنىڭ باشلىقلىرى: «ئەمدى مۇسۇلمانلاردىن ئۆچ ئېلىش ۋاقتى كەلدى» دەپ، ئەرەب قەبىلىلىرىنى مۇسۇلمانلارغا قارشى قوزغاپ كۈشكۈرتكىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ھەممە دىندىكىلەر بىرلىكتە قۇرەيش قەبىلىسىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ باشلىقلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئـۇلار مۇسۇلمانلار بىلەن ئـۇرۇش قىلسا، ئۆزلىرىمۇ ئـۇلار بىلەن بىرگە بولىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. مۇشرىكلار بۇنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى. ئاندىن كېيىن ئۇلار غەتفان، فەزار، ئەشجە، مۇررە قاتارلىق قەبىلىلەرگە بېرىپ، ئۇيەينە ئىبنى ھىسنىلفەزارى، ھارىس ئىبنى ئەۋفىلمۇررى، مەسئەر ئىبنى زۇھەيلىلئەشجەئىلەر بىلەن بىرلىشىپ، ئۇلارنى ئىسلامغا قارشى ئۇرۇشقا قىزىقتۇردى ھەمدە ئۇلارغا قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭمۇ ئۇرۇشقا تەييار بولغانلىقىنى بايان قىلدى. ئۇلارمۇ جان ـ دىللىرى بىلەن قوبۇل قىلدى. ئاندىن كېيىن ئۇلار يەنە باشقا ئەرەب قەبىلىلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلاردىنمۇ بىر قانچە قەبىلىنى ئۆزلىرىگە تەرەپدار قىلدى. خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا قۇرەيش ئەرەبلىرى ۋە ئۇلارغا ئەگەشكەن تەھامە ۋە كەنانە ئەرەبلىرى بولۇپ، تۆت مىڭغا يېقىن ئادەم يىغىلىپ مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچ يۈزگە يېقىن ئاتلىق قوشۇن ۋە مىنىش، ئوزۇق ـ تۈلۈك ئارتىش ئۈچۈن مىڭ بەش يۈزگە يېقىن تۆگە بار ئىدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئۆزلىرىنىڭ بايرىقىنى ئوسمان ئىبنى ئەبى تەلھەگە، غەتفان قەبىلىسىنىڭ بايرىقىنى ئۇيەينە ئىبنى ھىسنىگە، بەنى سەلىم قەبىلىسىنىڭ بايرىقىنى سۇفيان ئىبنى ئابدۇ شەمسىگە تۇتقۇزدى. بەنى ئەسەد قەبىلىسىنىڭ باشلىقى تۇلەيھە ئىبنى خۇۋەيلىد ئىدى. ئۇرۇشقا توپلانغان پۈتۈن مۇشرىكلارنىڭ سانى ئون مىڭغا يېقىن بولۇپ، ھەممىسىنىڭ باشلىقى ئەبۇ سۇفيان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوللايدىغان بەنى خۇزائە ئەرەبلىرى مۇشرىكلارنىڭ بۇنداق زور قوشۇن توپلاپ مەدىنىگە قاراپ يولغا چىققانلىقىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارغا قارشى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىش كېرەكمۇ؟ ياكى مەدىنىدە تۇرۇپ مۇداپىئە قىلىش كېرەكمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە ساھابە كىراملار بىلەن كېڭەش ئېلىپ باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابە كىراملار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئاخىرىدا مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا خەندەك قېزىش قارارىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار خەندەك قېزىشقا باشلىدى. ھەر ئون كىشىگە قىرىق گەزدىن يەر بۆلۈپ

www.islamyoli.net

بىرىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئىشلىدى، ئۇ توپا توشىغاچ ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنىڭ مۇنۇ شېئىرىنى تەكرار ئېيتاتتى:

رەببىمىز سەن بولمىساڭ تاپماس ئىدۇق ھىدايەت،
بىلمەس ئىدۇق نېمەدۇر زاكات، ناماز ـ ئىبادەت،
بىغىشلىغىن بىزلەرگە خاتىرجەملىك، جاسارەت،
ئېلىشقاندا ياۋ بىلەن ئاتا قىلغىن ماتانەت،
زۇلۇم قىلدى مۇشرىكلار تۇتۇپ بىزگە ئاداۋەت،
دىنىمىزدىن ياندۇرسا قىلمايمىز ھېچ ئىتائەت.

خەندەك مەدىنىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىكى سايدىن باشلىنىپ، غەرب تەرىپىدىكى سايغىچە قېزىلدى. مەدىنىنىڭ باشقا تەرەپلىرى قويۇق خورما دەرەخلىرى ۋە قورغانغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئىمارەتلەر بىلەن قورشىلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تەرەپلەر ئانچە خەتەرلىك ئەمەس ئىدى. بۇ يىلى مۇسۇلمانلارغا قەھەتچىلىك بىر يىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمىدا يېمەك ـ ئىچمەك يېتەرسىز ۋە خەندەك قېزىشقا كېرەكلىك سايمانلار كەمچىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ خەندەكنى قېزىپ پۈتتۈرۈشى ئاسانغا چۈشمىدى. خەندەك قېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللار ۋە كىچىك باللارنى پۈختا بىر يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۆز ئورنىغا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممى مەكتۇمنى نائىب قىلىپ قويۇپ، ئۈچ مىڭغا يېقىن ساھابە كىراملار بىلەن مۇشرىكلارغا قارشى ئاتلىنىپ يولغا چىقتى. مۇھاجىرلارنىڭ بايرىقىنى زەيد ئىبنى ھارىسەگە، ئەنسارلارنىڭ بايرىقىنى سەئد ئىبنى ئۇبادەگە تۇتقۇزغان ئىدى. ئۇلار مەدىنىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى «سەلەئ» ئىسىملىك بىر تاغ تەرەپكە ئارقىسىنى ۋە خەندەك تەرەپكە ئالدىنى قىلىپ ئورۇنلاشتى. قۇرەيش ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى مەدىنىنىڭ غەربىي شىمال تەرىپىدىكى «جەرپ» دېگەن يەر بىلەن «زىئابە» دېگەن يەرنىڭ ئارىلىقىغا كېلىپ چۈشتى. ئەمما غەتفان ۋە ئۇلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۇھۇد تەرەپكە ئورۇنلاشقان ئىدى.

## خەندەكنىڭ پايدىسى

مەدىنە مۇنەۋۋەرەنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى يەر يۈزىدىن تامامەن يوقىتىۋېتىش غەرىزىدە كەلگەن ئەرەب مۇشرىكلىرى، مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا پۈتۈنلەي خەندەك قېزىلغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. چۈنكى ئۇ زامانغا قەدەر ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدا ھېچبىر ئۇرۇشتا بۇنداق خەندەك قېزىش تاكتىكىسى كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىدى. مۇسۇلمانلارغا خەندەك قېزىشقا مەسلىھەت بەرگەن كىشى ھەزرىتى سەلمان پارىسى ئىدى. خەندەك مۇشرىكلارنى مەدىنىگە بېسىپ كىرىشتىن توسۇپ قېلىشتا بىردىنبىر ئاساسلىق ئامىل بولدى.

مۇشرىكلار مەدىنىنى بىر ئايغا يېقىن مۇھاسىرە قىلدى. بۇ ئارىدا تىغمۇ تىغ ئېلىشىش يۈز بەرمىدى. لېكىن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا خەندەك ئەتراپىدا قاتتىق ئېتىشىش بولۇپ تۇردى. بەزىدە ئېتىشىش شۇ قەدەر جىددىي بولدىكى، مۇسۇلمانلار خەندەك ئەتراپىدىن ئايرىلماسلىققا مەجبۇر بولدى. ھەتتا، بىر كۈنى پېشىن، ئەسىر ۋە شام نامازلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئادا قىلالماي كېچىدە ئادا قىلىشقا توغرا كەلدى. بۇ ئىش «زادۇلمەئاد» دېگەن

www.islamyoli.net

كىتابتا زىكىر قىلىنىدۇ. يەنە بىر كۈنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسىر نامىزىنى شام نامىزى بىلەن بىرگە ئوقۇغانلىقى سەھىھۇلبۇخارى ۋە سەھىھۇ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇشرىكلارنىڭ كېچىدە خەندەكتىن ئات بىلەن ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، پۈتۈن خەندەك ئەتراپىغا قاراۋۇل قويغان ئىدى. يەنە بىرنەچچە ئادەم پەيغەمبىرىمىزنى مۇھاپىزەت قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابە كىراملارغا ئىلھام بېرىپ، ئۇلارغا ئاللاھتىن مەدەت تىلەيتتى. ساھابە كىراملارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھەر جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلىرىنى ئۇنتۇپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، مۇداپىئەدە مۇستەھكەم تۇراتتى.

بىر ئايغا يېقىن مۇھاسىرە قىلىپ، ئوق ئېتىپ بېقىپ، ھېچ بىر نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن مۇشرىكلار جىلە بولۇپ، ئاخىرى بىر قىسىم جېڭىدىن تويغان تەلۋىلەر خەندەكنىڭ تار دەپ قارالغان تەرەپلىرىدىن ئاتلىرىنى سەكرىتىپ ئۆتۈپ، مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىش نىيىتىگە كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە باتۇرلۇق بىلەن تونۇلغان ئەمر ئىبنى ئابدۇددار، ئىكرەمە ئىبنى ئەبى جەھىل، ھۇبەيرە ئىبنى ئەبى ۋەھب، زۇرار ئىبنى خەتتاپ ۋە ئۇندىن باشقا بىر نەچچە ئادەم ئاتلىرىنى خەندەكتىن سەكرىتىپ ئۆتۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارغا يېقىنلىشىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەمر ئىبنى ئابدۇددار ناھايىتى مەغرۇرلۇق بىلەن مۇسۇلمانلاردىن ئۆزىگە تەڭ كېلەلىگۈدەك ئادەم تەلەپ قىلدى. ساھابە كىراملارنىڭ ئىچىدىكى ئاللاھنىڭ يولۋاسلىرىدىن بىرى بولغان ھەزرىتى ئەلى ئۇنىڭغا قارشى مەيدانغا چۈشتى ۋە بىر پەس ئېلىشىپ ئۇنى جېنىدىن جۇدا قىلدى. بۇنى كۆرگەن باشقا مۇشرىكلار قورقۇپ كېتىپ ئارقىسىغا قاراپ بەدەر قاچتى. قېچىپ كېتىۋاتقاندا نەۋپەل ئىبنى ئابدۇللاھ ئىسىملىك بىر مۇشرىك خەندەككە يىقىلىپ چۈشۈپ بوينى سۇنۇپ كەتتى.

مۇسۇلمانلار مۇھاسىرە قىلىنغان مۇددەت ئىچىدە زور مۇشەققەتلەرگە دۇچ كەلدى. چۈنكى مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا قارىغاندا ئۈچ - تۆت ھەسسە ئارتۇق بولۇپ، ئۇلاردا ئۇرۇش قوراللىرىمۇ تولۇق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەدىنىدە ئاچارچىلىق يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرىمۇ يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. يەنە كېلىپ مەدىنە يەھۇدىيلىرىدىن بولغان بەنى قۇرەيزە قەبىلىسى بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان كېلىشىمنى بۇزدى. بۇنىڭدا ئىلگىرى مەدىنىدىن قوغلانغان بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ چوڭى ھۇيەي ئىبنى ئەھتەب زور رول ئوينىدى. ئۇ بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ چوڭى كەئب ئىبنى ئەسەدنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا بولغان كېلىشىمنى بۇزۇش پۇرستى كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇنى مۇسۇلمانلارغا قارشى كۈشكۈرتتى. كەئب دەسلەپتە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ كېيىن پىكرى ئۆزگىرىپ قېلىپ، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى قوبۇل قىلدى. كەئب «كېيىن ئىش يامان يېرىگە كېلىپ قالسا بۇنى پەقەت ئۆزۈمدىن كۆرمەي، بەلكى ھەر ئىككىمىزدىن كۆرەيلى» دەپ ھۇيەي ئىبنى ئەھتەبنى ئۆزىنىڭ قورغىنىغا كېلىشكە تەكلىپ قىلدى. ھۇيەي ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى قوبۇل قىلىپ، كەئبنىڭ قورغىنىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىر ئاز تەشۋىشكە چۈشتى ۋە بۇ ئىشنى ئېنىقلاپ كۆرۈش ئۈچۈن سەئد ئىبنى مۇئاز، سەئد ئىبنى ئۇبادە، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە، خەۋۋات ئىبنى جۇبەير قاتارلىق بىر نەچچە ساھابە كىراملارنى ئەۋەتتى. ئۇلار بېرىپ، خەۋەرنىڭ راست ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ پەيغەمبىرىمىزگە يەتكۈزدى. بۇ خەۋەر مۇسۇلمانلار ئارىسىغا تارقىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر ئاز تەشۋىشلىك

www.islamyoli.net

ۋەزىيەت شەكىللىنىشكە باشلىدى. مۇناپىقلار بولسا، ئۆزلىرىنىڭ مۇناپىقلىقىنى ئاشكارىلاپ: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ بىزگە قىلغان ۋەدىسى يالغان ئىكەن، بىزنىڭ ئۆي ۋاقلىرىمىز ئوچۇق، خوتۇن ـ قىزلىرىمىز يالغۇز، شۇڭا ئۇلارغا دۈشمەنلىنىڭ زەرەر يەتكۈزۈپ قېلىشىدىن قورقىمىز» دەپ باھانە كۆرسىتىشىپ مەدىنىگە قايتماقچى بولۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەرەنى بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىدىن ساقلاش ئۈچۈن مەسلەمە ئىبنى ئەبى ئەسلەمنى ئىككى يۈز كىشى بىلەن، زەيد ئىبنى ھارىسەنى ئۈچ يۈز كىشى بىلەن ئەۋەتتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەتفان ئەرەبلىرى بىلەن سۈلھى قىلماقچى بولۇشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەچچە تەرەپتىن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىپ، غەتفان قەبىلىسىنى مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرۇش نىيىتىدىن ياندۇرۇپ، مۇشرىكلارنىڭ كۈچىنى ئازايتىش مەقسىتىدە ئۇلارنىڭ قەبىلە باشلىقى ئەنبەتە ئىبنى ھىسن ۋە ھارىس ئىبنى ئەۋفلەرگە مەدىنىنىڭ مېۋىلىرىدىن ئۈچتىن بىرىنى بېرىش ئارقىلىق ئۇلار بىلەن سۈلھى قىلىش پىكرىگە كېلىپ، بۇ پىكرىنى ئەنسارلارنىڭ چوڭلىرىدىن بولغان سەئد ئىبنى مۇئاز بىلەن سەئد ئىبنى ئۇبادەگە ئېيتتى. ئۇلار: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ئۆز پىكرىڭىزمۇ ياكى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ۋەھىيمۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا: «بۇ ئۆز پىكرىم» دېگەندە، ئۇلار: «بىز بۇتقا چوقۇنىدىغان ۋاقىتتىمۇ ئۇلار بىزنىڭ مېۋىلىرىمىزدىن تاما قىلالمايتتى، ئەمدى بىز ئىسلام بىلەن مۇشەررەپ بولغاندىن كېيىن ئۇلارغا مېۋىلىرىمىزنى بېرەمدىمىز؟ بۇنداق قىلىشقا زادى بولمايدۇ، بىز ئۇلارغا قىلىچتىن باشقا نەرسە بەرمەيمىز» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلاپ ئۆز پىكرىدىن ياندى.

بۇ ئارىدا قۇرەيش، غەتفان ۋە يەھۇدىيلارنىڭ نەزىرىدە ئىشەنچلىك دەپ قارىلىدىغان نەئىم ئىبنى مەسئۇد ئەلئەشجەئى دېگەن كىشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىسلامنى قوبۇل قىلدى ۋە: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ماڭا رۇخسەت قىلسىلا، مەن ئىسلام ئۈچۈن بىر خىزمەت كۆرسەتسەم» دەپ ئىلتىماس قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن رۇخسەت قىلدى. ئاندىن كېيىن نەئىم ھەممىدىن ئىلگىرى بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ: «قېرىنداشلىرىڭلار بولغان بەنى نەزىر ۋە بەنى قەينۇقا يەھۇدىيلىرى مۇھەممەد بىلەن قىلىشقان ئەھدىلىرىنى بۇزۇپ، يۇرت ماكانلىرىدىن ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىدىن مەھرۇم بولدى. ئەگەر سىلەرمۇ مۇسۇلمانلارغا قارشى چىقساڭلار سىلەرگىمۇ ئاشۇنداق مۇسىبەت كېلىدۇ، سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئەرەبلەرگە قىياس قىلماڭلار، ئۇلار مەغلۇپ بولسا ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كېتىدۇ، سىلەر مۇھەممەد بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ھەر ۋاقىت قادىر ئەمەس، قۇرەيش ۋە غەتفان ئەرەبلىرىدىن ئۇلارنىڭ سىلەرنى تاشلاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن يەتمىش كىشىنى گۆرۈگە ئېلىڭلار، ئۇنداق بولمىسا سىلەر بۇ ئۇرۇشقا ئارىلاشماڭلار» دېدى. ئاندىن كېيىن مۇشرىكلارنىڭ قېشىغا بېرىپ: «بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى سىلەرنىڭ تاشلاپ كېتىشىڭلاردىن قورقۇپ، مۇھەممەد بىلەن قىلىشقان ئەھدىلىرىنى بۇزغانلىقىغا پۇشايمان قىلدى ۋە مۇھەممەدكە ئادەم ئەۋەتىپ، سىلەردىن بىر نەچچە كىشىنى ئۇنىڭغا تۇتۇپ بېرىشكە ۋەدە قىلدى. ئۇلار سىلەردىن بىر مۇنچە ئادەملەرنى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئېھتىيات قىلىڭلار» دېدى. ئەبۇ سۇفيان بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئۇرۇشقا چىقىشنى تەلەپ قىلغاندا ئۇلار: «سىلەرنىڭ بىزنى تاشلاپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈن بىر نەچچە كىشىنى

www.islamyoli.net

گۆرۈگە بەرمىسەڭلار بىز مۇھەممەد بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا چىقمايمىز» دەپ جاۋاب بەردى. مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ غايەت زور قورقۇنچقا چۈشتى ۋە نەئىمنىڭ دىگەن سۆزلىرى توغرا ئىكەن دەپ ئىشەنىشتى. شۇ كېچە قاراڭغۇ بىر كېچە بولۇپ، قاتتىق بوران چىقىپ، مۇشرىكلارنىڭ چېدىرلىرىنى ئۇچۇرۇپ تاشلىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ قازان ـ قومۇچلىرىدىن تارتىپ دۆم كۆمتۈرۈپ تاشلىدى. مۇشرىكلارنىڭ كۆڭۈللىرىگە تىخمۇ قورقۇنچ چۈشتى ۋە: «يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىشىپ، بۇ قاراڭغۇ كېچىنى غەنىمەت بىلىپ، بىزگە ھۇجۇم قىلىشى مۇمكىن» دىگەن تەشۋىشكە چۈشۈپ، شۇ كېچىسىلا ئارقىلىرىغا قارىماستىن مەككىگە قاراپ تىكىۋېتىشتى. مۇسۇلمانلارنىڭ قوغلاپ كېلىپ قىلىشىدىن قورقۇپ، خالىد ئىبنى ۋەلىد قاتارلىق بىر مۇنچە كىشىلەرنى مۇداپىئە قىلىشقا قويۇپ قويدى.

شۇنداق قىلىپ ئون مىڭغا يېقىن تولۇق قوراللانغان ھەربىي قوشۇن بىلەن كېلىپ، مەدىنىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتمەكچى بولغان مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئى ئاللاھ! ئى كىتاب چۈشۈرگۈچى ۋە تىز ھېساب ئالغۇچى زات! بۇ گۇرۇھلارنى مەغلۇپ قىلغىن، ئى ئاللاھ! بىزگە نۇسرەت بېرىپ، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلغىن!» دەپ ئاللاھقا يالۋۇرۇپ قىلغان دۇئاسىنىڭ بەرىكىتىدە ئاللاھنىڭ ياردىمى، ساھابە كىراملارنىڭ مۇستەھكەم ئىرادىسى ۋە غەيرىتى بىلەن رەسۋالارچە مەغلۇپ بولۇپ قايتىپ كېتىشتى.

بۇ ئۇرۇش مۇشرىكلارنىڭ ئەرەبلەر ئارىسىدىكى نام ـ ئابرۇيلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ روھى كۆتۈرۈلۈپ، شانۇ شەۋكەتلىرى ئاشتى. بۇ ئۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئاللاھ تائالا ئەھزاب (گۇرۇھلار) سۈرىسىنى چۈشۈرۈپ، مۇشرىكلارنىڭ مەغلۇپ بولۇشىنىڭ ئۆزى تەرەپتىن كەلگەن ناھايىتى زور ئىنايەت ۋە نېمەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. خەندەك ئۇرۇشىدا ئەۋس قەبىلىسىنىڭ باشلىقى سەئد ئىبنى مۇئازغا ئوق تېگىپ قاتتىق يارىلانغان ئىدى. ئۇ بەنى قۇرەيزە ئۇرۇشىدىن كېيىن شۇ يارىلىنىش سەۋەبىدىن شېھىد بولدى. (ئاللاھ ئۇ كىشىدىن ۋە بارلىق ساھابىلەردىن رازى بولسۇن!)

سەئد ئىبنى مۇئاز ئىسلام ئۈچۈن ناھايىتى زور خىزمەت كۆرسەتكەن كىشى ئىدى. ئەنسارلارنىڭ ئارىسىدا سەئدنىڭ دەرىجىسى مۇھاجىرلارنىڭ ئارىسىدىكى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ دەرىجىسىگە تەڭ ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەئدنىڭ شېھىد بولغانلىقىغا ناھايىتى قايغۇردى.

## بەنى قۇرەيزە ئۇرۇشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەندەك ئۇرۇشىدىن كېيىن، ناھايىتى قىيىن ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار بىلەن قىلىشقان ئەھدىنامىسىنى بۇزۇپ، دۈشمەنلىك ئىزھار قىلغان بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىغا جازا يۈرۈشى قىلماقچى بولدى.

خەندەكتىن مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ ساھابىلەرگە: «بۈگۈن ھېچكىم بەنى قۇرەيزەگە بارماي تۇرۇپ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇمىسۇن!» دەپ ئېلان قىلدى. ساھابە كىراملار ئۆزۈن مۇددەتلىك ئۇرۇشتا بولۇپ، ھېرىپ چارچىغانلىقلىرىغا قارىماي ئۇرۇشقا تەييار بولۇپ يولغا چىقىشتى. قوشۇننىڭ بايرىقى ھەزرىتى ئەلىگە تۇتقۇزۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئۆز ئورنىغا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممى مەكتۇمنى نائىب قىلىپ قويدى. يولدا ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى كەلگەندە ساھابىلەرنىڭ بەزىسى: «پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزى مەجازدۇر، ئۇ

www.islamyoli.net

بۇ سۆزى ئارقىلىق ناھايىتى تېز يۈرۈش قىلىشنى مەقسەت قىلغان» دېيىشىپ، ئەسىر نامىزىنى يولدا ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇۋېلىشتى، بەزىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزىنى ھەقىقەت دەپ ئەسىر نامىزىنى بەنى قۇرەيزەگە بارغاندىن كېيىن ئوقۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارنىڭ ھېچ قايسىسىغا «خاتا قىلىپسىلەر» دېمىدى. بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى ئىسلام قوشۇنىنى كۆرۈپ، پەۋقۇلئاددە تەشۋىشكە چۈشتى. ئارىلىرىدىكى ئەھدىنامىنى بۇزغانلىقىغا مەك بىر پۇشايمان قىلىشتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «بىز ئەھدىنامىمىزنى بۇزمىدۇق» دەپ قۇتۇلماقچى بولغان بولسىمۇ ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ئەھدىنى بۇزغانلىقى قەتئىي سۇرەتتە سابىت بولغانلىقى ئۈچۈن ھەمدە ئۇلارنىڭ پۇشايمىنى راست بولماي، پۇرسەت تاپقاندا يەنە قارشى چىقىش ئېھتىمالى بولغاچقا پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمىدى. يەھۇدىيلار بۇنى كۆرۈپ مۇداپىئە ئۈچۈن قورغانلىرىغا كىرىۋېلىشتى. ئىسلام قوشۇنلىرى ئۇلارنى يىگىرمە بەش كۈن مۇھاسىرە قىلدى. ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلغان ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ھالاك بولۇپ تۈگەپ كېتىشتىن قورققان يەھۇدىيلار پەيغەمبىرىمىزدىن بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرى بىلەن قىلىنغان سۈلھىنىڭ شەرتلىرى بويىچە سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى. ئەمما بۇلارنىڭ قىلغان يامان ئىشلىرى بەنى نەزىرنىڭ قىلغانلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئېغىر ئىدى. شۇڭا پەيغەمبىرىمىز بۇنى قوبۇل قىلمىدى ۋە: «بىزنىڭ ھۆكمىمىزگە رازى بولساڭلار مۇھاسىرىنى توختىتىمىز، بولمىسا توختاتمايمىز» دەپ جاۋاب بەردى. يەھۇدىيلار بۇنى ئاڭلاپ مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزدىن ئەبۇ لۇبابە دېگەن كىشىنى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. ئەبۇ لۇبابە ئەۋس قەبىلىسىدىن بولۇپ، بەنى قۇرەيزەنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىدىن ئىدى. ئەبۇ لۇبابىنىڭ بالا چاقىلىرى ئۇلارنىڭ ئىچىدە بولغانلىقى ئۈچۈن بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى ئۇنىڭغا ئىشىنەتتى. ئەبۇ لۇبابە بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ يېنىغا بارغاندا خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ يىغلىغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئېرىپ: «مۇھەممەدنىڭ ھۆكۈمىگە كۆنمەڭلار، ئۇ سىلەرنى چېپىپ تاشلاشقا ھۆكۈم قىلىدۇ» دېدى. ئاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى بىلىپ، ناھايىتى پۇشايمان قىلدى ۋە پەيغەمبىرىمىزگە كۆرۈنۈشتىن خىجىل بولۇپ، مەدىنىگە قايتىپ كەتتى ۋە مەسجىدكە كىرىپ ئۆزىنى بىر تۈۋرۈككە باغلاپ، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلمىغۇچە ئۆزىنى بوشاتماسلىققا ۋەدە قىلدى.

بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرى ئىسلام قوشۇنىغا قارشى تۇرۇشتا ھېچبىر پايدا يوقلۇقىنى بىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلارنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىدىن بولغان ئەۋس قەبىلىسىدىكىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ قېشىغا كېلىپ، خەزرەج قەبىلىسىنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىدىن بولغان بەنى قەينۇقا قەبىلىلىرىگە يۇمشاقلىق قىلغاندەك، بۇلارغىمۇ يۇمشاقلىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبىرىمىز بۇنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئىچىدىن بىرسىنى سايلاپ چىقىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باشلىقى سەئد ئىبنى مۇئازنى ھاكىم قىلدى. ئۇ چاغدا سەئد ئىبنى مۇئاز خەندەك ئۇرۇشىدا يارىلانغانلىقى ئۈچۈن ئاغرىق ئىدى. ئۇ يېتىپ كەلگەندە ئەۋس قەبىلىسىنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ يەھۇدىيلارغا ئېغىر ھۆكۈم قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىشتى. سەئد ئۇلارغا: «سەئدگە ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلىشتا خالايىقنىڭ سۆزىدىن قورقمايدىغان ۋاقت يېتىپ كەلدى» دەپ ئۆزىنىڭ ئادىل ھۆكۈم قىلىدىغانلىقىنى ۋە ھېچكىمگە يۈز خاتىرە قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. سەئد ئىبنى مۇئاز ھۆكۈم قىلىشتىن ئىلگىرى ساھابە كىراملارغا قاراپ: «مېنىڭ

ھۆكمۈمنىڭ يۈرگۈزۈلۈشىگە سىلەر رازى بولامسىلەر؟» دېدى. ساھابە كىراملار ئۆزلىرىنىڭ رازى بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. ئاندىن ئۇ پەيغەمبىرىمىزگە قاراپ: «مېنىڭ ھۆكمۈم يۈرگۈزۈلەمدۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ «ھەئە، يۈرگۈزۈلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن كېيىن سەئد ئىبنى مۇئاز يەھۇدىيلارنىڭ ئەرلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە، خوتۇن - باللىرىنىڭ ئەسىر قىلىنىشىغا ھۆكۈم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئالتە - يەتتە يۈز كىشىدىن ئىبارەت بولغان بەنى قۇرەيزەنىڭ ئەرلىرى ئۆلتۈرۈلدى، خوتۇن - باللىرى ئەسىرگە ئېلىندى ۋە مال - مۈلۈكلىرى غەنىمەت قىلىندى. ئېلىنغان ئەسىر ۋە غەنىمەتلەر پىيادىلەرگە بىر ھەسسە، ئاتلىقلارغا ئۈچ ھەسسە قىلىپ تەقسىم قىلىندى. ئېلىنغان غەنىمەتلەر بىر مىڭ بەش يۈز قىلىچ، ئىككى مىڭ نەيزە، ئۈچ يۈز دانە تۆمۈر كىيىم، بەش يۈز دانە قالقان ۋە ئۆي سايمانلىرى، بىر قىسىم تۆگە، قوي قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇرۇشقا قاتناشقان ئاياللارغىمۇ غەنىمەت بېرىلدى. ئاياللارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاممىسى سەپىيە ۋە ئۇممى ئەممارە، ئۇممى سۇلەيم، ئۇممۇلئەلا ۋە سەمۇرە بىنتى قەيس، ئۇممى سەئد بىنتى مۇئاز، كەبەشە بىنتى رابىئ قاتارلىقلار بار ئىدى. ئىسلام قوشۇنى مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە ئاللاھ تائالا يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئەبۇ لۇبابەنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. سەئد ئىبنى مۇئاز ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى ھەر زامان كۆز ئالدىمدا بولسۇن دەپ مەسجىدكە بىر چېدىر تەييار قىلدۇرۇپ شۇ يەرگە دەپنە قىلدۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەر ئۇنىڭ ۋاپاتىغا ناھايىتى قايغۇرۇشتى. خەندەك ۋە بەنى قۇرەيزە ئۇرۇشلىرىدا ساھابىلەردىن جەمئىي توققۇز كىشى شېھىد بولدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى زەينەپكە ئۆيلىنىشى

شۇ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى زەينەپ بىنتى جەھشكە ئۆيلەندى. ھەزرىتى زەينەپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاممىسى ئۇمەييە بىنتى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ قىزى ئىدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىز مەككە مۇكەررەمەدىكى چېغىدا مۇسۇلمان بولغان ئىدى ۋە پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشتىن بۇرۇن ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ بېقىۋالغان بالىسى زەيد ئىبنى ھارىسقا ياتلىق بولغان ئىدى. ئۇنى پەيغەمبىرىمىز زەيد ئىبنى ھارىسقا ئۆزى ئېلىپ بەرگەن ئىدى. گەرچە زەيد بېقىۋالغان بالىسى بولسىمۇ، ئەسلىدە ئۇ بىر قۇل ئىدى. ھەزرىتى زەينەپ بولسا بەنى ھاشىمدىن بولغان كاتتا بىر ئائىلىنىڭ ساھىپجامال قىزى ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئارىسىدا ئەسلا ئىناقلىق بولمىغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى زەينەپنى ھەزرىتى زەيدكە ئېلىپ بېرىدىغان چاغدا، ھەزرىتى زەينەپنىڭ ئەسلا رازىلىقى يوق ئىدى. شۇنداقلا ئۇنىڭ ۋەلىسى بولغان ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشمۇ رازى ئەمەس ئىدى. بەلكى بۇ ئىشنى ئۆزى ۋە ھەمشىرىسى ئۈچۈن كاتتا بىر نۇقسان دەپ قارايتتى.

بۇنى پەيغەمبىرىمىزمۇ چۈشىنەتتى. لېكىن زەينەپنى زەيدكە ئېلىپ بېرىش ئاللاھ تەرىپىدىن بۇيرۇلغان ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ ھەزرىتى زەينەپنى زەيدكە ئېلىپ بېرىشكە بۇيرۇشىنىڭ ھېكمىتى ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بىر خىل ئادەتنى بىكار قىلىش ئىدى. ئۇ مۇنداق ئادەت ئىدى: ئەرەبلەردە بالا بېقىۋېلىش ئادىتى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بېقىۋېلىنغان بالا ھەممە ئىشتا، ھەتتا نەسەبنىڭ سابىت بولۇشىدا ئۆز نەسلىدىن

www.islamyoli.net

بولغان بالا بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى. بىقۇۋېلىنغان بالىسىنىڭ قويۇپ بەرگەن ئايالىنى ئۇنى بىقىۋالغان كىشىنىڭ نىكاھىغا ئېلىشى جائىز ئەمەس ئىدى.

جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ئەمر بويىچە پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى زەينەپنى ھەزرىتى زەيد ئۈچۈن سورىغاندا، ھەزرىتى زەينەپ ۋە ئۇنىڭ ۋەلىسى ئابدۇللاھ بۇنىڭغا رازى بولمىغاندا ئاللاھ تائالا: «ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ. كىمكى، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلسا، ئۇ ھەقىقەتەن ئوپ ئوچۇق ئازغان بولىدۇ» دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قوبۇل قىلغان ئىدى. لېكىن ھەزرىتى زەينەپ بىلەن ھەزرىتى زەيدنىڭ ئارىسىدا ئائىلە تۇرمۇشىدا سوغۇقچىلىق بولۇۋەردى. ھەزرىتى زەينەپ ئۆزىنىڭ نەسەب ـ شەرىپى، چىرايى ۋە مال ـ مۈلكىگە ئىشىنىپ، ھەزرىتى زەيدنى ياراتماي، ئۇنىڭغا قوپال سۆزلەرنى قىلىش بىلەن زېرىكتۈردى. ھەزرىتى زەيد ئىلگىرى بۇنىڭغا بىر ئاز سەبىر قىلغان بولسىمۇ، ھەزرىتى زەينەپ ھەر دائىم جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقتىن ئاخىرى سەبىر قىلالماي پەيغەمبىرىمىزگە شىكايەت قىلىپ، بۇندىن كېيىن ھەزرىتى زەينەپ بىلەن ئۆي تۇتالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كېتىش ھەققىدە پەيغەمبىرىمىزدىن مەسلىھەت سورىدى. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى زەيد بىلەن ھەزرىتى زەينەپنىڭ ئاجرىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، كېيىن ئۇنى ئۆزى ئالىدىغانلىقىنى ۋەھيى ئارقىلىق بىلگەن ئىدى. لېكىن پەيغەمبىرىمىز ناھايىتى ھايالىق زات بولغانلىقىدىن كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا سۆز ـ چۆچەك بولۇپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەزرىتى زەيد ھەزرىتى زەينەپنى قويۇپ بېرىمەن دەپ كەلگەندە ئۇنىڭغا ھەزرىتى زەينەپنى تالاق قىلماي چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇغان ئىدى. بۇ ھەقتە: «ئۆز ۋاقتىدا سەن ئاللاھ نېمەت قىلىپ بەرگەن، سەنمۇ ئىنئام قىلغان كىشىگە ‹ئايالىڭنى نىكاھىڭدا تۇتقىن، ئاللاھتىن قورققىن› دېدىڭ، ئاللاھ ئاشكارىلىماقچى بولغان نەرسىنى كۆڭلۈڭدە يوشۇردۇڭ، كىشىلەرنىڭ تەنە قىلىشىدىن قورقتۇڭ، ئاللاھتىن قورقۇشۇڭ ئەڭ ھەقلىق ئىدى» دېگەن ئايەت چۈشكەن ئىدى. ھەزرىتى زەيد ھەزرىتى زەينەپنى قويۇپ بېرىمەن دەپ بىر قانچە قېتىم پەيغەمبىرىمىزدىن تەلەپ قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئىجازەت بەردى. ھەزرىتى زەيد ھەزرىتى زەينەپنى تالاق قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىددىتى توشقاندا پەيغەمبىرىمىز ئۇنى ئۆز نىكاھىغا ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بۇ نىكاھى ئارقىلىق ئەرەبلەر ئارىسىغا كۆپ تارقالغان بۇ خىل ئادەتنى بىكار قىلدى.

دىلغا ئورناپ كەتكەن بۇنداق ئادەتنى بىكار قىلىش شەرىئەت ئىگىسى تەرىپىدىن بولۇشى ئەڭ مۇناسىپ ئىدى. ھەزرىتى زەيد، ھەزرىتى زەينەپ ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئارىلىرىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى يۇقىرىقىدىن ئىبارەت. ئەمما بىر قىسىم تارىخچىلار بۇ ۋەقە ھەققىدە نۇرغۇن ئاساسسىز سۆزلەرنى تارىخ كىتابلىرىدا زىكىر قىلىدۇ. بۇنداق ئاساسسىز سۆزلەر ئىسلام دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن توقۇپ چىقىرىلغان بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ بۈيۈك پەيغەمبىرىنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزۈش بىلەن ئىسلام دىنىغا زىيانكەشلىك قىلىشنى ئويلايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرمايدۇ.

شۇ يىلى ھىجاپ ھەققىدىكى ئايەت نازىل بولدى. ھىجاپ دېمەك پەردە دېمەكتۇر. ھىجاپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرىغا خاستۇر. ھەزرىتى ئۆمەر ھىجاپ ھەققىدىكى ئايەت چۈشۈشتىن ئىلگىرى ھىجاپ ھەققىدە ئايەت

www.islamyoli.net

چۆشۈشنى ئۈمىد قىلاتتى. ھەتتا ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرىغا: «ئەگەر پەيغەمبىرىمىز سىلەرنىڭ ھەققىڭلاردا ماڭا ئىتائەت قىلسا، سىلەرنى ھېچبىر كۆز كۆرمىگەن بولاتتى» دەيتتى. كېيىن ئەھزاب سۈرىسىدىكى «سىلەر پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرىدىن بىر نەرسە سورىماقچى بولساڭلار، پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ سوراڭلار، بۇنداق قىلىش سىلەرنىڭ دىللىرىڭلارنىمۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنىمۇ ئەڭ پاك تۇتىدۇ» دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

ئاندىن كېيىن بەزىلەر: «بىز تۇغقانلىرىمىزنىڭ قىزلىرىغىمۇ پەردىسىز سۆز قىلىشتىن مەنئى قىلىنامدۇق؟ ئەگەر مۇھەممەد ۋاپات بولسا مەن ئائىشەنى ئالىمەن» دېگەندەك بولمىغۇر سۆزلەرنى قىلدى. بۇنىڭغا قارشى ئاللاھ تائالا: «ئى مۆمىنلەر! سىلەرنىڭ پەيغەمبەرگە ئازار بېرىشىڭلار توغرا ئەمەس ۋە ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلارمۇ ھەرگىز توغرا ئەمەس، بۇنداق قىلىش ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ناھايىتى چوڭ گۇناھتۇر» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.

ئەمما پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرىدىن باشقا ئاياللار ئەر كىشىلەرگە قاراشتىن ھەزەر ئەيلەشكە، ئېپپەتلىرىنى ساقلاشقا، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئەر كىشىلەرمۇ ئاياللارغا قاراشتىن ھەزەر ئەيلەشكە ۋە ئېپپەتلىرىنى ساقلاشقا بۇيرۇلدى. ھەمدە ئاياللارنى بارماقلىرىدىكى ئۈزۈكلەر ياكى خېنە ۋە كۆزلىرىدىكى سۈرمىلەرگە ئوخشاش ئاشكارا زىبۇ زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارا قىلىشتىن چەكلىدى. ئەمما بىلىكىدىكى بىلەزۈك ۋە پاچىقىدىكى ھالقا ۋە بويىنىدىكى مونچاق، بېشىدىكى تاج، كۆكسىدىكى خال، قۇلاقلىرىدىكى زىرە قاتارلىق زىننەتلىرىنى كۆرسىتىشنى ھارام قىلدى. قۇرئان كەرىم ئاياللارنىڭ ئادەتتىكى ئاشكارا زىننەتلىرىدىن باشقا بارلىق زىننەتلىرىنى يوشۇرۇشنى بۇيرۇدى. لېكىن بۇ يەردە زىننەتنىڭ ئۆزىلا مەقسەت قىلىنغان بولماستىن، بەلكى زىننەت بۇيۇملىرى ئېسىلىدىغان ئەزالىرىمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ ھەمدە ئاياللارنىڭ ياقىسىدىكى ئوچۇق قالغان جاينى يېپىش ئۈچۈن لېچەك سېلىشقا ئەمر قىلدى. چۈنكى ئۇ زاماندا ئاياللارنىڭ ياقىلىرى بوغمۇنكى كۆندىكى ناسارالارنىڭ ئاياللىرىنىڭ ياقىلىرىدەك كەڭ بولۇپ، كۆكسىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مانا بۇ سەۋەبتىن ئاياللارنىڭ كۆكسىلىرى ئوچۇق قالمىسۇن دەپ لېچەك بىلەن بويۇنلىرىنى ئورىۋېلىشنى پەرز قىلدى. يەنە ئاياللارنىڭ پۇتلىرىدىكى ھالقىلارنى بىلىندۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرۇشتىن مەنئى قىلدى. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئاللاھ تائالا ئاۋۋال زىننەتنى ئاشكارا قىلىشنى توسۇپ، كېيىن زىننەتنىڭ ئاۋازىنى ئاشكارا قىلىشتىن توستى. مانا بۇ زىننەت جايلىرىنى قاتتىق مەخپى تۇتۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا يەنە نۇر سۈرىسىدە: «مۆمىنلەرگە ئېيتقىنكى، نامەھرەملەرگە تىكىلىپ قارىمىسۇن، ئەۋرەتلىرىنى ياپسۇن، تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىمىسۇن، لېچەكلىرى بىلەن كۆكرەكلىرىنى ياپسۇن (تاشقى زىننەتلىرىدىن باشقا) زىننەتلىرىنى ئەرلىرىدىن، ئاتىلىرىدىن، يا قېيىن ئاتىلىرىدىن، يا ئوغۇللىرىدىن، يا ئەرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ئۆز قېرىنداشلىرىدىن، يا قېرىنداشلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا ھەمشىرىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىدىن، يا دىنداش ئاياللاردىن، يا قول ئاستىدىكى چۆرىلىرىدىن، يا خوتۇنلارغا ئېھتىياجى يوق خىزمەتچىلەر (يەنى قېرى، دەلدۈش بولغانلىقىدىن جىنسى شەھۋىتى يوقلار) دىن، يا ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق جايلىرىنى ئۇقمايدىغان (يەنى بالاغەتكە يەتمىگەن) بالىلاردىن باشقا كىشىلەرگە كۆرسەتمىسۇن، زىننەتلىرىنى

www.islamyoli.net

كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى يەرگە ئۇرمىسۇن، ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار ئاللاھقا تەۋبە قىلىڭلار» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى.
بۇ ئايەت كەرىمە نازىل بولغاندا مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرى جان ـ دىلى بىلەن قوبۇل قىلدى. ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز ئېيتىدۇ: «مەن ئەنسارلارنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرىدىن ياخشىراق ئاياللارنى كۆرمىدىم، ئۇلار ئۇشبۇ ئايەت نازىل بولغاندا ھەممىسى باشلىرىغا لېچەك سېلىپ، خۇددى ئۇلارنىڭ باشلىرىغا قارغا قونغاندەك بولدى.» بۇ زاماندىمۇ ئاياللار ئۇشبۇ قۇرئان كەرىمنى ئاللاھ تائالادىن نازىل بولغان ۋەھيي ئىلاھى دەپ بىلىپ، ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن ئەلۋەتتە ئۇشبۇ ھۆكۈملەرنى جان ـ دىلى بىلەن قوبۇل قىلىشلىرى ۋە بىپەرۋالىق قىلماسلىقى لازىم. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا جاھىلىيەت زامانىدىكىگە ئوخشاش، ئاياللار ھىجاپسىز مەيلى ھۆر ياكى دېدەك ئايال بولسۇن بىر كۆڭلەك ۋە بىر ياغلىق بىلەن سىرتقا چىقاتتى. بەزى ياشلار ۋە شوخ يىگىتلەر دېدەكلەر ئاخشاملىرى سىرتقا چىققاندا شوخلۇق قىلىپ ئۇلارغا چاقچاق قىلاتتى. گاھىدا بىلمەستىن ھۆر ئاياللارغىمۇ چاقچاق قىلىپ قوياتتى. ئۇلار تېرىكسە، بىز دېدەكمىكىن دەپ ئويلاپ قاپتىمىز دېيىشەتتى. مانا بۇ سەۋەبتىن ئاللاھ تائالا ھۆر ئاياللار بىلەن دېدەك ئاياللارنى ئايرىش ئۈچۈن، ھۆر ئاياللارغا يۈزلىرىنى ۋە ساغرىلىرىنى يېپىپ، ئۇزۇن رومال ئوراشقا ئەمر قىلدى. ئاللاھ تائالا ئەھزاب سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، پۈركەنجە بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن، بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ ھۆر ئاياللار ئىكەنلىكى ئەڭ ئوڭاي تونۇلىدۇ ـ دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»
ئەمما، قىزلارغا لايىق بولۇپ چىققان يىگىتلەرگە ئۇ قىزلارنىڭ ئۆزىنى كۆرسەتمەي پەردە ئارقىسىدا تۇرۇشى پەيغەمبىرىمىز، ساھابە كىراملار، تابىئىنلار ۋە سەلەپ سالىھىنلارنىڭ زامانىدا سۈننەت بولمىغان ئىدى. بەلكى شەرىئەت بەلگىلىگۈچى ئاياللارنى ئاۋۋال كۆرۈپ، ئاندىن ئېلىشنى سۈننەت قىلدى. كېيىنكى زامانلاردا زامان بۇزۇلۇپ، خوتۇن ـ قىزلار دىنغا مۇۋاپىق تەربىيىلەنمىگەنلىكىدىن شەرىئەتكە رىئايە قىلماي، شەيتانلارغا زىننەتلىرىنى ئاشكارا قىلىدىغان ھەمدە ئەرلەرمۇ شەرىئەتكە مۇۋاپىق تەربىيىلەنمىگەچكە، شەرىئەتنىڭ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىرىغا رىئايە قىلماي، پىسقى ـ پاسات بىلەن يۇرگەنلىكتىن، ئاياللارنىڭ پەردە ئىچىدە بولۇشى ئومۇمەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆرپىدا ياخشى ئىش دەپ قارالدى.

## ھىجرىيىنىڭ ئالتىنچى يىلى يۈز بەرگەن ۋەقەلەر

ھىجرىيىنىڭ ئالتىنچى يىلى مۇھەررەم ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەرىيە دېگەن يەردە تۇرىدىغان بەنى بەكرى قەبىلىسىدىن بولغان بىر قەۋم بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە باشلىق ئوتتۇز نەچچە ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتتى. مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە ئۇ يەرگە بېرىپ تۇيدۇرماستىن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدى. دۈشمەنلەردىن نۇرغۇن كىشى ئۆلتۈرۈلۈپ، قالغانلىرى قېچىپ كېتىشتى. بۇ قوشۇن نۇرغۇن تۆگە ۋە قويلارنى غەنىمەت ئېلىپ قايتتى. ئۇلار يولدا بەنى ھەنىپەنىڭ چوڭلىرىدىن بولغان سەمامە ئىبنى ئەسەلنى تۇتۇۋېلىپ ئەسىرگە ئالدى. مەدىنىگە ئېلىپ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۈچ كۈنگىچە ئىسلامغا دەۋەت

قىلغىنىغا قارىماي، ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ ئۇنى ھېچنەرسە قىلماستىن قويۇپ بەردى. سەمامە پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇنداق كاتتا ئىلتىپاتىنى كۆرۈپ، قەلبىدە ئىسلامغا مۇھەببەت پەيدا بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ ئىمان ئېيتتى. پەيغەمبىرىمىز بۇنىڭغا ئىنتايىن خۇشال بولدى. چۈنكى سەمامە بەنى ھەنىپە قەبىلىسىنىڭ چوڭلىرىدىن بولغاچقا ئۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلسا، باشقىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ نۇرغۇن كىشىلەر مۇسۇلمان بولاتتى. سەمامە يۇرتىغا قايتقاندا ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەككىگە بېرىپ، مەككە ئەھلىگە ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلدۈردى. مەككە ئەھلى ئۇنى قاتتىق جازالىماقچى بولغان بولسىمۇ، مەككە ئەھلىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكى سەمامەنىڭ يۇرتىدىن كېلىدىغانلىقىنى ئەسلىشىپ، ھېچ نەرسە قىلالمىدى. سەمامە يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ، ئۆز قەۋمىنى قۇرەيشكە ئوزۇق ـ تۈلۈك ئەۋەتىشتىن چەكلىدى. بۇ سەۋەبتىن قۇرەيش مۇشرىكلىرى ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. چۈنكى ئۇلارغا ئوزۇق ـ تۈلۈكنىڭ زور قىسمى سەمامەنىڭ يۇرتىدىن كېلەتتى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى ھېچ ئامال تاپالماي ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەت يېزىپ، سەمامەنى مەككىگە ئوزۇق ـ تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مېھرى ـ شەپقەتلىك پەيغەمبىرىمىز قۇرەيشنىڭ بۇ تەلىپىنى قوبۇل قىلدى ۋە سەمامەگە خەت ئەۋەتىپ، مەككىگە ئوزۇق ـ تۈلۈك يەتكۈزۈپ بېرىشتىن قەۋمىنى توسماسلىقنى بۇيرۇدى. ئازراق ۋاقىت ئىلگىرى مەدىنىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىش ئۈچۈن كېلىپ، مۇسۇلمانلارنى مۇھاسىرە قىلىپ، ئۇلارنى بىر تال خورمىغا موھتاج بولغۇدەك دەرىجىدە ئاچلىققا مۇپتىلا قىلغان دۈشمەن بىر قەۋمگە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ مۇئامىلىسى ناھايىتى كاتتا ئىلتىپات بولۇپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇنداق مۇئامىلىنى بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىزدىن باشقا ھېچقانداق كىشى قىلالمىسا كېرەك.

## بەنى لەھيان ئۇرۇشى

شۇ يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ باشلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسھابى رەجىئگە خىيانەت قىلىپ، ئۇلارنى شېھىد قىلغان بەنى لەھيان قەۋمىگە جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن، ئىككى يۈزچە ئەسكەر بىلەن مەدىنىدىن يولغا چىقتى. ئەسكەرلەردىن يىگىرمىسى ئاتلىق ئىدى. مەدىنىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممى مەكتۇم نائىب بولۇپ قالدى. پەيغەمبىرىمىز نەگە بارىدىغانلىقىنى كىشىلەرگە بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن، ئۇدۇل يولنى تاشلاپ شام تەرەپكە كېتىدىغان يول بىلەن مېڭىپ، ئاندىن كېيىن سولغا بۇرۇلۇپ مەككىنىڭ يولىغا چۈشتى. ئىسلام ئەسكەرلىرى يېقىنلىشىپ كەلگەندە بەنى لەھيان قەبىلىسى بۇنى ئاڭلاپ تاغلارغا قېچىپ كەتتى. پەيغەمبىرىمىز بۇ يەردە ئىككى كۈن تۇرۇپ، ھەر تەرەپكە ئادەم ئەۋەتكەن بولسىمۇ ھېچكىمنى تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەككە مۇشرىكلىرىغا مۇسۇلمانلارنىڭ شەۋكىتىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، ئەففان دېگەن جايغا بىر قىسىم ئەسكەر ئەۋەتتى. ئەففان مەككىدىن ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتىكى بىر جاي ئىدى. ئۇ ئەسكەرلەر ئەففاننىڭ جەنۇب تەرىپىدە مەككىدىن سەككىز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى كىرائۇل غەمىم ئىسىملىك بىر تاغقا بېرىپ، مۇشرىكلارنىڭ كۆزلىرىگە كۆرۈنۈپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سېلىپ قويۇپ ئۇرۇش قىلماستىن مەدىنىگە قايتتى. ئىسلام قوشۇنى بۇ ئۇرۇش ئۈچۈن كەلگەندە يولدا بىرە مەئۇنە ۋە رەجىئ شېھىدلىرى ئۈچۈن دۇئا قىلدى.

www.islamyoli.net

## غايه ئۇرۇشى

مەدىنىنىڭ شىمال تەرىپىدە «غايە» ناملىق بىر ئورمانلىق جاي بار ئىدى. ئۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يىگىرمە تۆگىسى ئوتلاپ يۈرەتتى. بىر كۈنى ئۇيەينە ئىبنى ھىسنى قىرىق نەپەر ئاتلىق ئەسكەرنى باشلاپ كېلىپ، تۆگە باقىدىغان كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، تۆگىلەرنى بۇلاپ كەتتى. ئەنسارلاردىن سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ دېگەن كىشى بۇنى ئاڭلاپ پەيغەمبىرىمىزگە خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ چىقىشقا تەييار بولدى. ئەسكەرلەر يېتىپ بارغۇچە دۈشمەننى مەشغۇل قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئنى ئەۋەتتى. ئۇ كىشى ئوق ئېتىشقا ناھايىتى ئۇستا ئىدى ھەمدە ناھايىتى تېز يۈرەتتى. سەلەمە دۈشمەننىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىۋېلىپ، ئۇلارغا ئوق ئاتقىلى تۇردى. دۈشمەنلەر ئۇ كىشىنى قوغلىسا دەرەخلەرنىڭ ئارقىسىغا ئۆتىۋېلىپ ياكى تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، ئوق ياكى تاش ئېتىپ تۇراتتى. مۇشرىكلار ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ يېتىپ كېلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، يۈكلىرىنى يەڭگىل قىلىش ئۈچۈن كۆپلىگەن قورال ۋە كىيىم - كېچەكلىرىنى تاشلاپ كېتىشتى. ئاخىرى ئىسلام ئەسكەرلىرى يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئارىدا ئوق ئېتىشىش باشلاندى. مۇسۇلمانلاردىن بىر كىشى شېھىد بولدى. مۇشرىكلاردىن ئىككى كىشى ئۆلتۈرۈلۈپ، تۆگىلەر قۇتقۇزۇۋېلىندى. بۇ ئۇرۇشتا غايەت زور باتۇرلۇق كۆرسەتكەن كىشىلەر پىيادىلەردىن سەلەمە ئىبنى ئەكۋەئ، ئاتلىقلاردىن مىقداد ئىبنى ئەسۋەدلەر ئىدى. بايراقنى ھەزرىتى مىقداد كۆتۈرگەن ئىدى. مەدىنىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممى مەكتۇم نائىب بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ قوشۇن بەش كۈن يۈرۈپ مەدىنىگە قايتىپ كەلدى.
بۇ ئۇرۇش زىقىرەت ئىسملىك سۇ بۇيىدا بولغانلىقىدىن زىقىرەت ئۇرۇشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## ئۇكاشە قوشۇنى

مۇسۇلمانلارغا ھەر ۋاقىت زىيان سېلىپ تۇرىدىغان ئەسەد قەبىلىسىگە جازا بېرىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىدا ئۇكاشە ئىبنى مۇھسىننى قوماندان قىلىپ، قىرىق كىشىنى ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن بەنى ئەسەد قەبىلىسىدە تۇرىدىغان «ئەلغەمرى» ئىسىملىك جايغا كەلگەندە ئۇلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قېچىپ كېتىشتى. بۇ قوشۇن ئۇرۇش قىلماي ئىككى يۈز تۆگە غەنىمەت ئېلىپ مەدىنىگە قايتتى.

## مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە قوشۇنى

زىلقەسسە ناملىق بىر يەردە تۇرىدىغان بەنى سەئلەبە ئەرەبلىرىنىڭ مەدىنە ئەتراپىدىكى يايلاقلاردىكى چارۋىلارغا ھۇجۇم قىلماقچى بولغانلىق خەۋىرى پەيغەمبىرىمىزگە يېتىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىدا مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە باشلىق ئون نەپەر ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتتى. بۇلار يولدا دەم ئېلىپ ئۇخلاۋاتقاندا دۈشمەنلەر تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى شېھىد قىلدى. ئۇلاردىن پەقەت مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەلا ھايات قالدى. ئۇ يارىلانغان ھالدا مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ ۋەقەنى بايان قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ باشلىق قىرىق نەپەر ئەسكەر ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن

www.islamyoli.net

بەنى سەئلەبەنىڭ زېمىنغا كەلگەندە دۈشمەنلەردىن بىرسىمۇ قالماي قېچىپ كېتىشكەن ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇرۇش بولماي بىر مۇنچە قوي ۋە تۆگىلەرنى غەنىمەت ئېلىپ مەدىنىگە قايتىپ كەلدى.

## زەيد ئىبنى ھارىسە قوشۇنى

خەندەك ئۇرۇشىدا مۇشرىكلارغا قوشۇلغان بەنى سۇلەيم ئەرەبلىرىگە جازا بېرىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام رەبىئۇلئاخىر ئېيىدا زەيد ئىبنى ھارىسەنى قوماندان قىلىپ، بىر ھەربىي قوشۇن ئەۋەتتى. يولدا ئەسىرگە چۈشكەن ھەلىمە ئىسىملىك بىر ئايالنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئىسلام باتۇرلىرى دۈشمەنلەرنىڭ زېمىنغا يېتىپ كەلدى. دۈشمەنلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قېچىپ كەتكەنلىكتىن، بۇ قوشۇن بىر مۇنچە قوي ۋە تۆگىلەرنى غەنىمەت ئېلىپ ۋە بىر مۇنچە كىشىنى ئەسىرگە ئېلىپ قايتىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز ئىسلام ئەسكەرلىرىگە ياردەم قىلغان ھەلىمە دېگەن ئايالنى ئېرى بىلەن بىرگە ئازات قىلىۋەتتى.

## زەيد ئىبنى ھارىسەنىڭ ھەربىي جەھەتتىكى غەلىبىسى

شۇ يىلى جەمادىيەلئەۋۋەل ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام شامدىن مەككىگە قايتىپ كېلىۋاتقان قۇرەيش كارۋىنىنى ئاڭلاپ، زەيد ئىبنى ھارىسەنى قوماندان قىلىپ 170 كە يېقىن ئەسكەر بىلەن ئەۋەتتى. ئىسلام قوشۇنى كارۋاننى پۈتۈن ئادەملىرى ۋە مال - مۈلۈكلىرى بىلەن ئولجا ئېلىپ مەدىنىگە ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كارۋان باشلىقى پەيغەمبىرىمىزنىڭ قىزى ھەزرىتى زەينەپنىڭ ئېرى ئەبۇلئاسمۇ بار ئىدى. ھەزرىتى زەينەپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا ئەبۇلئاس مۇشرىك بولغانلىقىدىن مەككىدە قالغان ئىدى. ئەبۇلئاس ئەسىرگە چۈشۈپ مەدىنىگە ئېلىپ كېلىنگەندە ئايالى زەينەپنىڭ ھىمايىسىگە كىردى. ئۇ زەينەپتىن كارۋاننى قايتۇرۇپ بېرىشنى پەيغەمبىرىمىزدىن سوراشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ ئىشتا ساھابە كىراملارغا مەسلىھەت سالدى. ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى رازى بولدى. ئەبۇلئاس كارۋاننى ئېلىپ مەككىگە بېرىپ مال ئىگىلىرىگە ماللىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، مەدىنىگە قايتىپ كېلىپ مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا ئاۋۋالقى نىكاھى بويىچە ھەزرىتى زەينەپنى بەردى.

مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنىڭ ھەمراھلىرىنى شېھىد قىلغان بەنى سەئلەبە ئەرەبلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز يەنە زەيد ئىبنى ھارىسەنى قوماندان قىلىپ ئون بەش كىشىنى ئەۋەتتى. ئۇلار يېتىپ بارغاندا دۈشمەنلەر ئۇلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدا يەنە قوشۇن بارمىكىن دەپ ئويلاپ قېچىپ كېتىشتى. بۇ قوشۇن يىگىرمە تۆگە غەنىمەت ئېلىپ مەدىنىگە قايتتى.

مۇسۇلمانلارغا ھەر زامان زىيان يەتكۈزۈپ كېلىۋاتقان مەدىنىنىڭ شام تەرىپىدىكى ۋادىلقۇرا دېيىلىدىغان جايدا تۇرىدىغان بەنى پەزارە ئەرەبلىرىگە جازا بېرىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام رەجەپ ئېيىدا يەنە زەيد ئىبنى ھارىسەنىڭ قوماندانلىقىدا ئەسكەر ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن ۋادىلقۇراغا يېتىپ بېرىپ، دۈشمەنگە ھۇجۇم قىلدى. ھەر

www.islamyoli.net

ئىككى تەرەپتىن بىر نەچچە كىشى ئۆلدى. بۇ قوشۇن دۈشمەننىڭ باشلىقلىرىدىن بولغان بىر كىشىنىڭ قىزىنى ئەسىرگە ئېلىپ مەدىنىگە قايتتى.

شەئبان ئېيىدا پەيغەمبىرىمىز ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋپنى قوماندان قىلىپ يەتتە يۈز كىشىلىك قوشۇن بىلەن دەۋمەتۇلجەندەل دېگەن جايدا تۇرىدىغان كەلب قەبىلىسى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتتى. بۇلار ئۇ جايغا يېتىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئۈچ كۈنگىچە ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. تۆتىنچى كۈنى قەبىلە باشلىقلىرىدىن ئەسبە ئىبنى ئەمرى بىلەن بىرنەچچە كىشى مۇسۇلمان بولدى. باشقىلىرى جىزيە تۆلەشكە رازى بولۇپ، مۇسۇلمان بولمىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇرۇش بولماي قوشۇن مەدىنىگە قايتتى. ئابدۇرراھمان پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەمرى بىلەن ئەسبەنىڭ قىزى تەمازىر دېگەن قىزنى نىكاھىغا ئالدى.

پەدەك ناملىق يەردە ياشايدىغان بەنى سەئد قەبىلىسىدىن بولغان بىر قەۋمنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولغان خەيبەر يەھۇدىيلىرىگە ياردەم قىلىش ئۈچۈن ئەسكەر توپلاۋاتقانلىقىنى پەيغەمبىرىمىز ئاڭلاپ، ئۇلارغا جازا بېرىش ئۈچۈن ھەزرىتى ئەلىنى قوماندان قىلىپ يۈز كىشىلىك بىر ھەربىي قوشۇن ئەۋەتتى. ئۇلار يولدا بەنى سەئد تەرىپىدىن شەرتنامە تۈزۈش ئۈچۈن خەيبەرگە ئەۋەتىلگەن بىر جاسۇسنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭدىن دۈشمەننىڭ تۇرىدىغان يېرىنى بىلدى. بۇ  قوشۇن دۈشمەن تۇرىدىغان جايغا يېتىپ بارغاندا، ئۇلار قېچىپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قوشۇن ئۇرۇش قىلماستىن بەش يۈز تۆگە، ئىككى مىڭ قوي غەنىمەت ئېلىپ مەدىنىگە قايتتى. بۇ ئۇرۇش شەئبان ئېيىدا يۈز بەرگەن ئىدى.

### ئەبۇ راپىئنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

مەدىنە مۇنەۋۋەرەنىڭ ئەتراپىدىن قوغلىنىپ خەيبەرگە ئورۇنلاشقان بەنى نەزىر قەبىلىسىنىڭ چوڭلىرىدىن بولغان ئەبۇ راپىئ سەلام ئىبنى ئەبلھەقىق يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئىدى. ئۇ ناھايىتى باي كىشى بولۇپ، يەھۇدىيلار ئارىسىدا نوپۇزلۇق ئىدى. ئۇ خەندەك ئۇرۇشىدا مۇسۇلمانلارغا قارشى نۇرغۇن كىشىنى تەييارلاپ ئەۋەتكەن ئىدى ھەمدە خەيبەر يەھۇدىيلىرىنى مۇسۇلمانلاردىن ئىنتىقام ئېلىشقا كۈشكۈرتەتتى. ئەبۇ راپىئ بۇ ئىشنى داۋام قىلدۇرۇۋەرسە خەيبەر يەھۇدىيلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ناھايىتى چوڭ ئۇرۇش يۈز بېرىپ، نۇرغۇن قان تۆكۈلۈشى مۇمكىن ئىدى. مانا بۇ سەۋەبتىن خەزرەج قەبىلىسىدىن بولغان بەش نەپەر كىشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «بىزنىڭ بۇرادەرلىرىمىز بولغان ئەۋس قەبىلىسىدىكىلەر كەئب ئىبنى ئەشرەپنى ئۆلتۈرۈپ كۆپ ساۋابقا ئېرىشتى. بىزمۇ ئەبۇ راپىئ دېگەن پىتنىخورنى ئۆلتۈرۈۋېتىشىمىزگە رۇخسەت قىلسىلا» دېدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا رۇخسەت قىلدى. ئۇلارنىڭ باشلىقى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەتىك ئىدى. ئۇلار خەيبەرگە بېرىپ يېرىم كېچىدە ھىيلە بىلەن قەلئەگە كىرىپ، ئەبۇ راپىئنى ئۆلتۈرۈپ مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. بۇ ۋەقە رامىزان ئېيىدا يۈز بەرگەن ئىدى.

### ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە قوشۇنى

www.islamyoli.net

ئەبۇ راپىئ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئورنىغا باش بولۇپ قالغان ئۇسەير ئىبنى زىرزۇم دېگەن كىشى ئۆز قەۋمىنى پەيغەمبىرىمىزگە قارشى كۈشكۈرتۈپ «مەن مۇھەممەدكە ھېچكىم قىلالمىغان بىر ئىشنى قىلىمەن، غەتفان قەبىلىسىگە بېرىپ ئۇلارنى مۇھەممەد بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا چاقىرىمەن» دەپ كۆپ ھەرىكەت قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھەنى قوماندان قىلىپ، ئوتتۇز كىشىلىك بىر قوشۇن ئەۋەتتى ۋە ئابدۇللاھقا ئىمكان قەدەر ئۇنىڭ دىلىنى ئىسلامغا مايىل قىلىشقا تىرىشىپ بېقىشقا بۇيرۇدى. ئابدۇللاھ ئۇسەير ئىبنى زىرزۇمنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ قېشىغا بېرىپ تەسلىم بولۇشقا دالالەت قىلدى ۋە تەسلىم بولسا خەيبەرگە ۋالى قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى. ئۇسەير ئابدۇللاھنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ئوتتۇز نەپەر كىشىنى ئېلىپ مەدىنىگە راۋان بولدى. بۇلارنىڭ ھەر بىرى ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ ئاتلىرىنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشكەن ئىدى. ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ ئابدۇللاھقا خىيانەت قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈش نىيىتىگە كەلدى. ئابدۇللاھ بۇنى بىلىپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپ، مەدىنىگە قايتتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەبۇ سۇفياننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمر ئىبنى ئۇمەييەنى ئەۋەتىشى

شۇ يىلى ئەبۇ سۇفيان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن مەدىنىگە بىر كىشىنى ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇ كىشى مەدىنىگە بېرىپ بەنى ئابدۇلئەشھەل مەسجىدىدە پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۇچراشتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى كۆرۈپ: «بۇ ئادەم يامان نىيەت بىلەن كەلگەن ئادەم، لېكىن ئۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيدۇ» دېدى. ئۇ كىشىنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە يېقىنلاشماقچى بولغانلىقىنى كۆرگەن ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير ئۇنىڭ پېشىنى قاتتىق تارتۇۋىدى، ئۇنىڭ كىيىمىنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇۋالغان خەنجىرى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ خائىن تۇتۇلۇپ سوراق قىلىنغاندا ھەممىنى ئىقرار قىلدى. كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئۇنى قويۇپ بەردى. ئۇ كىشى: «ئى مۇھەممەد! مەن ھېچكىمدىن قورقماس ئىدىم، سېنى كۆرۈپ قورققىنىمدىن ئەقلىم بېشىمدىن قېچىپ، تەشۋىشلىنىپ قالدىم، سەن مېنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى بىلىپ قالدىڭ، شۇڭا سېنى ئۆلتۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھەمدە سېنىڭ ھەق يولدا ئىكەنلىكىڭنى، ئەبۇ سۇفيان ۋە ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ باتىل يولدا ئىكەنلىكىنى بىلدىم» دەپ ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ سۇفياننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمر ئىبنى ئۇمەييەگە بىر كىشىنى ھەمرا قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ ناھايىتى يۈرەكلىك كىشى ئىدى. ئۇلار مەككىگە كەچ بولغاندا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ۋەزىپىنى ئادا قىلىشتىن ئىلگىرى كەبىنى تاۋاپ قىلدى. مەككىلىكلەردىن بىر كىشى ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇلارنىڭ يامان نىيەت بىلەن كەلگەنلىكلىرىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلالماي مەككىدىن قايتىپ كېتىشتى. مۇشرىكلار ئۇلارنى قوغلاپ چىققان بولسىمۇ يېتىشەلمىدى.

## ئەكل ۋە ئەرىنە ھادىسلىرى

شۇ يىلى شەۋۋال ئېيىدا ئەكل ۋە ئەرىنە ئەرەبلىرىدىن بولغان بىر قەۋم ئىسلامنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كەلدى. ئۇلار سەھرادا ياشاپ كۆنۈپ قالغان بولغاچقا، مەدىنىنىڭ ھاۋاسى ياراشماي، كېسەل بولۇپ

www.islamyoli.net

قىلىشتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى ئۆزىنىڭ تۆگىلىرى تۇرىدىغان جايغا بېرىپ، تۆگە سۈتلىرى بىلەن داۋالىنىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن ساقىيىپ تۆگە باققۇچىنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى كېسىپ تاشلاپ، كۆزلىرىنى ئويۇپ ئۆلتۈرۈپ، تۆگىلەرنى بۇلاپ كېتىشتى. پەيغەمبىرىمىز بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ جابىر ئىبنى فەھرى دېگەن كىشىنىڭ باشچىلىقىدا يىگىرمە نەپەر ئاتلىق ئەسكەرنى ئەۋەتتى. ئۇلار خائىنلارنى تۇتۇۋېلىپ مەدىنىگە ئېلىپ كەلگەندە، تۆگە باققۇچىنى قانداق ئۆلتۈرگەن بولسا پەيغەمبىرىمىزمۇ ئۇلارنى شۇنداق ئۆلتۈرۈپ قىساس ئالدى.

## ھۇدەيبىيە ۋەقەسى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ساھابە كىراملار بىلەن ناھايىتى خاتىرجەملىك ئىچىدە مەككە مۇكەررەمەگە بېرىپ ھەج قىلىپ چۇش كۆرگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە يىلدىن بۇيان بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىشتىن مەھرۇم بولغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆڭلى تارتىپ مەككىگە ئۆمرىگە بېرىش ئۈچۈن سەپەر قىلىشقا نىيەت قىلدى. ساھابىلەرگە چۈشىنى بايان قىلىپ ئۆمرىگە تەييار بولۇشقا بۇيرۇدى، ساھابە كىراملار: «بۇ چۈشنىڭ ھەقىقىتى بۇ يىل ئوڭغا چىقىدۇ» دەپ ئۈمىد قىلىشىپ، ناھايىتى خۇرسەنلىك ئىچىدە سەپەرگە تەييار بولۇشتى ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ھالىتىدە تۇرغان مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنى مەككىگە كىرگۈزمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ سانىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن سەھرا ئەرەبلىرىنىمۇ بىرگە بېرىشقا دالالەت قىلدى. لېكىن ئۇلاردىن بەك ئاز كىشى قېتىلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇسۇلمانلار مۇشرىكلار تەرىپىدىن مەغلۇپ بولۇپ، ھەممىسى ئۆلتۈرۈلىدۇ دەپ ئويلاپ ھەر خىل باھانىلەرنى كۆرسىتىپ چىقماي قېلىشتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆمرە قىلىش نىيىتى بىلەن يولغا چىقىشى

ھىجرىيىنىڭ ئالتىنچى يىلى زۇلقەئدە ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام **1400** نەپەر ساھابە كىراملار بىلەن مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆنىڭ ئاياللىرىدىن ھەزرىتى ئۆممى سەلەمە ۋە بىر نەچچە ساھابە ئاياللار بار ئىدى. مەدىنىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممى مەكتۇمنى نائىب قىلىپ قويىدى. بۇلارنىڭ مەقسىتى ئۇرۇش قىلىش ئەمەس، ئۆمرە قىلىش بولغانلىقتىن قىلىچتىن باشقا ئۇرۇش قوراللىرى ئالمىدى. مۇشرىكلارنىڭ خەۋىرىنى بىلىش ئۈچۈن بىر كىشىنى ئالدىن ئەۋەتكەن ئىدى. مۇسۇلمانلار «ئەسپان» دېگەن يەرگە يېقىنلاشقاندا، ئۇ كىشى قايتىپ كېلىپ قۇرەيش مۇشرىكلىرىنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يولغا چىققانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى مەككىگە كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن مۇداپىئە قىلىشقا ئىككى يۈز نەپەر كىشىنى تەييارلاپ خالىد ئىبنى ۋەلىدنى قوماندان قىلىپ، كۇرائۇلغۇنەيىم دېگەن جايغا ئەۋەتكەنلىكىنى يەتكۈزدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ساھابىلەرگە مەسلىھەت سالدى. نەتىجىدە زورۇر بولۇپ قالغاندا ئۇرۇش قىلىشتىن قاچماسلىققا قارار قىلىشىپ يولغا چىقىشتى. ئۇلار كۇرائۇلغۇنەيىم دېگەن جايغا كەلگەندە خالىد ئىبنى ۋەلىد قوشۇنىنىڭ ناماز ئوقۇۋاتقاندا كېلىپ ھۇجۇم قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئەسىر نامىزىنى «خەۋپ نامىزى» قىلىپ ئوقۇدى. ھەدىس

www.islamyoli.net

كىتابلىرىدىكى «ئەسپان نامىزى» دېيىلگەن ناماز مۇشۇ ناماز بولسا كېرەك. مۇھەددىسلەرنىڭ كۆپ قىسمى خەۋپ نامىزىنى يەتتىنچى يىلى زاتۇررىقا ئۇرۇشىدىن باشلاپ ئوقۇلغان دېگەن بولسىمۇ، ئىبنى قەييۇمنىڭ تەھقىق قىلىشىغا قارىغاندا بۇ توغرا ئەمەس. زاتۇررىقا ئۇرۇشى خەيبەر ئۇرۇشىدىن كېيىن بولغان. ئىمام بۇخارىنىڭ پىكرىمۇ ئىبنى قەييۇمنىڭ پىكرىگە ئوخشاش.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ مەقسىتى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىمكانقەدەر ئۇرۇش بولماسلىقنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇدۇل يول بىلەن يۈرسە خالىدنىڭ قوشۇنى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ قان تۆكۈلۈپ قېلىشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، مەككىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن يۈرۈپ «ھۇدەيبىيە» دېگەن جايغا بارىدىغان قىينراق يول بىلەن ماڭدى. سەنىييەتۇلمەرار دېگەن جايغا كەلگەندە پەيغەمبىرىمىزنىڭ قۇسۋا ناملىق تۆگىسى چۆكتى. ساھابىلەر ھەرقانچە قىلىپ تۆگىنى تۇرغۇزالمىدى. كېيىن ساھابىلەر: «قۇسۋا چارچاپتۇ» دېيىشتى. پەيغەمبىرىمىز: «ئۇ چارچىمىدى، چارچاش ئۇنىڭ ئادىتى ئەمەس، ئۇنى پىلنى توختاتقان ئاللاھ توختاتتى» دېدى. تۆگىنىڭ چۆكۈشى مەككىدە ئۇرۇش قىلىپ، بەيتۇللاھنىڭ ھۆرمىتىگە رىئايە قىلىنماي قېلىشىغا بېرىلگەن بىر ئىشارەت بولغانلىقى ئۈچۈن، پەيغەمبىرىمىز ساھابىلىرىغا، قۇرەيش ئەرەبلىرى بەيتۇللاھنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلايدىغان قانداق شەرتنى قويسا قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. تۆگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سىلىكىپ قويۇشى بىلەن قوپۇپ يۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام ئەسكەرلىرى ھۇدەيبىيەنىڭ مەككىدىن يىراقراق بىر تەرىپىگە كېلىپ چۈشتى.

خالىد ئىبنى ۋەلىد بۇلارنىڭ ھۇدەيبىيەگە كېلىپ چۈشكەنلىكىنى بىلدى. ساھابە كىراملار ھۇدەيبىيەگە كېلىپ ئورۇنلاشقاندا بەدەل ئىبنى ۋەرقا ئۇ يەرگە كېلىپ پەيغەمبىرىمىزدىن ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئۈچۈن كەلمەي، پەقەت ئۆمرە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتقاندا، بەدەل بېرىپ قۇرەيشلەرگە ۋەقەنى بىلدۈردى. ئەمما قۇرەيش ئەرەبلىرى بەدەل پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى خۇزائە ئەرەبلىرىدىن بولغاچ ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشەنمەي، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەك ئۈچۈن ئەھابەشنىڭ رەئىسى ھۇلەيس ئىبنى ئەلقەمەنى ئەۋەتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ساھابە كىراملارغا: «بۇ ئادەم قۇربانلىقلارنى ئۇلۇغ بىلىدىغان بىرسى، ئۇنىڭ ئالدىغا قۇربانلىق ئۈچۈن ئېلىپ كېلىنگەن تۆگىلەرنى ھەيدەپ كېلىڭلار» دېدى. ساھابە كىراملار تۆگىلەرنى ئۇنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ قويۇپ ئۆزلىرى تەلبىيە ئوقۇغىلى تۇردى. ھۇلەيس بۇنى كۆرۈپ قايتىپ كېتىپ، قۇرەيشلەرگە ئۇلارنىڭ پەقەت ئۆمرە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ لەخمى، جەززام ۋە ھىميەر ئەرەبلىرى كېلىپ، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىپ كېتىپ تۇرسا، ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئوغۇللىرىدىن بولغان مۇھەممەدنى توسۇۋېلىش توغرا ئەمەس ئىكەنلىكىنى، ئۇلارغا مەككىگە كىرىشكە رۇخسەت قىلىنىشنى ئېيتقاندا، مەككە مۇشرىكلىرى ئۇنىڭغا: «سەن ھىيلە بىلمەيدىغان بىر سەھرالىقسەن» دەپ ئۇنىڭ سۆزىگىمۇ ئىشەنمەي، سەقىپ ئەرەبلىرىنىڭ كاتتىسى ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇدنى ئەۋەتتى. ئۇرۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر ئاز سۆزلەشكەندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆمرە ئۈچۈن كەلگەنلىكىگە قانائەت ھاسىل قىلدى. بۇ ئارىدا ئۇ ساھابە كىراملارنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە بولغان ھۆرمىتىنى كۆرۈپ، ھەيران قالدى. قۇرەيش ئەرەبلىرىنىڭ قېشىغا بارغاندا: «مەن كىسرا، قەيسەر ۋە نەجاشىلارنىڭ ئالدىغا

www.islamyoli.net

بارغان ئىدىم، ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنىڭ ھېچبىرى مۇھەممەدنى ئۇنىڭ ساھابىلىرى ھۆرمەت قىلغاندەك ھۆرمەت قىلغانلىقىنى كۆرمىدىم، مۇھەممەدنىڭ ساھابىلىرى ئۇنى ئۆز جانلىرىدىنمۇ ئارتۇق كۆرىدىكەن، ئۇلارنىڭ ئۇنى ھېچبىر زامان تاشلاپ كېتىش ئېھتىمالى يوق ئىكەن، سىلەر ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىڭلار، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش بولۇپ قالسا سىلەرنىڭ غەلىبە قىلىشىڭلار مۇمكىن ئەمەستەك تۇرىدۇ» دېدى. پەيغەمبىرىمىزگە ۋە ساھابىلىرىغا چىش تىرنىقىغىچە ئۆچ بولغان مەككە مۇشرىكلىرى ئۇنىڭ نەسىھىتىنىمۇ قوبۇل قىلمىدى ۋە بۇ يىل مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىگە كىرىشىگە قەتئىي رازى ئەمەسلىكىنى بىلدۈردى. ئاندىن كېيىن مەكرەز ئىبنى ھەپس ئىسىملىك بىر كىشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ ـ كەتكەن بولسىمۇ تەلەپ قىلىنغان ئىش ھاسىل بولمىدى.

پەيغەمبىرىمىز ئۆزىنىڭ مەككىگە كېلىشتىكى مەقسىتى پەقەت ئۆمرە قىلىش بولۇپ، ئەسلا ئۇرۇش قىلىش نىيىتىنىڭ يوقلىقىنى مۇشرىكلارغا بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئاۋۋال ھەزرىتى ئۆمەرنى ئەۋەتمەكچى بولغاندا، باشقىلار ئۇنىڭ مەككىدە ئۇنى ھىمايە قىلىدىغان تۇغقانلىرى بولمىغانلىقتىن مەككىگە كىرىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، پەيغەمبىرىمىزگە ھەزرىتى ئوسماننى ئەۋەتىشكە مەسلىھەت بەردى. ھەزرىتى ئوسمان بەنى ئۇمەييە قەبىلىسىدىن بولۇپ، مەككىدە ئۇنى ھىمايە قىلىدىغان تۇغقانلىرى كۆپ ئىدى. شۇڭا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ئوسماننى ئەۋەتتى. ئۇ زات بىلەن ساھابىلەردىن ئون نەچچە كىشى پەيغەمبىرىمىزدىن رۇخسەت ئېلىپ مەككىدىكى تۇغقانلىرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن مەككىگە باردى. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ئوسمانغا مەككىدىكى ئاجىز مۇسۇلمانلارغا مەككىنىڭ يېقىندا پەتھى قىلىنىدىغانلىقى ھەققىدە بېشارەت بېرىشنى بۇيرۇدى. ھەزرىتى ئوسمان ئابان ئىبنى سەئىدىلئۇمەۋىنىڭ ھىمايىسىدە مەككىگە كىرىپ، مۇشرىكلارغا پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزىنى بايان قىلغان بولسىمۇ ھېچبىر نەتىجە ھاسىل بولمىدى. تېخى ئۇلار ئۇنى ھەمراھلىرى بىلەن بىللە سولاپ قويۇشتى.

بۇ سەۋەبتىن ساھابىلەر ئارىسىدا «ئوسماننى مۇشرىكلار ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز مەككە مۇشرىكلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ساھابە كىراملاردىن بەيئەت ئېلىش ئۈچۈن ئۇلارنى يىغدى.

## رىزۋان بەيئىتى

ساھابە كىراملار ھۇدەيبىيەدە بىر دەرەخنىڭ سايىسى ئاستىدا پەيغەمبىرىمىز ئۆلسە ئۇلارمۇ ئۆلىدىغانلىقىغا، ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايدىغانلىقىغا بىر ـ بىرلەپ بەيئەت بېرىشتى. ھەممىدىن ئىلگىرى ئەبۇ سىنانىلئەسەدى دېگەن كىشى بەيئەت قىلدى. ئۇ بەيئەتنى ناھايىتى چىرايلىق شەكىلدە ئادا قىلغانلىقتىن باشقىلار بەيئەت قىلغاندا «ئەبۇ سىنان سىلىگە قانداق بەيئەت قىلغان بولسا بىزمۇ شۇنداق بەيئەت قىلدۇق» دېيىشتى. پەيغەمبىرىمىز بىر قولىنى يەنە بىر قولىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ، بۇ ئوسماننىڭ بەيئىتى بولسۇن دېدى. بۇ ئارىدا مۇشرىكلار بىلەن ساھابىلەر ئارىسىدا بىر ئاز ئۇرۇش يۈز بېرىپ، مۇشرىكلاردىن ئون ئىككى كىشى ئەسىرگە ئېلىندى. سايىسى ئاستىدا بەيئەت قىلىنغان ھېلىقى دەرەخ رىزۋان دەرىخى دەپ ئاتالدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا پەتھى سۈرىسىدىكى «ئەينى ۋاقىتتا دەرەخ ئاستىدا ساڭا بەيئەت قىلغان مۆمىنلەردىن ھەقىقەتەن

www.islamyoli.net

ئاللاھ رازى بولدى» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. ھەزرىتى ئۆمەر خەلىپە بولغان زاماندا كىشىلەر بۇ دەرەختىن تەۋەررۈك ئىزدەپ، ئۇنىڭغا تەزىم قىلىشقا باشلىغاندا، ھەزرىتى ئۆمەر ئۇ دەرەخنى كەستۈرىۋەتكەن.

بۇ بەيئەتنىڭ خەۋىرى مۇشرىكلارغا ئاڭلانغاندا، ئۇلار قورققىنىدىن پەيغەمبىرىمىز بىلەن سۈلھى قىلىش پىكرىگە كېلىشتى. شۇنىڭ بىلەن مەشھۇر خەتىبلەردىن سەھلى ئىبنى ئەمرىنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ كىشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبىرىمىز مۇشرىكلارنىڭ ھەزرىتى ئوسمان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى قويۇپ بېرىش بەدىلىگە بۇ ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن مۇشرىكلار ھەزرىتى ئوسمان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى قويۇپ بەردى. سەھلىنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە قويغان شەرتلىرى تۆت تۈرلۈك ئىدى:

بىرىنچى: مۇسۇلمانلار بەيتۇللاھنى كېلەر يىلى تاۋاپ قىلىدۇ ۋە مەككىدە ئۈچ كۈن تۇرىدۇ. بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە مەككە خەلقى مەككىدىن چىقىپ تۇرىدۇ.

ئىككىنچى: مۇشرىكلاردىن مۇسۇلمان بولۇپ مەدىنىگە قېچىپ بارغان كىشىلەر تەلەپ قىلىنسا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. مۇسۇلمانلاردىن مەككىگە كەلگەن كىشى قايتۇرۇپ بېرىلمەيدۇ.

ئۈچىنچى: قۇرەيش مۇشرىكلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئون يىلغىچە ئۇرۇش بولمايدۇ.

تۆتىنچى: ئەرەبلەردىن خالىغان قەبىلە پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئىتتىپاقداش بولالايدۇ.

مەزكۇر تۆت شەرتنىڭ ئىچىدىن ئۈچىنچى شەرت مۇسۇلمانلار ئۈچۈن يەڭگىل شەرت ئىدى. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز قۇرەيش بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا سۈلھى تۈزۈلۈپ تىنچلىق بولغاندا، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئىسلامنىڭ ھەر تەرەپكە تارقىلىشىغا ئىشىنەتتى. پەيغەمبىرىمىز بۇ ۋاقىتقا قەدەر مۇشرىكلار بىلەن ناھايىتى زۆرۈر بولۇپ قالغان شارائىتتىلا ئۇرۇش قىلغان ئىدى. ئۇ ئۇلۇغ زات باشقىلار بىلەن ھەر زامان تىنچ ئۆتۈشنى ياقتۇراتتى. شۇڭا ئۇ مەدىنىگە كەلگەندە مەدىنىنىڭ ئەتراپىدىكى ئەھلى كىتابلار بىلەن سۈلھى قىلىشقان ئىدى. ئەگەر مەككە مۇشرىكلىرى ساھابە كىراملارغا ئازار بېرىپ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىغان بولسا ۋە ئۇلارنى دىنىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنى ئازابلىمىغان بولسا، پەيغەمبىرىمىزگە سۈيىقەست قىلماي ئۇنى ئۆز ھالىغا قويغان بولسا ئىدى، ئۇ زات ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلمىغان بولاتتى.

سۈلھىنىڭ شەرتلىرى ئىچىدە مۇسۇلمانلارغا بەك ئېغىر كەلگەن شەرتلەر بىرىنچى ۋە ئىككىنچى شەرتلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۈچىنچى شەرتنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىگە قاراپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ شەرتلەرنى قوبۇل قىلدى. ساھابە كىراملار باشتا ئېغىر كۆرۈپ رازى بولمىدى. ھەتتا ھەزرىتى ئۆمەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ قېشىغا كېلىپ: «سىلە مەككىگە كىرىمىز، مەن شۇنداق چۈش كۆردۈم دېگەن ئىدىلىغۇ؟» دېدى. پەيغەمبىرىمىز بىرىنچى شەرت خۇسۇسىدا: «چۈشۈمدىكى بېشارەتنى بۇ يىلى جەزمەن بولىدۇ دېمىگەن ئىدىم، بەيتۇللاھنى كېلەر يىلى تاۋاپ قىلساقمۇ چۈشۈمدىكى بېشارەت ھاسىل بولىدۇ» دېدى. ئىككىنچى شەرت ھەققىدە: «ئىسلامدىن چىقىپ مەككىگە كەتكەن كىشىلەرگە بىزنىڭ ئەسلا ئېھتىياجىمىز يوق، مۇسۇلمان بولۇپ مەدىنىگە كەلگەن كىشىلەرنى قايتۇرۇشىمۇ زىيانلىق ئەمەس، ئۇلارغا ھامان بىر كۈنى ئازادلىق

www.islamyoli.net

كۆنى يېتىپ كېلىدۇ» دەپ ساھابە كىراملارنى قانائەتلەندۈرۈشكە كۆپ تىرىشقان بولسىمۇ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزى، رەنجىگەن ساھابە كىراملارنىڭ كۆپ قىسمىغا تەسىر قىلمىدى.

پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلمىغانلىقىغا قارىماي ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ، سۈلھىنامىنى يازدۇردى. بۇنى يازغۇچى كىشى ھەزرىتى ئەلى ئىدى. سۈلھىنامە يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەر ئىككى تەرەپتىن گۇۋاھچىلار ھازىر قىلىندى. پەيغەمبىرىمىز تەرىپىدىكى گۇۋاھچىلار ئىچىدە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ھەزرىتى ئابدۇرراھمانلار بار ئىدى. مۇشرىكلار تەرەپتىن مەكرىز ئىبنى ھەپس بىلەن ھۇۋەيتىب ئىبنى ئابدۇلئۇززا قاتارلىقلار بار ئىدى. سۈلھىنامە ئىككى نۇسخا بولۇپ، بىرى سەھلى ئىبنى ئەمرىدە قالدى. سۈلھىنامە يېزىلىۋاتقاندا مۇنداق بىر ۋەقە يۈز بەردى، بۇ ۋەقە پەيغەمبىرىمىزنىڭ قانچىلىك سۈلھى تەرەپدارى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ۋەقە مۇنداق ئىدى: پەيغەمبىرىمىز سۈلھىنامىنى «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» بىلەن باشلىماقچى بولغاندا سۇھەيل: «مەن بۇنداق سۆزنى بىلمەيمەن، ئۆزىمىز بىلىدىغان «بىسمىكەللاھۇممە» دېگەن سۆز بىلەن باشلا دەپ تۇرۇۋالدى. پەيغەمبىرىمىز سۇھەيلنىڭ دېگىنى بويىچە يازدۇردى. ئاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز «بۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدنىڭ سۇھەيل ئىبنى ئەمرى بىلەن قىلىشقان سۈلھىسى» دەپ يازدۇرغاندا، سۇھەيل بۇنىڭغا «بىز سېنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىڭگە ئىشەنسەك مەككىگە كىرىشتىن سېنى توسمايتتۇق ۋە سەن بىلەن ئۇرۇش قىلمايتتۇق، ئۇنىڭ ئورنىغا مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ دەپ يازدۇر» دەپ تۇرۇۋالدى. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ئەلىگە «ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى» دېگەن سۆزنى ئۆچۈرۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا «ئابدۇللاھ» دېگەن سۆزنى يېزىشقا بۇيرۇغان بولسىمۇ، ھەزرىتى ئەلى ئۇنى ئۆچۈرۈشكە رازى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز ئۆز قولى بىلەن ئۆچۈردى. ساھابە كىراملارنىڭ مۇشرىكلارغا ناھايىتى ئۆچمەنلىكى تۇتۇپ، ئۇرۇش قىلىشقا بىر ئىشارەت قىلىنىشىغا قاراپ تۇرغان ۋە ئۇرۇش بولسا غەلىبە قىلىدىغانلىقى ئېھتىمالغا يېقىن بولغان ۋاقىتتا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلارنىڭ خاتىرىسىنى قىلماي بۇنداق ئېغىر شەرت بىلەن سۈلھى قىلىشى، بۇ سۈلھىنىڭ ئىسلام دىنىغا غايەت زور پايدىلىق نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىدىن ئىدى. دەرۋەقە ئىش پەيغەمبىرىمىز ئويلىغاندەك بولدى.

ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن ئەھلى ئىسلام مۇشرىكلار بىلەن ئارىلىشىشقا باشلىدى. ئىسلام بىلەن ئەرەبلەر ئارىسىدىكى پەردە كۆتۈرۈلدى. ئىسلامنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ئىلاھىي دىن ئىكەنلىكىگە ئىشەنگۈچىلەر كۆپىيىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى ئېشىشقا باشلىدى. تارىخچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ سۈلھىدىن باشلاپ مەككە پەتھى قىلىنغىچىلىك بولغان ئارىلىقتا ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلارنىڭ سانى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەيغەمبەر بولغىنىدىن باشلاپ تا بۇ سۈلھىگە قەدەر مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ سانىدىن كۆپتۇر.

سەھلى ئىبنى ئەمرىنىڭ ئوغلى ئەبۇ جەندەل ئىسلامنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئاتىسى ئۇنى سولىۋېلىپ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن مەنئى قىلىۋاتاتتى. سۈلھىنامە يېزىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئۇ كىشى بىر ئامال قىلىپ ھەپستىن قېچىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كەلدى. سۇھەيل ئۇنى كۆرۈپ: «ئى مۇھەممەد! سەندىن ھەممىدىن بۇرۇن بۇنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «تېخى سۈلھىنامە يېزىلىپ

www.islamyoli.net

تامامالانمىغانلىقىنى ئېيتىپ، ياندۇرۇپ بەرمەسلىك تەرەپدارى بولسىمۇ، سۇھەيل «قايتۇرۇپ بەرمىسەڭ سۈلھى قىلمايمەن» دېگەنلىكى ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشكە رازى بولدى.
ئەبۇ جەندەل ساھابە كىراملارغا قاراپ: «ئى جامائەت! نېمە ئۈچۈن مېنى مۇشرىكلارغا قايتۇرۇپ بېرىسىلەر؟ مېنىڭ ئۇلارنىڭ قولىدا نەقەدەر ئازاب چەككەنلىكىمنى بىلمەمسىلەر؟» دېدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ مۇئامىلىسى ئۈچۈن ساھابىلەر ناھايىتى خاپا بولۇشتى. ھەتتاكى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: ‹سىلە ھەق پەيغەمبەر ئەمەسمۇ؟ بىز ھەق دىندا، دۈشمەنلەر باتىل دىندا ئەمەسمۇ؟ سىلە ھەق پەيغەمبەر بولۇپ، بىز ھەق دىندا ئىكەنمىز نېمە ئۈچۈن بۇنداق خورلۇقنى قوبۇل قىلىمىز؟ بىز تېخى بۇنداق خورلۇققا مەجبۇر بولغىنىمىز يوق، سىلە بىزگە بەيتۇللاھقا بېرىپ تاۋاپ قىلىمىز دېمىگەنمىدىلە؟› دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ‹توغرا، مەن ھەق پەيغەمبەرمەن، بىز ھەق دىندىمىز، مەن بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىمىز دېدىم، لېكىن بۇ يىل تاۋاپ قىلىمىز دېمىدىم، كېلەر يىلى تاۋاپ قىلىمىز› دېدى. ئاندىن كېيىن مەن ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىغا بېرىپ پەيغەمبىرىمىزگە دېگەنلىرىمنى دېدىم. ئۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش جاۋاب بەردى. ئاندىن كېيىن بۇ سۆزلىرىمگە كاپارەت بولسۇن دەپ كۆپ ئىشلارنى قىلدىم» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.
سۈلھى تامامالانغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابە كىراملارغا ئېھرامدىن چىقىپ، قۇربانلىقلىرىنى بوغۇزلاشقا بۇيرۇغان بولسىمۇ، بۇ سۈلھىنىڭ ئېغىر شەرتلىرىدىن خاپا بولغان ساھابىلەر بۇ ئەمرىگە سۇسلۇق قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرۈپ، كۆڭلى رەنجىپ، ئايالى ئۇممى سەلەمەنىڭ يېنىغا كىرىپ، ساھابىلەرنىڭ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغانلىقلىرىنى ئېيتتى. ئۇممى سەلەمە ئۇ زاتقا: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىلە ئېغىر شەرتلەر بىلەن سۈلھى قىلدىلا، شۇڭا ساھابىلەر ناھايىتى خاپا بولغان، بۇ ھەقتە ئۇلار ئۆزرىلىكتۇر، شۇڭا سىلە ھېچ گەپ قىلماستىن ئېھراملىرىدىن چىقىۋەرسىلە، ئۇلار بۇنى كۆرۈپ سىلىگە ئەگىشىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇربانلىقنى بوغۇزلاپ، چېچىنى ئالدۇرۇپ ئېھرامدىن چىقتى. ساھابە كىراملار بۇنى كۆرۈپ تەخىرسىز ئېھرامدىن چىقتى.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن قايتقاندا پەتھى سۈرىسى نازىل بولۇپ، ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن قاتتىق خاپا بولغان ساھابىلەر ناھايىتى خۇشال بولۇشتى. ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنىڭ ئىسلام ئۈچۈن زور پايدىسى بولىدىغانلىقىنى ۋە مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ، سۈلھى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پىكرى توغرا بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ پىكرى خاتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىلغان بەزى قوپال مۇئامىلىلىرىگە پۇشايمان قىلىشىپ ئىستىغپار ئېيتىشتى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن!
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر بىلەن مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە ئۇقبە ئىبنى مۇئەيتنىڭ قىزى ئۇممى كۇلسۇم ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مەدىنىگە كەلدى. ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ئارقىسىدىن كېلىپ، سۈلھى بويىچە ئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈلھىدىكى شەرتنىڭ ئاياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنى قايتۇرۇپ بەرمىدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مۇمتەھىنە سۈرىسىدىكى بىر نەچچە ئايەت نازىل بولدى. ئاللاھ تائالا ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئاياللارنى ئىمتىھان قىلىپ، مۆمىن ئىكەنلىكى

www.islamyoli.net

ئېنىقلانسا، ھىجرەتلىرى دۇنيالىق غەرەز ئۈچۈن بولماي، پەقەت ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن بولسا قايتۇرۇپ بەرمەسلىككە، مۇشرىك ئەرلىرىدىن ئايرىپ، ئۇلار بەرگەن مەھرىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى ۋە بۇ مۇھاجىر ئاياللارنىڭ باشقا مۇسۇلمانلارغا ياتلىق بولۇش ھەققى بارلىقىنى بايان قىلدى. شۇنداقلا ساھابىلەرگە بۇندىن كېيىن مۇشرىك ئاياللىرىنى نىكاھىدا ساقلىماسلىققا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر مۇشرىك ئاياللىرىنى تالاق قىلىۋېتىشتى. بۇ ۋاقىتتا ھەزرىتى ئۆمەر مەككىدە قالغان ئىككى نەپەر مۇشرىك ئايالىنى تالاق قىلدى. ئۇ ئاياللارنىڭ بىرىنى سەپۋان ئىبنى ئۇمەييە، يەنە بىرىنى مۇئاۋىيە ئالدى.

ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن بىرئاز كېيىن ئەبۇ بەسىر ناملىق بىر كىشى ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، مەدىنىگە كەلگەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قوبۇل قىلمىغانلىقتىن، ئۇ كىشى شام يولىدىكى بىر جايغا بېرىپ ئورۇنلاشتى. يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئەبۇ جەندەلمۇ مۇشرىكلاردىن قۇتۇلۇپ، ئەبۇ بەسىرنىڭ قېشىغا باردى. سەھرا ئەرەبلىرىدىن نۇرغۇن كىشى ئۇلارغا قېتىلىپ، شام يولىدىن ئۆتكەن مۇشرىكلارنىڭ كارۋانلىرىغا ھۇجۇم قىلغىلى تۇردى. بۇلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭلىرىدىن بىزار بولغان مۇشرىكلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەلچى ئەۋەتىپ، سۈلھىنىڭ ئىككىنچى شەرتىنى بىكار قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ شەرت بىكار قىلىنىپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مەككىدىن مەدىنىگە قېچىپ كەلگەنلەر قايتۇرۇلمايدىغان بولدى. ھۇدەيبىيە سۈلھىسى مۇناسىۋىتى بىلەن بەقەرە سۈرىسىدە بىر ئايەت نازىل بولۇپ، ئۇرۇش قىلىش ھارام بولغان ئايلارنى ۋە ھەج، ئۆمرىدە توسۇلۇپ قالغانلارنىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان قىلدى.

ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ئەرەب مىللىتىگىلا خاس بولماستىن، بەلكى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئومۇمىيدۇر. قۇرئان كەرىمدىكى ئەئراپ سۈرىسىنىڭ «ئى پەيغەمبەر! كىشىلەرگە ‹ئى ئىنسانلار مەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا ئەۋەتىلگەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىمەن› دېگىن» دېگەن ئايىتى ۋە سەبە سۈرىسىنىڭ «بىز سېنى پۈتۈن ئىنسانلارغا خۇش  خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق» دېگەن ئايىتى ۋە ئەنبىيا سۈرىسىنىڭ «بىز سېنى ئالەملەر ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتۇق» دېگەن ئايىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە ئوچۇق دەلىلدۇر.

ھۇدەيبىيە سۈلھىسىگە قەدەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش مۇشرىكلىرى بىلەن سۈلھى قىلماي، بەلكى ئۇرۇش ھالىتىدە بولغانلىقىدىن، ئۇلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ قېلىپ ئىسلامنى ئەتراپتىكى كۆپلىگەن ئىنسانلارغا يەتكۈزەلمەي تۇراتتى. ئۇ زات بۇ چاغقىچە پەقەت ئەرەب خەلقىنى ۋە مەدىنىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىلا دىنغا دەۋەت قىلىپ كەلگەن ئىدى. ھۇدەيبىيە سۈلھىسى قىلىنىپ، قۇرەيش مۇشرىكلىرى ۋە باشقا ئەرەبلەردىن كېلىدىغان خەۋپ تۈگىگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلماقچى بولغان بىرىنچى ئىشى، ئەتراپتىكى پادىشاھ ۋالى  ۋە ھاكىملارغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش بولدى. بۇ ئەلچىلەرنى ئەۋەتىش ھىجرىيىنىڭ ئالتىنچى يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن ياكى يەتتىنچى يىلىنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، تاكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغۇچە داۋام قىلدى. ئۇ بۇ چاغقىچە يازغان مەكتۇپلىرىدا مۆھۈر ئىشلەتمىگەن ئىدى. پادىشاھلارنى دەۋەت قىلىش پىكرىنى ساھابە كراملارغا مەسلىھەت سالغاندا، ئۇلار ھۆكۈمدارلارغا ئەۋەتىلىدىغان خەتلەرنىڭ مۆھۈر بېسىلغان بولۇشى كېرەكلىكىنى ئېيتىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ

كۆمۈشتىن بىر ئۈزۈك ياسىتىپ، ئۇ ئۈزۈككە ئۈچ قۇر قىلىپ «مُحَمَّدٌ رَسُوْلُ اللهِ» دېگەن جۈملىنى يازدۇردى. بۇ سۆزلەردىن ئاللاھ سۆزى ئۈستىدە، رەسۇل سۆزى ئوتتۇردا، مۇھەممەد سۆزى ئاستىدا ئىدى. ئۇشبۇ مۆھۈرنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئوسمان قاتارلىقلار تەۋەررۈك قىلىپ ئىشلەتكەن ئىدى. ھەزرىتى ئوسماننىڭ خەلىپە بولغان دەۋرىدە ئۇنىڭ قولىدىن بىئرى ياسىن دېگەن بىر قۇدۇققا چۈشۈپ كېتىپ يوقاپ كەتكەن.

ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالتە كىشىنى تاللاپ ئەتراپقا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. رىم ئىمپېراتورى ھىرەقلىگە دىھيەتۇلكەلبىنى، ئىران پادىشاھى كىسراغا ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزەيپەتىسسەھمىنى، ھەبەشىستان پادىشاھى نەجاشىغا ئەمر ئىبنى ئۇمەييە ئەززەمەرىنى، مىسىر پادىشاھىغا ھاتەب ئىبنى ئەبى بەلتەئەنى، غەسسان ھۆكۈمدارى جىبىللە ئىبنى ئەيھەمگە شۇجا ئىبنى دەھەبنى، يەمامە ئەمىرى ئەۋدە ئىبنى ئەلىگە سۈلەيت ئىبنى ئەمرىنى ئەۋەتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ كىشىلەرنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن مەكتۇپنى بېرىپ ھەممىسىنى بىركۈندە يولغا سالغانلىقى تارىخ كىتابلىرىدا رىۋايەت قەيت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇممان ئەمىرى جەئپەرگە ئەمر ئىبنى ئاسنى، بەھرەين ۋالىسى مۇنزىر ئىبنى ساۋىگە ئەلا ئىبنى ھەزرەمىنى، ھارىس ئىبنى ئابدۇكەلاللىجەبەلىگە مۇھاجىر ئىبنى ئۇمەييەتىل مەخزۇمىنى، ھىمىيەر ئەمىرى زۇلكەلاغا جەرىر ئىبنى ئابدۇلبەجەرىنى ئەۋەتتى. مۇسەيلەمەتۇلكەززاپقا ئىككى قېتىم مەكتۇپ ئەۋەتتى. بىرىنى ئەمر ئىبنى ئۇمەييەدىن، يەنە بىرىنى سائىب ئىبنى ئاۋامدىن ئەۋەتتى. ھىمىيەر ھۆكۈمدارلىرىدىن ئابدۇكەلال ئوغۇللىرى ھارىس، مەسرەھ ۋە نەئىملەرگە ئەيياش ئىبنى رەبىئەتىلمەخزۇمىنى ئەۋەتتى.

رىم ئىمپېراتورى ھىرەقلى بۇ كۈنلەردە قۇددۇس شەرىپتە ئىدى. ئىرانلىقلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا رىملىقلار غەلىبە قىلىپ، ھىرەقلى سۈرىيە رايونىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە غەلىبىگە شۈكرى ئېيتىش يۈزىسىدىن قۇددۇس شەرىپنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. دىھيەتۇلكەلبى مەكتۇپنى ئۇنىڭغا قۇددۇس شەرىپتە تاپشۇردى. مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «بۇ مەكتۇپ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەدتىن رۇمنىڭ كاتتىسى ھىرەقلىگە. توغرا يولغا كىرىپ، ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەرگە سالام. مەن سېنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىمەن. ئىسلامغا كىرسەڭ سالامەت بولىسەن. ئاللاھ تائالا سېنىڭ ئەجرىڭنى ئىككى ھەسسە بېرىدۇ. ئەگەر ئىسلامنى قوبۇل قىلمىساڭ، بارلىق قەۋمىڭنىڭ گۇناھى ساڭا بولىدۇ. ئى ئەھلى كىتاب سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇشتەرەك بولغان بىر سۆزگە كېلىڭلار، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچقانداق كىشىگە ئىبادەت قىلمايلى! ئۇنىڭغا ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمەيلى! ئاللاھ تائالادىن باشقا بىر ـ بىرىمىزنى ئىلاھ قىلىۋالمايلى! ئەگەر ئەھلى كىتاب بۇ ئىشنى قوبۇل قىلمىسا، بىزلەر مۇسۇلمان بولدۇق، سىلەر بۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇڭلار دەڭلار» دېگەن مەنىدە ئىدى. ھىرەقلى بۇ مەكتۇپنى ئوقۇپ، بۇ ۋاقىتتا تىجارەت ئۈچۈن شام تەرەپكە بارغان ئەبۇ سۇفيان بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى چاقىرىپ، تەرجىمان ئارقىلىق ئۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئەبۇ سۇفيان بۇ چاغدا مۇشرىك بولسىمۇ، ئەرەبلەرنىڭ ئادىتىدە يالغان سۆزلەش ناھايىتى چوڭ ئەيىب بولغاچقا، ئۇ راستچىللىق بىلەن جاۋاب بەردى. ھىرەقلى بىلەن ئەبۇ سۇفياننىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇنۇ سوئال ـ جاۋابنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكى سەھىھۇل بۇخارىدا قەيت قىلىنىدۇ:

www.islamyoli.net

ھىرەقلى: سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا مۇھەممەد نەسەب ئېتىبارى بىلەن قانداق كىشى؟

ئەبۇ سۇفيان: ئۇنىڭ نەسەبى ناھايىتى شەرەپلىك نەسەبتىن.

ھىرەقلى: ئىلگىرى سىلەردىن پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلغان كىشى بارمىدى؟

ئەبۇ سۇفيان: ياق.

ھىرەقلى: مۇھەممەدنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئىچىدىن پادىشاھ بولغان كىشى بارمۇ؟

ئەبۇ سۇفيان: يوق.

ھىرەقلى: ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر بايلارمۇ؟ ياكى كەمبەغەل، ئاجىز كىشىلەرمۇ؟

ئەبۇ سۇفيان: ئۇلار كەمبەغەل، ئاجىز كىشىلەر.

ھىرەقلى: ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر كۈندىن ـ كۈنگە كۆپىيىۋاتامدۇ؟ ياكى كېمىيىۋاتامدۇ؟

ئەبۇ سۇفيان: كۆپىيىۋاتىدۇ.

ھىرەقلى: ئۇنىڭ دىنىغا كىرگەنلەردىن يېنىۋالغانلار بارمۇ؟

ئەبۇ سۇفيان: يوق.

ھىرەقلى: ئۇ پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىشتىن ئىلگىرى يالغان سۆزلەپ باققانمۇ؟

ئەبۇ سۇفيان: ھېچ يالغان سۆزلەپ باقمىغان.

ھىرەقلى: ئۇ ئەھدىنى بۇزۇپ باققانمۇ؟

ئەبۇ سۇفيان: ھازىر بىز بىلەن ئۇنىڭ ئارىسىدا ئەھدىنامە بار. بۇزامدۇ، ياكى بۇزمامدۇ، بۇنى بىلمەيمەن.

ھىرەقلى: ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلدىڭلارمۇ؟

ئەبۇ سۇفيان: ھەئە، ئۇرۇش قىلدۇق.

ھىرەقلى: قايسىڭلار غەلىبە قىلدىڭلار؟

ئەبۇ سۇفيان: بەزىدە ئۇ، بەزىدە بىز.

ھىرەقلى: ئۇ سىلەرنى نېمىگە تەكلىپ قىلىدۇ؟

ئەبۇ سۇفيان: ئۇ بىزگە: «بىرلا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماڭلار، ئاتا ـ بوۋىلىرىڭلاردىن قالغان دىنني تاشلاڭلار» دەيدۇ ۋە ناماز ئوقۇشقا، سەدىقە بېرىشكە، زىنادىن ساقلىنىشقا، سىيلە ـ رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

مانا بۇ سۆزلەردىن كېيىن ھىرەقلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ، ئۇنىڭ دىلى ئىسلامغا مايىل بولدى ۋە ۋەزىرلىرىنى يىغىپ ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ھەققىدە مەسلىھەت سورىغاندا، ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى قوبۇل قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھىرەقلى دۇنيانىڭ ئابرۇيىنى ئاخىرەتتىن ئەۋزەل كۆرۈپ، ئىمان بىلەن مۇشەررەپ بولالماي ئىسلامدىن مەھرۇم قالدى. ئاللاھ خاھلىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىسراغا مەكتۇپ يوللىشى

www.islamyoli.net

ئۇ زامانلاردا ئىراننىڭ پايتەختى مەديەن شەھىرى ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزاپە مەديەنگە بېرىپ كىسرانىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ مەكتۇپنى تاپشۇردى. بۇ مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «بۇ مەكتۇپ ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدتىن ئىراننىڭ كاتتىسى كىسراغا. توغرا يولغا كىرىپ ئاللاھ تائالاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاللاھ تائالادىن باشقا ھەقىقىي مەبۇد يوق، ئۇنىڭ شېرىكى يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بەرگەنلەرگە سالام. مەن سېنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىمەن. چۈنكى مەن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرمەن. مەن ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرىمەن. مېنى ئىنكار قىلغانلارغا ئازاب كېلىدىغانلىقى بىلەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرىمەن. ئىسلامنى قوبۇل قىلساڭ سالامەت بولىسەن. ئەگەر قوبۇل قىلمىساڭ پۈتۈن مەجۇسىلارنىڭ گۇناھى ساڭا بولىدۇ.»

كىسرا مەكتۇپنى ئوقۇپ، تەكەببۇرلۇق ۋە مەغرۇرلۇق قىلىپ ناھايىتى ئاچچىقلاپ، مەكتۇپنى يىرتىپ تاشلىدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرەپتىن كەلگەن ئەلچىگە: «ئەگەر ئەلچىنى ئۆلتۈرۈش جائىز بولسا ئىدى، سېنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان بولاتتىم» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىسرانىڭ بۇ مۇئامىلىسىنى ئاڭلاپ: «ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ مۈلكىنى پارچە - پارچە قىلىپ يوقاتسۇن» دەپ دۇئا قىلدى. دەرۋەقە ئۇزۇن ئۆتمەي ئىران مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن پەتھى قىلىنىپ، كىسرانىڭ پادىشاھلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. كىسرا چوڭچىلىقىدىن ئۆزىنىڭ بۇ قىلمىشىغا قانائەت قىلماي، ھەبەشىستاندىكى بىر ۋالىيسىغا: «مۇھەممەدنى تۇتۇپ، ماڭا ئەۋەتىپ بەر» دەپ مەكتۇپ يازدى. ئەرەب تارىخچىلىرىنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا مەزكۇر ۋالى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىككى كىشىنى ئەۋەتىپ ئۇلار بىلەن بىللە كىسرانىڭ قېشىغا بېرىشقا ئەمرى قىلغان. ئەگەر ئىتائەت قىلمىسا ئۆلتۈرىمەن دەپ تەھدىت سالغان. ئۇلار كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا كىسرانىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى خەۋەر بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ھەبەشىستاندىن كەلگەن ئۇ ئىككى كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىسىگە قايىل بولۇپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلغان. ئۇلار قايتىپ بېرىپ، بۇ ۋەقەنى ۋالىيغا خەۋەر قىلغاندا، كىسرانىڭ ئۆلگەنلىكى راست چىقىپ، ۋالىمۇ مۇسۇلمان بولغان.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەجاشىغا مەكتۇپ يوللىشى

نەجاشىغا ئەۋەتىلگەن ئەمر ئىبنى ئۇمەييەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى ئىشقا بۇيرۇغان ئىدى. بىرى: مەكتۇپنى تاپشۇرۇش. يەنە بىرى: ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەربىنىڭ قىزى ئۇممى ھەبىبەنى نىكاھىغا ئېلىش ئۈچۈن نەجاشىنى ۋاستە قىلىش ۋە ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان كىشىلەرنى مەدىنىگە يولغا سېلىپ قويۇشنى تەلەپ قىلىش ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نەجاشىغا يەنە ئۆشبۇ خۇسۇستا مەكتۇپ يازغان ئىدى. ئەمرى ھەبەشىستانغا بېرىپ نەجاشىغا مەكتۇپنى تاپشۇردى. مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «بۇ مەكتۇپ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدتىن ھەبەشنىڭ كاتتىسى نەجاشىغا. مەن ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ئېيتىمەنكى، ئۇ زاتتىن باشقا مەبۇد يوقتۇر. ئۇ پادىشاھتۇر، پاكتۇر، سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەمىن قىلغۇچىدۇر ۋە ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر. مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئىيسا ئىبنى مەريەم ئاللاھنىڭ روھى ۋە كەلىمىسىدۇر. ئاللاھ تائالا ئۇ

www.islamyoli.net

روھنى پاك ـ پاكىزە دۇنيادىن كەتكەن مەريەمگە ئەۋەتكەن، مەريەم ئۇ روھ بىلەن ھامىلىدار بولغان. ئاللاھ تائالا ھەزرىتى ئادەمنى ئۆز قۇدرىتى بىلەن ياراتقىنىدەك، ھەزرىتى ئىيسانىمۇ روھ ۋە نەپخە (پۈۋدەش) تىن ياراتتى. ئى نەجاشى! سېنى شېرىكى يوق تەنھا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا، بۇ ھەقتە ماڭا ئەگىشىشكە ۋە ماڭا كەلگەن نەرسىلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىمەن. مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىمەن. مەن سېنى ۋە ساڭا ئەگەشكەن كىشىلەرنى ئاللاھ تائالاغا دەۋەت قىلىمەن. مەن سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزدۈم ۋە نەسىھەت قىلدىم. قوبۇل قىلساڭلار، سالامەتلىك ھىدايەتكە ئەگەشكۈچىلەرگە بولسۇن!»

نەجاشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەكتۇپىنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئۇممى ھەبىبەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋاكالىتەن نىكاھلاندۇردى. ئۇممى ھەبىبە ئەسلىدە ئىرى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى جەھشى بىلەن مەككىدىن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇبەيدۇللاھ ھەبەشىستاندا ناسارا دىنىغا كىرىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇممى ھەبىبە تۇل قالغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆز ۋەتىنىنى تاشلاپ، ياقا يۇرتلارغا ھىجرەت قىلغان ۋە ئېرىدىن ئايرىلىپ كۆڭلى سۇنغان، شەرەپ ئىگىسى بىر ئايالغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ئۆز نىكاھىغا ئالغان ئىدى.

نەجاشى ساھابە كىراملارنى كېمىگە سېلىپ ئۇزىتىپ قويىدى. ئۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلدىمۇ؟ ياكى قوبۇل قىلمىدىمۇ؟ بۇ ھەقتە ئىختىلاپ بار. ئىسلام تارىخچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى مەزكۇر نەجاشىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابە كىراملارغا ئۇسھەمە ئىسىملىك بىر نەجاشىنىڭ ۋاپات قىلغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ نامىزىنى ئوقۇغانلىقى سەھىھۇلبۇخارىدا زىكىر قىلىنىدۇ. يۇقىرىقى مەكتۇپ تاپشۇرۇش جەريانىدىن ئەمر ئىبنى ئۇمەييە ئەلچى بولۇپ مەكتۇپ ئېلىپ بارغان نەجاشىنىڭ مۇسۇلمان بولمىغانلىقى چىقىدۇ. ئىبنى قەييۇممۇ مۇسلىمنىڭ ھەدىسىنى دەلىل قىلىپ «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەكتۇپ ئەۋەتكەن نەجاشى مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان كەلتۈرۈپ ساھابىلەرنى ھىمايە قىلغان، پەيغەمبىرىمىز جىنازا نامىزىنى ئوقۇغان نەجاشى ئۇ نەجاشى ئەمەس دەيدۇ.» ئىبنى ھەزىممۇ شۇ قاراشتا. دەرۋەقە شۇنداق بولسا كېرەك. چۈنكى نەجاشىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، پەيغەمبىرىمىزگە جاۋابەن مەكتۇپ ئەۋەتكەنلىكى ئەقلەن ۋە نەقلەن سابىت ئەمەس. ئەقلەن سابىت ئەمەس دېگىنىمىز ــ ئەگەر ئۇ ئىش يۇقىرىقىدەك بولسا ئىدى، ھەبەشىستان بىلەن مەدىنە ئوتتۇرىسىدا باشقىچە مۇناسىۋەت بولغان بولاتتى. ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغانلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ يەردە ئىسلامنىڭ تەسىرى قالمىغانلىقىنى تارىخچىلار بايان قىلىدۇ.

تارىخچىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغان پادىشاھ ۋە ئەمىرلەرگە دىنىي تەلىم بېرىش ۋە زاكات ئېلىش ئۈچۈن ئادەملەرنى ئەۋەتكەنلىكىنى زىكىر قىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ھەبەشىستانغا بۇ ھەقتە ئادەم ئەۋەتكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. ئەگەر ھەبەشىستان ھۆكۈمدارى ئىسلامنى قوبۇل قىلغان بولسا، بۇ ھەقتە بىرەر سۆز بولغان بولاتتى. ئەمما نەقلەن سابىت ئەمەس دېگىنىمىز ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلچى ئەۋەتكەن نەجاشىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقى ھەققىدە ئىشەنچلىك رىۋايەت يوق. ئەمما تارىخچىلارنىڭ مەكتۇپ ئەۋەتكەن نەجاشى ئىسلامنى قوبۇل قىلغان دېگەن سۆزلىرىنى «زادۇلمەئاد» دېگەن كىتابنىڭ مۇئەللىپى ئىبنى

www.islamyoli.net

قەييۇم رەت قىلىپ، «ئۇلارنىڭ سۆزلىرى ئاساسسىزدۇر» دەيدۇ. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «سالىھ كىشى» دەپ تەرىپلىگەن ۋە جىنازا نامىزى ئوقۇغان نەجاشى بۇ نەجاشى ئەمەس. نامىزى ئوقۇلغان نەجاشى بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇشىنىڭ بەشىنچى يىلى ھىجرەت قىلغان ساھابىلەرنى ھىمايە قىلغان ۋە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغان نەجاشىدۇر. ئەمما ئۇنىڭمۇ ئاشكارا سۈرەتتە مۇسۇلمان بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ۋەھيي ئارقىلىق بىلگەن.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىسر كاتتىسى مۇقەۋقىسقا مەكتۇپ يوللىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا مىسر شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىگە تەۋە بولۇپ، مۇقەۋقىس رىم ئىمپېراتورى تەرىپىدىن تەيىن قىلىنغان ۋالىي ئىدى. ئۇ قىبتى بولۇپ، ئىسكەندىرىيە شەھرىدە تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىسى ھاتەپ ئىسكەندىرىيەگە بېرىپ، مۇقەۋقىسكە مەكتۇپنى تاپشۇردى. ئۇ مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «بۇ مەكتۇپ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى مۇھەممەدتىن قىبتىلارنىڭ كاتتىسى مۇقەۋقىسكە. توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام. مەن سېنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىمەن. ئىسلامغا كىرسەڭ سالامەت بولىسەن. ئاللاھ تائالا ساڭا ئەجرىڭنى ئىككى ھەسسە بېرىدۇ. ئەگەر قوبۇل قىلمىساڭ قىبتى خەلقىنىڭ گۇناھى ساڭا بولىدۇ. ئى ئەھلى كىتاب! سىلەر بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇشتەرەك بولغان ئورتاق بىر سۆزگە كېلىڭلار، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمگە ئىبادەت قىلمايلى! ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيلى! ئۇنىڭدىن باشقا بىر ـ بىرىمىزنى ئىلاھ قىلىۋالمايلى! ئەگەر ئەھلى كىتاب بۇ سۆزنى قوبۇل قىلمىسا بىزلەر مۇسۇلمان بولدۇق، سىلەر بۇنىڭغا گۇۋاھ بولۇڭلار دەڭلار!»

مۇقەۋقىس ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىنى پەۋقۇلئاددە ئىھتىرام بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئىككى نەپەر چىرايلىق قىز، بىر قېچىر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان ھەدىيىلەرنى ئەۋەتتى. ئۇ قىزلارنىڭ بىرى مارىيە، يەنە بىرى سىرىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مارىيەنى نىكاھىغا ئېلىپ ئۇنىڭدىن ئىبراھىم دېگەن ئوغلى تۇغۇلدى. سىرىننى ھەسسان ئىبنى سابىتقا ھەدىيە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ھەزرىتى ئەلى مىنىپ يۈرگەن «دۇلدۇل» دەپ ئاتالغان قېچىر، مۇقەۋقىس پەيغەمبىرىمىزگە ھەدىيە قىلغان ئاشۇ قېچىر ئىدى.

مۇقەۋقىسنىڭ پەيغەمبىرىمىزگە ئەۋەتكەن مەكتۇپىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھقا قىبتى قەۋمىنىڭ كاتتىسى مۇقەۋقىستىن. سالامدىن كېيىن، مەكتۇپىڭنى ئوقۇدۇم ۋە نېمە دېگىنىڭنى، نېمىگە دەۋەت قىلغىنىڭنى ئاڭلىدىم. مەن بىر پەيغەمبەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. لېكىن شامدىن چىقىشى مۇمكىن دەپ ئويلايتتىم. ئەۋەتكەن ئەلچەڭنى ئىھتىرام قىلدىم ۋە ساڭا قىبتى خەلقىنىڭ ئارىسىدا يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئىككى قىزنى ۋە بىرمۇنچە كىيىم ـ كېچەك ۋە مىنىشىڭ ئۈچۈن بىر قېچىر ئەۋەتتىم.» ئەلچى مۇقەۋقىسنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇ قولۇمدىن ھۆكۈمرانلىق كېتىپ قالىدۇ دەپ قورقۇپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلمىدى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بەرىبىر قولىدىن كېتىدۇ» دېدى. دەرۋەقە ئۇزۇن ئۆتمەي مىسر مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن پەتھى قىلىندى.

www.islamyoli.net

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غەسسان ئەمىرىگە مەكتۇپ يوللىشى

غەسسان ئەمىرىنىڭ ئىسمى جەبەلە بولۇپ، ئۇ دەمەشقتە تۇراتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەلچىسى شۇجا ئىبنى ۋەھب مەكتۇپنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. مەكتۇپ «بىر ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىش، ئەگەر قوبۇل قىلمىغاندا ئۇنىڭ مۈلكىنىڭ زايىل بولۇپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش» مەزمۇنىدا ئىدى. جەبەلە مەكتۇپنى ئوقۇپ دەرغەزەپ بولۇپ، مەكتۇپنى يەرگە تاشلىدى ۋە مەدىنىگە ھۇجۇم قىلماقچى بولدى. ئەمما ھىرەقلى ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلمىغاچقا، ئەلچىگە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ھەدىيە بىلەن يولغا سالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قىلغان نامۇۋاپىق مۇئامىلىسىنى ئاڭلاپ: «ئۇنىڭ مۈلكى زايىل بولسۇن!» دەپ دۇئا قىلدى.

تارىخچىلارنىڭ كۆپرەكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ شۇجا ئىبنى ۋەھبنى ھارىس ئىبنى ئەبى شەمىرلغەسسانىگە ئەۋەتكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئەمما ئىبنى ھىشام ئۇنى ۋەھب ئىبنى ئەيھەمگە ئەۋەتكەن دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. «زادۇلمەئاد»تىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. ئىبنى ئىسھاقنىڭ رىۋايىتىدىمۇ ئۇنىڭ جەبەلەگە ئەۋەتىلگەنلىكى مەلۇمدۇر. «قامۇسۇلئەئلام» نىڭ مۇئەللىپى مۇنداق دەيدۇ: «ھارىس ئىبنى ئەبى شەمىرنىڭ تەرجىمھالى ئېنىقلىنىپ، ئۇنىڭ قاچان ۋاپات بولغانلىقى مەلۇم بولسا، ھەقىقەت ئاشكارا بولۇپ، ئىبنى ھىشامنىڭ سۆزى توغرا چىقسا كېرەك، چۈنكى ئۇشبۇ رىسالىدە يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان سۆزگە قارىغاندا، ھارىس پەيغەمبىرىمىز ئەتراپتىكى پادىشاھ ۋە ئەمىرلەرگە مەكتۇپ يوللىغان يىلدا ھايات ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئەرەب تارىخچىلىرى غەسسان ئەمىرلىكى ھەققىدە سۆزلىگەندە، ھارىسنى نەچچە جايدا زىكىر قىلىدۇ ۋە ئۇنى ‹ھىرە ھۆكۈمدارى مۇنزىر بىلەن بىر زاماندا ئۆتكەن بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولغان› دەپ يازىدۇ. ۋەھالەنكى، مۇنزىر ئىران پادىشاھلىرىدىن ئانۇشىرۋان زامانىدا ياشاپ، شۇ زاماندا ۋاپات بولغان. ئەينى ئەبباخ ۋەقەسى مەزكۇر مۇنزىر بىلەن ھارىسنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان ۋەقە ئىدى. بۇ ۋەقە يۈز بەرگەندە ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ياشىنىپ قالغان ئىدى. ئۇنداق بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەكتۇپ ئەۋەتكەن يىلى ھارىسنىڭ ھايات بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراقتۇر. بەزىلەر ‹ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ھارىس بار بولۇپ، ئۇمۇ ھۆكۈمدار ئىدى›، دەيدۇ.»

خرىستىئان تارىخچىلىرىدىن جۇرجى زەيدان «ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ئەرەبلەر» دېگەن كىتابىدا غەسسانلار ھەققىدە كۆپ مەلۇماتلارنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ دېيىشىچە ھارىس رۇم ھۆكۈمرانلىرىنىڭ دەۋىتى بىلەن ئىستانبۇلغا بارغان ۋە 569 ـ يىلى ۋاپات بولغان. بۇنىڭغا قارىغاندا ھارىسنىڭ پەيغەمبىرىمىز مەكتۇپ يازغاندا ھايات ئەمەسلىكى مەلۇم بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇنىڭغا مەكتۇپ يازغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەت توغرا بولمىسا كېرەك، چۈنكى ھارىسنىڭ مۇنزىر ئىسىملىك ھۆكۈمران ئوغلى يوق. ئۇنىڭ ئوغلى جەبەلەنىڭ مۇنزىر ئىسىملىك ئوغلى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھۆكۈمران بولمىغان ئىدى. يۇنان تارىخچىلىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا مۇنزىر ئىسىملىك بىر ھۆكۈمدار بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ 582 ـ يىلى ۋاپات بولغان. شۇڭا بىز ئىبنى ھىشامنىڭ سۆزىنى كۈچلۈك دەپ قاراپ، شۇجا ئىبنى جەبەلەگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەن دەپ زىكىر قىلدۇق.

www.islamyoli.net

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەھرەين ۋالىسىغا مەكتۇپ يوللىشى

بەھرەين ۋالىسى مۇنزىر ئىبنى ساۋى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ، تەخىر قىلماي ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. ئۇ زات ئۇز قەۋمىدىن ئىسلامنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئەھلى كىتاب ۋە مەجۇسىيلاردىن باشقا ھەممىسى قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان ئەھلى كىتاب ۋە مەجۇسىيلار ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇيرۇق سوراپ مەكتۇپ يازدى. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەكتۇپلىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنى بەھرەين خەلقىگە ئوقۇۋىدىم، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن كۆپلىرى ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. بىر قىسمى قوبۇل قىلمىدى. ئۇلار مېنىڭ زېمىنىمدا ياشايدىغان يەھۇدىي ۋە مەجۇسىيلار، مەن ئۇلارنى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ بۇ ھەقتە بۇيرۇقلىرىنى كۈتىمەن.» پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ مەكتۇپىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭغا ۋەز - نەسىھەت قىلىپ، يەھۇدىي ۋە مەجۇسىيلاردىن جىزيە ئېلىشقا بۇيرۇدى ۋە ئۇنى ئۇز مەنسىپىدە قويۇپ، ئەگەر دىنىنى ئۆزگەرتمىسىلا مەنسىپىدىن ئېلىۋەتمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، مەكتۇپ يازدى. شۇنىڭ بىلەن بەھرەين زېمىنىدا ياشايدىغان يەھۇدىي ۋە مەجۇسىيلاردىن بالاغەتكە يەتكەن ھەر بىر كىشىگە بىر تىللا ئالتۇن جىزيە تەيىن قىلىندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەمر ئىبنى ئاسنى بىر مەكتۇپ بىلەن ئۇمماننىڭ ئەمىرلىرى جەئپەر ۋە ئەبدىلەرگە ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ مەكتۇپنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «بۇ مەكتۇپ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى مۇھەممەددىن ئۇممان ئەمىرلىرى جەئپەر بىلەن ئەبدىلەرگە. توغرا يولغا ئەگەشكۈچىلەرگە سالام. مەن سىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىمەن. ئىسلامنى قوبۇل قىلساڭلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سالامەت بولىسىلەر. مەن ئىنسانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش، ئىنكار قىلغانلارنى ئازاب بىلەن قورقۇتۇش ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن پۈتۈن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن. ئەگەر مۇسۇلمان بولساڭلار مەنسىپىڭلاردا قېلىۋېرىسىلەر، بولمىسا مۈلكۈڭلار زايىل بولىدۇ. مېنىڭ ئەسكەرلىرىم سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلارغا بېرىپ، مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى ئىزھار قىلىدۇ.»

ئۇلار ئاۋۋال ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن پەيغەمبىرىمىز تەرەپتىن ئەلچى بولۇپ كەلگەن ئەمر ئىبنى ئاس كۆپ دەلىل - ئىسپاتلار بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ پەزىلەتلىرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن قانائەتلىنىپ مۇسۇلمان بولدى. ھەزرىتى ئەمر ئىبنى ئاس پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغۇچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بولدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەلىت ئىبنى ئەمرنى بىر پارچە مەكتۇپ بىلەن يەمامە ئەمىرى ھەۋزە ئىبنى ئەلىگە ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇ مەكتۇپتا ئاۋۋال ھەۋزەنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. ئەگەر قوبۇل قىلسا مەنسىپىدە تۇرۇۋېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى. بولمىسا مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئۇنىڭ يۇرتى پەتھى قىلىنىپ، مۈلكى زايىل بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئاگاھلاندۇردى. ھەۋزە مەكتۇپنى ئېلىپ كەلگەن سەلىت ئىبنى ئەمرگە ھۆرمەت قىلىپ، بىرمۇنچە ھەدىيىلەر بىلەن پەيغەمبىرىمىزگە جاۋاب يازدى. ئۇ جاۋابىدا: «پەيغەمبىرىمىزگە تەۋە بولغان يەرلەرگە مەنمۇ شېرىك بولسام ئىسلامنى قوبۇل قىلىمەن» دەپ قەيت قىلىپ قويىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ: «ئەگەر ئۇ مەندىن بىر غېرىچ يەر سورىسىمۇ بەرمەيمەن، ئۇ ئۆز - ئۆزىنى ھالاك قىلدى. مۈلكى ھەم

www.islamyoli.net

زايىل بولدى» دېدى. ھەۋزە پەيغەمبىرىمىز مەككىنى پەتھى قىلىپ قايتقاندا ۋاپات بولدى. ئۆزۈن ئۆتمەي يەمامە ۋىلايىتى مۇسۇلمانلار قولىغا ئۆتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر بىر قەۋم ئىسلامنى قوبۇل قىلسا، ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ كاتتىسىنى ۋالى قىلىپ تەيىنلەيتتى.

مۇشۇ يىلى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئانىسى ئۇممى رۇمان ۋاپات بولغان دېيىلىدۇ. بەزىلەر يەتتىنچى يىلى ۋاپات بولغان دەيدۇ.

## خەيبەر ئۇرۇشى

ھىجرىيىنىڭ يەتتىنچى يىلى مەشھۇر خەيبەر ئۇرۇشى يۈز بەردى. خەيبەر بولسا، مەدىنىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى بىر جاي بولۇپ، ئۇ يەردە يەھۇدىيلار ياشايتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھەررەم ئېيىدا بىر مىڭ تۆت يۈز كىشىلىك ھەربىي قوشۇننى باشلاپ خەيبەرگە راۋان بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھۇدەيبىيەگە ھازىر بولغان سەھرا ئەرەبلىرىمۇ بار ئىدى. ھۇدەيبىيەگە ھازىر بولمىغان سەھرا ئەرەبلىرىدىن كۆپ كىشىلەر بۇ ئۇرۇشقا چىقىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ مەقسىتىنىڭ پەقەت غەنىمەت ئېلىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇلارغا «خاھلىساڭلار چىقىڭلار، خاھلىساڭلار چىقماڭلار، سىلەرگە بەرىبىر غەنىمەت بېرىلمەيدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار چىقمايدىغان بولدى. بۇ ئۇرۇشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن بىر قانچىسى بىرگە چىققان ئىدى. مەدىنىدە سىبا ئىبنى ئەرپەتەلغىپارى نائىب بولۇپ قالدى. يولدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئامىر ئىبنى ئەكۋەئىكە شېئىر ئوقۇشنى بۇيرۇغانلىقى ۋە ئامىرنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇيرۇقى بويىچە چىرايلىق ئاۋاز بىلەن شېئىر ئوقۇپ ماڭغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئىسلام قوشۇنى تاڭ بىلەن تەڭ «ئەتفان» دېگەن قەبىلە بىلەن خەيبەر ئارىسىدىكى «رەجىئ» دېگەن بىر جايغا چۈشۈپ ئورۇنلاشتى. ئۇلارنىڭ بۇ جاينى تاللىشى، ئەتفان قەبىلىسىنىڭ خەيبەرگە ياردەم قىلىش يولىنى كېسىش ئۈچۈن ئىدى. خەيبەر يەھۇدىيلىرى ئەتىگىنى سايمانلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئىشقا چىققان ۋاقتىدا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەسكەرلىرىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتىن تەشۋىشكە چۈشۈپ قېلىشتى. ئۇلار قېچىپ قورغانلىرىغا كىرىۋېلىشتى.

خەيبەر شەھىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا نىتاق، شىق، كەسىبە ناملىق ئۈچ قورغاندىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنىڭ ئاۋۋالقىسى ھېسنى نائىم، ھېسنى سەئەب، ھېسنى پەللەھ ناملىق ئۈچ سېپىلدىن قۇرۇلغان ئىدى. ئىككىنچىسى ھېسنى ئۇبەي، ھېسنى بەررى ناملىق ئىككى سېپىلدىن قۇرۇلغان ئىدى. ئۈچىنچىسى ھېسنى قەمۇس، ھېسنى ۋەتى، ھېسنى سەلالىم ناملىق ئۈچ سېپىلدىن قۇرۇلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدى بىلەن بىرىنچى قورغاننى مۇھاسىرە قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئوق يەتمەيدىغان بىر جايغا ئورۇنلاشتى. دۈشمەنلەر تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولامدىكىن دېگەن مەقسەت بىلەن خورما دەرەخلىرىنى كېسىپ تاشلاشقا بۇيرۇدى. تۆت يۈز تۈپتەك خورما دەرىخى كېسىپ تاشلانغان بولسىمۇ، نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن، كېسىشنى توختىتىپ سېپىلغا ئوق ئېتىشقا بۇيرۇدى. مۇھاسىرىگە ئالتە كۈن بولغان بولسىمۇ ھېچ بىر پايدىسى بولمىدى. بۇ چاغدا پەيغەمبىرىمىز بايراقنى ساھابىلەرگە نۆۋەت بىلەن تۇتقۇزاتتى. كېچىسى ئەسكەرلەرنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن

www.islamyoli.net

ئادەم قويۇلاتتى. ئالتىنچى كېچىسى مۇھاپىزەت قىلىش ھەزرىتى ئۆمەرگە كەلگەن بولۇپ، بۇ كېچىسى ھەزرىتى ئۆمەر قورغاندىن چىققان بىر يەھۇدىينى تۇتۇۋېلىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ يەھۇدىي «ماڭا ئامانلىق بەرسەڭ بەزى سىرلارنى ئېيتىپ بېرىمەن» دېدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا ئامانلىق بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «يەھۇدىيلار قورغان ئىچىدە ناھايىتى دەككە ـ دۈككىدە قالدى ۋە باللا ـ چاقىلىرىنى باشقا بىر قورغانغا يۆتكەپ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ، ئەتە سىلەر بىلەن ئۇرۇشقا چىقماقچى. ئەگەر ئاشۇ قورغاننى قولغا چۈشۈرەلىسەڭلار، ئۇ يەردىكى تۆمۈر كىيىم، قىلىچ، مانجانىق قاتارلىق قوراللار ساقلىنىدىغان ئامبارنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىمەن، مانا بۇلارنى ئولجا ئالالىساڭلار باشقا قورغانلارنى ئېلىش ناھايىتى ئاسان بولىدۇ» دېدى. شۇ كېچىسى پەيغەمبىرىمىز «ئەتە مەن بايراقنى ئاللاھنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرىدىغان، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان بىر كىشىگە تۇتقۇزىمەن» دېدى. ئەتىسى ئەتىگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايراقنى ھەزرىتى ئەلىگە تۇتقۇزدى. شۇنىڭ بىلەن قوشۇن قورغانغا يېقىنلىشىشقا باشلىدى. ھەر ئىككى تەرەپ ئەسكەرلىرىنى سەپكە تىزىپ تەييار بولغاندا، يەھۇدىيلاردىن بىرى مەيدانغا چىقىپ ئېلىشىشنى تەلەپ قىلدى. ھەزرىتى ئەلى دەرھال مەيدانغا چۈشۈپ، ئېلىشىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى. ئاندىن كېيىن دۈشمەننىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك باتۇرى مەرھەب دېگەن يەھۇدىي چىقىپ ئېلىشىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇنىڭغا قارشى مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە مەيدانغا چۈشتى. ئۇلار بىر پەس ئېلىشقاندىن كېيىن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە يەھۇدىينى ئۆلتۈردى. بۇنى كۆرۈپ مەرھەبنىڭ قېرىندىشى ياسىر مەيدانغا چۈشتى. بۇنىڭغا قارشى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام مەيدانغا چۈشۈپ، ئۇنىمۇ ئۆلتۈردى. ئاندىن كېيىن ئىسلام قوشۇنى ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، قورغانغا بېسىپ كىردى. دۈشمەنلەر ھېسنى سەئب دېگەن قورغان تەرەپكە قېچىشتى. مۇسۇلمانلار قوغلاپ كەلدى. بۇ يەردە دۈشمەنلەر ناھايىتى جاھىللىق بىلەن ئۇرۇشقاچقا ئىسلام ئەسكەرلىرى يېڭىلىشقا تاس قالدى. دەل شۇ پەيتتە ھەبباب ئىبنى مۇنزىر باشلىق بىر قانچە كىشىنىڭ ناھايىتى باتۇرلۇق كۆرسىتىشى بىلەن ئۇ قورغاننىمۇ قولغا كەلتۈردى. بۇ قورغاندا ئىسلام ئەسكەرلىرى نۇرغۇنلىغان قورال ـ ياراقلارنى غەنىمەت ئالدى. ئاندىن كېيىن يەھۇدىيلار ھېسنى پەللەگە قېچىپ كىرىشتى. ئىسلام ئەسكەرلىرى قوغلاپ كېلىپ، بۇ قورغاننى مۇھاسىرە قىلدى. ئۇ يەردە دۈشمەنلەر پەۋقۇلئاددە جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالغاچقا مۇھاسىرە ئۈچ كۈن داۋاملاشقان بولسىمۇ، ھېچبىر نەتىجە كۆرۈلمەي، تۆتىنچى كۈنى ئەسىرگە چۈشكەن بىر نەپەر يەھۇدىينىڭ دالالىتى بىلەن، قورغانغا ئېقىپ كىرىدىغان سۇنى توسۇپ، دۈشمەنلەرنى قورغاندىن چىقىشقا مەجبۇر قىلدى. دۈشمەنلەر قورغاندىن چىقىپ قارشىلىق كۆرسىتەلمەي ھېسنى شىق دېگەن قورغانغا قېچىپ كىرىۋالدى. مۇسۇلمانلار قوغلاپ بېرىپ مۇھاسىرە قىلدى. بىر قانچە كۈن ئۇرۇش قىلىپ ئېغىر چارچاپ كەتكەن ھەمدە مۇھاسىرە ئاستىدا ئاجىزلاپ قالغان دۈشمەنلەر ھەر قانچە كۈچ كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئاخىرى مەغلۇپ بولۇپ، ھېسنى بەرگە قېچىپ كىرىۋالدى. ھېسنى بەرنى ئىگىلەشتە ئەبۇ دۇجانەتلئەنسارى دېگەن كىشى ناھايىتى باتۇرلۇق كۆرسەتكەن ئىدى. ھېسنى بەر دېگەن قورغاننىڭ ئىچىدىكى دۈشمەنلەر ناھايىتى جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، مانجانىق ئىشلىتىش لازىم بولۇپ، ئاخىرى دۈشمەنلەرنىڭ قارشىلىشىشقا ماجالى قالماي ھېسنى كەسىبگە چېكىندى. ھەممىدىن ئىلگىرى ھېسنى كەسبە قورغانلىرىدىن ھېسنى قۇمۇس قورغىنى مۇھاسىرە قىلىندى. بۇ

www.islamyoli.net

قورغان خەيبەر قورغانلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى ۋە ئەڭ مۇستەھكەمى ئىدى. شۇڭا ئىسلام ئەسكەرلىرى بۇ قورغاننى مۇھاسىرە قىلىشتا ناھايىتى جاپا چەكتى. يىگىرمە كۈن داۋام قىلغان مۇھاسىرىدىن كېيىن ھەزرىتى ئەلىنىڭ باشچىلىقىدا بۇ قورغانمۇ ئىشغال قىلىندى. بۇ قورغاندا ھۆيەيي ئىبنى ئەختەپنىڭ قىزى سەپىيە ئەسىرگە ئېلىندى. ئاندىن كېيىن قېپقالغان ئىككى قورغاننى مۇھاسىرىگە ئالغان بولسىمۇ، دۈشمەنلەر ھېچ قارشىلىق كۆرستەلمەيي سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلىپ تەسلىم بولدى. بۇ قورغانلاردا يۈز دانە تۆمۈر چاپان، تۆت يۈز دانە قىلىچ، يۈز دانە نەيزە، بەش يۈز دانە ئوقيا غەنىمەت ئېلىندى.
خەيبەر يەھۇدىيلىرى ئۈستىدىكى كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن باشقا ھېچنەرسە ئالماستىن، پەقەت بالا ـ چاقىلىرىنىلا ئېلىپ خەيبەردىن چىقىپ كېتىش شەرتى بىلەن سۈلھى قىلىندى. كېيىن يەھۇدىيلارنىڭ ئىلتىجاسى بىلەن خەيبەرنىڭ يىللىق مەھسۇلاتىنىڭ يېرىمىنى مۇسۇلمانلارغا تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ خەيبەردە قېلىشىغا رۇخسەت قىلدى. لېكىن مۇسۇلمانلار خاھلىغان ۋاقىتتا ئۇلارنى خەيبەردىن قوغلاپ چىقىرىش شەرتى بىلەن سۈلھى ئىمزالاندى.
خەيبەر پەتھى قىلىنىپ سۈلھى تامام بولغاندىن كېيىن، سالام ئىبنى مىشكەم دېگەن يەھۇدىينىڭ ئايالى زەينەپ بىنتى ھارىس دېگەن ئايال قوي گۆشى پىشۇرۇپ ئېلىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرگە تەقدىم قىلدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ گۆشتىن بىر لوقما ئاغزىغا سېلىش بىلەن بۇ گۆشكە زەھەر سېلىنغانلىقىنى بىلىپ تۈكۈرۈپ تاشلىدى ۋە ساھابىلەرنى يېيىشتىن توستى. ئاڭغىچە ساھابىلەردىن بىشر ئىبنى بەرا دېگەن كىشى بۇ گۆشتىن بىر ئاز يەپ سالغاچقا زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ كەتتى. پەيغەمبىرىمىز ھېلىقى ئايالنى چاقىرىپ، بۇ قىلمىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا ئۇ ئايال «ئەگەر ھەقىقىي پەيغەمبەر بولسا ئۇنىڭغا زىيان يەتمەيدۇ، ئەگەر يالغانچى بولغان بولسا ئۇنىڭدىن قۇتۇلىمىز دەپ شۇنداق قىلدىم» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايالنى ئاۋۋال كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن بىشر ئىبنى بەرا دېگەن ساھابە ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ قىساسى ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈردى. بۇ زەھەر پەيغەمبىرىمىزگىمۇ ئازراق تەسىر قىلغان بولۇپ، ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ دەردىنى تارتقانلىقى، ھەتتا ۋاپات بولۇشىنىڭ ئالدىدا بۇ ئىشنى يادىغا ئېلىپ، كېسەلنى شۇ زەھەرنىڭ تەسىرىدىن بولغان دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.
ئىسلام ئەسكەرلىرى خەيبەر ئۇرۇشىدىن قايتقاندا مەككىدىن خالىد ئىبنى ۋەلىد، ئەمر ئىبنى ئاس، ئوسمان ئىبنى ئەبى تەلھەلەر مەدىنىگە كېلىپ ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. بۇنى كۆپلىگەن تارىخچىلار زىكىر قىلىدۇ. لېكىن ئىبنى ئەسىر ئۇلارنى ھىجرىيىنىڭ سەككىزىنچى يىلى مۇسۇلمان بولغان دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابە كىراملار ئۇلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن ناھايىتى خۇرسەن بولۇشتى. چۈنكى بۇ ئۈچ كىشىنىڭ ھەر بىرى مەككىنىڭ كاتتىلىرىدىن ئىدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد بولسا تەڭداشسىز باتۇر ئىدى. ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە بىر كىتاب يېزىلىشى كېرەك. ئۇنى تەرىپلەش بۇ رىسالىمىزغا سىغمايدۇ. ئەمر ئىبنى ئاس بولسا ناھايىتى تەدبىرلىك ھەمدە باتۇر كىشى ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇشرىكلاردىن ئايرىلىپ ئىسلام سېپىگە قېتىلىپ كەتكەنلىكى مۇشرىكلار ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ مۇسىبەت ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۈچى ئاجىزلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى تېخىمۇ ئاشقان ئىدى.

www.islamyoli.net

خالىد ئىبنى ۋەلىد پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! مەن سىلىگە قارشى نۇرغۇن ئۇرۇشقا قاتناشتىم، مېنى كەچۈرۈپ ئاللاھتىن ماڭا مەغپىرەت تىلەپ قىلسىلا» دەپ ئىلتىماس قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭغا: «ئىسلام ئىلگىرىكى ئىشلارنى بىكار قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام خالىد ئىبنى ۋەلىد ۋە ئەمر ئىبنى ئاسلارنى نۇرغۇن ئەسكەرلەرگە قوماندان قىلىپ كۆپ قېتىم ئۇرۇشقا ئەۋەتتى.

شۇ يىلى شەئبان ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام نەجدە تەرەپتىكى بەنى پەزارە ئەرەبلىرىگە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ قوماندانلىقىدا بىر ھەربىي قوشۇن ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن بەنى پەزارىگە بېرىپ ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ، غەلىبە قىلىپ بىر بۆلۈك غەنىمەت ۋە ئەسىرلەرنى ئېلىپ مەدىنىگە قايتىپ كەلدى.

بۇ ئاي ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ھەزرىتى ئۆمەرنى قوماندان قىلىپ، مەدىنىنىڭ جەنۇبىدىكى تۇبە دېگەن جايدا ياشايدىغان ھەۋازىن ئەرەبلىرىگە بىر ھەربىي قوشۇن ئەۋەتتى. ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ قېچىپ كېتىشتى. بۇ قوشۇن ئۇرۇش قىلماي بىر بۆلۈك غەنىمەتلەرنى ئېلىپ مەدىنىگە قايتتى.

پەيغەمبىرىمىز نەجدە تەرەپتىكى بەنى مۇھارىب، بەنى سەئلەبە ئەرەبلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشقا تەييار بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، يەتتە يۈز نەپەر ئەسكەر تەييارلاپ ئۇلارغا قارشى ئاتلاندى. مەدىنىدە ئۆز ئورنىغا ھەزرىتى ئوسماننى نائىب قىلىپ قويدى. دۈشمەنلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تاغلارغا قېچىپ كېتىشتى. ئۇلار كېيىن ئىسلام قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلانغان بولىسمۇ، ئۇرۇش قىلىشقا پېتىنالمىدى. مۇشۇ قېتىم دۈشمەنلەرنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قېلىش خەۋپى بولغانلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سالاتىلخەۋپ (خەۋپ نامىزى) دېگەن نامازنى ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ ئۇرۇش «زاتۇررىقا ئۇرۇشى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كۆپىنچە تارىخچىلار بۇ ئۇرۇشنى ھىجرىيىنىڭ تۆتىنچى يىلى يۈز بەرگەن دەيدۇ. ئەمما ئىمام بۇخارى بۇ ئۇرۇش خەيبەر ئۇرۇشىدىن كېيىن بولغان دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. ئىبنى قەييۇم جەۋزىمۇ مۇشۇ پىكىردە. ئۇلارنىڭ پىكرى توغرا بولۇشى مۇمكىن.

ھۇدەيبىيە سۈلھىسى بولۇپ، بىر يىلدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئۆتكەن يىلدىكى ئۆمرىلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن، مەككە مۇكەررەمەگە قاراپ يولغا چىقتى. مەدىنىدە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئورنىدا ئەبۇ زەررىلغىپارى نائىب بولۇپ قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ئاتمىش تۆگە ئېلىۋالدى. بۇ قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇشرىكلارنىڭ خىيانەت قىلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، قىلىچتىن باشقا قورال - ياراقلارنىمۇ ئېلىۋالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام «مەرۇت تەھران» دېگەن جايغا كەلگەندە قۇرەيش مۇشرىكلىرىدىن بىر بۆلۈك كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ تەييارلىق بىلەن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، قاتتىق قورقۇشۇپ قۇرەيش مۇشرىكلىرىغا بېرىپ بۇ ئەھۋالنى يەتكۈزدى. بۇنى ئاڭلاپ قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئىشنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن، مەرەز ئىبنى ھەپس بىلەن بىرقانچە كىشىنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. بۇلار پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ھۇدەيبىيە سۈلھىسىگە خىلاپ ھالدا قورال - ياراق بىلەن كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. پەيغەمبىرىمىز: «قىلىچتىن باشقىنى ئېلىپ كىرمەيمىز» دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ھەرەمگە يېقىن «بەتنى ناجىھ» دېگەن جايدا قىلىچتىن باشقا

www.islamyoli.net

قوراللىرنى قويۇپ، ئۇ قوراللارنى ساقلاش ئۈچۈن ئىككى يۈزچە ئەسكەر قالدۇرۇپ، غايەت زور شان ـ شەۋكەت بىلەن مەككىگە كىردى. بۇلار ئۆمرە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قورال ساقلاپ قالغانلار ئۆمرە قىلدى. شۇ ئەرىقىدە ئۈچ كۈن تۇرۇپ تۆتىنچى كۈنى سۇھەيل ئىبنى ئەمر ۋە ھۇۋەيتەب ئىبنى ئابدۇلئۇززالار كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سۆلھى بويىچە مەككىدىن چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلدى. ھەزرىتى سەئد ئىبنى ئۇبادە: «سېنىڭ بىزنى چىقىرىشقا نېمە ھەققىڭ بار؟» دېگەندە، پەيغەمبىرىمىز سۇھەيلگە: «مەككىدە بىر توي بولماقچى ئىدى، شۇ توينى قىلىپ ئاندىن كەتسەك بولمامدۇ؟» دېدى، ئۇلار بۇنى قوبۇل قىلماي، مۇسۇلمانلارنىڭ قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن بۇنداق جاھىل، كەدەنكەشلەر بىلەن تالىشىپ ئولتۇرماي، ئاللاھ تائالانىڭ «جاھىللاردىن يۈز ئۆرىگىن» دېگەن ئەمرى بويىچە مەككىدىن قايتىپ كەتتى. بۇ ئۆمرە ھۇدەيبىيە ئۆمرىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز مەككىگە كىرىشتىن ئىلگىرى جەئپەر ئىبنى ئەبى تالىپنى ئەۋەتىپ، مەيمۇنە بىنتى ھارىسنى ئۆزىگە سورىدى. مەيمۇنە ئۆز ئىشنى ھەزرىتى ئابباسقا تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئابباس مەيمۇنەنى پەيغەمبىرىمىزگە ياتلىق قىلدى. مەيمۇنە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ كېيىن ئۆيلەنگەن ئايالى ئىدى.

ھىجرىيىنىڭ سەككىزىنچى يىلى سەپەر ئېيىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئەسپان» دېگەن جايغا يېقىن كۇدەي ناملىق بىر جايدا ياشايدىغان بەنى مۇلەۋھ ئەرەبلىرىگە بىر ھەربىي قوشۇن ئەۋەتتى. غالىب ئىبنى ئابدۇللاھ دېگەن كىشى بۇ قوشۇننىڭ قوماندانى ئىدى. ئۇلار يولدا كېتىۋېتىپ مۇسۇلمانلارغا قاتتىق دۈشمەنلىك قىلغان ھارىس ئىبنى مالىك دېگەن كىشنى ئەسىرگە ئالدى. بۇ قوشۇن بەنى مۇلەۋھ زېمىنىغا يېتىپ كەلگەندە ئۇلارنىڭ يوقلىقىنى بىلىپ، ماللىرىنى ھەيدەپ قايتىپ كېتىشتى. ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن نۇرغۇن ئەسكەرلەر بىلەن قوغلاپ چىقتى. ئۇلار ئىسلام ئەسكەرلىرىگە يېتىشىپ قالاي دېگەندە ناھايىتى قاتتىق يامغۇر يېغىپ كېتىپ دۈشمەن ئەسكەرلىرى بىلەن ئىسلام ئەسكەرلىرى ئارىسىدىكى جىلغا سۇ بىلەن تولۇپ كېتىپ، دۈشمەنلەر توسۇلۇپ قالدى. ئاللاھ تائالا ئىسلام ئەسكەرلىرىنى دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە غەنىمەتلەر بىلەن سالامەت قايتىپ كەلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەنى مۇررە ئەرەبلىرىگە بىشر ئىبنى سەئدنىڭ قوماندانلىقىدا بىر بۆلۈك ئەسكەر ئەۋەتكەن ئىدى. بۇ ئەسكەرلەر يېڭىلىپ قايتىپ كەلگەن ئىدى. غالىب ئىبنى ئابدۇللاھ بەنى مۇلەۋھ ئۇستىدىن غەلىبە قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز بۇ كىشنى قوماندان قىلىپ ئىككى يۈز نەپەر ئەسكەرنى بەنى مۇررەگە ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن بەنى مۇررە زېمىنىغا بېرىپ، قاتتىق ئۇرۇشقاندىن كېيىن غەلىبە قازىنىپ، كۆپ غەنىمەت ۋە ئەسىرلەر بىلەن مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلغاندا بۇ قوشۇندىكى ھەر بىر ئەسكەرگە ئوندىن تۆگە تەقسىم بولدى.

شام تەرەپتىكى «زاتى ئىسلاھ» دېگەن جايغا كەئب ئىبنى ئۇمەيرنىڭ قوماندانلىقىدا بىر بۆلۈك ئەسكەر ئەۋەتىلگەن ئىدى. دۈشمەن تەرەپ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئىسلام ئەسكەرلىرى ئاز بولغاچقا بۇلارنىڭ ھەممىسى شېھىد بولۇپ كەتتى. كەئب ئىبنى ئۇمەير يالغۇز ئۆزى ھايات قالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابە كىراملار بۇ ۋەقەگە ناھايىتى قايغۇردى.

www.islamyoli.net

## مۇئتە ئۇرۇشى

بەسرى پادىشاھىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن ھارىس ئىبنى ئۇمەير «مۇئتە» دېگەن جايغا كەلگەندە ئۇنى شۇرەھبىل ئىبنى ئەمىر ئۆلتۈرۈۋەتتى. پەيغەمبىرىمىز بۇنى ئاڭلاپ ناھايىتى قايغۇردى ۋە ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ئەسكەردىن تەركىب تاپقان چوڭ بىر ھەربىي قوشۇن تەييارلاپ، زەيد ئىبنى ھارىسەنى قوماندان قىلىپ ئەۋەتتى ۋە: «زەيد شېھىد بولسا، جەئپەر ئىبنى ئەبى تالىپ قوماندان بولسۇن، ئۇمۇ شېھىد بولسا، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە قوماندان بولسۇن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىراق جايلاردىكى دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇشۇشقا بارىدىغان بۇ غازىلارنى ئۆزى ئۇزىتىپ چىقتى ھەمدە ئۇلارغا: «ئاللاھ تائالانىڭ نۇسرىتىگە تايىنىپ، شامدىكى دۈشمەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىڭلار، ئىبادەتخانىلاردا ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كىشىلەرگە چېقىلماڭلار، ئاياللار، باللار ۋە ياشانغانلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، دەل ـ دەرەخلەرنى كېسىپ تاشلىماڭلار، ئۆي ۋاقىلارنى ئۆرۈمەڭلار!» دەپ ۋەسىيەت قىلدى.

ئىسلام قوشۇنى شامغا قاراشلىق «مەئان» دېگەن جايغا كەلگەندە رۇملۇقلارنىڭ ئۆزىگە تەۋە ئەرەبلەرنى توپلاپ، كۆچلۈك ئەسكەر تەييار قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەر يەتكۈزۈپ ياردەم سوراشنى مەسلىھەتلەشتى. ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە بۇنىڭغا قوشۇلمىدى. ئۇنىڭ تەسىرلىك سۆزلىرى بىلەن بۇ قوشۇن ياردەم تەلەپ قىلىشتىن قايتىپ، دۈشمەن تەرەپكە قاراپ ئاتلاندى. دۈشمەنلەر مەشارىپ دېگەن جايدا تۇراتتى. ئىسلام ئەسكەرلىرى مۇئتە دېگەن جاينى قارارگاھ قىلدى.

ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش باشلىنىپ، ھەزرىتى زەيد شېھىد بولدى. كېيىن ھەزرىتى جەئپەر قوماندان بولۇپ:

جەننەت ئەجەب بەلەندۇر ئاڭا كىرگەن ئىنسانغا،
شارابلىرى سوغۇق ھەم شېرىن شۇنداق ماكانغا.
يات ئېرىقلىق رۇملۇقلار شۇم نىيەتلىك يامانغا،
دەۋزەخ تەييار ئۇلاردەك دىننى ئىنكار قىلغانغا،
نوچى بولساڭ بىز تەييار، چۈشكىن مانا مەيدانغا.

دېدى ـ دە، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ ئاخىر شېھىد بولدى. ھەزرىتى جەئپەر شېھىد بولغاندىن كېيىن ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە قوماندان بولۇپ، ئالغا چامداپ بىر ئاز ئىككىلەنگەندەك تۇرۇۋالدى ــ دە، ئۆزىگە مۇنداق دەپ مۇراجىئەت قىلدى:

قەسەم قىلدىم ئابدۇللاھ ئېتىل دۈشمەن تامانغا،
مەيلى خالا ـ خالىما، چۈشكىن چوقۇم مەيدانغا.
ياۋلار تۇرسا ئالدىڭدا چۈقان سېلىپ جاھانغا،
شېھىد بولۇپ كىرمەمسەن جەننەت دېگەن بوستانغا.
خاتىرجەملىك ئاز بولغان بۇ دۇنيادا سەن جانغا،
بەدەن ئېچرە گويا سەن سولانغاندەك زىندانغا.

www.islamyoli.net

ئاندىن ئۇ ئاتلىق جەڭگە كىرىپ، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ شېھىد بولدى.

قوماندانسىز قالغان ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ بەزىسى قېچىشقا تەييارلىنىپ، سەپ بۇزۇلۇشقا ئاز قالغاندا، سابىت ئىبنى ئەرقەم دېگەن ساھابە ئورنىدىن تۇرۇپ، ناھايىتى تەسىرلىك بىر نۇتۇق سۆزلەپ، ئىسلام ئەسكەرلىرىنى تەۋرەنمەي تۇرۇشقا دەۋەت قىلدى ھەمدە ئەسكەرلەر ئارىسىدىكى خالىد ئىبنى ۋەلىدنى قوماندان قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سابىتنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ئىسلام ئەسكەرلىرىگە بىر قەدەر كۈچ ـ قۇۋۋەت كىردى. خالىد ئىبنى ۋەلىد قوماندان قىلىپ تىكلەندى. شۇ كۈنى ئۇرۇش كېچىچە داۋام قىلدى. ئەتىسى خالىد ئىبنى ۋەلىد ئەسكەرلەرنىڭ سېپىنى قايتىدىن تەرتىپكە سېلىپ، ئالدىدىكىلەرنى ئارقىغا، ئوڭدىكىلەرنى سولغا يۆتكىدى. بۇ كۈنى دۈشمەن ناھايىتى قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ، ئىسلام ئەسكەرلىرىنى تالان ـ تاراج قىلىش نىيىتىدە بولغان بولسىمۇ، قارشى تەرەپتە باشقىچە بىر شەكىلدىكى قوشۇننى كۆرۈپ، ئىسلام ئەسكەرلىرىگە ياردەم كەلگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قورقۇپ ئارقىلىرىغا چېكىنىشتى. ئىسلام ئەسكەرلىرى ئۇلارنى قوغلاپ بېرىش ئەسكەرلەرنى چوڭ بىر بالاغا تىقىپ قويىمىسۇن، دەپ دۈشمەنلەرنى قوغلىماستىن مەدىنىگە سالامەت قايتىشنى ئويلاپ قايتىپ كېتىشتى. ئەمەلىيەتتە خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ پىكىر ـ تەدبىرى توغرا بولۇپ، بۇ ئەسكەرلەرنىڭ مەدىنىگە قايتىپ كېلىشى چوڭ غەنىمەت بولغان ئىدى. چۈنكى رۇم ئەسكەرلىرى سان جەھەتتە ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ ئۇرۇش تاكتىكىسىغا ناھايىتى ماھىرلىقى ئىسلام ئەسكەرلىرىنى مەغلۇبىيەتتىن ساقلاپ قالدى. رۇم ئەسكەرلىرى ھەم ھالاك بولۇشتىن قورقۇپ، ئېھتىيات قىلغانلىقتىن ئىسلام ئەسكەرلىرىنى قوغلىمىدى. ئۇلارمۇ سالامەت قالغانلىقلىرىنى غەنىمەت بىلىشىپ قايتىپ كېتىشتى.

ئىسلام ئەسكەرلىرى مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە، ئۇلارنى قارشى ئېلىشقا چىققان ساھابە كىراملارنىڭ بەزىلىرى ئۇلارنى ئەيىبلىگەن بولسىمۇ، ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز: «ئۇلار مەغلۇپ بولمىدى، بەلكى غەلىبە قىلدى» دېدى. بۇ قوشۇننىڭ قوماندانلىرى ھەزرىتى زەيد، جەئپەر ۋە ئابدۇللاھلارنىڭ شېھىد بولغانلىقىنى، ئۇلار شېھىد بولغان كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خەۋەر بەرگەنلىكى، ئاندىن كېيىن خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ قوماندان بولغانلىقىنى بىلىپ: «ئاللاھنىڭ قىلىچلىرىدىن بىر قىلىچ قوماندان بولدى» دېگەنلىكى ھەدىس كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلىنىدۇ. گەرچە زاھىردا بۇ ئەسكەرلەر بىرەر پايدىلىق ئىش قىلالماي ساھابە كىراملارنىڭ كاتتىلىرىدىن ئۈچ كىشىنىڭ شېھىد بولۇشىغا سەۋەب بولغان بولسىمۇ، ھەقىقەتتە ناھايىتى زور پايدىسى بولغان، چۈنكى ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق ھەربىي قوشۇننى شۇ قەدەر يىراقلىقتىكى كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى ئەۋەتكەنلىكى، بۇ دۆلەتنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى باشقا دۆلەتلەرگە تونۇتۇپ قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيد، جەئپەر ۋە ئابدۇللاھلارنىڭ شېھىد بولغانلىقىنى خەۋەر قىلغاندا، ھەزرىتى جەئپەرنىڭ ئايالى جاھىلىيەت ئادىتى بويىچە ناھايىتى قاتتىق ئاۋاز بىلەن يىغلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى يىغىدىن توستى، لېكىن ئۇلار توختىمىغانلىقتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئەلىگە: «ئۇلار يىغىدىن توختىمىسا، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا توپا چاچ» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. مەزكۇر قوشۇننىڭ ئەۋەتىلىشى جەمادىيەلئەۋۋەل ئېيىدا بولغان ئىدى.

www.islamyoli.net

## زاتسسەلاسل ئۇرۇشى

شۇ يىلى جەمادىيەلئاخىر ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا زاتسسەلاسل دېگەن جايدىكى قۇزائە ئەرەبلىرىنىڭ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئۇلارغا قارشى ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ قوماندانلىقىدا ئۈچ يۈز نەپەر ئەسكەر ئەۋەتتى. ئۇلار دۈشمەن زېمىنىغا يېتىپ كەلگەندە، ئەمر ئىبنى ئاس دۈشمەننىڭ كۆپلۈكىدىن خەۋەر تېپىپ، راپىئ ئىبنى كەئبنى ئەۋەتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامدىن ياردەم سورىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھنى قوماندان قىلىپ يەنە يۈز نەپەر ئەسكەر ئەۋەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بۈيۈك ساھابىلەردىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ۋە ھەزرىتى ئۆمەرلەرمۇ بار ئىدى. بۇ ئەسكەرلەر ھەزرىتى ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ  ئەسكەرلىرىگە يېتىشىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەمر ئىبنى ئاس ئەسكەرلەرگە دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئىسلام ئەسكەرلىرى بىلەن دۈشمەنلەر ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشتا ئىسلام ئەسكەرلىرى غالىب كېلىپ، نۇرغۇنلىغان غەنىمەتكە ئىگە بولدى.

## جۇھەينە ئۇرۇشى

يەنە شۇ يىلى رەجەپ ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھنى قوماندان قىلىپ، ئۈچ يۈز كىشىنى قىزىل دېڭىز ساھىلىدا ياشايدىغان جۇھەينە ئەرەبلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن دۈشمەن زېمىنىغا يېتىپ بېرىپ، ئۇلارنى ئىزدەپ ئون بەش كۈن تۇرغان بولسىمۇ ئۇلارنى تاپالمىدى. ئىسلام ئەسكەرلىرى بۇ سەپەردە قاتتىق ئاچارچىلىققا دۇچ كەلدى. ھەتتا دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرىنى يېگۈدەك دەرىجىگە يەتتى. بۇ قوشۇنغا «خۇتبە قوشۇنى» دەپ نام بېرىلىشى مانا شۇ سەۋەبتىن بولغان. مەزكۇر قوشۇن ئۇرۇش قىلماستىن مەدىنىگە قايتتى.

## مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى

ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن ئەرەبلەردىن بەنى بەكرى قەبىلىسى قۇرەيشلىكلەرنىڭ ھىمايىسىگە كىرگەن ئىدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى بىلەن مۇسۇلمانلار سۈلھى قىلغاندىن كېيىن بەنى بەكرى ئەرەبلىرى پۇرسەت تېپىپ خۇزائە ئەرەبلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، بىر نەچچە كىشىنى ئۆلتۈردى. قۇرەيش ئەرەبلىرى بۇلارغا مەخپىي ھالدا ياردەم قىلغان ئىدى. مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ بۇ ئىشلىرى ئەمەلىيەتتە ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنى ئاياق ـ ئاستى قىلىپ، ئەھدىنى بۇزغانلىق ئىدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن خۇزائە ئەرەبلىرى قۇرەيشنىڭ بۇ خىيانىتىدىن شىكايەت قىلىش ۋە بەنى بەكرى ئەرەبلىرىگە قارشى ياردەم سوراش ئۈچۈن، ئەمر ئىبنى سالىم دېگەن كىشىنىڭ باشچىلىقىدا بىر نەچچە كىشىنى ئەلچى قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. ئۇلار مەدىنىگە بېرىپ پەيغەمبىرىمىزگە ۋەقەنى بايان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام بۇلارنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ، ئۇلارغا ياردەم قىلىشقا ۋەدە قىلدى.

www.islamyoli.net

قۇرەيش مۇشرىكلىرى قىلغان خىيانەتنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ يامان بولۇشىنى بىلىپ، ئىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن سۈلھى لىباسىنىڭ يىرتىلغان يەرلىرىنى ياماش ئۈچۈن، ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە ئەبۇ سۇفيانىنى مەدىنىگە ئەۋەتتى. ئەبۇ سۇفيان مەدىنىگە يېتىپ بېرىپ، قىزى، مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممى ھەبىبەنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ئۇ قىزىنىڭ ئۆيىدىكى پەيغەمبىرىمىز ئولتۇرىدىغان جايدا ئولتۇرماقچى بولغاندا، ھەزرىتى ئۇممى ھەبىبە كۆرپىنى تارتىۋالدى. ئەبۇ سۇفيان بۇنى كۆرۈپ: «نېمىشقا كۆرپىنى تارتىۋالىسەن؟» دەپ سورىدى، ئۇممى ھەبىبە: «سەن مۇشرىك، نىجىسسەن، سېنىڭ پەيغەمبەر ئولتۇرىدىغان كۆرپىدە ئولتۇرۇشۇڭ توغرا ئەمەس» دېدى. ئەبۇ سۇفيان بۇ سۆزگە جاۋابەن: «ئى قىزىم! سەن بىزدىن ئايرىلىپ بۇزۇلۇپ كېتىپسەن» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇ سۇفيان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ، سۈلھىنى يېڭىلاش ھەققىدە سۆز ئاچتى. لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ياخشى جاۋاب ئالالمىدى. ئەبۇ سۇفيان ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇقۇپ بولغانلىقىنى بىلىپ، مۇھاجىرلارنىڭ كاتتىلىرىدىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئەلى ۋە ھەزرىتى پاتىمە قاتارلىق ساھابىلەردىن شاپائەت تىلىدى. ئۇلاردىنمۇ ياخشى جاۋاب ئالالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى مەيۇس ھالدا مەككىگە قايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيش مۇشرىكلىرى بىلەن تىنچ ئۆتۈشنى داۋاملاشتۇرۇش تەرەپدارى بولسىمۇ، مۇشرىكلارنىڭ قىلغان مۇئامىلىلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ شەرىپىگە مۇناسىپ ئەمەس ئىدى. بەلكى مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا مەنسىتمەسلىك نەزىرى بىلەن قارايتتى. مانا بۇ سەۋەبتىن دۈشمەنلەرگە مۇناسىپ مۇئامىلىدە بولۇشقا قارار قىلىندى. ئەمەلىيەتتە ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپىيىپ كۈچ - قۇۋۋىتى ئاشقان ئىدى. مۇشرىكلار مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئاجىز ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئەھدىنامىنى بۇزۇشى مەككىنىڭ قان تۆكۈلمەي پەتھى قىلىنىشىغا، بەيتۇللاھنىڭ بۇتلاردىن تازىلىنىشىغا ۋە پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىغا ئىسلام نۇرىنىڭ چېچىلىشىغا ناھايىتى چوڭ پۇرسەت بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، مەككىنى پەتھى قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى. مەدىنە ئەتراپىدىكى مۇسۇلمان بولغان سەھرا ئەرەبلىرىگە تەييارلىنىشقا بۇيرۇق بەردى ھەمدە ساھابىلەرگە يۈرۈش قىلماقچى بولغان جاينى ئىمكانىقەدەر باشقىلارغا بىلدۈرمەسلىك ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. چۈنكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەقسىتى مەككىنى قان تۆكمەستىن پەتھى قىلىش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەككە مۇشرىكلىرىغا بۇ خەۋەرنىڭ ئاڭلانماسلىقىنى تەلەپ قىلغان ئىدى. ساھابە كىراملارنىڭ ئىچىدىن بەدرى ئۇرۇشىغا قاتناشقان ھاتەب ئىبنى ئەبى بەلتەئە دېگەن كىشى قۇرەيش مۇشرىكلىرىغا ياخشىلىق قىلىش نىيىتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىنى پەتھى قىلىشقا تەييار بولغانلىقىنى ۋە پات يېقىندا ناھايىتى زور، كۈچلۈك ھەربىي قوشۇن بىلەن مەككىگە يۈرۈش قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بىر پارچە خەت يېزىپ، بىر ئايال بىلەن مەككىگە ئەۋەتتى. ئۇ ئايال خەتنىڭ چۈشۈپ قېلىشىدىن ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىپ قېلىپ تارتىۋېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇ خەتنى چېچىنىڭ ئارىسىغا يوشۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھيي ئارقىلىق بۇ ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ، ھەزرىتى ئەلى بىلەن ھەزرىتى زۇبەيرنى ھېلىقى ئايالنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتتى. ئۇلار ئۇ ئايالنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ بېرىپ

www.islamyoli.net

خەتنى تاپالماي، ئاخىرى: «سېنى يالغاچ قىلىپ تەكشۈرىمىز» دەپ تەھدىت سالغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئايال قورقۇپ چېچىنىڭ قېتىدىن مەكتۇپنى ئېلىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھاتەبنى چاقىرىپ خەتنى نېمە ئۈچۈن يازغانلىقىنى سورىدى. ھاتەب: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۆزرىلىكمەن، قۇرەيشلەرنىڭ ئىچىدە مېنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىم قالغان. مەن ئۆزۈم قۇرەيش قەبىلىسىدىن ئەمەس، مېنىڭ بالا ـ چاقىلىرىمنى ھىمايە قىلغۇدەك ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىم يوق، سىلىنىڭ باشقا ساھابىلىرى قۇرەيش قەبىلىسىدىن بولغاچقا، ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى ھىمايە قىلىدىغان ئادەملىرى بار، مەن قۇرەيشكە مۇشۇ ياخشىلىقىمنىڭ يۈزىنى قىلىپ خوتۇن ـ بالىلىرىمنى ھىمايە قىلارمىكىن دەپ بۇ خەتنى يازدىم» دەپ جاۋاب بەردى. ھاتەبنىڭ سۆزى توغرا بولۇپ، ئۆزرىلىك بولغانلىقتىن پەيغەمبىرىمىز ئۇنى جازالىمىدى. دەرۋەقە ھاتەبنىڭ يازغان خېتىدە پەقەت خەۋەر بېرىشتىن باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ شان ـ شەۋكىتىگە زىيان ـ زەخمەت يەتكۈدەك بىرەر ئىش يوق ئىدى. خەتتە مۇنۇ سۆزلەر يېزىلغان ئىدى: «ئى قۇرەيش! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېچىگە ئوخشاش سۈرلۈك، سەلدەك ئاقىدىغان قوشۇن بىلەن كېلىۋاتىدۇ. ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئۇ سىلەرگە ئۆزى يالغۇز كەلسىمۇ ئاللاھ ئۇنىڭغا ئەلۋەتتە ياردەم قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ئۆزەڭلەرگە دىققەت قىلىڭلار، ۋەسسالام.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئون مىڭدىن كۆپرەك تولۇق قوراللانغان ھەربىي قوشۇن تەييارلاپ، مەككىنى پەتھى قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. مەدىنىدە ئۆز ئورنىغا ئەبۇ دىرھەم ئىبنى ھېسىنلغىپارنى نائىب قىلىپ قويدى. بۇ قوشۇننىڭ مەدىنىدىن چىقىشى رامىزان ئېيىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى ئىدى. قوشۇن «ئەبۋا» دېگەن جايغا كەلگەندە پەيغەمبىرىمىزنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس بىلەن، ھاممىسىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئۇمەييەلەر ئۇچرىشىپ قالدى. بۇلار مۇشرىكلارنىڭ چوڭلىرىدىن بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز مەككىدىكى چېغىدا ئۇ زاتقا ئىنتايىن ئېغىر ئازار بەرگەن كىشىلەر ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ ئۆزرە ئېيتتى. پەيغەمبىرىمىز بۇلارغا شەپقەت قىلىپ ئۇلارنى ئەپۇ قىلدى. قوشۇن «جەھپە» دېگەن جايغا كەلگەندە ھەزرىتى ئابباس ئايالى بىلەن ھىجرەت قىلىپ چىققان ئىدى. ئۇ ئىلگىرى مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ ھىجرەت قىلالمىغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ۋە ساھابە كىراملار ئۇ كىشىنىڭ ھىجرەت قىلىپ كەلگەنلىكىگە ناھايىتى خۇرسەن بولدى ۋە ھەزرىتى ئابباسنىڭ ئايالىنى مەدىنىگە ئەۋەتىپ، ئۆزىنى مەككىگە ئېلىپ كەتتى. قوشۇن «كۇدەيد» دېگەن جايغا كەلگەندە ساھابە كىراملارغا روزا ئېغىر كەلگەنلىكتىن، پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى ئىپتار قىلىشقا بۇيرۇدى ۋە ئۇلارغا باشلامچى بولۇپ ئۆزى ھەممىدىن ئىلگىرى ئىپتار قىلدى.

بۇ ۋاقىتتا مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ كېلىشىدىن ھېچقانداق خەۋىرى بولمىغان بولسىمۇ، ھەمىشە خەۋپ ۋە تەشۋىش ئىچىدە ئىدى. چۈنكى سۈلھىنى بۇزۇلغان ئۈچۈن بارغان ئەبۇ سۇفيانغا پەيغەمبىرىمىز چىراي ئاچمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار: «مۇھەممەد بىزنىڭ ئەدىپىمىزنى بەرمەكچى بولغان ئوخشايدۇ» دەپ قاتتىق تەشۋىشتە قالغان ئىدى. ئەبۇ سۇفيان بولسا، مەككىنىڭ سىرتىغا چىقىپ، تىڭ ـ تىڭلاپ يۈرەتتى. ئىسلام قوشۇنى ئۇممى زەھران دېگەن جايغا يېتىپ كېلىپ، دەم ئېلىشقا چۈشكەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرگە ئوت

www.islamyoli.net

يېقىشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ئون مىڭ يەردىن ئوت يېقىلىپ، پۈتۈن ئەتراپ ئوت يالقۇنىغا تولۇپ كەتتى. دەل شۇ پەيتتە مۇسۇلمانلارنىڭ خەۋرىنى تىڭ ـ تىڭلاش ئۈچۈن چىققان ئەبۇ سۇفيان ۋە ھەكىم ئىبنى ھىزاملار ئۇمى زەھرانغا يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. ئۇلار ئەرەفات كېچىسى يېقىلىدىغان ئوتلاردەك ئوتلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسكەرلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى. قوشۇن ئۇمى زەھراندا دەم ئېلىۋاتقان چاغدا، ھەزرىتى ئابباس مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ بىرسى بىلەن كۆرۈشۈپ، مەككىنىڭ مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن پەتھى قىلىنىدىغانلىقىنى ۋە ئەھلى مەككىنىڭ بۇ قەدەر شەۋكەتلىك قوشۇن بىلەن ئۇرۇش قىلىشنىڭ بىھۇدە قان تۆكۈپ، ئۆز ئۆزىنى ھالاك قىلىشتىن باشقا بىر نەتىجە بەرمەيدىغانلىقىنى، ئەگەر مەككىگە كىرىپ ئۇرۇش باشلىنىشتىن ئىلگىرى تەسلىم بولسا، ئۇلارنىڭ ماللىرى ۋە جانلىرى ئامان قالىدىغانلىقىنى يەتكۈزۈش ۋە ئۇلارغا قېرىنداشلارچە نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنىڭ قېچىرىنى مىنىپ، مەككە تەرەپكە ماڭدى. ھەزرىتى ئابباس قاراڭغۇدا مەككە تەرەپكە كېتىۋاتقاندا، ئەبۇ سۇفيان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ئاۋازلىرىنى تونۇپ، ئۇلارغا ۋەقەنى بايان قىلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەسلىم بولۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلىپ، قارشى تۇرۇپ ھېچ پايدىغا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇلار ئاخىرى ئابباسنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلدى. ئەبۇ سۇفياننىڭ ھەمراھلىرى مەككىگە قايتىپ كەتتى. ئەبۇ سۇفيان بولسا ھەزرىتى ئابباسنىڭ قېچىرىغا مىنگىشىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا باردى. ئۇ يېتىپ بارغۇچە ھەزرىتى ئابباس بىلەن بىر قېچىردا بولغانلىقتىن، ھەر ئۆتتىن ئۆتكەندە، «پەيغەمبىرىمىزنىڭ قېچىرىدا تاغىسى كېلىۋاتىدۇ» دېگەندىن باشقا سۆزنى قىلمايتتى. ھېچكىم ھەزرىتى ئابباسنىڭ ئارقىسىدىكى كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تەكشۈرمەيتتى. ئۇلار ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ھەزرىتى ئۆمەر ئەبۇ سۇفياننى تونۇپ قېلىپ: «ئى ئاللاھنىڭ دۈشمىنى! ئاللاھقا شۈكرى، سەن ئاخىرى بىزنىڭ قولىمىزغا چۈشتۈڭ» دېدى. كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بۇلاردىن ئىلگىرى بېرىش ئۈچۈن تېز يۈگۈردى. ئابباسمۇ «ئۆمەردىن ئىلگىرى بېرىپ پەيغەمبىرىمىزگە ئەبۇ سۇفيان ھەققىدە بىر سۆز قىلمىسۇن» دەپ قېچىرنى چاپتۇرۇپ، ئۆمەردىن ئىلگىرى يېتىپ باردى ۋە ئەبۇ سۇفياننىڭ ئۆز ھىمايىسىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇ ئارىدا ھەزرىتى ئۆمەر يېتىپ كېلىپ، ئەبۇ سۇفياننى ئۆلتۈرۈش ھەققىدە پەيغەمبىرىمىزدىن رۇخسەت سورىدى. پەيغەمبىرىمىز رۇخسەت قىلمىدى ۋە ھەزرىتى ئابباسقا ئەبۇ سۇفياننى ئۆز يېنىدا قوندۇرۇپ، ئەتىسى يېنىغا ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمرى بويىچە ھەزرىتى ئابباس ئەبۇ سۇفياننى يېنىدا قوندۇرۇپ قېلىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆرۈپ: «ئى ئەبۇ سۇفيان! ساڭا ئاللاھ تائالادىن باشقا مەبۇدنىڭ يوقلىغىنى بىلىش ۋاقتى كەلمىدىمۇ؟» دېدى. ئەبۇ سۇفيان: «ئاتا ـ ئانام سىلىگە پىدا بولسۇن، ئەگەر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ بولسا ئىدى، بۇ ۋاقىتقىچە بىزگە بىرەر ياردىمى كېلەر ئىدى» دېدى. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مېنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىمنى بىلىش ۋاقتى كەلمىدىمۇ؟» دېدى. ئۇنىڭغا قارشى ئەبۇ سۇفيان: «بۇ ھەقتە كۆڭلۈمدە ئازراق شەك بار ئىدى» دېدى ۋە ئازراق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئىسلامنى قوبۇل قىلدى.

قوشۇن ئۇمى زەھراندا بىر ئاز دەم ئالغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى قوزغىلىشقا بۇيرۇدى. ئەسكەرلەرنى ناھايىتى مۇنتىزىم رەۋىشتە رەتكە سالدى. ھەر بىر قەبىلىگە مەخسۇس بايراق تۇتقۇزدى ۋە ھەزرىتى

www.islamyoli.net

ئاباسقا ئەبۇ سۇفيانىي ئەسكەرلەر ئۆتىدىغان تار بىر جايغا ئاپىرىپ، ئەسكەرلەرنى كۆرستىشكە بۇيرۇدى. ئەسكەرلەر غايەت زور شان ـ شەۋكەت ۋە تەنتەنىلىك هالدا ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتى. هەزرىتى ئاباباس ئەبۇ سۇفيانغا هەر بىر توپ ئەسكەرنىڭ قايسى قەبىلىدىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ بېرەتتى. ئەڭ ئاخىرقى قوشۇن پەۋقۇلئاددە مۇكەممەل ۋە تولۇق قوراللانغان بولۇپ، ئۇلار مۇهاجىرلار بىلەن ئەنسارلار قوشۇنى ئىدى. ئەنسارلارنىڭ بايرىقىنى سەئد ئىبنى ئۇبادە، مۇهاجىرلارنىڭ بايرىقىنى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋاملار كۆتۈرگەن ئىدى. هەزرىتى پەيغەمبىرىمىز مۇشۇ ئاخىرقى قوشۇننىڭ ئارىسىدا ئىدى. ئەبۇ سۇفيانغا ناهايىتى هەيۋەتلىك كۆرۈنگەن قوشۇن مۇهاجىر ۋە ئەنسارلار قوشۇنى ئىدى. ئۇلار ناهايىتى مۇكەممەل سۈرەتتە قوراللانغان ئىدى. هەتتاكى تۆمۈر كىيىملەر سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن باشقا جايلار كۆرۈنمەيتتى. ئەنسارلار قوشۇنى ئەبۇ سۇفيانىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، سەئد ئىبنى ئۇبادە: «بۈگۈن ئۇرۇش كۈنىدۇر. بۈگۈن كەبە هالال سانىلىدىغان كۈندۇر» دېدى. ئەبۇ سۇفيان مۇهاجىرلار قوشۇنى ئۆتكەندە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا سەئدنىڭ دېگەن سۆزىنى ئېيتتى. هەزرىتى پەيغەمبىرىمىز: «ياق، بۈگۈن كەبە تەزىم قىلىنىدىغان كۈندۇر» دېدى. پەيغەمبىرىمىز سەئدنىڭ هېلىقى سۆزى ئۈچۈن بايراقنى ئۇنىڭ قولىدىن ئېلىپ، ئۇنىڭ ئوغلى هەزرىتى قەيس ئىبنى سەئدگە بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئەبۇ سۇفيان ئىسلام قوشۇنىنىڭ شان ـ شەۋكىتىنى كۆرۈپ، ناهايىتى تېزلىك بىلەن مەككە مۇكەررەمەگە قايتىپ كىرىپ، قۇرەيش خەلقىنى پەيغەمبىرىمىزگە ئىتائەت قىلىشقا دالالەت قىلدى هەمدە ئىسلام ئەسكەرلىرىگە قارشى چىقىشنىڭ پايدىسى يوقلىقىنى، بەلكى بىهۇدە قان تۆكۈلۈشكە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئايالى هىند بىنتى ئۇتبە ئۇنىڭ ساقىلىغا ئېسىلىپ: «ئى قۇرەيش خەلقى! بۇ ئەخمەق، نادان، خائىن قېرىنى هايات قويماي ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار!» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

## ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ مەككىگە كىرىشى

ئىسلام ئەسكەرلىرى مەككىگە بىر نەچچە تەرەپتىن كىرگەن بولۇشى، كۆپرەك ئەسكەرلەر پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىلەن مەككىنىڭ ئۈستۈن تەرىپىدىن كىردى. بىر بۆلىكى خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ باشچىلىقىدا تۆۋەن تەرەپتىن كىردى. ئاللاهنىڭ ئۆتكۈر قىلىچى خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ ئەسكەرلىرى مۇشرىكلار بىلەن بىر پەس ئۇرۇش قىلىپ، مۇشرىكلاردىن ئون ئۈچ كىشىنى ئۆلتۈردى. مۇسۇلمانلاردىن ئىككى كىشى شېهىد بولدى. هەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام هېچ قارشىلىقسىز مەككىگە كىرىپ، «مۇجۇن» دېگەن جايدا چېدىر تىكتى ۋە ئۇ يەرگە بايرىقىنى تىكلىدى. هەمدە بەيتۇللاهقا ياكى ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئۆيىگە ياكى هەرقانداق كىشى ئۆز ئۆيىگە كىرىۋالسا ئامان قالىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن قارشىلىششقا ئاجىز كەلگەن مۇشرىكلار بەيتۇللاهقا، ئۆز ئۆيلىرىگە ۋە ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىۋېلىشتى. ئاخىرى مەككە پەتهى قىلىنىدى. ئىسلام قوشۇنىنىڭ مەككىگە كىرىشى هىجرىيىنىڭ سەككىزىنچى يىلى رامىزاننىڭ يىگىرمىسى، جۈمە كۈنى ئىدى.

## بەيتۇللاهنى بۇتلاردىن تازىلاش

www.islamyoli.net

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام چېدىرىدا ئازراق ئىستىراھەت قىلغاندىن كېيىن، مۇھاجىر ۋە ئەنسارلار بىلەن بىرگە بېرىپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلدى. ھەجەرۇلئەسۋەدنى قولىدىكى ھاسىسى بىلەن سىلىدى. تۆگە ئۈستىدە تۇرۇپ تاۋاپ قىلدى. كېيىن ھەزرىتى بىلال بىلەن بەيتۇللاھقا كىرىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بۇت ۋە سۈرەتلەرنى تاشقىرىغا چىقاردى. بۇ سۈرەتلەرنىڭ ئىچىدە ھەزرىتى ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيهىسسالاملارنىڭ قوللىرىدا «پال ئوقلىرى» تۇتۇقلۇق سۈرەتلىرى بار ئىدى. بەيتۇللاھنىڭ ئىچىدە شۇ چاغدا 360 بۇتنىڭ بارلىقى رىۋايەت قىلىندۇ. بەيتۇللاھنىڭ ئىچى سۈرەتلەردىن پاكىزلانغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئاللاھ تائالاغا بۇ كاتتا نېمەتنىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ناماز ئوقۇدى. بەيتۇللاھنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ تەكبىر ئېيتتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مەككە ئەھلىنى پۈتۈنلەي ئەپۇ قىلىشى

كىشىلەر ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ بەيتۇللاھتىن چىقىشىغا ئىنتىزار بولۇپ، ئىشىكنىڭ يېنىغا توپلىشىپ تۇرۇشتى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىغا ھەددىدىن ئارتۇق زۇلۇم قىلغان مەككە ئەھلىگە، ئۇنىڭ قايسى تەرىقىدە مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ھەركىم ئۆز پىكرى بويىچە ھەر خىل پەرەزلەرنى قىلىشاتتى. جانابى ئاللاھنىڭ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن مال ـ مۈلكىنى تاشلاپ، ئەزىز ۋەتەنلىرىدىن ئايرىلىپ، مۇھاجىرلار بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ياردەم قىلغان ئەنسارلار مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىپ، بۇتلاردىن ۋە سۈرەتلەردىن تازىلانغانلىقىغا، ئاللاھ تائالانىڭ بۇلارغا قىلغان ۋەدىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىغا قايسى تەرىقىدە شۈكرى قىلىشنى بىلمەي، پۈتۈن ۋۇجۇدلىرى شاتلىقتىن ئېرىپ كەتكۈدەك بولغان بىر زاماندا، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ھەر خىل زۇلۇملارنى سالغان مەككە ئەھلى ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايى قىلمىشلىرىنىڭ نەتىجىسى نېمە بولۇشىنى بىلمەي، ناھايىتى قورقۇنچ ۋە تەشۋىش ئىچىدە تىترەپ تۇرۇشاتتى. ئەگەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋە ساھابىلەرنىڭ ئورنىدا ئەبۇ سۇفيان ۋە مۇشرىكلار بولىدىغان بولسا، ھېچبىر كىشىنى تىرىك قويماي، ھەممىنى چېپىپ تاشلىغان بولاتتى. لېكىن شەپقەت ۋە مەرھەمەتتە تەرپىلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدىغان ۋە ئۇلۇغ ئەخلاقتا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە يۇقىرى بولغان ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز مەككە ئەھلىگە ئۇلارنىڭ قىلغىنىنى قىلمىدى، بەلكى ئۇلارغا دوستىنىڭ دوستىغا قىلىدىغان مۇئامىلىسىدىنمۇ بەكرەك ياخشى مۇئامىلە قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئەپۇ قىلدى. بەيتۇللاھتىن چىقىپلا «سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنى ئەپۇ قىلدىم» دېدى. خەۋپ ۋە تەشۋىشتىن پۈتۈن ئەزالىرى تىترەپ تۇرغان مەككە ئەھلى بۇ مەرھەمەتنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن نېمە قىلىشنى بىلمەي قېلىشتى ۋە پەيغەمبىرىمىزگە چوڭقۇر تەشەككۈر بىلدۈرۈشتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قۇرەيش خەلقىگە ۋەز ئېيتىشى

ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام قۇرەيش خەلقىگە ۋەز ئېيتىپ، نۇرغۇن ئەھكاملارنى بايان قىلدى. ئۇنىڭ قىلغان ۋەزلىرى مۇنۇ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى: «ئى قۇرەيش! ئاللاھ تائالا سىلەردىكى

www.islamyoli.net

جاھىلىيەتنىڭ كىبىرى ۋە غۇرۇرىنى يوق قىلدى. ئاتا ـ بوۋىلىرىڭلار بىلەن پەخىرلىنىشنى يوق قىلدى. ھەممىڭلار ئادەم بالىلىرى، ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلغان، شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن باراۋەر. ئەگەر بىرىڭلارنىڭ يەنە بىرىڭلاردىن ئارتۇقلۇقى بار دېيىلسە، پەقەت ئەمەلىي ۋە تەقۋالىقى بىلەن بولىدۇ.» ئاندىن كېيىن: «ئى ئىنسانلار! بىز سىلەرنى بىر ئەر بىر ئايالدىن ياراتتۇق ۋە سىلەرنى بىر ـ بىرىڭلار بىلەن تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن خەلقلەر ۋە قەبىلىلەر قىلدۇق. شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە سىلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغىراقىڭلار ئەڭ تەقۋاراقىڭلاردۇر. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.» دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

بۇ ۋاقىتتا ھەزرىتى ئەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بەيتۇللاھنىڭ ئاچقۇچىنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبىرىمىز قوبۇل قىلمىدى ۋە ئوسمان ئىبنى ئەبى تەلھەنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا بەيتۇللاھنىڭ ئاچقۇچىنى بەردى. مۇشۇ كۈنگىچە ھاجىلىق خىزمىتى ئابدۇددار ئەۋلادلىرىدا ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇلارنىڭ قولىدا قالدى. سۇ تارقىتىش خىزمىتى بولسا، بەنى ھاشىم ئەۋلادلىرىدا ئىدى. ھەزرىتى ئەلى بۇ ئىككى شەرەپنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ئۆزلىرىدە قىلغۇسى كېلىپ پەيغەمبىرىمىزدىن ئاچقۇچنى تەلەپ قىلغان ئىدى. لېكىن پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلمىدى.

## مەككە ئەھلىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىشى

شۇنىڭدىن كېيىن مەككە ئەھلى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بىر ـ بىرلەپ بەيئەت قىلىپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ ئاتىسى ئەبۇ قۇھاپە بىلەن ئەبۇ سۇفياننىڭ ئوغلى مۇئاۋىيە شۇ چاغدا مۇسۇلمان بولدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق قېرىلىقتىن چاچ ـ ساقاللىرى ئاقارغان ۋە ئاجىزلىشىپ، ئاران ماڭىدىغان ئاتىسىنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلگەندە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەرھەمىتى ۋە شەپقىتى قوزغىلىپ: «ئى ئەبۇ بەكرى! ياشىنىپ قالغان كىشىنى جاپا تارتقۇزۇپسەن، ئۇنىڭ ئالدىغا بىز ئۆزىمىز بارغان بولاتتۇق» دېگىنى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

بەيئەت قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بىر كىشىنىڭ ئىنتايىن تىترەپ، قىينىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «قورقما، مەن پادىشاھ ئەمەس. مەن قۇرۇتۇپ قاق قىلىنغان گۆشنى يەيدىغان قۇرەيش ئاياللىرىدىن بىر ئايالنىڭ ئوغلىمەن» دەپ، مەزكۇر كىشىنى خاتىرجەم قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

## ئاياللارنىڭ بەيئەت قىلىشى

ئەرلەر بەيئەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاياللار بەيئەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ئاللاھ تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىككە ۋە كىشىلەرگە بوھتان قىلماسلىققا بەيئەت قىلدى. ئۇ ئاياللارنىڭ ئىچىدە ئۇممى ھانى بىنتى ئەبى تالىپ، ھىند بىنتى ئۇتبە،

www.islamyoli.net

ئىكرەمەنىڭ ئايالى ئۇممى ھەكەم، سەپۋاننىڭ ئايالى، خالىدنىڭ ھەمشىرىسى، ئەمر ئىبنى ئاسنىڭ ئايالى قاتارلىقلار بار ئىدى.
مەككە پەتھى قىلىنغان كۈننىڭ ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ مەزمۇندا خۇتبە ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئى جامائەت! ئاللاھ تائالا مەككە مۇكەررەمەنى ئاسمان ـ زېمىن يارىتىلغاندىن تارتىپ ‹ھەرەم شەھىرى› قىلدى. مەككىنىڭ ھۆرمىتى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى ھەرەم شەھىرى قىلغانلىقىدىندۇر. ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشىگە مەككىدە قان تۆكۈش، مەككىدىكى دەرەخلەرنى كېسىش ھالال ئەمەستۇر. مېنىڭ مەككىدە ئۇرۇش قىلىشىم ئاللاھ تائالانىڭ رۇخستى بىلەن بولغان. ماڭا قاراپ ھېچكىم مەككىدە ئۇرۇش ـ جېدەل قىلمىسۇن، ماڭا رۇخسەت قىلىنغان ۋاقىتمۇ ناھايىتى قىسقا بولدى. ئۇ يەنە ئاۋۋالقى ھەرەملىكىگە قايتتى. بۇ خۇتبىنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئاڭلىمىغانلارغا يەتكۈزسۇن.»
مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇممى ھانىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ سەككىز رەكئەت ناماز ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ ناماز ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا نېمىتىگە شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن ئوقۇلغان ئىدى. مەككە پەتھى قىلىنىش بىلەن بىللە مۇشرىكلىق ۋە بۇتپەرەسلىك يوق قىلىندى. بەيتۇللاھنىڭ ئىچى ۋە ئەتراپىدىكى بۇتلار ۋە سۈرەتلەر بۇزۇپ تاشلاندى. مەككىلىكلەرنىڭ لات، ئۇززا، ھۇبەل دېگەندەك چوڭ بۇتلىرى چېقىپ تاشلاندى. پەقەت بىرلا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىنىدىغان بولدى. پۈتۈن مەككە ئەتراپى «ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر» دېگەن سادالار بىلەن تولدى. بەيتۇللاھنىڭ ئۈستىدە ئەزان ئوقۇلدى. ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدە نازىل بولغان مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىش بېشارىتى ئەمەلگە ئاشتى.

### ئەپۇ قىلىنىشتىن مۇستەسنا كىشىلەر

ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە ئەھلىنى ئەپۇ قىلغان چاغدا مۇسۇلمانلارغا سالغان زۇلۇملىرى ئېغىر ۋە گۇناھلىرى چوڭ بولغان بەزى كىشىلەرنى ئايرىپ قويغان ۋە ئۇلارنى نەدە كۆرسە شۇ يەردە ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلتۈرۈلدى ۋە بەزىلىرى كېچىكتۈرۈلدى. ئىكرەمە ئىبنى ئەبۇ جەھىل دېگەن كىشى دادىسىغا ئوخشاش پەيغەمبىرىمىزگە ناھايىتى ئېغىر زۇلۇملارنى سالغان ئىدى. مەككە پەتھى قىلىنغاندا ئۆلتۈرۈلۈشتىن قورقۇپ، يەمەن تەرەپكە قېچىپ كەتكەن ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ ئايالى پەيغەمبىرىمىزدىن ئامانلىق ئېلىپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ قايتۇرۇپ كەلدى. ئىكرەمە قايتىپ كېلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ، ئىسلام ئۇرۇشلىرىدا ناھايىتى زور باتۇرلۇق كۆرسەتتى.
سەپۋان ئىبنى ئۇمەييەمۇ ئىكرەمەگە ئوخشاش پەيغەمبىرىمىزگە كۆپ ئەزىيەت بەرگەن ئىدى. مەككە پەتھى قىلىنغاندا، ئۇ جىددە تەرەپكە قېچىپ كەتكەن ئىدى. ئۇمەير ئىبنى ۋەھب ئۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزدىن ئامانلىق ئېلىپ ئۇنى قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ دەرھال ئىسلامنى قوبۇل قىلماستىن، ئىككى ئايلىق مۆھلەت سورىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا: «ئىككى ئاي ئەمەس، تۆت ئاي مۆھلەت بېرىمەن» دېدى. ئۇ تائىپ ئۇرۇشىدىن كېيىن ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى سەئد ئەبى سەرەھ دېگەن

www.islamyoli.net

كىشى ئاۋۋال مۇسۇلمان بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزگە چۈشكەن ۋەھىيلەرنى يازىدىغان كاتىپلاردىن ئىدى. كېيىن ئۇ مۇرتەد بولۇپ، مەككىگە قېچىپ كەتكەن ۋە مەككىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققىدە كۆپ تۆھمەتلەرنى توقۇغان ئىدى. ئۇ مەككە مۇشرىكلىرىغا: «سىلەرنىڭ دىنىڭلار مۇھەممەدنىڭ دىنىدىن ياخشى، سىلەر دىنىڭلاردىن ھەرگىز قايتماڭلار» دېگەن ئىدى. مەككە پەتھى قىلىنغاندا ئۇ ئېملىداش بىر تۇغقىنى ھەزرىتى ئۇسمان ئىبنى ئەففاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئىلتىجا قىلدى. ھەزرىتى ئۇسمان مەككىدە تىنچلىق بولغۇچە ئۇنى يوشۇرۇپ قويۇپ، تىنچلىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئامانلىق سورىدى. پەيغەمبىرىمىز قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، ئۇسمان كۆپ ئىلتىجا قىلىپ تۇرۇۋالغانلىقتىن ئاخىرى ئامانلىق بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇللاھ قايتىدىن ئىسلامنى قوبۇل قىلدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى خەتەل دېگەن كىشى ئاۋۋال مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، كېيىن مۇرتەد بولۇپ مەككىگە قېچىپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئىككى دېدىكى بولۇپ، ھەمىشە پەيغەمبىرىمىزنى ھەجۋى قىلىپ شېئىر ئوقۇيتتى. قوشاق قوشۇپ بېيىت توقۇيتتى. ئۇ دېدەكلەرنىڭ بىرى مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى خەتەل بىلەن بىرگە ئۆلتۈرۈلدى. يەنە بىرى قېچىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ كېيىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ قېشىغا كېلىپ ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. ھۇۋەيرىس ئىبنى نەقىد دېگەن كىشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ دۈشمەنلىرىدىن ئىدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزنى ھەجۋى قىلىپ ھەر خىل تۆھمەتلەرنى توقۇغان ئىدى. مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى ھەزرىتى ئەلى ئۇنى ئۆلتۈردى. مەقبەس ئىبنى سەبابە مەدىنىدىكى ۋاقتىدا بىر ئەنسارنى ئۆلتۈرۈپ، مۇرتەد بولۇپ، مەككىگە قېچىپ كەلگەن ئىدى. ئۇمۇ ئۆلتۈرۈلدى. يەنە ئابدۇللاھ ئىبنى زەبئەرى دېگەن كىشى پەيغەمبىرىمىزگە كۆپ زۇلۇم قىلغان ئىدى. ئۇ ھەمىشە ھەجۋى قىلاتتى. مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى قېچىپ كەتكەن بولۇپ، كېيىن قايتىپ كېلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىدا شېئىر بىلەن ئۆزرە ئېيتتى ۋە ئەپۇ قىلىندى. ھەزرىتى ھەمزىنى ئۆلتۈرگەن ۋەھشي دېگەن قۇل مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى تائىپقا قېچىپ كەتكەن ئىدى. كېيىن ئۇ تائىپ ئەھلى بىلەن كېلىپ ئىمان ئېيتتى. ئۇنىڭ گۇناھى ناھايىتى چوڭ بولسىمۇ پەيغەمبىرىمىز ئۇنى كەچۈردى. لېكىن ئۇ ھەزرىتى ھەمزىنىڭ قاتىلى بولغانلىقتىن ئۇنىڭغا: «ماڭا قەتئىي كۆرۈنمە» دېگەن شەرتنى قويدى. ھىند بىنتى ئۇتبە دېگەن ئايال پەيغەمبىرىمىزگە ئىنتايىن قاتتىق دۈشمەن ئىدى ۋە ئېغىر ئەزىيەتلەرنى يەتكۈزگەن ئىدى. ئۇھۇد ئۇرۇشىدا ھەزرىتى ھەمزىنىڭ يۈرىكىنى ئېلىپ چاينىغان ئىدى. مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى قۇرەيش ئاياللىرى بىلەن بىرگە كېلىپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ پەيغەمبىرىمىزدىن ئەپۇ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى ئەپۇ قىلدى. ئۇ ئايالنىڭ ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن ناھايىتى زور خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇ جاھىلىيەت ئاياللىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر، يۈرەكلىك، ئېپپەتلىك ئايال ئىدى.

سارە دېگەن بىر ئايال بولۇپ، ئۇ ئەمر ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ چۆرىسى ئىدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزنى ھەجۋى قىلىپ قوشاق ئېيتاتتى. ئۇ ئىلگىرى مۇسۇلمان بولغان بولسىمۇ، كېيىن مۇرتەد بولۇپ مەككىگە قېچىپ كەتكەن ئىدى. مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى ھەزرىتى ئەلىنىڭ قىلىچى ئاستىدا ئۆلتۈرۈلدى.

www.islamyoli.net

### «ئۇززا»، «سۇۋائ» ۋە «مەنات» دېگەن بۇتلارنىڭ چېقىلىشى

ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە مۇكەررەمەدە ئون توققۇز كۈن تۇردى. بۇ جەرياندا نامازنى قەسرى قىلىپ ئوقۇدى. ئۇ مەككىگە كىرىپ بەشىنچى كۈنى خالىد ئىبنى ۋەلىد باشچىلىقىدا ئوتتۇز كىشىلىك بىر قوشۇننى ئەۋەتىپ «ئۇززا» دېگەن بۇتنى چاقتۇردى. بۇ بۇت نەخلە دېگەن جايدا ئىدى. ئۇ بىر ئۆينىڭ ئىچىگە ئېلىنغان بولۇپ، ياغاچتىن ياسالغان ئىدى. قۇرەيش ۋە بەنى كەنانە قەبىلىلىرى بۇنىڭغا ئىبادەت قىلاتتى.

پەيغەمبىرىمىز يەنە ئەمر ئىبنى ئاسنى باش قىلىپ بىر قانچە پالۋاننى «سۇۋائ» دېگەن بۇتنى چېقىپ تاشلاشقا ئەۋەتتى. ئەمر ئىبنى ئاس ئۇ بۇتنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا قارايدىغان ئادەم: «سەن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىسەن؟» دېدى. ئەمر ئىبنى ئاس: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ‹سۇۋائ›نى چېقىپ تاشلاش ئۈچۈن ئەۋەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن كەلدىم» دېدى. ئۇ كىشى: «ئۇنداق دېمە، قىلالمايسەن» دېدى. ئەمر ئىبنى ئاس ئۇنىڭغا: «سەن ھېلىغىچە باتىل ئېتىقادىڭدا تۇرىۋاتامسەن؟ بۇ بۇتنىڭ كۆرمەيدىغان، ئاڭلىمايدىغان بىر تاش ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟» دېدى. ئاندىن كېيىن ھەمراھلىرى بىلەن بېرىپ، بۇتنى پۇتۇنلەي چېقىپ تاشلىدى. ھېلىقى كىشى قاراپ تۇرۇپلا قالدى. ئاندىن كېيىن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. بۇ بۇتقا ھۇزەيل قەبىلىسى ئىبادەت قىلاتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە «مانات» دېگەن بۇتنى چېقىپ تاشلاش ئۈچۈن سەئد ئىبنى زەيد باشچىلىقىدا يىگىرمە پالۋاننى ئەۋەتتى. ئۇلار بېرىپ بۇتنى چېقىپ تاشلاپ قايتىپ كەلدى. بۇ بۇت قىزىل دېڭىز ساھىلىدىكى قەدىد دېگەن بىر جايدىكى مۇشەللەل ئىسىملىك بىر تاغدا ئىدى. بۇ بۇتقا ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرى ئىبادەت قىلاتتى. «لات» دېگەن بۇت بولسا تائىپتىكى سەقىپ قەبىلىسى ئىبادەت قىلىدىغان بىر بۇت بولۇپ، تۆت چاسا تاشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ بىر ئۆينىڭ ئىچىگە تۇرغۇزۇلغان ئىدى. باشقا بۇتلارنى چېقىشقا ئادەم ئەۋەتىلگەن چاغدا، تائىپ تېخى پەتھى قىلىنمىغان بولغاچقا ئۇ بۇتنى چېقىشقا ئادەم ئەۋەتىلمىگەن ئىدى. لات، مانات، ئۇززا دېگەن بۇ ئۈچ بۇت گەرچە ھەر بىرى بىر قەبىلىگە خاس بولسىمۇ، لېكىن پۈتۈن ئەرەبلەر تەرىپىدىن تەزىم قىلىناتتى. ئەرەبلەر ئۇ بۇتلارنى ئاللاھنىڭ قىزلىرى دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. قۇرئان كەرىم بۇنى رەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ لات، ئۇززا ۋە ئۈچىنچىسى بولغان ماناتلار (ئاللاھ تائالادەك كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگىمۇ؟) (سىلەرچە ياخشى ھېسابلانغان) ئوغۇل بالا سىلەرگە خاس بولۇپ، (سىلەرچە يامان ھېسابلانغان) قىز بالا ئاللاھقا خاسمۇ؟ ئۇنداقتا بۇ ئادالەتسىز تەقسىماتتۇر.»

مۇشرىكلار بۇ ئۈچ بۇتنىڭ ئىچىدە ئۇززانى ئەڭ چوڭى دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇنى قۇرەيش مۇشرىكلىرى كۆپرەك تەزىم قىلاتتى. ئۇلار ھەمىشە ئۇنىڭ ئالدىدا قۇربانلىق قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن قايتىشىدا مەككىگە ئەتتاب ئىبنى ئۇسەيدنى ۋالىي قىلىپ قويۇپ كەتتى ۋە ئۇنىڭغا ھەر بىر كۈنلۈكى ئۈچۈن بىر دىرھەم مائاش توختىتىپ بەردى. ئەتتاب بۇ مائاشنىڭ كۆپلۈكىنى بايان قىلىپ: «بىر كۈندە بىر دىرھەمگە تويماي ئاچ قالغان قورساقنى ئاللاھ تائالا ھېچ تويغۇزمىسۇن» دېدى. بۇ چاغقا كەلگۈچە ھىجرەت قىلىش ۋاجىپ بولۇپ، بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر چۈشۈپ مۇسۇلمانلارغا ھىجرەت قىلىشنى تەشۋىق قىلىنغان ئىدى ۋە ھىجرەت قىلغان كىشىگە كاتتا ساۋابلار ۋەدە قىلىنغان ئىدى. بۇنىڭ ھېكمىتى ئوچۇق مەلۇمدۇر. چۈنكى پۈتۈن ئەھلى ئىسلامنى

بىر نۇقتىغا توپلاش مەقسەت قىلىنغان ئىدى. مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى بىلەن بۇنىڭغا ئېھتىياج قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ھىجرەتنىڭ ۋاجىپلىقى تۈگىدى.

## خالىد ئىبنى ۋەلىد قوشۇنى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى ۋاقتىدا بەنى خۇزەيمە ئەرەبلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن خالىد ئىبنى ۋەلىد باشچىلىقىدا ئۈچ يۈز ئەللىك كىشىلىك ھەربىي قوشۇن ئەۋەتتى. بۇ قوشۇندىكى كىشىلەرنىڭ كۆپرەكى مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن ئىدى. مەدىنىدىن كەلگەن بىر قىسىم سەھرا ئەرەبلىرىمۇ بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز بۇلارنى پەقەت بەنى خۇزەيمە ئەرەبلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈنلا ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرۇلمىغان ئىدى. بۇ قەبىلە جاھىلىيەت زامانىدا شاش، ياۋايى ئەرەبلەردىن بولۇپ، ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەۋپنىڭ ئاتىسىنى، خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ تاغىسىنى، ئۇنىڭ بۇرادىرىنى ۋە بۇ قوشۇندىكى بەنى سەلىم قەبىلىسىدىن بىر نەچچە كىشىنى ئۆلتۈرگەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ قوشۇن باشلاپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرگىلى كېلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، ئۇرۇشقا تەييار بولۇپ تۇرۇشقان ئىدى. ئۇلار خالىد ئىبنى ۋەلىدكە ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلام ئەھكاملىرىنى جارى قىلدۇرۇشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇش قىلىدىغانىدەك قوراللىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، خالىد ئىبنى ۋەلىد گۇمانلىنىپ قېلىپ، قوراللىرىنى تاشلىتىپ، ھەممىسىنى ئەسىرگە ئېلىپ ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى. ئەتىسى خالىد ئەسكەرلەرگە ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. بەنى سەلىم ئەرەبلىرىدىن باشقىلىرى ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرمەي ئازات قىلىۋەتتى. خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ بۇ مۇئامىلىسىگە ساھابىلەرنىڭ بىر قىسمى چوڭلىرى بەك خاپا بولدى. بۇ قوشۇن مەككىگە قايتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ قىلغان ئىشىغا كايىدى. ئاندىن كېيىن ھەزرىتى ئەلىنى ئەۋەتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ دىيىتىنى تۆلەپ بەردى.

## ھۇنەين ئۇرۇشى

ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن مەككە پەتھى قىلىنىپ، شېرىك ۋە كۇپرىنىڭ يوقالغانلىقىنى، قۇرەيش مۇشرىكلىرى ۋە مەككە ئەتراپىدىكى ئەرەبلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بويسۇنغانلىقىنى ھەۋازىن ۋە سەقىپ ئەرەبلىرى ئاڭلاپ، پات ئارىدا ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، قەبىلە باشلىقلىرى توپلىنىپ بۇ ھەقتە مەسلىھەت ئېلىپ باردى. ھەۋازىن ۋە سەقىپ قەبىلىلىرى ئەرەبلەر ئىچىدىكى ناھايىتى كۈچلۈك قەبىلىلەردىن ئىدى. ئۇلار كۈچىگە ئىشىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ۋە ئىسلام ئەسكەرلىرى ھۇجۇم قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇلارغا ئالدىن ھۇجۇم قىلىشقا قارار قىلىشتى. ھاۋازىن ۋە سەقىپ ئەرەبلىرى باشقا مۇسۇلمانلارغا دۈشمەن بولغان ئەرەبلەرنى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا قۇترىتىپ، كۈچلۈك ھەربىي قوشۇن تەييارلىدى. بۇ قەبىلە ئىچىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىنىكئانىسىنىڭ قەبىلىسى بولغان بەنى سەئد قەبىلىسىمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئەسكەرلەرگە مالىك ئىبنى ئەۋپنى

www.islamyoli.net

قوماندان قىلىپ تەيىنلىدى. مالىك ئىنتايىن شىجائەتلىك كىشى بولۇپ، ئۇرۇش ئىشلىرىغا ماھىرلىقتا مەشھۇر بولىسمۇ، ياش بولغانلىقتىن تەجرىبىسىز ئىدى. مالىك ئىبنى ئەۋف ئەسكەرلەرنىڭ ئۇرۇش مەيدانىدىن قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئەسكەرلەرنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى بىرگە ئېلىپ چىقىشقا بۇيرۇدى.

بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەقىل ۋە پىكىر جەھەتتە مەشھۇر بولغان دۇرەيد ئىبنى سەممە دېگەن كىشى بار ئىدى. ئۇ مۇشرىكلارنىڭ كاتتا پالۋانلىرىدىن بولۇپ، كۆپ ئۇرۇشلارغا قاتناشقان ئىدى. لېكىن ئۇ بەك قېرىپ كەتكەنلىكتىن ئاجىزلىشىپ قالغانغان بولسىمۇ ئۇنى ئۇرۇشقا ئېلىپ چىقىشتىن مەقسەت، ئۇنىڭ پىكرىدىن پايدىلىنىش ئىدى. ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئىچىدە خوتۇن ـ بالىلارنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ مالىك ئىبنى ئەۋپنى چاقىرىپ، ئۇلارنى ئېلىپ چىقىشنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. مالىك ئۇنىڭغا: «ئەسكەرلەر ئۇرۇش مەيدانىدىن قېچىپ كەتمىسۇن دەپ بىرگە ئېلىپ چىقتىم» دېگەندە، دۇرەيد مالىكنىڭ پىكرىنى خاتاغا چىقىرىپ: «ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلارنى ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرى توسۇپ قالالمايدۇ» دەپ ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتىشقا مەسلىھەت بەردى. مالىك بولسا: «سەن قېرىپ ئەقلىڭدىن ئاداشقان كىشىسەن» دەپ ئۇنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلمىدى.

ھاۋازىن ۋە سەقىپ ئەرەبلىرىنىڭ ئۇرۇشقا تەييار بولۇپ چىققانلىق خەۋىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئون ئىككى مىڭ ئەسكەر بىلەن ئۇلارغا قارشى ئاتلاندى. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ ئون مىڭى مەدىنىدىن مەككىنى پەتھى قىلىش ئۈچۈن كەلگەن ئەسكەرلەر بولۇپ، ئىككى مىڭى يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان مەككە خەلقىدىن ئىدى. بۇلارنىڭ دىللىرىغا ئىمان نۇرى تېخى ئورۇنلاشمىغان بولغاچقا، ئۇرۇشتا سۇسلۇق قىلىپ ئىسلام ئەسكەرلىرىگە قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. ئىسلام قوشۇنى ئىچىدە مۇشرىكلارمۇ بولغانلىقتىن زەپەر يولىنى يىراقلاشتۇرۇپ، نۇسرەت ئىشكىنى بىر مۇددەت تاقاپ قويىدى. چۈنكى بەزى تارىخچىلارنىڭ تەھلىلىگە قارىغاندا، بۇ ئۇرۇشتا ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ ئىچىدە مۇشرىكلاردىن سەكسەن كىشى بار بولۇپ، سەپۋان ئىبنى ئۇمەييە، سۇھەيل ئىبنى ئەمر دېگەنلەرمۇ بار ئىدى.

ئىسلام ئەسكەرلىرى ھۇنەين دېگەن جايغا يېقىن بارغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسكەرلەرنى سەپكە تىزىپ، مۇھاجىرلارنىڭ بايرىقىنى ھەزرىتى ئەلىگە، ئەۋس قەبىلىسىنىڭ بايرىقىنى ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەيرگە، خەزرەج قەبىلىسىنىڭ بايرىقىنى ھەبباب ئىبنى مۇنزىرگە تاپشۇردى. بۇلاردىن باشقا بىر قانچە قەبىلە باشلىقلىرىغا بايراق تۇتقۇزدى. پەيغەمبىرىمىز ئۆزى ئىككى قات تۆمۈر كىيىم كىيىۋالدى. ئىسلام ئەسكەرلىرى ھەرىكەتكە كېلىپ، ئالدىنقى سەپ ھۇنەينگە يېتىپ بارغاندا، تار بىر جىلغىغا مۆكۈپ تۇرغان مۇشرىك ئەسكەرلىرى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ قاتتىق ھۇجۇم قىلىپ، ئوق ياغدۇرغىلى تۇردى. ھېچ ئويلىمىغان يەردىن بۇنداق تۇيۇقسىز ھۇجۇمنى كۆرگەن ئىسلام ئەسكەرلىرى قېچىشقا باشلىدى. ئارقىدا كېلىۋاتقانلار بۇلارنى كۆرۈپ، قورققىنىدىن ئۇلارمۇ قېچىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ سېپى بۇزۇلۇپ، مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا باشلىدى. ئۇرۇش مەيدانىدا پەقەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن بىر نەچچە كىشىلا قالدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئەلى، ھەزرىتى ئابباس، پەزل ئىبنى ئابباس، ئەبۇ سۇفيانىلھارىس، رەبىئە ئىبنى ھارىس، ئەيمەن ئىبنى ئۇممى ئەيمەن، ئۇسامە ئىبنى زەيد قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇلار ئۇرۇش مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ھەزرىتى ئابباس

www.islamyoli.net

پەيغەمبىرىمىزنىڭ قېچىرىنىڭ تىزگىنىنى، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى هارىس ئىبگىرىنى تۇتۇپ، ئۇ زاتنى هىمايە قىلاتتى. پەيغەمبىرىمىز قېچىۋاتقان ئەسكەرلەرنى چاقىرىپ، قايتۇرۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ، ئۇلار قورققانلىقىدىن هېچنەرسىنى ئاڭلىمىدى. ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ سېپى بۇزۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىسلامنى يېڭىدىن قوبۇل قىلغان مەككە خەلقىنىڭ بەزىسى خۇرسەن بولسىمۇ، لېكىن ئىكرەمە ئىبنى ئەبۇ جەهلغا ئوخشاش مۇتەئەسسىپ كىشىلەر ئەپسۇسلىناتتى. سەپۋان ئىبنى ئۇمەييە مۇشرىك تۇرۇپ، بۇ ئىشتىن ناهايىتى خىجالەت بولدى. ئەبۇ سۇفيان بولسا بىر ئاز خۇرسەن بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويدى.

هەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇرۇش مەيدانىدا: «مەن پەيغەمبەرمەن، بۇ يالغان ئەمەس، مەن ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئوغلىمەن» دەپ شېئىر ئوقۇيتتى. ئىسلام ئەسكەرلىرىنى بىر جايغا توپلاپ، ئىنتىزامغا چۈشۈرۈش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام هەزرىتى ئابباسقا مۇهاجىر ۋە ئەنسارلارنى چاقىرىشقا بۇيرۇدى. هەزرىتى ئابباس غايەت يۇقىرى ئاۋازلىق كىشى ئىدى. ئۇ قاتتىق ئاۋازى بىلەن: «ئى ئەنسارلار! رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقانلار!» دەپ توۋلىدى. قېچىپ كېتىۋاتقان كىشىلەر هەزرىتى ئابباسنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، تەسىرلىنىپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشتى. قاچقان ئەسكەرلەرنىڭ كۆپلۈكى ۋە ئىنتىزامسىزلىقىدىن، كۆپلىرى تۆگىلىرىنى تاشلاپ، پەقەت ئۇرۇش قوراللىرىنى ئېلىپلا پىيادە قېچىشقان ئىدى. هەزرىتى ئابباسنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىسلام ئەسكەرلىرى قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا توپلىنىپ، ناهايىتى مۇنتىزىم سۈرەتتە سەپكە تىزىلدى ۋە پۈتۈن كۈچ ـ قۇۋۋەتلىرى بىلەن مۇشرىكلارغا قارشى هۇجۇمغا ئۆتتى. مۇشرىكلار بەرداشلىق بېرەلمەي، مەغلۇپ بولۇپ قاچقىلى تۇردى. ئىسلام ئەسكەرلىرى بۇلارنىڭ ئارقىلىرىدىن قوغلاپ، نۇرغۇنلىغان غەنىمەتلەرنى قولغا چۈشۈردى ۋە ئۇلارنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىنى، هەتتا نۇرغۇن ئەسكەرلىرىنى ئەسىرگە ئالدى.

ئۇرۇشنىڭ بېشىدا ئىسلام ئەسكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ، ئازراق خەۋپ ۋە تەشۋىشكە چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاللاهنىڭ ئىنايىتى، مۇهاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ غەيرىتى بىلەن ئاخىرى ئۇلارغا نۇسرەت يار بولۇپ غەلىبە قىلدى. نۇرغۇنلىغان ئۇرۇشلاردا ئۆزلىرىدىن نەچچە هەسسە ئارتۇق دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ كەلگەن ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ بۇ جەڭدە مەغلۇپ بولۇشقا ئاز قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى، ئەسكەرلەر نەچچە قىسىمدىن تەركىب تاپقان ئىدى. يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان سۆزگە قارىغاندا بۇ قوشۇندا كۆپلىگەن سەهرا ئەرەبلىرى هەم يېڭىدىن ئىسلامغا كىرگەن مەككە خەلقى ۋە بىر قىسىم مۇشرىكلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىششى خالىس ئاللاه رازىلىقى ئۈچۈن بولماي، پەقەتلا قاتاردىن قالماسلىق ياكى غەنىمەت ئېلىش ئۈچۈن ئىدى. بۇلارنىڭ پىكرىچە، ئىسلامنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە چېكىنىشى بەرىبىر ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار مۇشرىكلارنىڭ بىر قېتىم هۇجۇم قىلىشىنى كۆرۈش بىلەنلا قېچىپ قۇتۇلغانلىقىنى غەنىمەت بىلدى. بۇ چاغقىچە كۆپلىگەن ئۇرۇشلاردا باتۇرلۇق كۆرسىتىپ غەلىبە قىلىپ كەلگەن، ئاللاه يولىدا جان ۋە ماللىرىنى پىدا قىلغان مۇهاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ كۆڭلىگە غەنىمەت ئېلىش ئۈچۈن ئۇرۇشقا قاتناشقان كىشىلەر خەۋپ ۋە تەشۋىش سالدى. ئەگەر ئەسكەرلەر مۇهاجىر ۋە ئەنسارلاردىنلا تەركىب تاپقان بولسا ئىدى، بۇنداق قوشۇننىڭ بۇزۇلۇشى ۋە قېچىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. هەقىقەتتە دۈشمەنگە قارشى تۇرۇپ، غەلىبە قىلغان كىشىلەر ئەنسار ۋە مۇهاجىرلار ئىدى.

www.islamyoli.net

مۇشرىكلار مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، بىر قىسمى تائىپقا قاچتى. يەنە بىر قىسمى ئەۋتاسقا قاچتى. ئەۋتاسقا قاچقان مۇشرىكلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاش ئۈچۈن ئەبۇ ئامىرلئەشئەرىنىڭ باشچىلىقىدا بىر قىسىم ئەسكەر ئەۋەتىلدى. مۇشرىكلار بۇلارغا بىر ئاز قارشىلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن ئاخىرى مەغلۇپ بولدى. ئەبۇ ئامىرلئەشئەرى بۇ ئۇرۇشتا شېھىد بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى قوماندان بولدى. بۇلار نۇرغۇنلىغان غەنىمەت ۋە ئەسىرلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى. ئەسىرلەر ۋە غەنىمەتلەرنىڭ ھەممىسى جىئىررانە دېگەن جايغا توپلاندى. غەنىمەتلەر يىگىرمە تۆت مىڭ تۆگە، قىرىق مىڭدىن كۆپرەك قوي، تۆت مىڭ ئۇقىيا كۈمۈش ۋە ئۇندىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئەسىرلەردىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ھۇنەيىن ئۇرۇشىدا ئەيمەن ئىبنى ئۇممى ئەيمەن، يەزىد ئىبنى زەمئە قاتارلىق ساھابىلەر شېھىد بولدى.

مەغلۇپ بولغان مۇشرىكلارنىڭ بىر قىسمى قوماندانى مالىك ئىبنى ئەۋف بىلەن بىرگە تائىپقا قاچقان ئىدى. بۇلار ئۆزلىرىگە بىر يىللىق ئوزۇق تەييارلاپ، تائىپنىڭ قورغىنىغا كىرىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ، يولدا مالىك ئىبنى ئەۋپنىڭ قەلئەسىگە بارغاندا، قەلئەنى يىقتىپ ۋە چېقىپ ئۆتۈپ كەتتى. سەقىپ خەلقىدىن بىر كىشىنىڭ بېغىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، باغنىڭ ئىگىسىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغاندا، ئۇ قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىغاچقا باغقا ئوت قويۇۋەتتى.

## تائىپ قورغىنىنى مۇھاسىرە قىلىش

ئىسلام ئەسكەرلىرى تائىپقا يېقىن بىر جايغا ئورۇنلاشتى. مۇشرىك ئەسكەرلىرى ئوق ئېتىپ قارشىلىق كۆرسەتتى، ئىسلام ئەسكەرلىرى ئۇلارغا قارشى ئوق چىقاردى. بۇ ئېتىشىشتا مۇسۇلمانلاردىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئۇمەييە قاتارلىق ئون ئىككى كىشى شېھىد بولدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى بەكرى، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب قاتارلىق كىشىلەر يارىلاندى. تائىپ قورغىنى ئون سەككىز كۈن مۇھاسىرە قىلىنىپ، ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى. چۈنكى بۇ قورغان ناھايىتى مۇستەھكەم بولۇپ، مۇشرىكلاردا ئوزۇق يېتەرلىك ئىدى.

مۇھاسىرە جەريانىدا خالىد ئىبنى ۋەلىد دۈشمەن تەرەپتىن ئېلىشىشقا ئادەم تەلەپ قىلغان ئىدى. دۈشمەن تەرەپتىن ھېچ كىشى ئۇنىڭغا قارشى چىقالمىدى. مۇشرىكلار تەسلىم بولمىغانلىقتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مانچاناق ئىشلىتىشكە بۇيرۇدى ۋە تائىپ ئەتراپىدىكى خورما دەرەخلىرىنى كەستۈرۈۋەتتى. شۇنداق بولسىمۇ مۇشرىكلار قەلئەدىن چىقمىدى. بەلكى قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇرۇۋالدى. ئاردا ئون بەش نەپەر قۇل ئىتائەت قىلىپ، قورغاندىن قېچىپ چىقتى.

مۇھاسىرە ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلغانلىقتىن ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز تائىپنى تاشلاپ كېتىش پىكرىگە كەلدى ۋە بۇ ھەقتە نەۋپەل ئىبنى مۇئاۋىيە بىلەن مەسلىھەتلەشتى. ئۇ كىشىمۇ كېتىش تەرەپدە بولدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز ئەسكەرلەرگە تائىپتىن قايتىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئەسكەرلەر ئاۋۋال تائىپنى ئالماستىن كېتىشكە رازى بولمىغان بولسىمۇ، كېيىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «ئۇلار ئۆزلىرى كېلىپ تەسلىم بولىدۇ» دېگەن بېشارىتىنى ئاڭلاپ، قايتىشقا ماقۇل بولدى. ئەسكەرلەرنىڭ بەزىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تائىپ خەلقى ئۈستىدىن بەددۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ پەيغەمبىرىمىز قوبۇل قىلماي، ئۇلار ھەققىدە ياخشى دۇئا

www.islamyoli.net

قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، تەسلىم بولۇشىنى ئاللاھ تائالادىن تىلەپ: «ئى ئاللاھ! سەقىپ قەبىلىسىنى ھىدايەت قىلغىن، ئۇلارنى مۇسۇلمان قىلىپ ئېلىپ كەلگىن» دەپ دۇئا قىلدى.

پەيغەمبىرىمىز تائىپتىن ئۇدۇل جىئرانىگە قايتتى. ئۇ يەردە ئۇرۇشتا ئېلىنغان غەنىمەتلەر بار ئىدى. غەنىمەت ۋە ئەسىرلەرنىڭ ھېسابى ئېلىندى. دەل شۇ ۋاقىتتا ھاۋازىن ئەرەبلىرىدىن زۇھەير ئىبنى سەرەد باشلىق ئون تۆت كىشى ئەلچى بولۇپ كېلىپ، ئۆز قەۋمىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن خوتۇن - بالىلىرىنى، مال - مۈلۈكلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئېمىلداش قېرىنداشلىرى بار ئىدى. ئەلچىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەپقىتىنى قوزغاش ئۈچۈن: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە سىلىنىڭ تاغىلىرى، سىلىنى كىچىك ۋاقىتلىرىدا تەربىيىلىگەن كىشىلەر بار. ئەگەر سىلىنىڭ ئورۇنلىرىدا نوئمان ئىبنى مۇنزىر ياكى ھارىس ئىبنى ئەبى شەمەر بولسا ئىدى، ئەسىرلەرنى ئازات قىلغان بولاتتى. ئەلۋەتتە بىزنىڭ سىلىدىن كۈتۈدىغان ئۈمىدىمىز زور» دېيىشتى. ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «مەن بۇ ئەسىرلەر ۋە غەنىمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بېرەلمەيمەن، سىلەرگە خوتۇن - بالىلىرىڭلار قەدىرلىكمۇ ياكى مال - مۈلكۈڭلارمۇ؟ ئىككىنىڭ بىرىنى تاللاڭلار، شۇنى قايتۇرۇپ بېرەي» دېدى. ئۇلار تەبىئىي ھالدا خوتۇن - بالىلىرىنى ئىختىيار قىلدى. ئاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا: «نامازدىن كېيىن كىشىلەرگە ئۆزۈڭلارنىڭ ئىسلامغا كىرگەنلىكىڭلارنى، ئۇلار بىلەن قېرىنداش بولغانلىقىڭلارنى بىلدۈرۈپ، ئاندىن كېيىن ئەسىرلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىڭلار، شۇ چاغدا مەن سىلەرگە ياردەم قىلىمەن» دېدى. نامازدىن كېيىن ئۇلار پەيغەمبىرىمىز دېگەندەك ساھابىلەردىن خوتۇن - بالىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتى. پەيغەمبىرىمىزمۇ سۆز قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەسىرلەرنى قايتۇرۇپ بېرىش پىكرىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى ۋە ساھابىلەرنى بۇنىڭغا تەرغىب قىلدى. مۇھاجىر ۋە ئەنسارلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈن ئۆز نېسىۋىلىرىدىن ۋاز كەچتى. ئەقرە ئىبنى ھابىس، ئۇيەينە ئىبنى ھىسنى، ئابباس ئىبنى مىرداسقا ئوخشاش بەزى قەبىلە باشلىقلىرى ئالدىدا رازى بولمىغان بولسىمۇ، كېيىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىككىنچى غەنىمەتتىن مۇكاپاتلايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ رازى بولۇشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئەلچىلەرگە: «مالىك ئىبنى ئەۋف كېلىپ تەسلىم بولسا خوتۇن - بالىلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈز تۆگە مۇكاپات ئالىدۇ» دېگەن ئىدى. مالىك بۇ سۆزنى ئەلچىلەردىن ئاڭلاپ مەخپىي ھالدا تائىپ قورغىنىدىن چىقىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا قىلغان ۋەدىسى بويىچە خوتۇن - بالىلىرىنى قايتۇرۇپ بەردى ۋە يۈز تۆگە بەردى. ھەۋازىن ئەرەبلىرىدىن مۇسۇلمان بولغانلارغا مالىكنى باشلىق قىلىپ تەيىنلىدى.

## ھۆنەيىن غەنىمەتلىرىنىڭ تەقسىم قىلىنىشى

كەيىندىن پەيغەمبىرىمىز ھۆنەيىن غەنىمەتلىرىنى تەقسىم قىلىشقا باشلىدى. ئالدى بىلەن قۇللىرىدىن مۇلۇك ۋە سەلتەنەت كەتكەنلىكتىن كۆڭلى سۇنۇق، ئىسلامنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ تېخى دىللىرى ئەنسار ۋە مۇھاجىرلاردەك ئىمان بىلەن قارار ئالمىغان قۇرەيش كاتتىلىرى ۋە قەبىلە باشلىقلىرىنىڭ دىللىرىنى ئېرىتىپ،

www.islamyoli.net

ئۇلارغا ئىسلامنى ياخشى كۆرستىش ئۈچۈن، ئۇلارغا كۆپرەك غەنىمەت بەردى. شۇ قاتاردا ئەبۇ سۇفيان ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى يەزىد ۋە مۇئاۋىيەلەرنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن تۆگە قىرىق ئۇقىيە كۈمۈش بېرىلدى. ھەكىم ئىبنى ھىزامغا يۈز تۆگە بېرىلدى. ئۇ يەنە يۈزنى سورىغاچقا، يەنە يۈز تۆگە بېرىلدى. سۇھەيل ئىبنى ئەمىر، ھۇۋەيتىب ئىبنى ئابدۇلئۇززا، ھۇيەينە ئىبنى ھىسنى، ئەقرە ئىبنى ھابىس، سەپۋان ئىبنى ئۇمەييە، ھارىس ئىبنى ھىشام، ئابباس ئىبنى مىرداس ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ئەرەب باشلىقلىرىغا دەرىجىلىرىگە قاراپ يۈزدىن، ئەللىكتىن، قىرىقتىن تۆگە ئېھسان قىلىندى.

بۇنداق كىشىلەرگە شەرىئەت تىلى بويىچە «مۇئەللىفەتۇلقۇلۇب» دېيىلىدۇ. ئىسلامغا كىرگەن كىشىلەرگە پۇل ـ مال بېرىپ، ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن مۇشۇ تەرىقىدە كۆپ ئېھسان قىلىندى. بۇنداق قىلىش ئىسلامنىڭ ئالىي سىياسەتلىرىدىندۇر. مەزكۇر ئەرەب باشلىقلىرى پەيغەمبىرىمىزدىن پەۋقۇلئاددە مەمنۇن بولۇشۇپ، قانداق رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەي قېلىشتى ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلى ئىسلامغا مايىل بولدى. بۇلارنىڭ كۆزىگە ئىلگىرى قەبىھ كۆرۈنگەن ئىسلام، كېيىن ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈندى. مەزكۇر كىشىلەرگە بېرىلگەن ماللار ئەسلى غەنىمەتتىن ئەمەس ئىدى. بەلكى پەيغەمبىرىمىز ھۆكۈمەت مەنپەئىتى ئۈچۈن ئېلىپ قالغان غەنىمەتلەرنىڭ «بەشتىن بىرى» بولغان نەرسىلەر ئىدى. ياكى پەيغەمبىرىمىزگە خاس بولغان غەنىمەتلەردىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئالماي بېرىۋەردى. شۇنداق بولسىمۇ ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇيالمىغان بەزى سەھرا ئەرەبلىرى مەزكۇر كىشىلەرگە كۆپ غەنىمەت بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، بىز غەنىمەتلەردىن قۇرۇق قالارمىزمۇ دەپ خاپا بولۇشتى. ھەتتا بەنى تەمىمدىن بولغان بىر كىشى پەيغەمبىرىمىزگە: «غەنىمەتلەرنى ئادىل تەقسىم قىلمىدىڭ، ئادىل بول» دېدى. بەزىلەر: «بۇ تەقسىماتتا ئاللاھ رازىلىقى تەلەپ قىلىنمىدى» دېدى. پەيغەمبىرىمىز بۇنداق نامۇۋاپىق سۆزلەرنى قىلغانلارغا يۇمشاق مۇئامىلە قىلدى. ساھابە كىراملاردىن بەزىلىرى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە مەسلىھەت بەرگەن بولسىمۇ، پەيغەمبىرىمىز قوبۇل قىلماي، ئۇلارنى ئەپۇ قىلدى.

غەنىمەتلەر تەقسىم قىلىنغاندا پىيادىلەرگە تۆتتىن تۆگە، قىرىقتىن قوي بېرىلدى. ئاتلىقلارغا بۇنىڭ ئۈچ ھەسسىسى تەگدى. بۇ غەنىمەتلەردىن مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارغا ھېچنەرسە بېرىلمىگەن ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار، جۈملىدىن ئەنسارلار ئازراق رەنجىدى ۋە: «پەيغەمبىرىمىز ئۆز قەۋمىگە كۆپ غەنىمەت بەردى. بىزگە ھېچنەرسە بەرمىدى. ۋەھالەنكى، بىز ئۇنىڭغا قىيىن ھالەتتە ياردەم قىلغان ئىدۇق. ئۇنى ۋە ساھابىلىرىنى ئۆز شەھىرىمىزگە ئېلىپ بېرىپ، كۆپ خىزمەتلىرىنى قىلغان ئىدۇق. ئۇنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن جان ۋە ماللىرىمىزنى پىدا قىلغان ئىدۇق. بەدىر، ئۇھۇد، خەندەككە ئوخشاش قىيىن ئۇرۇشلاردا، ئۇرۇش مەيدانىدا مۇستەھكەم تۇرغان ئىدۇق. بىز شۇنداق ياردەم قىلغان بولساقمۇ، بىزنى نېمە ئۈچۈن غەنىمەتتىن قۇرۇق قويىدۇ» دېيىشتى. ھەسسان ئىبنى سابىت ئەنسارلارنىڭ بۇ ھالىغا خاپا بولغانلىقىنى بايان قىلىپ بىر قەسىدە يازغان ئىدى.

ھەزرىتى سەئد ئىبنى ئۇبادە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بۇ ھەقتە ئەنسارلارنىڭ رەنجىگەنلىكىنى بايان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ، ئەنسارلارنى بىر يەرگە يىغدۇرۇپ، مۇنداق مەزمۇندا سۆز قىلدى: «ئى ئەنسارلار جامائىتى! سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا ئۇنداق ـ مۇنداق سۆزلەرنىڭ بولغانلىقىنى

ئاڭلىدىم، سىلەر مەن كېلىشتىن ئىلگىرى زالالەتتە ئەمەسمىدىڭلار؟ جانابى ئاللاھ مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن سىلەرنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلدى. سىلەر پېقىر ئەمەسمىدىڭلار؟ جانابى ئاللاھ مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن سىلەرنى باي قىلدى. بىر ـ بىرىڭلارغا دۈشمەن ئەمەسمىدىڭلار؟ جانابى ئاللاھ مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن سىلەرنى بىر ـ بىرىڭلارغا دوست قىلدى. قۇرەيش ئەرەبلىرى يېڭىدىن كۈپۈردىن چىقىپ ئىسلامغا كىردى. ئۇلار بېشىغا كۆپ مۇسىبەت كەلگەن كىشىلەردۇر. مەن ئۇلارغا مال بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلاي دېگەن مەقسەتتە شۇنداق قىلغان ئىدىم. ئى ئەنسارلار جامائىتى! ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن بېرىلگەن ئازغىنا مال ـ مۈلۈك ئۈچۈن مالال بولدۇڭلارمۇ؟ ھالبۇكى، مەن سىلەرنىڭ مۇستەھكەم، سابىت ئىمانىڭلارغا ئىشىنىپ، سىلەرگە غەنىمەت تەقسىم قىلمىغان ئىدىم. ئى ئەنسارلار! كىشىلەر تۆگە، قويلار بىلەن قايتىپ كەتسە، سىلەر ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بىلەن قايتىپ كېتىشكە رازى بولماسىلەر؟ مەن قەسەم بىلەن ئېيتىمەنكى، ئەگەر ھىجرەت بولمىغان بولسا ئىدى، مەن ئەنسارلارنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى بولغان بولاتتىم. ئەگەر پۈتۈن خەلق بىر يولغا كىرىپ، ئەنسارلار يەنە بىر يولغا كىرسە، مەن ئەنسارلارنىڭ كىرگەن يولىغا كىرگەن بولاتتىم. ئى پەرۋەردىگارىم! ئەنسارلارغا ۋە ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا رەھمەت قىلغىن.»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئېيتقاندىن كېيىن، دىللىرى ئىمان بىلەن تولغان ئەنسارلار ئۆزلىرىنىڭ ئىلگىرىكى سۆزلىرىگە ئىنتايىن پۇشايمان قىلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك سۆزلىرىنىڭ تەسىرىدىن ئۇلار كىچىك بالىلارغا ئوخشاش نالە ـ پەرياد قىلىشىپ: «بىزگە غەنىمەت قالغىنىدىن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى قالغىنى ياخشى. بىز شۇنىڭغا رازىمىز» دېيىشىپ تاراپ كېتىشتى.

ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىئرانەدە ئون ئۈچ كۈن تۇرۇپ، غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىپ، مۇئەللىفەتۇلقۇلۇبلارغا كۆپرەك مال ـ مۈلۈك بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆمرە ئۈچۈن مەككىگە باردى. ئۇ جىئرانەدىن ئېھرام باغلىغان ئىدى. مەككە مۇكەررەمەگە كەچ ۋاقىتتا كىرىپ، ئۆمرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلدى. يەنە شۇ كېچىدە جىئرانەگە قايتىپ كەلدى. مەككە مۇكەررەمەدە ۋالى تەيىن قىلىنغان مەزكۇر ئەتتاب ئىبنى ئۇسەيدنى يەنە ۋالى تەيىن قىلىپ قويۇۋەردى. كىشىلەرگە قۇرئان كەرىمنى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تەلىم بېرىش ئۈچۈن ھەزرىتى مۇئاز ئىبنى جەبەلنى بەلگىلەپ قويدى. ئاندىن كېيىن ساھابە كىراملار بىلەن مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە قاراپ يولغا چىقىپ، زۇلقەئدىنىڭ يىگىرمە بەشىنچى كۈنى مەدىنىگە يېتىپ كەلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىئرانەدىكى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئېمىلداش بىر تۇغقىنى شەيما بىنتى ھارىس كەلگەن ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ رىداسىنى سېلىپ، ئۇنى رىدانىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى ۋە: «مېنىڭ قېشىمدا تۇرساڭ كۆپ ھۆرمەت ۋە كاتتا ئىززەتكە ئېرىشىسەن» دەپ ئۇنىڭغا زور ئىلتىپاتتا بولدى. كېيىن شەيمانىڭ ئۆز قەۋمىنىڭ يېنىغا قايتقۇسى كەلگەندە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇنىڭغا كۆپ غەنىمەت بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. مەشھۇر شائىر كەئب ئىبنى زۇھەيرنىڭ بۇرادىرى بۇھەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىسلام بىلەن مۇشەررەپ بولغان ئىدى. كەئب بۇنى ئاڭلاپ بۇھەيرە ھەققىدە قەسىدە يېزىپ ئۇنىڭغا ئەۋەتتى. مەزكۇر قەسىدىدە بۇھەيرەنى: «سەن ئاتا ـ ئاناڭدىن قالغان ھەق دىنىدىن

www.islamyoli.net

چىقتىڭ» دېگەندەك ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەنمىگەندەك سۆزلەر بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ قەسىدىلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قېنىنى تۆكۈشنى ھالال قىلغان ئىدى. بۇھەيرە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى قېنىنى تۆكۈش ھالال قىلىنغان كىشىلەرنىڭ قېنىدىن كەچكەنلىكىنى بىلىپ، ئۆز قېرىندىشى كەئبىگە خەت يېزىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ گۇناھىنى تونۇپ، تەۋبە قىلىشقا تەشۋىق قىلىپ، تەۋبە قىلىش ئارقىلىق جېنىنى قۇتقۇزۇپ قالالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇھەيرەنىڭ قېرىندىشى كەئبىگە خەت يېزىشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تائىپ مۇھاسىرىسىدىن يانغاندىن كېيىن بولغان. كەئب بۇھەيرەنىڭ خېتىنى كۆرۈپ، بىر ئاز ئىككىلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن باشقا چارە تاپالمىغاچقا ئامالسىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ تەسلىم بولۇپ، ئۆز زاتىتىن كەچۈرۈم سوراش قارارىغا كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كېلىپ، بىر تونۇشىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. كېيىن مەسجىدكە بېرىپ كىشىلەر بامدات نامىزىدىن يانغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتىشنى تەلەپ قىلدى. مۇھاجىرلار ئۇنىڭ ھەققىدە ئىنتايىن يۇمشاق مۇئامىلىدە بولغان بولسىمۇ، ئەنسارلار ئۇنىڭغا چىراي ئاچمىدى. ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئەپۇ قىلدى. ئاندىن كېيىن كەئب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ۋە مۇھاجىرلارنى مەدھىيىلەپ، بىر نەچچە قەسىدە ئوقۇدى. مەزكۇر قەسىدىنى كەئب پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىدا ئوقۇغاندا، ئۇنى تەبرىكلەپ ئۈستىدىكى بۇردىسىنى ئۇنىڭغا كىيدۈرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. مەزكۇر بۇردىنى ھەزرىتى مۇئاۋىيە كەئب ئىبنى زۇھەيرنىڭ ۋارىسلىرىدىن يىگىرمە مىڭ تەڭگىگە سېتىۋالغان. خەلىپىدىن خەلىپىگە يۆتكىلىپ كەلگەن بۇ بۇردە ئەنە شۇ بۇردىدۇر. كەئبىگە پەيغەمبىرىمىز بۇردىسىنى بەرگەن سەۋەبتىن تارىخچىلار ئۇنىڭ قەسىدىسىنى «قەسىدە بۇردە» دەپ ئاتىغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەبەشىستانلىق بىر قەۋمنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن جىددىگە كەلمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۈچ يۈز ئەسكەر بىلەن ئەلقەمە ئىبنى مەھزەرنى ئەۋەتتى. ئۇلار ھازىرلىنىپ يولغا چىققاندا دۈشمەنلەر بۇنى ئاڭلاپ قېچىپ كەتتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇرۇش بولماي ئەسكەرلەر قايتقاندا، مەزكۇر ئەلقەمە ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزاپەنى باش قىلىپ ياش يىگىتلەرنى ئالدىن ئەۋەتتى. مەزكۇر ئابدۇللاھ ئىنتايىن چاقچاقچى كىشى ئىدى. ئۇ يولدا كېتىۋېتىپ ئەسكەرلەرگە ئوت ياقتۇرۇپ، ئەسكەرلەرنى ئۇ ئوتقا كىرىشكە بۇيرۇدى. ئۇنى كۆرگەن ئەسكەرلەر ھاڭ ـ تاڭ بولۇشۇپ، بەزىلىرى راستتىنلا ئوتقا كىرىشكە تەييارلاندى. ئاندىن كېيىن مەزكۇر ئابدۇللاھ ئۆزىنىڭ چاقچاق قىلغانلىقىنى بىلدۈردى. مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان. ئىسلام ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانلارغا نەقەدەر بويسۇنىدىغانلىقىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىش ئۈچۈن بۇ ۋەقە يېتەرلىك بولسا كېرەك.

## ھىجرىيىنىڭ توققۇزىنچى يىلى يۈز بەرگەن ۋەقەلەر

ھىجرىيىنىڭ توققۇزىنچى يىلى مۇھەررەم ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇيەينە ئىبنى ھىسنىنى باشلىق قىلىپ، بەنى تەمىم قەبىلىسىگە ئەللىك ئاتلىق كىشىنى ئەۋەتتى. بۇنىڭ سەۋەبى بىشر ئىبنى ئەبى سۇفيان ئىسىملىك بىر

www.islamyoli.net

كىشىنى بەنى كەئب ئەرەبلىرىنىڭ زاكاتلىرىنى يىغىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدى. بەنى كەئب ئەرەبلىرى باشتا ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ئىدى. مەزكۇر بىشر ئىبنى ئەبى سۇفيان كەلگەندە ئۇلار زاكات بەرمەكچى بولغان. ئەمما ئۇلارنىڭ ھىمايىچىلىرى بولغان بەنى تەمىم قەبىلىسى ئۇلارنى زاكات بېرىشتىن توسۇپ، زاكات بەرگىلى قويمىغان. شۇنىڭ بىلەن بىشرى قايتىپ كېلىپ ئەھۋالنى پەيغەمبىرىمىزگە ئېيتقاندا، پەيغەمبىرىمىز مەزكۇر ئەسكەرلەرنى ئەۋەتكەن ئىدى.

ئەسكەرلەر بەنى تەمىم قەبىلىسىگە يېتىپ كېلىپ، ئىككى ئوتتۇرىدا بىر ئاز ئۇرۇش بولغاندىن كېيىن، دۈشمەن تەرەپ مەغلۇپ بولۇپ، ئىسلام قوشۇنى خېلى كۆپ غەنىمەت ۋە ئەسىرلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ، مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. ئەسىرلەرنى ئېلىپ كەتكىلى ئەلچى كەلسە قايتۇرۇپ بېرىش مەقستى بىلەن تارقىتىپ بەرمەي رەملە بىنتى ھارىسنىڭ ئۆيىدە ساقلىدى. مەزكۇر ۋەقەدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئەسىرلەرنى سوراپ ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن بەنى تەمىمنىڭ كاتتىلىرىدىن بىر توپ ئەلچىلەر كەلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەتا ئىبنى ھاجىب، زەبەرقان ئىبنى بەدرى، قەيس ئىبنى ئاسىم ۋە ئەقرە ئىبنى ھابىس قاتارلىق كىشىلەر بار ئىدى. ئۇلار مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كېلىپ بالا - چاقىلىرىنى كۆرۈپ ئىنتايىن تەسىرلەندى. سەبىرسىزلىكتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىپ: «ئى مۇھەممەد! بىزنىڭ قېشىمىزغا چىققىن، سەن بىلەن مۇنازىرە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بىز شائىر ۋە خەتىپلىرىمىزنى ئېلىپ كەلدۇق» دەپ توۋلاشقىلى تۇردى. ئۇ ۋاقىتتا ناماز ۋاقتى كىرىپ، ھەزرىتى بىلال ئەزان ئوقۇۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا نامازغا ھازىرلىق قىلىۋاتاتتى. ئۇلار بار ئاۋازى بىلەن توۋلاۋەرگەچكە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن مالال بولۇپ، ھۇجرىسىدىن چىقىپ ئۇلارغا: «مەن مۇنازىرىلىشىش ياكى شېئىر ئېيتىشىشقا ئەۋەتىلمىدىم» دەپ كىرىپ كەتتى. ئاندىن كېيىن سۈرە ھۇجۇراتنىڭ تۆتىنچى ۋە بەشىنچى ئايەتلىرى مۇشۇ كىشىلەر ھەققىدە نازىل بولدى.

نامازدىن كېيىن ئۇلار مەسجىدكە كىرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇنازىرىلىشىمىز دەپ ھازىر بولدى. ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ مەشھۇر خەتىپلىرىدىن بىرى بولغان ئەتتار ئىبنى ھاجىب ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇزۇن بىر نۇتۇق سۆزلىدى. بۇنىڭغا قارشى سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى شەماس جاۋاب بەردى. ئاندىن كېيىن زەبەرقان ئۆزىنىڭ «پەخرى قەسىدىسى» دەپ مەشھۇر بولغان قەسىدىسىنى توقۇدى. ئۇنىڭغا قارشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز شائىرى ھەسسان ئىبنى سابىت ئورنىدىن تۇرۇپ، ھېچ توختاپ قالماي ياكى ئويلىنىپمۇ تۇرماي دەرھال بىر قەسىدە ئوقۇدى. كېيىن ئۇلار نۇتۇقتا مەزكۇر سابىت ئىبنى قەيسنىڭ ئۈستۈن كەلگەنلىكىگە ۋە شېئىردا ھەسسان ئىبنى سابىتنىڭ غالىپ كەلگەنلىكىگە قايىل بولۇپ، مەغلۇپ بولغانلىقلىرىنى ئېتىراپ قىلىشتى. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولۇشتى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرىنى قايتۇرۇپ بەردى ۋە ئۇلارغا كۆپ ئېھسانلارنى قىلدى.

خالىد ئىبنى ۋەلىد قوشۇنى

www.islamyoli.net

پەيغەمبىرىمىز ۋەلىد ئىبنى ئۇقبە ئىسىملىك بىر ساھابىنى بەنى مۇستەلەق ئەرەبلىرىدىن زاكات ئېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇلار ھەزرىتى ۋەلىد ئىبنى ئۇقبەنىڭ كەلگىنىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن قىلىچ، نەيزىلىرىنى ئېلىپ ئالدىغا چىقتى. ۋەلىد بۇلارنى كۆرۈپ، بۇلار ئىسلامدىن چىقىپتۇ دەپ گۇمان قىلىپ، ئارقىسىغا يېنىپ بېرىپ ئەھۋالنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنى ئاڭلاپ بىر توپ ئەسكەر بىلەن ھەزرىتى خالىد ئىبنى ۋەلىدنى ئەۋەتتى. ئۇلار مەزكۇر قەبىلىنىڭ زېمىنىغا يېتىپ كەلگەندە ناماز بامداتنىڭ ۋاقتى بولغان ئىدى. دەل شۇ ۋاقىتتا تەرەپ - تەرەپتىن مۇئەززىنلەر ئەزان ئوقۇشقا باشلىدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد ئوتتۇرىدا بىر ئۇقۇشماسلىق بارلىقىنى بىلىپ، ئۇرۇش قىلماي مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە قايتىپ كەتتى. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن زاكات ئېلىش ئۈچۈن باشقا بىر كىشىنى ئەۋەتتى.

## ھەزرىتى ئەلى قوشۇنى

شۇ يىلى رەبىئۇلئاخىر ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەلىنى قوماندان قىلىپ، ئەنسارلاردىن يۈز ئەللىك كىشىنى تەي قەبىلىسىنىڭ بۇتىنى چېقىپ تاشلاش ئۈچۈن ئەۋەتتى. بۇ قوشۇن بېرىپ ئۇلارنىڭ بۇتىنى چېقىپ تاشلىدى. تەي قەبىلىسى ئىسلام ئەسكەرلىرىگە قارشى چىققانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇنلىغان غەنىمەت ۋە بىر قىسىم كىشىلەرنى ئەسىرگە ئالدى. مەزكۇر ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە مەشھۇر ھاتەم تائىنىڭ قىزى سەپۋانە بار ئىدى. ئۇ مەدىنىگە ئېلىپ كېلىنگەندە پەيغەمبىرىمىزگە ئۆزىنىڭ ھاتەمنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئازار يەتكۈزمەسلىكىنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئازات قىلدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ سەپۋانەگە قىلغان ياخشىلىقى ئۇنىڭ قېرىندىشى ئەدى ئىبنى ھاتەمنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا سەۋەب بولدى. چۈنكى ئەدى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئەسكەرلىرى كەلگەندە شام تەرەپكە قېچىپ كەتكەن ئىدى. سەپۋانە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ياخشى مۇئامىلىسىنى كۆرۈپ قېرىندىشىغا خەۋەر بېرىپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا قىزىقتۇردى. ئەدى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ مەدىنىگە كېلىپ پەيغەمبىرىمىز بىلەن كۆرۈشتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. ئۇلار يولدا كېتىۋاتقاندا بىر قېرى ئايال پەيغەمبىرىمىزنى توختىتىپ ھاجىتىنى ئېيتىپ، ئۇزۇن سۆزگە تۇتتى. ئەدى پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ قەدەر كەمتەرلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ھەمدە: «بۇ كىشى ھەقىقەتەن پادىشاھ ئەمەس، ھەق پەيغەمبەر ئىكەن» دەپ ئويلىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كىرگەندە پەيغەمبىرىمىز رىداسىنى سېلىپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە ئۆزى قۇرۇق يەردە ئولتۇردى. بۇمۇ ئەدىگە قاتتىق تەسىر قىلدى. ئاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئۇنى ئىسلامغا دالالەت قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئى ئەدى! سەن بىزنىڭ پېقىر ئىكەنلىكىمىزنى كۆرۈپ، دىنىمىزنى قوبۇل قىلماسلىقىڭ مۇمكىن. بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىزنىڭ كۆپلۈكى سېنى دىنىمىزغا كىرىشتىن توسۇپ قويۇشى مۇمكىن. پادىشاھلىق ۋە سەلتەنەت بىزنىڭ قولىمىزدا بولمىغانلىقتىن دىنىمىزدىن قېچىشىڭ مۇمكىن. مەن قەسەم بىلەن ئېيتىمەنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا مال - دۇنيا شۇ قەدەر كۆپ بولۇپ كېتىدۇكى، ئۇ مالنى ئالىدىغان كىشى تېپىلماي قالىدۇ. شۇ قەدەر تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك ۋاقتى كېلىدۇكى، بىر ئايال تەنھا ھالدا

www.islamyoli.net

ھېچكىمدىن قورقماستىن ئىراقتىن بەيتۇللاھقا بېرىپ، خاتىرجەم قايتىپ كېلىدىغان كۈن بولىدۇ. ئۇزۇن مۇددەت ئۆتمەي بابىل سارايلىرىنىڭ پەتھى قىلىنغانلىقىنى كۆرىسەن.» ئاندىن كېيىن ئەدى ئىبنى ھاتەم ئىسلامنى قوبۇل قىلدى ھەمدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ ئىلگىرى ناسارا (خرىستىئان) دىنىدا ئىدى.

## تەبۇك ئۇرۇشى

ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇملۇقلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئەسكەر تەييارلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ساھابە كىراملارغا رۇملۇقلار بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن شام تەرەپكە ئاتلىنىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. باشقا ئۇرۇشلاردا پەيغەمبىرىمىز سىرنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتماستىن يولغا چىقاتتى. ئەمما بۇ ئۇرۇشتا بارىدىغان جاي يىراق بولغاچقا، كۆپرەك تەييارلىق قىلىش لازىم بولغانلىقتىن، قەيەرگە بارىدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتقان ئىدى. بۇ ئۇرۇشقا چىقىش كىشىلەرگە ناھايىتى ئېغىر كەلدى. چۈنكى ئۇلار ئۇرۇشماقچى بولغان دۈشمەنلەر شۇ زاماننىڭ ئەڭ كۈچلۈك دۆلەتلىرىدىن بولغان شەرقىي رىم ئىمپېرىيەسى بولۇپ، بارىدىغان جايمۇ ناھايىتى ئۇزۇن ئىدى. مەدىنە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جايلاردا قەھەتچىلىك يۈز بېرىپ، ھاۋا ناھايىتى ئىسسىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ۋاقىت دەل مەدىنە مېۋىلىرىنىڭ پىشقان ۋاقتى بولۇپ، باغ ئىگىلىرىنىڭ باغلىرىدا يېڭى مېۋىلەردىن يەپ راھەتلىنىپ ياتقۇسى كېلەتتى.

پەيغەمبىرىمىز ئەسكەر تەييارلاش ئۈچۈن ھەممەيلەنى كىشىلەرنى ياردەمگە چاقىردى. بۇ ھەقتە خۇتبە سۆزلەپ ۋەز ـ نەسىھەت قىلدى. ياردەم قىلمىغان كىشىلەر ساۋاپ ۋە ئەجىردىن مەھرۇم قېلىپ، پۇشايمانغا قالاتتى. مەدىنە مۇنەۋۋەرەنىڭ بايلىرىدىن ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى ئەففان پۈتۈن جابدۇقلىرى بىلەن ئۈچ يۈز تۆگە، ئەللىك ئات ۋە مىڭ تىللا ياردەم قىلدى. پەيغەمبىرىمىز بۇنىڭغا ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇزۇن دۇئا قىلدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ بارلىق سەرمايىسى تۆت مىڭ تەڭگە ئىدى. ئۇ ھەممىسىنى ياردەم قىلدى. ھەزرىتى ئۆمەر پۈتۈن مال ـ مۈلكىنىڭ يېرىمىنى ئېلىپ كەلدى. ئاسىم ئىبنى ئەدى يەتمىش تۆگە ۋە نۇرغۇن خورمىلارنى ئېلىپ كەلدى. تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابباس ۋە ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋپلەرمۇ كۆپ ياردەم قىلدى. خوتۇن ـ قىزلارمۇ قوللىرىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىشتى. ھەتتا ئالتۇن ھالقا، ئۈزۈك، بىلەزۈكلىرىدىن تارتىپ ياردەم قىلدى. بۇ ئۇرۇشقا چىقىشقا ئات، تۆگىلىرى يوق كەمبەغەللەرگە ياردەم قىلىنغان پۇل ـ ماللاردىن ئات ۋە تۆگە بېرىلدى. ياردەم ماللار تۈگەپ قېلىپ، ئات ـ تۆگە يېتىشمەي قايتۇرۇلغانلار ئۇرۇشقا چىقالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن كىچىك باللاردەك يىغلىشىپ كەتتى. تەۋبە سۈرىسىدىكى «يەنە مۇنداق كىشىلەرنىمۇ ئەيىبلەشكە بولمايدۇكى، ئۇلار جىھادقا چىقىش ئۈچۈن سەندىن ئۇلاغ سوراپ كەلگەندە، سەن ئۇلارغا ‹مېنىڭ سىلەرنى تەمىنلەيدىغان ئۇلاغلىرىم يوق› دېدىڭ، ئۇلار جىھادقا چىقىشقا سەرپ قىلىدىغان نەرسە تاپالمىغانلىقلىرى ئۈچۈن غەمكىن، كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا قايتىشتى» دېگەن ئايەت مانا مۇشۇ پېقىر كىشىلەر ئۈچۈن چۈشكەندۇر.

www.islamyoli.net

## مۇناپىقلارنىڭ بۇ ئۇرۇشقا چىقىشتىن ئىلگىرىكى پىتنىسى

مۇسۇلمانلار بۇ ئۇرۇشقا تەييار بولغان ۋاقىتتا، مۇناپىقلار ئىلگىرىكىدەكلا پۇرسەت تېپىپ پىتنە تارقىتىشقا باشلىدى ۋە «مۇھەممەد شامدەك يىراق جايغا بېرىپ، بەنى ئەسفەر (رۇملۇقلار) بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى ئويۇن دەپ ئويلاۋاتامدۇ؟ ئۇلارنى ئەرەبلەرگە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ساھابىلىرى بىلەن بىللە ئەسىرگە چۈشۈپ، قوللىرى باغلانغان ھالدا ئېلىپ كېتىلىدۇ» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشتى ۋە ئۇرۇش ئۈچۈن ياردەم قىلغان پېقىرلەرنى مەسخىرە قىلىشتى. كۆپرەك ياردەم قىلغانلارنى بولسا: «رىيا ئۈچۈن ياردەم قىلدى» دەپ تۆھمەت قىلىشتى. بۇلار ھەققىدە تەۋبە سۈرىسىدىكى مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: «مۇناپىقلار مۆمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى مەردلىك بىلەن كۆپ سەدىقە قىلغۇچىلارنى، كەمبەغەل بولغانلىقتىن تاقىتىنىڭ يېتىشىچە ئاز بولسىمۇ ياردەم قىلغانلارنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ. مەسخىرە قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى جازالايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.»

مۇناپىقلارنىڭ كىشىلەرگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىپ ئارىغا پىتنە سالغانلىقى پەيغەمبىرىمىزنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، ئۇنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئەممار ئىبنى ياسىرنى ئەۋەتتى. مۇناپىقلار ھەزرىتى ئەممارغا: «بىز بۇ سۆزلەرنى ئويۇن ـ كۈلكە ئورنىدا دەپ قويىدۇق، پىتنە تېرىش نىيىتىدە قىلمىدۇق» دەپ جاۋاب بەردى. مۇناپىقلار ھەققىدە: «ئى مۇھەممەد! سەن ئۇلارنىڭ مەسخىرە قىلغانلىقىنى سورىساڭ، ئۇلار ‹بىز پەقەت ئىچ پۇشۇقى قىلىپ ئوينىشىپ دەپ قويىدۇق› دەيدۇ. ئۇلارغا ‹سىلەر ئاللاھنىڭ دىنىنى، ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى مەسخىرە قىلدىڭلارمۇ؟› دېگىن.» دېگەن سۈرە تەۋبىنىڭ بەشىنچى ئايىتى نازىل بولدى.

## ئۆزرە ئېيتىپ ئۇرۇشقا چىقمىغانلارنىڭ بايانى

جىد ئىبنى قەيس دېگەن بىر كىشى پەيغەمبىرىمىزدىن بۇ ئۇرۇشقا چىقماسلىققا رۇخسەت سورىدى. ئۇ ئۆزرىسىنى بايان قىلىپ: «ئى مۇھەممەد! مېنىڭ خوتۇنپەرەس ئىكەنلىكىمنى قەۋمىمنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. مەن شامغا بارسام رۇملۇقلارنىڭ قىزلىرى مېنى پىتنىگە گىرىپتار قىلارمىكىن دەپ تەشۋىشلىنىمەن. مەن ئۇلارنى كۆرسەم، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالىمەن. شۇڭا ماڭا رۇخسەت بەرگىن» دېدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ كىشىدىن ياخشىلىق كەلمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى. بۇ ھەقتە يەنە تەۋبە سۈرىسىدىكى مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: «ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ‹ماڭا رۇخسەت قىلغىن، مېنى بالاغا گىرىپتار قىلمىغىن (يەنى رۇمنىڭ ئاياللىرى بىلەن گۇناھ قىلىپ سېلىشىمغا سەۋەبچى بولمىغىن)› دېگۈچىلەر بار. ئەمەلىيەتتە ئۇلار مۇناپىقلىقتىن ئىبارەت چوڭ بالاغا گىرىپتار بولدى. شۈبھىسىزكى، جەھەننەم كاپىرلارنى ئوراپ تۇرغۇچىدۇر.»

سەھرا ئەرەبلىرىدىن سەكسەندەك كىشى ھېچ ئۆزرىسىز تۇرۇپ، ھەر خىل باھانە ـ سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، پەيغەمبىرىمىزدىن رۇخسەت ئالدى. تەۋبە سۈرىسىدىكى: «سەھرالىقلاردىن ئۆزرە بايان قىلغۇچىلار رۇخسەت سوراپ كەلدى. ئىمانىنى داۋا قىلىپ، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە يالغانچىلىق قىلغانلار جىھادقا چىقمىدى. ئۇلاردىن كاپىر بولغانلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.»

www.islamyoli.net

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان مۇناپىقلار ھەر خىل ئۆزرىلەرنى بايان قىلىپ مەدىنىدە قېپقالدى. ئۇنىڭدىن باشقا مۇسۇلمانلىقىدا ئەسلا شۈبھە بولۇپ باقمىغان ئەبۇ خەيسەمە، كەئىب ئىبنى مالىك، ھىلال ئىبنى ئۇمەييە، مەرارە ئىبنى رەبىئ قاتارلىقلار ئۆرۈشقا چىقىشنى ئېغىر كۆرۈپ، ياكى ئارقىدىن يېتىشەرمىز دېگەن خىيال بىلەن قوشۇن بىلەن بىرگە يولغا چىقمىغان ئىدى.

ھەممە تەييار بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئۆز ئورنىغا مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەتىلئەنسارىنى، ئۆز ئائىللىرىغا قاراشقا ھەزرىتى ئەلىنى قويۇپ، ئوتتۇز مىڭ ئەسكەر بىلەن يولغا چىقتى. بۇ ئۇرۇشتا مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنىڭ مەدىنىدە نائىب بولۇپ قالغانلىقىنى نۇرغۇن تارىخچىلار بايان قىلىدۇ. ئەمما ئىبنى ھىشام: «سىبا ئىبنى ئەرپەتە نائىب بولۇپ قالغان» دەيدۇ.

بۇ ئوتتۇز مىڭ ئەسكەرنىڭ ئىچىدە ئون مىڭغا يېقىن ئاتلىق ئەسكەر بار ئىدى. ئەڭ چوڭ بايراقنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە، مۇھاجىرلارنىڭ بايرىقىنى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋامغا، ئەنسارلاردىن ئەۋس قەبىلىسىنىڭ بايرىقىنى ھەزرىتى ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەيرگە، خەزرەج قەبىلىسىنىڭ بايرىقىنى ھەبباب ئىبنى مۇنزىرغا ۋە باشقا قەبىلىلەرنىڭ بايراقلىرىنى ھەر قەبىلىنىڭ باشلىقلىرىغا تاپشۇردى. ھەزرىتى ئەلى مەدىنىدە قالغانلىقتىن مۇناپىقلار: «مۇھەممەد ئەلىنى ئۇنىڭ ئېغىرلىقى ۋە سۇسلۇقىدىن ئۇرۇشقا ئېلىپ چىقمىدى» دەپ مەسخىرە قىلىشتى. ھەزرىتى ئەلى بۇنى ئاڭلاپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا: «مەن سېنى ئائىللىرىمغا قارىسۇن دەپ قويۇپ چىققان ئىدىم، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالما، ھارۇن مۇساغا قانداق بولغان بولسا سەنمۇ ماڭا شۇنداق. لېكىن شۇ پەرق باركى، مەندىن كېيىن پەيغەمبەر كەلمەيدۇ» دەپ نەسىھەت قىلىپ مەدىنىگە قايتۇردى. قوشۇن «ھىجىر» دېگەن جايغا كەلگەندە ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز سەمۇد قەۋمىنىڭ قىسسىلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇلاردىن ھەر ۋاقىت ئىبرەت ئېلىشقا ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆتۈپ كېتىشكە بۇيرۇق قىلدى. ئۇ چاغدا تەبۇكتا باغلاردىن ئەسەر يوق ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇئازغا قاراپ: «ئى مۇئاز! سالامەت بولساڭ بۇ يەرلەرنى باغۇ بوستانلار بىلەن پۈركۈيسەن» دېدى. دېگەندەك پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۆزى توغرا چىقتى. ئۇزۇن ئۆتمەي تەبۇك مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن پەتھى قىلىنىپ، باغۇ بوستانلار بىلەن تولۇپ كەتتى.

بۇ قوشۇننىڭ مەدىنىدىن چىقىشى رەجەپ ئېيىدا بولغان ئىدى. قوشۇن مەدىنىدىن چىققاندا يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئەبۇ خەيسەمە ناھايىتى ئىسسىق بىر كۈندە ئۆزىنىڭ بېغىغا كىردى. ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى بار ئىدى. ھەر ئىككىسى باغدا ئۇنىڭغا چېدىر تىكىپ، سۇ سېپىپ، سالقىن قىلىپ، يېڭى مېۋىلەرنى، سوغۇق سۇلارنى تەييار قىلىپ قويغان ئىدى. ئەبۇ خەيسەمە بۇلارنى كۆرۈپ، پەيغەمبىرىمىزنى ئېسىگە ئالدى ۋە ناھايىتى خىجالەت بولۇپ: «پەيغەمبىرىمىز شۇنداق ئىسسىق كۈنلەردە مۇشەققەتلىك سەپەردە بولسا، مېنىڭ سايىدا ئازادە ھالدا خوتۇنلىرىم بىلەن تاتلىق يېمىشلەرنى يەپ، شېرىن سۇلارنى ئىچىپ راھەتلىنىپ يېتىشىم توغرا ئەمەس» دەپ چېدىرغا كىرىشتىن ۋاز كېچىپ، شۇ ۋاقىتتىلا ئېتىنى ھازىرلاپ قوشۇنغا يېتىشىۋېلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئەبۇ خەيسەمە قوشۇنغا يېتىشىپ كەلگەندە قوشۇن تەبۇكتا ئىدى. ئەسكەرلەر يىراقتىن ئەبۇ خەيسەمەنى كۆرۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «يىراقتىن بىر ئادەم كېلىۋاتىدۇ، ئۇ كىمدۇر؟» دېدى. پەيغەمبىرىمىز: «ئۇ ئەبۇ

www.islamyoli.net

خەيسەمە بولسا كېرەك؟» دېدى. دېگەندەك كۆرۈنگەن كىشى ئەبۇ خەيسەمە بولۇپ چىققاندا، پەيغەمبىرىمىز ئىنتايىن خۇشال بولدى.

ئىسلام ئەسكەرلىرى تەبۇكتا يىگىرمە كۈنچە تۇردى. بۇ ئەسنادا تەبۇك ئەتراپىدىكى بەزى خەلقلەر كېلىپ سۈلھى قىلدى. «ئېيلە» دېگەن جاينىڭ ئىگىسى يوھەننا دېگەن كىشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ھەر يىلدا ئۈچ يۈز تىللا تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن سۈلھى قىلدى. ئۇندىن باشقا ئەزرەھ ھەربائ دېگەن يەرنىڭ خەلقى ھەر يىلى يۈز تىللا بېرىش شەرتى بىلەن سۈلھى قىلىشتى. مىنا خەلقى مېۋىلىرىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن سۈلھى قىلدى.

پەيغەمبىرىمىز تەبۇكتىكى ۋاقتىدا دەۋمەتۇلجەندەل دېگەن جايغا خالىد ئىبنى ۋەلىدنى قوماندان قىلىپ، تۆت يۈز يىگىرمە نەپەر ئاتلىق ئەسكەر ئەۋەتتى. بۇ چاغدا ئۇ يەرنىڭ ئەھلى شىكار ئۈستىدە ئىدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد ئۇلارنىڭ باشلىقى ئۇكەيدىرنى تۇتۇۋېلىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى ئىسلامغا دالالەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇ قوبۇل قىلمىغانلىقتىن جىزيە تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن سۈلھى قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەبۇكتا يىگىرمە كۈن تۇرغاندىن كېيىن، شام تەرەپكە قاراپ ھەرىكەت قىلىش ھەققىدە ساھابە كىراملارغا مەسلىھەت بەردى. ساھابە كىراملار تەبۇكتىن ئۆتۈپ شامغا بېرىشنى ماقۇل كۆرمەي «ھازىر بىز تەبۇكقا كەلدۇق، لېكىن دۈشمەننىڭ سايىسىنى كۆرمىدۇق، ئۇلار بىزنىڭ كېلىۋاتقانلىقىمىزنى ئاڭلاپ قورقتى، بىز بۇنىڭ بىلەن بولدى قىلايلى. شام تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ قالساق، بىر قىسىم قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. چۈنكى دۈشمەنلەر كۆپ، شام تەرەپلەردە ئەسلا مۇسۇلمان يوق، ھازىرچە مەدىنىگە قايتىپ كېتەيلى. كېلەر قېتىمدا بىراقلا يۈرۈش قىلارمىز» دېيىشتى ھەمدە ئۇلار شامدا ۋابا تارقالغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، مەدىنىگە قايتىشنى قارار قىلدى. چۈنكى تەبۇك ئۇرۇشىغا چىقىشتىن مەقسەت مۇسۇلمانلارنى سىناش ۋە ئۇلارنىڭ ئىمانىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى بىلىش ئىدى. شۇڭا پەيغەمبىرىمىز بەزىبىر سەۋەبلەردىن ئارقىدا قالغانلارنى ساقلاپ تۇرماي، ئەگەر ئۇلاردىن ياخشىلىق كېلىدىغان بولسا ئارقىمىزدىن يېتىپ كېلەر دەپ كېتىۋەرگەن ئىدى. دەم ئېلىنغان جايلارنىڭ بىرىدە ساھابىلەردىن ئەبۇ زەررىلغىپارى تۆگىسىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئۇنى ئىزدەيمەن دەپ ئارقىدا قالغان ئىدى. باشقىلار بۇنى كۆرۈپ، پەيغەمبىرىمىزگە: «ئەبۇ زەررىلغىپارى قېپقالدى» دېدى. پەيغەمبىرىمىز: «قالسا قېلىۋەرسۇن، ئەگەر ئۇنىڭدىن ياخشىلىق كەلسە بىزگە يېتىشىپ كېلىدۇ» دېدى. دەرۋەقە ھەزرىتى ئەبۇ زەر تۆگىسىنى تاپالمىغان بولسىمۇ، قوشۇندىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ، يۈك - تاقلىرىنى مۈرىسىگە ئارتىپ، قوشۇننىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى. ئۇ قوشۇن بىر جايغا چۈشۈپ دەم ئېلىۋاتقاندا يېتىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن ساھابە كىراملار خۇشاللىقىدىن باشلىرى ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولۇشۇپ كەتتى ۋە پەيغەمبىرىمىزگە ئۇنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئاللاھ ئەبۇ زەرگە رەھمەت قىلسۇن! ئۇ يالغۇز يۈگۈرۈپ كەلدى، ئۇ يالغۇز ئۆلىدۇ ۋە يالغۇز تىرىلدۈرۈلىدۇ» دېدى.

ئەمەلىيەتتە بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە يۈقىرىدىكى غايە ۋە مەقسەت روشەن ئايان بولدى. ساھابە كىراملارنىڭ ئاللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدا قانچىلىك قىيىنچىلىقلارنى تارتقانلىقى، جانابى ئاللاھنىڭ پەرمانىنى

www.islamyoli.net

بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قانچىلىك جان پىدا قىلغانلىقى، ئاللاھ يولىدا جان ۋەماللىرىنى قۇربان قىلىشنى بويۇك پەرز بىلىپ، جان ۋە ماللىرىنى ئايىمىغانلىقى مانا بۇ قېتىمقى يۈرۈشتە ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ ۋاقىتقىچە نەچچە خىل يول بىلەن بىلىنىپ قالغان مۇناپىقلارنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسى بۇ يۈرۈشتىن كېيىن تېخىمۇ ئاشكارا بولدى. ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىغا پىتنە تېرىش ۋە مۇسۇلمانلارنى يامان يولغا باشلاشتىن باشقا ھېچقانداق بىر ئىشقا يارىمايدىغانلىقى ئايان بولدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئاللاھ تائالا تەۋبە سۈرىسىدە مۇناپىقلار ھەققىدە ئىبرەت ئېلىش لازىم بولغان ساۋاقلارنى بەردى. پەيغەمبىرىمىزگە ئىتائەت قىلىشتا سۇسلۇق قىلغان، ئۇرۇشقا چىقىشقا بوشاڭلىق قىلغان كىشىلەرگە مالامەت قىلدى.

ئىسلام ئەسكەرلىرى تەبۇكتىن قايتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسكەرلەرنى چوڭ يولدىن ماڭدۇرۇپ، ئۆزى يامانراق بىر يولدىن يۈرۈشكە توغرا كېلىپ قېلىپ، كېتىۋاتقاندا مۇناپىقلاردىن بىرنەچچىسى بۇنى بىلىپ قېلىپ، پەيغەمبىرىمىز ئۆتىدىغان جايغا بېرىپ تۇردى. ئۇلارنىڭ قەستى پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۆگىسىنى ئۈركۈتۈپ، ئۇنى يىقىتىش ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ بۇ سۇيىقەستىنى بىلىپ قېلىپ، ئەممار ئىبنى ياسىرغا تۆگىنىڭ تىزگىنىنى تۇتقۇزدى. ھۇزەيپىگە تۆگىنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن مۇناپىقلار مەقسەتلىرىگە يېتەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن مۇناپىقلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ يېتىشۋالماقچى بولغان بولسىمۇ، ھەزرىتى ھۇزەيپە قولىدىكى تاياق بىلەن تۆگىلەرنىڭ باشلىرىغا ئۇرۇپ، ئۇلارنى يېتىشكىلى قويمىدى.

ئەسكەرلەر مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە يېقىن كەلگەندە، مەدىنە خەلقى ئۇلارنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن سەنىيەتۇلۋىداغا چىقتى. خوتۇن ـ قىزلار شېئىر، بېيىت ئوقۇپ، ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كىرىشكە بىر سائەتلىك يول قالغاندا بىر نەچچە ساھابىنى بۇيرۇپ، «مەسجىدى زىرار»نى يېقىپ تاشلاشقا بۇيرۇدى. بۇ مەسجىدنى قۇبا مۇناپىقلىرىدىن بىر توپ كىشى قۇرۇپ چىقىپ، پەيغەمبىرىمىز تەبۇك ئۇرۇشىغا چىقىشتىن بۇرۇن، ئۇلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ: «ئى پەيغەمبىرىمىز! بىز قېرى، ئاجىز كىشىلەرگە ئاسانلىق بولسۇن دەپ بىر مەسجىد بىنا قىلدۇق، سىلىنىڭ شۇ مەسجىدتە ناماز باشلاپ، ئوقۇپ بېرىشلىرىنى تەلەپ قىلىمىز» دېگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سەپەر تەييارلىقى بىلەن ئالدىراش بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالمىدى. ئۇلارنىڭ بۇ مەسجىدنى سېلىشتىن ئەسلى مەقستى مەھەللە خەلقىنى ئايرىپ، ئەھلى ئىسلام ئارىسىغا تەپرىقىچىلىك ئۇرۇقىنى چېچىش ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ مەقستىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوقۇپ، تەبۇكتىن قايتىپ كېلىپلا دەرھال ئۇنى چاقتۇرۇپ تاشلىدى. تەۋبە سۈرىسىدىكى: «بەزى كىشىلەر مۆمىنلەرگە زىيان يەتكۈزۈش، كۇپرىنى كۈچەيتىش، مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىنى پارچىلاش، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قارشى تۇرغان ئادەمنىڭ كېلىشىنى كۈتۈش مەقسىتىدە مەسجىد بىنا قىلدى. ئۇلار: ‹بىز پەقەت ياخشىلىقنىلا ئىرادە قىلدۇق› دەپ چوقۇم قەسەم قىلىدۇ. ئاللاھ گۇۋاھلىق بېرىدۇكى، ئۇلار شەك ـ شۈبھىسىز يالغانچىلاردۇر. ئۇ مەسجىدتە مەڭگۈ ناماز ئوقۇمىغىن، بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپلا تەقۋا ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسجىد ھەقىقەتەن سېنىڭ ناماز ئوقۇشۇڭغا ئەڭ ھەقلىقتۇر. ئۇنىڭدا (گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەر بار. ئاللاھ (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ» دېگەن ئايەت بۇ ھەقتە نازىل بولغان ئىدى.

www.islamyoli.net

ئىسلام ئەسكەرلىرى مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ ئۇرۇشقا چىقالمىغان كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۆزرە ئېيتىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىگە قاراپلا ئەپۇ قىلدى. ئىچكى تەرەپلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇردى. ئۇ ۋاقىتتا باشقىلاردەك يالغان ئۆزرە ئېيتماي، راست ئۆزرە ئېيتاي دېسە ئېغىزغا ئالغۇدەك بىرەر باھانە تاپالماي قالغان ئۈچ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۇلارنىڭ تەۋبىسى قوبۇل بولغانغا قەدەر ساھابە كىراملاردىن ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ ئۇلار بىلەن گەپلىشىشىنى مەنئى قىلدى. بۇ سەۋەبتىن كىشىلەر ئۇلار بىلەن گەپلەشمەيتتى. ئۇلار گەپ قىلسا جاۋاب بەرمەيتتى. ھەلال بىلەن مەرارە كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە بولغان بۇ مۇئامىلىسىدىن قاتتىق ئازابلىنىپ، ئۆيلىرىدىن سىرتقا چىقمايدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا ناماز ئۈچۈن مەسجىدكە بېرىشتىنمۇ ئۆزىنى تارتتى. ئەمما كەئب بولسا ئۇ ئىككى كىشىگە قارىغاندا ياش بولغانلىقى ئۈچۈن ئىشىدىن قالمىدى. كىشىلەر بىلەن سۆزلەشمىسىمۇ، مەسجىدتىن قېپقالمىدى. ئارىدىن قىرىق كۈن ئۆتكەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئاياللىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشقا بۇيرۇدى. ئەللىگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئەللىك كۈن بولغاندا، ئۇلارغا دۇنيا ئىنتايىن تار كېلىپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغان بىر كۈنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تەۋبىلىرىنىڭ قوبۇل بولغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئۇلار ھەققىدە مۇنۇ ئايەت نازىل بولغان ئىدى:

«جىھادقا چىقمىغان ئۈچ كىشىنىڭ تەۋبىسىنى ئاللاھ قوبۇل قىلدى. شۇنچە كەڭ زېمىن ئۇلارغا تار تۇيۇلغان، ئۇلارنىڭ جانلىرى سىقىلغان، ئۇلار ئاللاھقا تەۋبە قىلماي تۇرۇپ، ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە ئىشەنگەن ئىدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ تەۋبە قىلغۇچىلاردىن بولۇشى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنى تەۋبىگە مۇۋەپپەق قىلدى. ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر.»

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ تەۋبىلىرىنىڭ قوبۇل بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئاللاھقا شۈكرى قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى سەدىقە قىلماقچى بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ھەممىسىنى ئەمەس، بىر قىسمىنى سەدىقە قىلىشنى بۇيرۇغان ئىدى.

## ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ ئەمىر بولۇپ ھەجگە بېرىشى

شۇ يىلى زۇلقەئدە ئېيىنىڭ ئاخىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنى ھەج ئۆمىكىنىڭ بېشى قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ھەجگە يولغا سالدى. مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى باشلىق ئۈچ يۈزگە يېقىن كىشى مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىدىن يىگىرمە تۆگە ئەۋەتتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىمۇ ئۆزى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن تۆگە ئېلىپ ماڭدى. مەككە مۇكەررەمە پەتھى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا ئۆتكىلى بىر يىلغا يېقىن بولغان بولسىمۇ، تېخىچە مۇشرىكلار بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشتىن چەكلەنمىگەن ئىدى. ئۇلار بۇرۇنقىدەكلا بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىپ، ئۆز ئادەتلىرى بويىچە ھەج قىلىپ تۇراتتى. جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەبلەر بەيتۇللاھنى ئاندىن تۇغما ھالىتىدە تاۋاپ قىلاتتى. ھاجىلار مەككە مۇكەررەمەگە سەپەر قىلغاندا، ئەھلى ئىسلام بىلەن مۇشرىكلار ئارىسىدىكى سۈلھىنىڭ

www.islamyoli.net

بۇزۇلۇشى ۋە تەبۇك ئۇرۇشىغا دائىر بەرائەت سۈرىسى نازىل بولغان ئىدى. مەزكۇر سۈرە ئەھلى ئىسلامنىڭ كاتتا دۈشمىنى بولغان مۇشرىكلاردىن ئالاقىنى ئۈزۈشكە ئەمرى قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارغا تۆت ئاي پۇرسەت بېرىلگەن ئىدى. ئاندىن كېيىن ئارىدىكى مۇناسىۋەتنى پۈتۈنلەي ئۈزۈشكە ئەمرى قىلىندى. شۇنداق بولسىمۇ مۇسۇلمانلار بىلەن قىلغان ئەھدىلىرىگە رىئايە قىلغان بەزى قەبىلىلەر بۇ ھۆكۈمدىن مۇستەسنا قىلىندى. ئۇلارغا ئەھدىنامىنىڭ مۇددىتى توشقۇچە ياخشى مۇئامىلە قىلىش بۇيرۇلدى. ئەسلىدە ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئارىسىدا مۇناسىۋەت ئۈزۈلۈپ، بۇلار بىر ـ بىرىگە قارشى ئىككى ئۈممەت ھېسابلىناتتى.
ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغان ئىككى دۆلەتنىڭ بىرى يەنە بىرىنىڭ شان ـ شەۋكىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى قۇۋۋىتىنى كەتكۈزۈشكە ئۇرۇنۇشى تەبىئىيدۇر. شۇ سەۋەبتىن مۇشرىكلار بىلەن مۇسۇلمانلار ھەر ۋاقىت بىر ـ بىرىنى يىقىتىشقا تىرىشاتتى. پۇرسەت تاپقان ۋاقىتتا بىر ـ بىرىنىڭ ئىقتىسادىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ماللىرىغا ھۇجۇم قىلاتتى. بەدىر، ئۇھۇد، خەندەك ئۇرۇشلىرى مانا شۇنداق ئىشلارنىڭ نەتىجىسىدە يۈز بەرگەن ئىدى.

## ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئارقىسىدىن بېرىشى

بەرائەت سۈرىسى نازىل بولغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئارقىسىدىن ھەزرىتى ئەلىنى ئەۋەتىپ، قۇربان ھېيت نامىزىدا كىشىلەرگە ئۇشبۇ سۈرىنىڭ بېشىدىن قىرىق ئايەت ئوقۇشقا، بۇندىن كېيىن مۇشرىكلارغا بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشقا يول قويۇلمايدىغانلىقىنى، جاھىلىيەت زامانىدىكىدەك ئاندىن تۇغما ھالدا بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە بۇيرۇدى. ھەزرىتى ئەلى يول ئۈستىدە ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئارقىسىدىن يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مەككىگە كىرىپ، پەيغەمبىرىمىز تاپشۇرغان ۋەزىپىنى قۇربان ھېيت كۈنى ئادا قىلدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زاكات توپلاش ئۈچۈن ئەتراپقا ئادەم ئەۋەتىشى

شۇ يىلى ۋە كېيىنكى يىلى ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ئەرەب قەبىلىلىرىدىن زاكات ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن بىر نەچچە كىشىنى ئەۋەتتى. ئۇيەينە ئىبنى ھىسنىنى بەنى تەمىمگە، يەزىد ئىبنى ھىسنىنى ئەسلەم ۋە غىپار قەبىلىلىرىگە، ئەمر ئىبنى ئاسنى بەنى پەزارە ئەرەبلىرىگە، بىشر ئىبنى سۇفيانىنى بەنى كەئىب ئەرەبلىرىگە، ھەبباب ئىبنى بەشىرنى سەلىم ۋە مۇزەينە ئەرەبلىرىگە، راپىئ ئىبنى مەكىسنى جۇھەينە ئەرەبلىرىگە، زەھھاك ئىبنى سۇفيانىنى بەنى كىلاب ئەرەبلىرىگە، ئەدى ئىبنى ھاتەمنى تەي ۋە ئەسەد قەبىلىلىرىگە، زەبەرقان ئىبنى بەدىر بىلەن قەيس ئىبنى ئاسىمنى بەنى سەئىد ئەرەبلىرىگە، ئەلا ئىبنى ھەزرەمىنى بەھرەينگە، ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپنى نەجرانغا، سەھلى ئىبنى مىلھاب، سەپۋان ئىبنى سەپۋان، سەبۇرە ئىبنى ئەمىر، ۋەكىئ ئىبنى مالىك، مالىك ئىبنى نۇۋەيرە قاتارلىق كىشىلەرنى بەنى تەمىم قەبىلىلىرىگە، پەرۋە ئىبنى مىسكنى بەنى مۇراد

www.islamyoli.net

ئەرەبلىرىگە ئەۋەتكەن ئىدى. مەزكۇر كىشلەرنىڭ بەزىسى پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغۇچە بارغان جايلىرىدا قېلىشتى ۋە بەزىلىرى ۋاقىتلىق ئەۋەتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ قايتىپ كەلدى. مۇھاجىر ئىبنى ئەبى ئۇمەييە كەدە ۋە سەدەد قەبىلىلىرىنىڭ زاكاتلىرىنى ئېلىپ كېلىشكە تەيىنلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن تەيىن قىلىنغان كىشلەر بارالماي قالدى.
زاكات ئېلىشقا بارغانلار ئۆ جاينىڭ بايلىرىدىن ئېلىنغان زاكاتلارنى شۇ جايدىكى پېقىرلارغا تارقىتىپ بېرەتتى. ئەگەر پېقىرلاردىن ئېشىپ قالسا مەدىنىگە ئەۋەتەتتى.
ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى ھەزرىتى ئوسماننىڭ ئايالى ئۇممى كۇلسۇم مۇشۇ يىلى ۋاپات بولدى. مۇناپىقلارنىڭ بېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيمۇ مۇشۇ يىلى ئۆلدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ساھابە كىراملارنىڭ چوڭلىرىدىن ئىدى. ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئاتىسىغا ئىستىغپار تىلەشنى ۋە قىلغان يامان ئىشلىرىنى كەچۈرۈم قىلىشنى تەلەپ قىلدى. شۇنداقلا ئاتىسىغا كېپەن قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆڭلىكىنى سورىدى. پەيغەمبىرىمىز ئابدۇللاھنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ كۆڭلىكىنى بەردى ھەمدە ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇدى ۋە ئۇنىڭ قەبرىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەققىدە ئاللاھتىن ئىستىغپار تەلەپ قىلدى. ئاندىن كېيىن ئاللاھ تائالا بەرائەت سۈرىسىدىكى «سەن ھەرگىز مۇشرىكلارنىڭ ئىچىدىن ئۆلگەن بىرىنىڭ نامىزىنى ئوقۇما ۋە قەبرىسى ئالدىدا تۇرما» دېگەن ئايەتنى چۈشۈرۈپ، پەيغەمبىرىمىزنى مۇناپىقلارنىڭ نامىزىنى ئوقۇشتىن ۋە ئۇلارنىڭ قەبرىسى ئالدىدا تۇرۇشتىن مەنئى قىلدى.

## ھىجرىيىنىڭ ئونىنچى يىلى يۈز بەرگەن ۋەقەلەر

شۇ يىلى رەبىئۇلئاخىر ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەمەندىكى بەنى ھارىس ئەرەبلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن، خالىد ئىبنى ۋەلىدنى قوماندان قىلىپ بىر بۆلۈك ئەسكەر ئەۋەتتى. ھەزرىتى خالىد يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇلار قارشىلىقسىزلا ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولدى. ھەزرىتى خالىد پەيغەمبىرىمىزگە ئۇلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ مەكتۇپ ئەۋەتتى. ئۇ مەكتۇپنىڭ جاۋابى كەلگۈچە ئۇلارنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇلارغا ئىسلام ئەھكاملىرىنى ئۆگەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى خالىد ئىبنى ۋەلىدكە يازغان جاۋابىدا، ئۇنى مەدىنىگە قايتىپ كېلىشكە ۋە ئۇ يەردىكى ئەرەبلەردىن بىر ئەلچى ھەيئىتى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن خالىد ئۇلارنىڭ چوڭلىرىدىن بىر ئەلچى ھەيئىتى تەشكىللەپ، ئۆزى بىلەن بىرگە مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا ئۇلارنىڭ باشلىقى قەيس ئىبنى ھىسنىنى ئەمىر قىلىپ تەيىنلىدى.
شۇ يىلى رامىزان ئېيىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەمەندىكى بەنى مۇدەججەج ئەرەبلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن ھەزرىتى ئەلىنى قوماندان قىلىپ بىر تۈركۈم ئەسكەر ئەۋەتتى ۋە ئۇلارغا مەزكۇر ئەرەبلەر قارشىلىق قىلمىسا، ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىقنى بۇيرۇدى. ئۇ قوشۇن مەزكۇر ئەرەبلەرنىڭ زېمىنىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار ئوق چىقىرىپ قارشىلىق كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئەلى ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇشقا مەجبۇر بولدى ۋە ئاخىرى غەلىبە قىلدى. ئاندىن ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. ئۇلار بىر قېتىم ئۇرۇش قىلىپ،

www.islamyoli.net

ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، زاكات بېرىشكە رازى بولدى. ھەزرىتى ئەلى يەمەندىن قايتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدە ھەججەتۇلۋىدادا ئىدى. ھەزرىتى ئەلى پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرگە ھەج قىلدى.

قەدىمدىن تارتىپ ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارنىڭ زامانىسىدىن باشلاپ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى زاماندىن تارتىپ، ئەرەبلەرنىڭ نەزىرىدە بەيتۇللاھ ناھايىتى مۇقەددەس جاي ئىدى. ئۇلارنىڭ بوۋىلىرى ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارنىڭ زاماندىن تارتىپ كەبىنى تاۋاپ قىلىشى ۋە ئىبادەت قىلىشى ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ يولىدىن نەقەدەر يىراقلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزلىرىنى «بىزلەر ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ دىنىدا» دەپ بىلگەنلىكتىن، بەيتۇللاھنى دائىم زىيارەت ۋە تاۋاپ قىلىپ تۇراتتى. مەككىلىك ئەرەبلەرنىڭ سەپەر قىلىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىش ئىدى. شۇنىڭغا ئوخشاش سىرتتىن كەلگەن كىشىلەرمۇ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلماي يۇرتىغا قايتمايتتى. ئەرەبلەرنىڭ نەزىرىدە بەيتۇللاھ شۇ قەدەر مۇقەددەس ئىدىكى، ھەتتا بىر كىشى ئاتىسى ياكى باشقا بىر قېرىندىشىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن قاتىلنى ئىزدەپ، بەيتۇللاھنىڭ ئىچىدىن تېپىۋالسا بەيتۇللاھنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرمەيتتى. ئەرەبلەر خۇددى بەيتۇللاھنى ھۆرمەت قىلغاندەك، بەيتۇللاھنى ھىمايە قىلىدىغان ۋە خىزمىتىنى قىلىدىغان قۇرەيش ئەرەبلىرىنىمۇ باشقىلارغا قارىغاندا ئالاھىدە ھۆرمەت قىلىشاتتى. شۇڭا قۇرەيشلەر باشقا ئەرەبلەر سەپەر قىلالمايدىغان خەۋپلىك ئايلاردىمۇ خاتىرجەم سەپەر قىلىۋېرەتتى. يەمەن ۋە شامدەك يىراق جايلارغىمۇ تىجارەت قىلىش ئۈچۈن خاتىرجەم بېرىپ كېلەتتى. بەيتۇللاھ پۈتۈن ئەرەبلەرنىڭ ئارىسىدا ئورتاق بىر ئىبادەتخانا ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن، قۇرەيش ئەرەبلىرى باشقا ئەرەبلەرنى بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىشتىن توسمايتتى، بەلكى زىيارەت ۋە تاۋاپ ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەرنى مېھمان دەپ ناھايىتى ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇلارنىڭ كەمبەغەللىرىگە يېمەك ـ ئىچمەك بېرەتتى. قۇرەيشلەر پېقىر، ئاجىز كىشىلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغانلىقتىن ئۇلارنىڭ باشقا ئەرەبلەر ئارىسىدا نوپۇزى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. مەشھۇر پىل ۋەقەسىدىن كېيىن ئەرەبلەرنىڭ نەزىرىدە بەيتۇللاھنىڭ ئورنى تېخىمۇ يۈكسەلدى ھەمدە قۇرەيش ئەرەبلىرىنىڭمۇ ھۆرمىتى تېخىمۇ ئاشتى.

قەدىمدىن تارتىپ مۇقەددەس جاي دەپ ئېتىقاد قىلىنىپ كەلگەن بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىش، ئۆمرە ۋە ھەج قىلىشتەك مەخسۇس ئىبادەتلەرنى قىلىش يىراق ـ يېقىندىكى پۈتۈن ئەرەبلەرنىڭ بىردەك تەلپىي ئىدى. شۇڭا ئۇلار ھۆرمەتلىك ئايلاردا كېلىپ ھەج تاۋاپ قىلىپ قايتىشاتتى. ئەرەبلەر ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارنىڭ يولىدىن ئېزىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ھەج ۋە ئۆمرەلىرىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ، شېرىك ۋە بۇتپەرەسلىك ئارىلىشىپ قالغان ئىدى. ئۇلار كۆپىنچە كەبىنى بىر مەبۇد دەپ بىلىپ ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلاتتى ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيتتى ھەمدە كەبىنى قىپيالىڭاچ ھالدا تاۋاپ قىلاتتى. يۇقىرى ئاۋاز بىلەن يىغلىشاتتى. بۇلارنىڭ قىلغان ئىبادەتلىرى ھەقىقىي ئىبادەتكە مۇخالىپ بولغان ئىشلارغا ئارىلىشىپ قېلىپ، بىر خىل بۇتپەرسلىك ۋە خۇراپاتلىق شەكلىنىپ قالغان ئىدى.

www.islamyoli.net

ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلارنى دەۋەت قىلغان ئىسلام دىنى مانا شۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ۋە باشقا پەيغەمبەرلەر دەۋەت قىلىپ كەلگەن ھەق دىنىنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇسۇل جەھەتتە پەرقلەنمەيدۇ. ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملار ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا تەييارلىغان بۇ ماكان، ھەر بىر دىن ۋە مىللەت ئەھلىگە ئۇنى ھۆرمەتلەش لازىم بولغانلىقتىن، قۇرئان كەرىم كەبىنى كۆپ زىكىر قىلىدۇ ۋە ھۆرمىتىنى بايان قىلىدۇ. ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارنىڭ كەبىنى قانداق بىنا قىلغانلىقىنى ۋە ئۇ يەردە ئاللاھقا قانداق ئىبادەت قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەرەبلەرنىڭ «بىز ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارنىڭ دىنىدىمىز» دەپ داۋا قىلىشلىرىنى قۇرۇق لاپ ۋە بىمەنە سۆزدىن ئىبارەت دەپ ھېسابلاپ، ئۇلارنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن پۈتۈنلەي ئېزىپ كەتكەنلىكلىرىنى ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەرەبلەرنىڭ ماڭغان يولىنىڭ ئارىسىدا ئاسمان - زېمىن پەرق بارلىقىنى ۋە ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇ بىنا قىلغان كەبىگە ھەممىدىن يېقىن كىشىلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئەرەبلەرنىڭ تۇتقان يوللىرىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ، ئۇلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشكە چاقىرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەر ۋاقىت كەبىنى ئۆزىگە نىسبەت بېرىپ «ئۆز ئۆيۈم» دەپ زىكىر قىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ئىسلام بىلەن مۇشەررەپ بولغان ئەرەبلەرنىڭ نەزىرىدە كەبىنىڭ ھۆرمىتى ئاۋۋالقىدىن نەچچە ھەسسە زىيادەدۇر. مۇسۇلمانلارمۇ كەبىنى زىيارەت ۋە تاۋاپ قىلىدۇ.

ئىسلام دىنى كەبىدىكى ئىبادەت ئۇسۇلىنى جاھىلىيەتنىڭ قىلمىشلىرىدىن پۈتۈنلەي تازىلاپ، ئاللاھ بەلگىلىگەن توغرا سۈرەتكە ئېلىپ كەلدى. ئاللاھ تائالا ھىجرىيىنىڭ ئالتىنچى يىلى ھۇدەيبىيە ۋەقەسى مۇناسىۋىتى بىلەن ھەج ۋە ئۆمرىنىڭ ئەھكاملىرىنى بايان قىلدى. ھىجرىيىنىڭ توققۇزىنچى يىلى ھەج پەرز قىلىنىش بىلەن ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنى ئەمىر قىلىپ، مەككىگە ھەج قىلىشقا ئەۋەتتى.

ھىجرىيىنىڭ ئونىنچى يىلى ئۆزى ھەج قىلىشقا تەييار بولدى ھەمدە مەدىنە ئەتراپىدىكى سەھرا ئەرەبلىرىنى سەپەرگە تەييار بولۇشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشى تەييار بولۇپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە توپلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئۇلارغا ھەج قائىدىلىرىنى ئۆگەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى زۇلقەئىدە ئېيىنىڭ يىگىرمە بەشىنچى كۈنى پېشىن نامىزىدىن كېيىن يولغا چىقتى. مەدىنىدە ئەبۇ دۇجانەتىلئەنسارى نائىب بولۇپ قالدى. بۇ سەپەرگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى ھازىر بولغان ئىدى. يولدا يەنە بىرمۇنچە قەبىلىلەر كېلىپ قېتىلدى. بۇ قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەن ھاجىلارنىڭ ئومۇمى سانى توقسان مىڭغا يەتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. پەيغەمبىرىمىز قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن يۈز تۆگە ئېلىۋالغان ئىدى. ئۇلار ئەسىر ۋاقتى بولغاندا «زۇلھۇلەيپە» دېگەن جايغا كېلىپ دەم ئېلىشقا چۈشتى. ئىككىنچى كۈنى پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئېھرام باغلاپ مەككىگە راۋان بولدى. زۇلھۇلەيپەدىن باشلاپ نامازلار قەسىر قىلىنىپ ئوقۇلدى. زۇلھەججىنىڭ ئۈچىنچى كۈنى «زىتۇۋا» دېگەن جايغا كېلىپ قوندى. ئەتىسى بامدات نامىزىنى ئوقۇپ يولغا چىقىپ، زۇلھەججىنىڭ تۆتىنچى كۈنى (يەكشەنبە) كۈن كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتتا مەككىگە يېتىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز مەككىگە كىرىپلا

www.islamyoli.net

بەيتۇللاھنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلدى. بىرىنچى تاۋاپتا ھەجەرۇلئەسۋەدنى قولى بىلەن سىلاپ، قولىنى سۆيدى. قالغانلىرىدا ھاسسى بىلەن سىلاپ ھاسسىنى سۆيدى. تاۋاپتىن كېيىن ماقامى ئىبراھىمدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. ئاندىن كېيىن سەپا بىلەن مەرۋە ئوتتۇرىسىدا يەتتە قېتىم سەئيى قىلدى. سەپا ۋە مەرۋىگە چىققاندا بەيتۇللاھقا قاراپ تەكبىر ئېيتىپ: «لاَ إِلَهَ إلاّ اللهُ وَحْدَهُ لاَشَرِيْكَ لَهُ، لَهُ الْمُلْكُ وَلَهُ الْحَمْدُ وَهُوَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ قَدِيْرٍ، لاَ إِلَهَ إلاّ اللهُ وَحْدَهُ، أَنْجَزَ وَعْدَهُ، وَنَصَرَ عَبْدَهُ، وَهَزَمَ الأَحْزَابُ وَحْدَهُ» دېدى.

ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «سەرپ» دېگەن جايغا كەلگەندە ساھابە كىراملاردىن قۇربانلىق ئېلىپ كەلگەنلەرگە ھەج ئۈچۈن باغلىغان ئېھراملىرىنى ئۆمرىگە ئۆزگەرتىشنى، ئۆمرىدىن پارىغ بولغاندىن كېيىن تەرۋىيە (يەنى زۇلھەججىنىڭ سەككىزىنچى) كۈنىگىچە ئېھرامدىن چىقىپ تۇرۇش ئىختىيارىنى بەردى. قۇربانلىق ئېلىپ كەلمىگەنلەرگە ھەج ئېھرامىنى ئۆمرىگە ئۆزگەرتىپ، ئۆمرىدىن كېيىن ئېھرامدىن چىقىشنى بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابە كىراملار ئۆمرە قىلىپ بولۇپ، ئېھرامدىن چىقىشتى. قۇربانلىق ئېلىپ كەلگەن ساھابىلەردىن بىر نەچچىسى پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرگە ئېھرامدىن چىقمىدى. پەيغەمبىرىمىز قۇربانلىقى بولمىغان كىشىلەرگە ھەج ئېھرامىنى ئۆمرىگە ئۆزگەرتىپ، ئېھرامدىن چىقىشقا بۇيرۇغاندا سۇراقە ئىبنى مالىك دېگەن ساھابە كېلىپ، پەيغەمبىرىمىزدىن: «بۇنداق قىلىش مۇشۇ يىلغا خاسمۇ ياكى قىيامەتكىچە داۋاملىشامدۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز: «تا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ» دېدى.

بۇ قېتىمقى سەپەردە ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز مەككىنىڭ سىرتىدىراق بىر جايغا چۈشكەن ئىدى. تەرۋىيە كۈنىگىچە نامازلىرىنى چۈشكەن جايدا ئوقۇدى. زۇلھەججىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى ئىلگىرى ئېھرامدىن چىققان ساھابە كىراملار ھەج ئۈچۈن ئېھرام باغلىدى. شۇ كۈنى ئاش ۋاقتىدا پەيغەمبىرىمىز ساھابىلەرنى باشلاپ مىناغا راۋان بولدى. يولدا ساھابىلەرنىڭ بەزىسى تەكبىر ئېيتىپ ماڭدى. بەزىلىرى تەلبىيە ئېيتىپ ماڭدى. ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئىنكار قىلمىدى. شۇ ماڭغانچە ئەرەفاتقا بېرىپ چۈشتى. ئەرەفاتنىڭ شەرق تەرىپىدىكى نەمىرە دېگەن جايغا پەيغەمبىرىمىزنىڭ چېدىرى تىكىلگەن ئىدى. ئۇ زاماندا نەمىرە دېگەن يەر بىر يېزا ئىدى. بۈگۈن ئۇ يەردە ئادەم ياشىمايدۇ. ئۇ بۇ يەردە چۈشكىچە تۇرۇپ، كۈن قايرىلغاندا ئۆزىنىڭ قۇسۋا دېگەن تۆگىسىگە مىنىپ «ئەرىنە» دېگەن جايغا باردى. بۇ يەردە تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئىنتايىن پاساھەتلىك بىر خۇتبە ئوقۇدى. بۇ خۇتبىدە ئىسلامنىڭ قائىدە ـ ئەھكاملىرىنى بايان قىلدى. شېرىكنى، بۇتپەرەسلىكنى ۋە جاھىلىيەتنىڭ پۈتۈن خاتا قىلمىشلىرىنى بىكار قىلدى. جاھىلىيەتتىكى داۋالارنى ۋە جازانىلەرنى قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇردى. ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا، ئۇلارغا زۇلۇم قىلماسلىققا بۇيرۇدى. شۇنداقلا ئەرلەرنىڭ ئاياللار ئۈستىدىكى ۋە ئاياللارنىڭ ئەرلەر ئۈستىدىكى ھەقلىرىنى، ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بولغاچقا، ئاياللار ناشايان ھەرىكەتلەردە بولسا، ئەرلەرنىڭ ئۇلارغا ئەدەپ بېرىش ھەققى بارلىقىنى بايان قىلدى ۋە پۈتۈن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ كىتابىغا چىڭ يېپىشىشقا پەرمان قىلدى. قۇرئان كەرىمگە چىڭ يېپىشقانلارنىڭ ئېزىپ كەتمەيدىغانلىقىنى بايان قىلدى ھەمدە بايان قىلغان بۇ سۆزلىرىنى بۇ يەردە ھازىر بولغانلارنىڭ ھازىر بولالمىغانلارغا يەتكۈزۈشىنى بۇيرۇدى. سۆزىنىڭ ئاخىرىدا خالايىققا قاراپ تۇرۇپ: «مەن سىلەرگە يەتكۈزدۈممۇ؟ ماڭا ئاللاھ تەرەپتىن يۈكلەنگەن ۋەزىپىنى ئادا قىلدىممۇ؟» دېدى.

www.islamyoli.net

ھەممە بىردەك: «يەتكۈزدىلە، ئادا قىلدىلا» دېيىشتى. ئاندىن كېيىن «ئى ئاللاھ! گۇۋاھ بولغىن» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. خۇتبە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ھەزرىتى بىلالنى ئەزان ئېيتىشقا بۇيرۇدى. ئەزان ۋە تەكبىردىن كېيىن پېشىن نامىزىنى ئىككى رەكئەت قىلىپ ئوقۇدى. قىرائەتنى ئىچىدە ئوقۇدى. پېشىن ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا تەكبىر ئوقۇلۇپ، ئەسىر نامىزىنى ئىككى رەكئەت قىلىپ ئوقۇدى. بۇ چاغدا مەككە ئەھلىمۇ بار ئىدى. ئۇلارمۇ باشقىلاردەك پېشىن ۋە ئەسىرنى جەمئىي ۋە قەسىر قىلىپ ئوقۇدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى نامازلىرىنى تولۇقلاشقا بۇيرۇمىدى. ئۇ ھېلىقى «نامىزىڭلارنى تولۇقلاڭلار، بىز سەپەر ئۈستىدىكى كىشىلەرمىز» دېگەن سۆزنى مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى مەككىنىڭ ئىچىدە ئېيتقان ئىدى. ئىبنى قەييۇم «زادۇلمەئاد» دېگەن كىتابىنىڭ «سەپەردە نامازنى قەسىر قىلىش» دېگەن بابىدا بۇنىڭ مەلۇم مۇددەت بىلەن چەكلىك ئەمەسلىكىنى ۋە سەپەر ئۈستىكى كىشىنىڭ جۈمە نامىزى ئورنىغا پېشىن نامىزىنى ئوقۇشىنىڭ لازىم ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ ۋە يۇقىرىقى ئىشنى دەلىل قىلىدۇ ھەمدە بۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز بۇ ئىككى نامازنى ئوقۇغاندىن كېيىن، تۆگىسىگە مىنىپ ئازراق مېڭىپ، تاغ ئېتىكىدە تۇردى. تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە قىبلىگە قاراپ تۇرۇپ، تا كۈن پاتقىچە دۇئا، تەكبىر قىلدى ھەمدە مۇشۇ تۇرغان جايىنىڭلا يالغۇز ئەرەفاتتا تۇرۇش ئورنى بولماستىن، ئەرەفات تېغىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەرەفاتتا تۇرۇش ئورنى ئىكەنلىكىنى ۋە ئەرەفات كۈنى بامدات نامىزىدىن ئىلگىرى كەلگەن كىشىنىڭ ھەجگە ئۈلگۈرگەنلىكىنى بايان قىلدى. بۇ ۋاقىتتا مائىدە سۈرىسىنىڭ: «بۈگۈن سىلەرگە دىنىڭلارنى كامىل قىلدىم ۋە سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم ۋە ئىسلام دىنىنىڭ سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشىغا رازى بولدۇم» دېگەن ئۈچىنچى ئايىتى نازىل بولدى.

بۇ چاغدا كىشىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ روزا تۇتقان ياكى تۇتمىغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئاخىرى ھەزرىتى ئابباسنىڭ ئايالى ئۇممى پەزل بۇنى بىلىش ئۈچۈن بىر قاچا سۈتنى پەيغەمبىرىمىزگە ئەۋەتتى. پەيغەمبىرىمىز سۈتنى ئىچتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ روزا تۇتمىغانلىقى مەلۇم بولدى. كۈن پاتقاندا پەيغەمبىرىمىز مۇزدەلىپىگە قايتتى. تۆگىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۇسامە ئىبنى زەيدنى مىنگەشتۈرۈۋالغان ئىدى. يولدا تەلبىيە ئېيتىپ ماڭدى. ئارىدا بىر جايغا چۈشۈپ تاھارەت يېڭىلىۋالدى. مۇزدەلىپىگە يېتىپ كېلىپ، يەنە تاھارەت ئالدى ۋە ھەزرىتى بىلالغا ئەزان ئېيتىشنى بۇيرۇدى. ئەزان ۋە تەكبىر ئېيتىلىپ، شام نامىزىنى ئوقۇدى. ئازراق تۇرۇپ، ئەزانسىزلا تەكبىر ئېيتىلىپ خۇپتەن نامىزى ئوقۇلدى. ئۇ كۈنى مۇزدەلىپىدە قونۇپ، زۇلھەججىنىڭ ئونىنچى كۈنى تاڭ ئاتقاندا بامدات نامىزىنى ئوقۇپ، تۆگىسىگە مىنىپ، مەشئەرىلھەرەمگە بېرىپ تاڭ سۈزۈلگىچە تۇردى. بۇ ئارىدا قىبلىگە قاراپ دۇئا قىلاتتى ۋە تەكبىر ـ تەھلىل ئېيتاتتى. ئاندىن كېيىن مىناغا راۋان بولدى. مىناغا بېرىشتا ئارقىسىغا پەزل ئىبنى ئابباسنى مىنگەشتۈرۈۋالدى. يولدا پەزل ئىبنى ئابباسقا يەتتە دانە تاش ئالدۇرۇپ كەلدى. بۇ چاغدا خەسئەم قەبىلىسىدىن بولغان بىر ئايال كېلىپ، پەيغەمبىرىمىزنى توختىتىپ «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ دادام ياشىنىپ قالغان كىشى، ئاتقا مىنەلمەيدۇ، مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەج قىلسام بولامدۇ؟» دېدى. پەيغەمبىرىمىز: «بولىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. يەنە بىر كىشى كېلىپ: «ئانام ئۈچۈن ھەج قىلسام بولامدۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا: «ئاناڭنىڭ قەرزىنى ئادا قىلساڭ بولغىنىدەك، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ئاناڭنىڭ ھەججىنى ئادا قىلساڭ

www.islamyoli.net

بولـدۇ» دېـدى. ۋادى مەھـسەرگە كەلگەنـدە تۆگـسىنى تېزلـتـىـپ يـۈرۈپ مىناغـا يېتـىپ كەلـدى  ـ دە، جەمەرە ئەقەبەگە قـاراپ تـۇرۇپ، تۆگـسى ئۈستـىدە تـۇرۇپلا يەتـتە دانە تـاش ئـاتتى. ھەر تاشنى ئاتقانـدا تەكبىـر ئېيتـاتتى. ئانـدىن كېيىن مىنـادا خـۇتبە ئوقـۇپ، خالايىقـقا ھەج قائىـدىلىرىنى ئـۆگەتتى. مەككىنىـڭ باشـقا شـەھەرلىرىگە قارىغانـدا ئـارتۇقچىلىقىنى ۋە نەھـر كۈنىنىـڭ پەزىلىتىنـى بايـان قىلـىـپ، ئۆزىنىـڭ بـۇ يىلـدىن كېيىن ھەج قىلالماسلىق ئېھتىمالى بـارلىقىنى سۆزلەپ خالايىق بىلەن ۋىدالاشتى. پۈتـۈن مۇسۇلمانلارغا بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بىردەك ئىتتىپاقلىقتا چىڭ تۇرۇپ، ھەرگىز ئىختىلاپ قىلىشماسلىقنى تەۋسىيە قىلدى ۋە سۆزلىگەن سۆزلىرىنى بۇ يەرگە ھازىر بولغانلارنىڭ ھازىر بولالمىغانلارغا يەتكۈزۈشنى بۇيرۇدى.

پەيغەمبىرىمىز بۇ قېتىمقى ھەجدە خالايىق بىلەن ۋىدالاشقانلىقى ئۈچۈن، بـۇ ھەج ھەججەتۇلۋىـدا (ۋىدالـىشىش ھەججى) دەپ ئاتالدى. بۇ چاغدا كىشىلەر پەيغەمبىرىمىزدىن ھەج پائالىيەتلىرى جەريانىـدا ئۆزلىرىدىن ئۆتكەن كەمچىلىكلەر ھەققىدە سورىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ ھەممىسگە ھېچقىسى يوق دەپ جاۋاب بەردى. ئانـدىن كېيىن قۇربانلىق بوغۇزلايدىغان جايغا بېرىپ ئـۆز قولى بىلەن ئـاتمىش ئـۈچ تـۆگىنى قۇربانلىق قىلـدى. قالغـان ئوتتۇز يەتتىسىنى ھەزرىتى ئەلىنى بۇيرۇپ قۇربانلىق قىلدۇردى. قۇربانلىقنىـڭ گۆشىدىن يېـدى. تېرىـسى ۋە بىـر بۆلىكىنى سەدىقە قىلـدى. قۇربانلىقلار بوغۇزلىنىپ بولغانـدا مۇئەممەر ئىبنى ئابدۇللاھنى چاقىرىـپ چېچىنى ئالدۇرۇپ، ئاندىن ئېھرامدىن چىقتى. شۇ ۋاقىتتا ساھابە كىراملارنىڭ بەزىسىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك چاچلىرىنى تېرىۋالغانلىقى سەھىھۇ مۇسلىم ۋە سەھىھۇلبۇخارىلاردا رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئانـدىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز تۆگىگە مىنىپ، مەككىگە كېلىپ بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلـدى. بۇ تـاۋاپ «تـاۋاپى زىيارەت» يـاكى «تاۋاپى ئىپازە» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبىرىمىز ئۆرە تـۇرۇپ زەمزەم سۈيىدىن ئىچكەن ئىدى. ئانـدىن كېيىن ئـۇ يەنە مىناغـا كېلىـپ، پېشىن نـامىزىنى ئوقـۇدى. مىنـادا تەشرىق كۈنلىرىنىـڭ ھەر بىرىـدە «جەمرەتۇلكۇبرا»، «جەمرەتۇلۋۇستا»، «جەمرەتۇسسۇغرا» لارغا كېلىپ، ھەر بىرىگە يەتتىدىن تاش ئـاتتى. تاش ئېتىپ بولغاندىن كېيىن قىبلىگە قاراپ تۇرۇپ، ئۇزۇن دۇئا قىلدى. يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان خۇتبىلەردىن باشقا، پەيغەمبىرىمىز تەشرىق كۈنلىرىنىڭ ئىككىنچىسىدە يەنە بىر خۇتبە ئوقۇدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ قېتىملىق خۇتبىسى جەريانىـدا «نەسرى» سۈرىسى نازىل بولـدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىنادا شەنبە، يەكشەنبە، دۈشەنبە كۈنلىرى ئۈچ كۈن تۇرۇپ، سەيشەنبە كۈنى مەھسەپكە كەلـدى. مەھسەپ مىنا بىلەن مەككە ئارىلىقىدىكى بىر جاي بولۇپ، مەككىگە يېقىنراق ئىدى. بۇ جاي «بەتھائى مەككە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مەسھەپتە پېشىن، ئەسرى، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىنى ئوقـۇپ بولـۇپ، ئازراق دەم ئالغانـدىن كېيىن، مەككە مۇكەررەمەگە كېلىپ، كېچىدە بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلـدى. بۇ تـاۋاپ «تـاۋاپى ۋىدا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئاندىن كېيىن بامدات نامىزىنى مەككىدە ئوقـۇپ، زۇلھەججىنىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى چارشەنبە كۈنى مەدىنىگە قاراپ راۋان بولـدى. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى قېتىملىق ھەج قىلىشى ئىدى. ئەمما، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيە ئۆمرىسى، ئۆمرەتۇلقازا، جىئرانە ئۆمرىسى، ھەججەتۇلۋىدا بىلەن بىرگە قىلغان بۇ قېتىمقى ئۆمرىسى بولۇپ، جەمئى تۆت قېتىم ئۆمرە قىلـدى. بۇ ئۆمرىلەر ھىجرىيەدىن كېيىن بولغان ئىدى. ھەججەتۇلۋىدا بىلەن بىرگە قىلغان ئۆمرىدىن باشقا ئۈچ قېتىملىق ئۆمرىنى زۇلقەئدە ئايلىرىدا قىلغان ئىدى.

ھەججەتۇلۋىدانىڭ ھەججى ئىپرادمۇ، ياكى قىرانمۇ ئىكەنلىكىدە ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ بولىسمۇ، لېكىن ھەججى قىران ئىكەنلىكى كۈچلۈكرەكتۇر. ئىبنى قەييۇم جەۋزى ئۇنىڭ ھەججى قىران ئىكەنلىكىنى ئون نەچچە دەلىل بىلەن ئىسپاتلايدۇ. شۇنى بىلىپ قويۇشقا تېگىشلىككى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەججەتۇلۋىدادا سۆزلىگەن خۇتبىسى ئىشەنچلىك رىۋايەت دەپ قارالغان ئىبنى قەييۇم جەۋزىنىڭ «زادۇلمەئاد»ناملىق مەشھۇر كىتابىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى. ھەججەتۇلۋىدا ھەققىدە بىز بايان قىلغاندىنمۇ تەپسىلىيرەك مەلۇمات ئېلىشنى خاھلىغانلار «زادۇلمەئاد» نىڭ ئۆزىگە مۇراجىئەت قىلسا بولىدۇ.

مەككە پەتھى قىلىنىپ، قۇرەيش ئەرەبلىرى ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، پۈتۈن ئىسلام ئەسكەرلىرى رۇملۇقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ھازىرلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ شان ـ شەۋكىتى ئەتراپقا تارقالغىلى تۇرغاندا، ئەرەب قەبىلىلىرى مەدىنە مەنەۋۋەرەگە ئەلچى ئەۋەتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بويسۇنۇپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. ئەلچىلەرنىڭ كېلىشى ھىجرىيىنىڭ توققۇزىنچى يىلىدىن باشلاپ، تاكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىغا قەدەر داۋاملاشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھىجرىيىنىڭ توققۇزىنچى يىلى «ئەلچىلەر يىلى» دەپ ئاتالدى. ئەلچىلەر ھىجرىيىنىڭ توققۇزىنچى يىلىدىن باشلاپ كېلىشكە باشلىغان بولىسمۇ، لېكىن بۇ ئىش ھىجرىيىنىڭ ئونىنچى يىلىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بىلەن بىرگە بايان قىلىنىدۇ.

## بەنى سەقىپ ئەلچىلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىپ مۇھاسىرىسىدىن قايتقاندا بەنى سەقىپنىڭ كاتتىلىرىدىن ئۇرۋە ئىبنى مەسئۇدنىڭ دىلى ئىسلامغا مايىل بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ئىدى. ئۇرۋە ئۆزىنىڭ تائىپ خەلقى ئارىسىدىكى ئېتىبارى ۋە نوپۇزىغا ئىشىنىپ، ئۇلارنى ئىسلامغا دالالەت قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبىرىمىزدىن رۇخسەت ئالغان ئىدى. كۆزلىرى ئەسەبىيەتچىلىك پەردىسى بىلەن كور بولغان تائىپ خەلقى ئۇرۋەنىڭ ئىسلامغا كىرىپ، ئۇلارنى ئىسلامغا دالالەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغان ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئەندىشىسى بار ئىدى. ئىسلامنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ كېڭىيىۋاتقانلىقى، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى پۈتۈن ئەرەبلەرنىڭ توپ ـ توپ بولۇپ مەدىنىگە كېلىپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغانلىقى ۋە باشقا ئەرەب بولمىغان خەلقلەرنىڭمۇ گەرچە ئىسلامنى قوبۇل قىلمىسىمۇ، جىزيە تۆلەپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىمايىسىگە كىرىشكە مەجبۇر بولغانلىقى مەزكۇر سەقىپ خەلقىنىڭ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرغىلى تۇردى. ئۇلار كۈندىن ـ كۈنگە يۇمشاشقا باشلىغان ئىدى. بولۇپمۇ ھۇنەين ئۇرۇشىدىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان مالىك ئىبنى ئەۋف ئۆز ئەگەشكۈچىلىرى ئارقىلىق سەقىپ خەلقىنى ھەر ۋاقىت قورقۇتۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئىسلامغا دالالەت قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت ئالغان شەرەپلىك كىشى ئۇرۋەنى ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ھېچبىر تەرەپتىن خاتىرجەم بولالماي قالدى. ئۇرۋە ئۆلتۈرۈلۈپ بىر ئايدىن كېيىن تائىپنىڭ يۈز ئابرۇيلۇق كاتتىلىرى بىر ئارىغا كېلىپ، بۇ ھەقتە كېڭەش ئېلىپ باردى. ئۇلار ئاخىرىدا كاتتىلاردىن بىر نەچچە كىشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ بېقىش قارارىغا كەلدى. ئۇلارنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كېلىشى پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبۇك ئۇرۇشىدىن قايتىپ كېلىشىگە توغرا كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ساھابە كىراملارنىڭ ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆرسۇن، قۇرئان ئاڭلىسۇن دەپ مەسجىدنىڭ يېنىدىكى بىر چېدىرغا چۈشۈردى. ئۇلار بىرنەچچە كۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە تۇرغاندىن كېيىن ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ھەممىدىن كىچىك بولسىمۇ، قۇرئاننى ھەممىدىن جىق ياد ئالغان سەۋەبتىن ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى ئەبىلئاسنى باشلىق قىلىپ قويىدى ۋە ئۇلارغا تائىپ خەلقىنى ئىسلامغا چاقىرىشنى بۇيرۇدى. ئۇلار تائىپ خەلقىنىڭ ئىتائەت قىلماسلىقىدىن قورقۇپ، باشتا ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقلىرىنى ئاشكارا قىلمىدى. بەلكى «مۇھەممەدنى شەرتلەرگە كۆندۈرۈش ئوڭاي ئەمەسكەن، ئۇنىڭ كۈچى ئىنتايىن زور، شان - شەۋكىتى ناھايىتى ئارتۇق ئىكەن، پۈتۈن كىشىلەر ئۇنىڭغا تەسلىم بوپتۇ. ئۇ بىزگە زىنا، ھاراق، جازانە قاتارلىق ئىشلارنى تاشلاش، «لات» نى چېقىپ تاشلاشتەك شەرتلەرنى قويىدى. بىز ئۇنىڭ بۇ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلماي، سىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ كۆرەيلى دەپ قايتىپ كەلدۇق» دېدى. سەقىپ خەلقى باشتا مەزكۇر شەرتلەرنى قوبۇل قىلىشقا رازى بولمىغان بولسىمۇ، كېيىن رازى بولدى.
سەقىپ خەلقى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرب بىلەن مۇغىرە ئىبنى شۇئبىنى ئۇلار چوقۇنىدىغان «لات» ناملىق بۇتنى چېقىپ تاشلاش ئۈچۈن ئەۋەتتى.

## ئابدۇلقەيستىن كەلگەن ئەلچىلەر

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابە كىراملار بىلەن بىر مەجلىستە ئولتۇرغاندا، ئابدۇلقەيسنىڭ ئەلچىلىرى كېلىپ، ئۇنىڭغا سالام قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلار كېلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ساھابە كىراملارغا سۆزلەپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابە كىراملار خۇرسەن بولۇپ، ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى. ئابدۇلقەيسنىڭ ئەلچىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە بەك يىراقلىقىنى، مەدىنىگە كېلىش ئۈچۈن كۆپ مۇشەققەت چېكىدىغانلىقلىرىنى، يولنىڭ خەۋپلىك ۋە تەشۋىشلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇرۇش ھارام قىلىنغان ئايلاردىن باشقا ئايلاردا مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كېلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، ئۆزلىرىگە نېمە ئىشلارنى قىلىشى لازىملىقىنى ئېنىق ۋە تەپسىلىي ئۇقتۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىمان كەلتۈرۈشكە، ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە ۋە روزا تۇتۇشقا بۇيرۇدى ۋە غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى بەيتۇلمالغا تاپشۇرۇشنى ئېيتتى. ئىماننىڭ «لَاۤاِلٰـهَ اِلاَّ اللهُ مُحَمَّدٌ رَسُوْلُ اللهِ» دەپ شاھادەت ئېيتىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى ۋە تۆت خىل قاچىنى ئىشلىتىشتىن توستى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەشبەھ ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ كىشى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىكى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «سەندە ئىككى ياخشى ئەخلاق بار، بىرى ياخشىلىق. يەنە بىرى تەمكىنلىك» دەپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىزگە ئازغىنا بولسىمۇ ھاراق ئىچىشكە رۇخسەت قىلسلا، بىزنىڭ يۇرتىمىزنىڭ ھاۋاسى پەس، ھاراق ئىچمىسەك قورساقلىرىمىز كۆپۈپ كېسەل بولۇپ قالىمىز» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئازغا

www.islamyoli.net

رۇخسەت قىلسام كۆپنى ئىچىسىلەر، ئاندىن بىر ـ بىرىڭلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇرۇش چىقىرىسىلەر» دېدى.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنى مەزكۇر تۆت قاچىنى ئىشلىتىشتىن توسۇشى ئەسلىدە بۇ قاچىلارنى ئىشلىتىش ھارام بولغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ھارام ئىشقا سەۋەب بولغانلىقىدىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەر ھاراقنى تامامەن تاشلاپ، قەتئىي ھاراق ئىچمەيدىغان بولغاندا، مەزكۇر قاچىلارنى ئىشلىتىشكە رۇخسەت قىلغان ئىدى.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشتا قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشتىن توسۇشىمۇ شۇ سەۋەبتىن بولغان ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا كىشىلەرنىڭ قەلبلىرىدە ئىمان مۇستەھكەم ئورۇنلىشىپ، شېرىك ۋە بۇتپەرەسلىك تامامەن تازىلىنىپ، دىللاردىن قەبرىپەرەسلىك ۋە روھپەرەسلىك كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، قەبرە ئىگىلىرىنى بۇتلاردەك ئۆزلىرى بىلەن پەرۋەردىگارى ئوتتۇرىسىدا ۋەسىلە ۋە شاپائەتچى دەپ ئېتىقاد قىلىشنىڭ ئېھتىمالى تۈگىگەندىن كېيىن، شۇنداقلا ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىش خەۋپىدىن ئەسەر قالمىغاندىن كېيىن ئاندىن قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلغان ئىدى. مەزكۇر ئابدۇلقەيسنىڭ ئەلچىلىرىنىڭ مەدىنىگە كېلىپ، مۇسۇلمان بولۇشى ھىجرىيىنىڭ توققۇزىنچى يىلى بولغان ئىدى.

## بەنى ھەنىپە قەبىلىسىدىن كەلگەن ئەلچىلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن ئەلچىلەردىن بىرى بەنى ھەنىپە ئەلچىلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر مۇسەيلەمەتۇلكاززاپمۇ بار ئىدى. ئۇ: «ئەگەر مۇھەممەد ئۆزىدىن كېيىن مېنى ئورنىغا خەلىپە قىلسا، مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىمەن» دەپ جۆيلۈپ يۈرەتتى. ئۇلار كېلىشتىن بۇرۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر چۈشىدە ئۇممىتى ئىچىدىن پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىپ چىقىدىغان، يالغان پەيغەمبەردىن ئىككى كىشىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقىنى كۆردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇسەيلەمەتۇلكاززاپنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ ئىككى يالغان پەيغەمبەرنىڭ بىرى بولۇپ قېلىشىنى گۇمان قىلغان ئىدى.
بەنى ھەنىپە قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي مۇسەيلەمەتۇلكاززاپ پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلىپ چىقتى. ئۇ پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلغان بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلاتتى. ئۇ ئۆز قەۋمىدىن نامازنى ساقىت قىلدى. ھاراق ۋە زىنانى ھالال قىلدى. بەنى ھەنىپە ئەرەبلىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئىسلامدىن يېنىۋالدى. مۇسەيلەمەتۇلكاززاپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنۇ مەزمۇندا خەت يازدى: «ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇسەيلەمەدىن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدكە. مەن ساڭا پەيغەمبەرلىكتە شېرىك بولدۇم. پادىشاھلىقنىڭ يېرىمى بىزگە، يېرىمى قۇرەيشكە بولىدۇ. قۇرەيش بولسا ئادىل قەۋم ئەمەس.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا مۇنۇ مەزمۇندا جاۋاب بەردى: «بۇ خەت ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدتىن مۇسەيلەمەتۇلكاززاپقا. توغرا يولغا ئەگەشكۈچىلەرگە سالام. زېمىن جانابى ئاللاھنىڭ بولۇپ، ئۇنى جانابى ئاللاھ ئۆزى خاھلىغان كىشىگە بېرىدۇ. ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ۋە ئەمەلنىڭ ئاخىرى تەقۋادارلارغا خاستۇر.»

www.islamyoli.net

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسەيلەمەتۇلكاززاپنىڭ ئەلچىلىرىدىن ئۇنىڭغا قارىتا قانداق پىكىردە ئىكەنلىكلىرىنى سورىغاندا، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە قايىل ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «ئەگەر ئەلچى بولۇپ قالمىغان بولساڭلار سىلەرنى ئۆلتۈرگەن بولاتتۇق» دېدى. ئەلچىلەر مەيلى قانداق پىكىردە بولسۇن، قانداق سۆزلەرنى قىلسۇن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قىلچە قاتتىق مۇئامىلىدە بولمىغان. مۇسەيلەمەتۇلكاززاپنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەزكۇر خەتنى يازغان ۋاقتى ھىجرىيىنىڭ ئونىنچى يىلى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن پۇرات ئىبنى ھەببۇنىلئىجەيل بىلەن سەمامە ئىبنى ئەسالنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۈچى ئاز بولغانلىقتىن مۇسەيلەمەگە تەڭ كېلەلمىدى. سەمامە ئاخىرى بەھرەيىندىكى ئەلائۇلھەزرەمىنىڭ يېنىغا كەتتى. مۇسەيلەمەتۇلكاززاپ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىقنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ئىكرەمە ۋە خالىدنىڭ ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈپ، جەھەننەمگە ئۇزىتىلدى. ئۇنى ۋەھشىي دېگەن كىشى ئۆلتۈرگەن ئىدى.

## نەجران ئەلچىلىرى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ بىرى نەجران خرىستىئانلىرىنىڭ ئەلچىلىرى ئىدى. ئۇلار ئاتمىش كىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە باشلىقلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سوۋغا ـ سالام ھېسابىدا نۇرغۇن بىسات ۋە گىلەملەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ گىلەملەرنىڭ ئىچىدىن سۈرەتلىك گىلەملەرنى قوبۇل قىلمىدى. ئۇلار مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆزلىشىش ئۈچۈن مەسجىدكە كىرگەن ئىدى. ئىبادەت قىلىش ۋاقتى كەلگەندە مەسجىدتە ئۆزلىرىگە خاس ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلدى. ساھابە كىراملارنىڭ بەزىسى ئۇلارنىڭ مەسجىدتە ئۆزلىرىنىڭ ئىبادىتىنى قىلغانلىقىغا نارازى بولۇپ، ئۇلارنى توسماقچى بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇخسەت قىلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. ئوتتۇرىدا ئۇزۇن مۇنازىرە بولۇپ ئۆتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ھەزرىتى ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى خاتا ئېتىقادلىرىغا رەددىيە بەردى. ئالى ئىمران سۈرىسىنىڭ بېشىدىكى سەكسەن ئايەت ئەنە شۇ نەجران خرىستىئانلىرى ھەققىدە نازىل بولغان ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلماسلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە قانائەتلەنمىگەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى رۇم ئىمپېراتورلۇقى تەرەپتىن كېلىدىغان پايدا ـ مەنپەئەتلەردىن قۇرۇق قېلىشتىن قورققانلىقتىن ئىدى. ئۇلار رۇم ئىمپېراتورلۇقىنىڭ رازىلىقى ۋە ئۇلاردىن كېلىدىغان مەنپەئەتنى دەپ مۇسۇلمان بولمىدى. ئۇلار ھەر يىلى ئىككى مىڭ ھۆللە سېلىق تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن سۈلھى قىلدى. ھەر بىر ھۆللە قىممەت باھالىق ئىككى توپ لىباستىن ئىبارەتتۇر. قىممەت باھالىق بولمىسا ياكى قىممەت باھالىق بولسىمۇ ئىككى توپ بولمىسا ھۆللە دېيىلمەيدۇ. ئۇلار سېلىق تاپشۇرۇش ئۈچۈن ئىشەنچلىك بىر كىشىنى ئۆزلىرىگە قوشۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھنى ئۇلارغا قوشۇپ قويدى. بۇ سەۋەبتىن ئەبۇ ئۇبەيدە

www.islamyoli.net

«بۇ ئۈممەتنىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى» دەپ ئاتالدى. مەزكۇر نەجران ئەلچىلىرىنىڭ كەلگەن ۋاقتى ھىجرىيىنىڭ ئونىنچى يىلى ئىدى.

## نەجىب قەبىلىسىدىن كەلگەن ئەلچىلەر

نەجىب ئەرەبلىرى كىندى ئەرەبلىرىدىن بولغان بىر قەبىلە ئىدى. ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ئون ئۈچ كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتتى. ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن بىرگە ئۆز قەۋمىنىڭ زاكاتلىرىنى يىغىپ ئېلىپ كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىگە ئىنتايىن خۇرسەن بولۇپ، ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە زور ھۆرمەت كۆرسەتتى. ئۇلارنى ئېلىپ كەلگەن زاكات ماللىرىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ كېتىپ، ئۆز يۇرتىدىكى پېقىر كىشىلەرگە تارقىتىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. ئۇلار مەدىنىدە تۇرۇش جەريانىدا قۇرئان ياد ئېلىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن دىنىي ئەھكاملارنى ئۆگىنىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بەكمۇ ياخشى كۆردى. ئۇلارغا كۆپ ياخشىلىقلارنى قىلىپ، ناھايىتى چىرايلىق يولغا سالدى. ھىجرىيىنىڭ ئونىنچى يىلى ھەججەتۇلۋىدادا ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن يەنە كۆرۈشتى.

## بەنى سەئد قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى

بەنى سەئد ئىبنى ھەيسەم ئەرەبلىرى قۇزائە قەبىلىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇلار مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئۆز ئىچىدىن بىر نەچچە كىشىنى تاللاپ، ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىپ كېلىش ئۈچۈن مەدىنىگە ئەۋەتتى. ئۇلار مەدىنىگە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن مەسجىدكە كىرگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابە كىراملار بىلەن بىرگە جىنازا نامىزى ئوقۇۋاتاتتى. ئۇلار ناماز تۈگىگەنگە قەدەر مەسجىدنىڭ بىر تەرىپىدە ساقلاپ تۇردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۇلارنى يېنىغا چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ قايسى قەبىلىدىن ئىكەنلىكىنى، مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ياكى بولمىغانلىقىنى سورىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «بۇ قېرىندىشىڭلارنىڭ جىنازا نامىزىنى ئوقۇشۇڭلار كېرەك ئىدى» دېدى. ئۇلار: «سىلىگە بەيئەت قىلىشتىن بۇرۇن ناماز ئوقۇش دۇرۇس ئەمەس ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىمىز» دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن مۇئەييەن بىر يەردە ياكى مۇئەييەن بىر شەخسنىڭ قولىدا مۇسۇلمان بولۇش شەرت ئەمەس، ھەر قانداق يەردە مۇسۇلمان بولساڭ بولۇۋېرىدۇ» دېدى. ئۇلار مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ، ئىسلام ئەھكاملىرىدىن تەلىم ئالغاندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كەتتى.

## تەي قەبىلىسىدىن كەلگەن ئەلچىلەر

www.islamyoli.net

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ بىرى تەي قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رەئىسلىرىدىن زەيدۇلخەيل دېگەن كىشى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام باشقىلارغا كۆرە بۇلاردىكى ئارتۇقچىلىقلارنى كۆرۈپ «بۇ ۋاقىتقا قەدەر مېنىڭ ئالدىمغا كەلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدىن بۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقى كۆپ ئىكەن» دېگەنلىكى ۋە زەيدۇلخەيل دېگەن كىشىنىڭ ئىسمىنى زەيدۇلخەير دەپ ئۆزگەرتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

## پۇزارە قەبىلىسىدىن كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ بايانى

پۇزارە ئەرەبلىرى غەتفان قەبىلىلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇلار ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز ئىچىدىن بىر نەچچە كىشىنى تاللاپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. ئۇلارنىڭ كېلىشى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ تەبۇك ئۇرۇشىدىن قايتىشىغا توغرا كەلدى. بۇ يىلى ئۇلارنىڭ قەبىلىسىدە قاتتىق قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىپ، ئېغىر ئاپەتكە دۇچ كەلگەن ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا بەيئەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنبەرگە چىقىپ، ئۆزۈن دۇئا قىلىپ يامغۇر تەلەپ قىلدى.

## بەنى ئەسەد قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى

بەنى ئەسەد قەبىلىسىدىن ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، بەيئەت قىلىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا ئەلچىلەر كەلدى. ئۇلار ئون نەچچە كىشى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن جاھىلىيەت دەۋرىگە ئائىت بولغان كاھىنلىق ۋە ئۈنىڭدىن باشقا ئىشلارنىڭ ھۆكمىنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئىسلامدا ئۇ ئىشلارنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇلار مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تەلىم ئالغاندىن كېيىن نۇرغۇن ياخشىلىقلارغا ئېرىشىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتتى.

## بەنى مۇھارىب قەبىلىسىدىن كەلگەن ئەلچىلەر

بەنى مۇھارىب ئەرەبلىرى مۇسۇلمان بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزگە بەيئەت قىلىش ئۈچۈن مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ئەلچى ئەۋەتتى. بۇ ئەلچىلەر ئون كىشى ئىدى. ئۇلار ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا غايەت زور دۈشمەنلىك قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇكاز ۋە زۇلمەجاز قاتارلىق بازارلاردا ئەرەب قەبىلىلىرىدىن ئۆزىنى ھىمايە قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇلار ئىنتايىن قاتتىق، قوپال جاۋاب بەرگەنلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئەلچىلەرنىڭ ئىچىدە ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ئازار بېرىپ، قوپاللىق قىلغان بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامدىن قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراپ، ئۆزىنى ئەپۇ قىلىشنى ۋە ئاللاھتىن ئىستىغپار تەلەپ قىلىشنى ئۆتۈنۈپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «ئىسلام ئىلگىرىكى ئىشنى سۈرۈشتە

www.islamyoli.net

قىلمايدۇ» دېدى. يەنى بىر كىشى كاپىرلىق ھالىتىدە ناھايىتى زور گۇناھ. مەئسىيەتلەرنى قىلغان بولسىمۇ، ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن ئۇلار سۈرۈشتە قىلىنمايدۇ.

## كەندە قەبىلىسىدىن كەلگەن ئەلچىلەر

كەندە قەبىلىسىدىن كەلگەن ئەلچىلەر ئاتمىش كىشىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قەبىلە باشلىقى ئەشئەس ئىبنى قەيس بار ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، پەيغەمبىرىمىزنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن «ئى مۇھەممەد! بىز بىر نەرسىنى يوشۇرۇپ قويدۇق، ئەگەر سەن ھەقىقىي پەيغەمبەر بولساڭ شۇنى بىلىپ باق» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «بۇ ئىشلار كاھىنلاردىن سورىلىدۇ، مەن كاھىن ئەمەسمەن. چۈنكى كاھىنلار دوزاختا بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ماڭا كىتاب چۈشۈردى. مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمگە شۇ كىتابنىڭ ئۆزى گۇۋاھ بولۇشقا يېتەرلىك» دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن كېيىن ئۇلارغا سافغات سۈرىسىنى ئوقۇپ بەردى. پەيغەمبىرىمىز «وَ رَبُّ الْمَشَارِقِ» دېگەن جايغا كەلگەندە ئېزىلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇلار يىغلاشنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «مەن بۇ كىتابنى ماڭا چۈشۈرگەن ئاللاھتىن قورقۇپ يىغلىدىم، ئاللاھ تائالا مېنى قىلىچنىڭ بىسىدەك ئىنچىكە يولغا ئەۋەتتى. ئەگەر ئۇ يولدىن تېيىپ كەتسەم ھالاك بولىمەن» دېدى. ئاندىن كېيىن ئەلچىلەر تەسىرلىنىپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلدى.

## دىمام ئىبنى سەئلەبەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابە كىراملار بىلەن مەسجىدتە ئولتۇرغان پەيتتە، سەھرا ئەرەبلىرىدىن بولغان، چېچى چۇۋۇق بىر كىشى كېلىپ، تۆگىسىنى يېتىلىگىنىچە مەسجىدكە كىرىپ، تۆگىسىنى چۆكتۈردى. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ: «مەن ساڭا قاتتىق، قوپال سۆز قىلسام خاپا بولما» دېدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا خاھلىغان سۆزنى قىلىشقا رۇخسەت بەردى. ئاندىن كېيىن ئۇ كىشى: «ئاللاھ تائالا سېنى ھەممە خەلققە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتىمۇ؟ يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، ئاتا بوۋىلىرىمىز ئىبادەت قىلىپ كەلگەن بۇتلارنى تاشلاشقا ئەمرى قىلدىمۇ؟ بىر كېچە ـ كۈندۈزدە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇشقا، بايلاردىن زاكات ئېلىپ، كەمبەغەللەرگە بېرىشكە، قۇدرىتى يەتكەن كىشىنىڭ ھەج قىلىشىغا، رامىزان ئېيىدا روزا تۇتۇشقا بۇيرۇدىمۇ؟» دېدى. ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز بۇ سوئالىنىڭ ھەممىسىگە «ھەئە» دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ «ئى مۇھەممەد! مەن دىمام ئىبنى سەئلەبە بولىمەن. مەن ساڭا ئىمان كەلتۈردۈم. مەن سەن بۇيرۇغان ئىشلارنىڭ ھەممىسنى كۆپەيتمەستىن ياكى كېمەيتمەستىن ئىجرا قىلىمەن» دەپ چىقىپ كەتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ: «ئەگەر ئۇ سۆزىدە تۇرسىلا جەننەتكە كىرىدۇ» دېدى. دىمام ئۆز ئەھلىگە قايتىپ كېلىپ، قەۋمىنى ئىسلامغا دالالەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ قەۋمىنىڭ ھەممىسى ئىسلامنى قوبۇل قىلدى.

سەدا قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى

سادا قەبىلىسى يەمەنگە جايلاشقان بىر قەبىلە بولۇپ، ئۇلاردىن بەش كىشى مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى قەۋمىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇلار يۇرتلىرىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، مەزكۇر قەبىلە ئارىسىدا ئىسلام تارقىلىشقا باشلىدى. ھەججەتۇلۋىدا يىلى ئۇلاردىن يۈز كىشى كېلىپ، پەيغەمبىرىمىز بىلەن كۆرۈشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلگىرى ئۇلارنى ئىسلامغا دالالەت قىلىش ئۈچۈن، قەيس ئىبنى سەئدنى قوماندان قىلىپ، تۆت يۈز ئەسكەر بىلەن ئۇلارغا ئەۋەتىشكە تەييار بولغان ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەسكەر ئەۋەتمىدى. ئۇ ئەلچىلەرنىڭ كېلىشى مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن بولغان ئىدى.

پەرۋە ئىبنى ئەمرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەلچى ئەۋەتىشى

رىم ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن شامنىڭ بىر قىسمىغا ۋالىي قىلىپ تەيىنلەنگەن پەرۋە ئىبنى ئەمرى دېگەن كىشى ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەلچى ئەۋەتتى ۋە ئەلچىلەر بىلەن بىرگە پەيغەمبىرىمىزگە ھەدىيە قىلىش ئۈچۈن بىر قېچىر ئەۋەتتى. رىم ئىمپېراتورى بۇنى ئاڭلاپ، پەرۋەنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. ئۇ مەئان دېگەن جايدا تۆراتتى.

ئەبەس قەبىلىسىدىن كەلگەن ئەلچىلەر

ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ بىرى ئەبەس قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنى ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىدا خالىد ئىبنى سىنانىلئەبەسنى زىكىر قىلىپ، ئۇنىڭ پەزىلەتلىرىنى بايان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خالىد ھەققىدە «خالىد سالىھ كىشى ئىدى. لېكىن، ئۇنىڭ قەۋمى ئۇنىڭ قەدرىنى بىلمىدى» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئەزدى قەبىلىسىدىن كەلگەن ئەلچىلەر

ئەزدى قەبىلىسىنىڭ رەئىسلىرىدىن سەرد ئىبنى ئابدۇللاھ باشلىق بىرقانچە كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا سەردنى ئەمىر قىلىپ تەيىنلىدى ۋە ئۇنى ئەتراپىدىكى خەلقنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشقا بۇيرۇدى. ئەزدى قەبىلىسى يەمەن قەبىلىلىرىدىن بىرىدۇر.

ئەنەس قەبىلىسىدىن كەلگەن ئەلچىلەر

ئەنەس قەبىلىسى يەمەندە ياشايدىغان بىر قەبىلە بولۇپ، بۇ قەبىلىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا ئەسۋەد ئەنەسى دېگەن كىشى كەلدى. ئۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، ۋەتىنىگە قايتقان ئىدى. ئۇ ھەججەتۇلۋىدادىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىلدى.

www.islamyoli.net

ئۇ نەيرەڭۋازلىقتا ناھايىتى ئۇستا ئادەم بولۇپ، كىشىلەرگە «بۇلار مېنىڭ مۆجىزەم» دەپ بىرقانچە نەرسىنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭغا ئۆز قەبىلىسىدىن ۋە باشقا قەبىلىلەردىن خېلى كۆپ ئادەم ئەگەشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەسكەر تولپلاپ نەجرانغا ھۇجۇم قىلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەجراندا تۇرۇشلۇق ۋالىسى ئەمر ئىبنى ھازىم ۋە خالىد ئىبنى سەئىدلەرنى مەغلۇپ قىلىپ، سەنئاغا ھۇجۇم قىلدى ۋە سەنئانىڭ ۋالىسى بازاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئايالى ئازادنى مەجبۇرى خوتۇنلۇققا ئالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ پۈتۈن يەمەننى بېسىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەيىنلىگەن ۋالىيلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەككە قەبىلىسىنىڭ ۋالىسى تاھىر ئىبنى خالىدنىڭ قېشىغا يېنىپ كەلدى.

ئەسۋەدنىڭ قىلغان بۇ قىلمىشلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاڭلانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا ئەمر قىلىپ، يەمەندىكى ۋالىيلىرىغا مەكتۇپ ئەۋەتتى. يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئازاد دېگەن ئايال ئەسۋەدنىڭ نىكاھىدا بولغان بولسىمۇ، ئىچىدە ئىنتىقام ئېلىش نىيىتى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋالىيلىرى ھىيلە ئىشلىتىپ، ئۇ ئايال ۋە ئۇ ئايالنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى پەيروز ئەددەيلەمىلەر ئارقىلىق ئەسۋەدنى ئۆلتۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولدى. ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقتى پەيغەمبىرىمىز ھايات ۋاقتىدا بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىك خەۋىرى يېتىپ كەلگەندە، پەيغەمبىرىمىز ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ئۇزاپ كەتكەن ئىدى ۋە ئورنىغا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق خەلىپە بولغان ئىدى. مەزكۇر ئەسۋەدنىڭ ئەسلى ئىسمى ئەيھەلە ئىبنى كەئىب بولۇپ، يۈزى قاپقارا بولغانلىقتىن كىشىلەر ئۇنى ئەسۋەد (يەنى قارا) دەپ ئاتىشىۋالغان. ئۇمۇ قارا يۈزلىكىدىن نومۇس قىلىپ، يۈزىگە لېچەك سېلىپ يۈرەتتى. ئۇ «زۇلھىمار (يەنى ئېشەك ئىگىسى)» دەپمۇ ئاتىلاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ بىر ئېشىكى بولۇپ، ئۇ «يات» دېسە ياتاتتى. «تۇر» دېسە تۇراتتى. ئۇ بۇ ئېشىكىنى نادان ئادەملەرگە «مېنىڭ مۆجىزەم» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ھەتتا بەزى نادان ئايالالار ئۇ ئېشەكنىڭ تېزىكىنى ئەنبەردەك خۇشبۇي دەپ قارايتتى.

## بەجىلە قەبىلىسىدىن كەلگەن ئەلچىلەر

بەجىلە قەبىلىسى يەمەن  قەبىلىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ قەبىلىدىن يۈز ئەللىك كىشى قەبىلە باشلىقى ھەرىر ئىبنى ئابدۇللاھ دېگەن كىشىنىڭ باشچىلىقىدا مەدىنىگە كېلىپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ كېلىشىدىن ئىلگىرى ئۇلارنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ، ئۇلارنىڭ ياخشى ناملىرىنى زىكىر قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەزكۇر ھەرىرنى بەجىلە ۋە خەسئەم قەبىلىلىرىنىڭ زۇلخەسسە ناملىق بۇتلىرىنى چېقىپ تاشلاشقا بۇيرۇدى. ئۇ ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەلگەن يۈز ئەللىك كىشىنى باشلاپ بېرىپ، مەزكۇر بۇتلارنى چېقىپ تاشلىدى.

يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان ئەلچىلەردىن باشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن نۇرغۇن ئەلچىلەر بار ئىدى. ئۇلار ھەمەدان، ئەزرە، بەھرائ، خەۋلان، زۇبەيد، غامىد ۋە نەخەئ قەبىلىلىرىدىن كەلگەن ئەلچىلەر ئىدى. نەخەئ قەبىلىسىدىن كەلگەن ئەلچىلەر ھەممىدىن كېيىن كەلگەن ئىدى. ئۇلار ئىككى يۈز كىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ باشلىقى زەرارە ئىبنى ئەمرى ئىدى.

www.islamyoli.net

غەسسان ئەرەبلىرىدىنمۇ ئۈچ كىشى كېلىپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەلچىلەرنى ناھايىتى خۇشخۇيلۇق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا زور ئىلتىپات قىلاتتى. ئىلگىرى كەلگەن ئەلچىلەر ساھابىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە مېھمان بولۇپ قايتىپ كېتەتتى. كېيىن ئەلچىلەر كۆپەيگەنلىكتىن مۇئاز ئىبنى ئەپرائىنىڭ ئايالى رەملە بىنتى ھارىس دېگەن ئايالنىڭ ئۆيىنى مېھمانخانا قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مارىيە قىبتىيە دېگەن ئايالدىن تۇغۇلغان ئوغلى ئىبراھىم مۇشۇ يىلى ۋاپات بولدى. ئىبراھىم ۋاپات بولغان كۈنى كۈن تۇتۇلغان ئىدى. كىشىلەر بۇنى «ئىبراھىمنىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن بولغان» دېيىشتى. پەيغەمبىرىمىز بۇنى ئاڭلاپ: «كۈن ۋە ئاي ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنىڭ جۈملىسىدىن. ئۇلارنىڭ تۇتۇلۇشى بىر كىمنىڭ تۇغۇلغانلىقى ياكى ئۆلگەنلىكىدىن ئەمەس» دېدى.

## ھىجرىيىنىڭ ئون بىرىنچى يىلى يۈز بەرگەن ۋەقەلەر

ھىجرىيىنىڭ ئون بىرىنچى يىلى سەپەر ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەيد ئىبنى ھارىس ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى شېھىد قىلغان رىملىقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن زور ھەربىي قوشۇن تەييارلىدى. بۇ قوشۇندا مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارلارنىڭ چوڭلىرىدىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى، ھەزرىتى ئۆمەر، ھەزرىتى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ قاتارلىق نۇرغۇن كىشىلەر بار ئىدى. بۇ قوشۇنغا زەيد ئىبنى ھارىسنىڭ ئوغلى ئۇسامە ئىبنى زەيد قوماندان قىلىنغان ئىدى. ئۇ بۇ چاغدا ئون يەتتە ياشتىكى ياش يىگىت ئىدى. بەزىلەر بۇ ياش بالىنىڭ بۈيۈك ساھابىلەرگە قوماندان بولۇشىنى مۇناسىپ كۆرمەي، غۇلغۇلا قىلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كىشىلەرنى توپلاپ مۇنداق دېدى: «ئى مۇسۇلمانلار! مېنىڭ ئۇسامەنى قوماندان قىلغانلىقىمغا بەزىلىرىڭلارنىڭ رازى بولمىغانلىقىنى ئاڭلىدىم، سىلەر ئىلگىرىمۇ ئۇنىڭ دادىسى زەيد ئىبنى ھارىسنى قوماندان قىلغانلىقىمغا رازى بولمىغان ئىدىڭلار. لېكىن، زەيد ۋە ئۇسامەلەر قوماندان بولۇشقا لايىق كىشىلەر. مەن ئۇلارنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇسامە سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن تاللىنىپ چىققان. قاتتىق گەپ قىلىپ، ئۇنى رەنجىتمەڭلار.» ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەل بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ قوشۇن «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساقايغاندىن كېيىن يولغا چىقىمىز» دەپ تۇرۇپ قالدى. ئاخىرى ئۇلار ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ زامانىدا رۇملۇقلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا يولغا چىقتى.

ئىسلام دىنى كامالەتكە يېتىپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى پۈتۈن ئەرەبلەر ئىسلامغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن، جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن: «بۈگۈن مەن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى تولۇقلاپ بەردىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم ۋە ئىسلام دىنىنىڭ سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشىغا رازى بولدۇم» دېگەن ئايەت نازىل بولدى. بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ھەججەتۇلۋەدادا مۇسۇلمانلارنى توپلاپ، ئۇلار بىلەن ۋىدالاشقان ئىدى.

سەپەر ئېيىنىڭ ئاخىرلىرىدىكى بىر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ خىزمەتچىسى بىلەن بىرگە جەننەتۇلبەقىغا بېرىپ، ئۆلگەنلەرگە ئىستىغپار تىلەپ قايتقان ئىدى. ئەتىسى بېشى ئاغرىپ، كېسەل بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى ھەزرىتى زەينەپنىڭ ھۇجرىسىدا باشلانغان

www.islamyoli.net

ئىدى. كېسىلى يەڭگىل چاغلاردا ئۆز نۆۋىتى بويىچە ئاياللىرىنىڭ يېنىغا باراتتى. بىر كۈنى ھەزرىتى مەيمۇنەنىڭ ھۇجرىسىدا كېسىلى ئېغىرلىشىپ قالغاندا، ھەممە ئاياللىرىنى چاقىرىپ، بۇندىن كېيىن ھەزرىتى ئائىشەنىڭ يېنىدا تۇرۇشقا ئۇلاردىن رۇخسەت سورىدى.

پەيغەمبىرىمىز بۇ ۋاقىتلاردا مەسجىدكە بېرىپ، كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇيتتى. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنبەردە تۇرۇپ: «ئاللاھ تائالا بەندىسىگە دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنىڭ بىرىنى تاللاش ئىختىيارىنى بەردى، ئۇ بەندە ئاخىرەتنى تاللىدى» دېدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپات بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، قاتتىق يىغلاپ كەتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنى كۆرۈپ: «مەن ئەبۇ بەكرىگە ئوخشاش دوست كۆرمىدىم. مەن ئۇنىڭدىن كۆپ خۇرسەنمەن. مەن بىركىمنى دوست تۇتىدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئۇنى دوست تۇتقان بولاتتىم. لېكىن، ئىسلامى قېرىنداشلىق بىزگە كۇپايە قىلىدۇ» دېدى. ئاندىن كېيىن مەسجىدكە قارايدىغان ئىشىكلەردىن ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىشىكىدىن باشقا ھەممە ئىشىكنى ئېتىۋېتىشكە بۇيرۇدى.

## ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇشى

رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى (پەيشەنبە كۈنى) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ خۇپتەن نامىزىغا چىقالماي، ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنى ئۆز ئورنىدا ئىمام بولۇپ، ناماز ئوقۇپ بېرىشكە بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغانغا قەدەر ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنى ئىمام بولۇشقا بۇيرۇشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ خەلىپە بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ساھابە كىراملار ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىگە بەيئەت قىلىدىغان چاغدا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دىنىمىز ئۈچۈن رازى بولۇپ تاللىغان كىشىنى دۇنيايىمىز ئۈچۈنمۇ تاللايمىز» دېيىشىپ، ئۇنىڭغا بەيئەت قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېسەل چېغىدا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ ئون يەتتە قېتىم ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇغانلىقىنى ئىبنى ئەسىر ئۆزىنىڭ «ئەلكامىل» ناملىق تارىخ كىتابىدا زىكىر قىلىدۇ.

ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ، نامازغا چىقالماي قالغاندا ساھابە كىراملار ناھايىتى قاتتىق قايغۇغا چۆمدى ۋە ئۇنى كۆرگۈسى كېلىپ سەبىر قىلالماي، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىغا كېلىپ ـ كېتىپ تۇردى. كۆپىنچە ئەنسارلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزىدىن بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆز ئاڭلىغۇسى كېلەتتى ۋە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك يۈزىنى كۆرەلمەي قالارمىزمۇ؟» دەپ ھەسرەت چېكىشەتتى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتقان ھەزرىتى ئابباس ۋە ھەزرىتى ئەلىلەر كىشىلەرنىڭ غەم ـ ئەندىشىدە ئىكەنلىكىنى پەيغەمبىرىمىزگە خەۋەر قىلدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئاز يەڭگىللىك ھېس قىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى ئەلى ۋە ئابباسلارغا يۆلىنىپ، پېشىن نامىزىغا چىقتى. بۇ چاغدا كىشىلەر ناماز ئوقۇۋاتاتتى. ئۇلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ چىققانلىقىنى بىلدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئارقىسىغا ياناقچى بولغان بولسىمۇ، پەيغەمبىرىمىز ئۇنى نامازنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشكە بۇيرۇدى. ئۇلار پەيغەمبىرىمىزنى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بۇ نامازنى پەيغەمبىرىمىزگە ئەگىشىپ

www.islamyoli.net

ئوقۇدى. نامازدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە سۆز قىلىش ئۈچۈن مۇنبەرگە چىقىپ ئولتۇردى. ئۇ ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇھۇدتا شېھىد بولغان ساھابە كىراملارغا دۇئا قىلدى. ئاندىن كېيىن مۇنداق سۆز قىلدى: «ئى مۇسۇلمانلار! سىلەر مېنىڭ ۋاپات بولۇشۇمدىن قورقۇپ، غەم ـ قايغۇغا چۈشۈپسىلەر، مەندىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر مەڭگۈ ھايات قالغىنى يوق، مەنمۇ بۇ دۇنيادا مەڭگۈ ھايات قالمايمەن. شۈبھىسىزكى، بۇ ئۆلۈمدىن ھېچكىم قۇتۇلالمايدۇ. مەنمۇ، سىلەرمۇ ھەممىمىز ئاخىرى بېرىپ، پەرۋەردىگارىمىزنىڭ ھۇزۇرىدا بولىمىز. مەن سىلەرگە مەندىن كېيىن قالغان مۇھاجىرلارغا ھۆرمەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلىمەن. مۇھاجىرلارغىمۇ ئۆز ئارا ئىناق ئۆتۈشنى تەۋسىيە قىلىمەن. مۇھاجىرلار ئەنسارلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلسۇن. ئەمدى مېنىڭ مۇھاجىرلارغا ۋەسىيىتىم شۇكى، ئەنسارلار مۇھاجىرلارنى ئارىلىرىغا ئېلىپ جايلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. ئۆزلىرى موھتاج بولغان بولسىمۇ، مۇھاجىرلاردىن ھېچنەرسىسىنى ئايىمىدى. مۇھاجىرلاردىن بىرەر كىشى ئۇلارغا باشلىق بولسا ئۇلارغا ناھايىتى ياخشى كۆڭۈل بۆلسۇن، بەزى قۇسۇرلىرى بولسا ئەپۇ قىلسۇن، ئى جامائەت، مەندە بىركىمنىڭ ھەققى بولسا ماڭا ئېيتسۇن، ئەگەر مەن سىلەرنىڭ بىرىڭلارنىڭ بەدىنىگە ئۇرغان بولسام، مانا مېنىڭ بەدىنىم تۇرۇپتۇ، ئۇرۇپ قىساسىنى ئېلىۋالسۇن، ئەگەر مەن بىر كىشىنىڭ ئابرۇيىنى تۆككەن بولسام ماڭا ئېيتسۇن، ئەگەر مېلىنى ئېلىۋالغان بولسام مېنىڭ مېلىمنى ئالسۇن. مەندىن ئاغرىنغان كىشى بولسا، مېنى خاپا بولىدۇ دەپ ئولتۇرماستىن، ماڭا ئوچۇقنى ئېيتسۇن. چۈنكى مەندە ھەق ئىگىسىگە ئاچچىقلايدىغان مىجەز يوق. ماڭا ھەممىدىن ياخشىراق كۆرۈنىدىغان كىشى مەندىن ھەققىنى تەلەپ قىلالىغان كىشىدۇر. بىراۋنىڭ ئۈستىدە مېنىڭ ھەققىم بولسا قايتۇرۇپ بەرسۇن. دۇنيادا رەسۋا بولىمەن دەپ قورقۇپ، ئاخىرەتنىڭ رەسۋالىقىغا مۇپتىلا بولمىسۇن.»

بۇ سۆزلەردىن كېيىن بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا ئۈچ تەڭگىسى بارلىقىنى ئېيتتى. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ ئۈچ تەڭگىسىنى تۆلەپ بەردى. ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا ھۇزۇرىغا توپلانغان كىشىلەرگە: «قەلەم ۋە سىيا كەلتۈرۈڭلار، مەن سىلەرگە ۋەسىيەتنامە يېزىپ بېرىمەن. بۇ ۋەسىيىتىمگە ئەمەل قىلساڭلار، مەندىن كېيىن ئېزىپ كەتمەيسىلەر» دېدى. بۇ ھەقتە ساھابە كىراملار ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا بولۇپ، بەزىلىرى «يازدۇرايلى» دېدى. بەزىلىرى «پەيغەمبىرىمىزگە بىر نەرسە يازدۇرۇش مۇناسىپ ئەمەس، قولىمىزدا ئاللاھنىڭ كىتابى بار، بىزگە شۇ كۇپايە قىلىدۇ» دېيىشتى.

بىر كۈنى ھەزرىتى ئەلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدىن چىقتى. ساھابە كىراملار ئۇنىڭدىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ھەزرىتى ئەلى: «ئاللاھقا شۈكرى، ئۇنىڭ ئەھۋالى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى» دېدى. بۇ چاغدا ھەزرىتى ئابباس ھەزرىتى ئەلىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ: «مەن پەيغەمبىرىمىزنى ساقىيىدۇ دەپ قارىمايمەن. چۈنكى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئەۋلادلىرىدا ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەرنى ئۇنىڭدا كۆردۈم. يۈر! پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۆزىدىن كېيىن كىمنىڭ خەلىپە بولىدىغانلىقىنى سورايلى، ئەگەر خەلىپىلىك بىزگە خاس بولسا، بۇنى بۇرۇنراق بىلگىنىمىز ياخشى، ئەگەر باشقىلاردا بولسا بىزنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ، ۋەسىيەت قىلىشنى سورايلى» دېدى. ھەزرىتى ئەلى: «مەن بۇنى ھەرگىز سورىمايمەن. ئەگەر

www.islamyoli.net

بىز سوراپ قالساق خەلپىلىك بىزگە بولماي باشقىلارغا بولۇپ قالسا، ئۇ چاغدا خەلپىلىك ئەسلا بىزگە نېسىپ بولمايدۇ» دېدى.
رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئون ئىككىنچى كۈنى (دۈشەنبە) پەيغەمبىرىمىز ئۆزىدە بىر ئاز يەڭگىللىك ھېس قىلىپ، بامدات نامىزى ئوقۇۋاتقان ساھابە كىراملارغا نەزەر تاشلاش ئۈچۈن، ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقتى. ئۇ نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مەسجىدتە ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، خۇرسەن بولۇپ كۈلدى. چۈنكى مەسجىد ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى. كىشىلەرمۇ پەيغەمبىرىمىزنى كۆرۈپ، پەۋقۇلئاددە خۇرسەن بولۇشتى. ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى پەيغەمبىرىمىزنى نامازغا كېلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ، يول بوشاتماقچى بولغان بولسىمۇ، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا نامازنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىشكە ئىشارەت قىلىپ، ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ كۈنى كۈن كۆتۈرۈلگەندە بۇ پانى دۇنيادىن ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدىكى باقى دۇنياغا كۆچتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئالدىدىكى قاچىدىن سۇ ئېلىپ، مۇبارەك يۈزىگە سەپكەنلىكى ۋە: «ئى ئاللاھ! ئۆلۈم سەكراتىغا قارشى ماڭا ياردەم قىلغىن، مەن رەپىقۇلئەئلانى ئىختىيار قىلدىم» دېگەنلىكىنى ھەزرىتى ئائىشە رىۋايەت قىلدۇ.
ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرىيىنىڭ ئون بىرىنچى يىلى رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئون ئىككىسى دۈشەنبە كۈنى ۋاپات بولدى. بۇ چاغدا ئۇ ئاتمىش ئۈچ ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ مۇبارەك چاچ ـ ساقاللىرىغا ئازغىنا ئاق كىرگەن بولۇپ، ساقىلىدىكى ئاقلارنى سانىغىلى بولاتتى.

## ساھابە كىراملارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەيرەتتە قېلىشى

بىر ئاز ئىلگىرى ئۆزلىرىگە تەبەسسۇم قىلىپ، نەزەر سالغان ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ساھابە كىراملارنىڭ ھەممىسى ھەيرانلىقتا قالدى. بۇ چوڭ مۇسىبەتنىڭ زەربىسىدە ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى بىر يان كۆزلىرى بەريان بولۇشتى. ئۇلار چوڭقۇر قايغۇغا چۆمگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولۇشىنى يىراق دەپ ئويلايدىغانلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار قاتتىق غەم ـ قايغۇغا چۆمدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھەزرىتى ئۆمەر تېخىرقاش زەربىسىدە ئۆزىنى يوتۇنلەي ئۇنتۇغان ئىدى. مۇناپىقلارنىڭ بەزىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ھەر خىل سۆزلەرنى تارقىتىپ يۈرگەندە، ھەزرىتى ئۆمەر ئۇلارغا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولمىدى. ئۇ ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش ئاللاھنىڭ يېنىغا كەتتى. ئىشىنىمەنكى، ئۇ چوقۇم قايتىپ كېلىپ، بۇ مۇناپىقلارنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى كېسىپ تاشلايدۇ» دېدى.

## ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ خۇتبە ئوقۇغانلىقى

بۇ چاغدا ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى قۇبادىكى ئائىلىنى يوقلاش ئۈچۈن كەتكەن ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە قايتىپ كېلىپ، ھەممىدىن

www.islamyoli.net

ئىلگىرى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز ھوجرىنىڭ بىر تەرىپىگە ياتقۇزۇلۇپ، مۇبارەك يۈزى يېپىپ قويۇلغان ئىدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ يۈزىنى ئېچىپ سۆيۈپ تۇرۇپ، قاتتىق يىغلاپ كەتتى. ئاندىن كېيىن مەسجىدكە توپلانغان ساھابە كىراملارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ تەشۋىشىنى يوقىتىش ئۈچۈن، مۇنۇ سۆزلەرنى قىلدى: «ئاگاھ بولۇڭلار! كىمكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىبادەت قىلسا، ئۇ شەكسىز ۋاپات بولدى. كىمكى، ئاللاھقا ئىبادەت قىلسا، ئاللاھ شەكسىز ھاياتتۇر، ئۇ ھەرگىز ئۆلمەيدۇ.» ئاندىن كېيىن ئۇ قۇرئان كەرىمدىكى «شۈبھىسىزكى، سەن ئۆلگۈچى، ئۇلارمۇ ئۆلگۈچى، مۇھەممەد بىر پەيغەمبەر. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر ئۆتكەن. ئەگەر ئۇ ئۆلۈپ كەتسە، ياكى ئۆلتۈرۈلسە ئارقاڭلارغا يېنىپ كېتەمسىلەر؟ كىمكى، ئارقىسىغا يېنىپ كەتسە، ئۇ ھەرگىزمۇ ئاللاھقا بىرەر زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. بىز شۈكۈر قىلغۇچىلارنى مۇكاپاتلايمىز» دېگەن ئايەتلەرنى ئوقۇدى. ساھابە كىراملار ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھوشىغا كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقەتەن ۋاپات بولغانلىقىغا ئىشىنىشتى. بۇ چاغدا ھەزرىتى ئۆمەر: «مەن بۇ ئايەتلەرنى ھازىرغىچە ئاڭلاپ باقمىغاندەك ۋە ھەزرىتى ئەبى بەكرىدىن يېڭىدىن ئاڭلاۋاتقاندەك بولدۇم» دەپ، ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، تۇرالماي يىقىلىپ چۈشتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يۇيۇشقا قاتناشقانلار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يۇغان كىشى ھەزرىتى ئەلى ئىبنى ئەبى تالىپ بولۇپ، ھەزرىتى ئاباس، پەزل ئىبنى ئابباس، قەسەم ئىبنى ئابباس، ئۇسامە ئىبنى زەيد ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئازات قىلغان قۇلى ھەزرىتى شەقران قاتارلىقلار ياردەملەشكەن ئىدى. بەدىر ئەھلىدىن بولغان ئەۋس ئىبنى خەۋلى يۇغان جايغا كىرىشنى بەك ئارزۇ قىلىپ، قاتتىق تەلەپ قىلغانلىقتىن ئۇنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلىندى. ئۇ كىشى يۇيۇشقا قاتناشمىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۇيۇلۇپ، كېپەنگە ئېلىنغاندىن كېيىن، كىشىلەر بىر - بىرىگە ئىقتىدا قىلماستىن جىنازا نامىزىنى ئايرىم - ئايرىم ئوقۇدى. ئەرلەر ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئاياللار، ئاندىن كېيىن كىچىك باللار ئوقۇدى. ناماز چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك جەستى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىدىكى جان ئۈزگەن ئورۇنغا دەپنە قىلىندى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىشىلەر دەپنە قىلىنىدىغان ئاممىۋى قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىنماي، ئۆزى ۋاپات بولغان جايغا دەپنە قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «ھەرقانداق پەيغەمبەر ۋاپات بولسا، ئۆزى جان ئۈزگەن جايغا دەپنە قىلىنىدۇ» دېگەن ھەدىسىنىڭ بولغانلىقىدىن ئىدى. تارىخچىلارنىڭ بەزىلىرى بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بولغان دەيدۇ. مۇبارەك قەبرىگە ھەزرىتى ئەلى، پەزل ئىبنى ئابباس، قەسەم ئىبنى ئابباس، ئەۋس ئىبنى خەۋلى قاتارلىقلار چۈشتى. قەبرىدىن ئەڭ كېيىن چىققان كىشى قەسەم ئىبنى ئابباس ئىدى. مۇبارەك قەبرە زېمىندىن بىر غېرىچ كۆتۈرۈلگەن ئىدى. ھەزرىتى بىلال قەبرىنىڭ ئۈستىگە سۇ سەپتى. پەيغەمبىرىمىز شەنبە كۈنى يېرىم كېچىدە دەپنە قىلىنغان ئىدى. ئۇنىڭ دەپنە قىلىنماي ئۇزۇن مۇددەت تۇرۇپ قېلىشى، ئۇنىڭ جىنازا نامىزىنىڭ ھەممە كىشى يىغىلىپ بىرلىكتە ئوقۇلماستىن، ھەر بىر

www.islamyoli.net

كىشى ئايرىم ـ ئايرىم ئوقۇغانلىقتىن بولغان، ياكى ساھابە كىراملارنىڭ كىمىنىڭ خەلىپە بولۇشى ھەققىدىكى مەسلىھەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ قالغانلىقىدىن بولغان ئىدى.

ئەرەبىستان سەھرالىرىدا يېتىملىكتە چوڭ بولۇپ، ئۆز خەلقىنىڭ باتىل ئېتىقادلىرىنى، يامان ئادەتلىرىنى ۋە بۇزۇق ئەخلاقلىرىنى ئىسلاھ قىلغان ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى يۇقىرىقىلاردىن ئىبارەت. ئۇ زات يىگىرمە ئۈچ يىل ئىچىدە ئېلىپ بارغان دەۋىتىنىڭ نەتىجىسىدە ئۆز خەلقىنىڭ يامان ئەخلاق، بۇزۇق ئادەت ۋە باتىل ئېتىقادلىرىنى پۈتۈنلەي تازىلاپ، ئۇلارنى گۈزەل ئەخلاق، ياخشى ئادەت ۋە توغرا ئېتىقادلارغا ھىدايەت قىلدى. بۇتپەرەسلىكنىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ تاشلاپ، تەۋھىدنىڭ ۋە ئىسلامنىڭ ئاساسىنى تۇرغۇزدى.

ئىلگىرى ئۇ زاتنىڭ ھېچقانداق ياردەمچىسى ۋە قوللىغۇچىسى يوق ئىدى. ئۆز خەلقىنىڭ ھەر خىل جەبرى ـ زۇلۇملىرىغا ئۇچرىغان ئىدى. ئاخىرى ئۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ھەممىنى ئۆزىگە ئەگەشتۈردى. ئۇ زات يىگىرمە ئۈچ يىل مۇددەت ئىچىدە شۇ قەدەر ۋەھشىيلىشىپ، توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكەن بىر خەلقنى مەيلى ئېتىقاد، مەيلى ئەخلاق جەھەتتە بولسۇن ئىنسانىيەتكە نەمۇنە بولغۇدەك دەرىجىدە ئىلغار خەلق قىلىپ يېتىشتۈردى. ئۇلار ئەخلاق ـ پەزىلەت ۋە پەن ـ مەدەنىيەت جەھەتلەردە دۇنياغا ئۈلگە بولدى. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر ئىنسانلار ئۈچۈن چىقىرىلغان ياخشى ئۈممەت. سىلەر ياخشىلىققا بۇيرۇيسىلەر ۋە يامانلىقتىن توسىسىلەر.» يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شۇنىڭغا ئوخشاش بىز سىلەرنى كىشىلەرگە شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، ئوتتۇراھال ئۈممەت قىلدۇق.»

ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىزباسارلىرى بولۇپ، يەر يۈزىگە ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئۇرۇقلىرىنى چاچتى. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۇ زات شۇنچە ئاز مۇددەت ئىچىدە بۇنداق زور ئۆزگىرىشنى بارلىققا كەلتۈرۈپ «ئىسلاھ قىلىش مۇمكىن بولمايدۇ» دېيىلگەن بىر مىللەتنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇلارنى راستچىللىق، ساپلىق ۋە ۋاپادارلىق جەھەتلەردە كامالەتكە يەتكۈزدى. بۇنىڭغا تارىخ سەھپىلىرى گۇۋاھ بولالايدۇ.

ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بەرھەق پەيغەمبەر بولۇپ، بۈيۈك قۇدرەت ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئىنسانىيەتنى يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ ساھابىلىرى ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرى ۋە چەكلىمىلىرىگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ، بىدئەت ۋە خۇراپاتلىقلاردىن پۈتۈنلەي پاكلىنىپ، تەۋھىد ئەقىدىسى بىلەن تائەت ـ ئىبادەتلەردە ۋە پۈتۈن ياخشىلىقلاردا پەيغەمبىرىمىزگە قەتئىي ئەگەشكەنلىكتىن، ئاللاھ تائالانىڭ سۆزىنى ئۈستۈن قىلىش يولىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن جانلىرىنى، ماللىرىنى پىدا قىلاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەت ئارىسىغا ئەخلاق ـ پەزىلەت ئۇرۇقىنى چاچقاندەك، مەنسەپ، رىياسەت يوللىرىنى ۋە ئادالەت، سىياسەت، ئىقتىساد ۋە شۇرا قانۇنلىرىنى ئىلاھىي ۋەھيي ئارقىلىق بايان قىلدى. ھازىرقى دېموكراتىك تۈزۈملەرنىڭ ھەممىسى ئۇ زاتنىڭ يۇقىرىقى كۆرسەتمىلىرىدىن ئۈلگە ئالغان. كېيىنچە بۇ تۈزۈم مۇسۇلمانلاردىن ياۋروپالىقلارغا يۆتكىلىپ، ئۇ يەرلەردە مەشھۇر بولدى.

www.islamyoli.net

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئىنسانىيەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىپ، ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ قانۇننى ئىجرا قىلىش تەرىپىگە ۋە توغرا يولغا باشلىدى. ئۇ زاتتىن كېيىنكى خەلىپىلەر، ئىماملار ۋە ئۆلىمالار پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەرىئىتى ۋە سۈننىتى بىلەن ھۆكۈم قىلدى. چۈنكى ھەر بىر پەيغەمبەر ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىتىگە تامامەن ئۇيغۇن ھالدا، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئىچىدىن چىقاتتى. خەلىپە، ئىمام ۋە ئۆلىمالار ئۇ پەيغەمبەرنىڭ سۈننەتلىرىنى ئىزچىل ئادا قىلسا، ئۇلار ھەر دائىم ئۆزىنىڭ توغرا يولىنى تاللىۋالالايدۇ. ئەگەر ئۇلار سۈننەتنى تاشلاپ، باشقىچە يول تۇتسا، زۇلۇم ۋە ئىستىبداتقا چۈشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مىللەتنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى چىرىكلىككە يۈزلىنىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق مىللەتنىڭ خاراب بولۇشى، ئۇ مىللەتتىكى ھاكىم ۋە ئالىملارنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. مانا بىز بۇيۇك پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ يولىدىن چەتنەپ، بىدئەت ۋە خۇراپاتلىققا ئەگەشكەنلىكىمىزدىن ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئىلاھىي قانۇننى قايرىپ قويۇپ، ئىنسان ئۆزى تۈزۈپ چىققان ھەقىقەتتە ماس كەلمەيدىغان قانۇنغا ئېسىلىۋالغانلىقىمىز ئۈچۈن، مۇشۇنداق خار ـ زەبۇنلۇقتا قالدۇق. بەنى ئىسرائىلنىڭ مىللىتى ۋە دىنىنىڭ ئىنقىرازغا ئۇچرىشىنىڭ سەۋەبىمۇ، ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ زالىملىقى، ئۆلىمالىرىنىڭ تەۋرات ئەھكاملىرىنى ئۆزگەرتىپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىدىن بولغان ئىدى. شۇنىڭدەك، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىمۇ شۇ قاتاردا يوق بولغان.

بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى يولباشچىلىقى بىلەن ئىنسانلارغا رەھبەرلىك قىلغان چاغلىرىدا، ئۇ ئىنسانلارنى ئۇزۇن زاماندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان خۇراپاتلىق، ھاۋايى ـ ھەۋەس ۋە زۇلۇم ـ ئىستىبداتلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ، شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەپلەردىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، بىدئەت ۋە خۇراپاتلاردىن پاكلاپ، توغرا ۋە ئادالەتلىك يولغا كىرگۈزۈپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈردى. ئۇنىڭدىن كېيىنكى خۇلەپائى راشىدىنلار ۋە ساھابە كىراملارمۇ بۇ يولدا مۇستەھكەم تۇرۇپ، پەۋقۇلئاددە پىداكارلىق بىلەن ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەرىئىتى ۋە سۈننىتىنى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئىسلام نۇرىنى پۈتۈن دۇنياغا چاچتى. قۇرئان كەرىمنى «ئاللاھ تائالا ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان كىشىلەرگە، ئۇلارنى زېمىندا خەلىپە قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى.» دېگەن ئايەت كەرىمنىڭ بۈيۈك ھېكمىتىگە سازاۋەر بولدى. مۆمىنلەر ئەگەر ئىماننى ياخشى ئەمەللەر بىلەن تولۇقلىسا، مەزكۇر ۋەدە بويىچە ئۇلار پۈتۈن زېمىنغا ئىگە بولاتتى. چۈنكى بۇ ۋەدىنىڭ ئەمەلىيىتى خۇلەپائى راشىدىنلارنىڭ زامانىدا رېئاللىققا ئايلانغان ئىدى. ئۇ زامانلاردا مۆمىنلەرنىڭ ئىمانى ۋە سالىھ ئەمەللىرى، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. كېيىنكى زامانلاردا مۆمىنلەرنىڭ ئىمانىغا نۇقسان يېتىپ، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرى سۇسلىشىپ، سالىھ ئەمەللىرى بوشىشىپ قالغانلىقتىن، دۆلەتلىرى پارچىلىنىپ، چىرىكلىككە يۈزلەندى.

شۇنى بىلىش كېرەككى، سائادەت ئەسرىدە ئىسلام مىللەتلىرى غايەت زور دەرىجىدە قۇدرەت تېپىپ، باشقا ھەممە مىللەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ئىدى. ھەممە مىللەتلەر ئىسلامنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى رەھبەرلىكى ئاستىدا ياشايتتى. ئادالەت ۋە ھەقىقەت چىرىقى دۇنيانىڭ ھەر تەرىپىدە نۇر چاچقان ئىدى. بۈيۈك خەلىپىلەر ئەمىرلەر ۋە ساھابە كىراملارنىڭ ھەممىسى بىرلا قانۇنغا، يەنى كىتاب ۋە سۈننەتكە ئاساسلانغان شەرىئەت قانۇنغا

www.islamyoli.net

بويسۇناتتى. قېرىنداشلىق، باراۋەرلىك ۋە ئادىللىق شوئارى ئاستىدا، ھەزرىتى پەيغەمبىرىمىز ئېلىپ كەلگەن مۇقەددەس ئىسلام يولىنى ئىنسانلار ئالدىغا قويغان ئىدى. مانا بۇ سەۋەبتىن ئىسلام دۇنياسى قۇدرەت تېپىپ، شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتا ناھايىتى زور تەرەققىي قىلغان ئىدى. ئىسلام دىنى بۇ ھاياتنىڭ روھى بولسا، ئىسلامنىڭ بىر شېخى بولغان ئەخلاق - پەزىلەت ۋە ياخشى ئەمەللەر بۇ ھاياتنىڭ تومۇرلىرى ۋە ئەزالىرىغا ئوخشايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ زاماندا ئىسلام مىللەتلىرى ناھايىتى ساغلام ئىدى. ئاندىن كېيىن ئىسلام ئۈممىتى ئارىسىغا ئەسەبىيەت (يەنى تەرەپبازلىق)، ئىتتىپاقسىزلىق تارقىلىپ، ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ۋارىسلىق قانۇنى ئوتتۇرىغا چىققىشقا باشلىدى. شۇرا ۋە جۇمھۇرىيەت قانۇنى يوق بولدى. بۇ ۋارىسلىق قانۇنى سەۋەبىدىن خەلىپىلىك ئۇمەۋىلەرنىڭ خانىدانىغا يۆتكەلدى. ئۇلار ئىستىبداتلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تۇتقان يوللىرى ئىلاھىي قانۇنغا خۇلەپائى راشىدىنلارنىڭ زامانىدىكىدەك ئىزچىل ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى. شەرىئەتنىڭ ھامىيلىرى بولغان ئۆلىمالارنىڭ ئۇلارغا رازىلىقى يوق ئىدى. لېكىن، قىلىچ ۋە نەيزە ئۇلارنىڭ قولىدا بولغانلىقتىن ئۇلارغا بويسۇنماي ئامال يوق ئىدى. بەزى ئاھالىلەر ئەمىرلەرنىڭ قولىدا تەربىيىلەنگەچكە دائىم ئۇلار تەرەپتە ئىدى. چۈنكى «ئىنسان ئېھساننىڭ قولى» دېگەن ماقال - تەمسىل بار. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالار ۋە سالىھ كىشىلەر ئۇمەۋىلەرنىڭ ئەمىرلىرىنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ قولىغۇچىلىرىنىڭ ئارىسىدا سىقىلىشقا ئۇچرىدى. شۇ سەۋەبتىن ئىسلامنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئەخلاق - پەزىلەتلىرىنىڭ زاھىر بولۇشى بىرياقتا قېلىپ، ئىسلام ئاسمىنىدىكى ئىلىم - مەرىپەت، پەن - مەدەنىيەت يۇلتۇزلىرى غەپلەت ۋە جاھالەت بۇلۇتلىرى بىلەن يېپىلىپ قالدى. پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئۆلىمالار، سالىھ كىشىلەر ۋە مىللەتنىڭ ئىلغار ئادەملىرىنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئانچە راۋاج تاپالمىدى.

ئاندىن كېيىن بۇ ئەسەبىيەت ۋە ۋارىسلىق قانۇنى ئاbbاسىيلارغا يۆتكەلدى. پۈتۈن ئۆلىمالار ۋە سالىھ كىشىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەرىئىتىنى ۋە سۈننىتىنى قوغداش يولىدا، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغان ھاكىملارغا قاتتىق قارشى تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى پىرقە ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ قارشىلىق پەيدا بولۇپ، ھەققانىيەت تەرەپتە تۇرىدىغان ئۆلىمالارنىڭ مەسىلىلىرى ئانچە تەرەققىي قىلالمىدى. بەلكى بەزى ئۆلىمالار قازىلىق، مۇپتىلىق، خاتىپلىق، مۇدەررىسلىك ۋە مۇئەززىنلىككە ئوخشاش مەنسەپلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ھاكىملارنىڭ تەرەپدارى بولۇپ، ئىستىبداتلىق يولىغا كىردى.

ئۇ زامانلاردا ياشىغان ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە پۇقەھالىرى قۇرئان كەرىمدىكى سالىھ ئەمەللەر، ئىنسانى پەزىلەتلەر بايدىن بولغان ھۆكۈملەردە ئىجتىھات قىلىپ، شەرىئەت ئىلىملىرىنى توپلىماقتا ئىدى. قۇرئان كەرىم ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئىلىم - مەرىپەت، پەن - مائارىپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇقەددەس كىتاب بولغاچقا، كائىنات ئىلىملىرى، ئاسمان جىسىملىرى، زېمىن ھېكمەتلىرىنى نۇرغۇنلىغان ئايەتلەر ئارقىلىق ئىنسانلارغا تەلىم بېرىدۇ. شۇنىڭدەك، ئاسمان - زېمىندىكى مەخلۇقاتلارغا نەزەر تاشلاپ، ئۇنىڭ ھېكمىتىنى بىلىشكە بۇيرۇيدۇ. بۇ «ئاسماندىكى نەرسىلەرگە قاراڭلار»، «ئۇ زات زېمىندىكى نەرسىلەرنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى»، «پەرۋەردىگارىمىز، بۇنى بىكارغا ياراتمىدىڭ» دېگەن ئايەتلەر بىلەن سابىتتۇر.

www.islamyoli.net

مەۋجۇدات ۋە كائىناتتىن بارلىققا كەلگەن توغرا ئىلىملەر قۇرئان كەرىم تەرىپىدىن رەت قىلىنمايدۇ. بەلكى ئۇ ئىلىملەر قۇرئاننىڭ نەزىرىدە مەقبۇلدۇر. شۇڭا ئۇ زاماندىكى ئۇممەتلەر باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت ۋە تەرەققىياتىغا قاراپ، ئىنسانىيەت ئۈچۈن پايدىلىق بولغان، توغرا ۋە پايدىلىق ئىلىم ـ مەرىپەتلەرنى قۇرئان ۋە ھەدىس ـ شەرىپلەرگە توغرىلاپ كۆردى. ئەگەر قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئۇيغۇن، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولسا ئۇنى ئىسلامي ئىلىم ـ مەرىپەتتىن دەپ قاراپ، ئۆگەندى ۋە ئۆگەتتى. قۇرئان ۋە سۈننەتكە مۇۋاپىق بولماي، ئىنسانىيەتكە كېرەكلىكمۇ بولمىسا، ئۇنى ئىسلامي ئىلىم ـ مەرىپەت قاتارىدىن چىقىرىپ، خۇراپاتلىق ۋە يەھۇدىي، ناسارالاردىن ئېقىپ كىرگەن سۈيقەست دەپ قارالدى. شۇڭلاشقا بۇرۇنقى زامانىنىڭ ئىلىملىرىدىن دەپ قارالغان سېھىرگەرلىك، پالچىلىق قاتارلىق ئىشلار ئىسلام شەرىئىتى تەرىپىدىن رەت قىلىنىدۇ.
ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە دۇنيادا «ئەڭ مەدەنىيەتلىك مىللەت» دەپ قارالغان مىللەت رۇملۇقلار ئىدى. ئۇلاردا يۇنانىستاننىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتلىرى ئاساسلىق دەستۇر بولغان. كېيىنكى كۈنلەردە ئىسلام خەلىپىلىرىنىڭ بەزىسى ئۇلاردا بار بولغان ھېكمەت ۋە پەلسەپە ئىلىملىرىنى مۇسۇلمانلار ئارىسىغا ئېلىپ كىرىشنى مەقسەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ پەلسەپىگە ئالاقىدار نۇرغۇن كىتابلىرىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلدۇردى. شۇنداقلا، پارس ۋە ھىندى ئەدەبىياتلىرىدىن قۇرئان ۋە سۈننەتكە مۇۋاپىق بولغانلىرىنى تاللاپ ئالدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلاردا شەرىئەت ئىلىملىرىدىن باشقا مەنتىق (لوگىكا) ۋە پەلسەپە ئىلىملىرى تېخىمۇ گۈللەندى. لېكىن، بۇ ئىلىملەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر قىسىم ئالىملار پەقەت بۇ ئىلىملارغا تايىنىپ، يۇنان پەلسەپىسىگە چۆكۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار چېكىدىن ئېشىپ كېتىپ، نەقلىي ئىلىملەرنى تاشلاپ، پەقەت ئەقلىگە ئاساسلىنىدىغان كەيپىيات شەكىللىنىپ قالغان سەۋەبتىن، قۇرئان ۋە ھەدىس شەرىپلەرنى پەلسەپىگە ئاساسلاندۇرۇپ، ئىپرات (يەنى ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىش) يولى بىلەن تەئۋىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاستا ـ ئاستا تەرەققىي قىلىپ، ئېتىقادى ئېقىمىدىكى بىر قىسىم مەزھەپلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئۈممىتىم يېقىندا بۆلۈنۈپ كېتىدۇ» دېگەن سۆزىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغان ئىدى. بۇ مەزھەپلەرنىڭ ئىچىدىن ناھايىتى كۈچلىنىپ، ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكىنى «مۆتەزىلە» مەزھىپى بولۇپ، ئۇلار ئەھلى سۈننە مەزھىپىگە قارشى ھالدا ئىسلامنى ئۆز مەزھىپىگە بويسۇندۇرۇشقا تىرىشاتتى. ھەتتا بەزى خەلىپىلەر ۋە بىر قىسىم سۇلتانلار ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىگە مايىل بولۇپ قالغان. پاتىملەر خەلىپىلىرى شىئىلىك يولىغا كىرىپ قالغان. شۇنداق قىلىپ يۇنان پەلسەپىسى ئىسلام ئالىمىدە شۇ دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن ئىدىكى، ھەتتا ئىسلام ھۆكۈمالىرىدىن بىر قانچىسى بۇ پىكىرگە مايىل بولۇپ قېلىپ، سەلەپ سالىھىنلارنىڭ ئىزىدىن چەتنەپ كەتكەن. ئاندىن كېيىن سۈننەتنى قوغدايدىغان، بىدئەتكە قارشى تۇرىدىغان بىر قىسىم ئۆلىمالار ئوتتۇرىغا چىقىپ، مۆتەزىلە مەزھىپىگە رەت قايتۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولغان. ئۇلار ئىسلام شەرىئىتىنى ساقلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقادى بويىچە ھىمايە قىلغان. ئۇلار توغرا نەقىللەرگە ئانچە كۆڭۈل بۆلمەي، كۆپىنچە مەسىلىدە ئەقلىگە تايانغانلىقى ئۈچۈن، ئېتىقادقا ئالاقىدار مەسىلىلەردە تامامەن تەلەپكە لايىق بولالماي، بىر قىسىم مەسىلىلەردە خاتا يولغا كىرىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما ھەقىقىي ئىسلامنى ساقلاپ

قالغۇچىلار ۋە تەپسىر، ھەدىس ئۆلىمالىرى ھېچ ئىشتا سۈننەتكە بىدئەت ئارىلاشتۇرماي، ئىسلامنى ئەينەن ھالىتى بويىچە پاك ـ پاكىزە ھالدا ھېچقانداق چاڭ ـ توزان قوندۇرماي ساقلاپ قالدى.

يۇنان پەلسەپىسى تەرجىمە قىلىنىپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىغا كىرگەندىن كېيىن ئەسلى مەقسەت بىر ياقتا قېلىپ، ئۆلىمالارنىڭ دىللىرىدا تۈرلۈك ئېتىقادلار ئورۇنلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆز ئارا ئىختىلاپ ۋە تالاش ـ تارتىشلار كۆنسېرى كۆپىيىپ، ئىسلامنى ھەر بىر پىرقە ئۆز مەسلىكى تەرىپىگە تارتىپ، پەقەت ئۆزىنىڭ تۇتقان يولىنىلا توغرا، باشقىلارنىڭكىنى خاتا، دەپ تەرسالىق قىلىپ تۇرۇۋېلىپ، مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇپ، ئىسلامنىڭ جىسمىنى قاتتىق يارىلاندۇردى. مانا بۇ سەۋەبتىن بۇ يارىلار كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ، ساقايماس ھالغا كېلىپ، خۇددى ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئوغۇللىرى ھەققىدە: «ئۇلار (يەنى ئىلگىرىكى ئۇممەتلەر) دىنىي جەھەتتە نۇرغۇن پىرقىلەرگە بۆلۈندى. ھەر پىرقە ئۆزى تۇتقان يول بىلەن خۇشالدۇر» دېگەندەك ھالغا چۈشۈپ قالدى.

يەنە بىر قىسىم ئۆلىمالار، يۇنان پەلسەپىسىدىن ئىبارەت بولغان ئارىستۇ پەلسەپىسىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ كۆزقارىشىنى ئىسلام دۇنياسىغا ئېلىپ كىردى. بۇ پەلسەپىنىڭ ئىلاھىي ئەقىدىلەرگە دائىر بەزى قائىدىلىرىنى ئۆزگەرتىپ، باشقىلىرىنى ئىسلامغا تامامەن تەتبىق قىلدى. ئىسلام دۇنياسىدا يەنە بىر نەچچە پەيلاسوپلار، مەسلەن، فارابى، ئىبنى سىنا، ئىبنى باجە، ئىبنى رۇشد قاتارلىقلار دۇنياغا كەلدى، بۇلارمۇ سەلەپ سالىھىنلارنىڭ يولىدىن بىر ئاز چەتنەپ كەتكەن.

يەنە بىر قىسىم ئۆلىمالار مەنتىق ئىلمىغا بېرىلىپ كېتىپ، يۇنان پەيلاسوپلىرى ۋە مۆتەزىلىلەر بىلەن مۇنازىرىلىشىشتە ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتتى. بۇ سەۋەبتىن كىتابۇللاھتىن مەنبە ئالغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى پەردە ئارقىسىدا قېلىپ، ھەقىقىي ئىلىم ـ مەرىپەت ئاپتاپلىرى ئۆچۈشكە باشلىدى. شۇڭا ئىسلام ئۇممىتىمۇ ئۆتكەن ئۇممەتلەرگە ئوخشاش ئاللاھنىڭ كىتابى بايان قىلغان ئىلاھىي قانۇنلارنى بىر تەرەپتە قويۇپ قويدى. بۇ ئۇممەت ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئۆز لايىقىدا ئەمەل قىلماي، ساھابە كىراملارغا ۋە تابىئىنلارغا ئەگەشمەي، دىنىي ئىلىم ۋە ئىلاھىي قانۇنلارغا يۇنان پەلسەپىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ، سۈننەتنىڭ نۇرلۇق يۈزىگە بىدئەت ۋە خۇراپاتلىق چاڭ ـ توزانلىرىنى قوندۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام ئۇممەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمىدا قۇرئان كەرىم ئۇنتۇلۇپ قېلىپ، توغرا ئىلىم ـ مەرىپەت زايە بولۇپ كەتتى. شۇنداقلا بۇ ئۇممەتنىڭ پىكىر ئېقىمى دورامچىلىقتا ئەسىر بولۇپ قېلىپ، سەئيى ـ ئىجتىھات يولى توسۇلۇپ قالدى. قۇرئان كەرىمدىن پايدىلىنىدىغان كائىنات ئىلىملىرىمۇ بۇ ئۇممەتتىن ئۇزاقتا قالدى. ھالبۇكى، دىنىي ھاياتنىڭ غىزاسى بولغان قۇرئان كەرىمدىن چىققان پايدىلىق ئىلىم ـ مەرىپەت مۇسۇلمانلارنىڭ بەخت ـ سائادىتىنىڭ ئاچقۇچى ئىدى.

خۇراپاتلىقنىڭ نەتىجىسىدىن كەلگەن جېدەل ـ ماجىرا ۋە ھەسەتخورلۇق، كۆرەلمەسلىكتىن كەلگەن ئاداۋەتكە ئوخشاش ئەخلاقسىزلىقتا مۇپتىلا بولغان مۇسۇلمانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھالاكەت باياۋانىدا سەرگەردان بولۇپ، ئېزىپ قېلىشاتىدۇ. ئۇلار قۇرئان كەرىمنىڭ: «تالاشماڭلار، ئەگەر تالاشساڭلار ئاجىزلاپ كېتىسىلەر.» ۋە «ئەگەر

www.islamyoli.net

بىر ئىشتا تارتىشىپ قالساڭلار، ئۇنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە قايتۇرۇڭلار» دېگەن ئايەت كەرىملىرىنىڭ ھېكمەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈدى.

جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى ئوزۇقى ۋە تەلىم ـ تەربىيىسىنىڭ ئاساسى بولغان ۋەز ـ نەسىھەت، خۇتبە سۆزلەش قائىدىلىرى ھەر مىللەتتە بولغان بولسىمۇ، ئىسلامدا بەكرەك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىسلام دىنى بولسا ھېكمەت دىنىدۇر. شۇڭا ئىسلام باشتىلا ھېكمەتكە ئالاقىدار ۋەز ـ نەسىھەت ۋە خۇتبە سۆزلەش قائىدىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھېيت ـ بايرام ۋە جۈمە كۈنلىرى خۇتبە سۆزلىنىپ، دىنىي ئەھكاملار ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق ۋەز ـ نەسىھەتلەر بايان قىلىنىدۇ. ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ۋە خۇتبە سۆزلەش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالغان سۈننەت بولۇپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەسجىدلىرى ۋە مۇنبەرلىرى خۇتبە سۆزلەش ۋە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش بىلەن زىننەتلىنىدۇ. قۇرئان كەرىم: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا ھېكمەت ۋە چىرايلىقچە ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن چاقىرغىن» دەپ، ھېكمەت ۋە چىرايلىقچە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ئارقىلىق ھاۋايى ـ ھەۋەس يولىغا كىرىپ قالغانلارنى يامان يولدىن توسۇشقا ئەمرى قىلدى.

ئىسلامنىڭ ئاۋۋالقى زامانلىرىدا، شەرىئەت ھامىيلىرى بولغان ئۆلىمالار ئۇمەۋى ۋە ئابباسى خەلىپىلىرى بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئۇلارنى خاتا يولدىن توستى. ئۇلارغا ھەقىقەتنى بايان قىلىشتا ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقماي، ئۆزلىرىگە ئاللاھ تائالا بىلدۈرگەن ئىلىمنى يوشۇرماي ئۇلارغا ئاشكارا يەتكۈزدى. ئۆزلىرى زالىم بولماي، بىدئەتكە مايىل بولۇپ قالغان بەزى ئەمەلدارلاردىن ئۆزلىرىنى تارتتى. بۇرۇنقى رەببانىي ئۆلىمالىرىمىزنىڭ تۇتقان يولى ئەنە شۇنداق ئىدى. كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە ئىسلام قانۇنلىرى ۋە ئىلاھىي پرىنسىپلار ئۆزگەرتىلىپ، خۇتبىلەر ھېكمەتسىز ھالدا، سۆزنىڭ ئەھمىيىتىگە دىققەت قىلىنمىغان ئاساستا، مېغىزسىز پۇچەك سۆزلەردىن قۇراشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ ئىش پەقەت مۇنبەرلەردىكى بىر ئادەت ھالىغا كېلىپ قالدى. شۇڭلاشقا جەمئىيەتتە پىتنە ـ پاسات ۋە ھەرخىل بۇزۇق ئىشلار يىلتىز تارتىپ، تۈرلۈك بىدئەت ۋە خۇراپاتلىقلار باش كۆتۈردى. ئەمرى ـ مەرۇپ، نەھى مۇنكەرنىڭ مەزمۇنى زايە بولۇپ كەتتى. قۇرئان كەرىمنىڭ: «سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن ياخشىلىققا چاقىرىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر بولسۇن.» دېگەن ئايەت كەرىمە نەزەردىن چۈشۈپ قالدى.

مەزكۇر سۆزلەر ئازغىنا مۇناسىۋەت بىلەن قىستۇرۇپ ئۆتۈلدى. گەرچە سۆز ئۇزىراپ كەتكەن بولسىمۇ، پايدىسىز سۆز بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھۆرمەتلىك كىتابخانلارغا مالال كەلمەس دەپ ئويلايمەن.

ئەمدى تۆۋەندە پەلسەپە ئىلىملىرى ۋە باشقا ئىلىملەر تەرجىمە قىلىنىپ، ئىسلام دۇنياسىدا كۆرۈنۈشكە باشلىغان تارىخى جەريان، بۇ ئىلىملەرنى تەرجىمە قىلغۇچىلار ۋە ئۇنى تەرجىمە قىلىشقا بۇيرۇغۇچىلار ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشنى مۇناسىپ كۆردۈم:

يۇنان پەلسەپىسى ۋە باشقا پەلسەپە ئىلىملىرى ئىسلام دۇنياسىغا ئېقىپ كىرىپ، ئومۇمەن خېلى چوڭ تەسىر قوزغىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن مۇسۇلمان ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىشى پەرز ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان ئىدى. شۇنداقلا ئىلىم قەيەردە بولسا ۋە كىمدە بولسا، ئۇنى ئۆگىنىش كېرەك ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن ئىدى. مەيلى قۇرئان كەرىمدە بولسۇن ياكى ھەدىس شەرىپتە بولسۇن، ئۆلىمالارنىڭ پەزىلىتى ناھايىتى كۆپ زىكىر قىلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى ئىلىم ـ مەرىپەتكە تەرغىب

www.islamyoli.net

قىلىپ، ئۆزى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي رۇم ۋە پارس دۆلەتلىرى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن پەتھى قىلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچى زور دەرىجىدە ئېشىپ، شانۇ شەۋكەتلىك بىر ھالغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار باشقا ھەرقانداق بىر مىللەت كۆرۈپ باقمىغان ئاجايىپ بىر مەدەنىيەتكە ئاساس سالدى. ئۇلار ئومۇمەن دېگۈدەك ئىلىم ـ مەرىپەتكە ئىنتايىن ئىشتىياق بىلەن كىرىشتى. بۇ سەۋەبتىن يۇنان پەلسەپىسى ئىسلام دۇنياسىدا ئىنتايىن راۋاج تاپتى. ھىجرىيىنىڭ بىر يۈز ئوتتۇز ئالتىنچى يىلى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى بولغان ئەبۇ جەئپەر مەنسۇر رۇمدىن كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن يۇنان پەلسەپىسىگە ئالاقىدار بەزى كىتابلارنى ئەكەلدۈردى. مەزكۇر ئەمىر تەرىپىدىن بىر قىسىم ئالىملار توپلىنىپ، يۇنان پەلسەپىسىدىن ئىبارەت بولغان بىرنەچچە كىتابنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلدى. ھەججاج ئىبنى مەتەر مىلادىدىن ئىككى يۈز يىل بۇرۇن مەشھۇر ماتىماتىك ۋە تونۇلغان ئاسترونوم بەتلىموسنىڭ جۇغراپىيە كىتابلىرىنى، شۇنىڭدەك ئەقلىدوسنىڭ كىتابنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلغان ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇقەپپا كەلىلە ۋە دىمنە دېگەن كىتابنى تەرجىمە قىلغان ئىدى. 147 ـ يىلى ئابباسلار خەلىپىلىرىنىڭ بەشىنچىسى ھارۇن رەشىد خەلىپە بولۇپ، ئومۇ ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ ۋە ھۈنەر ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا كۆڭۈل بۆلگەن ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇ ئىلىم ئەھلىنى ھىمايە قىلاتتى. ئۇ دەۋردە مۇسۇلمانلاردىن ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىپە، ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس، ئىمام ئەبى يۇسۇف قاتارلىق مۇجتەھىدلار ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇپ، ئىلىم ـ مەرىپەت ناھايىتى راۋاج تاپقان ئىدى. كېيىن 198 ـ يىلى ھارۇننىڭ ئوغلى مەمۇن خەلىپە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزى ئەرەب ئەدەبىياتى، پىقھى، ھەدىس ۋە باشقا ئىسلام ئىلىملىرىغا ماھىر ھەمدە باشقا ئىلىم ـ ھېكمەت ۋە پەلسەپە قاتارلىق ئەقلىي ئىلىملەردىن بەھرىمەن بولغانلىقتىن، يەنە كېلىپ ئالىي ھىممەتلىك، ساغلام تەبىئەتلىك، زېرەك ئادەم بولغانلىقتىن ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلدى. ئىلىم ـ ھېكمەت ۋە تېبابەت قاتارلىق ئەقلىي ئىلىم كىتابلىرىنىڭ يۇنانچە ۋە سۈريانچە تىللاردىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشىغا ناھايىتى زور تۆھپە قوشتى. قۇستەنتىنىيە (ھازىرقى ئىستانبۇل) دىن مەخسۇس شەكىلدە يۇنانچە كىتابلارنى ئەكەلدۈرۈپ، ئۇلارنى تەرجىمە قىلدىغان تەرجىمانلارنى ھازىرلاپ، ئۇلارغا تەرجىمە قىلىنغان كىتابلارنىڭ ۋەزنى بويىچە ئالتۇن بېرىپ، ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلدۇردى. پەن ـ تەتقىقات، ئىلمي مۇزاكىرە مەجلىسلىرىنى قۇرۇپ، ئۆزىمۇ ئۇ مەجلىسلەرگە قاتنىشاتتى. ھەر خىل تىلدا يېزىلغان كىتابلارنى تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن، ھەر بىر تىلغا شۇ تىلنى پۇختا بىلىدىغان تەرجىمانلارنى تەيىن قىلدى. مەنسۇر، ھارۇن رەشىد ۋە مەمۇنلاردىن باشقا، كېيىنكى خەلىپىلەرنىڭ زامانىدا يۇنان تىلىدىن ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىدىغان مەشھۇر تەرجىمانلاردىن بىرى بەترىق بولۇپ، ئۇ كىشى مەنسۇرنىڭ زامانىدا ياشىغان خىرىستىئان تېۋىپ ئىدى. ئۇ مەنسۇرنىڭ ئەمرى بىلەن تېبابەتكە دائىر بىرقانچە كىتابنى خۇسۇسەن جالىنوسنىڭ تېبابەت كىتابلىرىنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئوغلى يەھيامۇ تەرجىمانلاردىن بىرى ئىدى. يەنە بىرى ھەججاج ئىبنى مەتار بولۇپ، ئۇمۇ يۇنان ۋە سۈريانى تىلىدىن ئەرەب تىلىغا كۆپلىگەن تېبابەت ۋە ھېكمەت كىتابلىرىنى تەرجىمە قىلغان ئىدى. ئۇ مەمۇن زامانىدا ئەقلىدۇسنىڭ كىتابنى تەرجىمە قىلغان ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ تەرجىمىسى سابىت ئىبنى قۇررە تەرىپىدىن تۈزىتىلدى.

www.islamyoli.net

مەشهۇر تەرجىمانلاردىن يەنە سالامۇلئەبرەش، ئابدۇلمەسىھ ئىبنى نائىمە، هۇسەيىن ئىبنى بەترىق، هىلال ئىبنى ئەبى هىلال ئەلهىمسى، ئەبۇلپەرەھ ئىبراھىم، يەھيا ئىبنى ئەدى قاتارلىقلار بار. يەنە ئىيسا ئىبنى نۇھ هۇنەيىن ئىبنى ئىسھاق، قەستان ئىبنى نوقا، ئىبنى راستىيە، سابىت ئىبنى قۇررە، ئابدۇللاھ ئىبنى مۇقەپپا، ھەسەن ئىبنى سەھلى قاتارلىقلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار كۆپىنچە يۇنان ۋە سۇريانى تىللىرىدىن ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلاتتى. بەزىلىرى پارسچىدىنمۇ تەرجىمە قىلاتتى. ئەمما ھىندى تىلىدىن تەرجىمە قىلىدىغان كىشى مىسكەتۇلھىندى دېگەن كىشى ئىدى. ئۇ كىشى مەشهۇر ھىندى تېۋىپلىرىدىن بىرى بولۇپ، ھارۇن رەشىد زامانىدا باغداتقا كەلگەن ئىدى. ئۇ ھارۇن رەشىدنىڭ ئەمرى بىلەن ھىندى تېۋىپلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى شاناپىنىڭ كىتابلىرىنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھىندى كىتابلىرىنى پارسچىغا تەرجىمە قىلغان ئىدى. كېيىن باشقا تەرجىمانلار بۇ كىتابلارنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلدى. نەبەتى تىلىدىن تەرجىمە قىلىدىغان كىشى ئەبۇ بەكرى ئەھمەد ئىبنى ئەلى ئىدى. ياقۇپ ئىبنى ئىسھاق ئەلكىندىمۇ مەشهۇر تەرجىمانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئىلىم - مەرىپەت گۈلشەنى ئىسلام خەلىپىلىرىنىڭ ئېھسان بۇلۇتلىرىدىن ياغقان يامغۇر بىلەن باغداتتا پورەكلەپ ئېچىلغاندەك، ئەندەلۇس (ھازىرقى ئىسپانىيە) مۇ ئىلىم - ھېكمەت مەجلىسلىرىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇغان ئىدى.

ھىجرىيىنىڭ 300 - يىلى 22 يېشىدا ئەندەلۇس تەختىگە ئولتۇرۇپ، ئەللىك يىل ھۆكۈم سۈرگەندىن كېيىن، 350 - يىلى ۋاپات بولغان ئابدۇراھمانIII مۇ ئىلىم ئەرباپلىرىدىن بولۇپ، ئۆلىمالارنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ زامانىدا ئەندەلۇستا ئىلىم - مەرىپەت نۇرى چاقنىغان ئىدى. ئۇنىڭ پايتەختى ۋە ئوردىلىرى ئىلىم - مەرىپەت مەركىزى بولغان ئىدى. ئۇمۇ مەنسۇرغا ئوخشاش مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلارنى تەييارلاپ، ياشلارنى ئوقۇتقان ۋە تەرجىمانلارنى توپلاپ، نۇرغۇن كىتابلارنى تەرجىمە قىلدۇرغان ئىدى. ئەرەبلەر مانا شۇ چاغدا تەرجىمە قىلىنغان كىتابلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىھادلىرىنىڭ مېۋىسى ئارقىلىق ئىلىم - پەنگە ۋە يۇقىرى تەرەققىياتقا ئېرىشكەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىن كاتتا پەيلاسوپلار، كامالەتكە يەتكەن ئالىملار ۋۇجۇدقا كەلدى. ئۇلارنىڭ نام - شۆھرەتلىرى ياۋروپا ئالىملىرى ئارىسىدا تارقىلىپ، ياۋروپالىقلار ئۇلارنى ھازىرغىچە ئۇستاز دەپ تىلغا ئېلىشىدۇ.

ئۇلارنىڭ بىرى ياقۇپ ئىبنى ئىسھاق ئەلكىندى بولۇپ، ئۇ ھېساب، ئىنژېنېرلىق، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، لوگىكا، پەلسەپە، مېدىتسىنا، مۇزىكا ۋە باشقا پەنلەردە ناھايىتى زور ئىمتىيازغا ئېرىشكەن ئىدى. ئۇ يۇنان كىتابلىرىدىن بىر نەچچىسىنى ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلدى. ئۇنىڭ ئىلىم - پەنگە دائىر ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق كىتابى بارلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇ كىشى خرىستىئانلار ئارىسىدا «پەيلاسوپ» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان ئىدى. ئەبۇ نەسر مۇھەممەد ئىبنى تارخان ئەلفارابى ئىسلام پەيلاسوپلىرىنىڭ ئەڭ مەشهۇرلىرىدىندۇر. خرىستىئانلار فارابىنى «ئەلپارابوس» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ كىشىنىڭ ھەر ساھەدىكى ئىلىم - پەنلەر ھەققىدە يازغان كىتابلىرى بولۇپ، ئۇ مۇزىكىلار ئىچىدىكى «قالۇن» دەپ ئاتىلىدىغان ئالەتنى كەشىپ قىلغان ئىدى. ئۇ ئەينى زامانىدا ئىسلام مەملىكەتلىرىدە ئىشلىتىلىدىغان تىللارنىڭ كۆپلىرىنى بىلەتتى.

ئەلى ئىبنى سىنامۇ پۈتۈن دۇنيادا ھۆرمەت بىلەن نامى زىكىر قىلىنىدىغان مەشهۇر پەيلاسوپلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ ھەر زامان ئېتىبارغا ئىگە كىتابلىرى بار. خۇسۇسەن، ئۇ يازغان تېبابەتچىلىككە ئائىت كىتاب دۇنياغا

مەشھۇردۇر. خرىستىئانلار ئۇ زاتنىمۇ «ئۇستاز» دەپ تىلغا ئېلىشىدۇ. بۇلاردىن كېيىن شىھابىددىن سۇھرىۋەردى، يەھيا ئىبنى ھەبەش قاتارلىق پەيلاسوپلار، ئەدىبلەر، شائىرلار ۋە تارىخشۇناسلار دۇنياغا كەلدى. مانا بۇلاردىن مەلۇم بولدىكى، مۇسۇلمانلار تارىخ بويىچە دۇنيانىڭ ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور خىزمەت قىلغان.

## ئىسلام دۇنياسىدا ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىي قىلىشى

شۇنى بىلىش كېرەككى، مۇسۇلمانلار بىرەر شەھەرنى پەتھى قىلسا ياكى بىرەر يېزىنى ئاۋات قىلسا، ئۇ يەرلەردە مەسجىد، مەدرىسە ۋە ئۇنىڭ يېنىغا كۇتۇپخانا ۋە قىرائەتخانىلارنى بىنا قىلاتتى. زامانىنىڭ تەقەززاسى بويىچە بۇ مەكتەپ ـ مەدرىسىلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ مەكتەپ ـ مەدرىسىلەردە ئوقۇلىدىغان ئىلىم ـ پەن كىتابلىرىنى يېڭىلاپ تۇراتتى. شۇنىڭدەك، ئىقتىدارلىق مۇئەللىم ۋە مۇدەررىسلەرنى تەيىنلەيتتى. ئۇ زاماندا مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپە ۋە پادىشاھلىرى، ئەمىر ۋە ۋەزىرلىرى ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ئىچىدىن چىققان بولۇپ، ئىلىم ـ پەندىن خەۋەردار كىشىلەر ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىلىم ئەھلىنى باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق كۆرەتتى. ئالىملاردىن ئىمتىھان ئېلىپ تۇراتتى. ئىلىم ۋە ئۆلىمالارنىڭ شەنىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى. خەلىپە مەمۇننىڭ «جامىئۇلكەبىر» دېگەن كىتابنى يادلىغان كىشىگە يۈز تىللا، «جامىئۇسسەغىر» دېگەن كىتابنى يادلىغان كىشىگە ئەللىك تىللا، «مۇپەسسەل» دېگەن كىتابنى يادلىغان كىشىگە يۈز تىللا مۇكاپات بەرگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. مانا بۇلاردىن ئىسلام پادىشاھلىرىنىڭ ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر خىل ئىلىم ـ پەنلەرنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان مەكتەپ، مەدرىسىلەرنى بىنا قىلدۇرغان ئىدى. ئۇ مەكتەپ، مەدرىسىلەرگە ئىقتىدارلىق مۇئەللىم ۋە مۇدەررىسلەرنى تەيىن قىلىپ، دۇنيانىڭ ھەر يېرىدىن مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە پەن ـ مەدەنىيەت ئۆگەتكەن ئىدى. مەسىلەن: مىسىردىكى ئىسكەندەرىيە شەھىرى مۇسۇلمانلار قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، ئىسكەندەر ۋە بەتلىمىيوسلارنىڭ زامانىدىكىدىنمۇ بەكرەك ئىلىم ـ ھېكمەت مەركىزى بولغان ئىدى. بۇ يەردە يىگىرمىدىن ئارتۇق مەدرىسە بولۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ھەر تەرەپتىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇلار ناھايىتى ئىنتىزاملىق ۋە تەرتىپلىك ھالدا، ئىشەنچلىك زاتلارنىڭ ھەرخىل پەن ھەققىدە يازغان كىتابلىرىنى مۇتالىئە قىلاتتى. ھىجرىيىنىڭ ئىككىنچى ئەسىرلىرىدە بەسرە ۋە كۇپەدە، كېيىن باغداتتا ئىلىم مەجلىسلىرى قۇرۇلۇپ، ئۇ مەجلىسلەردە پارسچە ۋە يۇنانچە تىللاردا ئەنجۇمەنلەر ئېچىلاتتى. سىبۋەيھ ئەخپەش، خېلىل قاتارلىق تىلشۇناسلار مانا شۇ ئەنجۇمەننىڭ ئەزالىرىدىن ئىدى. ئەرەب تىلشۇناسلىرىنىڭ ئىچىدىكى بەسرىلىكلەر ۋە كۇپىلىقلار دەپ ئاتالغان كىشىلەرمۇ مانا بۇ ئەنجۇمەننىڭ ئەزالىرىدىن ئىدى.

ھىجرىيىنىڭ 289 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھەر يېرىدە مەدرىسىلەر ۋە ئەنجۇمەنلەر قۇرۇلۇشقا باشلىدى. بەسرە ۋە كۇپىلەردە قۇرۇلغان ئەنجۇمەنلەر بۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرى قۇرۇلغان ئىدى. ئۇ چاغلاردىكى مەدرىسە بىنا قىلىش بىزنىڭ ئالتە شەھەرنىڭ بايلىرىدەك تۆت تام سېلىپ، ئۈستىنى يېپىپ، ئۇنىڭغا ئۆزى ئىگە بولۇۋېلىپ، ئۆزى خالىغانچە كونترول قىلىشتىن ئىبارەت ئەمەس ئىدى، بەلكى ئۇ مەدرىسىنىڭ ھەممە

www.islamyoli.net

لازىملىقلىرىنى تەييار قىلىپ، ئىمكانقەدەر كېلەچەكنى كۆزلەپ، نۇرغۇنلىغان ۋەقپىلەرنى قويۇپ، ھەتتا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا قەدەر ئوقۇش پۇلى بېرىپ، كېرەكلىك شەرت - شارائىتلارنى ھازىرلاپ بېرەتتى. ئۇ مەكتەپ، مەدرىسلەرگە ئۇستازلارنى تەيىنلەش مەكتەپ قۇرغان بايلارنىڭ ئىختىيارىدا بولماستىن، بەلكى ئۇستازلار، تۇغرا - خاتانى ئايرىيالايدىغان پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ مەسلىھەتى ئارقىلىق تەيىن قىلىناتتى. مەسىلەن: مۇستەنسىر بىللاھ باغداتتا بىنا قىلغان مەدرىسىگە ھەر خىل ئىلىم - پەن كىتابلىرىنى ۋەقپە قىلىپ، مۇئەللىم ۋە مۇدەررىسلەرنى تەيىن قىلغان ئىدى ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىشلىق ۋە يازلىق كىيىم - كېچەكلىرىنى، ئەتىگەن - ئاخشامدا يەيدىغان يېمەكلىكلىرىنى تەييارلايدىغان مەخسۇس ئادەملەرنى تەيىن قىلغان ئىدى. بۇ مەدرىسە بىناسىنىڭ چوڭلۇقى، سۇلىرىنىڭ پاكىزلىقى، ھاۋاسىنىڭ ساپلىقى، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ناھايىتى راھەتتە ئوقۇيدىغانلىقى، يېمەك - ئىچمەكلىرىنىڭ كەڭتاشالىقى بىلەن مەشھۇر ئىدى. بۇ مەدرىسلەردە ئىنژېنېرلىق، ئاسترونومىيە، مېدىتسىنا، خىمىيە، بىئولوگىيە، لوگىكا ۋە باشقا نۇرغۇن پەنلەر ئوقۇلاتتى. ئوقۇغۇچىلار بۇ مەدرىسنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، كاتتا مەنسەپ ۋە ۋەزىپىلەرگە تەيىن قىلىناتتى. مانا بۇ سەۋەبتىن ئۇ زاماندا ئىسلام دۇنياسىدا ئىلىم - پەن راۋاجلىنىپ، ناھايىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئىدى. تىللار ۋە ھەر خىل پەنلەر تەتقىق قىلىنىپ، تەرتىپكە سېلىنغان، ئەدەبىيات ناھايىتى زور تەرەققىي قىلىپ، كامالەتكە يەتكەن ئىدى. ھەر خىل پەندە ۋە ھەر خىل ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن كىشىلەر بار ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا خرىستىئان دۇنياسى تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتاتتى. مىلادىنىڭ 1200 - يىلىدىن 1500 - يىلىغىچە ئىلىم - مەرىپەتتىن نېسىۋە ئېلىش ھەۋىسى خرىستىئان دۇنياسىدىمۇ تارقىلىشقا باشلىدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ئۇستاز قىلىپ، ئارىستۇ ۋە ئەپلاتونلارنىڭ پەلسەپىلىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ پەلسەپىلىرىنى مۇسۇلمانلار ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىش ئارقىلىق ناھايىتى پۇختا ئىگىلىگەن ئىدى.

## ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئەخلاق - پەزىلەتلىرى

ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرا بويلۇق، مۇبارەك يۈزى ئاق، نۇرلۇق، كۆزى يۇملاق، چوڭ، كۆز قارچۇقى تۇم قارا، ئېقى بىر ئاز قىزىلغا مايىل، ناھايىتى چىرايلىق، كېلىشكەن زات ئىدى. ئۇنىڭ قېشى ئۇزۇن، ئىنچىكە، ئىككى قېشىنىڭ ئارىسى ئوچۇق (بىر قېشى يەنە بىر قېشىغا تۇتاش ئەمەس)، بۇرنى ئۇزۇنراق بولۇپ، بۇرنىنىڭ ئوتتۇرىسى ئېگىز، ئۇچى تەرەپ ئازغىنا ئېگىلگەن، ناھايىتى يارىشىملىق ئىدى. ئاغزى يوغانراق، پېشانىسى كەڭ، كىرپىك، ساقاللىرى قويۇق، قاپقارا، مۇبارەك چىشلىرى ئاپئاق، بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان، گويا كى يىپقا تىزىلغان مەرۋايىتقا ئوخشايدىغان، غولى كەڭ، بەلكىلىرى ئۇزۇن، مۇبارەك بەدەنلىرىدە تۈك بولۇپ، بەدىنى تۈز زات ئىدى. كۆرۈنۈشكە ناھايىتى ھەيۋەتلىك بولۇپ، ئۇ يىڭىدىن كۆرگەن ئادەمگە ناھايىتى سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ئەمما، ئۇنىڭ سۆھبىتىگە قاتناشقان كىشىگە ناھايىتى مۇلايىم، يېقىملىق كۆرۈنەتتى. مۇبارەك چاچلىرىنى كۆپىنچە قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغىچە قوياتتى. ئۇنىڭدىن ئۇزىراپ كەتسە قىسقارتىۋالاتتى. ئۇ ئېھرامدىن چىققاندا چېچىنى پۈتۈنلەي ئالدۇرغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە چاچ - ساقاللىرىدا بىر ئاز ئاق كۆرۈنگەن ئىدى.

www.islamyoli.net

پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتى ساقالنى قويۇپ، بۇرۇتنى ئالدۇرۇش ئىدى. مۇسۇلمان بولغان كىشى ئۆزرىسىز ھالدا سۈننەتنى تاشلاپ، ساقاللىرىنى پۈتۈنلەي ئالدۇرۇپ، بۇرۇتلىرىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىپ، خرىستىئانلارغا ئوخشىۋالماسلىقى لازىم. ھەر ئىشتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ساھابىلىرىگە ۋە تابىئىنلارغا ئەگىشىش لازىم. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «ئۇ سىلەرگە ـ ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.» (ئەھزاب سۈرىسى 21 ـ ئايەت) دېگەن. بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن پەيغەمبەر قىلغان ئىشنىڭ بەزىسى گەرچە ئۇ ئىش ۋاجىپ بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلىكتە نۇرغۇن خاسىيەتنىڭ بارلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. «پەيغەمبەر سىلەرگە ئېلىپ كەلگەن ئىشنى چىڭ تۇتۇپ قىلىڭلار، ئۇ چەكلىگەن ئىشتىن قەتئىي يېنىڭلار.» دېگەن ئايەتنى تەپەككۇر قىلىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىپ، خرىستىئانلارنىڭ ئادەتلىرىدىن قەتئىي يېنىش لازىم.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ مىڭىشى ناھايىتى سالماق بولۇپ، ئەتراپقا كۆپ قارىماي، ئالدىغا قاراپ ماڭاتتى. ئۇ پاكىزلىققا پەۋقۇلئاددە كۆڭۈل بۆلۈپ، كىشىلەرنى پاكىزە بولۇشقا ئۈندەيتتى. تاھارەت ئالغاندا مىسۋاك ئىشلىتەتتى. شۇنداقلا، كىشىلەرگىمۇ مىسۋاك ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇ چاچلىرىنى ياغلاشنى ۋە تاراشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۆزىنى خۇشبۇي قىلىش ئۈچۈن، خۇشپۇراق نەرسىلەرنى كۆپ ئىشلىتەتتى. كېچىسى ياتقان چاغلىرىدا كۆزلىرىگە سۈرمە سۈرۈپ ياتاتتى. تىرناقلىرىنى پات ـ پات ئېلىپ تۇراتتى. كىشىلەرنى پاكىزە يۇرۇشكە، پات ـ پات يۇيۇنۇپ تۇرۇشقا، ھېچ بولمىغاندا ھەپتىدە بىر قېتىم بولسىمۇ غۇسلى قىلىشقا بۇيرۇيتتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتى ۋە تۇرمۇشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتى ئىنتايىن مەنىلىك، گەپ ـ سۆزى ناھايىتى يېقىملىق، چۈشىنىشلىك، پاساھەتلىك ۋە بالاغەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ سۆھبىتىدە ئورۇنسىز ئىش ـ ھەرىكەت ۋە سۆھبەتكە ئالاقىسىز سۆزلەر بولمايتتى. ئۇنىڭ يېنىدا يۇقىرى ئاۋازلىق سۆز ۋە تالاش ـ تارتىشلار بولمايتتى. ئۇ قاقاقلاپ كۈلمەستىن، تەبەسسۇم بىلەن بولدى قىلاتتى. ئۇ زات سۆز قىلغاندا ساھابە كىراملار ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ جىم تۇرۇشاتتى. ئۇلار خۇددى باشلىرىغا بىر نەرسە ئارتىپ قويغاندەك، باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۇ زاتنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالاتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ناھايىتى ئوچۇق، دانىمۇ دانە بولۇپ، مۇبارەك ئېغىزىدىن چىققان سۆزلەرنى تېرىۋېلىش مۇمكىن ئىدى.

ئۇ زاتنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى ئىنتايىن ياخشى بولۇپ، ھېچكىمنى قورقۇتمايتتى ۋە ئۈركۈتمەيتتى. بەلكى ھەرقانداق كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. بىركىم سۆز قىلسا ئۇنىڭ سۆزى تۈگىگىچە ئاڭلاپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا ھەمسۆھبەت بولغان كىشى سورۇندىن كەتمىگۈچە ئۇ ئۇلارنى تاشلاپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەن كىشى قولىنى تارتمىغۇچە ئۇ قولىنى تارتمايتتى. ئۇ پايدىسىز قۇرۇق سۆزلەرنى قىلىپ يۈرمەيتتى. ھېچنەرسىنى ئارتۇقچە ماختاپ كەتمەيتتى. ھېچبىر ئىنساننى، ھەتتا ھېچبىر نەرسە ـ كېرەكنى ئەيىبلىمەيتتى. كۈلۈشكە توغرا كەلسە تەبەسسۇم بىلەن كۈلەتتى. بىرەر ئورۇندا دۇنياغا ئالاقىدار سۆز بولۇۋاتقان بولسا، بۇ سۆزگە ئالاقىسىز سۆزنى سۆزلەپ ئولتۇرمايتتى. ئاخىرەتكە ئالاقىدار سۆز بولۇۋاتقان بولسا،

www.islamyoli.net

ئاخىرەتكە ئاللاقىدار سۆزنى قىلاتتى. بىر يەرگە دەۋەت قىلىنغان بولسا، دەۋەت قىلىنغان يەرگە باراتتى. بىرەر نەرسە ھەدىيە قىلىنغان بولسا، قايتۇرماي قوبۇل قىلاتتى. ساھابە كىراملار بىلەن بەزىدە چاقچاقمۇ قىلىشاتتى، لېكىن راست سۆز بىلەن چاقچاق قىلاتتى. بەزىدە ساھابە كىراملارنىڭ بالىلىرىنى ئەركىلىتىپ قۇچىقىغا ئېلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئالاتتى. كېسەللەرنى يوقلايتتى. ھەتتا ئۇ تونۇش كىشىنىڭلا ئەمەس، بەلكى تونۇمىغان كىشىلەرنىڭمۇ كېسىلىنى كۆرەتتى. مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ئۇ زاتنىڭ خىزمىتىنى قىلغان بىر يەھۇدىينىڭ كېسىلىنى كۆرگەنلىكى بۇخارىدا رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئۇ ئالدىغا ئۇچرىغان كىشىگە ئىمكانقەدەر ئۇ كىشىدىن ئىلگىرى سالام بېرىشكە تىرىشاتتى ھەمدە ئۆزى باشتا قول ئۇزىتاتتى. ئالدىغا كەلگەن مېھمانىنى لايىقىدا ھۆرمەت قىلاتتى. ئۇلارغا ئۆز رىداسىنى سېلىپ، ئۈستىدە ئولتۇرغۇزاتتى. بەزىدە ئۆزى ئولتۇرىدىغان ئورنىنى مېھمانغا بوشىتىپ بېرىپ، ئۆزى داق يەردە ئولتۇراتتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇيقۇسى ھەققىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇيقۇسى ئاز ئىدى. ئۇ زات كېچىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىدا ئۇخلاپ، قالغان ئىككى قىسمىدا پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ياتىدىغان كۆرپىسى ۋە ياستۇقى تېرىدىن تىكىلگەن بولۇپ، ئىچى خورما قوۋزىقىدىن چىقىرىلغان كەناپكە ئوخشايدىغان نەرسىلەر بىلەن تولدۇرۇلغان ئىدى. تېگىگە سېلىپ يېتىش ئۈچۈن ئىككى قاتلاپ سالىدىغان بىر پالىزى بار ئىدى. بىر كۈنى ئاياللىرىدىن بىرى ئۇ پالازنى تۆت قاتلاپ سېلىپ قويغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتىسى پالازنى تۆت قاتلاپ سېلىشتىن توسۇپ، ئۇنىڭ كېچىلىرى قىلىدىغان ئىبادىتىگە نۇقسان يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ئۇ كۆپىنچە كۆرپە ئۈستىدە ئەمەس، بورا ئۈستىدە ياتاتتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىنىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىيىم ـ كېچەك كىيىشتە بىر خىللا ئەمەس، خىلمۇ خىل كىيىملەرنى كىيەتتى. ئۇ زاتنىڭ كۆڭلىكى يەمەندە توقۇلغان ھىرە دېگەن رەختتىن تىكىلگەن ئىدى. ئۇ زات بۇ رەختنى ياخشى كۆرەتتى. «ھىرە» يوللۇق، ئالا رەخت دېمەكتۇر. ئۇ «بۇررە دەيمان» مۇ دېيىلىدۇ. سەللىسىنى دوپپىنىڭ ئۈستىگە، بەزىدە دوپپىسىز بېشىغىلا ئورايتتى. كۆپىنچە چاغلاردا سەللىسىنىڭ بىر ئۇچى دۈمبىسىگىچە چۈشۈپ تۇراتتى. بەزى چاغلاردا سەللىسىنىڭ ئۇچى بولمايتتى. كۆپىنچە سەللىسىنىڭ رەڭگى قارا ئىدى. ئۇ ئاق رەڭلىك كىيىم ـ كېچەكلەرنى ياخشى كۆرەتتى ھەمدە كىشىلەرنىمۇ ئاق رەڭلىك رەختتىن كىيىم كىيىشكە قىزىقتۇراتتى. ئۇ ئۆلۈكلەرنى ئاق رەختلەر بىلەن كېپەنلەشكە بۇيرۇيتتى. قىزىل رەڭنى ياقتۇرمايتتى. كىيىم ـ كېچەكنىڭ كەڭ تارلىقىغا ئانچە دىققەت قىلىپ كەتمەيتتى. ئۇنى تىككەن كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىپ ئولتۇرمايتتى. ئۇ زاتنىڭ رۇمدا توقۇلغان ۋە ئۇ يەردىن كەلگەن تار توننى كىيگەنلىكى، شۇنداقلا رۇمنىڭ ھاكىمى تەرىپىدىن ھەدىيە قىلىنغان تونىنى كىيگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. پۈتنغا ئۆتۈك، بەزىدە بەتىنكىگە

www.islamyoli.net

ئوخشايدىغان، ئالدى ئوچۇق، تاسما بىلەن باغلىنىدىغان بىر خىل ئاياغنى كىيەتتى. لېكىن، سەپەرلەردە كۆپرەك ئۆتۈك كىيەتتى. ئۇ زاتنىڭ «مۇھەممەد» دەپ يېزىلغان، كۈمۈشتىن ياسالغان بىر ئۈزۈكى بار ئىدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرى ھەققىدە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرى پەقەت بىرلا خىل تائامدىن ئىبارەت ئەمەس ئىدى، بەلكى ئالدىغا كەلگەن تائامنى ئۇنداقكەن، بۇنداقكەن دېمەي، ئاددىي تائام بولسۇن ياكى ئېسىل تائام بولسۇن ئايرىماستىن يەيتتى. بارغا قانائەت قىلىپ، يوققا كايىمايتتى. بىرەر سورۇندا ئالدىغا كەلتۈرۈلگەن تائاملانى خاھلىسا يەيتتى، خاھلىمىسا يېمەيتتى. ئەمما، تائامنى ئەيىبلىمەيتتى. باشقىلارغا «تەبىئىتىڭلارغا ياقسا يەڭلار، ماڭا قارىماڭلار» دەيتتى. ئۇ پىشۇرۇلغان كاۋىنى ياقتۇراتتى. ھەسەل، سۈتكە ئوخشاش نەرسىلەرنى ياخشى كۆرەتتى.

ئۇ زاتنىڭ كۆپىنچە تامىقى سۇ بىلەن خورما ئىدى. بەزىدە ئۆيلىرىدە ئىككى ـ ئۈچ ئاي قازان ئېسىلمايتتى. خورما، سۇ ۋە سۈت قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن تىرىكچىلىك قىلاتتى. تاماق يېگەندە تويغىچە يېمەيتتى. تاماقنى يەردە ئولتۇرۇپ يەيتتى. شىرە ۋە ئورۇندۇق قويۇپ يۇرمەيتتى. ئۇ زات تاماق يېگەندە ئۈچ بارمىقى بىلەن يەيتتى. غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، مۇبارەك بارماقلىرىدا قالغان تائام يۇقلىرىنى پاكىزلاپ يەيتتى. تاماقنى ئۈچ بارماق بىلەن يېيىش ئىقتىسادچىللىق بولىدۇ. چۈنكى ئۇ زامانلاردىكى ئادەملەرنىڭ بەزىسى چوڭچىلىق قىلىپ، بىر بارمىقى بىلەن تاماق يېسە، بەزىسى ئاچكۆزلۈك قىلىپ، بەش بارمىقى بىلەن يەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېمەيتتى (يەنى بىر نەرسىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ياكى چازا قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ياكى بىر قولى بىلەن تايىنىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېمەيتتى). مەزكۇر ئۈچ ھالەتتە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىش گەرچە جائىز بولسىمۇ، ئەمما ئەدەپ يۈزىسىدىن توغرا ئەمەس.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاماق يېيىشتىن بۇرۇن «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دەپ، يەپ بولغاندىن كېيىن «ئەلھەمدۇ لىللاھ» دەيتتى. قوللىرىنى سۈرتۈشكە مەخسۇس لۆڭگە تۇتمايتتى. تاماقتىن بۇرۇن ۋە كېيىن قولىنى يۇياتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۇ ئىچكەندە ئولتۇرۇپ ئىچەتتى. ئۇنىڭ بىر قېتىم ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىشى ئولتۇرۇپ  ئىچكۈدەك يەر بولمىغانلىقىدىن ئىدى دېيىلىدۇ. ياكى ئۇ زاتنىڭ ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچكەنلىكى، ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچىشنى توسقانلىقى بىلەن مەنسۇخ بولغان دېيىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئۆزرە بىلەن ئۆرە تۇرۇپ سۇ ئىچكەنلىكى كۈچلۈكتۇر.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مال ـ دۇنياغا بولغان كۆز قارىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مال ـ دۇنياغا نەزەر كۆزىنى سالمايتتى ۋە مال ـ دۇنياغا ئامراق ئەمەس ئىدى. قولىغا پۇل ـ مال كىرسە، ئۇنى دەرھال باشقىلارغا تارقىتىپ بېرەتتى. ئۇ زاتنىڭ دۇنياغا نەقەدەر قىزىقمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلىش ئۈچۈن، ئۇ زات ۋاپاتىدىن كېيىن قويۇپ كەتكەن نەرسىلەرگە قارايدىغان بولساق، بىر قېچىر،

www.islamyoli.net

ئۈرۈش قورالللىرى ھەمدە بىر يەھۇدىيدا گۆرۈگە قويۇلغان بىر تۆمۈر كىيىمدىن ئىبارەتتۇر. ئۇ زاتنىڭ بۇلاردىن باشقا نەرسىسىنىڭ بولمىغانلىقى ئۇنىڭ مال ـ دۇنياغا ھېرىس ئەمەسلىكىگە يېتەرلىك دەلىلدۇر. ھالبۇكى، ئۇ غەنىمەت ئېلىنغان مال ـ مۈلۈكتىن ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغانلىرىنى ۋە تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن ھەدىيلەرنى توپلاپ، بۇ مال ـ مۈلۈكلەر بىلەن باياشات ياشاپ، ئۆزىدىن كېيىن كۆپلىگەن مال ـ مۈلۈكلەرنى قالدۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ھەتتا بەنى نەزىر يەھۇدىيلىرىنىڭ يەرلىرى غازىلارغا تەقسىم قىلىنماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ زاتنىڭ خاس مۈلكى ئىدى. ئۇ زات ھايات چېغىدا ئۇ يەرلەردىن پايدىلىناتتى. ئۆز ئېھتىياجىدىن ئېشىپ قالغانلىرىنى ھۆكۈمەت مەنپەئەتى ئۈچۈن سەرپ قىلاتتى ۋە پېقىر، مىسكىنلەرگە تارقىتىپ بېرەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ زاتنىڭ پەدەك ۋە خەيبەردىن كەلگەن غەنىمەتلەردىن تەقسىم قىلىنغان نۇرغۇن مال ـ مۈلكى بار ئىدى. لېكىن: «بىز پەيغەمبەرلەر مىراس قالدۇرمايمىز، بىز قويۇپ كەتكەن نەرسىلەر سەدىقە» دېگەن ھەدىسقا ئاساسەن مەزكۇر يەرلەر ۋارىسلىرىغا تەقسىم قىلىنمىدى. ئۇ زات ئەسلا دۇنياغا قىزىقمايتتى. ھېچقانداق مال ـ مۈلۈك توپلىمىغان ئىدى. قانچە كۆپ مال ـ مۈلۈك قولىغا كىرگەن چاغدىمۇ، كېچىكتۈرمەستىن ئېھتىياجلىق كىشىلەرگە تارقىتىپ بەرگەن ئىدى.

ھەزرىتى ئائىشە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈچ كۈن ئارقىمۇ ئارقا تويغۇدەك نان يېمىگەنلىكىنى، ئۆزىدىن كېيىن ئالتۇن ـ كۈمۈش ياكى تۆگە، قوي قاتارلىق نەرسە كېرەكلەرنى قالدۇرمىغانلىقىنى، ۋاپات بولغاندا «مېنىڭ ئۆيۈمدە يېگىرمە ئىككى سەر ئارپىدىن باشقا بىر نەرسە يوق» دېگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. ھەزرىتى ئائىشە يەنە مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تويغۇچە بىر نەرسە يېمەيتتى. ئەگەر يېگۈدەك بىر نەرسە بولمىسا، ھېچكىمگە ھال ئېيتمايتتى. كېچىسى ئاچلىقتىن ئىچى كۆيۈپ تۇرسىمۇ، ئەتىسى يەنە روزا تۇتاتتى. ئۇ زاتنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، ئىچىم ئاغرىپ يىغلايتتىم ۋە ئۇ زاتنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنى بۇ قەدەر قىينايدىغانلىقىنى سورايتتىم. ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بېرەتتى: ‹ئى ئائىشە! دۇنيانىڭ ماڭا نېمە كېرىكى بار؟ مېنىڭ پەيغەمبەر قېرىنداشلىرىم بۇنىڭدىنمۇ بەكرەك ئاچلىققا سەبىر قىلغان. شۇڭا ئۇلار جانابى ئاللاھنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن. مەن ئەگەر دۇنيادا كەڭتاشا يەپ ـ ئىچىشنى تاللىسام، دەرىجەم ئۇلارنىڭكىدىن تۆۋەن بولۇپ قېلىشىدىن قورقىمەن. ھالبۇكى، ماڭا ئۇ پەيغەمبەر قېرىنداشلىرىمغا يېتىشىش ۋە ئۇلارغا ھەمرا بولۇشتىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈنىدىغان نەرسە يوق› دەيتتى.» شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەججەتۇلۋىدادا يۈز تۆگە قۇربانلىق قىلغانلىقى، ئەمما ئۆزى مىنگەن تۆگىنىڭ ئۈستىگە سالغان نەرسىسى تۆت تەڭگىگە يارىمايدىغانلىقى، ئۇ زاتنىڭ مال ـ دۇنيادىن نەقەدەر يىراق تۇرۇۋالغانلىقىنى روشەن كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىدىن رازى بولماي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزلىرىنىڭ ئىككى دۇنيا رەھبىرى، كائىناتنىڭ پەخرى بولغان پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭمۇ باشقا كاتتا ئەربابلارنىڭ ئاياللىرىدەك چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ، ئېسىل كىيىملەرنى كىيىپ يۈرۈشلىرى لازىملىقى توغرۇلۇق سۆز قىلىشىپ، ئۇ زاتنى خاپا قىلغاندا، ئۇ زات ئۇلارغا بىر ئاي يېقىن كەلمىگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەگەر ئۇلار ئىلگىرىكى ھالىغا رازى بولۇپ، ئاخىرەتنى تاللىمايدىغان بولسا،

www.islamyoli.net

ھەممىسىنىڭ سۆزىنى ئېلىش ئىختىيارىنى بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئاخىرەتنى تاللاپ، ئىلگىرىكى تۇرمۇشىغا رازى بولۇشقان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى تىرىشچانلىق قىلىشقا تەشۋىق قىلاتتى. ھالال كۈچ بىلەن پۇل ـ مال تېپىشقا، ھۈنەر ـ كەسىپ ۋە تىجارەت قىلىشقا ئۈندەپ، ھورۇنلۇقتىن، بىكار تەلەپلىكتىن توساتتى. ھورۇنلۇقنىڭ مۆئىسىنىڭ ئاقىۋەتتە ئاچچىق بولىدىغانلىقىنى، پېقىرلىقنىڭ ھەر تۈرلۈك بالا ـ قازالارغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا سەدىقە قىلماقچى بولغان كىشىلەرنىڭ بالا ـ چاقىلىرى بارمۇ، يوقمۇ، بولسا، ئۇلارغا نەپىقە قىلىدىغان مال ـ مۈلكى بارمۇ، يوقمۇ؟ بۇلارنى سۈرۈشتە قىلىپ، ئاۋۋال خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ ھاجەتلىرىنى ئادا قىلىشقا، ئېشىپ قالسا، ئاندىن باشقىلارغا ياردەم قىلىشقا بۇيرۇيتتى. پۈتۈن مال ـ مۈلكىمىزنى سەدىقە قىلىمىز دەپ كەلگەن كىشىلەرگە «ماللىرىڭنىڭ ھەممىسىنى (سەدىقە قىلىشقا) ۋەسىيەت قىلما، ئۈچتىن بىرىنى ۋەسىيەت قىلساڭ بولىدۇ. بۇمۇ كۆپلۈك قىلىدۇ. سەندىن كېيىن خوتۇن ـ بالىلىرىڭ باشقىلاردىن تىلەيدىغان ھالغا كېلىپ قالمىسۇن» دەيتتى. خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەڭتاشا تۇرمۇشتا ياشاشنى خالىماي، ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇشتا ھايات كەچۈرۈشنى ئىختىيار قىلىشى، باي بولۇشنىڭ، ياكى مال ـ مۈلۈك ئىگىسى بولۇشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىدىن ئەمەس ئىدى، بەلكى باشقا پېقىر ۋە مىسكىن كىشىلەرگە تەسەللى بولسۇن ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۇ زاتنىڭ دۇنيانىڭ ماللىرىغا ئارتۇقچە كۆز سالمىغانلىقىدىن ئىدى. چۈنكى ئۇ زات ئۆز ئۈممەتلىرىنىڭ باي بولۇپ، باشقىلارغا ئېھسان قىلالايدىغان بولۇشىنى ياخشى كۆرەتتى. باشقىلارغا تايىنىپ ياشاشنى، دائىم باشقىلارنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ، مىسكىن بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتى. شۇڭا ئۇ زات بىر سۆزىدە: «ئۈستۈنكى قول ئاستىنقى قولدىن ياخشى» دېيىش ئارقىلىق كىشىلەرنى سەدىقە قىلىشقا ۋە سەدىقە قىلىش ئۈچۈن پۇل ـ مال تېپىشقا ئۈندىگەن ئىدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەپقەت ۋە مەرھەمىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھرى ـ شەپقىتى ۋە مەرھەمىتى ھەددىدىن زىيادە بولۇپ، ھەرقانداق كىشىگە قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىشنى خالايتتى. ئۇ دائىم ئۆمۈمىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن تىرىشاتتى. ئىمكانىيىتىنىڭ بېرىچە كىشىلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىشقا ئۇرۇناتتى، ئامىمىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىپ تۇراتتى. كىشىلەرگە ھەر ئىشتا ئاسانلىق بولۇشنى ئۈيلايتتى. ھەتتا ناماز ئوقۇۋاتقاندا كىچىك بالىلارنىڭ يىغلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالسا، يىغلاۋاتقان بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ بىتاقەت بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، نامازنى قىسقا سۈرىلەر بىلەن تاماملايتتى. بىر كىشى ساھابە كىراملارنىڭ بىرىنىڭ ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇغاندا نامازنى بەك ئۇزۇن ئوقۇيدىغانلىقىدىن شىكايەت قىلىپ كەلگەندە، بۇنداق قىلىشتىن قاتتىق چەكلەپ، دەرھال خۇتبىگە چىقىپ: «سىلەر كىشىلەرنى ئىسلامدىن، ئىبادەتتىن نەپرەتلەندۈرۈپ قويۇۋاتىسىلەر» دەپ، جامائەتكە ئىمام بولغاندا نامازنى ئۇزۇن ئوقۇماسلىقنى تەكىتلىگەنلىكى ھەدىس كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئۆز ساھابە كىراملارنى ھەر نەرسە ھەققىدە «بۇ نېمە ئۈچۈن بۇنداق بولىدى؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۇنداق بولمىدى؟» دېگەندەك سوئاللارنى سورىماسلىققا، بىر ئىشنى تولا سۈرۈشتە قىلماسلىققا بۇيرۇيتتى. ھەرقانداق ئىشنى

www.islamyoli.net

چىقتىپ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇپ كىرىپ كېتىشتىن توسۇپ: «ئەگەر سىلەر بىر ئىشنى تەسلەشتۈرۈۋالساڭلار ئاللاھ تائالا سىلەرگە سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى يۈكلەپ قويىدۇ. سىلەردىن ئىلگىرىكى كىشىلەر ئۆز پەيغەمبەرلىرىدىن كۆپ سوئاللارنى سوراپ، ئۆزلىرىگە ئېغىر يۈكنى يۈكلىۋالغان ئىدى» دەيتتى. ھەججەتۇلۋىدادا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ھەجنىڭ بەزى پائالىيەتلىرىنى ئادا قىلالمىغانلىقىنى ئېيتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە «ھېچقىسى يوق» دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقىلارغا بولغان مېھرى ـ شەپقىتى ۋە مەرھەمىتىنى بايان قىلىش ئۈچۈن ئاللاھىدە يەنە بىر نەچچە كىتاب يېزىشقا توغرا كېلىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ (ئى ئىنسانلار!) شۈبھىسىزكى، سىلەرگە ئۆزئارا ئاراڭلاردىن پەيغەمبەر كەلدى. سىلەرنىڭ كۈلپەت چېكىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلىدۇ؛ ئۇ سىلەرنىڭ (ھىدايەت تېپىشىڭلارغا) ھېرىستۇر، مۆمىنلەرگە ئامراقتۇر، ناھايىتى كۆيۈمچاندۇر» (تەۋبە سۈرىسى 128 ـ ئايەت) دېگەندەك ئايەتلىرى بۇ سۆزلىرىمىزنىڭ  روشەن دەلىلىدۇر.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىكى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەمتەرلىكىنى ماختىغۇچىلار ھەر قانچە مۇبالىغە قىلىپ ماختىسىمۇ، يەنىلا يېتەرسىز. ئۇ زاتنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەسلا كىبىر ۋە غۇرۇر دېگەن نەرسە يوق ئىدى. ئۇ زات شۇ قەدەر يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە بولسىمۇ، يەنىلا ھەممە ئادەمدىن بەكرەك كەمتەر ئىدى. مىسكىنلەر بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ قوپاتتى. ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۆرەتتى. ئەگەر بىرەر قۇل دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلاتتى. ياشنىپ قالغان ئاجىز كىشىلەرنىڭ بىرەر ھاجىتى بولسا، ئۇ ھەقتە قاتتىق باش قاتۇراتتى. بىرەر سورۇندا قايسى ئورۇن بوش بولسا شۇ ئورۇندا ئولتۇراتتى. ساھابە كىراملارنى ئۆزى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرماسلىققا بۇيرۇيتتى. بەزىدە تۆگىگە، بەزىدە ئېشەككە مىنەتتى. بەزىدە ئارقىسىغا بالىلارنى مىنگەشتۈرۈۋالاتتى. ئۇرۇشقا چىققاندا مىنىشكە ئات ياكى تۆگە يېتىشمىگەندە باشقىلارغا ئوخشاشلا نۆۋەتلىشىپ مىنەتتى. بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇ يەردە پاراڭلىشىپ ئولتۇرغان بىر نەچچە كىشى ئۇنى كۆرۈپ، دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەر بىر ـ بىرىڭلارغا تەزىم قىلىپ،  ئورنۇڭلاردىن تۇرماڭلار، مەنمۇ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئادەم، سىلەرگە ئوخشاش يەيمەن، ئىچىمەن، تۇرىمەن، ئولتۇرىمەن» دېگەن ئىدى. ئۇ ساھابىلىرىغا دائىم: «سىلەر مېنى باشقا ئۈممەتلەر ئۆز پەيغەمبەرلىرىنى كۆككە كۆتۈرگەندەك كۆككە كۆتۈرمەڭلار، مېنى ‹ئابدۇللاھ› ياكى ‹رەسۇلۇللاھ› دەڭلار» دەيتتى. ھەزرىتى ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دەيدۇ: «بىر قېتىم بازارغا بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كىيىم ئالغان ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالغان كىيىملىككە ئۆز باھاسىدىن ئارتۇقراق پۇل بەردى. كىيىم ساتقۇچى كىشى خۇشاللىقىدىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك قوللىرىنى سۆيگىلى ئۇرۇنغاندا، ئۇ زات قولىنى دەرھال تارتىۋېلىپ: ‹نېمە ئۈچۈن مېنىڭ قولۇمنى سۆيىسەن؟ بۇ مەجۇسىلارنىڭ ئىشى. ئۇلار ئۆز پادىشاھلىرىنىڭ قوللىرىنى سۆيىدۇ. مەن بولسام پادىشاھ ئەمەس، ساڭا ئوخشاش بىر ئادەممەن› دېدى. ئالغان كىيىمنى مەن كۆتۈرمەكچى بولغان ئىدىم. ئۇنى ماڭا بەرمەي ‹ھەر كىمنىڭ ئۆز نەرسىسىنى ئۆزى كۆتۈرگىنى ياخشى› دېدى.»

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ كۆز ئىشارىتىگە قاراپ تۇرىدىغان بىرنەچچە كىشى ۋە قۇللار تۇرۇپ، ئۇ زات ئائىلىسىنىڭ پۈتۈن ئىشلىرىنى ئۆزى قىلاتتى. ئۇلارغا ئۆزى يەم ـ خەشەك بېرەتتى، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئۆزى ياماپ كىيەتتى. مېهمانلارغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنى ئۆزى كۈتۈۋالاتتى. بىر قېتىم مېهمانلارغا ئۆزى خىزمەت قىلماقچى بولغاندا ساھابىلەردىن بەزىلىرى «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىلە ئولتۇرسىلا، خىزمەتنى بىز قىلايلى» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇلارغا: «ئۇلار مېنىڭ ساھابىلىرىمنى ھۆرمەت قىلغان كىشىلەر، شۇڭا ئۇلارغا ئۆزۈم خىزمەت قىلاي دەيمەن» دېگەن ئىدى. ئۇ زات بەزىدە ئات ۋە تۆگە چاپتۇرۇش مۇسابىقىسىگە قاتنىشاتتى. ئۇ زاتنىڭ «قۇسۋا» دېگەن تۆگىسىنىڭ مۇسابىقىدە بىر نەچچە قېتىم بىرىنچى چىققانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ زاتنىڭ كەمتەرلىكىدىندۇر. مەككە پەتھى بولۇپ، مەككىگە كىرگەندە، كەمتەرلىكىدىن مۇبارەك بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالەتتە كىرگەن ئىدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ سەۋرچانلىقى، مۇلايىملىقى ۋە ئەپۇچانلىقى ھەققىدە

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئاجايىپ گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئىگە زات ئىدى. بۇ سۆزىمىزگە قۇرئان كەرىمنىڭ «(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن» (قەلەم سۈرىسى 4 ـ ئايەت) دېگەن ئايىتى ئېنىق پاكىتتۇر. ئۇ زات كىشىلەرنى دائىم گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەتكە ئۈندەيتتى. بىر ھەدىستە ئۇ: «مەن گۈزەل ئەخلاقلارنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم» دېگەن. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام سەۋرچانلىق، ئەپۇچانلىق، مۇلايىملىق، كەمتەرلىك، ساخاۋەت، ئامانەت، ۋاپا، شەپقەت، شجائەت ۋە ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشتەك ئالىي سۈپەتلەردە مۇكەممەل زات ئىدى. ئۇ زات مەككىدىكى چېغىدا مۇشرىكلاردىن نۇرغۇن ئازار يەپ، زۇلۇم كۆرۈپ، جاپا ـ مۇشەققەت تارتقان بولسىمۇ، لېكىن سەبىر ـ تاقىتىنىڭ يۈزىگە ئاجىزلىق ۋە قۇسۇرلۇق غۇبارىنى قوندۇرۇپ، ئاھ ـ ۋاھ چېكىپ، نالە ـ پەرياد قىلىپ يۈرمىگەن ئىدى. ئۇ «(ئى مۇھەممەد!) سەن (مۇشرىكلارنىڭ سالغان جاپاسىغا) ئىرادىلىك پەيغەمبەرلەر سەۋر قىلغاندەك سەۋر قىلغىن» (ئەھقاف سۈرىسى 35 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). «ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە سەۋر قىلغىن، (دىندا) كۈچلۈك بەندىمىز داۋۇدنى ئەسلىگىن» (ساد سۈرىسى 17 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى). «سەۋر قىلغىن، شۈبھىسىزكى، ياخشى ئاقىۋەت تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر» (ھۇد سۈرىسى 49 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەندەك روشەن ئايەتلەرگە ئۆز لايىقىدا ئەمەل قىلىپ، ھەرقانچە ئازار ۋە جاپالارنى تارتسىمۇ، ئۆز يولىدا ئالغا ئىلگىرىلىدى. مەككە مۇشرىكلىرىدىن ۋە مەككىنىڭ ئەتراپىدىكى ئەرەبلەردىن قاتتىق رەنجىپ، ئۇلارغا قىلغان ۋەز ـ نەسىھەتلىرىنىڭ نەتىجىسىز قالغانلىقىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ ئىمان كەلتۈرۈشىدىن ئۈمىدسىزلىنىشكە چۈشكەندە، پەرۋەردىگارىغا «اِنْ لَمْ يَكُونْ بِكَ عَلَيَّ غَضَبٌ فَلاَ اُبَالِي» دېگەن سۆزدىن باشقىسىنى دېمىگەن ئىدى. ساھابە كىراملار بىر نەچچە قېتىم مۇشرىكلارغا بەد دۇئا قىلىشنى تىلىگەن بولسىمۇ، بەد دۇئا قىلمىدى، بەلكى ياخشىلىق بىلەن دۇئا قىلدى. ئۇھۇد ئۇرۇشىدا ساھابە كىراملار ئۇنىڭدىن مۇشرىكلارغا بەد دۇئا قىلىشنى ئۆتۈنگەندە، ئۇ يەنىلا «اَللّهُمَّ اغْفِرْ لِقَومِي فَاِنَّهُمْ لاَيَعْلَمُونَ» دەپ دۇئا قىلغان. تائىپ ئۇرۇشىدا بەزىلەر دۈشمەنلەرگە بەد دۇئا قىلىشنى ئىلتىجا قىلغاندا، ئۇ يەنىلا «اَللّهُمَّ اهْدِ صقِيْفًا وَاْئتِ بِهِمْ مُسْلِمِيْنَ» دەپ ياخشىلىق بىلەن دۇئا قىلغان. پەيغەمبەر

www.islamyoli.net

ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ شەخسىيىتىگە ئائىت ئىشلاردا ئەسلا ئىنتىقام ئالماي، ھەمىشە كەچۈرۈم قىلاتتى. پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن ئىنتىقام ئالاتتى. بۇ سەۋەبتىن كىشىنىڭ قەدرىنى ئۆلچىمەيدىغان، ياخشىلىقنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان ۋە پەيغەمبەرنىڭ دەرىجىسىنى تونۇمايدىغان، دىللىرى قاتتىق سەھرا ئەرەبلىرى ئۇنىڭغا بەزىدە ئورۇنلۇق، بەزىدە ئورۇنسىز سۆزلەرنى قىلاتتى. بىر كۈنى ئۇ غەنىمەت تەقسىم قىلىۋاتقاندا بىر ئادەم «بۇ تەقسىمات بىلەن ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئىرادە قىلىنمىدى. ئى مۇھەممەد! ئادىل بول. چۈنكى سەن ئادالەت بىلەن ئىش قىلمىدىڭ» دېگەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆزلەرنى كۆتۈرۈۋەتكەن ئىدى. ساھابە كىراملار بۇنداق سۆزلەرنى قىلغان كىشىنى ئۆلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ زات ئۇلارغا يول قويماي، ئۇ كىشىنى كەچۈرۈۋەتكەن ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئۇ زاتقا ئازار ۋە جاپا قىلغان كىشىلەرگە مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى نېمە قىلىسا كۈچى يېتەتتى. ئەمما ئۇلارنى يەنىلا كەچۈرۈم قىلدى. ھەزرىتى ئائىشە: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كىشىدىن كۆرگەن زۇلۇمنى يەنە بىر كىشىگە ئېيتىپ ئولتۇرمايتتى. ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن باشقىلاردىن ياردەم سورىمايتتى. ئۇرۇشلاردىن باشقا چاغلاردا ھېچبىر كىشىگە قول ئۇزاتمىغان ئىدى. مەيلى ئاياللىرى بولسۇن، مەيلى خىزمەتكارلىرى بولسۇن ئۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ دىلى رەنجىگۈدەك بىر ئىشنى قىلمايتتى» دەيدۇ. تۆۋەندىكى: «ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ، ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى. ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلە، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن» دېگەن ئالى ئىمران سۈرىسىنىڭ 159 ـ ئايىتى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇلايىم ۋە ئەپۇچان ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

بىر ئادەمنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا ئازراق ئېلىشى بار ئىدى. ئۇ ئادەم كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قاتتىق سۆز قىلدى. ساھابە كىراملاردىن بەزىسى ئۇ كىشىنى ئەدەپلەپ قويماقچى بولغاندا، ئۇ: «ئۇنداق قىلماڭلار، ئۇ ھەقلىق. چۈنكى ئۇ ھەق ئىگىسى» دەپ، توسقان ئىدى. شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە بىر ۋەقەدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدا ئېلىشى بار بولغان يەنە بىر ئادەم كېلىپ، ئۇ زاتقا قوپاللىق قىلدى. ھەزرىتى ئۆمەر ئۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن دەپ ئورنىدىن تۇرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئۆمەرگە: «سەن ماڭا ئۇ كىشىنىڭ ھەققىنى تېزرەك ئادا قىلىش ھەققىدە ۋە ئۇ كىشىگە سەبىر قىلىش ھەققىدە سۆز قىلىشىڭ لازىم» دېگەن ئىدى.

بىر قېتىم بىر يەھۇدىي ئۇنىڭغا مەلۇم بىر كۈننى بېكىتىپ، شۇ كۈنى پۇلنى تۆلەش شەرتى بىلەن بىر نەرسە ساتقان ئىدى. ھېلىقى يەھۇدىي بەلگىلەنگەن مۇددەتتىن بۇرۇن كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن پۇلنى سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «تېخى مۇددەت توشمىدىغۇ؟» دېگەندە، ھېلىقى يەھۇدىي ئۇنىڭغا: «سىلەر ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئەۋلادلىرى كىشىلەرنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشتا قاتتىق كىشىلەر» دەيدۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ساھابە كىراملار دەرھال ئۇ يەھۇدىينى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا رۇخسەت قىلماي، ھېلىقى يەھۇدىيغا چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، پۇلنى بېرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ گۈزەل ئەخلاقىنى كۆرگەن يەھۇدىي ئۇنىڭغا: «مەن

www.islamyoli.net

سەندە پەيغەمبەرلىكنىڭ ئالامەتلىرىنى كۆرگەن ئىدىم. سېنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلەڭنى بىلگۈم بار ئىدى. بۈنىمۇ كۆردۈم» دەپ، دەرھال ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، مۇسۇلمان بولغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باتۇرلۇقى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باتۇرلۇق ۋە شىجائەتتە شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، باشقا باتۇرلۇق بىلەن مەشھۇر بولغان كىشىلەر قورقۇپ قاچقان، قورقۇنچلۇق يەرلەردە ئۇ زات تۇرغان يېرىدە قىلچە تەۋرىمەي تۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇھۇد ۋە ھەۋازىن ئۇرۇشلىرىدىكى غەيرىتى بۇ سۆزىمىزگە ئوچۇق پاكىت بولالايدۇ. ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر مۇنداق دەيدۇ: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باتۇرراق، سېخىيراق، قانائەتچانراق كىشىنى كۆرمىدىم.» ھەزرىتى ئەلى مۇنداق دەيدۇ: «جەڭ مەيدانىدا بىرەر خەتەرگە دۇچ كېلىپ قالساق، ھەممىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يېپىشۋالاتتۇق. دۈشمەنگە ھەممىدىن يېقىنراق يەردە تۇرىدىغان كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىدى. بىر كېچىسى مەدىنە خەلقى تەشۋىشلىك بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ، دۈشمەن ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن ئوخشايدۇ دەپ، ھەممە ئادەم ئەندىشە ئىچىدە نەيزە، قىلىچلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئاۋاز ئاڭلانغان تەرەپكە قاراپ يۈزلەنگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەممىنىڭ ئالدىدا ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئۆزى يالغۇز بېرىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئوقۇپ كېلىپ، كىشىلەرنى خاتىرجەم قىلغان ئىدى.» مانا بۇ ھەقىقىي ئەرلەردە كۆرۈلىدىغان باتۇرلۇق.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدىغانلىقىنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولمايدۇ. ئۇ زات ھەقىقەتەن ھەرقانداق كىشىنى بېسىپ چۈشكۈدەك دەرىجىدە ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلاتتى. قۇرئان كەرىمنىڭ بىر نەچچە يېرىدە ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشقا بۇيرۇلغان. ئۇ زات ھەر ئىشتا ئاللاھنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، ئىزچىل تۈردە ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. بۇ سەۋەبتىن بىر نەچچە قېتىم ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم ساھابىلىرى بىلەن، ئۆزلىرىدىن بىر نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولغان مۇشرىكلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشى بىز ئويلىغاندەك سەۋەبنى قىلماي تۇرۇپ، تەقدىردە بارنى كۆرىمىزغۇ دەيدىغان  قۇرۇق سەپسەتىدىن ئىبارەت ئەمەس ئىدى، بەلكى ئۇ زات ھەممە كېرەكلىك بولغان چارىلەرنى قولدىن كېلىشىچە قىلاتتى، سەۋەبنى ئىزدەيتتى. ئاندىن كېيىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ، دۇئا ئارقىلىق يالۋۇرۇپ يېلىناتتى. ئۇ زاتنىڭ ئۇھۇد ۋە ھۇنەين ئۇرۇشلىرىدا ئۈستىگە ئىككى قات تۆمۈر كىيىم كىيىۋالغانلىقى ئۇنىڭ ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشىنىڭ ھەقىقىتىنى نامايان قىلىدۇ.
ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىشنىڭ توغرا مەنىسى، ھەر ئىشتا ئۇ ئىشقا كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنى ھازىرلاپ، پۇختا تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن، نەتىجىسىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ يېلىنىش دېمەكتۇر. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يالغۇز ماددىي كۈچ ۋە سەۋەب كار قىلمايدىغان جايلاردا، ياكى ماددىي

www.islamyoli.net

سەۋەبلەرنى هازىرلىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىلتىجا قىلاتتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇ زات ئاغرىپ يېتىپ قالسا، ئۆزىنى تېۋىپقا كۆرسىتەتتى. باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇيتتى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساخاۋىتى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساخاۋىتىنىڭ ھەددى يوق ئىدى. ئۇ زات پەيغەمبەرلىك بىلەن شەرەپلەنمەستىن بۇرۇن، ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىزنىڭ: «سەن سىلە رەھىم قىلىسەن، خاپىلىققا دۇچ كەلگەن كىشىلەرگە، ئاچ ۋە موھتاجلارغا ياردەم قىلىسەن» دېگەنلىكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ساخاۋىتىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ زات ئەگەر قولىدا بولسىلا ئەسلا ئايىماي ھاجەتمەنلەرگە بېرەتتى. ئەگەر، ھاجەتمەنىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداش تەس بولۇپ قالسا، ياخشى ۋە يۇمشاق سۆزلەر بىلەن قايتۇراتتى. ياكى قولىغا مال كىرگەندە بېرىشكە ۋەدە قىلاتتى. ئۇ زات ھەرقاچان ساخاۋەتتە بولاتتى. بولۇپمۇ رامىزان ئېيىدا ئۇ زاتنىڭ قولى ھەددىدىن زىيادە ئوچۇق ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا تۆمۈر كىيىمىنىڭ بىر يەھۇدىيدا گۆرۈدە قالغانلىقى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ساخاۋىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بىر قېتىملىق غەنىمەتتە ئۇ زاتقا **9000** تەڭگە كەلگەن ئىدى. ئۇ زات بۇ تەڭگىلەرنى بىر پالاسنىڭ ئۈستىگە تۆكۈپ ھەممىنى بىرلا قېتىمدا باشقىلارغا تارقىتىپ بەرگەن ئىدى. شۇ چاغدا بىر ئادەم كېلىپ ئۇ زاتتىن مال تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا بىر نەرسە قالمىغاچ ئۇ ئادەمگە: «ھازىر مەندە بىر نەرسە يوق، مەن ساڭا قەرزدار بولاي، قاچانكى قولۇمغا مال كېلىپ قالسا شۇ چاغدا مەن سېنى چاقىرىپ بېرىمەن» دېدى. بۇنى كۆرگەن ھەزرىتى ئۆمەر: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! نېمە ئۈچۈن سەن ئۆزۈڭنى بۇ قەدەر ئېغىرلىقلارغا قويىسەن؟ جانابى ئاللاھ سېنى تاقەتتىن تاشقىرى نەرسىگە تەكلىپ قىلمىغان تۇرسا» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بۇ سۆزىدىن ئانچە رازى بولمىغان ئىدى. ئارقىدىن يەنە بىر ساھابە ئورنىدىن تۇرۇپ، «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سەن ئاتا ۋە ئېھساندا داۋام قىل، قورقما، ئاللاھ سېنى ئاچ قويمايدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايى ئېچىلىپ مەمنۇن بولغان ھالدا، «مەن، ساخاۋەتلىك بولۇشقا بۇيرۇلغانمەن» دېدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆجىزىلىرى

بىلىپ قويغىنكى، ھەر قانداق ئادەم يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان سۈپەتلەرنى ئازراق ئويلاپ كۆرۈپ، بۇ زاتنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئۇنىڭ جەلىپكار تارىخى ھاياتىنى، پەۋقۇلئاددە مول ئىلمىنى، كۈچلۈك ئەقلىنى، راست سۆزىنى بىر ئاز مۇلاھىزە قىلىپ كۆرسە، ئۇ زاتنىڭ ھەقىقىي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىكەنلىكىگە، داۋاسىنىڭ چىنلىقىغا ئەلۋەتتە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە مەزكۇر سۈپەتلەردىن باشقا مۆجىزە تەلەپ قىلماي، دەرھال مۇسۇلمان بولىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنىڭدىكى بۇ سۈپەتلەرنى كۆرۈپلا ھېچ مۆجىزە تەلەپ قىلماي مۇسۇلمان بولغان ئىدى. مەسىلەن، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام ئىسىملىك بىر ساھابە ئېيتىدۇ: «مەن مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلگەن ئىدىم، ئۇ زاتنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ

www.islamyoli.net

كۆردۈمكى، ئۇ زاتنىڭ چىرايىدا يالغانچىنىڭ ئالامىتى يوق ئىدى.» ئىمامى مۇسلىمنىڭ رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسىدە، دىماد ئىسىملىك بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «اَلْحَمْدُ لِلّهِ نَحْمَدُهُ وَ نَسْتَعِيْنُهُ مَنْ يَهْدِهُ اللهُ فَلاَ مُضِلَّلَهُ وَمَنْ يُضْلِلِ اللهُ فَلاَ هَدِيَ لَهُ وَ اَشْهَدُ اَنْ لاَ اِلَهَ اِلاَّ اللهُ وَحْدَهُ لاَشَرِيْكَ لَهُ وَ اَنَّ مُحَمَّدًا عَبْدُهُ وَ رَسُولُهُ»دىدى. مەزكۇر دىماد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «بۇ سۆزنى يەنە بىر قېتىم دېگىن، بۇ سۆز دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى، قولۇڭنى بەر، مەن ساڭا بەيئەت قىلىمەن» دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇممانىنىڭ پادىشاھىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغاندا، ئۇ مۇنداق دېگەن: «بۇ ئۇممى پەيغەمبەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە شۇ نەرسە دالالەت قىلىدۇكى، ئۇ زات بىرىكىمنى بىرەر ياخشى ئىشقا بۇيرۇمايدۇ، بۇيرۇسا شۇ ياخشى ئىشنى باشتا ئۆزى قىلىدۇ. بىرەر يامان ئىشتىن توسمايدۇ، توسسا شۇ ئىشنى ئاۋۋال ئۆزى قىلمايدۇ. ئەگەر، غالىپ بولسا ئارتۇقچە مەغرۇرلانمايدۇ، مەغلۇپ بولسا چۈشكۈنلىشىپ كەتمەيدۇ. ۋەدىسىگە ئەسلا خىلاپلىق قىلمايدۇ. مەن گۇۋاھلىق بېرىپ ئېيتىمەنكى، ئۇ زات ھەقىقەتەن بەرھەق پەيغەمبەردۇر» دېگەن.

ئىبنى رەۋاھە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توغرىسىدا بۇ شېئىرنى ئېيتقان:

بولمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ روشەن دەلىلى،

چىقىپ تۇرار چېھرىدىن چىن پەيغەمبەرلىكى.

جانابى ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ئۇنى نۇرغۇن مۆجىزىلەر بىلەن ئەۋەتكەن. ئويلاپ كۆرىدىغان بولساق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن سادىر بولغان مۆجىزىلەر باشقا ھەرقانداق پەيغەمبەرلەرنىڭ كەلتۈرگەن مۆجىزىلىرىدىن ئارتۇق. تۆۋەندە ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ دىققىتىگە ھەدىسچىلەرنىڭ سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان، ساھابە كىراملاردىن بىر نەچچىسى رىۋايەت قىلغان مۆجىزىلەردىن بىر نەچچىسىنى قىسقىچە بايان قىلىمىز.

مۆجىزىلەرنىڭ ئەڭ بۈيۈكى، ئەڭ ئوچۇقى ۋە ئالىيسى قۇرئان كەرىمدۇر. قۇرئان كەرىم ئەينى زاماندا ئۆزىنىڭ مۆجىزىلىكى، بالاغەت ۋە پاساھىتى بىلەن، بالاغەت ۋە پاساھەتتە كامالەتكە يەتكەن نۇرغۇن ناتىقلارنى، شائىرلارنى ئەدەبىياتچىلارنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، ئۇلارنى ئۆز ئەتراپىغا پەرۋانىدەك جەلپ قىلغان ئىدى. ھېچ قانداق بىر كىشى قۇرئان كەرىمنىڭ ئالدىدا بىر جۈملە ياكى بىر ئايەت كەلتۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمىغان ئىدى. بەلكى سۆز بىلەن ئۇنىڭغا قارشى تۇرالماي، قىلىچ بىلەن قارشىلىق كۆرستىشكە باشلىغان ئىدى. ھالبۇكى، ئۇ كىشىلەر سۆز بىلەن قارشى تۇرۇشقا، سۆز بىلەن يېڭىشقا ئامراق قەۋملەر ئىدى.

قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىك تەرەپلىرى بىر نەچچە تۈردىن ئىبارەتتۇر. تۆۋەندە بىز بۇ تەرەپلەرنى تۆت تۈرگە بۆلۈپ بايان قىلىمىز.

بىرىنچى، قۇرئان كەرىمنىڭ تۈزۈلۈشى چىرايلىق، كەلىملىرى ئىنتايىن پاساھەتلىك بولۇپ، بىرى يەنە بىرىگە تامامەن مۇناسىپ كېلىدۇ. قۇرئان كەرىم ئەرەبلەرنىڭ سۆز ئادەتلىرىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدىكى پاساھەت، بالاغەت، ئىستىئارە، كىنايە، ھەزىپ، قەسىر، ئىتلاق ۋە تەقىيدكە ئوخشاش سۆز ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن. قۇرئان كەرىم كېلىشتىن بۇرۇن سۆز سەنئىتى ئەقلنى لال قىلىدىغان دەرىجىدە ئىدى. يېپەك رىشتىگە رېتى بىلەن قاتار تىزىلغان ئۈنچە - مەرۋايىتلار ئۇلارنىڭ سۆز ۋە شېئىر، قەسىدىلىرىنىڭ ئالدىدا ھېچ

www.islamyoli.net

نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ پاساھەت ۋە بالاغەتلىرىنىڭ ئالدىدا يۇنان، پارس ۋە ھىند شائىرلىرى تىپخى تىلى چىقمىغان، سۆزنىڭ توغرا يا خاتالىقىنى پەرق قىلالمايدىغان كىچىك باللاردەك بولۇپ قالاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمنى ئاللاھ تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەندە، پاساھەت ـ بالاغەتتە كامالەتكە يەتكەن بۇ ئەرەبلەر قۇرئان كەرىم بالاغىتىنىڭ ئالدىدا تىل چايناشىپ قالغان ئىدى. ئۇلار قۇرئان كەرىمگە تىل بىلەن قارشى تۇرۇۋشقا ئاجىز كېلىپ، ئاخىرىدا قىلىچ بىلەن قارشىلىششقا ئۆتكەن ئىدى. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە: «(ئى مۇھەممەد! مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، ئەگەر ئىنس ۋە جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخششىنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن توپلانسا، بۇ قۇرئاننىڭ ئوخششىنى گەرچە بەزىسى بەزىسىگە ياردەمچى بولغان تەقدىردىمۇ كەلتۈرەلمەيدۇ.» دەپ ئەرەبلەرنىڭ ئاجىزلىقىنى بايان قىلدى. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە يەنە: «ئەگەر كاپىرلار بۇ قۇرئان مەجىدنى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلمىگەن، بەلكى مۇھەممەد ئۆزى تەلىپ قىلغان كىتابتۇر دېسە، سەن ئۇلارغا ئېيتقىنكى، ئەگەر قۇرئان كەرىمنى مەن تەلىپ قىلغان بولسام، شۇ قۇرئانغا بالاغەت ۋە پاساھەتتە ئوخشاش ئون سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار، يەنى سىلەر ئى ئەرەبلەر، بالاغەت ۋە پاساھەتتىكى ئۇستىلىقىڭلار ئالەمگە مەشھۇردۇر، ئەگەر قۇرئان كەرىم ئاللاھ تەرىپىدىن بولماي، مەن تەرەپتىن بولغان بولسا، سىلەرمۇ قۇرئانغا ئوخشاش ئون سۈرە تۈزۈپ مەيدانغا چىقىڭلار» دېگەندىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭدەك جانابى ئاللاھ يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر سىلەر بىز بەندىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان قۇرئاندا شەكتە بولساڭلار، سىلەر مۇشۇ قۇرئان كەرىمگە ئوخشاش بىر سۈرىنى كەلتۈرۈپ بېقىڭلار، ئاللاھتىن باشقا ياردەمچىلىرىڭلارنى چاقىرىڭلار، ئەگەر شۇبۇ سۆزۈڭلاردا يەنى بۇ قۇرئان مۇھەممەد تەرىپىدىن كەلگەن، ئاللاھ تەرىپىدىن كەلمىگەن دېگەن سۆزۈڭلاردا راستچىل بولساڭلار، ئۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئوخششىنى كەلتۈرەلمەيسىلەر، ھەرگىزمۇ كەلتۈرەلمەيسىلەر. كاپىرلارغا ھازىرلانغان، يېقىلغۇسى ئىنسان ۋە تاشلاردىن ئىبارەت ئوتتىن ئۆزۈڭلارنى ساقلاڭلار.» (بەقەرە سۈرىسى 23 ـ 24 ـ ئايەتلەر) شۇنى ئېنىق بىلىش لازىمكى، ئەرەبلەر بالاغەت ۋە پاساھەتتە كامالەتكە يەتكەن بولۇپ، باشقىلار بىلەن رىقابەتلىششكە ئىنتايىن ئامراق بىر قەۋم ئىدى. ئۇلار ھەر زامان بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىششىپ شېئىر، قەسىدە ۋە بېيىتلەر كەلتۈرۈشۈپ، قايسىنىڭ ئەڭ بالاغەتلىك، قايسىنىڭ پاساھەتلىكرەك، قايسىنىڭ بەدىئىي ئىنكەنلىكنى بىلىش ئۈچۈن، ماھارەت كۆرستىشكە ئۇككاز بازارلىرىدا جەم بولاتتى. ئۇككاز ئىسىملىك بازار، گويا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شېئىر ۋە قەسىدىلىرىنى بازارغا سېلىپ، كىمنىڭ قەسىدىسى ياخشى، كىمنىڭ ياخشى ئەمەس، بۇنى بىلىش ئۈچۈن ئېچىلغان بازارغا ئوخشايتتى. ئۇلار بالاغەت ۋە پاساھەت مەيداندا ھەممىدىن ئۈستۈن بولغان كىشىلەردىن بولۇپ تۇرۇپ، قۇرئان كەرىم ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولۇپ، مەزكۇر زىكرى قىلىنغان ئايەتلەر، قەلبىدە قىلچە باشقىلار بىلەن بەسلىششىش غەرىزى يوق كىشىلەرنىمۇ بۇ مەيدانغا سۆرەپ كېلىدىغان ئايەتلەر بىلەن ئۇلارغا دۇئېل ئېلان قىلغاندا، بالاغەت ۋە پاساھەتتە كامالەتكە يەتكەن ئەرەبلەر، قۇرئان كەرىمنىڭ ئالدىدا تىلى تۇتۇلۇپ، ئېغىز ئاچالماي، ئاخىرىدا ئۇنىڭغا ئۇرۇش ئارقىلىق تاقابىل تۇرماقچى بولۇشتى. ئەگەر ئۇلار سۆز ئېچىپ پاساھەت گۆھەرلىرىنى چېچىپ، بىر ئايەت ياكى ئىككى ئايەتكە چاغلىق بىرەر جۈملە سۆز كەلتۈرۈپ مەيدانغا قويالىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە رىۋايەت قىلىنغان بولاتتى. قىسقا سۆز بىلەن كۆپ مەنە ئىپادىلەشتە، كەلتۈرگەن ئىبارىلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇشتا، كەلىمىلىرىنىڭ

www.islamyoli.net

قۇرۇلۇشلىرى بىر ـ بىرىگە تامامەن مۇناسىپ بولۇپ، بىر جۈملە سۆز بىلەن نۇرغۇن مەنە ئىپادىلىنىشتە، ھەر بىر ئايەتنىڭ ئىچىدە بىر نەچچە خىل ھېكمەتلەرنىڭ بولۇشىدۇر، قۇرئان كەرىمگە ھېچ بىر سۆز ئوخشىمايدۇ. جانابى ئاللاھ ھېچ بىر زامان ئۆز مەخلۇقاتلىرىغا ھېچ بىر جەھەتتىن ئوخشىمىغىنىدەك، ئۇ زاتنىڭ سۆزىمۇ ھېچ بىر مەخلۇقنىڭ سۆزىگە ئوخشىمايدۇ.

ئىككىنچى، قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىكى، سۆز بىرىكمىلىرى جەھەتتە بولۇپ، قۇرئان كەرىم ئاجايىپ تەركىب ۋە غەيرىي ئۇسلۇب بىلەن نازىل بولغان. چۈنكى قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇسلۇبى ئەرەبلەرنىڭ سۆزلىرىگە ئوخشىمايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ سۆز قۇرۇلمىلىرىدىن پەرقلىقتۇر. ئۇ، ئوخشىشى ئىلگىرى ھېچ كەلمىگەن ھەم كۆرۈلمىگەن ھەمدە ئاڭلىنىپمۇ باقمىغان بىر ئۇسلۇب بىلەن نازىل بولغان ئىدى. ئەرەبلەرنىڭ سۆزى خاھى تەرتىپ ۋە قۇرۇلما جەھەتتە بولسۇن، خاھى قاپىيە ۋە رېتىم جەھەتتە بولسۇن، خاھى شېئىر ۋە نۇتۇق سۆزلەشتە بولسۇن ھېچ بىرى قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇسلۇبلىرىدىن ھېچ بىرىگە ئوخشىمايتتى. چۈنكى قۇرئان كەرىمنىڭ سۆزى قىسقا، مەنىسى كۆپ، بالاغەتتە ئىنسانىنىڭ ئەقلىدىن تاشقىرىدۇر. ھېچ بىر مەخلۇق ئۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر سۆزنى سۆزلەشكە قادىر ئەمەستۇر. بەلكى ئۇ ئاقىللارنىڭ ئەقلى ھەيران قالىدىغان دەرىجىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگىدۇر.

ئۈچىنچى، قۇرئان كەرىمنىڭ يەنە بىر مۆجىزىلىكى ئۇنىڭ غەيبىي ئىشلاردىن خەۋەر بېرىشىدۇر. چۈنكى قۇرئان كەرىمدە تېخى يۈز بەرمىگەن نۇرغۇن ئىشلار بايان قىلىنغان. قۇرئان كەرىم خەۋەر قىلغان ئىشلارنىڭ بىر قىسمى ئەمەلىيەتتە كۆرۈلگەن بولۇپ، يەنە بىر قىسمى ئالدىمىزدا چوقۇم رېئاللىققا ئايلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدە بۇرۇن ئۆتكەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ھالدا بايان قىلىنغان. يەنە باشقا كەلگۈسىدە بولىدىغان نۇرغۇن ئىشلاردىن خەۋەر بەرگەن. مەسىلەن، بىر زامانلارغا كەلگەندە ئىسلام تازا گۈللىنىپ، مۇسۇلمانلار قەد كۆتۈرۈپ، ھەتتاكى مەسجىدى ھەرەمگە ئامان ـ ئېسەن ھالدا كىرىدىغانلىقىنى ئالدىن خەۋەر قىلغان. بۇ ئىش ئۆز ئەينى قۇرئان كەرىم خەۋەر بەرگەندەك رېئاللىققا ئايلانغان. يەنە شۇنىڭدەك رۇم ھەققىدە سۆزلەپ: «باشتا رۇم مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۈچ يىلدىن توققۇز يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا غالىب بولىدۇ.» دەپ، خەۋەر بەرگەن. دەر ھەقىقەت دېگەندەك ئۇلار غالىب بولدى.

خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن غەيبىي ئىشلاردىن خەۋەر بېرىلگەن. غەيبىي ئىشلاردىن خەۋەر قىلىش، ئۇنى بىلىش پەقەت جانابى ئاللاھنىڭ ئۆزىگە خاس سۈپەتلىرىدىندۇر. ئەگەر مەخلۇقاتلارنىڭ ئىچىدە بەزى ئالامەتلەر بىلەن بىر قىسىم ئىشارەت غايىبتىن خەۋەر بەرگەن ئىشلاردەك كۆرۈلسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ خەۋىرى ھەمىشە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەي قالىدۇ. قۇرئان كەرىمدە نۇرغۇن يەردە غەيبىي ئىشلاردىن خەۋەر بەرگەن ھەمدە بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتكە ئايلانغان ۋە چوقۇم ئايلىنىدۇ. مانا بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ شەكسىز جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن مۇقەددەس كىتاب ئىكەنلىكىگە ھۆججەتتۇر. قۇرئان كەرىمدە: «ھەقىقەتەن قۇرئاننى بىز نازىل قىلدۇق، جەزمەنكى بىز ئۇنى ئۆزگەرتىۋېتىشتىن، بۇرمىلاشتىن، زايە قىلىۋېتىشتىن ئۆزىمىز ساقلايمىز» دېيىلگەن. ھەقىقەتەن ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ كۆپلۈكى ھەمدە قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ مەتبەئەلىرىدە بېسىلىپ تارقىتىلىشىغا قارىماي، ئون تۆت ئەسىردىن بېرى قۇرئان كەرىمنىڭ بىر

www.islamyoli.net

چېكتى چاغلىق ھېچ بىر تەرپى ئۆزگىرىپ كەتمەي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانداق نازىل بولغان بولسا شۇ پېتى ساقلىنىپ كەلمەكتە. بۇندىن كېيىنمۇ قىيامەتكىچە ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ ۋە بورمىلانمايدۇ. قۇرئان كەرىمدە: «پات يېقىندا كاپىرلارنىڭ ھەممىسى مەغلۇپ بولۇپ، ئارقىسىنى قىلىپ قاچىدۇ.» دېيىلىدۇ. بۇ ئايەت كەرىمە مەككە مۇكەررەمەدە نازىل بولغان ئىدى. دەرۋەقە بەدرى ئۇرۇشىدا مۇشرىكلار مەغلۇپ بولۇپ، ئارقىلىرىغا قاچقان. خۇلاسە گەپ، قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان غەيبىي ئىشلار جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن زىكرى قىلىنغان سۆزلەر بولغانلىقى ئۈچۈن، ھېچقاچان ئەمەلىيەتتىن ئۈزاق قالمىغان ۋە قالمايدۇ.

تۆتىنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا مەكتەپ كۆرمىگەن، خەت يېزىش ۋە خەت ئوقۇشنى تەلىم ئالمىغان ئۈممى زات ئىدى. قۇرئان كەرىمدە زىكرى قىلىنغان ئۆتكەنكى ئۈممەتلەرنىڭ خەۋرىنى، تارىختا ھېچ بىر ئىزى قالمىغان ئۈممەتلەرنىڭ قىسسىلىرىنى، بۇرۇنقى نام ـ نىشانى قالمىغان شەرىئەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى، قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان قىسسىلەرنىڭ بەزىسىنى ئۆمۈر بويى ئىلىم ـ مەرىپەت بىلەن مەشغۇل بولغان كىشىلەردىن يۈزدە بىرى بىلسە بىلەتتى، بولمىسا يوق. ئەمما بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۈممى بىر زات ئۆز ھەقىقتى بىلەن بايان قىلغان، ھېچ بىر نۇقسانسىز ئەسلى بويىچە خەۋەر قىلغان. بۇ قىسسىلەردىن خەۋەردار بولغان ئەھلى كىتابنىڭ ئەللامىلىرىمۇ بۇنى ھېچ تەرەددۇتسىز ئىقرار ۋە تەستىق قىلغان. قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ ھەقىقەتەن جانابى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان كىتاب ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. قۇرئان كەرىمنى ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا بىر خىل ئەيمىنىش ھاسىل بولىدۇ. قۇرئان كەرىمدىن باشقا كىتابلاردا ئوقۇغۇچى ياكى ئاڭلىغۇچىلاردا بۇ خىل تەسىر كۆرۈلمەيدۇ. بۇمۇ قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن كىتاب ئىكەنلىكىگە روشەن دەلىلدۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىسىنى مانا مۇشۇ تۆت تارماققا خۇلاسىلەپ، ناھايىتى قىسقىلا بايان قىلدۇق.

تۆۋەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن بىر ھەدىسنى تەرجىمە قىلىپ ھۇزۇرۇڭلارغا سۇنۇش بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىسىگە ئالاقىدار سۆزىمىزنى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتۇرىمىز.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر سۆزىدە مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇغۇچى، يامان ئىشتىن توسقۇچى بولغان ھالدا قىيامەتكىچە بىزلەرگە سۈننىتى خالىيە، مەڭگۈلۈك مىسال قىلغان ھالدا نازىل قىلغان. قۇرئاندا سىلەرنىڭ، ئىلگىرى ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ۋە بۇندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ئىشلارنىڭ خەۋەرلىرى بار. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئىشلارنىڭ ھۆكمىمۇ بار. قۇرئاننى كۆپ تەكرار قىلىش ۋە تولا ئوقۇش ئۇنى كونىرىتالمايدۇ. ئۇنىڭ ئاجايىباتلىرى تۈگىمەيدۇ. قۇرئان ھەقتۇر، ئويۇن ئەمەستۇر. ھەرقانداق بىر كىشى قۇرئان بىلەن سۆزلىسە، راست سۆزلەيدۇ، ھەرقانداق كىشى قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلسا، ئادىل ھۆكۈم قىلىدۇ. ھەرقانداق كىشى قۇرئانغا ئاساسلىنىپ باشقىلار بىلەن داۋالاشسا، غالىب بولىدۇ. ھەرقانداق كىشى قۇرئانغا ئەمەل قىلسا، ساۋاب ۋە ئەجرىگە ئېرىشىدۇ. ھەرقانداق كىشى قۇرئانغا ئېسىلسا ‹سىراتى مۇستەقىم› يولىغا ھىدايەت قىلىنىدۇ. ھەرقانداق كىشى توغرا يولنى قۇرئاننىڭ باشقىسىدىن ئىزدىسە، ئاللاھ تائالا ئۇنداق ئادەمنى گۇمراھ قىلىدۇ، ھەرقانداق كىشى قۇرئاننىڭ باشقىسى بىلەن ھۆكۈم قىلسا، ئاللاھ تائالا ئۇنداق ئادەمنى ھالاك قىلىدۇ. قۇرئان كەرىم پۈتۈن ھېكمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر. ئۇپ ـ ئوچۇق نۇردۇر ھەم سىراتى مۇستەقىمدۇر. جانابى

www.islamyoli.net

ئاللاھنىڭ مۇستەھكەم ئارغامچىسىدۇر. ئەڭ پايدىلىق داۋادۇر. ئۇنىڭغا ئېسىلغان كىشى خاتالىقتىن ساقلىنىدۇ. ئەگەشكەن كىشى نىجات تاپىدۇ. قۇرئان كەرىمدە ئەگرىلىك يوق، رۇسلاشقا موھتاج ئەمەس. ئۇنىڭدا ھەق تەرەپتىن باتىل تەرەپكە ئەگىپ كېتىش يوق، ئۇنىڭغا نۇقسان يەتمەيدۇ.» دېگەن سۆزدۇر. مانا بۇ ھەدىس شېرىپقا قارايدىغان بولساق، قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلىمنىڭ بۇلىقى، مەرىپەتنىڭ دەرياسى، ھېكمەتنىڭ كانى، شۇنىڭدەك ھەرقانداق ئاجايىباتلارنىڭ خەزىنىسى، ھەر ياخشىلىقنىڭ قانۇنى، ھەر پەزىلەتنىڭ قائىدىسى، ھەر سائادەتنىڭ تارازىسى، ھەر كامالەتنىڭ مىزانى، ئۈممەتنىڭ چىرىقى ۋە ئۇلارنىڭ دىلىنىڭ نۇرى، ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ غىزاسى، ئادەم بالىلىرىنىڭ ئەگىشىدىغان ئىمامى ئىكەنلىكى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇ ئاۋۋالقىلارنىڭ ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ئىلىم ۋە مەرىپەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋەھيي ئىلاھىدۇر. مەزكۇر سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەنگەن قۇرئان كەرىم قولىمىزدا تۇرۇپ، بىزلەر ئۇنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتلىرىدىن بىخەۋەر قېلىپ، ھەر تۈرلۈك ۋەھمى ـ خىياللارنى ئىلىم ـ مەرىپەت دەپ ئويلاپ، شۇنىڭدەك ئىسرائىلىيات ۋە خۇراپاتلارنى ھەقىقەت دەپ گۇمان قىلىپ، بەلكى قۇرئان كەرىمدىكى ھەقىقىي قىسسەلەرنى خۇراپات ۋە ئىسرائىلىيات بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، مەزكۇر خۇراپات ۋە ئىسرائىلىياتلارنى قۇرئاندا بار دەپ خىيال قىلىمىز. بۇ ئىش جاھىلىيەتنىڭ ئەسكىرى قۇۋۋەت تاپقان، ئىلىم ۋە ئىدراك ئىقلىمىغا غەلىبە قىلىپ، پۈتۈن نەقلى نەرسىلەرنى ئەقلىنىڭ مىزانىغا ۋە قۇرئان كەرىمگە توغرا قىلماي، ھەق ۋە راست دەپ گۇمان قىلغانلىقتىن ۋە ئۆلىمالارنى گۇناھتىن ساقلانغۇچى دەپ ھۆكۈم قىلىپ، ئۇلارنى تامامەن خاتا ۋە ئۇنتۇشتىن پاك دەپ گۇمان قىلىپ، ھەر ھېكايەت ۋە رىۋايەتنى ھەقىقەت ۋە دۇرۇس دەپ خىيال قىلغانلىقتىن بولسا كېرەك.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ يەنە بىر مۆجىزىسى ئاينىڭ يېرىلىشىدۇر. دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى، كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئېلىپ كەلگەن ئىسلام، ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن قالغان خۇراپات ۋە يامان ئادەتلەرگە غەرق بولۇپ كەتكەن بۇتپەرەسلىككە تامامەن مۇخالىپ بولغاچ ھەم ئۇلار ئۆز كۆڭلىدە كاتتا دەپ ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن بۇتلار ئەيىبلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا ئىسلام دىنى ھەددىدىن زىيادە ئېغىر كەلدى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئىسلام دىنىغا كىرگەن كىشىلەرنى ئىسلامدىن ۋاز كەچتۈرمەك ئۈچۈن، قولىدىن كېلىشىچە ئازار ۋە جاپالارنى قىلدى. لېكىن ئۇ ھېچ بىر نەتىجە بەرمىدى، بەلكى مۇسۇلمانلار ئازار ۋە جاپانى قانچە كۆپ كۆرگەنسېرى ئۇلارنىڭ ئىمانى شۇنچە زىيادە بولۇپ تۇردى. كاپىرلار ئۇ يول بىلەن مەقسەتلىرىگە يېتەلمىگەچ، ئۇرۇش يولىنى تۇتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن سۈلھى تۈزۈشمەك ئۈچۈن، ئۇتبە ئىبنى رەبىئەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتتى. ئۇتبە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «سەن بىزنىڭ ئىچىمىزدە كاتتا نەسەبلىك ۋە شەرەپلىك كىشى ئىدىڭ، ئەمما سەن پەۋقۇلئاددە غەيرىي بىر نەرسىنى ئېلىپ كېلىپ، جامائەتنى ۋە قەبىلىلەرنى تەپرىقە قىلدىڭ ۋە ئۇلارنى ئەقىلسىز، ئەخمەق، ھەقنى نا ھەقتىن، ھىدايەتنى زالالەتتىن پەرق قىلالمايدىغان خەلق دېدىڭ ھەم ئۇلارنىڭ بۇتلىرىنى ۋە دىنىنى ئەيىبلەپ سۆكتۈڭ، ئۇلارنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئاتا ـ بوۋىلىرىنى جاھىل ۋە كاپىرغا چىقاردىڭ، ئەمدى مەن ساڭا سۆز قىلىمەن، بەلكى سۆزۈمنىڭ بەزىسىنى قوبۇل قىلساڭ ئەجەب ئەمەس» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇتبەگە: «قېنى سۆزلە، ئاڭلاپ باقاي» دېدى. ئۇتبە: «ئى بۇرادىرىمنىڭ ئوغلى! ئەگەر سەن ئېلىپ كەلگەن نەرسەڭ بىلەن مالغا ئېرىشمەكچى

www.islamyoli.net

بولساق، بىز ساڭا كۆپ مال تويلاپ بېرەيلى، شان ـ شەرەپكە يەتمەكچى بولساڭ، سېنى قۇرەيش قەبىلىلىرىگە رەئىس قىلايلى، پادىشاھ بولۇشنى خاھلىساڭ، سېنى ئۆزىمىزگە پادىشاھ قىلايلى، سەن ئېلىپ كەلگەن بۇ نەرسە جىن تەرىپىدىن بولغان بولسا، بىز دۇئا قىلايلى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇتبەگە: «سۆزۈڭ تۈگىدىمۇ؟» دېگەندە، ئۇتبە: «تۈگىدى» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنداقتا مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سال» دەپ فۇسسىلەت سۈرىسىدىن «ئەگەر ئۇلار (بۇ بايانلاردىن كېيىن ئىمانىدىن) يۈز ئۆرۈسە (سەن ئۇلارغا): ‹سىلەرنى ئاد ۋە سەمۇد قەۋملىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئازابقا ئوخشاش ئازابتىن ئاگاھلاندۇرىمەن› دېگىن. ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئالدى ـ كەينىدىن (يەنى ھەممە تەرەپتىن) پەيغەمبەرلەر كېلىپ: ‹بىر ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلماڭلار!› دېسە، ئۇلار: ‹ئەگەر پەرۋەردىگارىمىز خاھلىسا، چوقۇم پەرىشتىلەرنى چۈشۈرگەن بولاتتى. بىز سىلەرنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭلارنى ھەقىقەتەن ئىنكار قىلىمىز› دېدى.» دېگەن بىر نەچچە ئايەتنى تىلاۋەت قىلغاندا، ئۇتبە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئاغزىنى تۇتۇۋالدى. كېيىن ئۇتبە قۇرەيش چوڭلىرىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇلار ئۇتبەدىن ۋەقەنى سورىدى. ئۇتبە: «مەن ئۇنىڭدىن ھېچ قاچان ئاڭلاپ باقمىغان بىر سۆزنى ئاڭلىدىم. خۇداغا قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ سۆز شېئىر ئەمەس، كاھىنلىقمۇ ئەمەس، سېھىرمۇ ئەمەس، ئى قۇرەيش قەبىلىلىرى! بۇ ھەقتە مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاڭلار، ئۇ كىشىنى ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىڭلار، خۇداغا قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭدىن مەن ئىشىتكەن سۆز ئەلۋەتتە بىكار سۆز ئەمەس، ئەگەر باشقا قەبىلىلەر مۇھەممەد ئۈستىدىن غالىپ كېلىپ، ئۇنى ھالاك قىلسا سىلەر ئۇنىڭدىن قۇتۇلىسىلەر، ياكى بولمايدۇ مۇھەممەد ئۇلارغا غالىپ كېلىپ، ئىززەت تاپسا ئۇنىڭ ئىززىتى سىلەرنىڭ ئىززىتىڭلاردۇر» دېدى. ئۇتبە بۇ سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن، كاپىرلار ئۇتبەگە: «مۇھەممەد ساڭا سېھىر قىپتۇ» دېدى. ئۇتبە ئۇلارغا: «مېنىڭ پىكرىم شۇ» دېدى. قۇرەيشنىڭ بۇ مەسلىھەتلىرى پايدىسىز بولۇپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «سەن بىزنىڭ دىنىمىزغا كىرسەڭ، بىزمۇ سېنىڭ دىنىڭغا كىرسەك» دەپ ئىلتىجا قىلدى. جانابى ئاللاھ بۇ ھەقتە: «(ئى مۇھەممەد! سېنى بۇتلارغا چوقۇنۇشقا ئۈندىگۈچى كۇففارلارغا) ئېيتقىنكى، «ئى كاپىرلار! سىلەر چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارغا مەن چوقۇنمايمەن. سىلەرمۇ مەن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاللاھقا ئىبادەت قىلمايسىلەر. سىلەر چوقۇنغان بۇتلارغا مېنىڭ چوقۇنغىنىم يوق. سىلەرنىڭمۇ مەن ئىبادەت قىلغان ئاللاھقا ئىبادەت قىلغىنىڭلار يوق [5]. سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۆزۈڭلار ئۈچۈن، مېنىڭ دىنىممۇ ئۆزۈم ئۈچۈن.» (سۈرە كافىرون.)

دېگەن سۈرىنى نازىل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەر مۇھەممەد بىزنىڭ دىنىمىزنى قوبۇل قىلىدۇ دەپ ئەسلا خام خىيال قىلماڭلار» دېدى. كېيىن ئۇلار، قۇرئان كەرىمدىن بۇتلارنى ئەيىبلەيدىغان ۋە كاپىرلار ھەققىدىكى ئېغىر سۆزلەرنى ئېلىۋېتىپ باشقا بىر قۇرئان ئېلىپ كەلسەڭ، ياكى بۇ قۇرئاننى ئۆزگەرتسەڭ دەپ ئىلتىجا قىلدى. جانابى ئاللاھ ئۇلارنىڭ بۇ سوئالىغا: ««مەن ئۇنى ئۆزەمچە ئۆزگەرتەلمەيمەن، مەن پەقەت ماڭا قىلىنغان ۋەھىيگىلا ئەمەل قىلىمەن› دېگىن» دېگەن يۇنۇس سۈرىسىنىڭ 15 ـ ئايىتىنى نازىل قىلىپ جاۋاب بەردى. كاپىرلار بۇ زىكىر قىلىنغان باتىل خىياللارنىڭ ھېچ بىرى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنى ئۆزلىرىگە مايىل قىلالماي، ئاخىرى باشقا ئىشكتىن كىرىشنى قارار قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «سەن

www.islamyoli.net

راست پەيغەمبەر بولساڭ ئاينى ئىككى پارچە قىلىپ بىزگە كۆرسەت» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «مانا قاراڭلار» دېدى ـ دە، ئاي يېرىلىپ ئىككى پارچە بولدى. بۇ قىسسىنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رىۋايەت قىلغان. بۇ كىشى مەككە ۋە مەدىنىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەخسۇس خادىمى ئىدى. بۇ ۋەقە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدتىن رىۋايەت قىلىنغانلىقى سىرتىدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ۋە ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى مەزكۇر ئۈچ ساھابىدىن رىۋايەت قىلىدۇ. بۇ ھەدىس مۇھەددىسلەرنىڭ نەزىرىدە مۇتەۋاتىردۇر. بۇ ھەدىسنى بەزىلەر ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس بولسا ئاي ئىككى پارچە يېرىلغان ۋاقىتتا، تېخى تۇغۇلمىغان ئىدى. ئەمما ئەنەس ئىبنى مالىك ئۇ چاغدا تۆت ـ بەش يېشىدا بولغان بولسىمۇ، لېكىن مەدىنىدە ئىدى. چۈنكى ھەزرىتى ئەنەس مەدىنىلىك كىشىدۇر دېگەن قاراشلاردا بولغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەدىس ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىندى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ رىۋايەت ۋە دىرايەت بارىسىدىكى ئورنى ھەممىگە مەلۇمدۇر. يەنە بۇ ھەدىسنى ھەدىس ئۆلىمالىرى سەھىھ كىتابلاردا ئوخشاش بولمىغان يوللار بىلەن رىۋايەت قىلىپ، قوبۇل قىلدى. ئەمما، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ ئۇ چاغدا تۇغۇلمىغىنى ۋە ھەزرىتى ئەنەسنىڭ مەدىنىدە تۆت ـ بەش ياش ئەتراپىدا بولغىنى، بۇ ھەدىسنى كاتتا ساھابىلەر رىۋايەت قىلمىغان دېيىلىپ، ئاجىز دەپ قارىلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن، بۇ ھەدىسنى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدقا ئوخشاش ساھابىلەر تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغانلىقى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ۋە ئەنەس ئىبنى مالىك ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ياكى مەككىدە ئاينىڭ يېرىلغانلىق ھادىسىسىگە گۇۋاھ بولغان ساھابىلەر تەرىپىدىن رىۋايەت قىلغان بولسا كېرەك. بۇ ھەقىقەتكە ئىمام بۇخارى قايىل بولغىنى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ سەھىھ كىتابىدا رىۋايەت قىلغان. ئىمام بۇخارىدەك راۋىلارنىڭ ھالىنى تەنقىد قىلىدىغان ھەدىسنى پەۋقۇلئاددە تەتقىق قىلىدىغان زاتقا ئەلۋەتتە، ھەزرىتى ئەنەسنىڭ مەدىنىلىك ئىكەنلىكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسنىڭ ئاي يېرىلىش ۋەقەسىدە تېخى تۇغۇلمىغانلىقى مەخپىي قالمىغان بولسا كېرەك. ئىمام بۇخارى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ۋە ھەزرىتى ئەنەسنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ھاياتىنى، ئاي يېرىلغاندا كىم ھازىر ئىدى، كىم ھازىر ئەمەس ئىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئوبدان بىلسە كېرەك. بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە بۇ ھەدىسنىڭ ئەيىبسىز ۋە شەكسىز سەھىھ ھەدىس ئىكەنلىكىدە گەپ يوق. بۇ ھەقتە مۇھەددىسلەر گەرچە گۇناھسىز بولسىمۇ، لېكىن، ئىشەنچلىك ۋە كۈچكە ئىگە بولۇشىدا شۈبھە يوقتۇر. يەنە پەيغەمبىرىمىزنىڭ دەۋاسىنى تەستىق قىلىش ئۈچۈن، بۇنىڭدەك بىر خارىقۇلئادەت بىر ۋەقەنىڭ بارلىقى، ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ زامانىدىن تارتىپ يۈز بېرىپ كەلگەن بىر ئىشتۇر. بۇنى ئىنكار قىلىش، بۇ ھەدىسنى ئاجىز دەپ بىلمەك، بۇنى يىراق سانىماق، بۇ ھەدىس بىلەن مۇھەددىسلەرگە تەنە قىلماق ئورۇنسىزدۇر. بۇ ھەقتە ئىمام بۇخارىدەك مۇھەددىس زاتنىڭ رىۋايىتىگە ئەلۋەتتە ئىشىنىمىز.

جاھىل كاپىرلار بۇ بۈيۈك مۆجىزىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى «ئەبۇ كەبشەنىڭ ئوغلى سىلەرگە سېھرى قىلدى» دېيىشتى. كېيىن ئاللاھ تائالا «(قۇرەيش كۇففارلىرى) بىرەر مۆجىزىنى كۆرسىلا (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈپ، بۇ «داۋاملاشقۇچى سېھىردۇر» دېيىشىدۇ» (قەمەر سۈرىسى 2 ـ ئايەت) دېگەن ئايەت كەرىمنى نازىل قىلدى. كېيىن كاپىرلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشقا مۆجىزىلەرنى تەلەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ غەرىزى مۆجىزە ۋۇجۇدقا كەلسە ئىمان ئېيتىش ئەمەس، بەلكى جاھىللىق، چوڭچىلىق ۋە تەرسالىق

www.islamyoli.net

قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبىرىمىز جانابى ئاللاھتىن ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنى تىلىمىدى ھەم جانابى ئاللاھمۇ بەرمىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ مۆجىزىگە ئىشىنىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى تەستىق قىلىدىغان ئەھۋالى بولغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاينىڭ ئىككى پارچە بولۇشى بىلەن مۇسۇلمان بولغان بولاتتى. بۇ سەۋەبتىن ئۇلارغا: «(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، ‹ئاللاھ پاكتۇر، مەن پەقەت بىر پەيغەمبەر ئىنسانمەن› (ئاللاھنىڭ ئىزنى بولمىسا ھېچ ئادەم بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ)» بەنى ئىسرائىل سۈرىسى 93 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەت كەرىمنى نازىل قىلىپ، جاۋاب بەردى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن تەئەسسۇپ ۋە تەرسالىق يۈزىسىدىن ھەر تۈرلۈك مۆجىزە تەلەپ قىلغاندا، ساھابە كىراملار پەيغەمبىرىمىز دۇئا قىلسا ئۇنىڭغا ئاللاھ ئۇلار تەلەپ قىلغان نەرسىنى ئەلۋەتتە بەرگەن بولاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىمان كەلتۈرسە، ئەجەب ياخشى بولاتتى دەپ ئۈمىد قىلاتتى. جانابى ئاللاھ كاپىرلارنىڭ تەلەپ قىلغان مۆجىزىلىرى كەلتۈرۈلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىمان كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ: «ئى ساھابىلەر! سىلەر مۆجىزە كەلگەن ۋاقىتتىدا ئۇلارنىڭ ئىمان كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى بىلمەيسىلەر» دېگەن ئايەتنى نازىل قىلدى. جانابى ئاللاھ ئۇ كاپىرلاردىن ھېكايە قىلىپ: «ئى ئاللاھ! ئەگەر ئۇشبۇ قۇرئان ياكى مۇھەممەدنىڭ پەيغەمبەرلىكى سېنىڭ يېنىڭدىن كەلگەن ھەق بولسا، بىزنىڭ ئۈستىمىزگە ئاسماندىن تاش ياغدۇرغىن، ياكى ئېغىر ئازاب كەلتۈرگىن» دېدى. ئۇلار ھەق بولسىمۇ بىزلەرگە تاش ياغدۇرغىن دېگەن، ھەق بولسا بىزلەرنى شۇ ھەققە باشلاپ ھىدايەت قىلغىن دېمىگەن بىر قەۋمدىن ئىمان كەلتۈرۈشنى قانداقمۇ ئۈمىد قىلغىلى بولىدۇ؟ بۇرۇندىن تارتىپ پەيغەمبەرلەرنىڭ يولى شۇكى، كاپىرلار تەرسالىق ۋە تەئەسسۇپلۇق يۈزىسىدىن مۆجىزە تەلەپ قىلسا، ئۇلار جانابى ئاللاھتىن ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنى تەلەپ قىلمايدۇ. كۆپىنچە پەيغەمبەرلەر، كاپىرلار ئاد ۋە سەمۇد قەۋمىگە ئوخشاش ھالاك بولمىسۇن دەپ، ئۇلار تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنى ئاللاھتىن تەلەپ قىلمىغان. جانابى ئاللاھ بەنى ئىسرائىل سۈرىسىدە: «بىزنى مۆجىزىلەر ۋە ئايەتلەر ئەۋەتىشتىن ھېچ بىر نەرسە توسقىنى يوق، لېكىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۈممىتى مۆجىزە تەلەپ قىلغاندىن كېيىن، مۆجىزە كەلسە ئىمان كەلتۈرمەي، ھالاك بولۇپ كەتكەنلىكى مەنئى قىلدى. ئۇلارغا تەلەپ قىلغان مۆجىزىلەرنى كەلتۈرسەك ئىمان كەلتۈرمەي ھالاك بولۇپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇلار مۆجىزىنى ئىمان كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەلەپ قىلماي، بەلكى چوڭچىلىق قىلىش ئۈچۈن تەلەپ قىلىدۇ» دېدى. گەرچە ئىنجىل لوقادا 23 ـ ئىسھاھتا زىكرى قىلىنىدۇكى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى ھىردوس ئىسملىك پادىشاھنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلگەندە مەزكۇر ھىردوس ئىيسا ئەلەيھىسسالامدىن مۆجىزە تەلەپ قىلدى. ئۇ مۆجىزىنى پەقەت چوڭچىلىق قىلىپ تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىيسا ئەلەيھىسسالام مۆجىزە كەلتۈرمىدى. ھىردوس شۇنىڭ بىلەن ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى، ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىلگىرىكى دۈشمىنى بولغان پىلاتۇسقا ئەۋەتتى. پىلاتۇس باشتا ئىيسا ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەن بولغان بولسىمۇ، كېيىنكى كۈنلەردە ئىيسا ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتى. مانا بۇ قىسسىدە ئەگەر ھىردوس مەزكۇر مۆجىزىنى ئىمان كەلتۈرۈش ئۈچۈن تەلەپ قىلغان بولسا ئىدى، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ئەلۋەتتە ئۇنى ئاللاھتىن تەلەپ قىلىپ مەيدانغا كەلتۈرگەن بولاتتى.

www.islamyoli.net

پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن سۇ چىقاتتى. ئازغىنا سۇ ئۇ زاتنىڭ مۇبارەك بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىققان سۇ بىلەن كۆپىيىشى، ئۇ زاتنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان مۆجىزىلىرىنىڭ بىرىدۇر. بۇ ۋەقەنى ساھابە كىراملاردىن نۇرغۇن كىشى رىۋايەت قىلىدۇ. ھەزرىتى ئەنەس ئىبنى مالىك ئېيتىدۇ: «بىز بىر سەپەر ئۈستىدە ئىدۇق، ئەسىر ۋاقتى بولغاندا ساھابە كىراملار سۇ تاپالماي قېلىشتى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا تاھارەت ئالىدىغان قاچا كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبىرىمىز مۇبارەك قولىنى مەزكۇر قاچىغا قويۇپ، ساھابىلەرنى تاھارەت ئېلىشقا بۇيرۇدى. مەن شۇ چاغدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن سۇ ئېقىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم، شۇنىڭ بىلەن ساھابىلەر تاھارەت ئېلىشقا باشلىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ بارماقلىرىدىن چىققان سۇ ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە يەتتى. ھەزرىتى ئەنەس بۇ سۆزنى قىلغاندا، سىلەر ئۇ چاغدا قانچە كىشى ئىدىڭلار دەپ سورالدى. ھەزرىتى ئەنەس 300 دىن ئارتۇق ئىدۇق دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد ئېيتىدۇكى، بىز پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرگە ئىدۇق، بىزدە سۇ يوق ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئازراق سۇ تېپىڭلار دېدى. ئۇنىڭ يېنىغا ئازراق سۇ كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇ سۇنى بىر قاچىغا قويۇپ، مۇبارەك بارماقلىرىنى ئۇ سۇغا تىقتى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن سۇ چىقىشقا باشلىدى.

يەنە بىر ھەدىستە ھەزرىتى جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئېيتىدۇكى، ھۇدەيبىيە كۈنى ساھابىلەرگە تەشنالىق يەتكەن ئىدى. ئۇ چاغدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىدا بىر تۇلۇمدا سۇ بار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز بۇ سۇدا تاھارەت ئالدى. ساھابىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كېلىپ: «بىزدە بۇ تۇلۇمدىكى سۇدىن باشقا سۇ يوق» دېيىشتى. پەيغەمبىرىمىز مۇبارەك قولىنى تۇلۇمغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن بۇلاقتەك سۇ ئېقىشقا باشلىدى. ھەزرىتى جابىر بۇ سۆزنى ئېيتقاندا ئۇنىڭدىن سىلەر ئۇ چاغدا قانچە كىشى ئىدىڭلار دەپ سورالدى. ھەزرىتى جابىر: «ئەگەر بىز ئۇ چاغدا يۈزمىڭ كىشى بولغان بولساقمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن چىققان سۇ يەتكەن بولاتتى. ئەمما، بىز ئۇ چاغدا مىڭ بەش يۈز كىشى ئىدۇق» دېدى. ھەزرىتى مۇئاز ئىبنى جەبەل ئېيتىدۇكى، ساھابە كىراملار تەبۇك ئۇرۇشىغا كېتىۋاتقاندا يولدا بىر بۇلاققا يېتىپ كەلدى، ئۇ بۇلاقنىڭ سۈيى كۆز يېشىدەك ناھايىتى ئاز ئىكەن. ساھابە كىراملار ئۇ بۇلاقنىڭ سۈيىدىن ئالقىنى بىلەن بىر قاچىغا ئېلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇ سۇدا ئۆزىنىڭ مۇبارەك قولىنى ۋە يۈزىنى يۇيۇپ، قاچىدا قالغان سۇنى ئۇ بۇلاققا تۆكتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بۇلاقتىن بۇلدۇقلاپ سۇ ئېقىشقا باشلىدى. ساھابە كىراملار ئۇ بۇلاقنىڭ سۈيىدىن ئۆزلىرى ئىچىپ، ئۇلاغلىرىنى سۇغاردى.

يەنە ھەزرىتى ئەبۇ قەتادەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ساھابە كىراملار ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرگە بولغان سەپەرلىرىنىڭ بىرىدە پەيغەمبىرىمىزگە تەشنالىقتىن شىكايەتتە بولغان. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز تاھارەت ئالىدىغان قاچىنى قولتۇقىغا قىسىپ قاچىنىڭ ئاغزىنى ئۆزىنىڭ ئاغزىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن ساھابە كىراملار كېلىپ ئۇنىڭدىن بولدى دېگۈچە ئىچىپ، قاچىلىرىنى تولدۇرۇۋالدى. مەزكۇر قاچىدىكى سۇ يەنە ئاۋۋالقى ھالىتى بىلەن تۇراتتى. ئۇلارنىڭ سانى 72 كىشى ئىدى. مانا بۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن قىسسىلەر ساھابە كىراملاردىن راست سەنەد بىلەن كۆپ رىۋايەت قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۇئاسىنىڭ بەرىكىتى بىلەن ئازغىنا تائامنىڭ كۆپ بولۇشى ئۇ زاتنىڭ مۆجىزىلىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ھەزرىتى تەلھە رىۋايەت

www.islamyoli.net

قىلىدۇكى، ھەزرىتى ئەنەس قولتۇقىدا ئازغىنا نان بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالامنىڭ قېشىغا كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالام ئۇ ناننى پارچىلاپ 70 كىشىگە يەنە بىر رىۋايەتتە 80 كىشىگە بەردى. ئۇالرنىڭ ھەممىسى تويدى. مانا بۇ ئازغىنا نان بىلەن 70، 80 كىشىنىڭ تويغىنى ئۇ زاتنىڭ ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنىڭ بىر بۇرھاندۇر. ھەزرىتى جابىر ئېيتىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالامنى خەندەك كۈنى بەش - ئالتە كىشى بىلەن زىياپەت قىلاي دېگەن نىيەت بىلەن، بىر ئوغالق سويۇپ، بەش يېرىم جىڭ مىقدارى ئارپىدا نان يېقىپ، ئۆيۈمگە چاقىردىم. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالام مىڭغا يېقىن كىشى بىلەن كەلدى. ھەممىسى تويغۇچە يېدى. يەنە قازىنىمىز ئاۋۋالقى ھالىتى بىلەن قالدى. ئارپا خېمىرىمۇ ئۆز پېتى تۇراتتى. مانا بۇ ۋەقەلەرمۇ، ئۇ زاتنىڭ پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەلىلىدۇر. ھەزرىتى ئەبۇ ئەييۇپ ئېيتىدۇكى، مەن پەيغەمبىرىمىز بىلەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى ئۈچۈن ئىككى كىشىلىك تائام ھازىرلىغان ئىدىم، بۇ ئىككى كىشىلىك تائام بىلەن 180 كىشى تويدى. مانا بۇنىڭغا ئوخشاش خارىقۇلئادەت مۆجىزىلەر ئابدۇررامان ئىبنى ئەبى بەكرى، سەلمە ئىبنى ئەكۋە، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ۋە ئەنەس ئىبنى مالىكقا ئوخشاش بۈيۈك ساھابىلەردىن غۇبارسىز سەنەدلەر بىلەن رىۋايەت قىلىنىدۇ. بىر دەرەخنىڭ پەيغەمبىرىمىزنىڭ پىراقىغا تاقەت قىاللماي، ناله قىلغىنى ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە زور بىر دەلىلدۇر. ھەزرىتى جابىر ئىبنى ئابدۇلالھ ئېيتىدۇكى، مەسجىدنىڭ تۈۋرۈكلىرى خورما ياغىچىدىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالام خۇتبە ئوقۇغاندا ئۇ تۈۋرۈكلەرنىڭ بىرىگە يۆلىنىپ تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇيتتى. مۇنبەر ياسىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالام مەزكۇر ياغاچنى تاشالپ، مۇنبەرگە چىقىپ خۇتبە ئوقۇغاندا، مەزكۇر ياغاچ ناله قىلغان، ھەتتا ئۇن ئايلىق بوغاز تۆگە يىغلىغاندەك ئۈن سېلىپ يىغلىغان ئىدى. ھەزرىتى ئەنەس ئېيتىدۇكى، مەسجىد ئۇ ياغاچنىڭ نالىسى بىلەن مۇزتەرىب بولدى. ھەزرىتى سەھلى ئېيتىدۇكى، ساھابىلەر بۇ ياغاچنىڭ نالىسىنى كۆرۈپ ئۇالرمۇ يىغالپ كەتتى. ھەزرىتى مۇتەللىپ ئېيتىدۇكى، مەزكۇر ياغاچ يېرىلدى، ھەتتاكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالام مۇبارەك قولىنى ئۇ ياغاچنىڭ ئۈستىگە قويدى. شۇنىڭ بىلەن ياغاچ شۈك بولۇپ قالدى. يەنە بىر كىشى ئېيتىدۇكى، مەزكۇر ياغاچ ناله قىلغاندا، پەيغەمبىرىمىز بۇ ياغاچ زىكرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا ھەسرەتلىنىپ يىغاليدۇ دېگەن. يەنە بىرەيلەن ئېيتىدۇكى، «پەيغەمبىرىمىز ئەگەر مەن شۇ ياغاچنى قۇچاقالپ قويمىغان بولسام، ئۇ تا قىيامەتكە قەدەر يىغالپ، ئالالھ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ پىراقىدىن ھەسرەت چېكىپ، ناله قىالتتى دېدى.» كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالام ئۇ ياغاچنى مۇنبەرنىڭ ئاستىغا دەپنە قىلىشقا بۇيرۇدى. مانا بۇ ھەدىسنى ئەھلى تەھقىقلەردىن، ساھابە كىرامالردىن، تابىئىنالردىن بولۇپ نۇرغۇن كىشىلەر رىۋايەت قىلغان. مۆجىزە ھەققىدە رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر غۇبارسىز سابىتتۇر ۋە راۋىلەر غايەت دەرىجىدە ئاساسقا ئىگىدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالامنىڭ كېسەللەرنى ساقايتىشىدەك بىر قانچە مۆجىزىلىرىمۇ ئۇ زاتنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە روشەن دەلىلدۇر. ھەزرىتى قەتادە ئىبنى نوئماننىڭ بىر كۆزى ئۇھۇد ئۇرۇشىدا كاپىرالر تەرىپىدىن تەككەن ئوق سەۋەبى بىلەن قۇيۇلۇپ كەتكەن ئىدى. ھەتتا كۆزنىڭ قارىسى يۈزىگە ساڭگىالپ قالغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالام ئۇنىڭ كۆزىنى مۇبارەك قولى بىلەن ئۆز ئورنىغا قويۇپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى قەتادەنىڭ بۇ كۆزى يەنە بىر كۆزىگە قارىغاندا تېخىمۇ ياخشى كۆرىدىغان بولغان. مەالئىبۇلئەسنەنىڭ ئوغلى ئىغىر كېسەل

www.islamyoli.net

بولۇپ يېتىپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر كىشنى ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇبارەك قولىغا بىر ئوچۇم تۇپراقنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا تۈكۈرۈپ ھېلىقى كىشىگە بەردى. ھېلىقى ئادەم تۇپراقنى ئېلىپ كېسەلنىڭ يېنىغا كەلگەندە كېسەل سەكرات ئۈستىدە جان تالىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا ھېلىقى تۇپراقنى چايقاپ ئىچۈرگەندىن كېيىن، جانابى ئاللاھ ئۇنىڭغا شىپالىق ئاتا قىلدى. خەيبەر ئۇرۇشىدا بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەگە: «مەن ئەتە بايراقنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنى دوست تۇتىدىغان، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىمۇ ئۇنى دوست تۇتىدىغان بىر كىشىگە تۇتقۇزىمەن» دېگەن. بۇ كېچىسى مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنىڭ ھەممىسى بايراقنى ماڭا بەرسە ئىكەن دەپ ئارزۇ قىلغان. ھەتتاكى ھەزرىتى ئۆمەر: «مەن ئۆمرۈمدە ھېچ قاچان ئەمىر بولۇشنى ئارزۇ قىلمىغان، ئەمما شۇ كېچىسى ئارزۇ قىلغان ئىدىم» دەيدۇ. ئەتىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئەلىنى سورىدى. ئۇ كۈنى ھەزرىتى ئەلىنىڭ كۆزى ئاغرىپ قالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام  ھەزرىتى ئەلىنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. ھەزرىتى ئەلى كەلگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئىككى كۆزىگە تۈكۈرۈۋېدى، جانابى ئاللاھ ئۇنىڭ كۆزىگە شىپالىق ئاتا قىلدى. خۇددى ئەسلا كۆزى ئاغرىمىغان كىشىدەك بولۇپ كەتتى. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بايراقنى ھەزرىتى ئەلىگە بەردى. مانا شۇنىڭدەك  نۇرغۇن پەۋقۇلئاددە ئىشلار رىۋايەت قىلىنغان. بۇ يەردە كۆپرەك بايان قىلاي دېسەم، قەلەم، تىلىم ئۇ مۆجىزىلەرنى ساناپ بولۇشقا ئاجىز كەلدى. جانابى ئاللاھ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئالامەت قىلىپ ئۇنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت قىلىنىشىدەك بىر مۆجىزىنىمۇ بەرگەن. ھەزرىتى ئەنەس ئېيتىدۇكى، مېنىڭ ئانام ئۇممى سەلىمە: «ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئەنەس بولسا سېنىڭ خىزمەتكارىڭدۇر. ئۇنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلغان بولساڭ» دېگەندە، پەيغەمبىرىمىز: «ئى ئاللاھ! ئەنەسنىڭ مېلىنى ۋە بالىلىرىنى كۆپ قىلغىن، ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان نەرسىلىرىڭگە بەرىكەت بەرگىن» دەپ دۇئا قىلدى. ھەزرىتى ئەنەس دەيدۇكى، «ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مال ـ مۈلكۈم ناھايىتى كۆپتۇر، بالىلىرىم ۋە نەۋرىلىرىم ھازىر يۈزگە يېتىدۇ.» پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋپىنىڭمۇ بەرىكەت تېپىشىغا دۇئا قىلغان. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭ تۆت ئايالى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە سەكسەن مىڭ تىللادىن مىراس قالغان ئىدى. ئۇ زات بىر قېتىمدا يەتتە يۈز تۆگىنى ئۈستىدىكى ماللىرى ۋە جابدۇقلىرى بىلەن سەدىقە قىلغان. پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇئاۋىيەگە پادىشاھلىق بىلەن دۇئا قىلغان، شۇنىڭ بىلەن مۇئاۋىيە خەلىپىلىككە ئېرىشكەن. شۇنىڭدەك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى سەئدكە دۇئاسى ئىجابەت بولۇشقا دۇئا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى سەئد دۇئاسى ئىجابەت بىر ساھابە بولغان. دېمەك، پەيغەمبىرىمىز ھېچقانداق بىر كىشىنىڭ  پايدىسى ياكى زىيىنىغا دۇئا قىلمايتتى، ئەگەر دۇئا قىلسا ئۇ زاتنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولاتتى. قىسقىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولۇشىنىڭ بايانى ئادەتتىن تاشقىرى، ھېسابتىن ئۈستۈن ۋە  كىتابنىڭ ئۆز ئىچىگە ئېلىپ بولۇشى مۇمكىن ئەمەستۇر. بۇ ھەقتە زىكىر قىلىنغان ئۆرنەكلەردە ئەقىل ئىگىلىرىگە ئىبرەت ھاسىلدۇر.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۆجىزىسىنى پەقەت قۇرئان كەرىمگە قىسقارتىپ، قۇرئان كەرىمدىن باشقا مۆجىزە يوق، ئۇنىڭدىن مۆجىزىلىك ئالامەتلەر سادىر بولغان ئەمەس دېيىش ۋە بۇ: (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى،

www.islamyoli.net

«ئاللاھ پاكتۇر، مەن پەقەت بىر پەيغەمبەر ئىنسانمەن (ئاللاھنىڭ ئىزنى بولمىسا ھېچ ئادەم بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ)» (بەنى ئىسرائىل سۈرىسى 93 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) «(قۇرەيش مۇشرىكلىرى تەلەپ قىلغان) مۆجىزىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرمەسلىكىمىز پەقەت بۇرۇنقىلار (يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭ) مۆجىزىلەرنى يالغانغا چىقارغانلىقى ئۈچۈندۇر» (بەنى ئىسرائىل سۈرىسى 59 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى) دېگەن ئايەتنى دەلىل قىلىش، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان مۇتەۋاتىر رىۋايەتلەر بىلەن كەلگەن سەھىھ ھەدىسلەرنى ئىنكار قىلغانلىقنىڭ ھەم پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەرتىۋە ۋە ماقامىنى لايىقىدا ئۆلچىيەلمىگەنلىكىنىڭ ئالامىتىدۇر. شۇنداق، قۇرئان كەرىم ئۆزى يالغۇز پەيغەمبىرىمىزنىڭ بەر ھەق پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك. بەلكى ئۇ زاتنىڭ ئەخلاقى، ھاياتى ۋە كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسى ئۇ زاتنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دەلىل بولۇپ يېتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنى ئۇ زاتنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە دەلىل قىلغان. ساھابە كىراملاردىن بىر نەچچە كىشى پەقەت ئۇ زاتنىڭ چىرايىغا قاراپلا ھېچ بىر مۆجىزە تەلەپ قىلماي مۇسۇلمان بولغان. ھەتتاكى، بەزى كىشىلەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ، ئۇ زاتنىڭ چىرايىغا قاراپ، بۇ زاتنىڭ چىرايىدا يالغانچىلىقنىڭ ئالامىتى كۆرۈنمەيدىكەن دەپ مۇسۇلمان بولغان. ئەسلىدە پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە مۆجىزە بولۇش ئۈچۈن، ئۇ زاتنىڭ گۈزەل ئەخلاقى يېتەرلىك بولسىمۇ، ئاللاھ تائالا يەنىلا بۇرۇنقى ۋە كېيىنكىلەرنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەتلىرىگە ئالاقىدار، دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە مەنپەئەتلىك ئىلمىي ۋە ئەمەلىي بولغان ئەڭ مۇقەددەس كىتاب قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلدى. بۇ قۇرئان كەرىم بولسا دەر ھەقىقەت، مۆجىزىلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ كاتتىسى ۋە ھەممىنىڭ ئۇلۇغىدۇر. سەركەشتە ۋە ھاكاۋۇرلارنىڭ يولىنى ئۈزگەرتىدىغان، ئۇلارنى خىجالەتتىن قىزارتىپ، پېشانىلىرىنى تەرگە پاتۇرىدىغان كاتتا مۆجىزە ئۇشبۇ قۇرئاندۇر. شۇڭا قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىكىدىن، كائىناتتا ئۇنىڭدىن باشقا مۆجىزىلەرنىڭ بولماسلىقى لازىم كەلمەيدۇ.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى

پەيغەمبىرىمىزنىڭ نىكاھلاپ ئالغان ئايالى ئون بىر بولۇپ، بۇلار، خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد، سەۋدە بىنتى زەمئە، ئائىشە بىنتى ئەبى بەكرى، ھەپسە بىنتى ئۆمەر، زەينەپ بىنتى خۇزەيمە، ئۇممى سەلىمە ھىند بىنتى ئەبى ئۇمەييە، زەينەپ بىنتى جەھشى، جۇۋەيرە بىنتى ھارىس، ئۇممى ھەبىبە رەملە بىنتى ئەبى سۇفيان، سەپىيە بىنتى ھەيي ئىبنى ئەختەب، مەيمۇنە بىنتى ھارىس قاتارلىقلار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز بۇلارنىڭ ئىچىدىن ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزدىن باشقىسى بىلەن قىز ئۆيلەنمىگەن. پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۇنجى ئۆيلەنگەن ئايالى ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىز ئىدى. پەيغەمبىرىمىز خەدىچە ئانىمىز بىلەن تۇرمۇشقا چىققاندا 25 يېشىدا، خەدىچە ئانىمىز 40 ياشتا ئىدى. پەيغەمبىرىمىز خەدىچە ئانىمىز ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچ بىر ئايال بىلەن ئۆيلەنمىگەن. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىبراھىم ئىسىملىك ئوغلىدىن باشقا باللىرىنىڭ ھەممىسى خەدىچە ئانىمىزدىن بولغان ئىدى. خەدىچە ئانىمىز بولسا جاھىلىيەت زامانىدا ئىنتايىن ئەقىللىق ۋە ئىپپەت ـ نومۇسچانلىقى بىلەن تونۇلغان كاتتا باي ئايال ئىدى. بۇ زات ئىسلامنى تارقىتىش ۋە پەيغەمبىرىمىزنى قوغداش يولىدا غايەت زور كۈچ

www.islamyoli.net

چىقارغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام ئەھلى بۇ زاتنىڭ ئىسمىغا «ئەلكۇبرا» دېگەن سۈپەتنى قوشۇپ ئاتايدۇ. ئانىمىز خەدىچەتۇلكۇبرا پەيغەمبىرىمىز بىلەن يىگىرمە بەش يىل سائادەتمەن تۇرمۇشتا ياشاپ، ئاتمىش بەش يېشىدا بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشقان. ئۇ زات مەككە مۇكەررەمەدە جۇھۇن دېگەن يەرگە دەپنە قىلىنغان. پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭ ۋاپاتىغا ناھايىتى قايغۇرغان. ئۇ زات ۋاپات قىلغاندىن كېيىنمۇ پەيغەمبىرىمىز ھەر دائىم ئۇنى ئەسلەپ تۇراتتى. ئۇ زاتنىڭ يېقىن - يورۇق، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا يېقىندىن ئىلتىپاتتا بولاتتى. بىر كۈنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھۇزۇرىغا ئۇ زاتنىڭ بىر تۇغقىنى ھالە كەلگەندە، پەيغەمبىرىمىز «ھالە كەپتۇ» دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆزى چىققانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. پەيغەمبىرىمىز قوي تەقسىم قىلغاندا ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىزنىڭ يېقىن يورۇقلىرىغىمۇ بېرەتتى. بىرەر يەردىن ھەدىيە كېلىپ قالسا، «بۇنى پالانى خاتۇنغا ئاپىرىپ بېرىڭلار، ئۇ ئايال خەدىچەنىڭ دوستى ئىدى» دەيتتى. بىر قېتىم پەيغەمبىرىمىز خەدىچە ئانىمىزنىڭ گېپىنى قىلغاندا، ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزنىڭ كۆڭلۈكى كېلىپ، پەيغەمبىرىمىزگە: «ئاللاھ سىلىگە ئۇ ئايالدىن ياخشى ئاياللارنى بەرگەن تۇرۇقلۇق يەنە ئۇ ئايالنىڭ گېپىنى ئېغىزلىرىدىن چۈشۈرمەيلا» دېگەن. پەيغەمبىرىمىز ئائىشە ئانىمىزنىڭ بۇ سۆزىگە بىر ئاز كايىپ: «خەدىچەدىن ئارتۇق ئايال يوق، ھېچكىم ماڭا ئىشەنمىگەندە، ئۇ ئىشەنگەن، ھېچكىم ئىمان كەلتۈرمىگەندە، ئۇ ئىمان كەلتۈرگەن، مۇشرىكلار ماڭا قارشى چىققاندا ئۇ مېنى ھەر تەرەپتىن قوغداشقا تىرىشقان ۋە زور ياردەمدە بولغان، باشقا ئاياللىرىمدىن كۆرمىگەن بالىلىرىمنى ئۇنىڭدىن كۆردۈم» دېگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىز ھەققىدە گەپ قىلمايدىغان بولغان ئىدى. خەدىچە ئانىمىز پەيغەمبىرىمىزگە ياتلىق بولۇشتىن بۇرۇن، ئەتىق ئىبنى ئائىز ئىسىملىك بىر كىشىگە ياتلىق بولغان ئىدى. ئەتىق ئىبنى ئائىزدىن كېيىن ئەبۇ ھالىنىڭ نىكاھىدا بولغان. ئەبۇ ھالىدىن ھىند ۋە ھالە دەپ ئىككى ئوغلى بار ئىدى. ئەتىقتىن ھىند ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىدى.

ھەزرىتى ئانىمىز سەۋدە بىنتى زەمئە بولسا، ئەسلىدە سەكران ئىبنى ئەمرىنىڭ نىكاھىدا بولۇپ، ئۇ زات يولدىشى سەكران بىلەن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىپ بارغان ئىدى. ئۇلار كېيىن ھەبەشىستاندىن مەككىگە قايتىپ كېلىشتە ھەزرىتى سەكران يولدا ۋاپات بولۇپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئانىمىز ھەزرىتى سەۋدەنى مۇشرىكلاردىن ھىمايە قىلىدىغان، تۇرمۇش ئەھۋالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ھېچ كىشى يوق، ئىگە چاقىسىز قالغان. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلىنىپ، ئۆز ھىمايىسىگە ئالغان. ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيلەنگەن ئايالى ھەزرىتى سەۋدە ئانىمىز ئىدى. ئۇ زات ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ۋاپات بولغان.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى سەۋدە ئانىمىزدىن كېيىن ھەزرىتى ئائىشە بىلەن ئۆيلەنگەن ئىدى. بۇ زات ئون سەككىز يېشىدا پەيغەمبىرىمىزدىن ئايرىلىپ قالغان. ھىجرەتنىڭ 51 - يىلى ئاتمىش ئالتە يېشىدا ۋاپات بولغان. ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز بولسا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە ئەڭ ئالىمراقى ئىدى. ئۇ پەيغەمبىرىمىزدىن نۇرغۇن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. بۈيۈك پىقھى ئالىملىرى ئۆزلىرى چىقىرالمىغان بىر قىسىم مەسىلىلەرنى كېلىپ ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزدىن سورايتتى.

www.islamyoli.net

ھەزرىتى ئانىمىز ھەپسىگە كەلسەك، ئۇ زات ئىلگىرى ھەزرىتى خۇنەيس ئىبنى ھۇزاپە دېگەن كىشىنىڭ نىكاھىدا ئىدى. بۇ كىشى بەدرى ئۇرۇشىدا شېھىد بولغاندىن كېيىن، ھىجرەتنىڭ ئۈچىنچى يىلى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى ھەپسە ئانىمىزنى ئۆز ئەمرىگە ئالغان ئىدى. بۇ زات ھىجرەتنىڭ 45 ـ يىلى ئاتمىش يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئانىمىز ھەزرىتى زەينەپ بىنتى خۇزەيمەگە كەلسەك، ئىبنۇل ئەسىر ئۆزىنىڭ «ئۇسدۇلغابە» دېگەن كىتابىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ زاتقا ئۆيلىنىشتىن ئىلگىرى ئۇ زاتنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشىنىڭ نىكاھىدا ئىكەنلىكىنى يازىدۇ. ئەمما، «كامىل» ئىسىملىك كىتابقا قارىغاندا، تۇپەيل ئىبنى ھارىسنىڭ نىكاھىدا ئىدى. ئىبنى ھىشامنىڭ «ئەسسىرە» ناملىق كىتابىغا قارىغاندا ئۇبەيدە ئىبنى ھارىسنىڭ نىكاھىدا ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

ئەمما، بىز ئۇ زاتنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ياتلىق بولۇشتىن بۇرۇن ئابدۇللاھ ئىبنى جەھشىنىڭ نىكاھىدا ئىكەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇپ سۆزىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز. ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش ئۇھۇد ئۇرۇشىدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھەزرىتى زەينەپ ئانىمىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرىنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. بۇ زات غېرىپ ۋە مىسكىنلەرگە ناھايىتى مەرھەمەتلىك بولغان سەۋەبتىن «ئۇممۇلمەساكىن» يەنى مىسكىنلەرنىڭ ئانىسى دەپ مەشھۇر ئىدى. ئۇ زات پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆيلىنىپ، ئىككى ـ ئۈچ ئايدىن كېيىن ۋاپات بولغان.

ئانىمىز ھەزرىتى ئۇممى سەلىمە بولسا، بۇ زات مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى قاتارىغا قوشۇلۇشتىن بۇرۇن، ئەبۇ سەلىمەنىڭ نىكاھىدا ئىدى. ئەبۇ سەلىمە ھىجرەتنىڭ 4 ـ يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئۇممى سەلىمە ئانىمىز مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى بولۇش شەرىپىگە مۇشەررەپ بولغان ئىدى. ئۇممى سەلىمە ئانىمىز ھىجرەتنىڭ 63 ـ يىلى سەكسەن تۆت يېشىدا بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشقان. بۇ زات پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە ھەممىدىن كېيىن ۋاپات قىلغان زاتتۇر.

زەينەپ بىنتى جەھش بولسا، ئەسلىدە زەيد ئىبنى ھارىسنىڭ ئايالى ئىدى. ھەزرىتى زەيد ئىبنى ھارىس بىلەن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ھەزرىتى زەينەپ ئانىمىز، ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. بۇ زات ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئايالى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى. ئۇ ئىنتايىن سېخى ئىدى. دائىم غېرىپ ـ مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلاتتى. ئۇ زات ھىجرەتنىڭ 20 ـ يىلى ئەللىك ئۈچ يېشىدا ۋاپات قىلغان. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە پەيغەمبىرىمىزدىن كېيىنلا ۋاپات قىلغان زات مۇشۇ ئىدى.

جۇۋەيرە بىنتى ھارىس بولسا، «مۇرسى» ئۇرۇشىدا ئەسىرگە ئېلىنغان ئىدى. ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئازات قىلىپ، ئۆز نىكاھىغا ئالغان. ئۇ زاتنىڭ دەسلەپكى ئىسمى بۇررە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئىسمىنى جۇۋەيرىيەگە يۆتكەپ قويغان. بۇ زات ھىجرەتنىڭ 56 ـ يىلى ئاتمىش بەش يېشىدا ۋاپات بولغان ئىدى. ئۇ زات پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئايالى بولۇشتىن ئىلگىرى مەساپى ئىبنى سەپۋاننىڭ نىكاھىدا ئىدى.

ئۇممۇ ھەبىب بولسا، بۇرۇن ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى جەھشىنىڭ نىكاھىدا بولۇپ، ئۇ كىشى ھەبەشىستاندا ناسارا بولۇپ كېتىپ، كېيىن شۇ يەردە ۋاپات بولغان. ھىجرەتنىڭ يەتتىنچى يىلى پەيغەمبىرىمىز ھەبەشىستاننىڭ پادىشاھى نەجاشى ۋاستىسى بىلەن ئۇنى ئۆز نىكاھىغا ئالغان. ئۇ زات ھىجرەتنىڭ 44 ـ يىلى ۋاپات قىلغان.

ئانىمىز ھەزرىتى سەپىيەگە كەلسەك، ئۇ خەيبەر ئۇرۇشىدا ئەسىرگە ئېلىنغان ئىدى. كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئۇ زاتنى ئازات قىلىپ، ئۆز نىكاھىغا ئالغان. ئۇ زات ئىلگىرى سالام ئىبنى مەسكەمنىڭ نىكاھىدا ئىدى. ئۇ زات مەزكۇر سالام ئىبنى مەسكەمگە ياتلىق بولۇشتىن بۇرۇن، كەنانە ئىبنى رەبىئنىڭ نىكاھىدا ئىدى. ئۇ زات ھىجرەتنىڭ 50 ـ يىلى مەدىنە مۇنەۋۋەردە ۋاپات قىلدى.
ھەزرىتى ئانىمىز مەيمۇنە بولسا، ئۇ زات ئەبۇ دەھم ئىبنى ئابدۇلئۇززانىڭ ئايالى ئىدى. ھەزرىتى مەيمۇنە ئانىمىز ھىجرەتنىڭ 7 ـ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرە قىلىش ئۈچۈن مەككىگە بارغاندا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرى قاتارىغا قوشۇلغان. بۇ زات پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئۆيلەنگەن ئايالى ئىدى. ئۇ زات ھىجرەتنىڭ 51 ـ يىلى دۇنيادىن ئايرىلىپ، سىرف ئىسىملىك يەرگە دەپنە قىلىنغان. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرىدىن ھەزرىتى خەدىچە، سەۋدە، ئائىشە، ھەپسە، ئۇممى سەلىمە، ئۇممى ھەبىبە قۇرەيش قەبىلىسىدىن ئىدى. سەپىيە بولسا يەھۇدىيلاردىن ئىدى. قالغانلىرى باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىدىن ئىدى.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر نەچچە ئايال بىلەن ئۆيلىنىشىنىڭ ھېكمىتى

پەيغەمبىرىمىز ياشلىق دەۋرىدە ھەزرىتى ئانىمىز خەدىچەدىن باشقا ئايال بىلەن ئۆيلەنمىگەن. خەدىچە ئانىمىز پەيغەمبىرىمىزگە ياتلىق بولغاندا قىرىق ياشتا، پەيغەمبىرىمىز بولسا يىگىرمە بەش ياشتا ئىدى. پەيغەمبىرىمىز قىرىق ياشقا كىرىپ، پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى بىلەن شەرەپلەنگەندە، ئۇ زات بىلەن مۇشرىكلار ئارىسىدا ھەقىقەت كۈرىشى بولۇش جەريانىدا پەيغەمبىرىمىز بىر نەچچە خوتۇن بىلەن ئۆيلەنگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىزدىن باشقا ئاياللىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ يېشى چوڭ ۋە بالىلىق ئاياللار ئىدى. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلار بىلەن تۇرمۇش قۇرۇشىنىڭ سەۋەبى ھاۋايى ـ ھەۋەستىن بولماي، بەلكى بەزىلىرى باشقا قەبىلىلەر بىلەن ئۆز مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش يۈزىسىدىن ئىدى. مەسىلەن: بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىنىڭ ئىككى يۈز ئادىمى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابە كىراملارنى ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن ئۇ ئەسىرلەرنى ئازات قىلدۇرۇش ئۈچۈن، پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ كاتتىسى ھارىسنىڭ قىزى ئانىمىز ھەزرىتى جۇۋەيرىيە بىلەن ئۆيلەنگەن. بۇنى كۆرگەن ساھابە كىراملار ھەممىسى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئايالىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ۋە قەۋمىنى بىزنىڭ ئەسىر قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇشىمىز توغرا ئەمەس دەپ ھەممىسى ئۆزلىرىگە تەقسىم بولغان ئەسىرلىرىنى ئازات قىلىۋەتكەن.
پەيغەمبىرىمىزنىڭ بەزى ئاياللىرى بىلەن ئۆيلىنىشى، ئۇلار ئىسلامنىڭ باشلىنىش دەۋرىدە ئۆز ئەرلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىمانىنى قوغداش ئۈچۈن باشقا يەرلەرگە ھىجرەت قىلىپ بېرىپ، كېيىن ئۇ يەرلەردە ئەرلىرى كېسەل سەۋەبى ياكى كاپىرلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا شېھىد بولۇپ، تۇل قالغان ئىگە ـ چاقىسىز ئاياللار بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز ئۇلارغا شەپقەت قىلىپ ئۆز نىكاھىغا ئالغان.
مەسىلەن، ھەزرىتى ئۇممى سەلىمە ئانىمىز بۇنىڭ بىر مىسالى. بولمىسا ئۇممۇ سەلەمە ئانىمىز يېشىمۇ چوڭ ۋە بىر نەچچە بالىلىرى بار ئايال ئىدى.

www.islamyoli.net

پەيغەمبىرىمىز بەزى ئاياللىرى بىلەن كىشىلەرنى شەرىئەت قانۇنلىرىغا بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئۆيلەنگەن ئىدى. مەسىلەن، ئەرەبلەرنىڭ ئادىتىدە بېقىۋالغان بالا ئۆز بالىسى دەپ قارىلاتتى. ئۇنىڭ ئايالى ئۆز پۇشتىدىن بولغان بالىسىنىڭ ئايالىغا ئوخشاش هارام دەپ قارىلاتتى. بېقىۋېلىنغان بالا ئۆز بالىسىدەك هوقۇققا ئىگە ئىدى. بۇ نا توغرا ئېتىقادنى جەمئىيەتتىن چىقىرىپ تاشلاش ئۈچۈن، پەيغەمبىرىمىز، ئۆزى بېقىۋالغان هەزرىتى زەيد ئۆيلىنىپ، كېيىن ئايرىلىپ كەتكەن ئانىمىز هەزرىتى زەينەپنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىپ، ئەرەبلەرنىڭ قەلبىگە تاشتەك ئورناپ كەتكەن بۇ ئادەتنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا قەدەم باسقان ئىدى.
پەيغەمبىرىمىز بەزى ئاياللىرىنى دوستلىرىنىڭ كۆڭلىنى دەپ، ئۇلارنى نارازى قىلماسلىق ئۈچۈن ئالغان. مەسىلەن، هەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ قىزى هەزرىتى ئائىشە ئانىمىز بىلەن هەزرىتى ئۆمەرنىڭ قىزى هەزرىتى هەپسە ئانىمىز بۇنىڭ ئۆرنەكلىرىدىن بىرىدۇر. دېمەك، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرىنىڭ كۆپ بولۇشىدا يەنە بۇنىڭدىن باشقا ئومۇمنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن نۇرغۇن هېكمەتلەر بار. چۈنكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىدە كۆپ ئايال بولسا، شەرىئەت ئەهكاملىرىنى، بولۇپمۇ ئاياللارغا خاس ئەهكاملارنى ئۆگىنىپ، باشقا خوتۇنلارغا يەتكۈزىدۇ. چۈنكى ئاياللار ئۆزلىرىگە خاس مەسىلىلەرنى كېلىپ پەيغەمبىرىمىزدىن سوراشقا تارتىنىپ قېلىپ، ئۇلارغا پايدىلىق مەسىلىلەر ئېنىقلانماي قالغان بولاتتى. مانا بۇ ئەهكاملارنىڭ باشقا ئاياللارغا يەتكۈزۈلۈشى ئۈچۈن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرى ئەڭ ياخشى ۋاستە بولغان. ئەگەر پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرى بىر ياكى ئىككى بولۇپ قالسا ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا ئالاقىدار مەسىلىلەرنى يەتكۈزۈشى مۇمكىن بولمىغان بولاتتى. مانا بۇ هېكمەتلەرگە بىنائەن پەيغەمبىرىمىز بىر نەچچە ئايال بىلەن ئۆيلەنگەن.
ئىسلام دۈشمەنلىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ كۆپ ئۆيلەنگەنلىكىگە تەنە قىلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئارقىسىدىن ئۇ زاتقا لايىق بولمىغان گەپلەرنى قىلغان. ئەمما، ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىمىز هەققىدە ئېيتقانلىرىنىڭ هەممىسى تۆهمەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەزكۇر خوتۇنلار بىلەن ئۆيلىنىشى ئۇلار ئېيتقاندەك نەپسىگە بېرىلىشتىن بولغان بولسا ئىدى، نېمە ئۈچۈن مەككىدىكى چېغىدا، ياشلىق دەۋرىدە ئۆزىدىن ئون بەش ياش چوڭ بىر ئايال بىلەن ئۆيلىنىپ، باشقا ئايال بىلەن ئۆيلەنمىگەن؟ ئۇ چاغلاردا ئەرەبلەرنىڭ ئادىتىدە بىر نەچچە خوتۇن ئېلىش ئادەتتىكى بىر ئىش ئىدىغۇ! پەيغەمبىرىمىز هەزرىتى خەدىچە ئانىمىزنىڭ ئۈستىگە ئۆزى خاهلىغان قىز بىلەن ئۆيلەنسە ئۆيلىنەلەيتتى. چۈنكى ئۇ زات قىرىق ياشقا كىرىپ، پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن، پۈتۈن قۇرەيش ئەرەبلىرى ئۇ زاتنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى ۋە هۆرمەت قىلىپ «مۇهەممەد ئەمىن» دەپ ئاتىشاتتى. مانا مۇشۇنداق هېچ بىر تۇسالغۇسىز تۇرۇقلۇق، ئۇ زات ئۆزىدىن چوڭ بىر ئايالغا رازى بولغان ئىدى. بۇنى قانداقمۇ نەپسىگە بېرىلگەن دېگىلى بولىدۇ؟!
پەيغەمبىرىمىزنىڭ خەدىچە ئانىمىزدىن باشقا ئون ئايال بىلەن ئۆيلىنىشى ئۇ زاتنىڭ ئەللىك بىلەن ئاتمىش ياش ئارىسىدا بولغان. ئۇ زاتنىڭ ئۇلار بىلەن ئۆيلىنىشى يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغاندەك نۇرغۇن هېكمەت بىلەن بولغان. ئەگەر، ئۇ زاتنىڭ كۆپ ئۆيلىنىشى شەهۋەتپەرەسلىكتىن بولسا ئىدى، تۇل قالغان ۋە بىر نەچچە باللىرى بار ئاياللار بىلەن ئۆيلەنمىگەن بولاتتى. چۈنكى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆزى خاهلىغان هەرقانداق قىز بىلەن

www.islamyoli.net

ئۆيلىنىشكە ھېچ قانداق تەرەپتىن توسالغۇ يوق ئىدى. ھالبۇكى، ئۇ زاتنىڭ قىز ئۆيلەنگەن ئايالى پەقەت ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز ئىدى.

پەيغەمبىرىمىز ئۆز ئاياللىرىنى ھەر جەھەتتە باراۋەر كۆرەتتى. كىيىم كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە ئۆيدىن باشقا ھەرقانداق ئىشلاردا ئۇلارغا ئوخشاش مۇئامىلىدە بولاتتى. بىرىنى يەنە بىرىدىن ئارتۇق كۆرمەيتتى. سەپەرگە چىقماقچى بولسا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چەك تاشلاپ، چەك كىمنىڭ نامىدا چىقسا شۇنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ چىقاتتى. مۇمكىن قەدەر قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ئۇلارغا ئادىل مۇئامىلىدە بولۇشقا تىرىشاتتى. قۇدرىتى يەتمەيدىغان ئىشلاردا: «ئى پەرۋەردىگارىم! ئىختىيارىمدا بولمىغان ئىشلاردا، مېنىڭ باراۋەرلىك قىلالىشىم بۇ قەدەر، ئىختىيارىمدا بولمىغان ئىشلاردا مېنى گۇناھكار قىلما.» دەيتتى.

ئۇ زات ھەر كۈنى ئاياللىرىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى سوراپ تۇراتتى. ھاجىتى بولسا ھەل قىلىشقا تىرىشاتتى. ھەر كۈنى ئەسىردىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھۇجرىلىرىغا كىرىپ، ھال ـ ئەھۋال سورايتتى. ھەزرىتى ئائىشە ئانىمىز ئېيتىدۇ: «پەيغەمبىرىمىز ئاياللىرى بىلەن بىرگە بولۇشتا بىزنى بىر ـ بىرىمىزدىن ئارتۇق كۆرمەيتتى. بىرىمىزنىڭ ھۇجرىسىدا يەنە بىرىمىزنىڭ ھوجرىسىدىكىدىن زىيادە تۇرمايتتى. ھەر كۈنى ھەممىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇراتتى. ھېچ بولمىغاندا بىرگە بولۇش نۆۋىتى كەلگەن ئايالنىڭ ھۇجرىسىدا قونۇپ قالاتتى.»

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆز ئاياللىرىغا مۇئامىلىسى ئىنتايىن سىلىق بولۇپ، بەزىدە ئۇلار بىلەن چاقچاقلىشىپ ئولتۇراتتى.

مانا بۇ زات ئۆز ئاياللىرىغا قانداق چىرايلىق مۇئامىلىدە بولسا باشقىلارنىمۇ «سىلەرنىڭ ياخشىراقىڭلار ئۆز ئەھلىگە ياخشىلىق قىلغانلاردۇر، مەن سىلەرنىڭ ئىچىدە ئۆز ئەھلىگە ياخشىلىق قىلىشتا ئەڭ ياخشىسىمەن» دەپ ئۆز ئاياللىرىغا چىرايلىق مۇئامىلىدە بولۇشقا بۇيرۇيتتى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقانغا قەدەر كۆپ تەكرار قىلغان ۋەسىيىتى، خوتۇنلارغا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش ھەققىدە بولغانلىقىنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتى ھەققىدە كىتاب يازغان ئالىملار رىۋايەت قىلىدۇ.

## پەيغەمبىرىمىز بىر يەردە بولغان چۆرىلەرنىڭ بايانى

پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەزكۇر ئاياللىرىنىڭ ئۈستىدە يەنە تۆت چۆرىسى بولۇپ، ئۇلار بىلەن بىر يەردە بولغانلىقىنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتى ھەققىدە كىتاب يازغان ئالىملار رىۋايەت قىلىدۇ.

بۇلارنىڭ بىرى مەشھۇر مارىيە ئانىمىز بولۇپ، ئۇ زات پەيغەمبىرىمىزگە ھەزرىتى ئىبراھىمنى تۇغۇپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ زات بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ قالغان. پەيغەمبىرىمىز ئۇ زاتنى ئەۋالى تەرەپتىكى ئۆزىنىڭ ھويلىسىغا يۆتكەپ قويغان ئىدى. ئۇنى پات ـ پات زىيارەت قىلىپ تۇراتتى. ئۇنى ئىبراھىمنىڭ ئانىسى دەپ ئاتايتتى. ئۇ زات ھىجرەتنىڭ ئون ئالتىنچى يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ زاتنىڭ نامىزىنى ھەزرىتى ئۆمەر ئۆزى ئوقۇغان. ئۇ زاتنىڭ نامىزىغا ھەزرىتى ئۆمەر كىشىلەرنى چاقىرغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

www.islamyoli.net

پەيغەمبىرىمىزنىڭ چۆرىلىرىدىن يەنە بىرى رەيھانە بولۇپ، ئۇ زات بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىدىن ئىدى. ئۇ زاتنىڭ پەيغەمبىرىمىزدىن بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.
پەيغەمبىرىمىزنىڭ چۆرىلىرىدىن يەنە بىرى زەينەپ بىنتى جەھش بولۇپ، ئۇ زات پەيغەمبىرىمىزگە ھەدىيە قىلىنغان. يەنى ئۇرۇشتا ئەسىرگە ئېلىنغان چۆرىلەردىن بىرى ئىدى.
جانابى ئاللاھ چۆرىلەرنى ئۆز خوجىلىرىغا مۇباھ قىلغان. چۆرىلەرنىڭ سانى بەلگىلەنمىگەن، ئۇلارنىڭ قانچە بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلار ئۆز ئىگىلىرى ئۈچۈن ھالال قىلىنغان.
چۆرىلەرنىڭ ئۆز خوجىلىرىغا ھالال قىلىنغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بولغان زور رەھمىتىدۇر. ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرى جاھىلىيەت زامانىدىكى ئەرەبلەردە چۆرىلەر بىلەن زىنا قىلىش مۇباھ دەپ قارىلاتتى. ھۆر ئاياللارنىڭ زىنا قىلىشى ئىنتايىن ئەيىب ۋە جەمئىيەتتە ئاساسەن يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەككە پەتھى بولۇپ، ھىندى بىنتى ئۇتبە پەيغەمبىرىمىزگە بەيئەت قىلىپ كەلگەندە، پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا ئاللاھقا ھېچ بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكنى، ئوغرىلىق قىلماسلىقنى، ئۆز قىزلىرىنى پېقىرلىقتىن قورقۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەسلىكنى، يالغاندىن تۆھمەت قىلماسلىقنى، زىنا قىلماسلىقنى، شەرىئەتتە توغرا دەپ كۆرسىتىلگەن ئىشلاردا ئاسىيلىق قىلماسلىقنى ئېيتقاندا، ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ «زىنا قىلمايسىلەر» دېگەن سۆزىدىن ھەيران بولۇپ، «ھۆر ئاياللارمۇ زىنا قىلامدۇ تېخى؟» دەپ سورىغان. دېمەك، ئۇ چاغلاردا چۆرىلەرنىڭ زىنا قىلىشى ئەيىب ئىش ئەمەس ئىدى. ئەمما، ئىسلام دىنى زىنانى مەيلى چۆرە بولسۇن، مەيلى ھۆر بولسۇن ھەرقانداق ئادەمگە قەتئىي ھارام قىلدى. لېكىن چۆرىلەرنى ئۆز خوجىلىرىغا مۇباھ قىلىپ بەردى. جانابى ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ئۆز خوجىلىرىغا ھالال قىلىپ بېرىشى ئىنتايىن ئادىللىق ۋە غايەت ھېكمەتلىكتۇر. چۈنكى بۇنىڭ بىلەن چۆرىلەرنىڭ ئۆز شەرىپىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ھۆررىيەتكە ئېرىشىشىنى قولغا كەلتۈرۈشىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى چۆرە بولغان ئايال ئۆز خوجىسىدىن تۇغسا، ئۇ «ئۇممۇلۇۋەلەد» لىككە ئۆزگىرىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇنى چۆرە قىلىپ ئىشلىتىش توغرا بولمايدۇ.

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ بالىلىرىنىڭ بايانى

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۈچ ئوغۇل، تۆت قىزى بولۇپ، ئوغۇللىرى قاسىم، ئابدۇللاھ ۋە ئىبراھىم ئىدى. قىزلىرى زەينەپ، رۇقىيە، ئۇممۇ كۇلسۇم ۋە پاتىمە قاتارلىقلار ئىدى. ئىبراھىمدىن باشقىسى ھەزرىتى خەدىچە ئانىمىزدىن تۇغۇلغان ئىدى. ئىبراھىم بولسا مارىيە قىبتىدىن تۇغۇلغان. قاسىم بولسا پەيغەمبىرىمىزنىڭ بالىلىرىنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن بۇرۇن يەنى پەيغەمبىرىمىزگە پەيغەمبەرلىك كېلىشتىن بۇرۇن مەككىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئىككى يېشىدا بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشقان. پەيغەمبىرىمىز بۇ بالىسىنىڭ ئىسمى بىلەن كۇنىيەلىنىپ «ئەبۇلقاسىم» دەپمۇ ئاتىلاتتى.
ئابدۇللاھ بولسا پەيغەمبىرىمىز پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن دۇنياغا كۆز ئاچقان. خەدىچە ئانىمىز بۇ زاتنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بۇ ئوغلىنى «تاييىب، تاھىر» دېگەن لەقەملەر بىلەن تىلغا ئالاتتى. بىر قىسىم تارىخچىلار، تاييىب بىلەن تاھىرنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ بالىلىرىدىن دەپ قاراپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ

www.islamyoli.net

ئوغۇللىرىنى بەش دەيدۇ. لېكىن ئىبنى قەييۇم جەۋزىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، تايىيىب ۋە تاھىر دېگەن بۇ ئىككى ئىسىم ئابدۇللاھنىڭ لەقەملىرىدىندۇر. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئوغۇل باللىرى بەش ئەمەس ئۈچ دېگەن مانا بۇ قاراش توغرا ۋە كۈچلۈكتۇر. بۇ ھەقتە ئەللامە ئىبنى قەييۇم جەۋزىنىڭ سۆزى توغرىدۇر. مەزكۇر ئابدۇللاھ مەككە مۇكەررەمەدە ۋاپات قىلغان.

ئەمما، ئىبراھىم بولسا ھىجرەتنىڭ سەككىزىنچى يىلى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە تۇغۇلۇپ، ئىككى يېشىدا بۇ دۇنيادىن ئايرىلغان. ئىبراھىم تۇغۇلغاندا ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلگەن كىشىگە پەيغەمبىرىمىزنىڭ بىر قۇل ھەدىيە قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئىبراھىم ئىنتايىن ئوماق ۋە مېھرى ئىسسىق بىر بالا ئىدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇ زاتنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ زات ۋاپات بولغاندا پەيغەمبىرىمىز كۆپ قايغۇرۇپ: «دىل مەھزۇن ۋە غەمكىن بولىدۇ، كۆز ياش تۆكىدۇ، ئەمما ئاللاھنىڭ رىزاسىغا قارشى سۆز قىلمايمىز. ئى ئىبراھىم! بىز سېنىڭ پىراقىڭ ئۈچۈن قايغۇرىمىز» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

زەينەپ بولسا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىككىنچى بالىسى ئىدى. ئۇ زات پەيغەمبىرىمىز ئوتتۇز يېشىدا دۇنياغا كۆز ئاچقان. چوڭ بولۇپ، بالاغەتكە يەتكەندە ھاممىسى ھالە بىنتى خۇۋەيلىدنىڭ ئوغلى ئەبۇلئاس لۇقە ئىبنى رەبىئقا ياتلىق قىلىنغان. ئۇ زات ھىجرەتنىڭ سەككىزىنچى يىلى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ۋاپات قىلغان.

رۇقىيە، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۈچىنچى بالىسى بولۇپ، ئۇ زات پەيغەمبىرىمىز پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرى دۇنياغا كەلگەن. ئۇ زات بويىغا يەتكەندە ئەبۇ لەھەبنىڭ ئۇتبە ئىسىملىك ئوغلىغا ياتلىق قىلىنغان. كېيىن تەببەت سۈرىسى نازىل بولغاندا، ئۇتبە بىلەن ئايرىلىپ كەتكەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەزرىتى ئوسمان ئىبنى ئەففانغا ياتلىق قىلىنغان. ھەبەشىستانغا بىرىنچى قېتىم ھىجرەت قىلغان كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئۇ زاتمۇ بار ئىدى. ئۇ زات ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى بەدرى ئۇرۇشى ئەسناسىدا ۋاپات قىلغان. بۇ سەۋەبتىن پەيغەمبىرىمىز ئۇ زاتنىڭ جىنازا نامىزىغا ھازىر بولالمىغان.

ئۇممۇ كۇلسۇم پەيغەمبىرىمىزنىڭ تۆتىنچى بالىسى ئىدى. ئۇ زات ئۇتبە ئىبنى ئەبى لەھەبكە ياتلىق قىلىنغان. كېيىن ھەزرىتى رۇقىيە ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھەزرىتى ئوسمانغا ياتلىق قىلىنغان. ئۇ زات ھىجرەتنىڭ توققۇزىنچى يىلى ۋاپات قىلغان.

ھەزرىتى پاتىمە ئانىمىز پەيغەمبىرىمىزنىڭ بەشىنچى بالىسى بولۇپ، مەككە مۇكەررەمەدە تۇغۇلغان. ئۇ زاتنى ھەزرىتى ئەلىگە ياتلىق قىلغان. ئۇ زات پەيغەمبىرىمىزدىن ئالتە ئاي كېيىن مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ۋاپات قىلغان. پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەسلى مانا بۇ زات بىلەن تارالغان.

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەۋرىلىرىنىڭ بايانى

پەيغەمبىرىمىزنىڭ نەۋرىلىرى ئەلى، ئەمامە، ئابدۇللاھ ھەسەن، ھۈسەيىن، زەينەپ، ئۇممۇ كۇلسۇملاردىن ئىبارەتتۇر. ئەلى بىلەن ئەمامە ھەزرىتى زەينەپنىڭ بالىلىرىدۇر. ئەلى بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ۋاپات بولغان. ئەمما، ھەزرىتى پاتىمە ئانىمىز ۋاپات قىلغاندىن كېيىن، ھەزرىتى ئەلىگە ياتلىق قىلىندى. ھەزرىتى ئەلى شېھىد بولغاندىن كېيىن، نەۋپەل ئىبنى ھارىسنىڭ ئوغلى مۇغىرەگە ياتلىق قىلىنىپ، ئۇنىڭ نىكاھىدا ۋاپات قىلغان.

www.islamyoli.net

ئۇنىڭ يەھيا ئىسىملىك بىر بالىسى بار ئىدى. ئابدۇللاھ ھەزرىتى رۇقىيەنىڭ بالىسى ئىدى. ئۇ ھەبەشىستاندا تۇغۇلغان. ئۇ زات ھىجرەتنىڭ تۆتىنچى يىلى ئالتە يېشىدا ۋاپات بولغان. ھەزرىتى ھەسەن بولسا، ھىجرەتنىڭ ئۈچىنچى يىلى تۇغۇلغان. ئۇ زات ھەزرىتى ئەلىدىن كېيىن يەتتە ئايغا يېقىن خەلىپە بولغان. ئۇ زاتنىڭ ئايالى جەئدە بىنتى ئەشئەس ئىبنى قەيس تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ، ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇ زات ھىجرەتنىڭ قىرىق توققۇزىنچى يىلى قىرىق ئالتە يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇ زاتنى ئۆز ۋەسىيىتى بويىچە مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى بەقىئۇلپىرقەدكە دەپنە قىلىنغان. ئەمما، ھەزرىتى ھۇسەيىن بولسا، ھىجرەتنىڭ تۆتىنچى يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، ھەزرىتى ھەسەندىن ئىككى ياشقا يېقىن كىچىك ئىدى. ئۇ زات ھىجرەتنىڭ ئاتمىش بىرىنچى يىلى ئەللىك بەش يېشىدا كەربالادا شېھىد قىلىندى.

زەينەپ بولسا، ئابدۇللاھ ئىبنى جەئپەر ئىبنى ئەبى تالىپنىڭ نىكاھىدا ئىدى. ئۇ زاتنىڭ ئەلى، ئەۋنۇلئەكبەر، ئابباس، مۇھەممەد، ئۇممۇ كۇلسۇم ئىسىملىك بالىلىرى بار ئىدى. مەزكۇر ئۇممۇ كۇلسۇم كەربالا ئۇرۇشىدا ھەزرىتى ھەسەننىڭ يېنىدا بولۇپ، كېيىن، دەمەشقتىكى يەزىدنىڭ قېشىغا ئېلىپ كېتىلگەن. ئەمما، ئۇممۇ كۇلسۇم بىنت ئەلى بولسا، ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاپنىڭ نىكاھىدا ئىدى. ئۇ زات ھەزرىتى ئۆمەردىن زەيد ۋە رۇقىيە دەپ ئىككى بالا يۈزى كۆرگەن. ھەزرىتى ئۆمەر شېھىد قىلىنغاندىن كېيىن، ئەۋن ئىبنى جەئپەرنىڭ نىكاھىدا بولغان.

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاتىسى ئابدۇللاھنىڭ ئوغۇل بىرتۇغقانلىرى

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاتا تەرەپ تاغىلىرى توققۇز بولۇپ، ئۇلار: ھارىس، ئەبۇ تالىپ، غەيداق، ئابدۇلكەئبە، زىرار، ئەبۇ لەھەب، ھەمزە ۋە ئابباس قاتارلىقلاردۇر. بۇلارنىڭ ھەممىدىن چوڭى ھارىس بولۇپ، ئابباس بولسا ھەممىدىن كىچىكى ئىدى. ئەبۇ تالىپ، ئەبۇ لەھەب، ھەمزە، ئابباس قاتارلىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغاندا ھايات ئىدى. ئەبۇ تالىپ بىلەن ئەبۇ لەھەب ئىسلام بىلەن مۇشەررەپ بولالمىدى. ھەزرىتى ھەمزە بىلەن ھەزرىتى ئابباس مۇسۇلمان بولغان. مەزكۇر ھارىسنىڭ نەۋپەل، ئەبۇ سۇفيان، ئابدۇللاھ رەبىئە، ئۇمەييە ۋە ئەرۋا ئىسىملىك بالىلىرى بار ئىدى. نەۋپەل بەدرى ئۇرۇشىدا ئەسىرگە ئېلىنىپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلغان. ئۇ بۈيۈك ساھابىلەردىن ھېسابلىنىدۇ. ئەبۇ سۇفيان بولسا، ئىلگىرى پەيغەمبىرىمىزگە ئىنتايىن قاتتىق دۈشمەنلىك قىلغان. كېيىن مەككە پەتھى كۈنى مۇسۇلمان بولدى. ئابدۇللاھمۇ مۇسۇلمان بولغان. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئابدۇششەمس بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز ئابدۇللاھ دېگەن ئىسىمغا يۆتكەپ قويغان. ئۇ زات پەيغەمبىرىمىز ھايات چېغىدا سەپرا دېگەن يەردە ۋاپات قىلغان. ئەرۋا بولسا، ئەبۇ دەۋائە ئەسسەھمىنىڭ نىكاھىدا ئىدى. مەزكۇر ئەرۋانىڭ مۇتەللىپ، ئەبۇ سۇفيان، ئۇممۇ جەمىل، ئۇممۇ ھەكىم، رەبىئە ئىسىملىك بالىلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ رەبىئە ئىسىملىك بالىسى ئىسلامنى قوبۇل قىلغان. ھىجرەتنىڭ يىگىرمە ئۈچىنچى يىلى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ۋاپات قىلغان.

ئەبۇ تالىپ بولسا، ئابدۇلمەتەللىپتىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىزنى ئۆز تەربىيىسىگە ئالغان. ئۇ پەيغەمبىرىمىزنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. ھەتتا پەيغەمبىرىمىزگە ئۆز بالىلىرىدىنمۇ بەكرەك ئىللىق مۇئامىلىدە بولاتتى. ئەبۇ

www.islamyoli.net

تالىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئەمما، شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتمىغان. ئۇ پەيغەمبىرىمىزنى مۇشرىكلاردىن ھىمايە قىلىشتا غايەت پىداكارلىق كۆرسىتىپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ يولىدا نۇرغۇن جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئىدى. ئۇ كىشى ھىجرەتتىن ئۈچ يىل بۇرۇن، سەكسەن نەچچە يېشىدا ۋاپات قىلغان. ئەبۇ تالىپنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى ھىمايە قىلىشتا كۆرسەتكەن پىداكارلىقىغا بىز يۇقىرىدا دەپ ئۆتكەنلىرىمىز روشەن شاھىت بولالايدۇ. ئەبۇ تالىپ ۋاپات بولغان يىلى خەدىچە ئانىمىزمۇ ۋاپات بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يىل «غەم ـ قايغۇ يىلى» دەپ ئاتالغان. ئەبۇ تالىپنىڭ باللىرى جەئپەر، ئۇقەيل، ئەلى، تالىپ، ئۇممۇھانى، جەمانە قاتارلىقلاردۇر. ھەزرىتى جەئپەر ھەبەشىستانغا بولغان ئىككىنچى قېتىملىق ھىجرەتتە بار ئىدى. ئۇ زات مۇئتە ئۇرۇشىدا شېھىد بولغان. ئۇقەيل بولسا، بەدىر ئۇرۇشىدا ئەسىرگە ئېلىنغاندىن كېيىن مۇسۇلمان بولغان. ئۇ زات مۇئاۋىيە زامانىدا ۋاپات قىلغان. ھەزرىتى ئەلى بولسا، خۇلەپائى راشىدىنلاردىندۇر. ئۇممۇ ھانى بولسا، مەككە پەتھى قىلىنغان يىلى مۇسۇلمان بولغان. ئۇ زات ھۇبەيرە ئىبنى ئەبى ۋەھبىنىڭ نىكاھىدا ئىدى. جەمانە بولسا، سۇفيان ئىبنى ھارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ نىكاھىدا ئىدى. تالىپ ئىسلام بىلەن مۇشەررەپ بولالماي ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئەبۇ لەھەب، ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ئابدۇلئۇززادۇر. ئۇ بەدىر ئۇرۇشىدىن كېيىن، غەم ۋە ئەندىشىدىن ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۇتبە، مۇئەتتەب، ئۇتەيبە ئىسىملىك ئوغۇللىرى، دۇررە ئىسىملىك قىزى بار ئىدى. ئۇتبە بىلەن مۇئەتتەب مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى ئىسلام بىلەن مۇشەررەپ بولدى. پەيغەمبىرىمىز ئۇلارنىڭ ئىسلام بىلەن مۇشەررەپ بولغانلىقىغا تولىمۇ خۇشال بولغان. دۇررە بولسا، ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلغان ئىدى. مەزكۇر دۇررە ھارىس ئىبنى نەۋپەلنىڭ نىكاھىدا بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەلىد، ئۇقبە ئىسىملىك باللىرى بار ئىدى.

ھەمزە بولسا، پەيغەمبىرىمىزگە پەيغەمبەرلىك كېلىپ، ئۈچىنچى يىلى ئىسلام بىلەن مۇشەررەپ بولغان. ئۇ زات ئۇھۇد ئۇرۇشىدا ئەللىك توققۇز يېشىدا شېھىد بولغان. ئۇ زات پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئېمىلداش بىر تۇغقان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇتەيبە، يەئلا ئىسىملىك ئوغلى، ئەمارە، ئەمامە، پاتىمە، سەلما ئىسىملىك قىزلىرى بار ئىدى. مەزكۇر ئەمامىنى پەيغەمبىرىمىز سەلمە ئىبنى ئەبى سەلىمىگە ئېلىپ بەرگەن.

ھەزرىتى ئابباس بولسا، ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ باللىرى ئىچىدە ئەڭ كىچىكى ئىدى. ئۇ زات بەدىر ئۇرۇشىدا ئەسىرگە ئېلىنىپ ئىسلامنى قوبۇل قىلغان. ئۇ زات ئايالى بىلەن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغانىدا ئەبۇۋائ دېگەن يەردە پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇ يەردىن بالا ـ چاقىلىرىنى مەدىنە مۇنەۋۋەرگە يولغا سېلىۋېتىپ، ئۆزى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەسكەرلىرىگە قوشۇلغان. 23 ـ يىلى 88 يېشىدا مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ۋاپات قىلدى. ئۇنىڭ پەزلى، ئابدۇللاھ ئۇبەيدۇللاھ قەسمى، ئابدۇرراھمان، مەئبەد، ھارىس، كەسىر، ئەۋن، قەمام، ئۇممۇ كۇلسۇم ئىسىملىك باللىرى بار ئىدى. مەزكۇر پەزلى بولسا كاتتا ساھابىلەردىن ئىدى. ئەمما، ئابدۇللاھ بولسا، ئىلىم ـ مەرىپەتتە، ھەدىس دەرسلىرىدە، تەپسىر ئىلمىدە ساھابە كىراملارنىڭ ئىچىدە ھەممىگە ئۈلگە بولغۇدەك دەرىجىدە ئىدى. ئۇ زات 68 ـ يىلى 74 يېشىدا ۋاپات قىلدى. مەزكۇر ئابدۇللاھ ساخاۋەتتە مەشھۇر ئىدى. ئۇ زات يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ زامانىدا ۋاپات قىلغان. قەسمى بولسا، مۇئاۋىيە زامانىدا سەمەرقەنتتە شېھىد بولغان.

www.islamyoli.net

ئابدۇرراھمان بىلەن مەئبەد ئاپرىقىنى پەتھى قىلىش جەريانىدا شېھىد بولغان. ئۇممۇ كۇلسۇم بولسا بۇرۇن ھەسەن ئىبنى ئەلىنىڭ نىكاھىدا ئىدى. ئۇ زات ھەسەن ئىبنى ئەلىدىن كېيىن، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىينىڭ نىكاھىدا بولغان. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىدىن قالغاندىن كېيىن، ئىمران ئىبنى ئەبى تەلھەنىڭ نىكاھىدا بولدى. زۇبەير بولسا، يۇججار ئۇرۇشىدا بەنى ھاشىمنىڭ ئەسكەر باشلىقى بولۇپ، ھىلپۇلپۇزۇل ئۇرۇشىغىمۇ قاتناشقان. ئۇ زاتنىڭ ئابدۇللاھ ئىسىملىك ئوغلى ۋە ئۇممۇ ھەكىم، سەبائە ئىسىملىك قىزلىرى بار ئىدى.
ئابدۇلكەئبە بولسا، مەقۇم دەپ مەشھۇر ئىدى. ئۇنىڭ ھىند ئىسىملىك بىر بالىسى بار ئىدى.
غەيدۇق بولسا، مۇسئەب دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭ غەيدۇق ۋە ھەجەل لەقەملىك مەرۋە ئىسىملىك بىر بالىسى بار ئىدى.

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاتىسىنىڭ قىز بىر تۇغقانلىرى

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاتىسىنىڭ ئالتە قىز بىر تۇغقىنى بار ئىدى. ئۇلار: سەپىيە، ئاتىكە، بۇررە، ئەرۋا، ئەمىيمە، ئۇممۇ ھەكىمۇلبەيزا قاتارلىقلاردۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدىن ھەزرىتى سەپىيە ئىسلام بىلەن مۇشەررەپ بولۇپ، مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلغان. قالغانلىرى بولسا، ئىبنۇلئەسىرنىڭ «ئۇسدۇلغابە» دېگەن كىتابىغا ھەمدە باشقا بىر قەدەر ئىشەنچلىك رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئىسلام بىلەن مۇشەررەپ بولمىغانلىقلىرى مەلۇم. سەپىيە بولسا، بۇرۇن ھارىس ئىبنى ئۇمەييەنىڭ نىكاھىدا ئىدى. ھارىس ئىبنى ئۇمەييە ۋاپات قىلغاندىن كېيىن، ئەۋام ئىبنى خۇۋەيلىدنىڭ نىكاھىدا بولغان. ئۇ زات ھىجرەتنىڭ يىگىرمىنچى يىلى 73 يېشىدا ۋاپات قىلغان. ئۇ زاتنىڭ بالىلىرى زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام، سائىب ئابدۇلكەئبەدۇر.
ئاتىكە بولسا، ئەبۇ مەتيە ئىبنى مۇغىرە مەخزۇمىنىڭ نىكاھىدا ئىدى. بۇ زاتنىڭ زۇھەير، ئابدۇللاھ ئىسىملىك بالىلىرى بار ئىدى. ئابدۇللاھ ئىلگىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەشەددىي دۈشمەنلىرىدىن بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزنى كۆپ رەنجىتكەن. كېيىن مەككە پەتھى بولغان يىلى تەۋبە قىلىپ، ئىستىغپار ئېيتىپ، ئىسلام بىلەن مۇشەررەپ بولۇپ، تائىپ مۇھاسىرىسىدە ۋاپات بولغان.
بۇررە بولسا، ئاۋۋالدا ئابدۇلئەسەد ئىبنى ھىلالنىڭ نىكاھىدا ئىدى. كېيىن ئەبۇ رەھمە ئىبنى ئابدۇلئۇززانىڭ نىكاھىدا بولدى. ئۇنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلئەسەد ۋە ئەبۇ بۇررە ئىبنى ئەبى رەھمە ئىسىملىك بالىلىرى بار ئىدى.
ئەرۋا بولسا، ئاۋۋالدا ئۇمەير ئىبنى ۋەھبىنىڭ نىكاھىدا بولۇپ، ئاندىن كېيىن كەلدە ئىبنى ئابدۇ مەنىنافنىڭ نىكاھىدا بولدى. ئۇنىڭ ئۇمەير ئىبنى ۋەھبىدىن تۇلەيب ئىسىملىك بالىسى ۋە كۇلەيددىن ئەرۋا ئىسىملىك بالىسى بار ئىدى.
ئەمىمە بولسا جەھش ئىبنى ھەمىنىڭ نىكاھىدا ئىدى. مەزكۇر ئەمىمەنىڭ ئابدۇللاھ ئۇبەيدۇللاھ ئەبۇ ئەھمەد ئابدۇ ئىسىملىك ئوغۇللىرى، زەينەپ، ئۇممۇ ھەبىبە، ھەمنە ئىسىملىك قىزلىرى بار ئىدى. ئابدۇللاھ ئۇھۇد تېغىدا شېھىد بولدى. ئۇبەيدۇللاھ ھەبەشىستاندا ۋاپات بولدى. بۇ كىشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئايالى ئۇممۇ ھەبىبە ئانىمىزنىڭ بۇرۇنقى يولدىشى ئىدى. ئەبۇ ئەھمەد بولسا، ئىسلام بىلەن مۇشەررەپ بولۇپ، مەدىنىگە ھىجرەت

www.islamyoli.net

قىلدى. ئەمما، زەينەپ بولسا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاياللىرىدىن بىرىدۇر. ھەمنە بولسا، بۇرۇن مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنىڭ نىكاھىدا ئىدى. ئاندىن كېيىن، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھنىڭ نىكاھىدا بولدى. ئۇممۇ ھەبىبە بولسا، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋپنىڭ نىكاھىدا ئىدى.

ئۇممۇ ھەكىمۇلبەيزا كۆرەيز بولسا، ئىبنى رەبىئەنىڭ نىكاھىدا ئىدى. ئۇنىڭ ئەرۋا ۋە ئامىر ئىسىملىك باللىرى بار ئىدى. مەزكۇر ئەرۋا ئوسمان ئىبنى ئەففاننىڭ ئانىسى بولۇپ، ساھابىلەردىن ھېسابلىناتتى. مەزكۇر ئەرۋا ئەففاندىن كېيىن، ئەبۇ مۇئىت ئۇقبەنىڭ نىكاھىدا بولدى. ئەمما، ئامىر مەككە پەتھى بولغاندا ئىسلام بىلەن مۇشەررەپ بولدى. مەزكۇر ئۇممۇ ھەكىمۇلبەيزا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئاتىسى ئابدۇللاھ بىلەن بىر ئاتا، بىر ئانىدىن بولغان بىر تۇغقاندۇر. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ توققۇز تاغىسى، ئالتە ھاممىسى ۋە ئانىسى بىلەن قوشۇلۇپ بەش ئانىنىڭ باللىرىدۇر. زۇبەير، ئەبۇ تالىپ، ئابدۇللاھ ئاتىكە، بۇررە، ئەرۋا، ئەمىيمە، ئۇممۇ ھەكىمۇلبەيزا قاتارلىقلار پاتىمە بىنتى ئەمرىنىڭ باللىرىدۇر. ھەمزە، ئابدۇلكەئبە، غەيدۇق  ۋە سەپىيە بىر ئانىدىن، ئاباس بىلەن زىرار بىر ئانىدىن، ھارىس ئۆزى يالغۇز بىر ئانىدىن، ئەبۇ لەھەبمۇ يالغۇز بىر ئانىدىندۇر.

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ ۋالىيلىرىنىڭ بايانى

مەككە پەتھى بولۇپ، قۇرەيش ئەرەبلىرى ئىسلامغا كىرگەن چاغدا، سەقىپ ۋە ھەۋازىن ئەرەبلىرى مەغلۇپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز رۇم بىلەن ئۇرۇشۇش ئۈچۈن، تەبۇكقا يۈرۈش قىلغانلىقتىن، ئىسلام قوشۇنلىرىنىڭ شۆھرىتى ئەرەبىستان ئەتراپىدىكى پۈتۈن ئەرەبلەرگە پۇر كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئەرەب قەبىلىلىرى مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ئەلچى ئەۋەتىپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ۋالىيلىققا ۋە زاكات يىغىشقا ئادەم تەيىنلەپ ئەۋەتتى. تارىخچىلار تۆۋەندىكى كىشلەرنىڭ پەيغەمبىرىمىز تەرىپىدىن ۋالىيلىققا تەيىنلەنگەنلەر ئىكەنلىكىنى زىكىر قىلىدۇ.

بىرىنچى، ئەتتاب ئىبنى ئۇسەيد، مەككە پەتھى قىلىنغان كۈنى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز ئۆزى ھۇنەين ئۇرۇشىغا چىقىدىغان چېغىدا بۇ زاتنى مەككە ۋە مەككىنىڭ ئەتراپىدىكى قەبىلىلەرگە ۋالى قىلىپ تەيىنلىگەن. بۇ ۋاقىتتا ئۇ زاتنىڭ يېشى تېخى ئون سەككىز ـ يىگىرمە ياش ئەتراپىدا ئىدى. سەككىزىنچى يىلى ھەجگە باش بولغان كىشىمۇ مۇشۇ زات ئىدى. ئۇ زات ھەتتا ۋاپات بولغانغا قەدەر ۋالى بولۇپ تۇرغان. پەيغەمبىرىمىز ئۇ زاتنىڭ مائاشى ئۈچۈن، كۈنلۈكىگە بىر تەڭگە توختىتىپ بەرگەن. ئىبنى ئەسىر ئۆزىنىڭ «ئۇسدۇلغابە» دېگەن كىتابىدا بۇ زاتنىڭ يىگىرمە بەش ياش ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى، ۋالى بولۇپ تەيىنلەنگەندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا كۈنلۈكى ئىككى تەڭگە توختىتىپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. بۇ زات ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋاپات قىلغان.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ نۇرغۇن پېشقەدەم كاتتا ساھابە كىراملىرىنىڭ بولۇشىغا قارىماي، يىگىرمە ياشلاردىكى بىر ياشنى مەككىگە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قەبىلىلەرگە ۋالى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىدىن، ئۇ زاتنىڭ شۇ ئىش ئۈچۈن ئەڭ لايىق كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. كاشكى، ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبىرىمىزنىڭ بۇ

www.islamyoli.net

سۈننىتى جارى بولۇپ كەلگەن بولسا ئىدى، ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسى يۈكسىلىپ، تېخىمۇ پەزىلەتكە ئېرىشكەن بولاتتى.

ئىككىنچى، ئوسمان ئىبنى ئەبىلئاس ئەسسەقەپى تائىپ ئەلچىلىرى بىلەن بىرگە مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە بېرىپ مۇسۇلمان بولغاندا، پەيغەمبىرىمىز ئۇ زاتنى تائىپقا ۋالى قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇ زات پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرىنىڭ خىلاپەت دەۋرىدىمۇ ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى داۋام قىلىپ كەلدى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ خىلاپەت دەۋرىگە كېلىپ، ئۇچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بەھرەين ۋە ئۇممانغا ۋالى بولۇپ تەيىنلەندى.

ئۈچىنچى، مالىك ئىبنى ئەۋف ئىبنى نەسرى ھەۋازىن ئۇرۇشىدا مۇشرىك ئەسكەرلىرى ئىچىدە ئەسكەر بېشى ئىدى. كېيىن جىئرانىگە كېلىپ شۇ يەردە مۇسۇلمان بولدى. ئوندىن كېيىن پەيغەمبىرىمىز ئۇ زاتنى تائىپ ئەتراپىدىكى قەبىلىلەرگە ۋالى قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇ زات دەمەشق ۋە قادىسىيە ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان.

تۆتىنچى، مۇنزىر ئىبنى سارى بۇرۇن بەھرەيىننىڭ ۋالىسى ئىدى، ئۇ زات پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ يازغان مۇبارەك مەكتۇپىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، دەرھال مۇسۇلمان بولغان. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرىمىز ئۇنى ئۆز ۋەزىپىسىدە قالدۇرغان ئىدى. كېيىنچە ئۇ مەدىنە مۇنەۋۋەرگە كېلىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولغان. بۇ زات پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولغان.

بەشىنچى، زەيد ئىبنى لۇبەيدىلئەنسارى يەسرەب ئەرەبلىرىدىن بولۇپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، مەككىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن ئىدى. كېيىن يەنە مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلغان. بۇ سەۋەبتىن بۇ زاتنى تارىخچىلارنىڭ بەزىسى مۇھاجىرلاردىن دەپ قارىسا، بەزىلىرى ئەنسارلاردىن دەپ قارايدۇ. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن ھەزرىمەۋتكە ۋالىي بولۇپ ئەۋەتىلگەن ئىدى. بۇ زات ھەزرىتى مۇئاۋىيەنىڭ زامانىغا كەلگەندە ۋاپات بولغان.

ئالتىنچى، ئەمر ئىبنى ھەزىم نەجرانغا ۋالى بولۇپ تەيىنلەنگەن. ئۇ چاغدا ئۇ زاتنىڭ يېشى ئەمدى ئون يەتتە ـ ئون سەككىز ياش ئەتراپىدا ئىدى. ئۇ ھىجرىيىنىڭ ئەللىك بىرىنچى يىلى مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ۋاپات بولغان. بەزى تارىخچىلار نەجراننىڭ ۋالىسى ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرپ دېگەن كىشى ئىدى دەپ يازىدۇ. بۇ قاراشقا ئىبنى قەييۇم جەۋزىيمۇ قوشۇلىدۇ. ئەمما، باشقا بىر قىسىم تارىخچىلار بولسا، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەرپ پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغاندا مەدىنە مۇنەۋۋەردە ئىدى، ئۇ چاغدا نەجراننىڭ ۋالىسى ئەمر ئىبنى ھەزىم ئىدى دەيدۇ.

يەتتىنچى، ئامىر ئىبنى شەھر ھەمەدان ئەرەبلىرىدىن بولۇپ، ئۇ زات مەدىنە مۇنەۋۋەرگە كېلىپ، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبىرىمىز ئۇنى ھەمەدان ئەرەبلىرىگە ۋالى قىلىپ تەيىنلىگەن.

سەككىزىنچى، ئەبۇ مۇسائەشئەرى مەئارىبكە ۋالى بولۇپ تەيىنلەنگەن. ئۇ زاتقا پەيغەمبىرىمىز خەلققە ئېغىرچىلىق سالماسلىققا، كەڭچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا، ئېغىر ۋەزىپە يۈكلەپ، ئۇلارنى ئىسلامدىن ئۈركۈتۈپ قويماسلىققا ئەمرى قىلغانلىقى مەشھۇر ھەدىس كىتابلىرىدا رىۋايەت قىلىنىدۇ.

توققۇزىنچى، خالىد ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاس بۇرۇن ئىمان كەلتۈرگەن ساھابىلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇ زاتنى پەيغەمبىرىمىز نەجران بىلەن زەبىد ئوتتۇرىسىدىكى يەرلەرگە ۋالى قىلىپ ئەۋەتكەن.

www.islamyoli.net

ئونىنچى، ئۇكاشە ئىبنى سەۋر ھەزرىمەۋتنىڭ قىشىدىكى ماسكون ۋە سەكاسىك ئىسىملىك شەھەرلەرنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن.

ئون بىرىنچى، تاھىر ئىبنى ئەبى ھالە ئۇككە ۋە ئەشئەرىيۇن ئەرەبلىرىگە ۋالى قىلىنغان. ئۇككە بولسا بىر نەچچە قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان بىر يەرنىڭ ئىسمى بولۇپ، سەنئانىڭ يېنىدا ئىدى. بۇ ئۇككىغا يېقىن دەھلەك ئىسىملىك بىر شەھەر بار ئىدى. بەنى ئۇمەييە خەلىپىلىرى يەمەنلىكلەرنى شۇ يەرگە پالىغان ئىدى. ئەشئەرىيۇن بۇلار بىر قەبىلە كىشىلىرى بولۇپ، ئۇلار ئۇككە تاغلىرىدا ياشايتتى. مەزكۇر ئەبۇ مۇسەلئەشئەرى مانا شۇ قەبىلىدىن ئىدى.

ئون ئىككىنچى، يەزىد ئىبنى ئەبۇ سۇفيان تەيماغا ۋالى بولۇپ تەيىنلەنگەن. ئۇ كۆپ ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ، باتۇرلۇق بىلەن مەشھۇر بولغان بىر زات ئىدى.

ئون ئۈچىنچى، يەئلەب ئىبنى ئۇمەييە، بۇ زات ئانىسىغا نىسبەت بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن يەئلا ئىبنى ئۇمەييە دەپ تونۇلغان. ئۇ زات يەمەندە ئەسكەر بېشىلىقىقا تەيىن قىلىنغان. ئۇ ھەزرىتى ئۆمەر ۋە ھەزرىتى ئوسمانلارنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە سەنئاغا ۋالى بولۇپ تۇرغان. كېيىن ھەزرىتى ئوسمان شېھىد قىلىنغاندا ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن مەدىنىگە كەلگەن. ئۇ كىشىلەر ئىچىدە نوپۇزلۇق كىشى ئىدى. ئۇ جەمەل ۋەقەسىدە ھەزرىتى ئائىشەنىڭ تەرەپدارى بولۇپ، ئۇنىڭغا مال بىلەن كۆپ ياردەمدە بولغان. كېيىنكى چاغلاردا ھەزرىتى ئەلى تەرەپدارى بولۇپ، «سىپپىن» ئۇرۇشىدا شېھىد بولغان.

ئون تۆتىنچى، بازان ئىبنى ساسانۇلفارسىي يەمەننىڭ كىسرا تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ۋالىسى ئىدى. ئۇ كېيىن ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ، ئىسلام نۇرى پۈتۈن يەمەندە تارقالغاندا، پۈتۈن يەمەن شەھەرلىرىگە ۋالى قىلىپ تۇرغۇزۇلغان. بۇ زات ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان كىشى ۋالى بولۇپ تەيىنلەنگەن.

ئون بەشىنچى، قەيس ئىبنى سەئد ئىبنى ئۇبادە دەسلەپتە مەدىنە مۇنەۋۋەردە بىر بۆلۈم باشلىقى ئىدى. بۇ زات بولسا ناھايىتى ئېسىل، سېخى، زېرەك، باتۇر ۋە تەدبىرلىك كىشى ئىدى. ئۇ دەسلەپتە ھەزرىتى ئەلى تەرىپىدىن مىسىرغا ۋالى بولۇپ تەيىنلىنىپ، كېيىن ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان. ئۇ ھەزرىتى ئەلىدىن كېيىن ھەزرىتى ئىمامى ھەسەن تەرىپىدە بولۇپ، ھەزرىتى ئىمامى ھەسەن خىلاپەتنى ھەزرىتى مۇئاۋىيەگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، مۇئاۋىيەگە بەيئەت قىلغاندا، ئۇ زاتمۇ بەيئەت قىلغان. ئۇ ھىجرەتنىڭ ئاتمىشىنچى يىللىرى ۋاپات قىلغان.

ئون ئالتىنچى، مۇئاز ئىبنى جەبەل ساھابە كىراملارنىڭ پەقىھلىرىدىن بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ زامانىدا پەتىۋا بېرىدىغان كىشىلەرنىڭ قاتارىدىن ئىدى. ئۇ زات ئون سەككىز يېشىدا مۇسۇلمان بولغان، ئەقەبە بەيئىتىگە ھازىر بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن پۈتۈن ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. پەيغەمبىرىمىز ئۇ زاتنى يەمەن ئەھلىگە ئىسلام قانۇنلىرىنى، شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدە دەۋەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ھاكىم قىلىپ ئەۋەتكەن. ئىبنى قەييۇم جەۋزى ئۆزىنىڭ «زادۇلمەئاد» دېگەن كىتابىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ زاتنى ھەربىي ئەمەلدار قىلىپ ئەۋەتكەن دەيدۇ. بۇ قاراشنىڭ ئاساسى ئانچە كۈچلۈك ئەمەس.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇئازنى بىر نەچچە قېتىم مەككە مۇكەررەمەدە شەرىئەت ئەھكاملىرىدىن تەلىم بېرىش ئۈچۈن تەيىن قىلغان ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە يەمەننىڭ ۋالىيلىرىغا ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش توغرۇلۇق خەت

www.islamyoli.net

ئەۋەتكەن. بۇ سەۋەبتىن بۇ زات پۈتۈن يەمەن ۋىلايەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ يەمەنگە مېڭىش ئالدىدا پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا ۋە نەسىھەت قىلىپ: «كىشىلەرنى دەسلەپتە شاھادەت ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولۇشقا چاقىرىش، ئۇنى قوبۇل قىلسا، ئاندىن ئاللاھنىڭ ئۇلارغا كۈندە بەش ۋاقىت ناماز پەرز قىلغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش، ئۇنى قوبۇل قىلسا، بايلارغا زاكات پەرز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكە» بۇيرۇغان. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنى تەدرىجى ھالدا ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنى جېكىلىگەن ھەمدە ئۇنى زاكات ئالغاندا، ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ياخشىلىرىنى ئېلىۋېلىشتىن توسقان. ئۇلارنى يەڭگىل ئىشلارغا ئەمرى قىلىشقا، ئېغىر ئىشلارغا تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنى ئىسلامدىن ئۈركۈتۈپ قويماسلىققا بۇيرۇغان. پەيغەمبىرىمىز ئۇ زات بىلەن خوشلىشىش ئالدىدا ئۇنىڭغا: «ئى مۇئاز، سەن يەمەنگە بارغاندىن كېيىن، ئۇلارغا نېمە بىلەن ھۆكۈم قىلىسەن» دەپ سورىغان. ئۇ زات: «ئاللاھنىڭ كىتابى بىلەن ھۆكۈم قىلىمەن دەپ جاۋاب بەرگەن. پەيغەمبىرىمىز: «ئاللاھنىڭ كىتابىدىن تاپالمىساڭ نېمە بىلەن ھۆكۈم قىلىسەن؟» دېگەندە، «ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتى بىلەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. پەيغەمبىرىمىز: «ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سۈننىتىدىمۇ يوق مەسىلىگە دۇچ كەلگەندە نېمە قىلىسەن؟» دېگەندە، ئۇ زات: «ئەقلىمنى ئىشقا سېلىپ، كىتاب ۋە سۈننەتكە قىياس قىلىش بىلەن ھۆكۈم چىقىرىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلاپ، ئۇ زاتنىڭ سىنىسىگە قولىنى قويۇپ تۇرۇپ: «ئۆز ئەلچىسىنىڭ ئەلچىسىنى ئەلچىسى رازى بولىدىغان ئىشقا مۇۋەپپەق قىلغان زات ئاللاھقا ھەمدىلەر بولسۇن» دېگەن.

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ كاتىپلىرىنىڭ بايانى

پەيغەمبىرىمىزنىڭ كاتىپلىرى ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئوسمان، ئەلى، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام، ئامىر ئىبنى فۇھەير، ئەمر ئىبنى ئاس، ئۇبەي ئىبنى كەئب، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەرقەم، سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى شەمماس، ھەنزەلە ئىبنى رەبى، مۇغىرە ئىبنى شۇبە، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە، خالىد ئىبنى ۋەلىد، خالىد ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاس، ئابدۇللاھ ئىبنى سەئد، مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبى سۇفيان، زەيد ئىبنى سابىت قاتارلىق ساھابە كىراملار ئىدى. پەيغەمبىرىمىز مەدىنە مۇنەۋۋەرگە كەلگەندە ھەممىدىن بۇرۇن كاتىپلىق قىلغان زات ھەزرىتى ئۇبەي ئىبنى كەئب ئىدى. ھەزرىتى زەيد ئىبنى سابىت بولسا ھەممىدىن كۆپ كاتىپلىق قىلاتتى. باشقا ئەللەرگە ئەۋەتىدىغان خەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەرقەم يازاتتى.

## پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇئەززىنلىرىنىڭ بايانى

پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇئەززىنلىرى ھەزرىتى بىلال، ئەمر ئىبنى ئۇممى مەكتۇم، سەئد ئىبنى ئائىز، ئەبۇ مەھزۇرە، ئەۋس ئىبنى مۇغىرە قاتارلىق تۆت كىشى ئىدى. ھەزرىتى بىلال مەدىنە مۇنەۋۋەرنىڭ مەسجىدىدە مۇئەززىن بولۇپ، ھەممىدىن بۇرۇن ئەزان ئوقۇغان زات ئىدى. ئۇ زات پەيغەمبىرىمىزنىڭ پۈتۈن سەپەرلىرىدە بىرگە بولۇپ، پەيغەمبىرىمىزنىڭ خىزمىتىدە بولغان. ئۇ پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن، قاتتىق دەرد تارتىپ، ئاخىرى

www.islamyoli.net

بەرداشلىق بىرەلمەي، مەدىنىدىن ئايرىلىپ، شام تەرەپكە كەتكەن. ھەزرىتى ئۆمەر شامغا بارغاندا، ھەزرىتى بىلالنىڭ ئەزان ئوقۇپ بېرىشىنى ئۆتۈنگەندە، ھەزرىتى بىلال ئەزان ئوقۇپ، ئەتراپتىكىلەرنى يىغلىتىۋەتكەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. ئۇ زات ھىجرەتنىڭ يىگىرمىنچى يىلى ئاتمىش يېشىدا دەمەشقتە ۋاپات بولغان.

ئەمرى بولسا، ئانىسىغا نىسبەت بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئەمر ئىبنى ئۇممى مەكتۇم دەپ مەشھۇر بولغان. دادىسى زايىدە ئىبنى ئەسەم دېگەن كىشى ئىدى. بەزىلەر بۇ زاتنىڭ ئىسمىنى ئابدۇللاھ ئىدى دەيدۇ. ئەمما، كەششاپ مۇئەللىپى ئۇ زاتنىڭ ئىسمى ئابدۇللاھ ئاتىسى شۇرەيھ ئىبنى مالىك ئىدى دەيدۇ. بۇ زات بولسا مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ئىككىنچى مۇئەززىن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر سەپەرگە چىقماقچى بولسا، مەدىنىدە ئۆز ئورنىغا ئۇ زاتنى قويۇپ قوياتتى. ئۇ زاتنىڭ كۆزى كور ئىدى. تەپسىرچىلەر، ئەبەسە سۈرىسىدىكى «ئەلئەئما» دىن مۇرات ئۇشبۇ ئەمر ئىبنى ئۇممى مەكتۇمدۇر دەيدۇ.

سەئد ئىبنى ئائىز بولسا، قۇبا مەسجىدىنىڭ مۇئەززىنى ئىدى. ئۇ سەددۇلقەرز دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر ئىدى. بۇ زات ھەزرىتى بىلالنىڭ يوق چاغلىرىدا ئۇ زاتنىڭ ئورنىدا ئەزان ئوقۇيتتى. پەيغەمبىرىمىز ئالەمدىن ئۆتۈپ، ھەزرىتى بىلال شامغا كەتكەندە ئۇ ھەزرىتى بىلالنىڭ ئورنىدا مۇئەززىنلىككە تەيىن قىلىنغان ئىدى. بۇ زات ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان زامانىدا مەدىنە مۇنەۋۋەرەدە ۋاپات قىلدى. بۇ زاتنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مۇئەززىنلىك ئۇزۇنغىچە ئۇ زاتنىڭ بالىلىرىدىن بىرىدىن - بىرىگە يۆتكىلىپ داۋاملىشىپ كەلدى.

ئەبۇ مەھزۇرە بولسا، مەككە مۇكەررەمىنىڭ مۇئەززىنى ئىدى. مەككە پەتھى قىلىنغاندا پەيغەمبىرىمىز بۇ زاتنى مۇئەززىنلىككە سايلاپ قويۇپ كەتكەن ئىدى. كېيىنكى چاغلاردا مانا بۇ زاتنىڭ ئوقۇش ئۇسۇلى بويىچە ئەزان ئوقۇلۇپ كەلدى. بۇ زات «اشهد ان لااله الإ الله و اشهد ان محمد رسول الله» جۈملىلىرىنى دەسلەپتە پەس ئاۋاز بىلەن، كېيىن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ئوقۇيتتى. ئەمما، تەكبىرنىڭ تاۋۇشلىرىنى ئىككىدىن، ئىككىدىن ئېيتاتتى. ئەمما ھەزرىتى بىلال تەكبىرنى بىردىن - بىردىن ئېيتاتتى. ئىمامى ئەبۇ ھەنىپە ۋە ئىراق ئەھلى ئەزاندا ھەزرىتى بىلالنىڭ ئەزىنىنى، تەكبىردە ھەزرىتى ئەبۇ مەھزۇرەنىڭ تەكبىرنى قوبۇل قىلدى. ئىمامى شاپىئى ۋە مەككە ئەھلى بولسا، ئەبۇ مەھزۇرەنىڭ ئەزىنىنى ۋە بىلالنىڭ تەكبىرنى ئىختىيار قىلدى. ئىمامى ئەھمەد، ھەدىس ئەھلى ۋە مەدىنە ئەھلى بولسا، بىلالنىڭ ئەزىنىنى ۋە تەكبىرنى ئىختىيار قىلدى. ئەمما، ئىمامى مالىك ئىككى ئورۇندا يەنى الله اكبر ۋە قد قامه الپلاهُ جۈملىلىرىنى ئېيتىشتا باشقا ئىماملارغا ئوخشمايدۇ. مانا بۇ تۆت ئىمامنىڭ ئەزاندىكى قاراشلىرى.

تەنبىھ

بۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدا پەقەت بىرلا كىتابقا ئەمەس، بىر نەچچە كىتابقا مۇراجىئەت قىلىندى. كۆپ تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلدى. تىرىشچانلىقنىڭ تاتلىق سۈيىنى ۋە شېرىن شەربىتىنى ئىچىش ئۈچۈن ئىجتىھات قىلىندى. بىر قانچە باغنىڭ مېۋىلىرىنى كۆپ تېتىغاندىن كېيىن، ئەڭ تاتلىق ۋە شېرىنلىرى تېرىۋېلىندى. شۇنىڭدەك بىر قانچىلىغان چىمەن باغلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، گۈللەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ خۇش پۇراق گۈللەر تاللاپ ئۈزۈۋېلىندى. بۇ جەرياندا كۆپرەك ئاساسلانغان مەنبەيىمىز «سرەتۇلھاشىمىيە» «زادۇلمەئاد» ۋە «نۇرۇلىيەقىن»

www.islamyoli.net

قاتارلىق مۆتىۋەر كىتابلاردىن ئىبارەت بولدى. بۇ كىتابلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە ئاساسلىقراقى، ئىبنۇلقەييۇم جەۋزىنىڭ «زادۇلمەئاد» دېگەن كىتابى بولغانلىقى ئۈچۈن بىز كۆپرەك شۇ كىتابقا مۇراجىئەت قىلدۇق. تارىخى مەسىلىلەرنى بېكىتىشتە ئىبنۇلئەسىرنىڭ رىۋايىتىگە، دىنى مەسىلە ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ تەرجىمىھالىنى ئېنىقلاشتا مەزكۇر ئىبنۇلقەييۇمنىڭ رىۋايىتى ۋە تەتقىقاتى نەزەرگە ئېلىندى. شۇنىڭغا ئوخشاش قۇرئان كەرىم ۋە سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدىن بۇخارى ۋە مۇسلىم قاتارلىق كىتابلار ئاساسى مەركەز قىلىندى. بۇندىن باشقا ھەدىس كىتابلىرىنىڭ خۇش بۇي گۈللىرىدىن كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە ئۈزۈۋېلىشقا غەيرەت كۆرسىتىلدى. بۇ كىتابىمىزدا ئىشەنچلىك بولمىغان رىۋايەتلەر ۋە سەھىھ بولمىغان ھەدىسلەر، بىرەر مەنبەگە ئاساسلانمىغان رىۋايەتلەرنى كىتابىمىزغا تىزىشتىن ئۆزاق بولدۇق. تەتقىقات ئەسناسىدا ماۋزۇغا يارىمايدىغان سۆزلەرنىڭ يارىماس يۆزىگە نەزەر دىققىتىمىزنىڭ كۆزى ئىلتىپات قىلمىدى.

ئاللاھقا چەكسىز شۈكۈرلەر بولسۇنكى، بۇ كىتابىمىز گەرچە تۈركى تىلدا بولغان بولسىمۇ، ئاۋام خەلقىمىز ئۈچۈن بىباھا گۆھەر بولۇپ سۇنۇلدى. ئۆلىمالىرىمىزمۇ ئىلتىپات قىلسا نەزەر قاراشلىرى بىكار كەتمەيدىغان شەكىلدە خۇش ۋە لاتاپەتلىك ئاجايىپ بىر جەلىبە قىلغۇچى بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن دانا ۋە دانىشمەن كىشىلىرىمىز بۇ كىتابنى «تۈركى تىلدىكەنغۇ» دەپ ئېتىبارسىز قارىماي، ئەقىل كۆزى بىلەن قارىسا، داستان كۆزى بىلەن قارىماي ئىبرەت كۆزى بىلەن قارىسا، ئەلۋەتتە بۇ كىتابنىڭ گۈللىرى ئۆلارنىڭ قەلبىگە ئۆزىنىڭ خۇشبۇيى ھىدلىرىنى بېرىدۇ دەپ ئۈمىدىم زور. ئەگەر قەلەم تەھرىر ۋە زابان تەھلىلدە سەۋەنلىك كۆرۈلسە، شۇنىڭدەك پىكىر ۋە كۆز قاراشلاردا ئوخشاشماسلىق سېزىلسە، ئىنسان خاتادىن خالىي بولمىغانلىقتىن، ئۆلىمالىرىمىز ۋە مەرىپەت ئىگىلىرىمىزنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى ۋە تۈزىتىشىگە ھاۋالە قىلىپ، جانابى ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلىشىغا سېغىنىمەن.

ھىجرى بىر مىڭ ئۈچ يۈز قىرىق يەتتىنچى يىلى ماھى رامىزاننىڭ يىگىرمە بىرىنچى كېچىسى غۇلجا شەھرىدە قەشقەر ئارتۇچلۇق داموللا سابىت ئاخۇن كامالىنىڭ قەلىمى بۇ كىتابنى يېزىشتىن توختاپ، ئىستىراھەتكە چىقتى.